«شىنجاڭ تەزكىرىچىلىكى» ژۇرنىلىدىن تاللانغان ماقالىلەر

# تارىخ بەتلىرىنى ۋاراقلىغاندا



مىللەتلەر نەشرىياتى
بېيجىڭ

«شىنجاڭ تەزكىرىچىلىكى» ژۇرنىلىدىن تاللانغان ماقالىلەر

# تارىخ بەتلىرىنى ۋاراقلىغاندا

(ئىككىنچى توم ئىككىنچى كىتاب)

نەشرگە تەييارلىغۇچى: **نۇرمۇھەممەد دۆلەتى**



مىللەتلەر نەشرىياتى
بېيجىڭ

# نەشرگە تەييارلىغۇچىدىن

ھۆرمەتلىك كىتابخان:

1983 ـ يىلى شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم بىلەن خەلق ھۆكۈمىتى مەركەزنىڭ كۆرسەتمىسىگە ئاساسەن شىنجاڭدا تەزكىرىچىلىك خىزمىتىنى قانات يايدۇرۇشنى قارار قىلدى. ھەر دەرىجىلىك پارتكوم ۋە خەلق ھۆكۈمەتلىرىنىڭ رەھ-بەرلىكى ۋە يېقىندىن قوللىشى، تەزكىرە خادىملىرىنىڭ جاپالىق ئىزدىنىشى ۋە تىرىشچانلىق كۆرسىتىشى بىلەن «شىنجاڭ ئومۇ-مىي تەزكىرىسى» دائىرىسىدىكى 86 توملۇق كەسپىي تەزكىرە، 100 نەچچە توم ۋىلايەت، ئوبلاست، ناھىيە (شەھەر) تەزكىرىسى، يىلدا بىر توم نەشر قىلىنىدىغان «شىنجاڭ يىلنامىسى» ئۇيغۇر، خەنزۇ تىللىرىدا ئارقا ـ ئارقىدىن نەشر قىلىنىشقا باشلىدى.

كەسپىي تەزكىرىلەر ۋە جايلار تەزكىرىلىرىنى تۈزۈشكە يې-تەكچىلىك قىلىش ئۈچۈن، 1985 ـ يىلىدىن باشلاپ ئاپتونوم رايونلۇق تەزكىرە كومىتېتى ئۇيغۇر، خەنزۇ تىللىرىدا ئۆز ئال-دىغا پەسىللىك «شىنجاڭ تەزكىرىچىلىكى» ژۇرنىلىنى نەشر قى-لىپ ئاشكارا تارقىتىشقا باشلىدى. شۇنىڭدىن باشلاپ بۇ ژۇرنالدا تەزكىرىچىلىككە دائىر مۇھىم ھۆججەتلەر ئېلان قىلىنىپلا قال-ماستىن، يەنە تەزكىرە تۈزۈشكە ياردەم بېرىدىغان شىنجاڭنىڭ يېقىنقى ۋە ھازىرقى زامان تارىخىدا بولۇپ ئۆتكەن زور ـ زور ئىش ھەم ۋەقەلەر، بۇ ئىش ھەم ۋەقەلەرگە باغلىنىشلىق ئىجابىي ۋە سەلبىي شەخسلەر توغرىسىدا بىرقەدەر ئەتراپلىق، ئەمەلىي ما-تېرىيال ئاساسىدا يېزىلغان، كۆزقاراش ۋە نۇقتىئىنەزەرلىرى ئوخشاش بولمىغان ماقالىلەرمۇ ئەينەن، كەڭ تۈردە ئېلان قىلىن-نىپ، تارىخ ـ تەزكىرە ساھەسىدىكى خادىملارغا ھەم كەڭ ئوقۇر-

مەنلەرگە ئوبدان ئەينەك، ئىلھام ۋە روھىي ئوزۇق بولدى. «شىنجاڭ تەزكىرىچىلىكى» ژۇرنىلىنىڭ مۇشۇ تەرەپلىرىنى كۆزدە تۇتقان مىللەتلەر نەشرىياتى رەھبەرلىكىنىڭ ھاۋالە قىلىشى ۋە شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق تەزكىرە كومىتېتى رەھبەرلىكىنىڭ قوشۇلۇشى ھەم قوللاپ قۇۋۋەتلىشى بىلەن، «شىنجاڭ تەزكىرىچىلىكى» ژۇرنىلى نەشر قىلىنغان 20 نەچچە يىلدىن بۇيانقى سانلىرىنىڭ «تارىخىي شەخسلەر»، «تارىخ سەھىپىسىدە»، «تارىخىي ئەسلىمە»، «ئىلمىي مۇھاكىمە»، «يەر ــ جاي ناملىرى تەتقىقاتى» قاتارلىق سەھىپىلىرىدە ئېلان قىلىنغان بىر تۈركۈم ماقالىلەر ئىچىدىكى ئەتىۋارلاپ ساقلاش، تەتقىق قىلىش ھەم پايدىلىنىش قىممىتىگە ئىگە ئەسەرلەرنى تاللاپ سۇندۇق. «شىنجاڭ تەزكىرىچىلىكى» ژۇرنىلى ئەسلىدە شىنجاڭدىكى تارىخ ــ تەزكىرىچىلەر قوشۇننى تەربىيەلەش، ئۇلارنى ھەرقايسى ناھىيە، شەھەر، ۋىلايەت، ئوبلاست ھەمدە ھەرقايسى كەسپىي تەزكىرىلەرنى تۈزۈشتە زۆرۈر بولغان خام ماتېرىياللار بىلەن تەمىنلەش مەقسىتىدە تەسىس قىلىنغاچقا، تارىختا سەلبىي ــ ئىجابىي رول ئوينىغان ھەر خىل شەخسلەرنىڭ تەرجىمىھاللىرىمۇ تەزكىرىچىلىك ئىلمىنىڭ جېنى ھېسابلانغان «بايان قىلىش، مۇھاكىمە يۈرگۈزمەسلىك» پرىنسىپى ئاساسىدا ماتېرىيال سۈپىتىدە بېرىلگەن.

شۇڭا كىتابخانلارنىڭ بۇ خىلدىكى ماتېرىياللارغا مۇشۇ زامان تۇرغۇسىدىن ئەمەس بەلكى ئەينى دەۋر نۇقتىسىدا تۇرۇپ مۇئامىلە قىلىشى ۋە تەنقىدىي پايدىلىنىشىنى ئۈمىد قىلىمىز.

نەشرگە تەييارلاش جەريانىدا كىتابنىڭ نەشر قىلىنىشىغا ش ئۇ ئا ر تەزكىرە كومىتېتى ئالاھىدە كۆڭۈل بۆلدى، شۇ مۇناسىۋەت بىلەن بۇ يەردە ئالاھىدە رەھمەت ئېيتىمەن.

نۇرمۇھەممەد دۆلەتى
2010 ــ يىلى نويابىر

# مۇندەرىجە

ئۇيغۇر ئاتلىق ئەسكىرىي 6 ـ دىۋىزىيىسى ..........................
مۇھەممەت ئىمىن قۇربانى .......................... 1
.........
ما جۇڭيىڭنىڭ سوۋېت ئىتتىپاقىغا بېرىشى ۋە ئۇنىڭ ئاخىرقى
تەقدىرى .......................... ۋاڭ شىلۇڭ 12
مەھمۇت شىجاڭنىڭ چەتكە چىقىپ كېتىشى، ئابدۇنىياز كامال ـ
نىڭ ھەربىي يۇرۇشلىرى .......................... ئابلەت ئابباس 37
تەمىم ئىبن بەھىرنىڭ ئۇيغۇر ئېلىگە ساياھىتى ..........................
ۋ. مىنورسكىي .......................... 51
.........
ئابدۇكېرىمخاننىڭ سۈيىقەست بىلەن بارچۇقتا ئۆلتۈرۈلۈشى ....
ئەخەت داۋۇت .......................... 75
.........
قەشقەردىكى چارروسىيە كونسۇلخانىسى ....... مەريەم ئابلەت 79
ياڭ زېڭشىن، جىن شۇرېن دەۋرلىرىدىكى ئۇيغۇر ئاخباراتچىلىقى
ئېلى تۇراق .......................... 88
.........
ئۇرۇمچىدىكى «نەنلياڭ»نىڭ ئۆتمۈشى ۋە بۈگۈنى ..........................
ھوشۇر ھاجى پەتتار .......................... 96
.........
ئوسمان قانداق تۇتۇلغان؟ ........... قۇددۇس ئابدۇسەمەت 173
«قاچقۇن»لار ۋە ئۇلارنىڭ ئەۋلادلىرى ....... ئوسمان تۆمۈر 179
ئۆلۈكى جازالانغان ۋاڭ .......................... مامۇت غازى 185
ئۇيغۇرلاردىكى نۇردىن تۆرىلىشكە دائىر تۈنجى ئەپسانە ..........
ئۆمەرجان نۇرى .......................... 190
.........
تۈركلەرنىڭ يارالمىش ئەپسانىلىرى ۋە يوسۇنلىرى ..........
ئىسمائىل مەخلىك .......................... 193
.........

ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابى مەزگىلىدىكى پوچتا ـ تېلېگراف ئەھۋالى
........................ رېشىت راخمان 202
ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابى مەزگىلىدىكى «جىنايەت قانۇنى» توغرىـ
سىدا .......................... قۇددۇس ئابدۇسەمەت 207
يەكەن ئۇيغۇر مەدەنىي ئاقارتىش ئۇيۇشمىسى توغرىسىدا ..........
........... ياقۇپ ئەمەت، رەھمىتۇللا ياقۇپ 224
شىنجاڭدا تېلېگرامىنىڭ بارلىققا كېلىشى ... رېشىت راخمان 234
«جۇڭخۇا مىنگو تامغىسى»نى ئويۇشتا كېرىيىنىڭ ئىپىل قاشـ
تېشىنى ئىشلىتىش جەريانى ..................... لو شاۋۋېن 241
تەگرىتاغنىڭ شىمالىدىكى ئادەم سۈرەتلىك تاش ھەيكەللەر .......
........................... ئىسمائىل جېلىل 247
ياۋروپا ـ ئاسىيا مىللەتلىرىنىڭ 7 ـ ئەسىردىن بۇرۇنقى چوڭ
كۆچۈشلىرى ................................ ك. سېگلېد 254
ھونلارنىڭ سىياسىي تۈزۈمى ئۈستىدە مۇلاھىزە ........ مو رېننەن 274
«ئىلمىي تەكشۈرۈش ئۈمىكى ئاسىيا ئىچكىرىلىكىدە» ناملىق كىـ
تابىتىكى ئۇيغۇر فولكلورى ۋە مۇزىكا مەدەنىيىتىگە دائىر مەلۇ-
ماتلار ............................ ھۈسەيىن كېرىم 289
خوجاغىياسىدىنىڭ «شاھرۇخ ئەلچىلىرىنىڭ شەرققە سەپەر خاـ
تىرىسى» ناملىق كىتابى ................ ئەركىن ئەرشىدىن 295
كۇرە چېگرا ھەربىي رايونى ۋە سۇيدۇڭ ناھىيەسىنىڭ مائارىپ
تەرەققىياتى تارىخىدىن ئۈچۈر ........... توختى ئىبراھىم 300
تارباغاتاي ۋىلايىتىنىڭ ئازادلىقتىن ئىلگىرىكى سەنئەت ئىشلىـ
رىغا نەزەر ............. غەيرەت ئەخمەت، تاھىر تاشبايېف 316
تارباغاتاينىڭ دۆلىتىمىز قۇرۇلۇشتىن ئىلگىرىكى مەتبۇئات
ئىشلىرى .......................... تاھىر تاشبايېف 339
1949 ـ يىلدىن بۇرۇنقى ئۈچتۇرپان مائارىپى ........................
................................ تۇرسۇن بارات 346

قومۇل ئۇيغۇر مائارىپىنىڭ تەرەققىياتى ..........................
........................... ئەخمەت ئىمىن ھاجى جۇبەيرى 353
مەھمۇد كاشغەرىي نامىدىكى ئۇيغۇر قىزلار مەكتىپى ..............
........................................ تاھىر تاشبايېق 365
رۇسىيىدە ساقلىنىۋاتقان بىرقىسىم كۇسەنچە پۈتۈكلەر ..........
....................................... تەلئەت ئوبۇلقاسىم 376
«تۈركىي تىللار دىۋانى»دىكى بايانلاردىن ئۇيغۇرلارنىڭ 11 ـ ئە ـ
سىردىكى يېمەك ـ ئىچمەك مەدەنىيىتىگە نەزەر ...................
...............................‌.. خوجائەخمەت يۇنۇس 391
پائۇل پېللىئوتنىڭ ئوتتۇرا ئاسىيا ئارخېئولوگىيىسىگە دائىر
پائالىيىتى ۋە ئۇنىڭ تەتقىقات نەتىجىلىرى .......................
....................................... تەلئەت ئوبۇلقاسىم 400
ھازىرقى زامان ئۇيغۇر يېزىقىنىڭ تەرەققىيات جەريانى ...........
........................................ ئابدۇرېشىت سابىت 420
تۇرپان ئاستانىدە يېڭى مائارىپنىڭ بارلىققا كېلىشى ۋە تەرەققىـ ـ
ياتى ..................................... مەخمۇت ئىلياس 449
«تارىخى شاھرۇخىي»دىكى شىنجاڭغا دائىر مەلۇماتلار ..............
.......................................... قۇربان تۇران 460
1949 ـ يىلىدىن ئىلگىرى خوتەندە قۇرۇلغان شۆتاڭلار ...........
............ روزىمۇھەممەت توختى، مۇھەممەت ئابلا سىدىق 467
چىڭ سۇلالىسى ھۆكۈمىتى قەشقەر دائىرىسىدە قۇرغان قاراۋۇل ـ
خانىلار ........................ يولۋاس مۇھەممەتئىمىن 472

# ئۇيغۇر ئاتلىق ئەسكىرىي 6 ـ دىۋىزىيىسى

## مۇھەممەت ئىمىن قۇربانى

20 ـ ئەسىرنىڭ 30 ـ يىللىرىنىڭ باشلىرىدا قومۇلدا پارتلىغان دېھقانلار قوزغىلىڭى تۇرپان ۋادىسى، شۇنىڭدەك جەنۇ ـ بىي شىنجاڭغىمۇ كېڭەيدى، نەتىجىدە قوراللىق قوشۇن بەرپا بولدى.

تۇرپاندا تەشكىللەنگەن بۇ قوراللىق قوشۇن مەھمۇت مۇھىـ تىنىڭ قوماندانلىقىدا مۇرىنى مۇرىگە تىرەپ، جىن شۇرېننىڭ ئىستىبدات ھۆكۈمرانلىقىغا قارشى قانلىق جەڭ قىلدى. ما جۇڭيىڭ بىلەن بولغان ئىركىشىشلەردىمۇ قەتئىي تىز پۈكمىدى. نەتىجىدە جىن شۇرېن ھاكىمىيىتى ئاغدۇرۇلۇپ تاشلىنىپ، شېڭ شىسەي باشچىلىقىدا يېڭى ھۆكۈمەت قۇرۇلدى، ئۇزۇن ئۆتمەي خوجانىياز ھاجى تىنچلىق ئۈچۈن ئۈرۈمچىگە چاقىرتىلدى، نە ـ تىجىدە «جىمىسار كېلىشىمى» ئوتتۇرىغا چىقتى، «بىر ـ بىرى بىلەن ئۇرۇشماسلىق، تاجاۋۇزغا ئۇچرىغاندا بىر ـ بىرىگە ياردەم قىلىش، تىنچلىقتا بىللە ئۆتۈش» ـ ئەنە شۇ «كېلىشىم» نىڭ ماددىلىرىدىن ئىدى.

شۇ كېلىشىم بويىچە جەنۇبىي شىنجاڭنى قوغداش ۋە مۇھا ـ پىزەت قىلىش ۋەزىپىسى ئۇيغۇرلارنىڭ قولىغا تۇتقۇزۇلۇپ، خو ـ جانىياز ھاجى باشچىلىقىدا «جەنۇبىي شىنجاڭنى قوغداش باش قوماندانلىق شتابى» قۇرۇلدى. شۇنىڭ بىلەن خوجانىيازھاجى ئۆز قوشۇنلىرىنى ئېلىپ، جەنۇبىي شىنجاڭنى مۇھاپىزەت قى ـ لىش قوماندانى بولۇش سۈپىتى بىلەن جەنۇبقا ئۆتۈپ، كۇچا ۋە ئاقسۇلارنى مەركەز قىلغان ھالدا كۈرەشنى داۋاملاشتۇردى. مەھ ـ مۇت مۇھىتىمۇ خوجانىيازھاجىنىڭ قوماندانلىقىدا دىۋىزىيە قو ـ

ماندانى بولۇش سوۋېتى بىلەن كۆرەشنى داۋاملاشتۇردى.
ئاقسۇدىكى باي شىجاڭ دەپ ئاتالغان ئىسمائىل باي ۋە ئۇنىڭ قوشۇنى خوجانىيازھاجى سىپىگە قوشۇلۇپ مەلۇم مەزگىل قوشۇن تەركىبىدە ھەرىكەتلەندى، بۇ قوشۇنلارنى قورال - ياراغ ۋە مائاش بىلەن تەمىنلەشنى «كېلىشىم» بويىچە ئۈرۈمچى ئۆز ئۈستىگە ئالغانىدى. ئۈرۈمچى تەرەپ مەزكۇر قوشۇننى گەرچە قورال بىلەن تەمىنلىمىگەن بولسىمۇ، ئەسكەرلەرنىڭ مائاشى ئۈرۈمچىدىن بېرىلگەنىدى. ئۈرۈمچىدە باستۇرۇلغان 20 تەڭگىلىك، 40 تەڭگىلىك قەغەز ئاقچىنىڭ جەنۇبقا تارىلىشى ئەنە شۇ مائاش بىلەن تەمىنلەشنىڭ گۇۋاھچىسى ئىدى.
خوجانىيازھاجى قوشۇنلىرى ما جۇڭيىڭنىڭ كۈچلۈك قوراللانغان، ھەربىي مەشىقتە تەربىيەلەنگەن، ئۇرۇش تەجرىبىسىگە باي مۇنتىزىم قوشۇنىغا قارشى مەلۇم مەزگىل ئېلىشقان بولسىمۇ، قوشۇن ئارىسىدىن چىقىپ تۇرغان خائىنلارنىڭ ساتقىنلىقى نەتىجىسىدە، بۇ ئۇرۇشتا ئاجىز كېلىپ، جەنۇبىي شىنجاڭنى قوغداپ قالالمىدى، بەلكى تۇڭگان 36 - دىۋىزىيىسىگە جەنۇبتىكى بىرمۇنچە جايلارنى تارتقۇزۇپ قويىدى، تۇڭگان قوشۇنلىرىنىڭ كۈچلۈك ھۇجۇمى نەتىجىسىدە، 1934 - يىلى 4 - ئايغا كەلگەندە، خوجانىيازھاجى ئۈرۈمچىدىن ياردەم تىلەشكە مەجبۇر بولدى.
«جىمسار كېلىشىمى» دىكى ئۆزئارا ياردەم بېرىش ماددىسىغا بىنائەن ئۈرۈمچى تەرەپ ئەۋەتكەن ياردەمچى قوشۇن يەكەن، مەكىت، مارالبېشى چۆللىرىنى كېزىپ ئاقسۇنىڭ ئاۋات ناھىيەسىگە يېتىپ باردى.
ئەنە شۇ چاغدا سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ ئۈرۈمچىگە ھاۋادىن ۋە قۇرۇقلۇقتىن ئەۋەتكەن قوشۇنى ما جۇڭيىڭ ئەسكەرلىرىنى قوغلاپ، مارالبېشىغىچە سۈرۈپ كەلدى.
خوجانىيازھاجى جەنۇبىي شىنجاڭنى مۇھاپىزەت قىلىش باش قوماندانلىق ئورنىدىن شىنجاڭ ئۆلكىلىك ھۆكۈمەتنىڭ مۇئاۋىن

رەئىسلىكىگە تەيىنلەندى، شىڭ شىسەي كاتتا مۇراسىم ئۆتكۈ-زۈپ، خوجانىيازھاجىنى قارشى ئالدى.

قومۇللۇق ھامۇتخان لۈيجاڭنى 500 ئەسكەر بىلەن ئۆزىنى قوغداشقا ئېلىپ قېلىپ، باش قوماندانلىق شتابى قارىمىقىدىكى قالغان قوشۇنلىرىنى قوماندان مەھمۇت مۇھىتىغا تاپشۇردى.

شىنجاڭ چېگرا مۇداپىئە قوماندانى دۇبەن شىڭ شىسەي خوجانىيازھاجىنىڭ قالدۇق قوشۇنلىرىنى بىر دىۋىزىيە قىلىپ تەشكىللىدى ۋە «6 ـ دىۋىزىيە» دەپ نام بەردى.

ئۇنىڭ تولۇق نامى: «شىنجاڭ چېگرا مۇداپىئە قورۇقلۇق ئەسكىرىي ئاتلىق قوشۇن ۋاقىتلىق 6 ـ دىۋىزىيىسى» ئىدى[1]. دېمەك، بۇ دىۋىزىيە دەسلەپتە ۋاقىتلىق دىۋىزىيە بولۇپ شە-كىللەنگەن بولۇپ، بۇنىڭغا مەھمۇت مۇھىتى قوماندانلىققا تەيىن-لەندى. بۇ دىۋىزىيە ئىككى بىرىگادا، تۆت پولكتىن ئىبارەت ئى-دى. پولكلارنىڭ نامى 1 ـ پولك، 2 ـ پولك، 3 ـ پولك، 4 ـ پولك، بىر مۇھاپىزەت ئىسكادىرونىدىن تەركىب تاپقان بولۇپ 2500 ئادەمنى ئۆز ئىچىگە ئالاتتى. 1 ـ بىرىگادىنىڭ باشلىقلى-قىغا قومۇللۇق سالىھ دورغا، تۆمۈر شىجاڭنىڭ بىرىگادىرى تۇر-پانلىق توختى بەگ ئۇنىڭ مۇئاۋىنى بولۇپ تەيىنلەندى.

1 ـ پولكنىڭ كوماندىرى تۇرپانلىق سەمەت ھاجىت، 2 ـ پولكنىڭ كوماندىرى تۇرپانلىق قۇربانىياز گاجىدى (كېيىن شاھىدىغا ئۆزگەرگەن)، 3 ـ پولكنىڭ كوماندىرى توقسۇنلۇق غوپۇر ئارزۇھاجى ئوغلى، 4 ـ پولكنىڭ كوماندىرى تۇرپانلىق پولات بەگ ئىدى. 36 ـ دىۋىزىيە قوشۇنلىرى مارالبېشىدىن چې-كىنگەندىن كېيىن 6 ـ دىۋىزىيە قەشقەرگە قاراپ يولغا چىقتى.

قوماندان مەھمۇت مۇھىتى گېنېرال لېيتېنانت دېگەن ئۇنۋان بىلەن 6 ـ دىۋىزىيىنى باشلاپ 1934 ـ يىلى 19 ـ ئىيۇل كۈنى قەشقەرگە يېتىپ كەلدى.

دىۋىزىيىنىڭ باش شتابى قەشقەر شەھىرىنىڭ غەربىگە تۇ-تاشقان سابىق «شەتەي يامۇلى»غا ئورۇنلاشتى. بۇلاردىن بىر پولك

باش شتاب ئورۇنلاشقان جايدىكى يۇملاق شەھەر قورغانچىسى دەپ ئاتالغان ئورۇندىكى بۇرۇنقى ھەربىي گازارمىلارغا، بىر پولك شەھەر ئىچىدىكى سودا سارايلىرىغا② ، بىر پولك يېڭىسار قەلئەسىدىگە، بىر پولك يەكەن كوناشەھىرىگە ئورۇنلاشتى.

مەھمۇت مۇھىتى قەشقەرگە كەلگەندە، 1933 ـ يىللىرى تەشكىللىنىپ قەشقەردە قۇرۇلغان يەرلىك قوشۇنلاردىن «قەشقەر ئۇستۇن ئاتۇش بىرىگادىسى» دەپ ئاتالغان زەيدىن كارۋاننىڭ قالدۇق قوشۇنلىرى، «ئاستىن ئاتۇش بىرىگادىسى» دەپ ئاتالغان كىچىك ئاخۇننىڭ قالدۇق قوشۇنلىرى ھەمدە بۇرۇن كىچىك ئاخۇننىڭ قول ئاستىدا ئىشلىگەن، تۇڭگان ما فۇيۈەن قەشقەرگە باستۇرۇپ كەلگەندە ئۆز قىسمىغا خائىنلىق قىلىپ تۇڭگانلار تەرىپىگە ئۆتۈۋالغان ئاتالمىش «پارتىزان ئەترەت قوماندانى» رىشىدتەمنىڭ بىر ئىنژۋوت (پەي) ئەسكىرى قاتارلىق قوراللىق قوشۇنلار 6 ـ دىۋىزىيىگە قوشۇلۇپ، ئەسكەر سانى 3500 دىن ئاشتى.

مەھمۇت مۇھىتى قەشقەرگە كەلگەندە قوشۇمچە «گارنىزون قوماندانى» لىق ئەمىلىگىمۇ ئېرىشكەن ئىدى. دىۋىزىيە باش قوماندانلىق شتابى 2 ـ قېتىمدا قەشقەر شەھىرىنىڭ غەربىگە جايلاشقان «يۇملاق شەھەر» قورغانچىسىغا جايلاشتى.

دىۋىزىيە باش شتابى سەككىز چوڭ باشقارمىدىن تەركىب تاپقان بولۇپ، بۇلار:

1. باش مەسلىھەت باشقارمىسى
2. ھەربىي سوت باشقارمىسى
3. كاتىبات باشقارمىسى
4. قورال ـ ياراغ باشقارمىسى
5. ھەربىي ئارقا سەپ تەمىنات باشقارمىسى
6. مۇھاپىزەتچىلەر باشقارمىسى
7. ھەربىي داۋالاش باشقارمىسى
8. ھەربىي ئات دوختۇرلۇقى باشقارمىسىدىن ئىبارەت بو-

لۇپ، كېيىنكى ئېھتىياج قوشۇلۇپ تەرجىمانلار باشقارمىسى قۇ-رۇلغان بولسىمۇ، يەنىلا 8 باشقارمىدىن ئۆزگەرمىگەنىدى.

مەھمۇت مۇھىتى قەشقەرگە كېلىپ ئارقىدىنلا ئۇرۇمچىدىن ئەۋەتىلگەن بىر پولك خەنزۇ ئەسكەر گوڭ جىڭخەن باشچىلىقىدا قەشقەر يېڭى شەھەرگە، لۇسىڭچۇڭ باشچىلىقىدىكى بىر پولك خەنزۇ ئەسكەر يەكەنگە ئورۇنلاشقانىدى.

مانا بۇ چاغدا ما جۇڭيىڭ دوتەي ما شاۋۋۇنىڭ رول ئوينىشى بىلەن سوۋېت ئىتتىپاقىغا ئۆتۈپ كەتكەن، ئۇنىڭ قارىمىقىدىكى قوشۇن ما خۇسەن باشچىلىقىدا خوتەنگە قاراپ يولغا چىققاچقا، يەكەن شەھىرى ئازات قىلىنغانىدى.

6 - دىۋىزىيە تەركىبىدىكى قوراللىق قوشۇنلارنى يۇقىرى-دىكىلەر «ھەربىي تەلىم - تەربىيە كۆرمىگەن، پارتىزان شەكلىدە ھەرىكەت قىلىدىغانلار» دەپ قاراپ، ھەربىي ئىنتىزامدا تەربىيە-لەشنى باھانە قىلىپ، سوۋېت ئىتتىپاقىدىن مۇشاۋىر تەكلىپ قىلدى، بۇ ھەربىي مۇشاۋىرلار ئۈچ كىشى بولۇپ، خەلق ئىچىدە «ساقاللىق گېنېرال» دەپ ئاتالغان رىبالكىن دەسلەپكى قەدەمدە تەرتىپسىز، باشباشتاقلىققا كۆنۈپ كەتكەن ئەسكەرلەرنى ئىنى-تىزامغا كۆندۈردى، 2 - قەدەمدە ئوبوخوف ئىسىملىك گېنېرال قوشۇننى زامانىۋى ھەربىي تەلىم - تەربىيە بىلەن قوراللاندۇر-دى، 3 - قەدەمدە ئالماشقان گېنېرال دوتكىن ئايىغى ياراشمىدى-مۇ، كېلىپ ئۇزۇن ئۆتمەي ھەربىي ئۆزگىرىش بولۇپ پاراكەندى-چىلىك يۈز بەردى.

بۇ مۇشاۋۇرلار قوشۇننى ئۆزگەرتىش بىلەن قانائەتلىنىپ قالماي، مەلۇم كىشىلەرنى چەتتە تەربىيىلەش ئېھتىياجىنى كۆز-دە تۇتۇپ، دىۋىزىيىدىن بەش كىشىنى 1934 - يىلى سوۋېت ئىتتىپاقىغا ئوقۇشقا ئەۋەتتى.

بۇلار، 1. مەھمۇت شىجاڭنىڭ ئاچىسىنىڭ ئوغلى قۇربان سەئىدى[3]، 2. مۇئاۋىن شتاب باشلىقى تۇرپانلىق سايىم ئاخۇن[4]، 3. دىۋىزىيە قورال - ياراغ باشقارمىسىنىڭ باشلىقى، ئۇرۇمچى-

لىك ئابدۇللا ئەپەندى[5] ، 4 . 1 ـ پولكنىڭ ئىككىنچى مۇئاۋىنى، توقسۇنلۇق مەسۇم دامولىنىڭ ئوغلى ئەخمەت مەسۇمى[6] ، 5 . 2 ـ پولكنىڭ كوماندىرى، تۇرپانلىق قۇربانىياز گاجىدى [7] لاردىن ئىبارەت بولۇپ، بۇ بەش كىشى مەھمۇت شىجاڭنىڭ ئەڭ يېقىن ئىشەنچلىك ئادەملىرىدىن ھېسابلىناتتى. بۇلار 1935 ـ يىلىنىڭ ئاخىرى تاشكەنتتىكى ئوقۇشتىن قايتىپ كېلىشتى، كېيىنكى ئەمەلىيەتلەرگە ئاساسلانغاندا، ئۇلار ئوتتۇرا ئاسىيادىكى ھەربىي مەكتەپنى «ئىمدىيە ئۆزگەرتىش» بىلەن تاماملىغانىدى. ئۇلار ئوقۇش جەريانىدا سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ ھەرقايسى جايلىرىنى ئېكسكۇرسىيە قىلدى، ھۆكۈمەت ئۇلارغا ئالاھىدە مۇئامىلە قىلىپ، دۆلەتنىڭ ھەربىي قۇرۇلۇش ئەسلىھەلىرى، ھەربىي كۈچى قاتارلىقلارنى كۆرسىتىپ، ئۇلارنىڭ يېڭىچە قان بولۇپ يېتىشىپ چىقىشى ئۈچۈن شارائىت يارىتىپ بەردى.

بۇ بەش كىشى چەت ئەلدىكى ئوقۇشىنى تاماملاپ قايتىپ كەلگەندىن كېيىن، تەلىم ـ تەربىيە روتىسى يۇمىلاق شەھەر قەلئەسى ئىچىدە كۇرس ئېچىپ بەردى، ھەر بىر پولكتىن خېلى كۆپ كىشى بۇ ئۆگىنىش كۇرسىغا قاتناشتۇرۇلدى، ئۇلار قايتقاندىن كېيىن، ئۇ يەردىمۇ ئۆز قوشۇنلىرىغا تەلىم ـ تەربىيە ئىشلىرىنى داۋاملاشتۇرغانىدى.

6 ـ دېۋىزىيىدە تەرەققىيات ئەنە شۇ تەرىقىدە تېز بولغان بولسىمۇ، لېكىن سىياسىي تەرەققىياتمۇ خېلى تېز راۋاجلانغانىدى.

1. مەھمۇت شىجاڭ گارنىزون قوماندانى بولۇپ ئۇزۇن ئۆتمەي شەرقىي شىمال قوشۇنلىرىنىڭ سابىق گېنېرالى، كېيىن شېڭ شىسەينىڭ مەسلىھەتچىسى بولۇپ ئىشلىگەن لىۋبىن «گارنىزون قوماندانى» بولۇپ ئۇرۇمچىدىن قەشقەرگە كەلدى ۋە گۇڭ جىڭخەندىن خىزمەت تاپشۇرۇۋالدى، ئۇ خوجانىياز ھاجى بىلەن شېڭ شىسەي ئوتتۇرىسىدا تۈزۈلگەن ئۈچ ماددىلىق «جىمىسار كېلىشىمى» دىكى بىر ـ بىرىگە ياردەم بېرىش دېگەن ماددىنىڭ روھىغا ئاساسەن، ئالدىنقى قېتىمدا گۇڭ جىڭخەن ھال سوراش

ئۆمىكى بىلەن ئىككى پولك ئەسكەرنى بىرگە ئېلىپ كىرىپ قەشقەر ۋە يەكەنگە ئورۇنلاشتۇرغانىدى، بۇ جەنۇبنى تىنچىتىش ئۈچۈن ئۇيغۇرلارغا ياردەمگە كەلگەنلەر دەپ ھېسابلانسىمۇ، لېكىن ئەمەلىيەتتە ئۇلار «بىرلىكتە ئىدارە قىلىش» ئۈچۈن كەلگەنلەر ئىدى، شۇنىڭ بىلەن، مەھمۇت مۇھىتىنىڭ گارنىزون قوماندانلىق ئورنى مۇئاۋىنلىققا چۈشۈپ قالغانىدى.

بۇ شەكىل بارا ـ بارا تەرەققىي قىلدى، ئۇرۇمچى دېۋىزىيە شتابى ئورگىنىنى قىسقارتىپ، گارنىزون قوماندانلىق شتابىغا قوشۇۋېتىشكە ھەمدە 6 ـ دېۋىزىيىگە قاراشلىق تۆت پولكنى 31 ـ، 32 ـ، 33 ـ، 34 ـ پولك دېگەن نامغا ئۆزگەرتىش بىلەن ئۇلارنى ئۇرۇمچىگە بىۋاسىتە قارايدىغان پولك قىلىشقا ئورۇنۇپ بۇيرۇق چۈشۈردى، ھەتتا «مۇستەقىل پولك» قىلىپ تامغا ئەۋەتتى، لېكىن مەھمۇت مۇھىتىنىڭ قارشى تۇرۇشى بىلەن ئۇ سۇيىقەست ئەمەلگە ئاشمىغان بولسىمۇ، ئەمەلىيەتتە دېۋىزىيە شتابى باش ئورگىنى گارنىزون قوماندانلىق شتابىنىڭ شۆبىسى قاتارىغا قوشۇۋېتىلىپ، مائاش دەرىجىسى بىر دەرىجە چۈشۈرۈۋېتىلگەنىدى.

2. ئۇرۇمچىنىڭ غەمخورلۇقى تۈتۈپ كېتىپ، 6 ـ دېۋىزىيىنىڭ قوراللىرىنى زامانىۋى قورالغا ئالماشتۇرۇپ بەرمەكچى بولغانىدى. لېكىن يېڭىنى ئېلىش ئالدىدا كونىسىنى پۈتۈنلەي تاپشۇرۇش شەرت قىلىنغانلىقتىن، مەھمۇت مۇھىتىنىڭ ئاۋۋال ئالىمىز، ئاندىن تاپشۇرىمىز دېگەندە چىڭ تۇرۇۋېلىشى بىلەن، ئۇرۇمچىنىڭ بۇ پىلانى ئەمەلگە ئاشماي قالدى.

3. 6 ـ دېۋىزىيىنى زامانىۋىلاشتۇرۇش ئۈچۈن يېڭى قانلار ئورۇنلاشتۇرۇلۇپ، پېشقەدەملەر ئۇرۇمچىگە چاقىرتىپ كېتىلدى.

قومۇللۇق سالىھ لۈيجاڭ، پازىل لۈيجاڭ (بۇلار قومۇلنىڭ دورغىلىرى ئىدى)، شايارلىق ھەمدەم بەگ ھاجى، تۇرپانلىق توختى (بۇلار تۆمۈر شىجاڭنىڭ لۈيجاڭلىرىدىن ئىدى)، پولات تۇەنجاڭ قاتارلىق مەشھۇر سەركەردىلەر بىر ـ بىرلەپ چاقىرتىپ كېتىلىپ، مەمۇرىي خىزمەتكە قويۇلدى.

دىۋىزىيە باش شتابىدىنمۇ باش مەسلىھەت باشقارمىسىنىڭ باشلىقى نىزامىدىن ئەپەندى، قورال ـ ياراغ باشقارمىسىنىڭ باشلىقى ئابدۇلمۆمىن ھاجى، شتاب باشلىقى نەمتۇللا خەلپەت، تەرجىمە باشقارمىسىنىڭ ئاقسۇ بايلىق باشلىقى ئەييۇپ بەگ قاتارلىقلارمۇ ئورۇن بوشاتتى، مانا بۇ ھال قىسىمنىڭ يېڭىلىنىشىنىڭ ئاساسى بولغانىدى.

4. قىسىمنىڭ تەركىبىمۇ ھەر قېتىمقى ئىسلاھاتتا ئۆزگىرىش ياساپ، بىر پولك بەش روتىدىن تۆت روتىغا، بىر پولك 700 ـ 800 كىشىدىن 610 كىشىگە قىسقارتىۋېتىلدى، شۇنىڭدەك دىۋىزىيە شتابىنى قوغدايدىغان مۇھاپىزەت ئىسكادىرونى ئەمەلدىن قالدۇرۇلدى، شىجاڭنى قوغدايدىغان مەخسۇس مۇھاپىزەت ئەترىتىدىكى 40 كىشى 10 كىشىگە قىسقارتىۋېتىلدى، قىسقارتىلغانلارنىڭ كۆپىنچىسى ئائىلىسىگە قايتىقان بولسىمۇ، بىر قىسمى يېڭىدىن تەشكىللەنگەن 180 كىشىلىك، ئىككى شەھەردە تۇرۇشلۇق مۇھاپىزەت ئەترىتىنىڭ ھەر بىرى 50 كىشىدىن تەركىب تاپقان ئۈچ ئالاھىدە ئىزۋوت (بۇلار چېگرىنى قوغدايدۇ) قا قوشۇۋېتىلدى، 6 ـ دىۋىزىيە دەسلەپتە 5000 كىشىدىن تەركىب تاپقان بولسىمۇ، كېيىنكى كۈنلۈكتە 4000 غا يەتمىگەن سان بىلەن بىر دىۋىزىيە نامىنى ئالغانىدى.

5. 1935 ـ 1936 ـ يىللىرى ھەرقايسى قىسىملاردىن پولك كوماندىرى، مۇئاۋىن پولك كوماندىرى، روتا كوماندىرى، ئىزۋوت كوماندىرى ۋە ئەترەت باشلىقى قاتارلىق رەھبىرىي كىشىلەر تۈركۈمگە بۆلۈپ ئۈرۈمچىگە ئوقۇشقا چاقىرتىلدى، بۇلارنىڭ ئىچىدە 3 ـ پولكنىڭ كوماندىرى توقسۇنلۇق غوپۇر ئاخۇن، 2 ـ پولكنىڭ 1 ـ مۇئاۋىن پولك كوماندىرى قەشقەرلىك ئابدۇشۈكۈر ئاخۇن [8]، مۇھاپىزەت ئەترىتىنىڭ باشلىقى ھۈسەيىن ئاخۇن [9] دېگەنلەر بار ئىدى.

6. 6 ـ دىۋىزىيە ئىچىدىن ئۈرۈمچىگە سېتىلغۇچىلار كۆپەيمەي چىقىشقا باشلاپ قوشۇننىڭ ساپلىقى يوقىلىشقا، بىرلىكى

پارچىلىنىشقا باشلىدى، ئۇنىڭ گەۋدىلىكرەكى 1 ـ پولكنىڭ كوماندىرى ئابدۇسەمەت ھاجى بولۇپ، ئۇ بۇرۇن 6 ـ دىۋىزىيە بويىچە كۆزگە كۆرۈنگەن قاۋۇل، ياش، قەھرىمان، ئوت يۈرەك قوماندانلارنىڭ بىرى ئىدى. ئۇ كېيىن ئۆزگىرىپ ھەتتا «شىجاڭ ـ لىق» تونىنى كىيىش ئارزۇسىدا بەزى سۇيىقەستلىك ھەرىكەت ـ لەردە بولدى. ئاقىۋەت ئۆزىنىڭ يېقىن تۇغقىنى، بىر يۇرتلۇقى، سەپدىشى بولغان مەھمۇت مۇھىتىنى ئېتىپ ئۆلتۈرۈش كويىدا بولدى، ئېتىشقا بۇيرۇغان ئادىمى ھاجەتخانىدىكى پۇرسەتتىن پاي ـ دىلىنىپ مەھمۇت مۇھىتىنى ئېتىشقىمۇ تەييارلانغانىدى، لېكىن ئاتقۇچى ئىنساپ قىلىپ ئاتمىدى، بەلكى بۇ سىرنى پاش قىلدى. مەھمۇت شىجاڭ ئابدۇسەمەت ھاجىنى قولغا ئېلىشقا مەجبۇر بولدى.

گەرچە ھەربىي قىسىمدىن خائىن، ساتقىنلار كۆپلەپ ئاشكا ـ رىلانغان بولسىمۇ، بەزىلىرى يوشۇرۇن نازارەت ئاستىدا ھەرىكەت ـ لەنگەن، بەزىلىرى جازاغىمۇ ئۇچرىغان بولۇپ، ئومۇمەن، مەھمۇت مۇھىتىنى يوقىتىش دۈشمەنلەرنىڭ بىردىنبىر ئىستىكى بولۇپ قالغانىدى.

ئىزاھلار:

① ۋاقىتلىق نام 1936 ـ يىل 9 ـ ئاينىڭ 14 ـ كۈنى ئېلىپ تاشلىنىپ رەسمىي دىۋىزىيىگە ئايلانغان.

② بۇ پولك مەلۇم مەزگىلدىن كېيىن شەھەرنىڭ شەرقىدىكى دۆڭ ـ باغ گازارمىسىغا يۆتكەلدى.

③ قۇربان سەئىدى ـ ئوقۇشتىن كېيىن دىۋىزىيە شتابىدا شتاب باشلىقى بولۇپ ئىشلەپ، تاغىسى مەھمۇت مۇھىتىنى ئاغدۇرۇپ پارچىلاذ ـ غان 6 ـ دىۋىزىيىگە ۋاقىتلىق باشلىق بولغاندىن كېيىن، ئۈرۈمچىگە چاقىرتىلىپ مالىيە نازارىتىگە مۇئاۋىن نازىر بولغان. 1940 ـ يىلىدىكى «ئۆزگىرىش» تە خائىن دەپ قولغا ئېلىنىپ، سوراق جەريانىدا يېگەن تا ـ ياق زەربىسىدىن ھاياتىدىن ئايرىلغان.

④ سايىم ئاخۇن ـ ئوقۇشتىن كېيىن باش مەسلىھەت باشقارمىسى ـ

غا باشلىق بولغان. 1937 ـ يىلىنىڭ باشلىرىدا يەكەندىكى 2 ـ پولكقا باشلىق بولغان، بۇ كىشى مەھمۇت مۇھىتىغا قارشى تەشكىلاتچىلارنىڭ بىرى دەپ ھېسابلىنىپ مەھمۇت شىجاڭ قاچقان كۈنى يەكەندە ئۆز لىيەنزاڭى قولىدا ئۆلتۈرۈپ تاشلانغان.

⑤ ئابدۇللا ئەپەندى ـ ئوقۇشتىن كېيىن بىر مەزگىل باش مەسلىھەت باشقارمىسىدا ئىشلەپ، 1936 ـ يىلى 2 ـ پولكقا باشلىق بولۇپ، قوشۇن بىلەن يەكەنگە ئالماشقان، ئۇ يەردە مەخپىي تەشكىلاتچىلىق ھەرىكەتلىرى بىلەن شۇغۇللىنىپ شايكا توپلىغانلىقتىن مەھمۇت شىجاڭ ئۇنى قولغا ئالماقچى بولغان بولسىمۇ، لېكىن تۇيۇپ قېلىپ، شايكىلىرى بىلەن بىرگە ما خۇسەننىڭ قېشىغا قېچىپ بېرىپ پاناھلانغان، ئۈرۈمچى تەرەپ ما خۇسەندىن قۇتۇلدۇرۇپ ئۈرۈمچىگە قايتۇرۇپ كەتكەن. ئابدۇللا ئەپەندىنى ئۈرۈمچى تەرەپ بىر مەزگىل ئوبدان باققاندىن كېيىن، 1937 ـ يىلى قوزغالغان ئىسياننى باستۇرۇشقا ئەترەت باشلىقى قىلىپ تەيىنلىگەن، ئۇ كۇچا ئەتراپلىرىدا ئۆز خەلقىنى قىرىپ ۋەزىپە ئۆتىگەن، كېيىن تۈرمىدە «مېھمان» بولغانىدى.

⑥ ئەخمەت مەسۇمى ـ تاشكەنتتىكى تەربىيىنى تۈگىتىپ سەمەت ھاجىنىڭ 1 ـ مۇئاۋىنى بولۇپ چىققان بولسىمۇ، ئۈرۈمچىگە چاقىرتىلىپ، ئۇ يەردە مەلۇم مەزگىل ئوقۇدى، ئوقۇشتىن 1937 ـ يىل 3 ـ ئاينىڭ 28 ـ كۈنى قايتىپ كەلدى، لېكىن ئۇ سەمەت ھاجىنىڭ ئورنىغا پولكوۋنىك بولۇپ كەلگەنىدى. ئۇ قەشقەرگە كېلىپلا ھاردۇق ئالماستىن ئۆز خىزمىتىگە كىرىشىپ كەتتى ۋە ئۈرۈمچىگە بەرگەن ۋەدىسىگە بىنائەن، مەھمۇت شىجاڭدەك «ئەنگلىيە ۋە ياپونىيىگە سېتىلغان خائىن» نى ۋە ئۇنىڭ تەرەپدارلىرىنى يوقىتىشتا ئاجايىپ رول ئوينىدى. ئۇنىڭ بۇ قۇرغان «جەننىتى» پەقەت ئىككى يىللا ئەسقاتتى. 1938 ـ يىلى ئاپرېلدا «ئايروپىلان تاماشاسى» غا چىققانچە ئۆزىنى ئۈرۈمچىدە كۆردى، ئەخمەت مەسۇمى پوت ـ قولى زەنجىر بىلەن باغلىنىپ ئۈرۈمچى تۈرمىسىگە تاشلاندى، ئېيتىشلارغا قارىغاندا تۈرمىدە ساراڭ بولۇپ ئۆز گۆشىنى ئۆزى يەپ ئۆلگەنمىش.

⑦ قۇربان نىياز گاجىدى (ياكى شاھىدى) ـ ئۈرۈمچىدىكى ئوقۇشتىن قايتىپ ئەخمەت مەسۇمى بىلەن بىرگە كەلگەن بولۇپ، ئەتىسىلا ئۇزىنىڭ ئەسلىدىكى ئورنىغا پولك كوماندىرى سۈپىتى بىلەن چىقىپ، 4 ـ پولكتىكى خىزمىتىنى قولغا ئالدى، شېڭ شىسەي ئالدىدا بەرگەن قەسەم ـ

ۋەدىلىرى بويىچە ئىشلەپ، مەھمۇت مۇھىتى «ئايىنىغان» كۈنىلا ئۆز رولىنى جارى قىلدۇرۇپ، ئۇنىڭ پىلانلىرىنى پۈتۈنلەي بىتچىت قىلىپ، ئۇرۇمچىگە زور خىزمەت كۆرسەتتى، بۇنىڭ بەدىلىگە بىر پۈتى ناكا بولدى. چاقىرىق بويىچە قۇربان سەئىدى بىلەن بىرگە ئۇرۇمچىگە قايتىپ، ساقچى باشقارمىسىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى، ئۆلكىلىك ئۇيغۇر ئۇيۇشمىسىنىڭ رەئىسلىكىگە تەيىنلەندى، كېيىن 1940 ـ يىلدىكى ئاتالمىش بۇزۇق تەشكىلات ئەزاسى دېگەن نام بىلەن قولغا ئېلىنىپ، ھەر خىل سوراق، قىيىن ـ قىستاقلارنى بېشىدىن ئۆتكۈزۈپ، ئۆز خىزمىتى بەدىلىگە تۈرمە ئاستىدىكى قۇرت ـ قوڭغۇزلارغا يەم بولۇپ دۇنيادىن ئۆتتى.

⑧ غوپۇر تۆەنجاڭ بىلەن ئابدۇشۈكۈر تۆەنبۇ ئۇرۇمچىدىكى ئوقۇشتىن قۇربانىنىياز، ئەخمەتلەر بىلەن بىرگە قايتىپ كەلگەن بولسىمۇ، بۇ ئىككىيلەن نېمىشقا ئەسلىدىكى خىزمىتىگە قويۇلمىغان؟ بۇلار مەھمۇت شىجاڭ قەشقەردىن قاچقان 2 ـ ئاپرېل كۈنىلا قۇربان، ئەخمەتلەر تەردىپىدىن تۇتۇلۇپ، يېڭىشەھەرگە ئاپىرىپ بېرىلىپ قاماقتا يوقىتىپ تاشلاندى. ئاڭلاشلارغا قارىغاندا: قۇربان نىياز بىلەن ئەخمەت مەسۇملەر مەخمۇت شىجاڭنى يوقىتىش ئۈچۈن شىڭ شىسەي ئالدىدا قەسەم ئىچكەنلىكتىن، غوپۇر ۋە ئابدۇشۈكۈرلەر بۇلارنىڭ سۇيىقەستىنى شىجاڭغا ۋاستە ئارقىلىق مەلۇم قىلغانىكەن، مەھمۇت شىجاڭنىڭ قېچىشقا مەجبۇر بولۇشى ئەنە شۇ ئىشنىڭ ئاقىۋىتىدىن بولغانىدى.

⑨ ھۇسەيىن ئاخۇن — بۇرۇن مەھمۇت سىجاڭنىڭ مۇھىم ئادىمى ئىدى، لېكىن ئۇرۇمچىگە بېرىپلا ئايىنىغان، ئۇ ئوقۇشنى تاماملاپ كەلگەندە ئاللىقاچان بۇزۇلغان بولۇپ، 2 ـ پولكىنىڭ كوماندىرلىق مەنسىپى بىلەن قاتراپ يۈرگەن بولسىمۇ، لېكىن «شاپتۇل» ئابدۇغوپۇر داموللىنى ئۆلتۈرۈشكە قاتناشقانلىق جىنايىتى بىلەن قولغا ئېلىنىپ تۈرمىدە يوقالغانىدى.

# ما جۇڭيىڭنىڭ سوۋېت ئىتتىپاقىغا بېرىشى ۋە ئۇنىڭ ئاخىرقى تەقدىرى

ۋاڭ شىلۇڭ

1928 ـ يىلى شىنىڭدىكى نىڭخەي كورپۇسىنىڭ ئەمدىلا 17 ياشقا كىرگەن خۇيزۇ ئوفىتسېرى ما جۇڭيىڭ (1911 ـ 1937) فېڭ يۇشياڭ باشچىلىقىدىكى گومىنداڭ ئارمىيىسىنىڭ گەنسۇدىكى ھۆكۈمرانلىقىغا قارشى بايراق كۆتۈرۈپ چىقتى. ئۇ «پۈتۈن خەلق سەپەرۋەرلىككە كېلىپ، باندىتلارنى يوقىتايلى» دېگەن شوئارنى توۋلاپ، يۇرتى خېجۇغا تېزلا 10 مىڭدەك ئەسكەر توپلاپ، خېجۇڭ، تاۋمىن، لۇڭنەن، نىڭشيا قاتارلىق جايلاردا يۆتكىلىپ يۈرۈپ ئۇرۇش قىلدى ۋە خېجۇ، يىنچۇەنلەرگە قورشاپ ھۇجۇم قىلىپ قاتتىق زىلزىلە قوزغىدى. فېڭ يۇشياڭ غەربىي شىمالدىكى ھۆكۈمرانلىقى كۈچلۈك تەھدىتكە ئۇچرىغانلىقتىن، ئالتىدىن ئارتۇق دىۋىزىيىنىڭ ئەسكىرىي كۈچى بىلەن ئۇرۇشقا تاقابىل تۇرۇشقا مەجبۇر بولدى. 1930 ـ يىلى ما جۇڭيىڭ خېشىغا كىرىپ، گەنسۇدا بىر مەزگىل تۇرغاندىن كېيىن، جيۇچۇەنگە ماكانلاشتى ۋە ئۆزىگە كۈچ توپلاپ ئەمەلىي كۈچىنى زورايتتى. 1932 ـ يىلى گومىنداڭ ھۆكۈمىتى ما جۇڭيىڭنى يېڭىدىن تەشكىللەنگەن 36 ـ دىۋىزىيىنىڭ باشلىقلىقىغا تەيىنلەپ، ئۇنىڭغا جيۇچۇەن، دۇنخۇاڭ قاتارلىق يەتتە ناھىيىنى ئايرىپ بەردى. ما جۇڭيىڭ شىنجاڭغا ئىككى قېتىم ئەسكەر باشلاپ چىقىپ، شىنجاڭنىڭ سىياسىي، ئىجتىمائىي ۋەزىيىتىنى چالغىتىۋەتتى. 1933 ـ يىلى شېڭ شىسەي سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ ياردىمى بىلەن ما جۇڭيىڭنى مەغلۇپ قىلدى، ما جۇڭيىڭ 36 ـ دى-

ۋىزىيىنىڭ قالدۇق قىسىملىرى بىلەن جەنۇبىي شىنجاڭغا چېكىنىپ، شىنجاڭدىكى بۆلگۈنچى كۈچلەرنىڭ قەشقەردىكى «شەرقىي تۈركىستان جۇمھۇرىيىتى» بىلەن خوتەندىكى «ئىسلام دۆلىتى» نى يوقاتتى. بۇ چاغدا 36 ـ دىۋىزىيىنىڭ ئومۇمىي ئەسكىرى 15 مىڭدىن سەل ئاشاتتى. 1934 ـ يىلى 7 ـ ئايدا جاڭ ياشاۋ، ۋۇ يىگچى قاتارلىق كوممۇنىستلارنىڭ تەسىرىدە ما جۇڭيىڭ 36 ـ دىۋىزىيىدىن ئايرىلىپ، چېگرىدىن ئۆتۈپ سوۋېت ئىتتىپاقىغا كەلدى، شۇ چاغدا ئۇ 22 ياشقا كىرگەنىدى، خۇيزۇ مىللىتىدىن بولغان بۇ ياش گېنېرال شۇ كەتكەنچە قايتىپ كەلمىدى. ئۇنىڭ ئىز ـ دېرىكى توغرىسىدا خىلمۇ ـ خىل قاراشلار بار، لېكىن ئۇ ھازىرغىچە يېشىلمىگەن بىر سىر بولۇپ كەلمەكتە. بۇ ماقالىدە مۇناسىۋەتلىك ماتېرىياللارغا ۋە زىيارەت داۋامىدا ئېرىشكەن مەلۇماتلارغا ئاساسەن ما جۇڭيىڭنىڭ سوۋېت ئىتتىپاقىدىكى پائالىيەتلىرى ۋە ئاخىرقى تەقدىرى ھەم ئالاقىدار مەسىلىلەر مۇھاكىمە قىلىنىدۇ.

**1. ما جۇڭيىڭنىڭ سوۋېت ئىتتىپاقىدىكى پائالىيەتلىرى ۋە 36 ـ دىۋىزىيە بىلەن بولغان ئالاقىسى**

ما جۇڭيىڭنىڭ سوۋېت ئىتتىپاقىغا بارغاندىن كېيىنكى پائالىيەتلىرى ۋە 36 ـ دىۋىزىيە بىلەن بولغان ئالاقىسى توغرىسىدا يېزىلغان خاتىرىلەر خېلى كۆپ بولسىمۇ، لېكىن ئۇنىڭ قول ئاستىدا ئىشلىگەن برىگادا باشلىقى ما يەنلياڭنىڭ ئەسلىمىسى بەك ئىشەنچلىك. ما يەنلياڭ (1904 ـ 1987) خېجۇلۇق خۇيزۇ بولۇپ، ئۇزاققىچە ما جۇڭيىڭغا ئەگىشىپ ھەر يەر ـ ھەر يەردە ئۇرۇشقا قاتناشقان. ما جۇڭيىڭ سوۋېت ئىتتىپاقىغا ماڭغاندا 36 ـ دىۋىزىيىدە ئاتلىق ئەسكەر برىگادىسىنىڭ باشلىقى بولغان.

ما يەنلياڭ 1935 ـ يىلى 8 ـ ئايدا سوۋېت ئىتتىپاقىغا بېرىپ، موسكۋادا ما جۇڭيىڭ بىلەن ئىككى يىلدەك بىللە ئوقۇغان، بىللە تۇرغان. دېمەك، ئۇ ما جۇڭيىڭنىڭ سوۋېت ئىتتىپا-

قىغا بارغاندىن كېيىنكى پائالىيەتلىرىدىن خەۋەردار مۇھىم گۇۋاھچى. ما يەنلياڭنىڭ ئەسلىمىسى[①]دە مۇنداق دېيىلگەن: «ما جۇڭيىڭ 1934 - يىل 7 - ئاينىڭ 10 - كۈنى 36 - دىۋىزىيە بىلەن خوشلىشىپ سەي شۈسۈن قاتارلىق 280 نەچچە ھەمراھىنى ئېلىپ، ئەركەشتام ئارقىلىق سوۋېت ئىتتىپاقىغا ئۆتتى، چېگرىدا قورالسىزلاندۇرۇلغاندىن كېيىن ئەنجاندىن پويىزغا ئولتۇرۇپ موسكۋاغا ماڭدى. سوۋېت ئىتتىپاقى ھۆكۈمىتى بىر چېگرا مۇداپىئە قوماندانىنى (ئىسمى ئېسىمدە يوق) ئۇنى كۈتۈۋېلىشقا ئەۋەتتى ۋە پايتەختتىكە يەتتە - سەككىز كىلومېتىر كېلىدىغان بىر داچىغا ئورۇنلاشتۇردى. ما جۇڭيىڭ دەسلەپكى بىر نەچچە كۈندە بۇ جايدىكى سانائەت قۇرۇلۇشى بىلەن مەكتەپلەرنى ئېكسكۇرسىيە قىلدى. ئۇنىڭ ھەمراھلىرى قۇرۇقلۇق ئارمىيە، ھاۋا ئارمىيە مەكتەپلىرىگە ئوقۇشقا تەقسىم قىلىندى. ئۇزۇن ئۆتمەي سوۋېت ئىتتىپاقى ھۆكۈمىتى مېسكوفنى ئۇنىڭغا مەسلىھەتچى قىلىپ ئەۋەتتى، بۇنىڭدىن باشقا تۆت كىشىنى ھەربىي ئىشلار، مەدەنىيەت، چەت ئەل تىلى قاتارلىق دەرسلەردىن تەلىم بېرىشكە ئەۋەتتى، ئۇ چاغدا بۇ يەردىكىلەر ما جۇڭيىڭنى ‹گېنېرال› دەپ ئاتايتتى».

سوۋېت ئىتتىپاقى ھۆكۈمىتى ما جۇڭيىڭغا ئوبدان مۇئامىلە قىلىپ ئىلتىپات كۆرسەتتى ۋە ئۇنى مۇھىم تەربىيىلەش ئوبيېكتى قىلدى، بۇ ئىشلاردا ئۇنىڭ ئەتراپىدىكى سەي شۈسۈن، جاڭ ياشاۋ، ۋۇ يىڭچىلار كۆۋرۈكلۈك رول ئوينىدى. ئېيتىشلارغا قارىغاندا، سەي شۈسۈن قاتارلىقلار سوۋېت ئىتتىپاقىدا ئوقۇغان، 1 - قېتىملىق ئىچكى ئىنقىلابىي ئۇرۇشقا قاتناشقان، شۇنىڭدەك سوۋېت ئىتتىپاقى بىلەن مۇئەييەن مۇناسىۋەتتە بولۇپ كەلگەن كوممۇنىستلار ئىكەندۇق. ئۇنىڭ ئۈستىگە ئەينى ۋاقىتتا ما جۇڭيىڭنىڭ شىنجاڭنىڭ خوتەن ئەتراپىغا ئورۇنلاشتۇرغان 15 مىڭدىن ئارتۇق ھەربىي كۈچى شىنجاڭ ۋەزىيىتىنىڭ مۇقىم بولۇش - بولماسلىقىدا مۇھىم رول ئوينايتتى، شۇ سەۋەبتىن سو-

ۋېت ئىتتىپاقى ما جۇڭيىڭغا دىققەت ـ ئېتىبارىنى قاراتقانىدى.
ما جۇڭيىڭ شىنجاڭدىن ئايرىلغان چاغدا يەزىنىسى ما خۇ-سەننى 36 ـ دىۋىزىيىنىڭ مۇۋەققەت باشلىقلىقىغا تەيىنلىدى. ئۇ سوۋېت ئىتتىپاقىغا بارغاندىن كېيىنكى ئۈچ يىل ئىچىدە 36 ـ دىۋىزىيە بىلەن بولغان زىچ ئالاقىسىنى ساقلاپ كەلدى. ما خۇسەن 36 ـ دىۋىزىيىنىڭ ئوفىتسېرلىرىنى ئۆزلۈكسىز موسكۋاغا ئە-ۋەتىپ، ئەھۋالنى مەلۇم قىلىپ تۇردى. ما جۇڭيىڭمۇ سوۋېت ئىتتىپاقى تەرەپنىڭ ئارزۇسى بويىچە شىنجاڭغا قايتقان ئوفىت-سېرلار ئارقىلىق بۇيرۇق يەتكۈزۈپ، 36 ـ دىۋىزىيىنىڭ ھەرىكەت مىزانىنى بەلگىلەپ، شېڭ شىسەي بىلەن تىنچلىقتا بىللە تۇ-رۇشقا تىرىشتى.
«ما خۇسەن 1934 ـ يىلى قىشتا ھەربىي لاۋازىمات باشقار-مىسىنىڭ باشلىقى جاڭ جېڭجيۇ، سۇ جيېمىن، جاۋ فۇچىنلارنى ھىندىستان ئارقىلىق تۈركىيىگە ئەۋەتتى، ئۇلار سوۋېت ئىتتى-پاقىنىڭ تۈركىيىدە تۇرۇشلۇق كونسۇلخانىسىدىن پاسپورت ئې-لىپ، تۈركىيىدىن سوۋېت ئىتتىپاقىغا بېرىپ، موسكۋادا ما جۇڭيىڭ بىلەن كۆرۈشتى ۋە 36 ـ دىۋىزىيىنىڭ يېقىنقى ئەھۋا-لىدىن مەلۇمات بەردى».
بۇ ما جۇڭيىڭنىڭ 36 ـ دىۋىزىيە بىلەن بولغان تۇنجى ئالا-قىسى.
2 ـ قېتىملىق ئالاقىسى 1935 ـ يىلىنىڭ بېشىغا توغرا كېلىدۇ. ما خۇسەن قول ئاستىدىكى ما شېڭگۇينى قەشقەر ئارقى-لىق موسكۋاغا بېرىپ ما جۇڭيىڭ بىلەن كۆرۈشۈپ كېلىشكە ئە-ۋەتتى. شۇ يىلى يازدا ما شېڭگۇي قاتارلىقلار 36 ـ دىۋىزىيە تۇ-رۇشلۇق جاي خوتەنگە قايتىپ كەلدى، ئۇلار بىلەن سوۋېت ئىت-تىپاقىنىڭ كېسەللىكنىڭ ئالدىنى ئېلىش ئەترىتىدىكى 8 ـ 9 ئادەم بىللە كەلدى، ئۇلار ئەمەلىيەتتە سىياسىي خادىملار ئىدى. ما شېڭگۇي ما جۇڭيىڭنىڭ قول ئاستىدىكىلەرگە قىلغان سۆزى ئېلىنغان پلاستىنكىنى ئالغاچ كەلگەن بولۇپ، ئۇنى پاتىفوندا

قويغىلى بولاتتى. بۇ پىلاستىنكا 36 ـ دىۋىزىيىدىكى جەڭچى ـ ئوفىتسېرلارغا قويۇپ بېرىلگەندىن كېيىن تەسىرىنى كۆرسەت-تى. كېيىن بۇ پىلاستىنكىنى ما يەنلياڭ ئۇزاقـقىچە ساقلىغان. 1950 ـ يىلى ما تۇڭ ئەپەندى لىنشيادا خىزمەت قىلىۋاتقان مەزگىلدە مايەنلياڭنىڭ يېنىدا كۆرگەن، ئۇ چاغدا بۇ پىلاستىن-كىنى ئېنىق ئاڭلىغىلى بولاتتى②. ما جۇڭيىڭ قىلغان سۆزنىڭ مۇھىم نۇقتىلىرى مۇنداق: 1) 36 ـ دىۋىزىيىدىكى يولداشلارنى بەك سېغىندىم؛ 2) 36 ـ دىۋىزىيىنىڭ ئىشلىرى كاپالەتكە ئىگە بولدى، سىلەرنىڭ شەرەپلىك ئۆتمۈشۈڭلەر بولغان، كەلگۈ-سىڭلارمۇ پارلاق بولىدۇ؛ 3) جۇڭگو ياپون جاھانگىرلىكىنىڭ تەھدىتىگە ئۇچراۋاتىدۇ، شەرقىي شىمال قولدىن كەتكەندىن كې-يىن شىمالىي جۇڭگومۇ خەتەرلىك پەيتكە يۈزلەندى، سىلەرنىڭ 1931 ـ يىلى چىقىرىلغان ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى ئومۇمىي تېلېگراممىنى ئۇنتۇپ قالماسلىقىڭلارنى ئۈمىد قىلىمەن، مەن ما خۇسەنگە ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى ئۇرۇش قىلىشقا تەييار-لىنىشقا بۇيرۇق چۈشۈردۈم، 36 ـ دىۋىزىيىدىكى جەڭچى ـ ئو-فىتسېرلارنىڭ بۇيرۇقنى ئىجرا قىلىشىنى تەلەپ قىلىمەن؛ 4) سىلەرگە دەپ قوياي، مەن ئۇزاققا قالماي قايتىپ بېرىپ، 36 ـ دىۋىزىيىنى پارلاق مەنزىلگە يېتەكلەيمەن. ماشىڭكۇي يەنە ما جۇڭيىڭنىڭ ما خۇسەننى سوۋېت ئىتتىپاقىغا ئوقۇشقا كېلىشكە چۈشۈرگەن بۇيرۇقىنىمۇ ئالغاچ كەلگەنىدى، لېكىن ما خۇسەن ئىجرا قىلمىدى.

3 ـ قېتىملىق ئالاقىلىشىش 1935 ـ يىلى ياز بىلەن كۈز ئارىلىقىدا بولدى. ما شېڭكۇي قايتىپ كېلىپ ئۇزاق ئۆتمەي ما جۇڭيىڭ يەنە ۋۇ يىڭچى، گې جىيۇن، لى شياڭيىڭ ئۈچەيلەننى خوتەنگە ئەۋەتتى ۋە ئۇلارغا ما خۇسەننىڭ سوۋېت ئىتتىپاقىغا ئوقۇشقا كېلىشىگە ھەيدەكچىلىك قىلىشنى بۇيرۇدى، ما خۇسەن سوۋېت ئىتتىپاقىغا بېرىشنى خالىماي ئۆز مەيلىچە ئىش كۆ-رۈپ، ما يەنلياڭ، لا شۈلى قاتارلىق 19 بىرىگادا باشلىقى ۋە پول-

كوۋنىكنى سوۋېت ئىتتىپاقىغا ئوقۇشقا ئەۋەتتى. شۇ يىلى 8 ـ ئايدا ما يەنلياڭ قاتارلىقلار قەشقەردە چېگرىدىن ئۆتۈپ، ئەنجاندىن پويىزغا ئولتۇرۇپ موسكۋاغا بېرىپ ما جۇڭيىڭ بىلەن كۆرۈشتى ۋە بىللە تۇردى. ئۇ چاغدا ما جۇڭيىڭ موسكۋادا نېمىس، فرانسۇز، رۇس، ياپون تىللىرىنى ئۆگىنىۋاتاتتى. ما يەنلياڭ قاتارلىقلارنى كۈتۈۋېلىش زىياپىتىدە سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ چېگرا مۇداپىئە قوماندانى مۇنداق دېگەن: «بىز سوۋېت ئىتتىپاقى سىلەرنىڭ ئۆگىنىش ۋە ئېكسكۇرسىيىگە كەلگىنىڭلەرنى قارشى ئالىمىز... بىزنىڭ قارىشىمىزچە ما جۇڭيىڭ بىر ئاز سانلىق مىللەتتىن چىققان ياش، بىر گۈل، شۇڭا بىز بۇ گۈلنى ئىنتايىن ياخشى بىر باغدا پەرۋىش قىلىۋاتىمىز». ما يەنلياڭ قاتارلىقلار زاۋۇت، مەكتەپلەرنى ئېكسكۇرسىيە قىلغاندىن كېيىن، ما جۇڭيىڭ بىلەن بىللە تۇرۇش ۋە ئۆگىنىشكە ئورۇنلاشتۇرۇلدى. 1935 ـ يىلى قىشتا قىزىل ئارمىيە غەربىي يۈنىلىش ئارمىيىسى خېشى كارىدورىغا كىرگەندە، سوۋېت ئىتتىپاقى ئون نەچچە مۇتەخەسسىسنى ئەۋەتىپ ما جۇڭيىڭ قاتارلىقلار بىلەن بىرلەشمە شتاب قۇرۇپ، مەخسۇس جۇڭگونىڭ غەربىي شىمالىنىڭ يەر شەكلى، گومىنداڭنىڭ غەربىي شىمالدىكى ھەربىي كۈچى، قىزىل ئارمىيىنىڭ شىنجاڭغا كىرىشىنى كۈتۈۋېلىش قاتارلىق مەسىلىلەرنى تەتقىق قىلدى. بۇ شتاب ئۈچ ئايدىن ئارتۇق خىزمەت قىلدى. شۇ چاغدا خېشى كارىدورىدىكى قىزىل ئارمىيىگە قورشاپ ھۇجۇم قىلىۋاتقانلار ئاساسەن چىڭخەيدىكى ما بۇفاڭ قوشۇنى ئىدى، ما جۇڭيىڭ ما بۇفاڭ بىلەن بىر نەۋرە ئاكا ـ ئۇكا ئىدى ھەمدە چىڭخەيدە تۇرۇشلۇق قىسىمدا بىللە ۋەزىپە ئۆتىگەن، شۇڭا چىڭخەيدىكى قوشۇننىڭ ئىچكى ئەھۋالىدىن خەۋەردار ئىدى، ئۇنىڭ ئۈستىگە قوشۇن باشلاپ ۋۇ ۋېي، جاڭيې، جيۇچۈەن، دۇنخۇاڭ، قومۇل قاتارلىق جايلاردا ئۇرۇش قىلغان بولغاچقا، خېشىنىڭ يەر شارائىتىنى پىششىق بىلەتتى. شۇڭا ئۇ سوۋېت ئىتتىپاقى مۇتەخەسسىسلىرى بىلەن مەسىلىلەرنى مۇھاكىمە قىلىش

ۋە پىلان تۈزۈشتە مۇقەررەر مۇئەييەن رول ئوينايتتى.
ما يەنلياڭ قاتارلىقلار موسكۋادا ما جۇڭيىڭ بىلەن ئىككى يىلغا يېقىن بىللە تۇردى ۋە ئوقۇدى. 1936 ـ يىلى 4 ـ ئايدا شېڭ شىسەي قەشقەردە تۇرۇشقا ئەۋەتكەن دىۋىزىيە كوماندىرى مەھمۇت مۇھىتى (مەھمۇت شىجاڭ) يۈز ئۆرۈدى. ئۇ چاغلاردا ياپون جاھانگىرلىكى جۇڭگوغا قاراتقان تاجاۋۇزچىلىقىنى كۈچەيتـ. كەنلىكتىن، شىمالىي جۇڭگونىڭ ۋەزىيىتى كەسكىنلەشتى، مۇ. شۇنداق ئەھۋالدا، سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ چېگرا مۇداپىئە قوـ. ماندانى ما يەنلياڭ قاتارلىقلار بىلەن كۆرۈشۈپ، جۇڭگونىڭ ئىچـ. كى ۋەزىيىتىدىن مەلۇمات بەردى ھەمدە ما يەنلياڭ، لا شۈلى، ما شىجيې، ياڭ فۇشىڭلار شىنجاڭغا قايتىپ بېرىپ 36 ـ دىۋىزىـ. يىنى تەرتىپكە سېلىپ، شېڭ شىسەينىڭ مەھمۇت مۇھىتىنى يوقىتىشىغا ياردەملەشسە، سوۋېت ئىتتىپاقى 36 ـ دىۋىزىيىنى قورال ـ ياراغ بىلەن تەمىنلەيدۇ؛ مەھمۇت مۇھىتىنى كۆزدىن يوقاتقاندىن كېيىن 36 ـ دىۋىزىيە خوتەندە بىر باتالىيون ياكى بىر پولك ئەسكىرىي كۈچ قالدۇرۇپ، قالغان قىسمىنىڭ ھەممىـ. سىنى ئېلىپ شىنجاڭدىن ئايرىلىپ، ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارـ. شى ئۇرۇش ئالدىنقى سېپىگە ئاتلانسا، دېگەن تەكلىپنى بەردى.
ما يەنلياڭنىڭ ئەسلىمىسىگە ئاساسلانغاندا، ما جۇڭيىڭ سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ تەكلىپىگە قوشۇلغان. ما يەنلياڭ قاتارلىقلار موسكۋادىن ئايرىلغاندا ما جۇڭيىڭ ئۇلارنى پويىز ئىستانسىسىـ. غىچە ئۇزىتىپ چىققان ۋە ما شىجيې، ياڭ فۇشىڭلارنىڭ شىنـ. جاڭغا بارغاندىن كېيىن ئاۋۋال ئۇرۇمچىگە چۈشۈپ شېڭ شىسەي بىلەن كېڭىشىپ، يەنە موسكۋاغا كېلىپ ئەھۋالنى دوكلات قىلـ. لىشىنى تاپىلىغان. ما جۇڭيىڭ ئەڭ ئاخىردا ئۇلارغا: «سىلەر شىنجاڭغا بارغاندىن كېيىن بېكىتىلگەن پرىنسىپ بويىچە ئىش كۆرۈڭلەر، دائىرىدىن ھالقىپ كېتىشكە بولمايدۇ»، دېگەن.
شەكسىزكى، بۇ پرىنسىپ شېڭ شىسەينىڭ شىنجاڭدىكى ھۆـ. كۈمرانلىقىنى قوغداش ۋە 36 ـ دىۋىزىيىنىڭ شىنجاڭدىن ئايرىـ.

لىشىغا قارىتىلغانىدى. بۇ ما جۇڭيىڭنىڭ 36 ـ دىۋىزىيە بىلەن بولغان 4 ـ قېتىملىق مۇھىم ئالاقىلىشىشى ئىدى.
لېكىن 1937 ـ يىلى 7 ـ ئايدا ما يەنلىياڭ قاتارلىقلار قەشـقەرگە يېتىپ كەلگەندە ۋەزىيەتتە زور ئۆزگىرىش بولغانىدى. 36 ـ دىۋىزىيىنىڭ مۇۋەققەت باشلىقى ما خۇسەن ما جۇڭيىڭنىڭ يول ـ يورۇقىغا قارىماي مەھمۇت مۇھىتى بىلەن بىرلىشىۋېلىپ شېڭ شىسەي قوشۇنى بىلەن ئۇرۇش قىلىۋاتاتتى، ما جۇڭيىڭ بىر نەچچە قېتىم تېلېگراممىا يوللاپ توسقان بولسىمۇ ئۈنۈمى بولمىدى. شۇ يىلى 9 ـ ئايدا شېڭ شىسەي چىقارغان قوشۇن سوۋېت ئىتتىپاقى قىزىل ئارمىيىسىنىڭ ياردىمىدە توپلاڭچى قوشۇننى تىرىپىرەن قىلدى، ما خۇسەن ھىندىستانغا قېچىپ كەتتى. شېڭ شىسەي قىزىل ئارمىيىنىڭ ياردىمىدە 36 ـ دىۋىزىيىنىڭ قالدۇق قىسىملىرىنى تازىلىدى، شۇنىڭ بىلەن ما جۇڭيىڭنىڭ شىنجاڭدىكى ھەربىي كۈچى تۈگىدى. ما يەنلىياڭ قاتارلىقلار يۇرتى خېجۇغا قايتىپ كەلدى. شۇنىڭدىن ئېتىبارەن موسكۋادا ئوقۇۋاتقان ما جۇڭيىڭ ۋە ئۇنىڭ ئەگەشكۈچىلىرىنىڭ خەۋىرى ئۈزۈلدى.
يۇقىرىقى ئەھۋاللاردىن كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇكى، ما جۇڭيىڭ 1934 ـ يىلى 7 ـ ئايدا سوۋېت ئىتتىپاقىغا بارغاندىن كېيىن موسكۋادا تۇرغان ۋە ئوقۇغان ھەمدە سوۋېت ئىتتىپاقى قىزىل ئارمىيىسىنىڭ شىنجاڭغا كىرىشىنى كۈتۈۋېلىش پىلانىنى مۇـ ھاكىمە قىلىش ۋە تۈزۈپ چىقىشقا قاتناشقان. ئۇ موسكۋادا تۇرـ غان مەزگىلدە 36 ـ دىۋىزىيە بىلەن قويۇق ئالاقىدە بولغان. بۇنـ دىن باشقا، ما يەنلىياڭنىڭ ئەسلىشىچە 1937 ـ يىلى 4 ـ، 5 ـ ئايلار ئارىلىقىدا موسكۋا پويىز ئىستانسىسىدا مايەنلىياڭ قاتارـ لىقلارنى ئۇزىتىپ قويغاندىن كېيىن، يەنە ماخۇسەنگە بىر نەچچە قېتىم تېلېگراممىا يوللاپ، ئۇلارنىڭ توپلاڭچىلىق ھەرىكىتىنى توسقان، دېمەك ما جۇڭيىڭ 1937 ـ يىلى يازدا يەنىلا موسكۋادا ئىدى.

2. ما جۇڭيىڭنىڭ ئاخىرقى تەقدىرى توغرىسىدا

ما جۇڭيىڭنىڭ ئاخىرقى تەقدىرى توغرىسىدا ما يەنلياڭنىڭ ئەسلىمىسىدە مۇنداق دېيىلگەن:

«ما جۇڭيىڭنىڭ ئاخىرقى تەقدىرى توغرىسىدا ھېچكىم توغرا ماتېرىيال بىلەن تەمىنلىيەلمىدى. ئېيتىشلارغا قارىغاندا 1) ما جۇڭيىڭ سوۋېت ئىتتىپاقىدا ئايروپىلان ھەيدەشنى مەشىق قىلىۋاتقاندا ھادىسىگە ئۇچراپ قازا قىلغان. 2) ئىسپانىيە ئۇرۇشىغا قاتنىشىپ قۇربان بولغان. 3) سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ ۋەتەننى قوغداش ئۇرۇشىدا پىداكارلىق كۆرسىتىپ قۇربان بولغان».

ما يەنلياڭ ما جۇڭيىڭنىڭ قول ئاستىدا ئىشلىگەن مۇھىم شەخس سۇپىتى بىلەن، يەنە كېلىپ موسكۋادا ما جۇڭيىڭ بىلەن ئىككى يىلغا يېقىن بىللە تۇرغان، بىللە ئوقۇغان، بىللە خىزمەت قىلغان ئادەم بولۇش سۈپىتى بىلەن ئۆزىنىڭ ئەڭ يېقىن باشلىقىنىڭ ئاخىرقى تەقدىرىگە سۆزسىز ئالاھىدە كۆڭۈل بۆلگەن، ما جۇڭيىڭنىڭ ئىز - دېرىكىنى قىلىش ئۇنىڭ ئۇزۇن يىللىق ئارزۇسى بولغان. يۇقىرىقى ئۈچ خىل گەپ ئۇنىڭ ئۇ يەر - بۇ يەرلەردە ما جۇڭيىڭنىڭ دېرىكىنى قىلغانلىقىنىڭ نەتىجىسى، ئەلۋەتتە. بىراق ئۇنىڭ ئۆزىمۇ بۇ ئۈچ خىل گەپنىڭ قايسىسىنىڭ ئىشەنچلىك ئىكەنلىكىنى ئېنىقلىيالمىغان.

ما يەنلياڭ يەنە مۇنداق بىر ئەھۋالنى تىلغا ئالىدۇ: 1938 - يىلى 10 - ئايدا ئۇ ما جۇڭيىڭنىڭ قول ئاستىدا ئىشلىگەن ئادەم سۈپىتىدە يەنئەنگە بېرىپ ماۋجۇشى بىلەن كۆرۈشكەندە، ماۋجۇشى ئۇنىڭغا: «ما جۇڭيىڭ ھازىرمۇ سوۋېت ئىتتىپاقىدا، سىلەر كېيىنچە كۆرۈشەلەيسىلەر»، دېگەن. لېكىن ماۋجۇشىنىڭ بۇ گېپىنى ئىسپاتلايدىغان ئىشەنچلىك پاكىت يوق.

داڭلىق خۇيزۇ ئالىم ما تۇڭ ئەپەندى ئۇزۇن يىللاردىن بۇيان ما جۇڭيىڭنىڭ ئاخىرقى تەقدىرىگە ئىزچىل كۆڭۈل بۆلۈپ كەلدى. ئۇ 1991 - يىلى 5 - ئايدا قىرغىزىستان جۇمھۇرىيىتى پەن-

لەر ئاكادېمىيىسى تۇڭگان ئىنستىتۇتىنىڭ باشلىقى پروفېسـ-
سور سۇسەننونىڭ تەكلىپىگە بىنائەن قىرغىزىستاندا زىيارەتتە
بولغان، ئۇ تۇڭگانلار ئولتۇراقلاشقان رايوندا زىيارەتتە بولغاندا
باشقىچە بىر گەپنى ئاڭلىغان:

«زىيارەت داۋامىدا ئويلىمىغان يەردىن لىنشيالىق بىر كىشى
بىلەن ئۇچرىشىپ قالدىم، ئۇنىڭ ئىسمى ما دېڭيۈن ئىكەن. مەن
ئۇنىڭدىن: ـ سىز لىنشيالىق بولغاندىن كېيىن ما جۇڭيىڭنىڭ
ئاخىرقى تەقدىرىنىڭ قانداق بولغانلىقىنى چوقۇم بىلىسىز، دەپ
سورىۋېدىم، ئۇ توغرىدىن ـ توغرىسىغىلا:

ـــ «ئۇ باستۇرۇلدى» دېدى. قانداقسىگە باستۇرۇلدۇ؟ دەپ
سورىسام، ئۇ: ـ ياشانغان تۇڭگانلارنىڭ ھەممىسى بىلىدۇ، دېدى ـ
دە، يېشى چوڭراق ئىككى كىشىنى چاقىرىپ كەلدى، بۇ ئىش
توغرىلىق پاراڭغا چۈشتۇق.

ئۇلار: 1937 ـ يىلى بولسا كېرەك، سوۋېت ئىتتىپاقى شېڭ
شىسەي بىلەن يارىشىپ قالغاندىن كېيىن، ما جۇڭيىڭ ۋە ئۇنىڭ
قول ئاستىدىكىلەرنى موسكۋاغا ئانچە يىراق بولمىغان بىر ئەمـ-
گەك بىلەن ئۆزگەرتىش دېھقانچىلىق مەيدانىدا نەزەربەند قىلىپ
قويغان، كېيىن ئاڭلىساق شېڭ شىسەي سوۋېت ئىتتىپاقى
دائىرىلىرىگە تېلېگراممىا يوللاپ ما جۇڭيىڭ بەك ئۇسال نېمىكەن
دەپتۇمىش ۋە كېيىنكى ئاۋارىچىلىقلاردىن ساقلىنىش ئۈچۈن ئۇ-
نى ئۇجۇقتۇرۇۋېتىشنى تەلەپ قىپتۇ، نەتىجىدە سوۋېت ئىتتىپا-
قى دائىرىلىرى ما جۇڭيىڭنى ئېتىپ ئۆلتۈرۈپتۇ، دېدى. مەن
ئۇلاردىن: سىلەر بۇ ئىشنى قانداق ئۇققان ئىدىڭلار، دەپ سورد-
سام، ئۇلار: بىر كۈنى تۇڭگان سۇسەننو خىيازى بۇ دېھقانچىلىق
مەيدانىنى ئېكسكۇرسىيە قىلغىلى كەپتۇ، ئۇ چايخانىدا ما جۇڭ-
يىڭنىڭ قول ئاستىدىكى بىرەيلەننىڭ «ما جۇڭيىڭ ئېتىۋېتىلـ-
گەن» دېگەنلىكىنى ئاڭلاپ قاپتىكەن، دېدى. بۇنىڭ ئىشەنچلىك
دەرىجىسى قانچىلىك؟ دەپ تۇڭگان پروفېسسور سۇسەننودىن سو-
رىسام، ئۇ ماڭا: «نىمە دېسەك بولاركىن، بىر نېمە دېمەك تەس

جۇمۇ، دېدى. مېنىڭچە شۇ ۋەقەنىڭ يۈز بەرگەن ۋاقتى ۋە ئەينى چاغدىكى سوۋېت ئىتتىپاقى بىلەن شىڭ شىسەي، ما جۇڭيىڭلار-نىڭ مۇناسىۋىتى نۇقتىسىدىن قارىغاندا، بۇ ئۇچۇرنىڭ ئىشەنچ-لىكلىكى ناھايىتى زور».

ما جۇڭيىڭنىڭ ئېتىپ ئۆلتۈرۈلگەنلىكى ھەققىدىكى گەپنى ما تۇڭ ئەپەندىدىن باشلانغان دەپ كېتىشكىمۇ بولمايدۇ، ئەمما ما تۇڭ ئەپەندى ئېرىشكەن بۇ ئۇچۇر ئىنتايىن كونكرېت. ما جۇڭ-يىڭ گەنسۇ خۇيزۇلىرىنىڭ ئەۋلادلىرى بولغان تۇڭگانلارنىڭ دىققەت ئوبيېكتى بولۇشىمۇ شۈبھىسىز. خۇسۇسەن بۇ خەۋەرنى موسكۋانىڭ يېنىدىكى ما جۇڭيىڭ ئۆلتۈرۈلگەن دېھقانچىلىق مەيدانىغا بارغان تۇڭگان سۇسەننو خىيازىنىڭ تارقاتقانلىقىدىن، يەنە كېلىپ ما جۇڭيىڭنىڭ قول ئاستىدىكىلەرنىڭمۇ شۇنداق دې-گەنلىكىدىن قارىغاندا، بۇ خەۋەرنىڭ ئىشەنچلىكلىكى ناھايىتى زور.

مەن يېقىندا ئىگىلىگەن بىر ئۇچۇرمۇ ما تۇڭ ئەپەندىنىڭ قارىشىنى باشقا بىر تەرەپتىن ئىسپاتلاپ بېرىدۇ.

مەن روسىيە پەنلەر ئاكادېمىيىسى يىراق شەرق ئىنستىتۇ-تىنىڭ باشلىقى، ئاكادېمىك مىخائىل دىتالىيەنكونىڭ تەكلىپى بو-يىچە 2001 - يىل 12 - ئايدىن 2002 - يىل 2 - ئايغىچە رو-سىيە پەنلەر ئاكادېمىيىسى يىراق شەرق ئىنستىتۇتىدا تەجرىبە ئالماشتۇرۇش، زىيارەت پائالىيەتلىرىدە بولدۇم. 1 - ئاينىڭ 11 - كۈنى يىراق شەرق ئىنستىتۇتىدا خىزمەت قىلىدىغان پروفېس-سور كۈزنېتسوف بىلەن پاراڭلاشتىم. مەن ئۇنىڭدىن ما جۇڭيىڭ ۋە ئۇنىڭ قول ئاستىدىكىلەرنىڭ دېرىكىنى قىلمۇدىم، ئۇ كەس-كىن قىلىپ: ما جۇڭيىڭ ئېتىۋېتىلگەن، ئۇنىڭ قول ئاستىدى-كىلەر ھەر قايسى جايلارغا تارقاق ئورۇنلاشتۇرۇلغان، ھازىرقىلار ئۇلارنىڭ 2 -، 3 - ئەۋلادلىرى دېدى. مەن بۇ كىشىدىن بۇ گەپ-نىڭ مەنبەسىنى سورىسام، ئۇ سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ مەخپىي ئارخىپىدا بارلىقىنى ئېيتتى. مەن يەنە بۇ ئارخىپنى كۆرۈپ باق-

قىلى بولارمۇ؟ دەپ سورىدىم، ئۇ: ھازىر كۆرۈش تەسلىشىپ كەت-
تى، دېدى.

**3. ما جۇڭيىڭنىڭ ئېتىۋېتىلىشىدىكى جىنايەت نامى**

ما جۇڭيىڭنىڭ ئېتىۋېتىلگەنلىكى خېلى ئىشەنچلىكتەك
قىلىدۇ، بىراق ئۇ زادى قانداق جىنايەت بىلەن ئېتىۋېتىلگەن؟
مەن كۇزنېتسوف بىلەن پاراڭلىشىش داۋامىدا يەنە بەزى يېڭى
ئۇچۇرلارغا ئىگە بولدۇم. كۇزنېتسوف مۇنداق دەيدۇ: ما جۇڭيىڭ-
نىڭ ئېتىپ ئۆلتۈرۈلۈشىدىكى سەۋەب: ستالىننىڭ ما جۇڭيىڭ-
نى تۈركىيىدىكى سوۋېت ئىتتىپاقىغا قارشى كۈچلەر ۋە ياپون
جاھانگىرلىكى بىلەن تىل بىرىكتۈرگەن دەپ قارىغانلىقىدىن
بولغان. ئۇ يەنە مۇنداق دېدى: 1 ـ دۇنيا ئۇرۇشىدىن كېيىن تۈر-
كىيىدە ئىنقىلاب پارتلىدى، بەزى ئەكسىيەتچى كۈچلەر ئوتتۇرا
ئاسىياغا قېچىپ كېلىۋالدى. ئۆكتەبىر ئىنقىلابىدىن كېيىن
تۈركىيىدىكى بۇ ئەكسىيەتچى كۈچلەر ئوتتۇرا ئاسىيادا سوۋېت
ئىتتىپاقىغا قارشى ھەرىكەت بىلەن شۇغۇللاندى، 1922 ـ يىلى
يازدا ئۇلار سوۋېت ئىتتىپاقى قىزىل ئارمىيىسى تەرىپىدىن تار-
مار قىلىندى، ئاتامانلىرى ئېتىپ تاشلاندى، قالدۇقلىرى تىرە ـ
پىرەن بولۇپ كەتتى، بەزىلىرى شىنجاڭ، گەنسۇلارغا قېچىپ
كەتتى، كېيىن ما جۇڭيىڭ قوشۇنىغا قېتىلىپ، مۇشۇ ھەربىي
كۈچتىن پايدىلىنىپ سوۋېت ئىتتىپاقىغا قارشى ھەرىكەت بىلەن
شۇغۇللاندى.

مەن كۇزنېتسوفنىڭ گەپلىرىنى ئاڭلاپ ئىختىيارسىز ھالدا
ما جۇڭيىڭنىڭ قول ئاستىدا ئىشلىگەن ياڭ بوچىڭ ۋە ئەنگلىيە-
لىك دىن تارقاتقۇچى مىلدرېد كابلى، شۋېتسىيىلىك ئېكسپې-
دىتسىيىچى سۋېن ھېدىنلار تىلغا ئېلىپ ئۆتكەن ما جۇڭيىڭ
قوشۇنلىرى ئىچىدىكى تۈركىيە ئوفىتسېرى ۋە ياپون ئىشپىيو-
نىنىڭ ئەھۋالىنى ئويلىدىم.

ياڭ بوچىڭ 1932 ـ يىلى ياڭ خۇچېڭنىڭ تاپشۇرۇقى بويى-
چە ما جۇڭيىڭ قوشۇنىغا قاتنىشىپ، 36 ـ دىۋىزىيىنىڭ سىيا-

سي تەلىم ـ تەربىيە مۇدىرلىقىنى ئۆتىگەن ھەمدە ما جۇڭيىڭ قوشۇنى تەركىبىدە شىنجاڭغا كەلگەن، ئۇ ما جۇڭيىڭ قوشۇنىدا يېرىم يىلدەك تۇرغان. ئۇ ئۆزىنىڭ «ما جۇڭيىڭنىڭ شىنجاڭغا كىرىشى ۋە قوشۇن بىلەن بىللە يۇرگەندە كۆرگەن ـ ئاڭلىغانلىرىم» دېگەن ئەسلىمىسىنىڭ 8 ـ بۆلىكى «نەدىن كەلگەنلىكى نامەلۇم كىشىلەر» دە مۇنداق يازغان:

«دىققەت قىلىشقا ئەرزىيدىغىنى، نەدىن كەلگەنلىكى نامەلۇم بىر نەچچە كىشى. بىر مۇنچە كىشىلەر ئۇلار توغرىلىق قىياس قىلىشتى، ئىزدەندى، تەكشۈردى، ھەتتا سوراقمۇ قىلىشتى، لېكىن ئۇلار بىلەن ما جۇڭيىڭ ئوتتۇرىسىدا ئالاقىداق بىرەر سىياسىي سىر بارمىدۇ دېگەن گۇمان پەيشىلمىدى، لېكىن بۇ 36 ـ دىۋىزىيىنىڭ ‹بىر كارامىتى› بولۇپ، ئەزەلدىنلا كىشىلەرنىڭ ما جۇڭيىڭغا ئالاقىدار سىياسىي مۇناسىۋەت مەسىلىلىرىنى بىلىشىنىڭ بىر قىزىق نۇقتىسى بولۇپ كەلدى...

گېنېرال لېيتېنانت دەرىجىلىك مەسلىھەتچى كامال تۈركىيىلىك، ئەمما ئۇنىڭدا ھېچقانداق گۇۋاھنامە يوق ئىدى، ئەھۋالى ئىلگىرىكى ئاق ئورۇسلارنىڭكىگە ئوخشاپ كېتەتتى. ئۇ جاڭيېدە ما جۇڭيىڭ قىسمىغا قاتناشقان، ئەمما قاتنىشىش جەريانى ئېنىق ئەمەس، ئاڭلىشىمچە، ئۇ تۈركىيىدە بىرىگادا باشلىقى بوپتىكەن، 1 ـ دۇنيا ئۇرۇشىغا قاتنىشىپتىكەن، دېمەك ئۇ بىر ھەربىي مۇتەخەسسىس ئىدى. ئۇنىڭ گېنېرال لېيتېنانتلىق مەرتىۋىسىگە ئېرىشىشى شۇ ۋەجىدىن بولسا كېرەك... مەن بىرىنچى قېتىم جيۇچۈەنگە بارغىنىمدا ۋۇيىڭچىنىڭ ۋاستىسى ئارقىلىق ئۇنىڭ بىلەن بىر قېتىم ئەسرار بولغانىدىم، كېيىن قايتا ئۇچرىشالمىدىم. ئۇ ۋۇ يىڭچى بىلەن رۇس تىلىدا سۆزلىشەتتى، مەن ئۇلارنىڭ نېمە دېيىشكەنلىكىنى بىلمەيتتىم... كېيىنچە ئۇ جەنۇبىي شىنجاڭدا ما جۇڭيىڭ قىسمىدىن چېكىنىپ چىقىپ ئورۇمچىدە تۇرۇپتۇ، شېڭ شىسەي دائىرىلىرى ئۇنى خىزمەتكە ئورۇنلاشتۇرۇپتۇ، ئۇ بۇ يەردىكى تۇرمۇشىدىن مەمنۇن ئىكەن، ئۇنىڭ كې-

يىنكى ئەھۋاللىرى ھەققىدە مەلۇمات يوق.
يەنە بىر تۈركىيىلىك بار ئىدى، ئىسمى نىمىكىن، ئۇنىڭ ئەھۋالىمۇ كامالىنىڭكىگە ئوخشاپ كېتەتتى، ئۇ ما جۇڭيىڭ قىسمىغا كېيىنرەك قاتناشقان ۋە ھەربىي دوختۇر بولغان، لېكىن ئۇ دوختۇرلۇقنى ئۇقمايتتى. ئاڭلىشىمچە، ئۇ دەسلەپتە سۈيىۋەندە بىر نەچچە يۈك ئەدىيالنى مۈرىسىگە ئارتىۋېلىپ كوچىلاردا ئەدىيال ساتىمەن دەپ يۈرگەنىكەن، كېيىن سەرگەردان بولۇپ گەنسۇ خېشىغا كېلىپ قاپتىكەن. ئۇ ساۋاتسىز بىر نېمە ئىدى، كونا جەمئىيەتتىكى تېجىمەللەرگە ئوخشايتتى، ئۇنىڭ نەدىن كەلگەنلىكىنى ھېچكىم بىلمەيتتى. شىنجاڭغا كىرگەندىن كېيىن ئۇنىڭ دېرىكى بولمىدى».
ياڭ بوچىڭ ما جۇڭيىڭنىڭ 36 ـ دىۋىزىيىسىدە يېرىم يىللا تۇرغان بولسىمۇ، ھېلىقى ئىككى كىشىنىڭ 36 ـ دىۋىزىيىدىكى ئادەتتىكى ئورنى ۋە رولىغا، سىياسىي ئارقا كۆرۈنۈشىگە يەنىلا گۇمان بىلەن قارايدىكەن.
ئەنگلىيىلىك دىن تارقاتقۇچى مىلدرېد كابلىنىڭ «چۆل ـ جەزىرىلەر» دېگەن ئەسىرىدە بۇ ئىككى تۈركىيىلىكنىڭ ئەھۋالى خېلى چوڭقۇر ۋە كونكرېت بايان قىلىنغان:
«بۇ مەزگىلدە ما جۇڭيىڭنىڭ يېقىنلىرى ئارىسىدا ئىككى چەت ئەللىك مېھمان پەيدا بولۇپ قالدى، ئۇلارنىڭ تېگى ـ تەكتىنى ھېچكىم ئۇقمايتتى، پەقەت ئۇلارنىڭ مۇسۇلمان ئىكەنلىكىنىلا بىلەتتى. ئۇلار ئۆزلىرىنى ئىستانبۇلدىن كەلدۇق دەيتتى. ئۇلارنىڭ ئۇرۇش تەجرىبىسى بار ئىكەن. 1914 ـ 1918 ـ يىلىغىچە بولغان ياۋروپا ئۇرۇشىغا باشتىن ـ ئاخىر قاتناشقان بولۇپ، بەدىنىدە شۇ ئۇرۇشلاردىن قالغان جاراھەت تارتۇقلىرى بار ئىكەن، ياشراقىنىڭ ھەرىكىتى تولىمۇ چاققانىكەن، ئۇلارنىڭ ھەربىي تەجرىبىسى ئۇنى ناھايىتى تېزلا قىسىم ئىچىدە ھەربىي ھوقۇققا ئىگە قىپتۇ. يېشى چوڭراقى پارىژ ئۇنىۋېرسىتېتىنى پۈتتۈرگەن بولۇپ، بىر نەچچە دۆلەتنىڭ تىلىنى بىلىدىكەن، ئۇ

كۆپ ھاللاردا ئۆزىنىڭ قارىشىنى ئوتتۇرىغا قويمايتتى، جىمغۇر يۈرگىنى بىلەن كۆڭلىدە يوشۇرۇن غەرەز باردەك قىلاتتى، ئۇ تەقدىرنىڭ ئورۇنلاشتۇرۇشىنى ئۈن - تىنسىز كۈتەتتى، بۆرىنى قاپقانغا دەسسىتىدىغان كۈنىنىڭ كېلىشىنى كۈتۈۋاتقاندەك قىلاتتى».

مىلدرېد كابلىنىڭ بۇ ئىككى تۈركىيىلىك ئوفىتسېر ھەق - قىدىكى چۈشەنچىسى روشەنكى ياڭ بوچېڭنىڭكىدىن خېلىلا چوڭقۇر ئىدى. مىلدرېد كابلى يەنە: «بۇ ئىككى كىشىنىڭ رەئىس جىن شۇرېنغا شەخسىي ئاداۋىتى بار ئىدى»، دەيدۇ. ئۇلار جىن شۇرېن تەرىپىدىن تۈرمىگە تاشلانغان، قويۇپ بېرىلگەندىن كېيىن ماجۇڭيىڭغا قوشۇلغان. مىلدرېد كابلىنىڭ قارىشىچە ما جۇڭيىڭ ئەسلىدە نىڭشياغا قوشۇن تارتماقچى بولغان، «ئەمما بۇ ئىككى مەسلىھەتچى ھىيلە - نەيرەڭ ئىشلىتىپ ما جۇڭيىڭنىڭ خۇشا - مەتكە خۇشتارلىقىدىن پايدىلىنىپ، ئاستا - ئاستا ئۇنىڭ دىققى - تىنى ئۆزلىرىگە زىيان - زەخمەت يەتكۈزگەن دۈشمىنى رەئىس جىن شۇرېنىنىڭ يېرىگە قاراتتى»[3].

پارىژ ئۇنىۋېرسىتېتىنى پۈتتۈرگەن، ياۋروپانىڭ سىياسىي ۋەزىيىتى ھەققىدە چوڭقۇر چۈشەنچىگە ئىگە بولغان، بىر نەچچە دۆلەت تىلىنى بىلىدىغان بۇ كامالنىڭ تولۇق ئىسمى كامال قايا ئەپەندى ئىدى. ئۇ ما جۇڭيىڭ شىنجاڭغا ھەربىي يۈرۈش قىلغان جەرياندا 36 - دىۋىزىيىنىڭ تۇرپاندا تۇرۇشلۇق ئالاھىدە ۋەكىلى بولغان. 1934 - يىل 2 - ئاينىڭ 19 - كۈنى سۋېن ھېدىن تۇر - پاندا ئۇنى كۆرگەن، سۋېن ھېدىن مۇنداق يازغان:

«ما سىلىڭ (ما جۇڭيىڭ) نىڭ تۇرپاندا تۇرۇشلۇق ئالاھىدە ئەلچىسى كامال قايا ئەپەندى بىز بىلەن كۆرۈشكىلى كەلدى، ئە - تىسى قوماندانلىق شتابىغا قايتماقچى بولدى. كامال بىز بىلەن فرانسۇز تىلىدا راۋان پاراڭلاشتى، يۇرتى تۈركىيىدىكى ئەينى يىللاردىكى ساياھىتىنى سۆزلەپ بەردى»[4] .

روشەنكى، بۇ ئىككى تۈركىيىلىك، بولۇپمۇ پارىژ ئۇنىۋېر - سىتېتىنى پۈتتۈرگەن كامال ئادەتتىكى ئادەم ئەمەس ئىدى، ما

جۇڭيىڭ ئۇلارنى ئەتىۋارلاپ ئىشلەتكەن، ئۇلارنىڭ ما جۇڭيىڭ-
نىڭ ئىدىيىسى ۋە ھەرىكىتىگە تەسىر كۆرسەتمەسلىكى مۇمكىن
ئەمەس.

ما جۇڭيىڭنىڭ 36 - دىۋىزىيىدىكى ياپون ئىشپىيونىنىڭ
ئىسمى دا شىجۇڭ بولۇپ، خەنزۇچە ئىسمى يۇ خۇاتىڭ ئىدى. ياڭ
بوچىڭنىڭ ئەسلىمىسىدە بۇ ھەقتە مۇھىم خاتىرە بار:
«ياپونىيىلىك بۇ خەلقئارا ئىشپىيون ئۆزىگە يۇ خۇاتىڭ دەپ
ئىسىم قويۇپ 36 - دىۋىزىيىدە مايور دەرىجىلىك شتاب ئوفىتد-
سېرى بولغان (ۋۇ يىڭچى بىلەن جاڭ ياشاۋ ئىككىيلەن سۆزىسىز
ئۇنىڭ باشلىقى ئىدى)، ئۇنىڭ مەخپىي سىپىرلىق تېلېگراممىنى
ئوغرىلاش ھۈنىرى بار ئىدى. ئۇنىڭ جۇغى كىچىك بولۇپ، ئىند-
جىقلاپ سۆزلەيتتى، تۇنجى كۆرگەن ئادەمدە بۇ بىر نېمە ياپوند-
يىلىك ئوخشىمامدۇ، دېگەن تەسىرات بولماي قالمايتتى. جاڭ
ياشاۋنىڭ دېيىشىچە، يۇ خۇاتىڭ ئەسلىدە شىنجاڭغا بارماقچى بو-
بولۇپ ئەنشى ناھىيىسىدە كېتىۋاتقاندا ما جۇڭيىڭ قوشۇنىدىكى-
لەر تەرىپىدىن تۇتۇۋېلىنغانىكەن، بۇ چاغدا ما جۇڭيىڭ شىنجاڭ-
دىن گەنسۇغا ئەمدىلا قايتىپ كەلگەن بولۇپ، ھەربىي كۈچىنى
زورايتىشقا ئالدىراۋاتقاچقا، ئىشنىڭ ئالدى - كەينىنى ئويلىمايلا
ئۇنى قوشۇنغا قوشۇۋالغانىكەن.

1931 - يىلى قىشتا يۇ خۇاتىڭ تېلېگراف ئىدارىسىگە ئەۋە-
تىلدى، ئۇ بۇ يەردە ئۆزىنىڭ سىرلىق ھۈنىرىنى ئىشقا سېلىپ
تېلېگراممىلارنى تەكشۈرەيتتى، ئەمما ئۇنىڭ باشلىقلىرىنىڭ قا-
رىشىچە، ئۇ ئىچى تار، گۇمانخور، باشقىلارنىڭ مەخپىيەتلىكىنى
بىلىشكە قىزىقىدىغان ئادەم ئىدى، مانا مۇشۇ قىلىقلىرى بىلەن
ما جۇڭيىڭغا ياخشى كۆرۈنۈپ قالغاچقا ما جۇڭيىڭ يۇ خۇاتىڭنى
ئالاھىدە ئەتىۋارلايتتى. ئۇنىڭ قانداق ئادەملىكىنى سۈرۈشتۈرۈپ
يۈرمەيتتى، جاڭ ياشاۋ شۇ سەۋەبتىن شىنجاڭدا يۇخۇاتىڭ دېلو-
سىغا چېتىلىپ تۈرمىگە قامالدى. بىراق ئەينى ۋاقىتتا ئادەتتد-
كى كىشىلەر، بولۇپمۇ مەسلىھەتچىلەر ۋە كاتىپلار ئىچىدىكى

قىسمەن ياشلار بۇ ئەبلەخكە بەك ئۆچ ئىدى، يۈزىدىن يۈزىگە ھەي ياپونىيىلىك دەپ چاقىراتتى، ئۇنى ئىنقىلاش، تەكشۈرۈش ئوبىيېكتى قىلغانىدى. جيۇ چۈەنگە مېنىڭ بىلەن بىللە كەلگەن لىڭ بەيچۈەن (شىئەندىكى ياڭ خۇچېڭ قىسمى باشقۇرۇشىدىكى تېلېگراف ئىستانسىسىنىڭ باشلىقى) مۇ نۇرغۇن تىرىشىپ باقتى، بىراق يولداشنىڭ بەك قاقۋاش بولغاچقا بىز بىلەن يېقىنلىشىشتىن ئۆزىنى تارتاتتى.

1932 - يىلى يۇ خۇاتىڭ ما جۇڭيىڭ قوشۇنى بىلەن بىللە شىنجاڭغا كىردى، ما جۇڭيىڭ زىنىچۈەن ئۇرۇشىدا مەغلۇپ بولۇپ چېكىنىشكە مەجبۇر بولغاندا، ئۇ گۇچۇڭدا يوشۇرۇنۇپ قېلىپ، شېڭ شىسەيگە بەيئەت قىلدى. ما جۇڭيىڭ قوشۇنى چېكىنىپ بولۇشقا ئاز قالغاندا، شتاب ئوفىتسېرى گا ياڭ بىر تۈركۈم چاپارمەنلەرنى باشلاپ مۇھىم جىنايەتچىنى ئىزدىگەنىدەك ئەلپازدا يۇ خۇاتىڭنى دۇكان - سارايلاردىن ئىزدىدى. نەتىجىدە پالاكەت جاڭ فامىلىلىك بىر كاتىپنىڭ بېشىغا چۈشتى، ئۇ ئۆزىنى دالدىغا ئالالماي ئاشكارىلىنىپ قالغانىدى، گا ياڭ ئۇنى شۇ يەردىلا جەھەننەمگە ئۇزاتتى. بۇمۇ ئادەتتىكى كىشىلەرنىڭ گۇمانىنى قوزغىدى، ئۇلار يۇخۇاتىڭنى 36 - دىۋىزىيىدە بىر خىل مەخپىي ۋەزىپىگە مەسئۇل... دەپ قارايتتى. شېڭ شىسەي ئەسىرگە چۈشكەنلەرنى ئۆتكۈزۈۋالغاندا مەن يۇ خۇاتىڭنىڭ ئەھۋالىنى تەپسىلىي سۆزلەپ بەردىم، بىراق گومىنداڭ بىلەن مەنپەئەت تونۇشى بولغان شېڭ شىسەي شىنجاڭدىكى ئايغاقچى خۇاڭ مۇسۇڭنىڭ تېلېگراممىلىرىنى قاتتىق تەكشۈرۈش ئۈچۈن، يۇ خۇاتىڭنى دەرھال ئەتىۋارلاپ ئىشلىتىشكە كىرىشتى... ئۇزاق ئۆتمەي خۇاڭ مۇسۇڭ شىنجاڭدىن ئايرىلىشقا مەجبۇر بولدى، يۇ خۇاتىڭ ئاندىن قولغا ئېلىندى.

1934 - يىلى ئەتىيازدا شىنجاڭ سىياسىي باشقۇرۇش ئىدارىسى قۇرۇلۇپلا بۇ دېلونى مۇھىم سىياسىي دېلو دەپ قارىدى. بۇ دېلوغا ئۇ ئىدارىنىڭ باش كاتىپى ۋاڭ لىشياڭ ئىگە بولدى. بۇ

كىشى سوۋېت ئىتتىپاقىدا ئۇزۇن يىل تۇرغان بولۇپ، جاھاڭ-
گىرلارنىڭ خەلقئارالىق جاسۇسلىرى بىلەن كۆرەش قىلىش جە-
ھەتتە تەجرىبىسى بار ئىدى. ئۇ 1936 ـ يىلى سوۋېت ئىتتىپا-
قىغا قايتىپ كەتكەن، كوچا پاراڭلىرىدىن قارىغاندا، كېيىن ئۇ
لىتۋانىڭ ئىچكى ئىشلار مىنىستىرى بولغانمىش. ئۇ يۇخۋاتىڭ-
نىڭ ياپون جاھانگىرلىكىنىڭ جاسۇسى ئىكەنلىكىنى ئېنىق دە-
لىللىگەن ھەمدە ئۇنىڭدىن مەخپىي ھۆججەتلەرگە ئېرىشكەن. ئۇ
بېيجىڭ بىلەن ئۈرۈمچىدىكى ئاق ئورۇسلارنىڭ مۇناسىۋىتىدىن
پايدىلىنىش مەقسىتىدە شىنجاڭغا كېلىپ ئورۇنلىشىپ ھەرىكەت
قىلغان. چوڭقۇرلاپ تەكشۈرۈش جەريانىدا ما جۇڭيىڭنىڭ يۇ
خۋاتىڭ ئارقىلىق ياپون جاھانگىرلىكى بىلەن تىل بىرىكتۈرگەن-
لىكىنى ئىسپاتلايدىغان كونكرېت ماتېرىيال بولمىسىمۇ، لېكىن
بۇ خىل ئېھتىماللىقنى چەتكە قاققىلى بولمايدۇ».

ما جۇڭيىڭنىڭ تۈركىيىدىكى سوۋېت ئىتتىپاقىغا قارشى
كۈچلەر ۋە ياپون جاھانگىرلىكى بىلەن قانداق تىل بىرىكتۈرگەن-
لىكىنى ئىسپاتلايدىغان تېخىمۇ كۆپ ماتېرىيال بولمىغان
ئەھۋالدا، ما جۇڭيىڭنىڭ قېشىدا تۈركىيىلىك ئوفىتسېر كامال
قايا ئەپەندى بىلەن ياپونىيە جاسۇسى يۇ خۋاتىڭنى ئۆز يېنىدا ئې-
لىپ قالغانلىقىنى ھەمدە ئۇلارنىڭ بىرىنى 36 ـ دىۋىزىيىنىڭ
گېنېرال لېيتېنانت دەرىجىلىك شتاب ئوفىتسېرى قىلغانلى-
قىنى پروفېسسور كۈزنېتسوف ئېيتقان ما جۇڭيىڭنىڭ ئېتىپ
ئۆلتۈرۈلۈشىگە سەۋەب بولغان كونكرېت پاكىت دېيىشكە توغرا
كېلىدۇ.

4. ما جۇڭيىڭنىڭ جىنايىتىنى بېكىتىشكە بولامدۇ؟

ما جۇڭيىڭنىڭ جىنايىتىنى بېكىتىشكە بولامدۇ ـ يوق؟ ما
جۇڭيىڭنىڭ ئېتىپ ئۆلتۈرۈلۈشىدە تېخىمۇ باشقىچەرەك سەۋەب-
مۇ بارمۇ؟ بۇنىڭ جاۋابىنى ما جۇڭيىڭنىڭ ئۆسۈپ يېتىلىش
جەريانىدىن ئىزدەشكە توغرا كېلىدۇ.

ما جۇڭيىڭ يىگىت ئىش باشلىغاندا ئۇلۇغۋار غايىنى كۆڭلىگە

پۈككەن ئەمەس، ئۇ دەسلەپتە گومىنداڭ ئارمىيىسىنىڭ گەنسۇ-دىكى خۇيزۇ قوشۇنلىرىغا قىلغان بېسىمىغا ۋە يۇرتداشلىرىغا زورلۇق بىلەن ئالۋان - ياساق سېلىپ خەلقنىڭ بايلىقىنى شىلىۋالغانلىقىغا غەزەپلىنىپلا ئوتتۇرىغا چىققان، ئۇ «زالىم زۇلۇم سالسا خەلقنىڭ ئىسيان كۆتۈرۈشى بەرھەق»، «خۇيزۇلارنى ئۆلتۈرمەيلى، خەنزۇلارنى ئۆلتۈرمەيلى، پەقەت گومىنداڭ ئارمىيىسىنىڭ ئىش بېجىرگۈچىسىنىلا ئۆلتۈرەيلى»، دېگەن شوئارنى ئوتتۇرىغا قويغانلىقى ۋە ئۆزلىرىنى «قارا يولۋاس فېيىڭ يۈشياڭنى يوقاتقۇچىلار ئارمىيىسى» دەپ ئاتىۋالغانلىقى ئۇنىڭ دەسلەپكى كۈرەش نىشانىنى ئەكس ئەتتۈرگەنىدى. ئەمدىلا 17 ياشقا كىرگەن بىر خۇيزۇ ئوفىتسېرنىڭ توغ كۆتۈرۈپ چىقىپ فېڭ يۈشياڭ باشچىلىقىدىكى كۈچلۈك گومىنداڭ ئارمىيىسى بىلەن قارشىلىشىپ خېجۇ، نىڭشيالارغا نەچچە قېتىم قورشاپ ھۇجۇم قىلغانلىقى، گومىنداڭ ئارمىيىسىنىڭ داڭلىق گېنېراللىرى دەي جىڭيۇ، لى سۇڭكۈن، جى خۇڭچاڭ، سۈن ليەنچۇڭ، تۇڭ لىنگې قاتارلىقلار بىلەن بىرگە يا ئۆلۈم، يا كۆرۈم دەپ قان كېچىپ جەڭ قىلغانلىقى ئۇنىڭ قالتىس جاسارىتىنى كۆرسىتىدۇ، لېكىن توغ كۆتۈرۈپ چىققاندا ما جۇڭيىڭنىڭ ئېنىق بىر سىياسىي نىشانى يوق ئىدى. خۇددى ياڭ بوچىڭ دېگەندەك: «ئۇنىڭ بارلىق ئەمىر - پەرمانلىرى ئۆزىنىڭ ئەتراپىدىكى بىرنەچچە ئاخۇنغا باغلىق ئىدى». ما جۇڭيىڭنىڭ ئېنىق بىر سىياسىي نىشانى بولمىغاچقا، توغ كۆتۈرۈپ چىققاندىن كېيىن ئارقا - ئارقىدىن خۇاڭيۈەن، مىنجىن قاتارلىق يەرلەردە شەھەر قىرغىنچىلىقى بولۇشتەك پاجىئە يۈز بېرىپ، مىللىي زىددىيەتلەرنى كەسكىنلەشتۈرۈپ ناھايىتى يامان تەسىر پەيدا قىلغانىدى. ما جۇڭيىڭ نىڭشياغا ھۇجۇم قىلىپ مەغلۇبىيەتكە ئۇچراپ سۈييۈەنگە چېكىنىۋاتقاندا قول ئاستىدىكىلەر ھەربىي ئۆزگىرىش قىلغاچقا، ئەسكەرسىز قوماندانغا ئايلىنىپ قالغانىدى.

1930 - يىلى ما جۇڭيىڭ شەندۇڭ ئۆلكىسىنىڭ تەيئەن دې-

گەن يېرىدە ما خۇڭكۇينىڭ قول ئاستىدا كېڭەش ئەزاسى بولۇپ
تۇرغان چېغىدا سوۋېت ئىتتىپاقىدىن ۋەتەنگە قايتىپ كەلگەن
كومپارتىيە ئەزاسى جاڭ ياشاۋ، ۋۇ يىڭچىلار بىلەن تونۇشقان، ئۇ
جاڭ ياشاۋ، ۋۇ يىڭچىلارنىڭ تونۇشتۇرۇشى ئارقىسىدا ئۇكىسى ما
جۇڭجيې بىلەن كوممۇنىستىك ياشلار ئىتتىپاقىغا كىرگەن. بۇ
ئىشقا قانداق باھا بېرىلىشىدىن قەتئىينەزەر، ما جۇڭيىڭ، جاڭ
ياشاۋ، ۋۇ يىڭچىلارنىڭ تەسىرىدە ئىلغار ئىدىيە بىلەن ئۇچرى-
شىشتا باشلىغانلىقىغا گەپ سىغمايدۇ.
ما جۇڭيىڭ خېشىغا كىرگەندىن كېيىن، بولۇپمۇ گومىنداڭ
ھۆكۈمىتى ئۇنىڭغا 36 ـ دىۋىزىيىنى تەشكىللەش ھوقۇقىنى
بەرگەندىن كېيىن، ھەدەپ ئىقتىدارلىقلارنى توپلاپ، ئەسكەر ئې-
لىپ كۈچىنى زورايتتى. 36 ـ دىۋىزىيىنىڭ باش كاتىپى جاڭ
ياشاۋ، باش شتاب باشلىقى ۋۇ يىڭچى ۋە كېيىنچە 36 ـ دىۋىزى-
يىگە قاتناشقان سەي شۆسۈن قاتارلىقلارنىڭ ھەممىسى كومپار-
تىيە ئەزاسى بولۇپ، ئۇلارنىڭ سىياسىي ئىدىيىسى ما جۇڭيىڭغا
چوڭقۇر تەسىر كۆرسەتكەنىدى. 36 ـ دىۋىزىيىنىڭ ياپون باس-
قۇنچىلىرىغا قارشى تۇرۇش ھەققىدە ئومۇمىي تېلېگراما چىقى-
رىشى، جەنۇبىي شىنجاڭغا چېكىنگەندىن كېيىن شىنجاڭدىكى
بۆلگۈنچى كۈچلەرنىڭ قەشقەردىكى «شەرقىي تۈركىستان جۇمھۇ-
رىيىتى»نى ۋە خوتەندىكى «ئىسلام دۆلىتى»نى يوقىتىشى، شۇ-
نىڭدەك، كېيىن ما جۇڭيىڭنىڭ سوۋېت ئىتتىپاقىغا بېرىپ ئو-
قۇشى قاتارلىق ئەھۋاللار مۇشۇ كوممۇنىستلارنىڭ تەسىرى بىلەن
مۇناسىۋەتلىك. بولۇپمۇ ما جۇڭيىڭ قەشقەرگە بارغاندىن كېيىن
ئەنگلىيە بىلەن بىرلىشەمدۇ ياكى سوۋېت ئىتتىپاقى بىلەن بىر-
لىشەمدۇ، دەپ دېلىغۇل بولۇپ قالغانىدى. ما يەنلياڭ مۇنداق دەي-
دۇ: «كېيىن ئۇ پايدا ـ زىياننى دەڭسەپ كۆرۈپ، ئۆپچۆرىسىدىكى
جاڭ ياشاۋ، ۋۇ يىڭچى، سەي شۆسۈن قاتارلىق ئىلغار زاتلار (ئە-
مەلىيەتتە كومپارتىيە ئەزالىرى)نىڭ تەسىرىدە، ئۆز قوشۇنىنىڭ
ئىستىقبالىنى نەزەردە تۇتۇپ ئاخىر سوۋېت ئىتتىپاقىغا بېرىپ

ئوقۇپ كېلىش ئارزۇسىنى بىلدۈردى».
ما جۇڭيىڭنىڭ ھەقىقىي توغرا يولغا مېڭىشى سوۋېت ئىتتىپاقىغا بېرىپ ئۈچ يىلدىن كېيىن بولغان ئىش. سوۋېت ئىتتىپاقى دائىرىلىرى بۇ ياش خۇيزۇ گېنېرالىغا ئوبدان مۇئامىلە قىلغان ۋە ئۇنى ئەتراپلىق تەربىيىلىگەن. ئۇ ئاۋۋال سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ مەكتەپ، زاۋۇتلىرىنى ئېكسكۇرسىيە قىلىپ، سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ سوتسىيالىستىك قۇرۇلۇش نەتىجىلىرىنى چۈشەنگەن، كېيىن سىياسىي، ھەربىي ئىشلار، مەدەنىيەت، چەت ئەل تىلى قاتارلىق دەرسلەرنى ئەتراپلىق ئۆگىنىشكە كىرىشكەن ھەمدە قىزىل ئارمىيە غەربىي يۈرۈش ئارمىيىسىنىڭ شىنجاڭغا كىرىشىنى كۆتۈۋېلىش پىلانىنىڭ تۈزۈلۈشىدە مەسلىھەتچىلىك رول ئوينىغان. 17 يېشىدىن باشلاپ تۇغ كۆتۈرۈپ چىقىپ غەربىي شىمالدىكى بىر نەچچە ئۆلكىدە سەككىز يىلدىن ئارتۇق ئۇرۇش قىلغان ما جۇڭيىڭ ئاخىر توغرا يولغا ماڭغان. بۇ دەل ئۇنىڭ ئۆزى ئېيتقاندەك 36 ـ دىۋىزىيىنى ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى ئۇرۇشنىڭ ئالدىنقى سېپىگە باشلاپ بېرىپ، پارلاق، ھەققانىي سىياسىي يولغا قاراپ ماڭماقچى بولغانلىقى ئىدى.
بىراق ۋەزىيەتنىڭ ئۆزگىرىشى سەۋەبىدىن ما جۇڭيىڭ ئاسان چۈشەندۈرگىلى بولمايدىغان قىيىن ئەھۋالغا چۈشۈپ قالغان.
سوۋېت ئىتتىپاقى شىنجاڭغا ھۆكۈمرانلىق قىلغۇچىنىڭ سوۋېت ئىتتىپاقىغا مايىل كۈچ بولۇشىنى، شىنجاڭنىڭ مۇقىملىقىنى قوغدايدىغان، ياپون كۈچلىرىنىڭ شىنجاڭغا كىرىشىنى توسىيالايدىغان، ئەنگلىيە كۈچلىرىنىڭ شىنجاڭدا تەسىر دائىرىسىنى كېڭەيتىشىنى توسىيالايدىغان بولۇشىنى ئۈمىد قىلاتتى. دىۋىزىيىنىڭ مۇۋەققەت باشلىقى ما خۇسەن ما جۇڭيىڭ بىلەن سوۋېت ئىتتىپاقى دائىرىلىرى بېكىتكەن شېڭ شىسەينى قوللاش ۋە ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى ئۇرۇش ئالدىنقى سېپىگە بېرىش پرىنسىپىغا ئەمەل قىلماي، ئەكسىچە مەھمۇت مۇھىتى بىلەن بىرلىشىپ شېڭ شىسەيگە قارشى تۇرۇش يولىغا مېڭىپ كەتتى.

مەھمۇت مۇھىتىنىڭ سىياسىي غايىسى شىنجاڭدا مۇستەقىل ئىسلام ھۆكۈمىتى قۇرۇش ئىدى، ئۇ ئەمەلىي كۈچىنى زورايتىش ئۈچۈن، ۋاستىە تاللىماي ئىش كۆردى، ھەتتا ياپونىيىگە خۇپىيانە ئەلچى ئەۋەتىپ ياردەم تىلىدى. ما خۇسەن ئەنگلىيە بىلەن تىل بىرىكتۈرۈشنى تېزلىتىپ، ئۇلاردىن قورال - ياراغ سېتىۋېلىپ كۈچىنى زورايتتى. بۇ ئىككىيلەن جەنۇبىي شىنجاڭدا زۇلمەتلىك بۆلۈنمە ھۆكۈمرانلىقنى يولغا قويۇپ، پۇقرالارنى دەھشەتلىك ئەزدى[5]. ما جۇڭيىڭ موسكۋادا بولغاچقا، قامچىسى يەتمىدى، 36 - دىۋىزىيىنى يىراقتا تۇرۇپ كونترول قىلالمىدى. 36 - دىۋىزىيە شېڭ شىسەينىڭ ۋە سوۋېت ئارمىيىسىنىڭ زەربىسىدە يەر بىلەن يەكسان بولدى. نەتىجىدە ما جۇڭيىڭ ھەربىي كۈچتىن ئايرىلىپلا قالماستىن، بەلكى سوۋېت ئىتتىپاقى دائىرىلىرىنىڭ ما جۇڭيىڭدىن كۈتكەن ئۈمىدى يوققا چىقتى، ئۇنىڭغا بولغان كۆز قاراش ئۆزگەردى، كېيىنچە ئۇنىڭدىن گۇمانلىنىدىغان دەرىجىگە يەتتى.

دەل 36 - دىۋىزىيە يىمىرىلىپ ما جۇڭيىڭ ئەمەلىي كۈچىدىن مەھرۇم قالغان پەيتتە، سوۋېت ئىتتىپاقىدا كېڭەيتىۋېتىلگەن ئەكسىلئىنقىلابچىلارنى باستۇرۇش - تازىلاش ھەرىكىتى باشلاندى، بۇ ھەرىكەت ئىككى يىل داۋاملاشتى، نۇرغۇن بىگۇناھ ئادەم جاھانگىرلارنىڭ ئىشپىيونى، تروتسكىيچى دېگەندەك بەتنامالار بىلەن جىنىدىن جۇدا قىلىندى. شېڭ شىسەي سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ ياردىمىدە ئۆزىنىڭ شىنجاڭدىكى ھۆكۈمرانلىق ئاساسىنى مۇستەھكەملىۋالغاندىن كېيىن، سوۋېت ئىتتىپاقىغا ييقىنلىشىش سىياسىتىنى ئومۇميۈزلۈك يولغا قويۇشقا باشلىدى. كەڭ كۆلەملىك تازىلاش داۋامىدا، شېڭ شىسەي سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ كۆرسەتمىسى بويىچە شىنجاڭ تەۋەسىدىكى ئاتالمىش جاھانگىرلارنىڭ ئىشپىيونلىرىنى، تروتسكىيچىلارنى تۇتقۇن قىلدى، ھەتتا كوئىئوغلى يۇ شيۇسۇڭ (ۋاڭ شۇچىڭ، جۇڭگو كومپارتىيىسىنىڭ قۇرغۇچىلىرىنىڭ بىرى) نىمۇ مۇشۇ دولقۇندا

قولغا ئېلىپ سوۋېت ئىتتىپاقىغا ئۆتكۈزۈپ بېرىپ ئاتقۇزۇۋەت-
تى. ئىلگىرى ما جۇڭيىڭنىڭ قول ئاستىدا ئىشلىگەن تۇركىيە-
لىك ئوفىتسېر كامال ۋە ياپون ئىشپىيونى يو خۇاتىڭمۇ ما جۇڭ-
يىڭ مەغلۇپ بولغاندىن كېيىن شېڭ شىسەينىڭ ئىلكىدە بول-
دى، يو خۇاتىڭنى سوراق قىلىشقا سوۋېت ئىتتىپاقىدا ئۇزۇن
يىل تۇرغان ۋاڭ لىشياڭ رىياسەتچىلىك قىلدى. ئۇ يوخۇاتىڭنىڭ
ياپونىيە جاسۇسى ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلىغان ۋە ئۆز ۋاقتىدا
بېيجىڭ بىلەن ئۈرۈمچىدىكى ئاق ئورۇسلارنىڭ مۇناسىۋەتلىرى-
دىن پايدىلىنىپ شىنجاڭدا يوشۇرۇن ھەرىكەت قىلماقچى بولغان-
لىقىغا دائىر مەخپىي ھۆججەتلەرنى قولغا چۈشۈرگەن. شېڭ
شىسەينىڭ ئىلگىرى شىنجاڭدا ئۆزى بىلەن ئۇزەڭگە سوقۇشتۇر-
غان ما جۇڭيىڭنى يوقىتىش ئۈچۈن كامال بىلەن يو خۇاتىڭنىڭ
ماتېرىيالىنى سوۋېت ئىتتىپاقى دائىرىلىرىگە دوكلات قىلىشى
تۇرغانلا گەپ. ۋاڭ لىشياڭ 1936 ـ يىلى سوۋېت ئىتتىپاقىغا
قايتقان، سوراق خاتىرىسى تەبىئىيلا سوۋېت ئىتتىپاقى دائىرى-
لىرىنىڭ قولىغا چۈشكەن. ما جۇڭيىڭ ئىلگىرى كامال، يو خۇا-
تىڭلارنى ئېلىپ قېلىپ ئەتىۋارلاپ ئىشلەتكەن بولسىمۇ، ئۇنىڭ
مەقسىتى ئۇلارنى ئۆزى ئۈچۈن خىزمەت قىلدۇرۇشلا ئىدى. بۇ
ئىش ئۇنىڭ قانداقتۇر سوۋېت ئىتتىپاقىغا قارشى ھەرىكەت
قوللانغانلىقىغا ئىسپات بولالمايدۇ، لېكىن ئۇنىڭ قوشۇنىدا تۇر-
كىيىلىك ئوفىتسېر بىلەن ياپون ئىشپىيونىنىڭ بولغانلىقى ئې-
نىق پاكىت. ئۇنىڭ بۇ ئىشنى چۈشەندۈرمىكى ھەقىقەتەن تەس.
شۇ سەۋەبتىن ما جۇڭيىڭ سوۋېت ئىتتىپاقى نۇقتىلىق تەربى-
يىلەيدىغان ئوبيېكتتىن نۇقتىلىق تەكشۈرۈلىدىغان ئوبيېكتقا
ئايلىنىپ قالغان ۋە دېھقانچىلىق مەيدانىغا نەزەربەند قىلىنىپ،
ئەركىنلىكتىن مەھرۇم قىلىنغان، ئاخىر ئېتىپ ئۆلتۈرۈلگەن.
بۇ ۋاقىت 1937 ـ يىلنىڭ كېيىنكى يېرىمى بولۇشى كېرەك.

ئەمدىلا 25 ياشقا كىرگەن خۇيزۇ گېنېرال ما جۇڭيىڭ

توغرا يولغا كىرىپ ئۇزاق ئۆتمەي ئوسال ئەھۋالغا چۈشۈپ قالدى ۋە ئىنتايىن مۇرەككەپ ئارقا كۆرۈنۈشتە ئېتىپ ئۆلتۈرۈلدى. بىر مەھەل دەۋر سۈرگەن بۇ قەھرىمان جېنىدىن جۇدا بولدى، خۇيزۇلارنىڭ بىر يۇلتۇزى ئېقىپ چۈشۈپ، دەۋرنىڭ تراگېدىيىسىگە ئايلاندى، بۇ نەقەدەر ئېچىنىشلىق ھەم ئەپسۇسلىنارلىق ئاقىۋەت ـ ھە!

مەن ما جۇڭيىڭنىڭ ئۆمرىدىكى ئۇتۇق ـ كەمچىلىكلىرىگە، ھەق ـ ناھەقلىرىگە باھا بەرمەكچى ئەمەس، پەقەت مۇناسىۋەتلىك ماتېرىياللارغا ئاساسلىنىپ، ئۇنىڭ سوۋېت ئىتتىپاقىغا بارغاندىن كېيىنكى پائالىيەتلىرى ۋە ئاخىرقى تەقدىر ـ قىسمىتى توغرىسىدا يۈزەكى مۇھاكىمە يۈرگۈزۈپ باقتىم. شۇنداق دېيىش كېرەككى، ما جۇڭيىڭنىڭ ئاخىرقى تەقدىرىنى خۇددى كۆزنىتسوف ئېيتقاندەك، سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ مەخپىي ئارخىپىنى كۆرگەندىن كېيىن بېكىتىشكە بولىدۇ، مەن پەقەت ھازىر بار بولغان مۇناسىۋەتلىك ماتېرىياللار ئاساسىدا يۈرەكلىك قىياس قىلىپ باقتىم، مەقسىتىم بۇ مەسىلىگە بولغان دىققەت ـ ئېتىبار ۋە تەتقىقاتنى يەنىمۇ مۇكەممەللەشتۈرۈش، خالاس.

ئىزاھلار:

① ما يەنلياڭ: «ما جۇڭيىڭنىڭ شىنجاڭغا كىرىشى ۋە سوۋېت ئىتتىپاقىغا بېرىشىنىڭ ئالدى ـ كەينىدىكى ئىشلار»، «گەنسۇ تارىخ ماتېرىياللىرى مەجمۇئەسى»(ما جۇڭيىڭغا دائىر قىسمى). 24 ـ كىتاب، گەنسۇ خەلق نەشرىياتى، 1986 ـ يىل نەشرى.

② ما تۇڭ: «غەربىي شىمالنى زىلزىلىگە كەلتۈرگەن بالا سەركەردە ما جۇڭيىڭ»، «گەنسۇ خۇيزۇ ئەربابلىرى» مەجمۇئەسى، لەنجۇ ئۇنىۋېرسىتېتى نەشرىياتى 1997 ـ يىل نەشرى. ما تۇڭ ئەپەندى ماڭا: ما يەنلياڭ بۇ پلاستىنكىنى ماڭا بەرگەندىن كېيىن مەن ئۇنى ئۆيۈمدە 20 نەچچە يىل ساقلىغان. 1978 ـ يىلى لىنشيا ئوبلاستلىق تارىخ ـ تەزكىرە ئىشخانىسىدىكى يولداشلارغا تاپشۇرۇپ بەرگەنىدىم، دېگەنىدى.

③ ما رۇلىنىڭ تەرجىمە قىلغان، مىلدرېد كابلى، فرانسېسكا فرانچ

قاتارلىقلار يازغان «چۆل ـ جەزىرىدىكى توپىلاڭ» ناملىق ماقالە، «گەنسۇ تارىخ ماتېرىياللىرى» نىڭ 24 ـ قىسمى.

④ سۋېن ھېدىن: «ئاسىيا كىندىكىدىكى سەككىز يىللىق ئېكسپېدىتسىيە (1927 ـ 1935)» شۇ شىجۇ قاتارلىقلار تەرجىمە قىلغان، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1992 ـ يىل 8 ـ ئاي نەشرى.

⑤ بۇناڭ تەپسىلاتى سەي جىنسۇڭ تۈزگەن «شىڭ شىسەي شىنجاڭدا» ناملىق كىتابنىڭ 225 ـ، 235 ـ بەتلىرىدە، خېنەن خەلق نەشرىياتى، 1998 ـ يىل نەشرى.

بۇ ماقالە 2002 ـ يىل 12 ـ ئايدا نەشر قىلىنغان «گەنسۇ مىللەتلەر تەتقىقاتى مەجمۇئەسى» ناملىق كىتابتىن تەرجىمە قىلىندى.

تەرجىمە قىلغۇچى: **ئابلىز ئۆمەر ھاجى**

# مەھمۇت شىجاڭنىڭ چەتكە چىقىپ كېتىشى، ئابدۇنىياز كامالنىڭ ھەربىي يۈرۈشلىرى

ئابلەت ئابباس

مەن قومۇل دېھقانلار قوزغىلىڭى توغرىسىدا بىر نەرسە يېزىش ئىستىكىدە ئىزدىنىپ يۈرگەن كۈنلەرنىڭ بىرىدە، ۋەقەشۇناس پېشقەدەملەر ئاغزىدىن يېڭىشەھەر ناھىيە بازىرى كونا بازار كۆۋرۈك بېشىدا ئولتۇرۇشلۇق مۇھەممەت سەلەينىڭ يۇرتىمىز تارىخىدا تىللاردا داستان بولۇپ كېلىۋاتقان قومۇل ئىنقىلابىنىڭ تەسىرىدە قەشقەردە كۆتۈرۈلگەن ئىنقىلابلارغا قاتناشقان پېشقەدەم جەڭچى ئىكەنلىكىنى ئاڭلاپ، ماڭا تونۇش ھەم ناتونۇش بولغان بۇ مويسىپىت بىلەن كۆرۈشۈپ ئوڭايلا چىقىشىپ كەتتۇق. مېنى ئۇنىڭ خاتىرىسىنىڭ ساپلىقى، نۇرغۇن ئىشلارنى بىلىدىغانلىقى، بولۇپمۇ ئۇنىڭ بەزى مۇھىم ئىشلارنىڭ شاھىتى ئىكەنلىكى تولىمۇ خۇش قىلدى. شۇنىڭ بىلەن مەن «يەتمىش — كەتمىش، سەكسەن — يوقسەن» دېگەندەك كۈنسايىن ئازلاپ كېتىۋاتقان ۋەقەشۇناس تىرىك شاھىتلارنىڭ بىرى بولغان بۇ مويسىپىتنىڭ پېشىگە چىڭ ئېسىلدىم ۋە نەچچە قېتىملاپ سۆھبەت قۇردۇم. سىلەرگە تەقدىم قىلىنىۋاتقان بۇ ئەسلىمە ئۇنىڭ كەچۈرمىشلىرى ۋە كۆرگەن ـ ئاڭلىغانلىرى ئىچىدىكى مەھمۇت مۇھىتى ۋە ئابدۇنىياز كاماللارغا مۇناسىۋەتلىك مۇھىم ئىشلاردىن رەتلىنىپ، 1989 ـ يىلى 12 ـ ئاينىڭ 28 ـ كۈنى ئەسلىمىنىڭ ئىگىسى مۇھەممەت سەلەي ئۆز قەلىمى بىلەن ئىمزا قويغان ماتېرىيالدۇر.

ئەسكەر بولۇش

مەن بۇ يىل توپتوغرا 76 ياشقا كىردىم، دادام كۆچالىق، ئانام يېڭىشەھەر خانئېرىقلىق ئىدى. مەن يېڭىشەھەر بازار ئىچىدە تۇغۇلغانىكەنمەن. دادام ناھىيەلىك يامۇلدا يايى ئىدى. مەن يېڭىشەھەردە دىنىي مەكتەپتە ئوقۇۋاتقان يىللىرىمدا قىرغىز ئوسمان تۆڭلۈك قەشقەر كونا شەھەرنى ئىشغال قىلدى. ئارقىدىنلا تۆمۈر شىجاڭ پەيزاۋاتتىن كېلىپ، يېڭىشەھەر بارىن يولى ئارقىلىق غەجەكتىن ئۆتۈپ قەشقەر كوناشەھەرگە كىرىپ كەتتى.

تۆمۈر شىجاڭنىڭ ئەسكەرلىرى ئاتلىق ئىككىدىن قاتار بولۇپ بارىن يولىدىن ئۆتكەندە مەنمۇ يولنىڭ ئىككى قاسنىقىدا سانجاق ـ سانجاق تۇرۇپ كەتكەن كىشىلەر قاتارىدا قىستىلىپ يۈرۈپ ئۇلارنى كۆرگەنىدىم. تۆمۈر شىجاڭ ۋە ئۇنىڭ ئەسكەرلىرى ئۆتۈپ بولغىچە يولنىڭ ئىككى قاسنىقىدىكى خەلق «ئامىن، ئامىن» دەپ توۋلاپ دۇئا قىلىپ تۇردى. بۇ خەلق ئامىنىنىڭ ئۇلارغا نۇسرەت تىلىگەنلىكى، ياشىسۇن! دېگەنلىكى ئىدى. شۇ چاغدىكى كەيپىيات شۇنداق تەسىرلىك ئىدىكى، ياشانغانلار ئۆزلىرىنى تۇتۇۋالالماي بۇقۇلداپ يىغلاپ كەتكەنىدى. مەندە شۇ چاغدىن باشلاپ ئەسكەر بولۇش ئىستىكى تۇغۇلغانىدى. ئېسىمدە قېلىشىچە، شۇ چاغدا ھاۋا ئىسسىپ قالغان كۈنلەر بولغاچقا يالاڭئاياغ ئىدىم. يۇرت كاتتىلىرى ۋە نەچچە يۈز ھۆرمەت قاراۋۇلىنىڭ ھەمراھلىقىدا يېڭىشەھەرنىڭ ئاراباغ دېگەن يېرىگە تۆمۈر شىجاڭنىڭ ئىستىقبالىغا چىققانىكەن. كېيىن تۆمۈر شىجاڭنى تۇڭگان گامازا ئۆلتۈرۈپ، بېشىنى كېسىپ قەشقەر كوناشەھەر ۋە يېڭىشەھەر كوچىلىرىدا سازايى قىلدى. گامازا مەرھۇم تۆمۈر شىجاڭنىڭ كەكە ساقىلىدىن كۆتۈرۈۋېلىپ «تېيمۇردى توۋ گېدياۋلا» دەپ توۋلاپ يېڭىشەھەر كوچىلىرىدا تېرىسىگە سىغماي قالغانىدى.

تۆمۈر شىجاڭنىڭ ئۆلتۈرۈلۈشى بىلەن ئۇنىڭ ئەسكەرلىرى يېڭىشەھەردە تۇڭگانلارغا قارشى ئوت ئاچتى. شۇ يىلى قىشتا

خوجانىياز ھاجى، مەھمۇت شىجاڭلار قەشقەرگە كەلدى. قۇربان ھېيت كېلىشتىن ئۈچ كۈن ئىلگىرى دادام مېنى كەينىگە سېپ- لىپ، قەشقەر قۇمدەرۋازىدىكى بىر سارايغا باشلاپ كىرىپ، كەم- چەت تۇماقلىق سۆلەتلىك بىر كىشىنىڭ ئالدىغا ئېلىپ كىردى. شۇ كۈنى ئازراق قار ئۇچقۇنداۋاتاتتى. ھېلىقى كىشى مۆيدىن تۇەنجاڭ ئىكەن. بىز ئۇ كىشىگە ئەدەب بىلەن سالام بەردۇق. ئۇ سالىمىمىزنى ئىلىك ئېلىپ دادامدىن «سىز قەيەرلىك؟» دەپ سورىدى. دادام «مەن كۇچالىق»، دەپ جاۋاب بەردى. مۆيدىن تۇەن- جاڭ كۇچالىق بولۇپ، ئەسلىدە تۇماقچى ئىكەن. ئۇ كىشى ماڭا بىر قۇر نەزەر تاشلاپ «بۇ بالا ئەسكەرلىككە يارايدىغان بالا ئى- كەن، ماڭا بېرەمسىز؟» دېۋىدى، دادام دەرھاللا «مانا بالا، ئۆزلى- رىگە تۇتتۇم»، دېدى. يۈرەكلىرىم ئويناپ كەتتى. شۇندىن باشلاپ مەن ئەسكەر بولۇپ قالدىم. شۇ چاغدا مەن 19 ياشلاردا بولۇپ، ناھايىتى ئۇستىخانلىق، بەستلىك يىگىت ئىدىم.

مەن ئەسكەر بولۇپ ئەتىسى مۆيدىن تۇەنجاڭ يۈزدەك ئەسكەر بىلەن يېڭىشەھەر ئورۇشىغا چىقماقچى بولدى. مەن يېڭىشەھەر- لىك بولغاچقا ئۇلارغا يول باشلىدىم. مەن ئۇلارنى باشلاپ غەجەك- تىن ئۆتۈپ، مامۇتجان پاتچىم تەرەپتىن ئايلىنىپ قىچىچى دېگەن يۇرتنىڭ ئويچاڭزا دېگەن يېرىگە باشلاپ كەلدىم. چۈنكى يېڭىشە- ھەرگە ھۇجۇم قىلىۋاتقان قىسىملارنىڭ قوماندانلىق شتابى ئوي- چاڭزىغا ئورۇنلاشقان ئىكەن. بىز ئويچاڭزىغا يېتىپ كەلگەندە مازىخۇي ئەسكەرلىرىنىڭ يېڭىشەھەر قەلئەسىدىن ئاتقان توپ ئوقلىرى ئۇ يەر - بۇ يەرگە چۈشۈۋاتقان، ناھايىتى بەستلىك بىر ئادەم تىزلىنىپ ئولتۇرۇپ كۆزىگە بىر نەرسە تۇتۇپ شەھەر تە- رەپكە قاراپ تۇرغان ئىكەن. مەن قىزىقسىنىپ يېنىمدىكىلەردىن «ئۇ كىم، كۆزىگە تۇتۇپ تۇرغىنى نېمە؟» دەپ سورىدىم. يېنىم- دىكى بىرەيلەن «سەن تېخى بىلمەمسەن، مەھمۇت شىجاڭ دېگەن كىشى شۇ، كۆزىگە تۇتۇپ تۇرغىنى دۇربۇن»، دېدى. دېمەك، مې- نىڭ مەھمۇت شىجاڭ بىلەن دۇربۇن (گەرچە دۇربۇننىڭ نېمىلد-

كىنى بىلمىگەن بولسامۇ)نى شۇ يەردە تۇنجى قېتىم كۆرۈشۈم ئىدى.

شۇنىڭدىن باشلاپ مەنمۇ يېڭىشەھەر ئۇرۇشىغا قاتنىشىپ كەتتىم. شۇ كۈنلەرنىڭ بىرىدە تۈن نىسپىدىن ئاشقاندا بىز بۇيرۇق بويىچە سېپىلغا ئېسىلىپ شوتىلارنى قويۇپ، تىۋىش چىقارماي تەرەپ - تەرەپتىن چىقىشقا باشلىدۇق. ئالدىدىكىلەر سېپىلغا چىقىشقا ئاز قالغاندا پەستتىن ئۇشتۇمتۇت «پاڭ» قىلىپ ئوق چىقىپ قالدى. نەتىجىدە دۈشمەننىڭ بىخىرامان ئۇخلاۋاتقان قاراۋۇللىرى ئويغىنىپ كېتىپ بىزنى پىلىموتقا تۇتتى. شۇنىڭ بىلەن گازارمىلاردا ئۇخلاپ ياتقان دۈشمەنلەر چۇۋۇلۇپ چىقىپ ھەش - پەش دېگۈچە سېپىلغا ئورۇنلىشىپ مۇداپىئەنى كۈچەيتىۋالدى. سېپىلغا چىقىۋاتقان ئەسكەرلەر ئۈجمىدەك تۆكۈلۈپ كەتتى. بىر قىسمىمىز ئامان قالدۇق. كېيىن ئۇقساق، مازىخۇيغا سېتىلغان يېڭىشەھەرنىڭ بازار بېگى ئۆمەربەگنىڭ جاسۇسى ئوق چىقىرىپ دۈشمەنگە شەپە بەرگەن يەرنىڭ نەق ئۆزىدە قولغا چۈشۈپتۇ. بۇ مۇناپىق سوراقتا باشلىقى ئۆمەربەگ، بارىنلىق تۇردى چوڭ دېگەنلەرنى پاش قىلىپتۇ. ئەگەر شۇ كۈنى ئۆمەربەگنىڭ خائىنلىقى بولمىغىنىدا، يېڭىشەھەر قەلئەسىنى خۇددى تاۋاقتىكى تەييار ئاشتەكلا قولىمىزغا ئالغان بولاتتۇق. شۇنىڭدىن كېيىن يېڭىشەھەر مۇداپىئەسى ئىلگىرىكىدىن نەچچە ھەسسە چىڭىپ كەتتى. دۈشمەن تاڭ ئاتقۇچە ئۇخلىمايدىغان، سېپىل ئۈستىدىن چۈشمەيدىغان بولۇپ كەتتى.

بىرنەچچە كۈندىن كېيىن، خائىن ئۆمەربەگ، تۇردى چوڭ، مازىخۇينىڭ جاسۇسى ئارا قىچىچىلىق سەپەر دىۋانە (بۇ كەسپىي دىۋانە بولۇپ، مازىخۇينىڭ ئاقسۇدىكى تۇڭگان قىسىملىرىغا يازغان خېتىنى ئېلىپ كېتىۋېتىپ، ئاقسۇ يولىدا بىزنىڭ قىسىملارنىڭ قولىغا چۈشكەن) ئۈچىگە ئۆلۈم جازاسى بېرىلىپ، كونا شەھەر ھېيتگاھ مەيدانىدا دارغا ئېسىلدى. ئۇنىڭ كەينىدىنلا ئۇرۇمچىدە ئۇرۇش قىلىپ رۇس ۋە شېڭ شىسەي قوشۇنلى-

رىدىن يېتىلگەن تۇڭگانلار قەشقەرگە باستۇرۇپ كەلدى. خوجاندىياز ھاجى بىلەن مەھمۇت شىجاڭلار شەھەر خەلقىنىڭ ئامانلىقىنى كۆزدە تۇتۇپ كونا شەھەردىن چىقىپ كەتتى. مەن ئۆيگە قايتىپ كەتتىم. تۇڭگانلار ئەسكەرسىز قۇرۇق شەھەرگە بىر پاي ئوق ئاتماي كىردى. مېنىڭ بىرىنچى قېتىملىق ئەسكەرلىك ھاياتىم شۇنىڭ بىلەن تۈگىدى.

**مەھمۇت شىجاڭنى ئۇزىتىش**

1934 ـ يىلى يازدا مەھمۇت شىجاڭ قەشقەرگە كېلىپ 6 ـ دىۋىزىيىگە شىجاڭ بولۇپ، يۇمىلاق شەھەر قورغانچىسىغا ئورۇنلاشقاندا 2 ـ قېتىم ئەسكەر بولۇپ، 3 ـ پولك (33 ـ پولك) قا تەقسىملەندىم. بۇ پولك يېڭىساردا تۇراتتى، پولك كوماندىرىمىز غوپۇر قارى، مۇئاۋىنى تۇرپانلىق ھەمدۇللا دېگەن كىشىلەر ئىدى. مەن 4 ـ ليەن 1 ـ پەي 1 ـ بەندە 1 ـ دەرىجىلىك ئەسكەر ئىدىم. ليەنجاڭىمىز تۇرپانلىق ئابدۇلئەزىز، پەيجاڭىمىز ئاتۇشلۇق ئابلىز، بەنجاڭىمىز تۇرپانلىق يۇسۇپ دېگەن كىشىلەر ئىدى. بىزنىڭ ليەنىمىز پىلىموتچىلار ليەنى بولۇپ، 200 ئەسكەرنىڭ ھەممىسى پولكتىكى ساۋاتلىق ئەسكەرلەر ئارىسىدىن تاللانغانىدى. بۇ ليەن ئەسلىدە مەھمۇت شىجاڭنىڭ تەلەپ ـ مۇددىئاسى ۋە يۇقىرىنىڭ چوقۇم ئېغىر ـ يېنىك پىلىموتلارنى سەپلەپ بېرىمىز دېگەن چىرايلىق ۋەدىلىرى بويىچە تەشكىللەنگەنىدى. لېكىن مەھمۇت شىجاڭ چەتكە چىقىپ كەتكۈچە ئارىدىن بىر نەچچە يىل ئۆتكەن بولسىمۇ، لېكىن شېڭ شىسەي ۋەدىسىنى ئەمەلگە ئاشۇرمىدى، مەھمۇت شىجاڭنىڭ تىرىشچانلىقلىرى بىكارغا كەتتى.

6 ـ دىۋىزىيىنىڭ قارىمىقىدا تۆت پولك ئەسكەر بار بولۇپ، ھەممىسى ئاتلىق ئەسكەرلەر ئىدى. بىر پولكتا تۆت ليەن، بىر ليەندە تۆت پەي، بىر پەيدە تۆت بەن ئەسكەر بولاتتى. ئات باقارلار، ھارۋىكەشلەر، زاپخوزلار، ئاشپەزلەر ۋە باشقىلارنى قوشقاندا، بىر پولكتا 1000 غا يېقىن ئادەم بولاتتى.

1937 ـ يىلى 4 ـ ئاينىڭ مەلۇم بىر كۈنى خۇپتەن ۋاقتىدا مەھمۇت شىجاڭ بىر بۆلۈك ئادەم بىلەن 33 ـ پولكقا يېتىپ كەلدى. ئۇ كىشى كېلىپلا 33 ـ پولكنى جىددىي ھالەتكە ئۆتكۈزۈپ، ئابدۇنىياز كامالنىڭ 1 ـ لىيەنىنى ياپچانغا مۇداپىئەدە تۇرۇشقا ئەۋەتتى. ئارقىدىنلا يېڭىسار ھاكىمى (ئۇيغۇر)، باجخانا باشلىقى (خەنزۇ)، جامائەت خەۋپسىزلىكى ئىدارىسىنىڭ باشلىقى (خەنزۇ) نى چاقىرتىپ كېلىپ، پولك شتابىدا سوراق قىلدى. نېمىدەپ سوراق قىلغانلىقىنى بىلمىدۇق. ئۇزاق ئۆتمەي ھاكىمنى قويۇۋېتىپ، قالغان ئىككىيلەننى پولك شتابىنىڭ بېغىدا ئاتتۇرۇۋېتىپ، ئادەملىرى بىلەن يولغا چىقتى. بىزنىڭ پەيدىكى 40 ئەسكەر يولبويى مەھمۇت شىجاڭنى قوغداپ ماڭدۇق. مەھمۇت شىجاڭ شۇ ئاخشىمى يېڭىساردىن يولغا چىقىپ، قىزىل، كۆك راۋات، كاچۇڭ، چىپقا، چىپان، كۆكيارلاردا قونالغۇ قىلىپ لاداخ يولىغا چۈشتى. كاچۇڭغا كەلگەندە قەشقەر گارنىزونى (قەشقەر گارنىزونىنىڭ ئورنى بۈگۈنكى يېڭىشەھەردىكى جەنۇبىي شىنجاڭ ھەربىي رايونىنىڭ ئورنىدا) قورال ـ ياراغ باشقارمىسىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى ئىلياس قولىدا كويزا، ئىشەككە مىندۇرۇلۇپ، ئىككى پۇتى ئېشەكنىڭ قورسىقى ئاستىدىن شوينا بىلەن چېتىلغان ھالەتتە كەلتۈرۈلدى. ئۇلار قىسقا يول ئارقىلىق ئۇدۇل مېڭىپ كاچۇڭغا كېلىپ مەھمۇت شىجاڭنى كۈتۈپ تۇرغان بولسا كېرەك. بۇ يەر كاچۇڭ جاڭگال بويىدىكى يول ئۈستى بولۇپ، يول بويىدا بىرەر چارەكچە كېلىدىغان يەرگە سېلىنغان بۇرما شەكىللىك پەشتىقى بار بىر قورغانچە بار ئىدى. مەھمۇت شىجاڭ بۇ يەرنى سورىۋېدى، يەرلىك خەلق بەدۆلەتنىڭ قورغىنى دەپ جاۋاب بېرىشتى. مەھمۇت شىجاڭ شۇ يەردە توختاپ ئىلياسنى كىشەندىن ئازاد قىلىپ «سەن قەيەرلىك؟» دەپ سورىدى. ئىلياس «مەن تۇرپانلىق، تەقسىر»، دەپ جاۋاب بەردى. «سەن مۇسۇلمانمۇ»، دېگەندە ئىلياس «ئەلھەمدۇلىللاھ مۇسۇلمانمەن»، دەپ جاۋاب بەردى. مەھمۇت شىجاڭ دەرغەزەپ بولۇپ، «ياق، يالغان، سەن كاپىر، ئە-

گەر سەن مۇسۇلمان بولساڭ، مېنىڭ گېپىمنى ئاڭلايتتىڭ، مەن مىللىي قىسىملارغا كۆپرەك قورال ـ ياراغ، ئوق ـ دورا بېرىپ تۇرغىن دېسەم ئاڭلىمىدىڭ ئەمەسمۇ؟! بەتبەخ، ماڭا ئەمدى لازىم بولدى»، دېدى. ئىلياس «لىۋ سىلىڭدىن بۇيرۇق بولمىسا قانداق بېرەلەيمەن»، دېۋىدى، مەھمۇت شىجاڭ «مەنچۇ؟ مەن نېمە؟» دەپ سورىدى. ئىلياس «ئۆزلىرى سىلىڭ»، دېدى. مەھمۇت شىجاڭ تېخىمۇ قاتتىق غەزەپكە كېلىپ «ھەي بەتبەخ، مەن بەر دېگەندە-كىن بەرسەڭ بولماسمىدى. جاۋابىنى ئۆزۈم بېرەتتىم ئەمەسمۇ. سەن مەلئۇن گېپىمگە كىرمەي ئورۇس كونسۇلى بىلەن لىۋ سى-لىڭغا جاسۇسلۇق قىلدىڭ، ئۆز قېرىنداشلىرىڭنى، مىللەت مەز-ھەپنى ساتتىڭ، ئەمدى ساڭا ئوق زايا كەتكۈدەك، قىلىچ بىلەن چېپىش كېرەك»، دېدى ۋە ئارقىدىن «خەير بوپتۇ، ئېتىۋې-تىڭلار»، دەپ بۇيرۇق قىلدى ۋە يەرلىك كىشىلەرگە ئۇنى كۆمۈپ قويۇشنى تاپىلاپ، يولىنى داۋاملاشتۇردى.

بىز كۆكيارغا يېتىپ بارغاندا مەھمۇت شىجاڭ بىزگە خىتاب قىلىپ «بىز ھىندىستانغا چىقتۇق، مۇددىئايىمىز چەت ئەلدىن قورال سېتىۋېلىپ قايتا ئىنقىلاب قىلىش، مەن بىر يىل ئىچىدە قايتىپ كېلىمەن، شۇنىڭغىچە قورالنى قولۇڭلاردا مەھكەم تۇتۇپ تۇرۇڭلار، ئەگەر مەن كەلمەيدىغان بولسام قىيامەت كۈنى قو-لۇڭلار ياقامدا بولسۇن! ھۆكۈمەتنىڭ يامان كۆرگەن ئادىمى مەن، سىلەرگە ھېچ گەپ كەلمەيدۇ، قايتىپ كېتىڭلەر»، دېدى ۋە سۆز-لەپ بولۇپ ھەممىمىزگە پۇل تارقىتىپ بەردى. ئاندىن مەندىن «سەن نەلىك؟» دەپ سورىۋىدى «مەن قەشقەرلىك»، دەپ جاۋاب بەردىم. سىجاڭ يەنە «بىز بىلەن تىبەت چېگرىسىغىچە بىللە بارامسەن؟» دېۋىدى، مەن «شىجاڭ ئاتا، دادام ئۆلۈپ كەتكىلى ئىككى ئاي بولدى، دادام جان ئۈزىدىغان چاغدا ئۈچ ئۇكامنى ماڭا تاپشۇرغان»، دېيىشىمگە شىجاڭ «ھوي، مەن بۇنى بىلمەپتىمەن، ئۇنداقتا سەن قايتىپ ئۇكىلىرىڭنىڭ ھالىدىن خەۋەر ئال، ئې-تىڭنى بىزگە ئالماشتۇرۇپ بەرگىن»، دېدى. مەن دەرھال «ئات

ئۆزلىرىنىڭ ئاتا»، دەپ ئىتىمنى تۇتتۇم. مىنىڭ ئىتىم پولك بو-يىچە ناھايىتى زور، كۈچلۈك ئات ئىدى. يەنە بىر ئاتقا ئارتىلغان يۈكلەرنى ئۇنىڭغا ئارتىپ بوشىغان ئاتنى ماڭا بەردى. بىز شۇنداق قىلىپ كۆكياردا مەھمۇت شىجاڭنى ئۇزىتىپ قالدۇق. مەھمۇت شىجاڭ ئاكىسى موسۇل ھاجى، تۇرپانلىق باي ئاخۇن ئەزىزى، قەشقەر قىزىلدۆۋىلىك توختى ھاجى، تۇرپانلىق ھەمدۇللا (بۇ ئا-دەم لاداق يولىنى ئوبدان بىلەتتى) قاتارلىق 30 نەچچە ئادەم بىلەن لاداخ يولىغا قاراپ يۈرۈپ كەتتى.

**ئابدۇنىياز كامالنىڭ يۈرۈشلىرىگە قاتنىشىش**

بىز مەھمۇت شىجاڭدىن ئايرىلىپ كاچۇڭغا كەلسەك، بىز-نىڭ 33 ـ پولك، يەكەندىكى 34 ـ پولك ۋە قەشقەردىكى 31 ـ، 32 ـ پولكلاردىن قېچىپ چىققان بىر قىسىم ئەسكەرلەر ئۇ يەر-گە توپلانغان ئىكەن. مويدىن تۇەنجاڭمۇ تۇرمىدىن چىقىرىلىپ، شۇ يەرگە كەلتۈرۈلۈپتۇ. بۇ كىشى شۇ چاغلاردا بىزنىڭ پولكنىڭ تۇرمىسىدە قاماقلىق ئىدى. ئاڭلىشىمىزچە، ئۇ كىشى قەشقەردە ئەپيۇن چېكىشنى ئۆگىنىپ قالغاچقا باشتا شتاب تۇرمىسىگە، كېيىن يېڭىساردىكى 33 ـ پولك تۇرمىسىگە يۆتكەلگەن ئىكەن.

كاچۇڭدا ئوفىتسېرلار كېڭىشى ئارقىلىق ئابدۇنىياز كامال شىجاڭلىققا، مويدىن تۇەنجاڭ مۇئاۋىن شىجاڭ ھەم شتاب باش-لىقلىقىغا تەيىنلەندى. قوشۇنىمىز كەلپىننىڭ سايۋاغ دىگەن يې-رىدە شېڭ شىسەينىڭ ئىككى كورەشچى ئايروپىلانىنىڭ ھۇجۇ-مىغا ئۇچرىغاندا، تۆت ـ بەش ئەسكەر تېرەكنىڭ بېشىغا چىقىۋې-لىپ بىرىنى سوقۇۋالغان، ئايروپىلاندىكى ئىككى رۇس، ئىككى خەنزۇ ئەسىرگە چۈشكەن. كېيىن مويدىن تۇەنجاڭ مۇشۇ ئەسىر-لەرنى قويۇۋەتكەن ھەم سوۋېت قىزىل ئارمىيىسى شېڭ شىسەيگە ياردەمگە كەلگەندە ئىنقىلابتىن ئۈمىدسىزلىنىپ، مەخپىيەتلى-كىمىزنى ئۇلارغا مەلۇم قىلىپ خەت يازغان (بۇ خەت ئابدۇنىياز كامالنىڭ قولىغا چۈشۈپ قالغان ئىكەن) دىگەن جىنايەت بىلەن ئاۋات ناھىيىسىنىڭ بەشئېرىق ئۆستەڭ بويىدا ئېتىپ تاشلاندى.

ئابدۇنىياز كامال شىجاڭلىقتا كۆتۈرۈلۈپ، ئەسكەرلەرنى 6 ـ دىۋىزىيىنىڭ شتاتى بويىچە تۆت پولكقا ئايرىپ تەڭ تەقسىم قىلىپ بولغاندىن كېيىن، دىۋىزىيە بويىچە ھەممەيلەننى يېڭى پولك، ليەنلەر بويىچە كەڭ دالىدا سەپراس قىلىپ، ئۆزى بىر دۆڭنىڭ ئۈستىگە چىقىپ سۆز قىلدى، ئاخىرىدا: «بىز كىم ئۈچۈن ئۇرۇش قىلىمىز؟» دەپ سورىدى، ھەممىمىز بىردەك «خەلق ئۈچۈن»، دەپ جاۋاب بەردۇق. ئۇ يەنە «خەلق بىزنىڭ نىمىمىز؟» دەپ ياندۇرۇپ سورىدى. بىز «خەلق بىزنىڭ ئاتا ـ ئانىمىز، ئاكا ـ ئىنىمىز، ئاچا ـ سىڭلىمىز»، دەپ جاۋاب بەردۇق. ئۇ «توغرا، خەلق بىزنىڭ ئاتا ـ ئانىمىز، ئاكا ـ ئىنىمىز، ئاچا ـ سىڭىللىرىمىز، بىز خەلق پەرزەنتى، شۇڭا ئۇرۇشتا خەلقىمىزنىڭ بىر تال يىپ چاغلىق نەرسىسىگىمۇ تېگىشكە، خوتۇن ـ قىزلارغا چېقىلىشقا بولمايدۇ، كىمدە كىم خىلاپلىق قىلىدىكەن، ھەربىي قانۇن بويىچە ئېتىپ تاشلىنىدۇ»، دەپ خىتاپ قىلدى. ئاندىن يېڭى 1 ـ پولكقا كېچىلەپ يەكەنگە يۈرۈش قىلىپ يەكەننى ئىشغال قىلىش بۇيرۇقى چۈشۈردى. شۇ چاغدا يەكەندە بىر ليەن خەنزۇ ئەسكەر تۇراتتى، ئۇلار يەكەننى ئۇرۇشمايلا ئۆتكۈزۈپ بەردى.

شۇنىڭدىن كېيىن ئابدۇنىياز كامال يەكەندە شتاب قۇرۇپ، ماخۇسەن بىلەن بىرلىشىپ شېڭ شىسەي ھۆكۈمىتىگە قارشى ئوت ئاچتى. ماخۇسەننىڭ 36 ـ دىۋىزىيىسى بىلەن بىزنىڭ 6 ـ دىۋىزىيە ئۇرۇشقا ئاتلىنىشتىن ئىلگىرى بېشىمىزدىكى فۇراژكىلارنى چۆرۈۋېتىپ، ئاق دوپپا كىيدۇق، بىلەكلىرىمىزگە «فى سەبىلىللا» دەپ خەت يېزىلغان ئاق لاتا باغلىدۇق. 4 ـ ئايدىن 10 ـ ئايغىچە شېڭ شىسەي ۋە بىزنى باستۇرۇشقا ياردەمگە كەلگەن سوۋېت ئارمىيىسى بىلەن مەكىت، مارالبېشى، ئاقسۇ، قەشقەرلەردە قانلىق جەڭ قىلدۇق. ماخۇسەن بىلەن بىزنىڭ بىرلەشمە قوشۇننىڭ ھەممىسى ئاق دوپپا كىيگەچكە بۇ ئۇرۇشلار خەلق ئىچىدە «ئاق دوپپىلىقنىڭ يېغىلىقى» دېگەن نام بىلەن تونۇلدى.

بىز يەكەندىن چىقىپ يېڭىسارنىڭ سېدە دېگەن يېرىگە كەل-
گەندە شىڭ شىسەي ئارمىيىسىنىڭ بىر ئايروپىلانىنى سوقۇۋەت-
تۇق. شۇ ئايروپىلان يېڭىشەھەرنىڭ تازغۇن يېزىسىدىكى يالغۇز
ئۈجمە دېگەن جاڭگالغا چۈشۈپتۇ. كىشىلەرنىڭ ئېيتىشىچە، بۇ
ئايروپىلاننى كۆرۈش ئۈچۈن يىراق - يېقىندىن كېلىدىغان ئا-
دەملەرنىڭ ھەپتە كۈنگىچە ئايىغى ئۈزۈلمەي قىزىق بازارغا
ئايلانغان ئىكەن.

بىز كۈزگىچە ئاقسۇدا شىڭ شىسەي ئارمىيىسى بىلەن قات-
تىق ئۇرۇش قىلىپ شىڭ شىسەي ئارمىيىسىنى خېلى زىيانغا
ئۇچراتتۇق، كۈچى يەتمىگەن شىڭ شىسەي ئاخىرى سوۋېت ئىت-
تىپاقىدىن ياردەم سورىدى. تانكا، ئايروپىلانلارنىڭ ھىمايىسىدە
كەلگەن سوۋېت قىزىل ئارمىيىسى بىلەن ئاقسۇنىڭ قۇمباش دې-
گەن يېرىدە قاتتىق سوقۇشتۇق. ئاخىرى ئۇقىمىز تۈگەپ كەتتى.
بىز يەكەندىن چىقىدىغان چاغدا ھەر بىرىمىزگە 200 تالدىن ئوق
بېرىلگەنىدى. بىز كۆپ غەلىبىلىك ئۇرۇشلارنى قىلغان ئىدۇق،
بارغانلىكى يەردە پىدائىيلار ئۆز ئىختىيارلىقى بىلەن سېپىمىز-
گە ئۈزلۈكسىز قوشۇلۇپ تۇردى. ئاقسۇغا بارغاندا بىزنىڭ پولك-
نىڭ ئەسكىرى 1500 گە يەتكەنىدى. بىزنىڭ سوۋېت قىزىل ئار-
مىيىسى بىلەن تۇتۇشقان ۋاقتىمىز 9 - ئاي مەزگىلى بولۇپ،
بىزنىڭ پولكتىلا ئەمەس، باشقا پولكلاردىمۇ ئوق - دورا ئۆكسۈپ
قالغانىدى. شۇڭا بىز بۇيرۇققا بىنائەن يەكەنگە چېكىنىدىغان
بولدۇق. مەكىتكە كەلگەندە بەزى ئەسكەرلەر قېچىپ كەتتى. مەن-
مۇ مەكىتتىن قېچىپ شىڭ شىسەينىڭ ئەسكەرلىرىگە تۇتۇلۇپ
قالدىم. ئۇلار مېنى قورالسىزلاندۇرۇپ سوراق قىلىپ مېنىڭ
بىر ئاددىي ئەسكەرلىكىمنى بىلگەندىن كېيىن پەيزاۋات ناھىيە-
لىك جامائەت خەۋپسىزلىك ئىدارىسىگە ئۆتكۈزۈپ بەردى، ئۇ
يەردە بىر مەزگىل تۈرمىدە ياتقاندىن كېيىن، ئۇرۇق - تۇغقانلى-
رىم ئارىغا نامدار ئادەملەرنى قويۇپ كېپىل بولۇپ تۈرمىدىن
چىقىرىۋالدى. كېيىن ئاڭلىسام ئابدۇنىياز كامال ئاخىرغىچە

تىركىشىپ، پەقەت ئامال قالمىغاندا ئەسكەرلىرىنى تارقىتىۋېتىپ ئۆزى شىڭ شىسەيىنىڭ قولىغا چۈشۈپ قاپتۇ. بىزنىڭ پولك كو-ماندىرىمىز ئامىر قوشۇنىمىز مەغلۇبىيەتكە ئۇچرىغاندىن كې-يىن، تۇتۇق بەرمەي قېچىپ يۈرۈپ، ئاخىرى يېڭىشەھەرنىڭ تاز-غۇن يېزىسىغا كەلگەندە، تازغۇن كېرەمىلىلىك ئابدۇرېھىم مەخ-سۇم دېگەن كىشى ئۇنى ئون نەچچە ئادەم بىلەن قورشىۋاپتۇ، پولك كوماندىرى ئامىرنىڭ پىلىموتىدا ئوق بولسىمۇ، لېكىن ئۇلارغا ئوق چىقىرىشنى راۋا كۆرمەپتۇ، ئابدۇرېھىم مەخسۇم ئۇ-نى يېڭىشەھەر ناھىيىلىك جامائەت خەۋپسىزلىكى ئىدارىسىگە تاپشۇرۇپ بېرىپ مۇكاپات ئاپتۇ.

مېنىڭ ئىككى قېتىم ئەسكەرلىككە ئېلىنىپ سەپتىن چېكىن-گەنگە قەدەر كۆرگەن — ئاڭلىغانلىرىم مانا مۇشۇلاردىن ئىبارەت.

خاتىمە ئورنىدا

مەن بۇ يەردە ئابدۇنىياز كامالنى شېڭ شىسەيگە تۇتۇپ بەر-گۈچىلەرنىڭ بىرى بولغان يەنە بىر شاھىتنىڭ ئەسلىمىسىنى مۇھەممەت سەلەيىنىڭ ئەسلىمىلىرىگە تولۇقلىما قىلىشنى لايىق تاپتىم.

مەزكۇر ئەسلىمىنىڭ ئىگىسى تۇردىيېۋ سۇلتان ناسىر 1936 ـ يىلى مەھمۇت شىجاڭ قوماندانلىقىدىكى 6 ـ دىۋىزىيە-نىڭ 31 ـ پولكىدا ئەسكەر بولغان، مەھمۇت شىجاڭ چەتكە چې-قىپ كەتكەندىن كېيىن، قەشقەردە قېلىپ، كېيىن شېڭ شىسەي بىلەن سوۋېت بىرلەشمە ئارمىيىسى تەركىبىدىكى ئەخمەت مەخ-سۇم پولكىنىڭ يۈسۈپ لىيەنجاڭ لىيەنىدە جەڭچى بولغان ھەمدە شېڭ شىسەي ئۇچۇن قان كېچىپ جانپىدالىق بىلەن ئۇرۇش قىلغان. شېڭ شىسەي سوۋېت ئىتتىپاقىدىن يۈز ئۆرۈگەندە سو-ۋېت ئىتتىپاقىغا چىقىپ كېتىپ، گېئولوگىيە ئىنژېنېرى بول-غان. 50 ـ يىللاردا ۋەتەنگە قايتىپ كېلىپ ئۈرۈمچى كان ئىدا-رىسىدە ئىشلىگەن. 60 ـ يىللاردا ئەكسىلئىنقىلابچى دېگەن قال-پاق بىلەن قولغا ئېلىنىپ 18 يىل تۈرمىدە ياتقان.

ئۇنىڭ ئېيتىشىغا قارىغاندا، 1937 ـ يىلى 2 ـ ئاپرىل كۇ-نى مەھمۇت شىجاڭ قەشقەردىن چىقىپ كېتىشتىن ئىلگىرى شا-يارلىق مۇئاۋىن پولك كوماندىرى ياقۇپقا قۇربانىنىيازنى ئېتىۋې-تىپ، 31 ـ، 23 ـ پولكلارنى باشلاپ يېڭىسارغا بېرىشنى ئو-رۇنلاشتۇرغان. مەھمۇت شىجاڭ قەشقەردىن چىقىپ كەتكەندىن كېيىن، ياقۇپ قۇربانىنىيازنى ئاتقان، بىراق ئوق ئۇنىڭ پۇتىغا تېگىپ ئۆلمەي قالغان، قۇربانىنىيازمۇ ئۇنى ئېتىپ ياردار قىل-غان. نەتىجىدە ئىككى پولكتىكى ئازغىنە ئەسكەر مەھمۇت شى-جاڭنىڭ ئالدىن ئورۇنلاشتۇرغان پىلانى بويىچە شەھەردىن چى-قىپ، يېڭىساردىكى قىسىملارغا قوشۇلغان. قالغانلىرى ئامالسىز قالغانلىقى، ئۇنىڭ ئۇستىگە ئىشنىڭ تەكتىنى بىلمىگەچكە قەش-قەردە تۇرۇپ قالغان.

1937 ـ يىل 5 ـ ئاينىڭ 29 ـ كۈنى ئابدۇنىياز كامال قەشقەر كوناشەھەر ئەتراپىغا يېتىپ كېلىپ، ئەتىسى تاڭ سەھەر-دە يۇملاق شەھەر قەلئەسىنى قورشاۋغا ئالغان. شەھەردە قالغان 31 ـ، 32 ـ پولكلارغا شىڭ شىسەي تەرىپىدىن مۇۋەققەت شى-جاڭلىققا تەيىنلەنگەن قۇربانىنىياز ئەسكەرلەرنى سېپىل ئۇستىگە چىقىپ ئابدۇنىياز كامال قىسىملىرىغا زەربە بېرىشكە بۇيرۇغان. ئەسكەرلەر پەستىكىلەرنىڭ ئۆز قېرىنداشلىرى ئىكەنلىكىنى كۆرۈپ ئوق چىقارمىغان. بەزىلىرى سېپىلدىن سېرىلىپ چۈشۈپ قارشى تەرەپكە ئۆتۈپ كەتكەن. بۇ دەل شىڭ شىسەينىڭ سوۋېت ئارمىيىسىنىڭ ياردىمىدە ئابدۇنىياز كامال قوشۇنىغا قارشى جازا يۈرۈشى تەشكىللەۋاتقان ۋاقتى بولغاچقا، تەييارلىق پۇتكۈچە ئاب-دۇنىياز كامال، ماخۇسەنلەرنى بىخۇتلاشتۇرۇپ ۋاقىتنى قولغا كەلتۈرۈش، 31 ـ، 32 ـ پولكتىكى ئەسكەرلەرنىڭ قارشى تەرەپ-كە ئۆتۈپ كېتىشىنىڭ ئالدىنى ئېلىش ئۈچۈن، قەشقەردە تۇرۇش-لۇق سوۋېت كونسۇلى ئارىغا كىرىپ قۇربانىنىياز باشچىلىقىدىكى 31 ـ، 32 ـ پولكنى كوناشەھەرنى بىكارلاپ يېڭىشەھەرگە چىقىپ كېتىش ئارقىلىق ئابدۇنىياز قوشۇنلىرىنىڭ شەھەرگە كىرىپ

ئورۇنلىشىشىغا پۇرسەت يارىتىپ بېرىش توغرىسىدا ماداراچىلىق قىلىغان. نەتىجىدە تۇردىيېۋ سۇلتان ناسىرمۇ يۇقىرىقى ئىككى پولك تەركىبىدە يېڭىشەھەرگە چىقىپ ئورۇنلاشقان. شۇ يىلى 9 ـ ئايدا سوۋېت قىزىل ئارمىيىسىنىڭ ماشىنىلاشقان قىسىملىرى ئەركەشتام، سىمخانا قاتارلىق ئېغىزلاردىن كىرىپ ئابدۇنىياز كامال بىلەن ماخۇسەنىڭ بىرلەشمە ئارمىيىسىگە ھاۋا ۋە قۇ ـ رۇقلۇقتىن شىددەتلىك ھۇجۇم قىلغان. ئاقسۇدا ئۇرۇش قىلىۋات ـ قان ئابدۇنىياز دىۋىزىيىسىنىڭ ئوق ـ دورىلىرى تۈگەپ چېكىـ نىشكە مەجبۇر بولغان، قەشقەر فرونتىدىكى ماخۇسەنىڭ بىرد ـ گادا كوماندىرى ما شىڭكۇي 2000 ئەسكەر بىلەن قارشى تەرەپكە تەسلىم بولغان. شۇنىڭ بىلەن بىرلەشمە ئارمىيە پۈتۈن سەپ بو ـ يىچە يىمىرىلگەن. سوۋېت ـ شېڭ شىسەي بىرلەشمە ئارمىيىسى 31 ـ ۋە 32 ـ پولكتىكى ئۇيغۇر ئەسكەرلەر بىلەن ماشىڭكۇي قىسىملىرىنى ئاۋانگارت قىسىم بىلەن ئالدىغا سېلىپ ماخۇسەن قىسىملىرىغا قوغلاپ زەربە بەرگەن.

شۇ يىلى 10 ـ ئايدا تۇردىيېۋ ناسىرلار يەكەن يېڭىشەھەردە دەم ئېلىپ تۇرغان كۈنلەرنىڭ بىرىدە يۇقىرىدىن ئابدۇنىياز كا ـ مالنى قوغلاپ تۇتۇش بۇيرۇقىنى تاپشۇرۇۋالغان. ئەسلىدە ئابدۇ ـ نىياز كامال ئەسكەرلەرنى تارقىتىۋەتكەندىن كېيىن، بىر قانچە ئادىمى بىلەن چەتكە چىقىپ كەتمەكچى بولۇپ چېگرىغا ماڭغاندا، سوۋېتنىڭ رازۋېدكا ئايروپىلانلىرى بايقىۋالغان ئىكەن. بۇيرۇق بويىچە ئاتلانغان يۇسۇپ لىيەنجاڭ لىيەنى ئاتلىق يولغا چىقىپ كوسراپتىكى بىر جىرا ئىچىگە چۈشكۈن قىلغان ئابدۇنىياز كا ـ مالنى قورشاۋغا ئالغان. ئابدۇنىياز كامالنىڭ ھەمراھلىرى پىلىموت بىلەن ئۇلارغا ئوت ئاچماقچى بولغاندا ئابدۇنىياز كامال ئۇلارنى توسۇپ، يۇسۇپ لىيەنجاڭغا «ئەمدى ئۆزئارا قان تۆكۈشمەيلى، ھې ـ لىمۇ بىزدىن نۇرغۇن قانلار بىھۇدە ئاقتى، ئەگەر سىز بىزگە قوشۇلسىڭىز، بىرلىكتە كەشمىرگە چىقىپ كېتەيلى، ئەسكەر ـ لىرىڭىزدىن خالىغانلار بىز بىلەن بىللە ماڭسۇن»، دېگەندە يۇ ـ

سوپ ليەنجاڭ «مەن بۆيرۆق بويىچە چىقتىم، مەن سىلەرنى تۇتۇپ يەكەنگە قايتىمەن»، دېگەن. قاتتىق ئۈمىدسىزلەنگەن ئابدۇنىياز كامال ھەسرەت چېكىپ «توغرا، بۆيرۆق بويىچە چىقتىڭىز، سىز بۈگۈن بۆيرۆق بويىچە مېنى تۇتۇپ بېرىسىز، ئەتە باشقا بىرسى بۆيرۆق بويىچە سىزنى تۇتۇپ بېرىدۇ، بىز قاچانغىچە بىر ـ بىرىدىمىزنى تۇتۇپ بېرەرمىز! ھەي بىزنى خاراب قىلغان پەيلىمىز، ما ـ نا، ئېلىڭ»، دەپ قورالىنى يۇسۇپ ليەنجاڭغا تاپشۇرۇپ بەرگەن. ئۇلار يەكەنگە ئېلىپ بېرىلغاندىن كېيىن بىر ئايروپىلان ئۇلارنى ئېلىپ كەتكەن.

دەرۋەقە، ئابدۇنىياز كامالنىڭ ئالدىن بېشارەت بەرگىنىدەك، 1940 ـ يىلىغا كەلگەندە شېڭ شىسەي قۇربانىنىياز، ئەخمەت مەخسۇم، يۇسۇپ ليەنجاڭلارنى ئۈرۈمچىدە قولغا ئېلىپ تۈرمىدە مەخپىي ئۆلتۈرگەن.

# تەمىم ئىبن بەھرنىڭ ئۇيغۇر ئېلىگە ساياھىتى

## ۋ. مىنورىسكىي

### 1. كىرىش سۆز

ئەرەب جۇغراپىيىشۇناسلىرىغا مۇناسىۋەتلىك مۇھىم، شۇنداقلا ئەڭ جەزبىدار بولغان مەسىلىنىڭ بىرى، ئۇلارنىڭ شەرقىي ياۋروپا، ئوتتۇرا ئاسىيا، جۇڭگو ھەم ھىندىستانغا ئوخشاش ئىسلام دۇنياسىنىڭ سىرتىدىكى كىشىلەرگە ئانچە تونۇشلۇق بولمىغان رايونلارغا قىلغان ساياھەت خاتىرىلىرىدۇر. ھەممىگە مەلۇمكى، بۇ جۇغراپىيىشۇناسلار دىققىتىنى جۇغراپىيىۋى ئورۇنلارغا مەركەزلەشتۇرۇپ، دائىم ۋاقىتقا سەل قارىغان. XVI ئەسىردىكى توركىيە خەرىتىسىدە، ئامېرىكىنىڭ سايىسى كېيىپ ھىلال ئاي شەكلىگە يەتكەن بولسىمۇ، بىراق سىبىرىيە چۆللۈكىنىڭ يەنىلا ئەپسانىلەردىكى يەجۇجى - مەجۇجىلەرگە ئوخشاش كىشىلەرنىڭ دىققىتىنى تارتقانلىقىنى بايقىغانىدىم. 9 - 10 - ئەسىرلەردە، يەنى كلاسسىك ئەرەب جۇغراپىيىسى دەۋرىدە، ئالىملار بىر - بىرىنىڭ ئەسىرىنى كۆچۈرگەنلىكى ھەمدە قەدىمكى مەنبەلەردىن ئۆز دەۋرىگە مۇناسىپ بولمىغان سانلىق مەلۇماتلارنى ئالغانلىقىدىن ئەيسۇسلانمىغان. يەنى 10 - ئەسىردىكى «ئورتاق مەنبە» دىكى پادىشاھ داخۇم 800 - يىللاردىكى بېنگال ھۆكۈمرانى دارماپالانى كۆرسەتسىمۇ، يەنىلا ھىندىستان ھۆكۈمرانلىرى قاتارىدا سانالغاندەك ئىش بولدى.

بۇ مەلۇماتلار يات ئەللەر ھەققىدىكى خاتىرىلەرنى سېلىشتۇرۇپ تەتقىق قىلىش ئارقىلىق مەيدانغا كەلگەن بولۇپ، ئاپتورلار ئاز ساندىكى 1 - قول ماتېرىياللارنى ئاساس قىلغان. بۇنىڭدىن

كېيىن مەيدانغا كەلگەن ئەسەرلەردىمۇ ئالدىنقى بايانلار ئۆز پېتى تەكرارلىنىپ كەلگەن. شۇڭا بۇ بايانلار ئوقۇرمەنلەرنى ئاسانلا قايمۇقتۇرۇپ قويىدۇ. مەيلى قانداق بولۇشىدىن قەتئىينەزەر، تېـ
كىستلەر ئۈستىدە سېلىشتۇرما تەتقىقات ئېلىپ بارساقلا، ئەسـ
لىي مەنبەگە مۇناسىۋەتلىك تېخىمۇ كۆپ تەپسىلاتلارغا ئېرىشەـ
لەيمىز ھەمدە زور دەرىجىدە قىسقارتىۋېتىلگەن ئاساسلىق مەزـ
مۇنلاردىكى قاراڭغۇ نۇقتىلارنى شەرھلىيەلەيمىز.

مەن شەرەفۇز زامان مەرۋەزىنىڭ كىتابىدىن ئىشلىگەن كىـ
تابىمدا تېخىمۇ يىراق شەرققە دائىر سانلىق مەلۇماتلارنىڭ كۆپ قىسمىنى يورۇتۇشقا تىرىشقانىدىم. بۇ مەلۇماتلار ئەل بىرۇنى، ئەبۇل فىدا قاتارلىقلارنىڭ ئەسەرلىرىدە ئۇچرايدۇ. ئۇلار قىتان دۆلىتىدىن كەلگەن قىتان خانلىقى ئەلچىسىنىڭ 1027 ـ يىلى مەھمۇت غەزنەۋىينىڭ ئوردىسىنى زىيارەت قىلغاندىكى بايانلىرىـ
نى ئاساس قىلغان. بەزى رىۋايەتلەردە يەنە ۋولگا بويىدىكى بۇلغار خانلىقى ئەلچىلىرىنىڭمۇ 1024 ـ يىلى مەھمۇت غەزنەۋىينىڭ ئوردىسىنى زىيارەت قىلغانلىقى ئېيتىلىدۇ.①

بۇ ئەرەبلەر ئوتتۇرا ئاسىيانى بويسۇندۇرۇپ بولغان ھەم ئەـ
رەبلەر بىلەن خەنزۇلار زېمىنگەرلىك تالىشىۋاتقان ۋاقىت بولۇپ، نۇرغۇن ئەرەب سەيياھلىرى ھەم ئەلچىلىرى تېخىمۇ يىراق شەرققە ئىچكىرىلەپ كىرگەن②. بىراق، ئۇلارنىڭ كەچۈرمىشلىـ
رىدىن ناھايىتى ئازلا خاتىرە ساقلىنىپ قالغان.9 ـ ئەسىردىكى سامانىيلار خانلىقى ئوتتۇرا ئاسىيانىڭ تەكشۈرۈش نۇقتىسى بوـ
لۇپ قالغان. ئەسلىي مەنبەلەرنىڭ كۆپىنچىسى كېيىنكى ئەسەرـ
لەردە نەقىل ئېلىنىش يولى بىلەن ساقلىنىپ قالغان. شۇنىڭ بىلەن بەزى سەيياھلار ۋە ئەلچىلەرنىڭ سالاھىيىتى تەدرىجىي روشەنلىشىشكە باشلىغان. بۇ ساھەدىكى نۇرغۇن جاپالىق ئەمگەكـ
لەر گويې، توماسچېك، بارتولد ۋە ج. ماركۋاتلار تەرىپىدىن ئىشـ
لەندى. تېخىمۇ يېڭى مەلۇماتلارنىڭ كۆپلەپ بايقىلىشى بىلەن ئەـ
رەب ساياھەتچىسى تەمىم ئىبن بەھرۇل مۇتتەۋۋىنىڭ ساياھەت خاـ

تىرىسىگە قايتا باھا بېرىش مۇمكىنچىلىكى تۇغۇلدى.

بۇ ساياھەت خاتىرىسىنىڭ كۆپ قىسمى ياقۇتنىڭ جۇغراپىـ-
يەۋى ئەسىرىدە كەلتۈرۈلگەن نەقىللەردىن مەلۇم بولدى. بۇ ئۇ-
زۇندىلەر ئىبىن خۇردەزبىھ، ئىبنۇل فەقىھ، قۇدامە قاتارلىق
جۇغراپىيىشۇناسلارنىڭ تەمىمنىڭ ئەسلىي خاتىرىسىدىن ئالغان
نەقىللىرىنى ئېنىقلاشقا ئەسقاتسىمۇ، بىراق تۈرك قەبىلىلىرى-
نىڭ مۇرەككەپ، توختاۋسىز كۆچۈشلىرى تەمىمنىڭ ساياھىتى-
نىڭ مەقسىتىنى ئېنىقلاش ھەم ۋاقتىنى مۇقىملاشتۇرۇشتا قىـ-
يىنچىلىق تۇغدۇردى. 1923 - يىلى ئەھمەت زەكى ۋەلىدى توغان
مەشھەدتە ئىبنۇل فەقىھنىڭ «كىتابۇل بۇلدان» ناملىق ئەسىرى-
نى بايقىدى. بۇ كىتابنىڭ گويې 1885 - يىلى نەشر قىلدۇرغان
قىسمى پەقەت ئەسلىي قولىيازمىنىڭ قىسقارتىلمىسى ھەم تۈرك-
لەرگە ئائىت قىسمى بولۇپ، تەمىمنىڭ ئىسمىمۇ كۆزگە چېلىق-
مايدۇ. ئۇ مەشھەدتىن تېپىلغان قولىيازمىدەك تولۇق ئەمەس،
بىراق ئۇ بىر قىسىم قوشۇمچە خاتىرىلەرنى ئۆز ئىچىگە ئالغان.
ئۇنىڭدىكى نەقىللەر تەمىمنىڭ خاتىرىسىدىن ئېلىنغان بولۇپ،
ياقۇتنىڭ ئەسىرىگە قارىغاندا تەپسىلاتلار كۆپ. دەرۋەقە، نۇرغۇن
بايانلار تېكىست بىلەن بىرلەشتۈرۈۋېتىلگەن بولۇپ، بىز ئۇلارنى
قوش تىرناق ئىچىدە ئالدۇق ۋە شۇ ئارقىلىق بۇلارنىڭ قولىمىز-
غا يېتىپ كېلىشتىن ئىلگىرىلا قىسقارتىلغان بايانلار ئىكەنلى-
كىنى ئەسكەرتتۇق.

11 - ئابزاس «ئۇ ئېيتىدۇكى...» دەپ باشلانغان. بۇنىڭدىن
شۇنى پەرەز قىلىشقا بولىدۇكى، تەمىمنىڭ خاتىرىسىنىڭ ئەسلىي
نۇسخىسى بىرەر ھۆكۈمەت ئەمەلدارى ياكى ئالىمنىڭ سوئاللىرى-
غا بېرىلگەن جاۋاب بولسا كېرەك.

ئۆزئارا مۇناسىۋەتلىك بۇ مەنبەلەر ياقۇتنىڭ ئەسىرىدە تىلغا
ئېلىنغاندا «بارسخان» دېگەن نام خاتا ھالدا «نوشجان» دەپ يېزىـ-
لىپ قالغان. بۇنداق خاتا يېزىش ھادىسىسى ھازىرغىچە بايقالغان
ئەسەرلەرنىڭ ھەممىسىدىلا ئۇچرايدۇ. پەقەت مۇقەددەسى، گەردى-

ـزى، مەھمۇد كاشغەرىيلەرنىڭ ئەسەرلىرى ۋە «ھۇدۇدۇل ئالەم» دە «بارسخان» دەپ توغرا ئېلىنغان.
تەمىمنىڭ خاتىرىسىنىڭ يېڭىدىن نەشر قىلىنىشى بىلەن، مەركىزىي ئاسىيادىكى قەدىمكى ئۇيغۇر خانلىقىغا ئالاقىدار بىر-مۇنچە تەپسىلاتلارنى قايتا ئۆزگەرتىش مۇمكىنچىلىكى تۇغۇلدى. تۆۋەندىكى ناھايىتى مېغىزلىق ۋە مۇھىم پاكىتلار ئوقۇرمەنلەر ئۈچۈن ناھايىتى مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە.
ئەڭ دەسلەپكى خانلىق تۈرك نامى بىلەن ئاتالغان بولۇپ، 552 ـ قۇرۇلغان. كېيىن تېزلا ئىككى خانلىققا بۆلۈنۈپ كەتـ-كەن. شەرقىي تۈركلەر ئورخۇن ۋادىسىدا، غەربىي تۈركلەر ئېـر-تىش بىلەن تالاس ئارىلىقىدا ھاكىمىيەت قۇرغان. غەربىي تۈرك-لەر 10 قەبىلە بولۇپ، ئىككى گۇرۇھ (بۇلۇ ۋە نۇشىبى) ئىدى، غەربىي تۈركلەر باشتا ساسانىيلارنىڭ، كېيىن ۋىزانتىيىلىكلەر-نىڭ ئىتتىپاقچىسىغا ئايلانغان. غەربىي تۈركلەر بىر مەزگىل ئۆز قېرىندىشى بولغان شەرقىي تۈركلەرنى غەربىي تەرەپتىن قوغدىغان. 689 ـ يىلى شەرقىي تۈركلەرنىڭ رەھبەرلىكىدە قايـ-تا تۈركلەر ئىتتىپاقى قۇرۇلغان. 744 ـ يىلى شەرقىي تۈرك خانلىقى ئۇيغۇرلار باشچىلىقىدىكى ئۈچ قەبىلىدىن تۈزۈلگەن ئىتتىپاق تەرىپىدىن ۋەيران قىلىندى. ئۇيغۇر خانلىقى 840 ـ يىلغىچە مەۋجۇت بولدى. ئۇيغۇرلارنىڭ قالدۇق قىسمى ئاساسلىق غەربكە كۆچۈپ ئىككى خانلىق بەرپا قىلدى. بۇلارنىڭ بىرى گەنـ-سۇ (847 ـ يىلى) دا، يەنە بىرى 866 ـ يىلى تۇرپاندا قۇرۇلدى.
شۇنىڭ بىلەن بىرگە غەربىي تۈركلەرنىڭ كونا تەركىبىي قىسمى بولغان ھەرقايسى قەبىلىلەر دەسلەپ تۈركەشلەرنىڭ (706 ـ يىلدىن باشلاپ)، كېيىن قارلۇقلارنىڭ (766 ـ يىلدىن باشلاپ) رەھبەرلىكىنى قوبۇل قىلدى.

**2. تەرجىمىسى**

1. تەمىم ئىبن بەھرۇل مۇتتەۋئىنىڭ بايان قىلىشىچە، ئۇلار

(تۈركلەر)نىڭ دۆلىتى بەكلا سوغۇق بولۇپ، بىر يىل ئىچىدە پەقەت ئالتە ئايلا سەپەر قىلىشقا بولىدىكەن. ئۇنىڭ ئېيتىشىچە، ئۇ توققۇز ئوغۇزخانلىقىغا قاغان ئەۋەتكەن ئاتقا مىنىپ كېچە ـ كۈندۈز يول يۈرۈپ، ناھايىتى جاپالىق سەپەرنى باشتىن كەچۈرگەن. ئۇ بۇلاق ۋە كۆل ـ چېچەكلەر تولۇق بولسىمۇ، لېكىن نە يېزا ۋە شەھەر بولمىغان يايلاقتا 20 كۈن سەپەر قىلغان. بۇ يەردە پەقەت توشۇش خىزمىتىگە مەسئۇل ئاز ساندىكى كىشىلەرلا چېدىرلاردا تۇرىدىكەن. ئۇ 20 كۈنلۈك ئۇزۇق ئېلىۋالغان بولۇپ، ئۇ بۇ دۆلەتنىڭ ئەھۋالى ۋە بۇ سەپەرنىڭ 20 كۈنلۈك يايلاق سەپىرى ئىكەنلىكىنى بىلىدىكەن. شۇ 20 كۈنلۈك يايلاق سەپىرىدىن كېيىن، يەنە بىر ـ بىرىگە تۇتىشىپ كەتكەن كاتتا ئىمارەتلىك يېزىلارنى ئارىلاپ ئىككى كۈن يول يۈردى. بۇ يەردىكىلەرنىڭ ھەممىسى ياكى كۆپ قىسمى تۈركلەر بولۇپ، بۇلارنىڭ ئارىسىدا ئوتقا چوقۇنىدىغانلار (مەجۇسىيلەر) ۋە زىندىق دىنىغا ئېتىقاد قىلىدىغانلار بار ئىكەن. شۇنىڭدىن كېيىن ئۇ قاغان ئوردىسىغا يېتىپ باردى.

2. ئۇنىڭ بايان قىلىشىچە، ئۇ شەھەر ناھايىتى چوڭ، شۇنداقلا تېرىقچىلىقى تەرەققىي قىلغان بولۇپ، ئۇنىڭ ئەتراپى ناھايىتى ياخشى ۋە بولۇق ئۆسكەن رۇستاق (رساتىيق) لار بىلەن ئورالغان. يېزىلىرى بىر ـ بىرىگە تۇتىشىپ كەتكەن. بۇ شەھەرنىڭ ناھايىتى چوڭ 12 تۆمۈر دەرۋازىسى بار ئىكەن. شەھەر ئادەم كۆپ، قىستاڭچىلىق بولۇپ، بازارلىرى ھەم ھەرخىل تىجارەتلىرى بەكمۇ روناق تاپقانىكەن. شەھەر خەلقىنىڭ كۆپىنچىسى زىندىق دىنىغا ئېتىقاد قىلىدىكەن.

3. ئۇ بۇ شەھەرنىڭ چىن بىلەن بولغان ئارىلىقىنى 300 فەرسەخ دەپ مۆلچەرلىگەن بولسىمۇ، لېكىن ئۇ يەنە «بۇنىڭدىنمۇ ئۇزۇن بولۇشى مۇمكىن»، دەپ قوشۇپ قويغان.

4. ئۇ مۇنداق دەيدۇ: توققۇز ئوغۇز قاغانى تۇرىدىغان شەھەرنىڭ ئوڭ (جەنۇب) تەرىپى باشقىلار بىلەن زادىلا بېرىش ـ كې-

لىش قىلمايدىغان تۈركلەر زېمىنىدۇر. ئورداباللىق (پايتەخت) نىڭ سول تەرىپىدە كىماكلار، ئالدى تەرىپىدە چىن دۆلىتى بار.

5. ئۇنىڭ ئېيتىشىچە، ئۇ قاغاننىڭ شەھىرىگە بەش پەرسەخ كېلىدىغان جايدا قاغاننىڭ ئالتۇندىن ياسالغان چېدىرىنى كۆرگەن. بۇ چېدىر سېپىل ئۈستىگە قۇرۇلغان بولۇپ، ئۇ 100 ئادەم سىغقۇدەك چوڭلۇقتا ئىكەن.

6. ئۇنىڭ يېزىشىچە، توققۇز ئوغۇز خانلىقىنىڭ قاغانى چىن پادىشاھى بىلەن قۇدىلىشىش ئارقىلىق تۇغقاندارچىلىق ئورناتقان بولۇپ، چىن پادىشاھى توققۇز ئوغۇز خانلىقىغا ھەر يىلى 500 مىڭ توپ يىپەك ئەۋەتىپ بېرىدىكەن.

7. ئۇ يەنە يۇقىرى نوشجان (بارسخان) بىلەن شاش (تاشكەنت) نىڭ ئارىلىقىنى تارازدىن ماڭغاندا كارۋان سەپىرى ئۈچۈن 40 كۈنلۈك يول بولۇپ، ئۇ بۇ ئارىلىقنى ئاتلىق بىر ئايدا بېسىپ ئۆتكەنلىكىنى بايان قىلىدۇ.

8. ئۇنىڭ ئېيتىشىچە، يۇقىرى بارسخاندا تۆت چوڭ شەھەر ۋە تۆت كىچىك شەھەر بار ئىكەن. ئۇنىڭ پەرىزىچە، ئەسكەرلەر كۆل بويىغا جايلاشقان بىر شەھەرگە ئورۇنلاشقان بولۇپ، بۇ يەردە تولۇق قوراللانغان 20 مىڭ چەۋەنداز بار ئىكەن. تۈرك قەبىلىلىرى ئىچىدە ئۇلاردىن كۈچلۈكلىرى يوق بولۇپ، ئەگەر ئۇلار قارلۇقلار بىلەن ئۇرۇشقىدەك بولۇپ قالسا، ئۇلارنىڭ 100 ى قارلۇقلارنىڭ 1000 ئەسكىرىگە تېتىيدىكەن.

9. ئۇنىڭ ئېيتىشىچە، بۇ كۆل تۆت بۇلۇڭ شەكىللىك بولۇپ، ئەتراپىنى ئېگىز تاغلار قورشاپ تۇرىدىكەن. بۇ تاغلاردا ھەر خىل دەرەخلەر ئېپىلىدىكەن. ئۇ: بۇ يەردە بىر شەھەرنىڭ خارابىسى بار ئىكەن، تۈركلەردىن بۇ شەھەرنىڭ كىملەر تەرىپىدىن قۇرۇلغانلىقىنى، بۇ يەردە كىملەرنىڭ ياشىغانلىقىنى، ئۇنىڭ قاچان خارابىلىككە ئايلانغانلىقىنى بىلىدىغان بىرمۇ كىشىنى ئۇچرىتالمىدىم، دەيدۇ. بۇ جايدا بىر دەريا بار بولۇپ، ئۇ شەھەرنى كېسىپ ئۆتىدىكەن. ھېچكىم بۇ دەريانىڭ ئاستىغا شۇڭغۇپ كىر-

رەلمەيدىكەن. ئۇ: «مەن بۇ دەريادا ھېچقانداق كۆرۈپ باقمىغان تۈرلۈك سۇ ھايۋانلىرىنى كۆردۈم. مەن يەنە باشقا دۆلەتلەردە ئۇچرىتىپ باقمىغان قۇشلارنى كۆردۈم»، دەيدۇ. ئۇ يەنە: «شۇ جايغا يېقىن بولغان يېزا ـ شەھەر خەلقى ھەم بارسخانلىقلار ھەر يىلى ئەتىيازدا دىنىي مۇراسىم ئۆتكۈزۈپ بۇ جايىنى تاۋاپ قىلىدـ شىدۇ»، «كۆلگە تىبەت، توققۇز ئوغۇز ھەم كىماك تەرەپتىن بوـ لۇپ چوڭ ـ كىچىك 150 ئېقىننىڭ سۈيى قۇيۇلىدىكەن»، دەيدۇ.

10. ئۇنىڭ ئېيتىشىچە، ئۇنىڭ ئۇزۇنلۇقى تۆگىلىك 40 كۈنلۈك يول بولۇپ، ئاتلىق توختىماي ماڭسا بىر ئايدا بېسىپ بولالايدىكەن.

11. ئۇنىڭ بايان قىلىشىچە، ئۇ توققۇز ئوغۇز قاغانىنىڭ ئوردىسىغا قوشنا بولغان شەھەرگە تىكىلگەن قاغان ئوردىسىغا كەلگەندە، توققۇز ئوغۇزلارنىڭ پادىشاھىنى كۆرگەنلىكىنى ۋە ئۇلارنىڭ ئەسكەرلىرىنى پەرەز قىلىپ كۆرگەنلىكىنى ئېيتىدۇ. ئۇنىڭ ئوردىسى ئەتراپىدا باشقا نەرسىلەرنى تىلغا ئالمىغاندا 12 مىڭ ئەسكەر بار. ئۇنىڭ دېيىشىچە، ئۇندىن باشقا 17 ئاتامان بوـ لۇپ، ھەر بىرىنىڭ قولىدا 1300 ئەسكەر بار ئىكەن، ھەر ئىككى ئاتامان قارارگاھى ئارىلىقىدا بىردىن قاراۋۇللۇق ئورنى بار ئىدـ ىكەن. ئاتامانلار بىلەن قاراۋۇللۇق ئورنى بىر – بىرىگە تۇتاش بوـ لۇپ، چەمبەر ھالىتىنى شەكىللەندۇرگەنىكەن. بۇ چەمبەرسىمان شەكىلدىن ئەسكەرلەرگە قارىتىلغان يۆنىلىشتە تۆت قوۋۇق ئېـ چىلغانىكەن. ئۇنىڭ ئېيتىشىچە: قاغان ۋە ئەسكەرلەرنىڭ بارلىق مال ـ چارۋىلىرى قاغان ئوردىسى بىلەن سانغۇنلارغا تەئەللۇق يەرلەر ئارىلىقىدا يايلايدىكەن. بىرمۇ ھايۋان بۇ يەردىن قېچىپ چىقىپ كېتەلمەيدىكەن.

12. ئۇنىڭدىن كىماكلارغا بارىدىغان يول ھەققىدە سورىساق، ئۇ مۇنداق دېدى: تارازدىن[3] kiwakib دەپ ئاتىلىدىغان ئىككى يېزىغىچە بولغان ئارىلىق بەكمۇ ئاۋات ھەم ئاھالىسى كۆپ جاي ئىكەن. تارازدىن باشلاپ ئۇلارنىڭ ئارىلىقى يەتتە پەرسەخ كېلىدـ

ىدىكەن. بۇ جايدىن كىماك خانلىقىغىچە تېز ماڭسا ئاتلىق 80
كۈنلۈك سەپەر ئىكەن. بۇ جايدا قۇملۇق، ئوتلاق ۋە تۇزلەڭلىكلەر
كۆپ بولۇپ، ئوتلىرى بولۇق، بۇلاقلىرى كۆپ ئىكەن. بۇ جاي
كىماكلارنىڭ يايلىقى بولۇپ، ئۇ يەنە مۇشۇ يەردىن ئۆتۈشىدە پا-
دىشاھ ھەم ئۇنىڭ ئەسكەرلىرىنىڭ چېدىرلىرىنى ھەمدە قوشنا
يېزىلارنىڭ ھەشەمەتلىك قۇرۇلۇشلىرىنى كۆرگەنلىكىنى ئېيتىد-
ىدۇ. پادىشاھ بىر جايغا بارماقچى بولسا، يايلاقنى بويلاپ ماڭىدى-
كەن. پادىشاھنىڭ چارۋىلىرى ھەددى - ھېسابسىز كۆپ ئىكەن.
20 مىڭچە ئاتلىق ئەسكىرى بار ئىكەن[4].

13. ئەبۇل فازىل ۋاسجىردىنىڭ بايان قىلىشىچە، ھارۇن رە-
شىد زامانىدا (786 — 809) توققۇز ئوغۇزلار قاغانى ئىككى قې-
تىم چىنىغا لەشكەر تارتقان[5]، مۇنداق ئىش ئەل مەھدى زامانى
(685 - 775 ) دىمۇ يۈز بەرگەن. بۇ ئۇرۇش ئۇسرۇشان بىلەن
سەمەرقەنتكە يېقىن جايدا يۈز بەرگەن. سەمەرقەنت نائىبى ئۇنىڭ
بىلەن بىرنەچچە مەيدان ئۇرۇش قىلغان. بەزى ئۇرۇشلار ناھايىتى
دەھشەتلىك بولغان. ئاللاھ سەمەرقەنت ھۆكۈمرانىغا نۇسرەت ئا-
تا قىلغان. ئۇ رەقىبلىرى ئۈستىدىن غەلىبە قىلىپ، نۇرغۇن
ئادىمىنى ئۆلتۈرگەن. ئېيتىشلارغا قارىغاندا، ئۇ چىنىنىڭ ئاتلىق
ۋە پىيادە بولۇپ 600 مىڭ ئادىمىنى ئەسىر ئالغانىكەن. مۇسۇل-
مانلار ناھايىتى كۆپ ئولجا ئالغان بولۇپ، بەزىلەرنى ھەتتا بالى-
لىرى بىلەن قوشۇپ ئەسىر ئالغان. ئۇلار سەمەرقەنتتە قەغەز
ھەم ھەر خىل ھەربىي لازىمەتلىكلەرنى ياسىغان. بۇ نەرسىلەر
پۈتكۈل خوراسان بويىچە يالغۇز سەمەرقەنتتىلا ئىشلەپچىقىرىل-
غان.

14. تۈرك ئېلىدە يامغۇر، قار ۋە سوغۇق تىلىگەندە ئىشلى-
تىلىدىغان تاشلارنى كۆرۈپ ھەيران قالدىم. بۇ تاش ھەققىدىكى
رىۋايەتنى ھەممە كىشى بىلىدىكەن. بۇنداق ئادەت ناھايىتى كەڭ
تارقالغان بولۇپ، ھېچقانداق تۈرك ئۇنى ئىنكار قىلمايدىكەن. بۇ
تاشلار ئاساسلىقى توققۇز ئوغۇز قاغانىدىلا بولۇپ، باشقا تۈرك

قاغانلىرىدا مۇنداق تاش بولمايدىكەن.

15. ئەبۇ ئابدۇللا ئەل ھۇسەيىن بىننى ئۇستازۋىيە ئۆزىنىڭ ئەبۇ ئىسھاق ئىبراھىم بىننى ئەل ھەسەندىن، ھىشام بىننى لوھراسىپ ئەل سائىبۇل كەلبىدىن، ئەبۇمەلىھتىن، ئىبنى ئابباستىن ئاڭلىغانلىرىنى مۇنداق رىۋايەت قىلىدۇ: ئىبراھىم ھايات ۋاقتىدا سارا ئۆلۈپ كەتكۈچە ئۇنىڭدىن باشقا بىرسىگە ئۆيلەنمەيدۇ. سارا ئۆلۈپ كەتكەندىن كېيىن، ساپ ئەرەب قان سىستىمىسىدىن بولغان فەنتۇرابىنىت مەقتۇر ئىسىملىك بىر ئايالغا ئۆيلىنىپتۇ. ئۇلار ساياھەت قىلىپ خۇراسانغا كەلگەندە، شۇ يەرگە ماكانلىشىپ كۆپىيىپتۇ ھەمدە ئۆزىگە قارشى چىققانلارنى باستۇرۇپتۇ. بۇ ھېكايە نوھنىڭ ئوغلى يافەسنىڭ ئەۋلادىدىن بولغان ئوغۇل قازارغا يېتىپتۇ. ئۇ ئۆزىنى ئۇلارغا بېغىشلاپ ئۇلار بىلەن ئەھدى تۈزۈپتۇ ۋە تويلىشىپتۇ. بەزىلىرى ئۇلار بىلەن تۇرۇپ قاپتۇ، قالغانلىرى ئۆز دۆلىتىگە قايتىپتۇ.

## 3. شەرھى

### 1) توققۇز ئوغۇزلار

تەمىمنىڭ توققۇز ئوغۇزلارغا قىلغان ساياھىتى توغرىسىدىكى خاتىرىنى بىرقانچە نۇقتا بويىچە مۇلاھىزە يۈرگۈزمەي تۇرۇپ تولۇق چۈشەنگىلى بولمايدۇ.

توققۇز ئوغۇز دېگەن نام ئەڭ دەسلەپتە ئورخۇن ئابىدىلىرىدە ئۇچرايدۇ. بىراق، بۇ نام قاغاننىڭ ئۆز قەبىلىسى قاتارىدا تىلغا ئېلىنمايدۇ. شەرقىي تۈرك خانلىقىنىڭ قاغانلىرىغا دائىر ئوخشاش مەزمۇندىكى ئىككى مەڭگۇ تاش ۋە تونيۇقۇق مەڭگۇ تېشى (720 ـ يىلى) دا «تۈرك» ئاتالغۇسى ھۆكۈمرانغا ۋە ئۇنىڭ خەلقىگە قارىتا ئىشلىتىلگەن. تۆۋەندىكى نەقىلدىن ئومۇمىي ئەھۋالنى كۆرۈۋېلىش مۇمكىن. قاغان مۇنداق دەيدۇ: «تۈركەش قاغان ئۆز تۈركلىرىمىدىن ئىدى»، ئۇ يەنە توققۇز ئوغۇزلارنى «ئۆز خەلقىم ئىدى» دېگەن. بىراق، تۈرك قاغانى ئۆز لەشكەرلىرى-

رىنى باشلاپ، ئون ئوقلارغا قارشى تۇرغان. ئون ئوقلار بولسا تۈركەش قاغانىنىڭ خەلقى ئىدى. ئۇلار شۇنداقلا توققۇز ئوغۇزلار-غىمۇ قارشى تۇرغان. تۇنيۇقۇقنىڭ بايانىدا تۈركەش قاغان ئۆزد-نى «بىز ئوغۇزلار» دەيدۇ ھەم تۈركلەرگە قارشى تۇرۇشنى پىلانلايدۇ. تۇنيۇقۇق مەڭگۇ تاشنى بىلگەقاغاننىڭ «تۈرك ۋە ئو-غۇزلار» ئۈستىدىن ھۆكۈمرانلىق يۈرگۈزگەنلىكىنى مەدھىيلەش بىلەن ئاخىرلاشتۇرغان.

بۇ نەقىللەر تۈركلەرنىڭ ئىتتىپاقىنى، ئون ئوقلار، توققۇز ئوغۇزلار ھەم ئوغۇزلارنىڭ تۈركلەرنىڭ شىمالىدا ياشىغانلىقىنى كۆرسىتىدۇ. بىراق، بۇ گۇرۇپپىلار سىياسىي جەھەتتە بىرلىككە كەلمىگەن ياكى پارچىلىنىپ كەتمىگەن. شۇ نەرسە ناھايىتى ئېنىقكى، توققۇز ئوغۇز نامى يا شەرقىي تۈركلەر ئىت-تىپاقىنىڭ يادروسى بولغان «تۈرك»لەرنى كۆرسەتمىگەن، يا غەر-بىي تۈركلەر ئىتتىپاقىنىڭ نامى بولغان «ئون ئوقلار»نى كۆر-سەتمىگەن. بۇ چاغدا ئون ئوقلارغا تۈركەشلەر رەھبەرلىك قىلات-تى، ئۇزاق ئۆتمەي ئازلارنىڭ يېڭى ئىتتىپاقى بارلىققا كەلگەن.

2. 740 ـ يىلى ئورخۇن ۋادىسىدىكى تۈركلەرنىڭ ئورنىنى ئۇيغۇرلار ئىگىلىدى. بۇ يېڭى ئىتتىپاق ئەسلى تۆلەس ئىتتىپا-قىغا مەنسۇپ بولۇپ، سېلىنگا ۋادىسىدا ئىلتەبىرنىڭ ھۆكۈمرات-لىقىدا ياشىغان.

ئۇيغۇر مەڭگۇ تاشلىرى تۈرك مەڭگۇ تاشلىرىغا قارىغاندا ياخشى ساقلانمىغان. ئۇيغۇرلارنىڭ تۇنجى قاغانىغا مەنسۇپ ناھا-يىتى قىممەتلىك مەڭگۇ تاشتا تۈركلەرنىڭ ئاخىرقى قاغانى ئوز-مىش ئۈستىدىن غەلىبە قازانغانلىقىغا دائىر بايانلارنىڭ بىرنەچ-چە قۇرى بۇزۇلۇپ كەتكەن. سۇجى مەڭگۇ تېشىدىكى بايانلار ئاي-رىم شەخسلەرگە مۇناسىۋەتلىك بولۇپ، ئۇنىڭ 740 ـ يىلدىن كېيىنكى ۋاقىتلارغا تەئەللۇقلۇق ئىكەنلىكى ئېھتىمالغا يېقىن. كىشىنىڭ دىققىتىنى ھەممىدىن بەك تارتىدىغىنى، 821 ـ يىلدىن كېيىن تىكلەنگەن مەڭگۇ تاش بولۇپ، ئۇنىڭدا ئۇيغۇرلارنىڭ ئۆز

ئېتىقادىنى مانى دىنىغا ئۆزگەرتكەنلىكى بايان قىلىنغان. مەڭگۈ تاشنىڭ خەنزۇچە قىسمىدىمۇ بۇنىڭغا مۇناسىۋەتلىك ئاز ـ تولا بايانلار بار. مەڭگۈ تاشنىڭ سوغدىچە قىسمىدىكى بايانلارنىڭمۇ بەزى مەزمۇنلارنى ئېنىقلاشقا پايدىسى بار. بىراق، مەڭگۈ تاشـ ـنىڭ تۈركچە يۈزى پايدىلانغىلى بولمىغۇدەك دەرىجىدە بۇزۇلۇپ كەتكەن.

شىنە ئۇسۇ مەڭگۈ تېشىدا قاغان ئۇيغۇر ۋە توققۇز ئوغۇزلار ـ نى تىلغا ئالىدۇ ھەمدە قاغان توققۇز ئوغۇزلارنى ئۆز خەلقىم، دەيدۇ. ئۇ يەنە تۈركلەرنى يوقاتقانلىقىنى ئېيتىدۇ. باشقا بايانلاردا ئون ئوقلارغا قوشۇلۇپ كەتكەن ئۈچ قارلۇق خەلقى؛ سەككىز ئو ـ غۇز ۋە ئوتتۇز تاتارلار؛ توققۇز ئوغۇزلار، چىكلارغا تۇتۇق بەلگىـ ـلەش؛ تۈركەشلەر ۋە قارلۇقلار؛ جۇڭگودىكى ئوغۇز تۈركلىرى؛ چىگىل ھەم قارلۇق تۇتۇقلىرى؛ تۈركەشلەرگە قوشۇلۇپ كەتكەن قارلۇقلار؛ ئۈچ قارلۇق؛ ئۈچ تۇغلۇقلارنىڭ مەغلۇپ بولۇشى قا ـ تارلىقلار تىلغا ئېلىنىدۇ.

بۇ تىزىملىكتىن شۇ نەرسە كۆرۈنۈپ تۇرۇپتۇكى، ئون ئۇيـ ـغۇر ئىتتىپاقى بىلەن توققۇز ئوغۇزلارنىڭ پەرقى بار. ھەيران قالارلىقى شۇكى، ئۇيغۇرلار شۇ مەزگىلدە ئون قەبىلىدىن تەشكىل تاپقان بولسىمۇ، خەنزۇچە مەنبەلەردە پەقەت توققۇز ئۇيغۇر قەبىـ ـلىسىلا تىلغا ئېلىنىدۇ. بىز يەنە ئۇيغۇر قاغانىنىڭ ئۆز ئەجدادلىـ ـرى بولغان تۈرك قاغانىغا ئوخشاش، توققۇز ئوغۇزلارنى ئۆزلىرىـ ـگە تەۋە خەلق دەپ ئېيتقانلىقىنى كۆرىمىز. شۇڭلاشقا، توققۇز ئوغۇزلارنى ئۇيغۇرلارمۇ، تۈركلەرمۇ ئۆزلىرىگە تەۋە دەپ قارايدىـ ـغان ئارىلىقتىكى بىر ئىتتىپاق بولۇشى مۇمكىن دېگەن ئېھتىـ ـماللىقنى چەتكە قاقالمايمىز.

پاكىتلار ئورخۇن ۋادىسىنىڭ قەبىلە تۈزۈلۈشىنى ئېنىق بېكىتكىلى بولمايدىغانلىقىنى كۆرسەتمەكتە. ئۇنىڭ ئۈستىگە بۇ قەبىلە ۋە ئىتتىپاقلار كۆچمەن چارۋىچىلىق ئەمەلىيىتىگە ماس ھالدا ئۆز تەۋەلىكىنى ئۆزگەرتىپ تۇرغان.

16 ـ ئەسىردە ياشىغان راشىدىن «ئۇيغۇر ئېلى» ھەققىدىكى بايانىدا ئون دەريا بويىدا ئون ئۇيغۇرلار، توققۇز دەريا بويىدا توقـ-قۇز ئۇيغۇرلار ياشايدۇ، دەپ رىۋايەت قىلىدۇ. بۇلار شۈبھىسىز، شىنە ـ ئۇسۇ مەڭگۈ تېشىدا تىلغا ئېلىنغان ئىككى ئىتتىپاق ئىدى.

توققۇز قەبىلىدىن تۈزۈلگەن بۇ ئىتتىپاق ئەسلى ئۇيغۇرلار-نى يادرو قىلىپ تۈزۈلگەن بولۇپ، كېيىن ئۇيغۇر نامى پۈتكۈل ئىتتىپاقنىڭ نامى بولۇپ قالغان بولسا كېرەك. ئەپسۇسكى، بۇ پەرەز بىزدە نېمە ئۈچۈن ئۇيغۇر خانى بىرىنچى قېتىم ئون ئۇيـ-غۇرلارنى تىلغا ئالىدۇ، يەنە نېمە ئۈچۈن ئون ئۇيغۇر بىلەن توقـ-قۇز ئوغۇزلارغا پەرقلىق مۇئامىلىدە بولىدۇ دېگەن سوئالنى پەيدا قىلىدۇ. بۇنىڭغا تېخى قايىل قىلارلىق جاۋاپ تېپىلغىنى يوق.

ئىسلام مەنبەلىرىدە تۈركلەرنىڭ مەركىزىي ئاسىيادىكى كۆ-رەشلىرى ھەققىدە تەپسىلىي خاتىرىلەر قالدۇرۇلغان. ئەڭ دەس-لەپكى مەنبەلەردە پەقەت «تۈرك» نامىلا تىلغا ئېلىنغان. تەبەرىنىڭ بۈيۈك تارىخىي ئەسىرىدە بۇ نام 1 ـ بۆلۈمدە 74 قېتىم، 2 ـ بۆ-لۈمدە 121 قېتىم، 3 ـ بۆلۈمدە 111 يەردە تىلغا ئېلىنىدۇ. تەبەرى پەقەت بىرلا يەردە (3 ـ بۆلۈم 1044 ـ بەتتە) بۇ نامنى توققۇز ئوغۇز دەپ تىلغا ئالىدۇ. ئۇنىدىن باشقا مەشھۇر تارىخچى ياقۇبى (ئۇ خۇراسان ھەم ماۋەرائۇننەھرنىڭ ئەھۋالى توغرىلىق مول مەلۇماتقا ئىگە كىشى ئىدى) توققۇز ئوغۇز دېگەن نامنى 809 ـ 810 ـ يىللارغا مەنسۇپ بايانلىرىدا بىر قېتىم، 806 ـ يىلدىن كېيىنكى مەزگىللەرگە ئائىت بايانلىرىدا بىر قېتىم بولۇپ، جەمئىي ئىككى قېتىم تىلغا ئالىدۇ. بىز بۇ مەسىلىلەر توغرىـ-سىدا «خۇلاسە» دە مەخسۇس توختىلىمىز. بۇ جايدىكى توققۇز ئو-غۇز نامى ھەققىدىكى مۇھىم پاكىت ئەسلىي مەنبەسىنىڭ قەيەر بولۇشىدىن قەتئىينەزەر، دىققىتىمىزنى ئۆزىگە تارتىدۇ. ئۇيـ-غۇرلار ئورخۇن ۋادىسىدا قۇدرەت تاپقاندا، بۇ نام مۇسۇلمان ئاپـ-تورلارنىڭ تارىخنامىلىرىگە سىڭىپ كەتكەنىدى.

كېيىنكى مەزگىللەردە، ئىسلام مەنبەلىرىدە تىلغا ئېلىنغان توققۇز ئوغۇزلار، روشەنكى ئۇيغۇرلارنىڭ گەنجۇ رايونلىرىدا قۇرغان يېڭى خانلىقلىرىنى كۆرسىتىدۇ.

مەسئۇدىنىڭ ئەسىرىدىكى ئىككى بۆلەك مەزمۇن ئالاھىدە دىققىتىمىزنى تارتىدۇ: مەسئۇدى ئالدى بىلەن ياپەسنىڭ ئەۋلادلىرىنى ساناپ كېلىپ: «ئۇلار تۈركلەر، قارلۇقلار ھەم توققۇز ئوغۇزلاردۇر. ئۇلار كېيىن قوچو شەھىرىنىڭ ھۆكۈمرانلىرى بولۇپ قالغان. بۇ خانلىق خۇراسان بىلەن جۇڭگونىڭ ئارىلىقىغا جايلاشقان. بىزنىڭ دەۋرىمىزدە (943 ـ يىللىرى) تۈرك قەبىلىلىرى ھەم تۈركلەر ئىچىدە توققۇز ئوغۇزلاردەك باتۇر، ئۇلاردەك قۇدرەتلىك ھەم ئۇلاردەك مۇستەھكەم دۆلەت باشقۇرىدىغانلار يوق. ئۇلارنىڭ قاغانى ئۇيغۇر قاغان بولۇپ، مانى دىنىغا ئىشىنىدۇ. ئۇلارنىڭ ئەتراپىدا مانى دىنىغا ئىشىنىدىغان باشقا تۈركلەر يوق. باشقا تۈركلەردىن كىماكلار، بارسخانلىقلار، ئەل بدىيا⑥، ئەل جغرىيە⑦لەر بار. بۇلارنىڭ ئارىسىدىكى غۇزلار ئەڭ كۈچلۈك. قارلۇقلار قەددى قامەتلىك ھەم گۈزەل كېلىدۇ. ئۇلار پەرغانە ھەم شاش رايونىدا ۋە بۇ يەرگە يېقىن جايلاردا ياشايدۇ. ئۇلار (قارلۇقلارنى ئەمەس، تۈركلەرنى كۆرسەتسە كېرەك) نىڭ خانلىقى بار بولۇپ، ئۇلارنىڭ قاغانى قاغانلارنىڭ قاغانى ھېسابلىناتتى. ئۇ باشقا تۈرك خانلىقلىرىنى بىرلەشتۈرگەن ھەم بۇ خانلار ئۇنىڭغا بويسۇنغان. بۇ خانلارنىڭ بىرى بولغان ئاپراسىياپ تۈرك بولۇپ، پارسلار ئۈستىدىن غەلىبە قىلغان. بۇلاردىن باشقا يەنە شابا ئىسىملىك بىر خان ئۆتكەن. بىزنىڭ دەۋرىمىزدە تۈركلەرنىڭ نە خانى، نە ئۇ خانغا بېقىنىدىغان باشقا خانلار قالمىدى.

بارتولد بىلەن ماركۋارت تەمىمنىڭ ساياھەت خاتىرىسىدىن ئېنىق خۇلاسىگە كېلەلمىدى. ماركۋارت دەسلەپ خۇردەزبىھ ئورخۇن ۋادىسىدىكى توققۇز ئوغۇزلارنى تىلغا ئالغان دېگەن پىكىرنى قۇۋۋەتلەپ، كېيىن يەنە تەمىم زىيارەت قىلغان توققۇز ئوغۇزلار پايتەختى قوچونى كۆرسىتىدۇ، دەپ مۇئەييەنلەشتۈرىدۇ.

بارتولد دەسلەپ (1897 ـ يىلى) تەمىمنىڭ ساياھىتىنى 9 ـ ئەسىردىن كېيىن ئەمەس، دېگەنىدى. بارتولد «ھۇدۇدۇل ئالەم» دىكى ۋە ئىدرىسىنىڭ ئەسىرىدىكى بايانلارغا ئاساسلىنىپ توققۇز ئوغۇزلار پايتەختىنى شەرقىي تەڭرىتاغ ئەتراپلىرىدىن ئىزدەشنى ئېيتىدۇ. 1926 ـ يىلى ئۇ تەمىمنىڭ ساياھىتى 760 ـ يىلدىن بۇرۇنقى ياكى 9 ـ ئەسىردىن كېيىنكى مەزگىللەرگە توغرا كېلىشى مۇمكىن دېگەن پەرەزنى ئوتتۇرىغا قويىدۇ. مەن «ھۇدۇدۇل ئالەم» گە بەرگەن ئىزاھاتىمدا ياقۇتنىڭ تەمىمنىڭ ساياھەت خاتىرىسىدىن ئالغان نەقىلنى ئىبن خۇردەزبىھ، قۇدامە ۋە ئەبۇ دۇلەفلەرنىڭ ئەسەرلىرىدىكى ئوخشىشىپ كېتىدىغان نەقىللەر بىلەن بىرلەشتۈرۈپ ئانالىز قىلغانىدىم. بەزى تەخمىنلەر بىلەن مەن تەمىم زىيارەت قىلغان پايتەختنىڭ بېشبالىق ئىكەنلىكىنى ئوتتۇرىغا قويغانىدىم. كېيىن زەكى ۋەلىدى تاپقان نۇسخىنىڭ فوتو نۇسخىسىنى تەكشۈرۈش ئارقىلىق توققۇز ئوغۇز ھۆكۈمرانلىرى بىلەن چىن پادىشاھلىرىنىڭ قۇدا ـ باجىلىق مۇناسىۋىتى ئورناتقانلىقىغا دائىر ئىنتايىن مۇھىم مەلۇماتقا ئىگە بولدۇم. شۇڭا بۇ يەردە ئىلگىرىكى قاراشنى ئۆزگەرتىش زۆرۈرىيىتى تۇغۇلدى.

توققۇز ئوغۇز دۆلىتىنىڭ پايتەختى 744 ـ يىلدىن 840 ـ يىلغىچە بولغان ئارىلىقتا ئورخۇن ۋادىسىدىكى قارابالغاسۇندا ئىدى. 840 ـ يىلدىن كېيىن ئۇيغۇرلارنىڭ بىر قىسمى تەڭرىتاغ رايونىغا كۆچكەندىن كېيىن، ئۇلار بېشبالىقنى يازلىق پايتەخت، قوچونى قىشلىق پايتەخت قىلدى.

تەمىم ئىبن بەھر، ياقۇت، قۇدامە ۋە جەيھانىيلارنىڭ توققۇز ئوغۇزلار ھەققىدىكى بايانلىرىنى تەھلىل قىلىش ئارقىلىق شۇنداق خۇلاسىگە كېلىشكە بولىدۇكى، توققۇزئوغۇزلار پايتەختىنىڭ ئۇدۇلىغا چىن شەھىرى جايلاشقان بولۇپ، ئارىلىقى 300 پەرسەخ (1800 كىلومېتىر) ياكى ئۇنىڭدىن كۆپرەك كېلىدۇ، دېگەن بايانلاردىن تەمىمنىڭ جۇڭگونى زىيارەت قىلمىغانلىقىنى،

بۇ يەردە پەقەت جۇڭگو ھەققىدە ئاڭلىغانلىرىنى ئىپتقانلىقىنى قىياس قىلىشقا بولىدۇ. ئىنىق قىلىپ ئىيتقاندا، بۇ ئارىلىق ئۇيغۇر پايتەختىنىڭ ھەر ئىككىلىسىگە ئىشلىتىلگەن. پاكىت شۇكى، گەردىزى چىنەنكەنت (قوچو) تىن تاڭ سۇلالىسىنىڭ پايتەختى قۇمدان (چاڭئەن) غىچە بولغان ئارىلىقنى 66 كۇنلۇك (تەخمىنەن 2000 كىلومىتىر) يول دىگەن. باشقىچە قىلىپ ئىيتقاندا، ئورخۇندىكى پايتەخت بىلەن چاڭئەن شەھرىنىڭ ئارىلىقى تەخمىنەن 1650 دىن 1700 كىلومىتىرغىچە بولۇپ، قۇشنىڭ ئۇچقان تەقدىردىمۇ تەمىم ئىيتقاندەك ئۇنچە تىز بىرىش مۇمكىن ئەمەس.

**2) توققۇز ئوغۇزلارنىڭ پايتەختى**

توققۇز ئوغۇز پايتەختىگە قوشنا كۆلنى تىلغا ئالغاندا، ئىپنىقكى، قۇدامەنىڭ خاتىرىسىدىكى مۇشۇ بۆلەك خاتا چۈشەنچىدۇر. بۇ جايدا پەقەت پادىشاھ ئوردىسىدىكى ئالتۇن چېدىرنىڭ ئۆزگىچە ئالاھىدىلىكىگە دائىر مەزمۇنلار تىلغا ئېلىنغان. مۇبادا قاغان چېدىرىنىڭ ئالتۇندىن ياسالغانلىقىنى جەزملەشتۈرەلىسەك بۇ پەرەز يۇت تىرەپ تۇرالايدۇ. ئۇنىڭ ئۈستىگە «تاڭنامە. قىرغىزلار تەزكىرىسى» دە ئاخىرقى ئۇيغۇر قاغانىنىڭ ئورخۇندىكى پايتەختىدە ئالتۇن چېدىرنىڭ بارلىقى تىلغا ئېلىنغان.

قىرغىز ھۆكۈمرانى بىلەن ئۇيغۇر قاغانى ئوتتۇرىسىدىكى 20 يىللىق ئۇرۇشتىن كىيىن، ئۆز غەلىبىسىگە ئىشەنگەن ئاجو (قىرغىز ھۆكۈمرانىنىڭ نامى): «سىلەرنىڭ مەھشەر كۇنۇڭلەر يىتىپ كەلدى، ئەمدى مەن سىلەرنىڭ ئالتۇن چېدىرىڭلارنى قولغا ئالىمەن، چېدىرىڭلارنىڭ ئالدىدا ئاتلىرىمنى چاپتۇرۇپ، تۇغ ـ ئەلەملىرىمنى لەپىلدىتىمەن»، دەپ ھەيۋە قىلغانىدى. ئاخىرى 840 ـ يىلى ئۇيغۇر قاغانى ئۆلتۈرۈلدى. ئۇنىڭ تېكىنلىرى تەـ رەپ ـ تەرەپكە پىتىراپ كەتتى. ئاجو ئۇيغۇر قاغانىنىڭ ئالتۇن چېدىرىنى كۆيدۈرۈۋەتتى. ئۇ نۇرغۇن بايلىق ۋە تەيخې مەلىكىنى

قولغا چۈشۈرۈپ، لاۋ تېغىنىڭ جەنۇبىدىكى ئۆز چېدىرىغا يۆتكەپ كەتتى.
تەمىم تىلغا ئالغان 12 تۆمۈر دەرۋازىلىق ۋە كۈنگۈرىلىك پاي-تەخت شەھرى بولسا بىپايان تېرىلغۇ يەرلەر ئارىسىغا جايلاشقان.
ئۇيغۇر خانلىقىنىڭ ئورخۇندىكى ئوردىسى تۇنجى قاغان تە-رىپىدىن ئورخۇن دەرياسى بىلەن بالىقلىغىنىڭ قوشۇلىدىغان جايد-غا قۇرۇلغان. ئۇنىڭ خارابىسى تەخمىنەن 2.5 × 7 كىلومېتىر كېلىدۇ. خان شەھرى ئۇنىڭ شىمالىدا بولۇپ، تەخمىنەن 200 × 450 مېتىر كېلىدۇ. ئۇنىڭغا يېقىن دەرۋازىنىڭ ئورنىنى ھېلىھەم پەرق ئەتكىلى بولىدۇ.
يۇقىرىدا ئېيتقىنىمىزدەك، كېيىنكى ئۇيغۇر خانلىقىنىڭ ئىككى پايتەختى بولۇپ، بېشبالىقنىڭ تاشقى سېپىلىنىڭ ئىچد-دىكى چاسا شەكىللىك رايون 1.820 × 1.965 كىلومېتىر چوڭ-لۇقتا بولۇپ، ئىچكى ئايلانما تام شەرقىي تامغا يانداش، قوچۇ شەھرىنىڭ خارابىسى ئەگرى - بۈگرى بولۇپ، دائىرىسى 1.820 × 1.820 كىلومېتىر كېلىدۇ، شەھەر مەركىزىدە قاغان تۇرى قەد كۆتۈرۈپ تۇرىدۇ. ھەر ئىككى پايتەخت ئاھالىسى كۆپ، يېرى مۇنبەت، گۈللەنگەن رايونغا جايلاشقان. ئەمما ھازىرقى سخېمىسىدىن قانچە دەرۋازىسىنىڭ بارلىقىنى بىلگىلى بولمايدۇ.
چۈشىنىكسىز بولغىنى، تەمىمنىڭ پايتەختكە يېتىپ بې-رىشتىن 20 كۈن (ياكى 25 كۈن) بۇرۇن «بىر - بىرىگە تۇتاش يېزىلار» نى بېسىپ ئۆتكەنلىكى ھەققىدىكى بايانلىرىدۇر. تۇرپان رايونىدا نۇرغۇن شەھەر ھەم يېزا ئىگىلىك مەركەزلىرى بار ئىد-دى. بىراق ئورخۇن ۋادىسىنىڭ يېزا ئىگىلىك ئەھۋالىنى بىلگى-لى بولمايدۇ. ئېھتىمال بەزى تېرىلغۇ يەرلەر قاغانغا بېقىنغان سوغدىلار ۋە خەنزۇلار تەرىپىدىن تېرىلغان بولسا كېرەك. تەمىم بەلكىم بەزى قاراۋۇللۇق ئورنىغا تەۋە جايلارنىمۇ تىلغا ئالغان بو-لۇشى مۇمكىن.
**3) دىنىي ئېتىقادى**

تەممىنىڭ دىنىي ئېتىقاد توغرىسىدىكى بايانلىرى چۈشىنىكسىز بولۇپ، ئاخىرقى 20 كۈنلۈك سەپەردە ئۇچراتقان كىشىلەرنىڭ بىر قىسمى مانى دىنىغا ئېتىقاد قىلىدۇ. پايتەختتە زىندىق دىنىغا ئېتىقاد قىلىدىغانلار كۆپ سانلىقنى ئىگىلەيدۇ. توققۇز ئوغۇزلارغا بېقىنغۇچىلار ئارىسىدا زوروئاستىر دىنىغا ئېتىقاد قىلغۇچىلارنىڭ بولۇشى ناتايىن. تەممىنىڭ تىلغا ئالغىنى ئېھتىمال بۇددىستلار ياكى تەبىئەتكە چوقۇنغۇچى تۈركىي قەبىلىلەر بولۇشى مۇمكىن. زىندىق دىنىغا ئېتىقاد قىلغۇچىلار ھەققىدە بىزدە ئىشەنچلىك ئاساس بار. مۇسۇلمانلار ئادەتتە ئۇلارنى مانى مۇرىتلىرى دەپ ئاتايدۇ. ئۇيغۇر خان بۇ دىنىنى قوبۇل قىلىشتىن خېلى بۇرۇنلا (ئۇ 763 ـ يىلى لوياڭدا تۇرۇشتىن خېلى بۇرۇن) بۇ دىن تۈركلەر ئىچىدە ئومۇملاشقان بولۇشى مۇمكىن. بۇ دىنىي ئىسلاھاتتىن كېيىن، «جىن ـ شەيتانلارنىڭ ھەيكەللىرى ۋە رەسىملىرى» ۋەيران قىلىندى. مانى مۇرىتلىرى مەملىكەتنىڭ ھەممە يېرىنى قاپلىدى. قاغاننىڭ ۋارىسى (759 ـ 780) قارابالغاسۇندا تىكلەنگەن ئۈچ خىل يېزىقتىكى مەڭگۈتاش (بۇ تاش 808 ـ يىلدىن 821 ـ يىلغىچە تەختتە ئولتۇرغان قاغاننىڭ شەرىپىگە تىكلەنگەن)تا تىلغا ئېلىنغان بولۇپ، ئۇ ھەقىقەتەن تەقۋادار مانى مۇخلىسى ئىدى. بىراق، شۇنىسى گۇمانلىقكى، شۇ ۋاقىتتا ئۇيغۇر ئېلىنىڭ پۇقرالىرى مانى دىنىنى قوبۇل قىلىشى كېرەك ئىدى، لېكىن قوبۇل قىلمىغان، بولۇپمۇ پايتەخت بالاساغۇن سىرتىدىكىلەر تېخىمۇ شۇنداق بولۇشى كېرەك ئىدى.

763 ـ يىلى تاڭ سۇلالىسىگە ياردەم بېرىش سەۋەبى بىلەن بولغان ئېتىقاد يېڭىلاش مانى دىنىنىڭ جۇڭگودىكى تەرەققىياتلىرىنىڭ بىرى سۈپىتىدە سانالدى. ئورخۇن ئۇيغۇر خانلىقى قىرغىزلار تەرىپىدىن يىمىرىلگەندىن كېيىنلا جۇڭگودا مانى دىنى چەكلەندى. مانى دىنىنىڭ كېيىنكى مەزگىللەردە تۇرپان ئۇيغۇرلىرى ئارىسىدا تارقىلىشى توغرىسىدا قىزىقارلىق ھەم جانلىق

مەلۇماتلار بار.

4) قەبىلىلەر مەسىلىسى

تەمىمنىڭ يۇقىرىقى بارسخان ئاھالىسىنىڭ قارلۇقلار بىلەن قىلغان ئۇرۇشتا ئۇستۇنلۇك قازانغانلىقى ھەققىدىكى بايانلىرى بىر قەدەر گەۋدىلىك. يۇقىرىقى بارسخاننىڭ ئورنى تاغلار ھەم كۆللەرنىڭ تەبىئىي مۇھاپىزىتىدە بولۇپ، ناھايىتى كۈچلۈك شەھەرلەردىن ئىدى. بۇ جاينىڭ بۇرۇنقى ئاھالىسى قەدىمكى ئاھالىنىڭ بىر قىتىملىق كۆچۈش دولقۇنىغا مەنسۇپ بولۇشى مۇمكىن. تەمىم 9 ـ ئابزاستا تىلغا ئالغان بارسخاندىكى قەدىمكى قەشقەر كەلگۈسىدىكى ئېكسپېدىتسىيىچىلەر ئۈچۈن مۇھىم بىر يىپ ئۇچى بولۇپ قېلىشى مۇمكىن. كېيىن ئىسسىقكۆل ئەتراپىدىكى رايونلار غەربىي تۈركلەر تەرىپىدىن بىرلەشتۈرۈلدى. بىراق بۇ رايوندىكى ئەڭ ئالىي ھۆكۈمراننىڭ قايسى قەبىلىدىن ئىكەنلىكىنى بىلگىلى بولمايدۇ. مەسئۇدى بارسخانلىقلارنى ئالاھىدە بىر ئىتتىپاق دەپ ئېيتقانىدى.

766 ـ يىلدىن كېيىن قارلۇقلار غەربىي تۈركلەر (تۈركەشلەر) گە ۋارىسلىق قىلدى. شۇنىڭدىن كېيىنكى قانلىق ئۇرۇشلار ئىسسىقكۆل رايونىدىن باشلانغان بولۇشى مۇمكىن. «ھۇدۇدۇل ئالەم» دە يۇقىرىقى بارسخاننىڭ 9 ـ، 10 ـ ئەسىرلەردىكى ئورنى ھەققىدە «بارسخان كۆل بويىغا جايلاشقان ئاۋات ۋە ھۇزۇر بەخش شەھەر بولۇپ، خەلقى قارلۇقلار، ئۇلار توققۇز ئوغۇزلارغا سادىق»، دېيىلگەن. «ھۇدۇدۇل ئالەم» دە تىلغا ئېلىنغان توققۇز ئوغۇزلار ئىدىقۇت ئۇيغۇر خانلىقىنىڭ ئاھالىسىنى كۆرسىتىدۇ. بۇنىڭدىن بارسخانلىقلارنىڭ ئىدىقۇت ئۇيغۇرلىرى بىلەن دوستانە مۇناسىۋەتتە بولغانلىقىنى كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇ. بىراق بارسخانلىقلار قارلۇقلارنىڭ كېڭەيمىچىلىكى نەتىجىسىدە بويسۇندۇرۇلغان.

بىراق، تەمىم بارسخانلىقلار قارلۇقلار ئۈستىدىن غەلىبە قىلغان دەۋرنى تىلغا ئالىدۇ. ئەل جاھىز (868 ـ يىلى ۋاپات

بولغان) «قارلۇقلار گەرچە سان جەھەتتە ئىككى ھەسسە كۆپ بولسىمۇ، لېكىن توققۇز ئوغۇزلار ئۇلاردىن ئۈستۈن تۇراتتى»، دەيدۇ. ئۇنىڭ خاتىرىسىمۇ تەمىمنىڭ خاتىرىسىنىڭ تەكرارلىنىشى بولسا كېرەك.

تېخىمۇ قىزىقارلىق تەپسىلات، قاغاننىڭ تەمىمنىڭ 20 كۈنلۈك سەپىرى ئۈچۈن ئات ئەۋەتكەنلىكىدۇر. ئەگەر قاغاننى بېشبالىقتىكى ئۇيغۇر ھۆكۈمرانى دەپ قارىساق، ئۇ ھالدا ئۇنىڭ تۆۋەنكى بارسخانغا ئات ئەۋەتىشىنىڭ زۆرۈرىيىتى بولمىغان بولىدۇ. چۈنكى يۇقىرىقى بارسخاننىڭ ئارىلىقى تېخىمۇ يېقىن. ئۇيغۇرلار ئورخۇندا ھاكىمىيەت يۈرگۈزگەن دەۋردە، تۆۋەنكى بارسخان قارلۇقلارنىڭ كونتروللۇقىدا ئىدى. بىراق تەمىم قارلۇقلارنىڭ بارسخانلىقلار بىلەن ئۇرۇش قىلغانلىقىدىن باشقا ھېچقانداق مەلۇمات بەرمىگەن. بۇ بەلكىم مەشھەتتىن تېپىلغان قوليازمىدا قىسقارتىۋېتىلگەن بولسا كېرەك.

تەمىمنىڭ ساياھەت خاتىرىسىدە توققۇز ئوغۇزلارنىڭ قوشنىلىرى توغرىسىدا «ئوڭ تەرەپ، يەنى جەنۇب تەرەپ ياكى غەربىي جەنۇب تەرەپتە ھېچكىم بىلەن ئارىلاشمايدىغان تۈركلەر ياشايدۇ»، دېيىلگەن. دەرۋەقە بۇ تۈركلەر شاتولار ۋە ئۇلارنىڭ ئىتتىپاقداشلىرىنى كۆرسىتەتتى. ئۇلار شىمالدا كىماكلار بىلەن قوشنا ئىدى. ئۇلار ئېرتىش دەرياسىغا مەركەزلەشكەن قىپچاقلارنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالاتتى. ماركۇارت «كومانلار» ناملىق ئەسىرىدە، بۇ ئىتتىپاق 8 ـ ئەسىردىلا مەۋجۇت ئىدى، دەيدۇ. ئورخۇن بىلەن تۇرپاندىكى ئۇيغۇرلارنى باشقا قەبىلىلەر كىماكلاردىن ئايرىپ تۇراتتى. تەمىمنىڭ يازغانلىرى ئەنە شۇ ئەھۋالنىڭ ئىنكاسى بولسا كېرەك. ئۇ توققۇز ئوغۇزلار قاغانىنى زىيارەت قىلغىلى بارغاندا تالاستىن ئۆتكەن. بىراق مۇشۇ ۋاقىتتا يولنىڭ سولغا، يەنى شىمالغا بۇرۇلغانلىقى ئېنىق. ئۇ مۇشۇ يولنى بويلاپ، كىماكلارنىڭ ھۆكۈمرانى بار تەرەپكە قاراپ ماڭغان. تەمىم ئەگىپ ئۆتۈپ كەتكەن يەردە قارلۇقلارنىڭ بولماسلىقى مۇمكىن ئەمەس.

تەمىم قاغاننىڭ شەھەر سىرتىدىكى چېدىرىنىڭ بىر ـ بىد-رىدىن ئايرىلىپ تۇرىدىغان 17 ئاتامانىنىڭ چېدىرى بىلەن قور-شىلىپ تۇرىدىغانلىقىنى تىلغا ئالىدۇ. بۇ سان غەلىتە بولۇپ، بىزنىڭ بىلىشىمىزچە ھېچقانداق بىر تۇرك ئىتتىپاقى 17 دەپ ئاتالمىغان. قاغاننىڭ چېدىرىنى قوشۇپ ھېسابلىغاندا بۇ سان 18 گە يېتىدۇ. بۇنى مېنىڭچە مۇنداق چۈشەندۈرۈش مۇمكىن. «تاڭ-نامە» دە توققۇز ئۇيغۇر قەبىلىلىرى تىلغا ئېلىنغاندا، «ئۇلارنىڭ بۇگۇر، ھۇن، سىقار ھەم قىبئار قاتارلىق ئالتە قەبىلە بىلەن مە-لۇم قانداشلىق مۇناسىۋىتى بار بولسىمۇ، لېكىن ئۇيغۇرلار ئۇلار-نى ئۆز ھېسابىغا كىرگۈزمەيدۇ»، دەپ قوشۇمچە قىلغان. بۇنى مۇنداق پەرەز قىلىش مۇمكىن، ئۇيغۇرلار تازا قۇدرەت تاپقان مەزگىلدە باشقا ئىرقتىكى بارلىق قەبىلىلەرنى باشقۇرغان ھەمدە قارلۇق ۋە باسمىللارنى ئۆزىگە قوشۇۋالغان بولۇشى مۇمكىن. شۇلارنى قوشقاندا بۇ سان 17 چىقىدۇ.

تىبەت توغرىسىدىكى بايانلار گەردىزىنىڭ ھەم «ھۇدۇدۇل ئا-لەم» دىكى بايانلار بىلەن ئوخشاش بولۇپ، تىبەتنىڭ نەق ئۆزىنى كۆرسەتمەيدۇ. بەلكى تەڭرىتاغنىڭ جەنۇبىدىكى تىبەتلەر تەرىپىد-دىن ئىشغال قىلىنىۋېلىنغان رايونلارنى كۆرسىتىدۇ. تىبەتلەر بۇ رايونغا 670 ـ يىلدىن 692 ـ يىلغىچە ھەم 790 ـ يىلدىن 850 ـ يىلغىچە بولغان ئارىلىقتا بىر مەھەل ھۆكۈمرانلىق قىلغانىدى.

**تاڭ سۇلالىسى بىلەن بولغان مۇناسىۋەت**

مەشھەتتىن تېپىلغان قولىيازمىدا بايقالغان ئەڭ يېڭى مەلۇ-مات ـــ قاغاننىڭ تاڭ پادىشاھلىرى بىلەن قۇدىلاشقانلىقى ۋە تاڭ پادىشاھىنىڭ ئۇلارغا ھەر يىلى يىپەك ئەۋەتىپ تۇرىدىغانلىقى ھەققىدىكى مەلۇماتتۇر. بۇ ئېنىقكى، ئۇيغۇرلارنىڭ تازا كۈچىيىپ تاڭ سۇلالىسىگە تەسىر كۆرسىتىش دەرىجىسىگە يەتكەن ۋاقتىنى كۆرسىتىدۇ. بايانچۇر قاغان تاڭ سۇلالىسىگە ھەمكارلىشىپ ئەن لۇشەن توپىلىڭىنى تىنچىتقاندىن كېيىن، بۇ تۆھپىسى شەرىپىد-گە تاڭ پادىشاھىنىڭ قىزى نىڭگو مەلىكىنى خوتۇنلۇققا ئالغان.

نىڭگو مەلىكە بايانچۇر قاغان ئۆلگەندىن كېيىن (759 ـ يىلى) تاڭ دۆلىتىگە قايتىپ كەتكەن. يۇڭۋاڭنىڭ نىڭگو ئاتلىق يەنە بىر مەلىكىسى 3 ـ ئەۋلاد قاغان ئۆگەگە ياتلىق بولۇپ، چارۋىچى قەبىلىلەر ئارىسىدا تۇرۇپ قالغان. 788 ـ يىلى شيەن ئەن مەلىكە 4 ـ ئەۋلاد قاغانغا ياتلىق بولدى. ئۇ يەنە 5 ـ، 6 ـ، 7 ـ ئەۋلاد قاغانلارغىمۇ داۋاملىق خانىش بولدى. ئۇ يايلاقتا 21 يىلنى ئۆتكۈزۈپ 808 ـ يىلى ئۆلدى. 821 ـ يىلى 10 ـ ئەۋلاد قاغانغا تەيخې مەلىكە سوۋغات قىلىندى. ئۇ ئۇيغۇرلار 840 ـ يىلى تالاپەتكە يولۇققىچە شۇ جايدا ياشاپ، نۇرغۇن كۆلپەتلەرنى باشتىن كەچۈرۈپ، 843 ـ يىلى تاڭ دۆلىتىگە قايتىپ كەتتى.

ئۇيغۇرلارغا يىپەك سوۋغا قىلىشمۇ ئۈزۈلمەي داۋاملاشتى. 762 ـ يىلى تاڭ ئەلچىسى ئۇيغۇر قاغانغا تاڭ سۇلالىسىنىڭ ئۇيغۇرلارغا يىپەك بۇيۇملىرىنى يىلمۇ يىل يەتكۈزۈپ تۇرۇۋاتقانلىقىنى ئەسكەرتكەن. 758 ـ يىلدىن 760 ـ يىلغىچە بولغان ئارىلىقتا ئۇيغۇرلار نۇرغۇن ناچار ئاتنى يۆتكەپ كېلىپ، ھەر بىر ئاتقا 40 توپ يىپەك تېگىشىش شەرتى بىلەن سودا قىلىپ نۇرغۇن پايدىغا ئېرىشكەن. 758 ـ يىلى ئۇيغۇرلار 10 مىڭ ئات ئەكېلىپ، تاڭ سۇلالىسىنى قىيىن ئەھۋالغا قويغان. پادىشاھ پەقەت 6000 ئاتقىلا يىپەك تاپشۇرالىغان. 11 ـ ئەۋلاد ئۇيغۇر قاغانى تاڭ پادىشاھى ۋېنزۇڭدىن 500 مىڭ توپ يىپەك تاپشۇرۇۋالغان.

بۇ رېئاللىق تەمىننىڭ بايانلىرىغا ئۇيغۇن كېلىدۇ.

ئىدىقۇت ئۇيغۇر خانلىقى بىلەن گەنجۇ ئۇيغۇر خانلىقى يەرلىك سىياسىي كۈچ سۈپىتىدە قېلىپ قالغان. شۇڭا ئۇلارنىڭ ئوتتۇرا تۈزلەڭلىك بىلەن قۇدىلاشقانلىقىغا دائىر مەلۇمات يوق. 996 ـ يىلى ئىدىقۇت خانى قىتان خانلىقىغا ئەلچى ئەۋەتىپ، قۇدىلىشىپ ئىتتىپاق تۈزۈشنى تەلەپ قىلغان بولسىمۇ، نەتىجىگە ئېرىشەلمىگەن.

يۇقىرىقى تەھلىللىرىمىزنىڭ قانداق بولۇشىدىن قەتئىينەزەر، تەمىم ئورخۇن ئۇيغۇر خانلىقىنىڭ پايتەختى قارابالغاسۇنغا

بارغان ۋە بۇ ھەقتە خاتىرە قالدۇرغان بىردىنبىر مۇسۇلمان سا-
ياھەتچىسىدۇر.

5) خۇلاسە

تەمىم تىلغا ئالغان مۇساپە مۇجمەل بولسىمۇ، بىراق 40 ـ 45 كۈن يول يۈرۈش ياكى 90 كۈن يول يۈرۈش ئەستايىدىللىق بىلەن ئويلىنىپ كۆرۈشكە تېگىشلىك مەسىلە. بۇ مۇساپە بېشبا-لىق بىلەن تۆۋەنكى بارسخان ئوتتۇرىسىدىكى ئارىلىقتىن كۆپ ئۇزۇن بولۇپ، مۇشۇنچىلىك ۋاقىتتا قارابالغاسۇندىن بارسخاند-غىلا ئەمەس، بەلكى تۆۋەنكى بارسخانغىمۇ يېتىپ بارغىلى بولىدۇ.

قارابالغاسۇن مەڭگۇ تېشىنىڭ مەزمۇنىغا قارىغاندا، 9 ـ ئەۋلاد ئۇيغۇر قاغانى ئۆز ھۆكۈمرانلىقىنى سىر دەرياسىنىڭ يۇ-قىرى ئېقىنى ھەم پەرغانىگىچە كېڭەيتىپ، قارلۇقلارنى بويسۇن-دۇرغان ھەمدە ئۇلارغا يېڭى يابغۇ تەيىنلىگەن. تەمىمنىڭ 821 ـ يىلى كىماكلارنى توققۇز ئوغۇزلارنىڭ شىمالىدا، دېيىشى، شۇنداقلا ئۇيغۇرلارنىڭ تاكى تۆۋەنكى بارسخانغىچە كېڭەيگەنلى-كىنى تىلغا ئالغانلىقىنىڭ سەۋەبى شۇ بولسا كېرەك.

توققۇز ئوغۇز نامى ئەڭ دەسلەپ ياقۇبىنىڭ خاتىرىسىدە تىلغا ئېلىنغان. 777 ـ يىلى خەلىپە مەھدى شەرق ھۆكۈمراند-لىرىغا ئەلچى ئەۋەتىپ، ئۆزىگە بويسۇنۇشنى تەلەپ قىلغان. شۇلار قاتارىدا «... قارلۇق پادىشاھى، يابغۇ، تۈرك پادىشاھى، تار-خان، تىبەت پادىشاھى، ياھرۇن، چىن پادىشاھى، توققۇز ئوغۇز قاغانى، قاغان» قاتارلىق ئەمەل ناملىرى تىلغا ئېلىنغان. توققۇز ئوغۇزلارنىڭ ئەڭ ئالىي ھۆكۈمرانى قاغان دەپ ئاتىلاتتى. قاغان يابغۇ ۋە تارخاندىن كۆپ ئۈستۈن تۇراتتى. ئەرەبلەر مۇبالىغە قىلمىغان بولسىلا، بۇنام شەكسىز ئورخۇندىكى ئۇيغۇر ھۆ-كۈمرانلىرىنى كۆرسىتىدۇ. ئەگەر ئۇيغۇر ھۆكۈمرانلىرىنىڭ ئەمدىلا مانى دىنىنى قوبۇل قىلغانلىقىنى نەزەرگە ئالساق، مەھ-دىنىڭ تەلىپى تېخىمۇ چەكتىن ئاشقان بولىدۇ. مەھدى مانى دى-نى مۇرىتلىرىغا رەھىمسىزلەرچە مۇئامىلە قىلغان. ھەمدە 785 ـ

يىلى ئۇلار ئۇستىدىن ئالاھىدە نازارەتچىلەرنى قويغان. شۇڭا تە-مىمنىڭ مەھدىنىڭ ئەلچىسى سۈپىتىدە ساياھەت قىلغانلىقىدەك پەرەزدىن گۇمانلىنىش ھاجەتسىز.

«ئەل فىھرىست» نىڭ ئاپتورى «مانى مۇرىتلىرى سەمەر-قەنتتە 500 گە يەتكەندە خۇراسان ھۆكۈمرانى ئۇلارنى يوقىتىش-نى قەستلەيدۇ. بىراق چىن پادىشاھى (مەن بۇنى توققۇز ئوغۇز پادىشاھى دەپ قارايمەن) ئەلچى ئەۋەتىپ، ئۇنىڭ ئۆز ھۆكۈمرانلىقىدا ئاشۇ مانى مۇرىتلىرىدىنمۇ كۆپ مۇسۇلمانلارنىڭ بارلى-قىنى ئىما قىلىش بىلەن ئاگاھلاندۇرغان» لىقىنى بايان قىلىدۇ.

مۇشۇنداق بولغاندا تەمىمنىڭ ساياھىتى 821 - يىلدىن 824 - يىلغىچە تەختتە ئولتۇرغان 9 - ئەۋلاد ئۇيغۇر قاغانى چۈگدىپ مەزگىلىدە بولغان بولىدۇ.

بىزنىڭ يۇقىرىقى تەھلىللىرىمىزنىڭ ھەممىسى ماركۋارت-نىڭ توققۇز ئوغۇزلار ئۇيغۇرلاردۇر، دېگەن يەكۈنىنىڭ كۈچەي-تىلمىسىدىن ئىبارەت، خالاس. بىراق بۇ يەكۈن بارتولدنىڭ توق-قۇز ئوغۇزلار شاتو تۈركلىرى بىلەن مۇناسىۋەتلىك دېگەن پىك-رىگە زىت كېلىدۇ. توققۇز ئوغۇز نامىنىڭ كېلىپ چىقىشى ئې-نىق ئەمەس، بىراق بۇ نامنىڭ ئورخۇندىكى ئۇيغۇرلار بىلەن تەڭرىتاغ ئەتراپىدىكى ئۇيغۇرلارنى كۆرسىتىدىغىنى ئېنىق.

ئىزاھلار:

① «مەرۋەزىنىڭ جۇڭگو، تۈركلەر ۋە ھىندىستان توغرىسىدىكى با-يانلىرى» — «پادىشالىق ئاسىيا تەتقىقات جەمئىيىتىنىڭ ژۇرنىلى»، 1942 - يىللىق سان، 68 — 111 - بەتكىچە.

② گىبىنىڭ «ئەرەبلەرنىڭ 715 - يىلدىكى قەشقەرگە تاجاۋۇزى» ناملىق ئەسىرىگە قارالسۇن.

③ بۇ سۆز قۇدامەنىڭ ئەسىرىدە «kwykt» دەپ يېزىلغان.

④ مۇشۇ يەردە تەمىمنىڭ ساياھەت خاتىرىسىدىن ئېلىنغان نەقىل-لەر ئاخىرلىشىدۇ.

⑤ بۇ يەردە مۇجمەللىك بار. ئەسلىدە توققۇز ئوغۇزخانى جۇڭگوغا ئەمەس، بەلكى ماۋەرائۇننەھرگە لەشكەر تارتقان. ئەبۇل فازىل بۇ ئىشنى

751 ـ يىلى تاڭ سۇلالىسى بىلەن ئەرەبلەر ئوتتۇرىسىدا يۈز بەرگەن ئۇ-رۇش بىلەن ئارىلاشتۇرۇپ قويغان.

⑥ بۇ بەلكىم «Adhkish ـ ئەزكىش» بولۇشى مۇمكىن.

⑦ بۇ بەلكىم «مەجغارى» بولۇشى مۇمكىن.

ۋىلادىمىر مىنورىسكىينىڭ «ئوتتۇرا ئەسىرلەردىكى تۈركلەر، ئىرانلىقلار ۋە كاۋكازىيىلىكلەر» ناملىق ماقالىلەر توپلىمىنىڭ 1978 ـ يىلدىكى ئىنگلىزچە نەشرىگە ئاساسەن تەرجىمە قىلىندى.

**تەرجىمە قىلغۇچىلار: ئادىل ئابدۇقادىر ، ئۆمەرجان نۇرى**

# ئابدۇكېرىمخاننىڭ سۈيىقەست بىلەن بارچۇقنا ئۆلتۈرۈلۈشى

## ئەخەت داۋۇت

تارىختا مەشھۇر ئاتالغان يەكەن خانلىقى مىلادىيە 1514 ـ يىلى 8 ـ ئاينىڭ 21 ـ كۈنى قۇرۇلۇپ، ئۆزىنى دەسلەپتە «قەشقەر سۇلتانلىقى» دەپ جاكارلىغان بولسىمۇ، ئۇزۇن ئۆتمەي خانلىق مەركىزى يەكەنگە يۆتكىلىپ، نامىنى «يەكەن خانلىقى» دەپ ئاتىغانىدى. بۇ خانلىقنىڭ تۇنجى سۇلتانى سەئىدخان (1484 ـ 1533) ئىدى. ئۇ، ھەربىي يۈرۈشتە كېسەللىك سەۋە-بى بىلەن ۋاپات بولغاندىن كېيىن، ئورنىغا ئۇنىڭ چوڭ ئوغلى ئابدۇرەشىت خان (1510 ـ 1570) تەختكە ئولتۇرغان. 1570 ـ يىلى سۇلتان ئابدۇرەشىت خان 61 يېشىدا ئالەمدىن ئۆتكەندىن كېيىن، ھاكىمىيەت ئۈچۈن بولغان نۇرغۇن قانلىق جەڭلەر ئارقىلىق خانلىق تەختىگە ئابدۇرەشىت خاننىڭ 2 ـ ئوغلى ئابدۇكېرىم خان ئولتۇرغان. ئۇ، خۇددى سەئىدخان، ئابدۇرەشىت خانلارغا ئوخشاش تەرەققىيپەرۋەر كىشى بولغانلىقى ئۈچۈن، ھاكىمىيەت ئۈستىدە تۇرغان مەزگىلدىمۇ تىنچلىق مۇستەھكەم-لىنىپ، مەدەنىيەت، ئىلىم ـ پەن، ئەدەبىيات ـ سەنئەت ئىش-لىرى راۋاجلانغاچقا، تارىختا ئابدۇكېرىم خان «ئادىل خان»، «ئۇلۇغ خان» دېگەن نامالار بىلەن ئاتالغان. يەكەن خانلىقى دەۋ-رىدە ياشىغان مەشھۇر مۇتەپەككۇر، شائىر، تارىخشۇناس، ئالىم مىرزا مەھمۇد جوراسنىڭ «تارىخ» دېگەن كىتابىدا «ئابدۇكېرىم خان كىشىنىڭ ھەققىنى يېمەيدىغان ئادىل پادىشاھ ئىدى. ئوردا ئىشلىرىنى ئادىل باشقۇراتتى، ھەرقانداق مەسلىنى ۋاقتىدا

ھەل قىلاتتى، ھەر ھەپتىنىڭ دۈشەنبە، جۈمە كۈنلىرى ئوردىدا ئولتۇرۇپ، خەلقنىڭ ئەرز ـ ھالىنى ئاڭلايتتى، دەۋاگەر ۋە جاۋابكارلارنىڭ ئىشىنى شەرىئەتكە تېگىشلىك بولسا مۇپتى، قازىلارغا، ۋەزىرلەرگە تېگىشلىك بولسا ئەربابلارغا بۇيرۇيتتى. مەدىنىدە (ئابدۇكېرىم خان ئادىل)، دەپ شۆھرەت قازانغانىدى. مەككىدە بولسا ھەر كۈنى (ئادالەتلىك ئابدۇكېرىم خاننىڭ سالا-مەتلىكى ئۈچۈن) دەپ دۇئا قىلىناتتى...» دەپ خاتىرىلەنگەن.

ئەپسۇسكى، بۇ خانلىق شۇ چاغدىكى ئىسھاقىيە مەزھىپى-دىكىلەرنىڭ سۇيىقەست، ھىيلە ـ مىكرى، زوراۋانلىقى، ھاكى-مىيەتكە ئارىلىشىۋېلىشى تۈپەيلىدىن تۈرلۈك قالايمىقانچىلىققا دۇچ كەلگەن. مۇشۇنداق ئەھۋالدا، ئابدۇكېرىم خان ئىسھاقىيە مەزھىپىدىكىلەرنىڭ سۇيىقەستلىك ھەرىكەتلىرىنى سېزىۋې-لىپ، ئۇنىڭغا ئەجەللىك زەربە بېرىش پەيتىنى كۈتۈپ تۇرغان بولسىمۇ، بىراق ئىسھاقىيە مەزھىپىدىكىلەر ئىشنى ئالدىن پىلانلاپ، ئۆزلىرىنىڭ «شىئە مەزھىپى»گە قول بەرگەن سوپى ـ ئىشان مۇرىتلىرى ئارقىلىق ئابدۇكېرىم خاننى پۇرسىتى كەل-گەندە جايلىۋېتىش پىلانلىرىنى ئورۇنلاشتۇرۇپ قويغان.

ئۆزلىرىنى سوپىلارنىڭ «داھىيسى» دەپ ئاتىۋالغان چوڭ دىنىي زومىگەر خوجا ئىسھاقنىڭ مۇرىتى مۇھەممەت قاسىم بىلەن ئوبۇلمائانى (قارانىيەت مۇھەممەت قاسىمنىڭ ئاتا باشقا، ئانا بىر تۇغقىنى) ئىسىملىك قاتىللار سۇلتان ئابدۇكېرىم خان-نى ھىجرىيە 1002 ـ يىلى (مىلادىيە 1593 ـ يىلى) پىچاق سېلىپ ئۆلتۈرگەن.

«تارىخ»تا: «ئوبۇلمائانى قارا كۆڭۈلنى پادىشاھلار ياخشى تەربىيەت قىلغانىدى، لېكىن ئۇنىڭ يامانلىقى ۋە يامان ئورۇق-تىن ئىكەنلىكى ئارتۇق كەلدى. مۇھەممەت قاسىم قارا يۈزنىڭ 600 دەك ئادىمى بار ئىدى»، «ئابدۇكېرىم خان ياز ۋە قىش پەسىللىرىنىڭ ھەممىسىدە قۇش قۇشلاش، ئوۋ ئوۋلاشقا ئامراق ئىدى، ئوبۇلمائانى، شاھ مۇھەممەت قاسىم ئاتا باشقا، ئانا بىر

توغقان ئىدى. ئانىسى بولوردا ئىدى. ئۇلۇغ شاھقا ئىپتىماي ئابـ
دۇكېرىم خانغا سۇيىقەست قىلدى»، دېيىلگەن.

«تارىخ»تا بايان قىلىنىشىچە، خان بىر كۈنى خوجا لېتىپ ۋەزىر، مىرزا لېتىپ جوراس، مىرزا مەسئۇدى بايرىنلار بىلەن ئوۋ قىلىش ئۈچۈن بارچۇققا بارىدۇ. كەچ كىرىپ كەتكەنلىكتىن شۇ كۈنى كەچتە ئوتتۇنچىلىق مىرابى شاھ نەزەر قابالى مىرابـ
نىڭ ئۆيىگە چۈشىدۇ. پۇرسەت كۈتۈپ تۇرغان ئوبۇلمائانى ۋە مۇھەممەت قاسىملار 500 نەپەر قوراللىق كىشى بىلەن كېلىپ قابالى مىرابنىڭ ھويلىسىنى قورشاپ ئوق چىقىرىدۇ. شاھ مۇـ
ھەممەت قاسىم ئوبۇلمائانىنى ھويلىغا باشلاپ كىرىدۇ. خوجا مۇزەپپەر، ۋەيس مىراخور، خۇدا بەردى باخشى ۋە بەش نەپەر قۇل قابالى مىرابنىڭ ئۆيىدە خان بىلەن بىللە ئىدى. ئورپانىڭ مىرابى خوجا مۇزەپپەر خاننى قازناققا يوشۇرۇپ قويىدۇ. ئوبۇلـ
مائانى تۇزكورنىڭ ھەسەن، نەدىم، يۇسۇپتىن ئىبارەت ئۈچ نەـ
پەر ئەڭ ياۋۇز ئادىمى ئۆيگە باستۇرۇپ كىرىپ، خوجا مۇزەپپەر قاتارلىقلارغا پىچاق سېلىپ يارىلاندۇرىدۇ. بۇ ئەھۋالنى كۆرگەن ئابدۇكېرىم خان ئۇلارنىڭ قىلمىشاتقان ياۋۇزلۇقلىرىغا چىدىماي ئوتتۇرىغا چىقىدۇ. شۇنىڭ بىلەن ئوبۇلمائانى خاننىڭ بېشىنى قۇچاقلىۋالىدۇ. نەدىم، يۇسۇپ، ھەسەنلەر كەينى ــ كەينىدىن خانغا پىچاق سالىدۇ. ئابدۇكېرىم خان ئاخىرى شېھىت بولىدۇ.

ئابدۇكېرىم خان بارچۇقتا سۇيىقەست بىلەن ئۆلتۈرۈلگەنـ
دىن كېيىن، ئوبۇلمائانى، مۇھەممەت قاسىم قارايۇزلەر ئابدۇـ
رەشىت خاننىڭ خوپ نىگار خانىمدىن تۇغۇلغان، خوجا ئىسھاقـ
نىڭ ئەڭ يېقىن مۇرىدى قۇرەيشنى (قۇرەيش ــ ئابدۇكېرىم خاننىڭ ئۆگەي سىڭلىسىنىڭ ئوغلى) مىڭبىر چارىلەر بىلەن خانلىق ئورنىغا يۆلەپ چىقىرىدۇ. تارىختا بۇ خانلىق «قۇرەيش سۇلتانلىقى» دەپمۇ ئاتالغاندى.

«تارىخ»تا ئالىم مەۋلانا مۇرادنىڭ ئابدۇكېرىم خاننىڭ جەـ
سىتىنى بارچۇقتىن يەكەندىكى ئالتۇنلۇققا ئەكېلىپ دەپنە

قىلغانلىقى ھەم شۇ چاغدا خەلقئالەم ئالدىدا خاننى ئۆلتۈرگەن قاتىللىنىڭ كىم ئىكەنلىكىنىڭ ئېنىقلانغانلىقى يېزىلغان.

ئابدۇكېرىم خان ئاتىسىنىڭ ئايىغىغا دەپنە قىلىنغاندىن كېيىن، ئۇنىڭ خەلقى ئىلاجسىز قېلىپ، بىسىم ئاستىدا قۇرە-يىش سۇلتانغا بەيئەت قىلىدۇ.

# قەشقەردىكى چارروسىيە كونسۇلخانىسى

مەريەم ئابلەت

چارروسىيە پېتىر I نىڭ ئىسلاھاتىدىن كېيىن كۈنسايىن قۇدرەت تېپىپ، تەدرىجىي شەرققە كېڭىيىش جەريانىدا ئوتتۇرا ئاسىيا رايونىدىكى خانلىقلارنى ئۆز تەسىر دائىرىسىگە كىرگۈز-دى. شۇنىڭدىن كېيىن چارروسىيىنىڭ زېمىنى بىۋاسىتە چىڭ سۇلالىسى بىلەن چېگرىلىنىپ، ئىككى تەرەپ ئوتتۇرىسىدا زې-مىن ماجىراسىنىڭ دەسلەپكى ئۇچقۇنلىرى بارلىققا كەلدى.

ئەپيۇن ئۇرۇشىدىن كېيىن، چىڭ سۇلالىسىنىڭ ئاجىزلاپ بېرىشى كۈچلۈك جاھانگىر دۆلەتلەرنىڭ جۇڭگو بىلەن كۆپلىگەن تەڭ ھوقۇقسىز شەرتنامىلەرنى ئىمزالاپ، ئېلىمىز زېمىنىنى خامتالاش قىلىپ، ھەر خىل كۆلەمدىكى «تەسىر دائىرە»لەرنىڭ مەيدانغا كېلىشىگە سەۋەب بولدى. بۇنىڭدىن ئىلھاملانغان چار-روسىيە ئۆزۈندىن بۇيانقى شىنجاڭ زېمىنىنى قوشۇۋېلىشتەك شېرىن چۈشىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇشقا تۇتۇش قىلدى. شېرىن چۈشنىڭ تۇنجى قەدىمى سۈپىتىدە 1851 ـ يىلى ئىلى جاڭجۈن مەھكىمىسىگە ئەلچى ئەۋەتىپ، قەشقەرنى چارروسىيە سودىگەر-لىرىگە سودا شەھىرى قىلىپ ئېچىۋېتىشنى تەلەپ قىلدى، لې-كىن چىڭ ھۆكۈمىتى بۇ تەلەپنى چىرايلىقچە رەت قىلدى. چار-روسىيە ھۆكۈمىتى بۇنىڭلىق بىلەن بولدى قىلماي، 1859 ـ يى-لى «جۇڭگو ـ چارروسىيە بېيجىڭ شەرتنامىسى»نى ئىمزالاش ۋاقتىدا چارروسىيىنىڭ جۇڭگودا تۇرۇشلۇق ئەلچىسى يېۋگېنا-تيېۋ ئارقىلىق «قەشقەردە كونسۇلخانا تەسىس قىلىش چاررو-سىيىلىكلەرنىڭ قەشقەردىكى مەنپەئەتىگە بىۋاسىتە مۇناسىۋەت-لىك» دېگەننى كۆتۈرۈپ چىقتى. كېيىنكى يىلى «جۇڭگو ـ چار-

روسىيە بېيجىڭ شەرتنامىسى. داۋامى»نى ئىمزالىغاندا ئېنىق قىلىپ: «روسىيىلىكلەر قەشقەردە سىناق تەرىقىسىدە سودا قىلسا بولىدۇ»، دەپ بەلگىلەندى ھەمدە چارروسىيىنىڭ قەشقەردە كونسۇلخانا قۇرۇشىغا ئىجازەت بېرىلدى. چىڭ ھۆكۈمىتىمۇ بۇنىڭغا ماس ھالدا چارروسىيە تەۋەسىدە كونسۇلخانا قۇرىدىغان بولدى. ئىككى تەرەپ ئوتتۇرىسىدىكى شەرتنامىدە يەنە «ھەرقايسى تەرەپ قۇرغان كونسۇلخانىلار شۇ دۆلەت تەرىپىدىن بىنا قىلىنغان بىنادا ئىش بېجىرىدۇ، يەرلىكتىن ئۆي ئىجارە ئېلىشنى خالىغۇچىلار بولسا ئۆزى خالىغان ئۆيلەرنى ئىجارىگە ئالسا بولىدۇ»، دەپ بەلگىلەندى.

1864 ـ يىلى ياقۇپبەگنىڭ شىنجاڭغا بېسىپ كىرىشى نەتىجىسىدە چارروسىيىنىڭ كونسۇلخانا قۇرۇش پىلانى يوققا چىقتى، ئەمما ئۇلارنىڭ قەشقەرگە بولغان قىزىقىشى توختاپ قالمىدى. 1872 ـ يىلى 5 ـ ئايدا كاپىتان گراف گولبارس باشچىلىقىدىكى چارروسىيە ئەلچىلەر ئۆمىكى قەشقەرگە كېلىپ ياقۇپبەگ ھاكىمىيىتى بىلەن ئاتالمىش «چارروسىيە ـ يەتتەشەھەر دۆلىتى شەرتنامىسى»نى ئىمزالىدى.

چارروسىيە ئەسكەر چىقىرىپ قورال كۈچى بىلەن ئىلىنى بېسىۋالغاندىن كېيىن، چىڭ ھۆكۈمىتى «ئاۋۋال لەشكىري كۈچ ئارقىلىق جەنۇبىي شىنجاڭنى قايتۇرۇۋېلىش، ئاندىن لەشكىري غەلىبىگە تايىنىپ ئىلىنى قايتۇرۇۋېلىش» تەدبىرىنى يولغا قويدى. ئاخىرى ياقۇپبەگ ئارمىيىسى مەغلۇپ قىلىنىپ، جەنۇبىي شىنجاڭ يېڭىۋاشتىن چىڭ سۇلالىسىنىڭ قولىغا ئۆتتى. شۇنىڭدىن كېيىن جۇڭگو بىلەن چارروسىيە كۆپ قېتىم سۆھبەت ئۆتكۈزۈش ئارقىلىق 1881 ـ يىلى «جۇڭگو ـ چارروسىيە ئىلى شەرتنامىسى»نى ئىمزالىدى. نەتىجىدە شەرتنامىنىڭ بىر مۇھىم مەزمۇنى سۈپىتىدە چارروسىيىنىڭ قەشقەردە كونسۇلخانا قۇرۇشى كۈنتەرتىپكە قويۇلدى ھەمدە «جۇڭگو ـ چارروسىيە پۇقرالىرى ئوتتۇرىسىدا يۈز بەرگەن ماجىرالارنى چارروسىيە كونسۇلى

بىلەن جۇڭگو تەرەپ مەمۇرلىرى كېڭىشىپ بىر ياقلىق قىلىندۇ»، دەپ بەلگىلەندى. شۇ يىلى 4 ـ ئايدا چارروسىيىنىڭ قەشقەردىكى كونسۇلخانىسى رەسمىي قۇرۇلدى، قەشقەر كوناشەھەردىكى شىمالىي قوۋۇقتا پۇقرالارنىڭ بىرنەچچە ئېغىز ئۆيى ئىجارىگە ئېلىنىپ، كونسۇلخانىنىڭ ئىش بېجىرىش ئورنى قىلىندى.

1882 ـ يىلى 11 ـ ئايدا پېتروۋسكى چارروسىيىنىڭ قەشقەردىكى تۇنجى كونسۇلى بولۇپ تەيىنلەندى. ئەينى ۋاقىتتىكى كونسۇلخانىنىڭ ئاساسلىق خىزمىتى قەشقەردىكى چارروسىيە سودىگەرلىرىگە ئائىت ئىشلارنى بىر تەرەپ قىلىش بولدى. بۇ ۋاقىتتا چارروسىيىنىڭ شىنجاڭدىكى سودا چەمبىرىكى تېخى بېكىتىلمىگەن بولغاچقا، قەشقەرگە كەلگەن چارروسىيە سودىگەرلىرى شىمالىي قوۋۇق ئەتراپىغا مەركەزلىشىپ، شۇ يەردىكى خەلق بىلەن ئارىلاش ئولتۇراقلاشتى. بىرنەچچە يىلدىن كېيىن، كونسۇلخانا باشقۇرۇشىدىكى چارروسىيە سودىگەرلىرىنىڭ سودا پائالىيىتى تەدرىجىي پۈتكۈل جەنۇبىي شىنجاڭغا كېڭىيىپ، سىياسىي، مەدەنىيەت ۋە ھەربىي ئىشلار ساھەسى بويىچە تەگرىتاغنىڭ جەنۇبىغا سىڭىپ كىرىشكە باشلىدى.

1884 ـ يىلى شىنجاڭدا ئۆلكە تەسىس قىلىنغاندىن كېيىن، چارروسىيىنىڭ قەشقەردىكى كونسۇلخانىسى قەشقەر كوناشەھەردە دەرھال چارروسىيە پوچتا ئىدارىسى قۇردى، جۇڭگو ـ روسىيە چېگرىسىدىكى ئەركەشتامدا رابات تەسىس قىلدى ھەمدە كۆپلەپ پوچتا ماركىسى تارقاتتى. بۇنىڭ بىلەن جەنۇبىي شىنجاڭنىڭ چارروسىيە ۋە ئىچكى ئۆلكىلەر بىلەن بولغان پوچتا ئىشلىرى چارروسىيىلىكلەرنىڭ قولىغا چۈشۈپ كەتتى. مەلۇماتقا قارىغاندا، ئەينى ۋاقىتتا چارروسىيىنىڭ جەنۇبىي شىنجاڭدىكى يىللىق كىرىمى 100 مىڭ رۇبلىدىن ئاشقان.

1893 ـ يىلى چارروسىيە دائىرىلىرى قەشقەردە مۇستەھكەم پۇت دەسسەپ تۇرۇۋالغاندىن كېيىن، سەمەن (ھازىرقى قەشقەر شەھىرىدىكى سەمەن يولىنىڭ غەربىي ئۇچىدىكى سەمەن مېھمان-

خانىسىنىڭ ئورنىدا)دە بىنا سېلىپ كونسۇلخانا قۇرۇشقا كىرىشتى. كونسۇلخانىنىڭ ئەينى ۋاقىتتىكى ئىگىلىگەن يېرى 15 مىڭ كۋادرات مېتىر (تەخمىنەن 20 مو)چە كېلەتتى، ئىمارەتلەر ۋە ئۆي ئىچى لازىمەتلىكلىرى پۈتۈنلەي رۇس پاسونىدا ئىدى. كونسۇلخانا قۇرۇلۇشى مەيلى ئۇسلۇب، ياكى مۇئەسسەسە جەھەتتىن بولسۇن ئەينى ۋاقىتتىكى قەشقەرنىڭ ئىسلام ئۇسلۇبىدىكى ئىمارەتلىرىدىن روشەن پەرقلىنىپ تۇراتتى، بۇ ھال كېيىنچە قەشقەرنىڭ بىناكارلىق ئۇسلۇبىغا زور تەسىر كۆرسەتتى. مەسىلەن: 1933 ــ يىلى قۇرۇلغان ئۇيغۇر مەدەنىي ئاقارتىش ئۇيۇشمىسى كۇلۇبى (ھازىرقى خەلق كىنوخانىسىنىڭ ئورنىغا توغرا كېلەتتى) ۋە ئازادلىقتىن كېيىن سېلىنغان «1 ــ ماي» كىنوخانىسى، پوچتا بىناسى، «شىنخۇا» كىتابخانىسى، شەھەرلىك مەدەنىيەت يۇرتى قاتارلىق ئورۇنلارنىڭ ئىمارەتلىرىدە روشەن رۇس ئۇسلۇبى گەۋدىلەنگەن.

چارروسىيىنىڭ تاشقى كېڭەيمىچىلىك قىلىشىغا ئەگىشىپ، چارروسىيىنىڭ قەشقەردىكى كونسۇلخانىسى بارا ــ بارا تاجاۋۇزچىلىق ۋاستىسىغە ئايلاندى. كونسۇلخانا 1885 ــ يىلى يوشۇرۇن تەكشۈرۈش ئارقىلىق قولغا چۈشۈرگەن قۇرۇمىتاغقا دائىر جۇغراپىيىلىك مەلۇماتلار توپلىمىنى چارروسىيە تاشقى ئىشلار مىنىستىرلىكىگە يوللىدى. نەتىجىدە، چارروسىيە ھۆكۈمىتى دەرھال گىرۇمبېچېۋىسكى باشچىلىقىدىكى تەكشۈرۈش گۇرۇپپىسىنى ئەۋەتىپ، چارروسىيىنىڭ پەرغانە ئۆلكىسى (ھازىرقى ئۆزبېكىستان جۇمھۇرىيىتىدە) بىلەن جۇڭگو ئوتتۇرىسىدىكى چېگرا سىزىقىنى قايتىدىن بېكىتىشكە كىرىشتى. قەشقەردىن لاداققا ۋە پەرغانىدىن كەشمىرنىڭ شىمالىي قىسمىغا بارىدىغان چېگرا يولىنى تەكشۈردى ھەمدە ئېلىمىزنىڭ قېزىلما بايلىقلىرىنى رويخەتكە ئېلىش، جەنۇبىي شىنجاڭنى مونوپول قىلىشقا پائال تەييارلاندى. شۇنىڭدىن كېيىن چارروسىيە كونسۇلخانىسى ئۆز ھوقۇق دائىرىسىدىن ھالقىپ، قەشقەر ۋە پۈتكۈل جەنۇبىي شىنجاڭ

نىڭ سىياسىي ۋە ئىقتىسادىي ئىشلىرىغا بولغان كونتروللۇقىنى كۈچەيتىشكە كىرىشتى، يەنە سودا ۋە سودىغا ئائىت دەۋا ئىشلىرىنى بىر تەرەپ قىلىشتىن ھالقىپ، مەكتەپ قۇرۇلۇشى، دىنىي ئۇيۇشمىلار، پوچتا ئىشلىرى، بانكا كەسپى قاتارلىق ساھەلەرگە قول تىقتى.

1900 ـ يىلى چارروسىيە قەشقەردە چارروسىيىنىڭ داۋشېڭ بانكىسىنىڭ قەشقەر شۆبىسىنى قۇرۇپ، جەنۇبىي شىنجاڭغا بولغان ئىقتىسادىي تالان ـ تاراجىنى كۈچەيتتى. شۇ يىلى چارروسىيە سودىگەرلىرىنىڭ قەشقەردىكى پورتلار ئارقىلىق قىلغان ئېكسپورت كىرىمى 2 مىليون 500 مىڭ رۇبلىغا يەتكەن، ئەمما ئىمپورت سوممىسى 1 مىليون 700 مىڭ رۇبلىغا چۈشۈپ قېلىپ، ئېكسپورت سوممىسىنىڭ يېرىمىغا توغرا كەلگەن. بۇ خىل ھەرىكەت كەلتۈرۈپ چىقارغان سەلبىي تەسىر قوراللىق تاجاۋۇزنىڭ تەسىرىدىن قېلىشمىدى. شۇ يىلى باش كونسۇل پېتروۋسكى سارىقول (ھازىرقى تاشقورغان)دىكى چارروسىيىلىكلەرنىڭ قوغلاپ چىقىرىلغانلىقىنى باھانە قىلىپ، چىڭ سۇلالىسىنىڭ شىنجاڭدىكى باش مۇپەتتىشى ئارقىلىق قەشقەرنىڭ تىدۇسى جاڭ زۇڭبىننى سارىقولدىكى يارلىقچى بەگ دەي فۇچېنىنى ۋەزىپىسىدىن قالدۇرۇش پەرمانى چۈشۈرۈشكە مەجبۇر قىلدى. كېيىنكى يىلى پېتروۋسكى يەنە چىڭ سۇلالىسىنىڭ قەشقەردىكى بىرنەچچە مەمۇرىي ئەمەلدارىنىڭ مەنسەپتىن قالدۇرۇلۇشىغا بىۋاستە ئارىلاشتى.

1902 ـ يىلى كونسۇلخانا خادىملىرى زىياپەت ئۈستىدە يەرلىك بىر ئۇيغۇر ئايالغا پوخۇرلۇق قىلغاچقا، 300 چە ئامما كونسۇلخانا ئالدىغا يىغىلىپ نارازىلىق بىلدۈرگەندە، كونسۇلخانا مۇھاپىزەتچىلىرى بىلەن توقۇنۇشۇپ قالدى. ئىلغار قوراللار بىلەن قوراللانغان كازاك ئەسكەرلەر ئاممىنى قاتتىق قىرغىن قىلىپ تارقىتىۋەتتى. تىدۇ جاڭ زۇڭبىن ئاممىنىڭ نارازىلىق بىلدۈرۈش ھەرىكىتىنى قوللىغاچقا، پېتروۋسكى چارروسىيىنىڭ

بېيجىڭدىكى باش ئەلچىسى ئارقىلىق چىڭ ھۆكۈمىتىگە بېسىم ئىشلىتىپ، جاڭ زۈڭبىننى ئىچكىرىگە چاقىرتىشقا مەجبۇرلىدى ھەمدە قەشقەرنى تېخىمۇ ئۈنۈملۈك تىزگىنلەش ئۈچۈن، چاررو- سىيە پەرەس ئىلى باش بۇغى جياۋ داجۈنى قەشقەرگە تىدۇ قىلىپ تەيىنلەش توغرىسىدا يارلىق چۈشۈرگۈزدى.

1906 ـ يىلى قەشقەردىكى چارروسىيە كونسۇلى چار پادى- شاھنىڭ كۆرسەتمىسى بويىچە چارروسىيىنىڭ داۋشېڭ بانكىسى- نىڭ قەشقەر شۆبىسى قەشقەرنىڭ ۋالىيسى يۈەن خۇڭيۈگە 20 مىڭ رۇبلى قەرز بېرىپ، قەشقەر كوناشەھەردىن تورغات پورتىغا تۇتىشىدىغان يول ياسىتىپ، قەشقەردىن ئەنجانغىچە بولغان قات- ناش يولىنىڭ ئىگىدارلىق ھوقۇقىنى قولغا كىرگۈزۈۋالدى. كې- يىنكى يىلى قەشقەردىكى چارروسىيە كونسۇلى يۈەن خۇڭيۈنىڭ سودىگەرلەر بىلەن بىرلىشىپ، خوتەندە ئالتۇن كېنى ئېچىپ، كاننى باشقۇرۇش ھوقۇقىنى چاڭگىلىغا كىرگۈزۈۋالدى.

1910 ـ يىلى يۈەن خۇڭيۇ چىڭ ئوردىسىنىڭ يارلىقىغا بى- نائەن ئۇنىڭ سىرتقا توشۇلۇشىنى چەكلەش بۇيرۇقى چۈشۈر- گەندە، چارروسىيە كونسۇلى بۇ ئىشتا ئۆزىنىڭ ماقۇللۇقىنى ئالمىغانلىقىنى باھانە قىلىپ، مەزكۇر چەكلەش بۇيرۇقىنى مەج- بۇرىي ئەمەلدىن قالدۇردى.

1911 ـ يىلى شىنخەي ئىنقىلابى پارتلاپ، چىڭ ھۆكۈمىتى- نىڭ شىنجاڭغا قاراشقا چولىسى تەگمىگەندە، چارروسىيىنىڭ قەشقەردىكى كونسۇلخانىسى بۇ پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ، ئورۇن- باسار كونسۇل برونىسكىنىڭ يول كۆرسىتىشى بىلەن قەشقەر، يەكەن، قاغىلىقلاردا يەرلىك ئۇيغۇرلارنى «چارروسىيە مۇھاجىر- لىرى»لىقىغا ئۆتكۈزدى، چارروسىيە گىراژدانلىقىغا ئۆتكەنلەر- نىڭ مانجۇ ھۆكۈمىتىگە باج ـ سېلىق تاپشۇرمىسىمۇ بولىدىغان- لىقىنى ۋە چارروسىيە پۇقرالىرىغا ئوخشاش تۈرلۈك ئىمتى- يازلاردىن بەھرىمەن بولىدىغانلىقىنى تەشۋىق قىلدى، گىراژدان- لىققا تىزىملاتقانلاردىن 20 ـ 25 كىچە كۆمۈش يىغدى. نەتىجىدە

چىرىدا سۈيۈرگە ئاخۇن باشچىلىقىدا چارروسىيىگە قارشى خەلق ھەرىكىتى قوزغالدى. ئەينى ۋاقىتتا جەنۇبىي شىنجاڭدىكى چار-روسىيە گىراژدانى 200 گىمۇ يەتمەيتتى. چارروسىيە كونسۇلى سۇكوف يەرلىك كىشىلەرنى كۆپلەپ گىراژدانلىققا تىزىملىتىشقا سەپەرۋەر قىلدى، ھەتتا بىر قېتىمدا 2000 پاسپورت تارقىتىل-غان ۋاقىتمۇ بولدى. چارروسىيە تەۋەلىكىگە ئۆتكۈچىلەرنىڭ شىددەت بىلەن كۆپىيىشى نەتىجىسىدە كونسۇلخانا تەييارلاپ قوي-غان ئاق پاسپورت يېتىشمەي، «سودا چېكى» (بىر چەكنىڭ قىم-مىتى 5 سەر كۈمۈشكە تەڭ)نى ۋاقىتلىق پاسپورت سۈپىتىدە تارقاتتى. «سودا چېكى» ئەسلىدە چارروسىيە سودىگەرلىرىنىڭ جۇڭگو تەۋەسىدە سودا قىلىشى ئۈچۈن ئىشلىتىلىدىغان سودا ئىجازەتنامىسى خاراكتېرىدىكى گۇۋاھنامە ئىدى. بۇ خىل «سودا چېكى»نى سېتىۋالغان ساختا چارروسىيە گىراژدانلىرى چاررو-سىيە كونسۇلخانىسىنىڭ ئاستىرتىن مەدەت بېرىشى بىلەن جەنۇ-بىي شىنجاڭنىڭ جاي - جايلىرىدا يايلاق، مۈنبەت ئېتىزلار ۋە سۇ ئىنشائاتلىرىنى ئۆكتەملىك بىلەن ئىگىلىۋالدى، پۇقرالارنىڭ بايلىقىنى قاقتى - سوقتى قىلدى.

1912 - يىلى «چىرا ۋەقەسى» يۈز بەرگەندىن كېيىن، يۈەن شىكەي ھۆكۈمىتى چارروسىيە ئوتتۇرىغا قويغان «ئەپۇ سوراش، قاتىللارنى جازالاش ۋە تۆلەم تۆلەش»تىن ئىبارەت ئۈچ تۈرلۈك شەرتنى تولۇق قوبۇل قىلىپ، قەشقەرنىڭ يېڭىدىن تەيىنلەنگەن تىدۇسى ياڭ زەنشۇگە «تېزدىن چارروسىيە كونسۇلخانىسى بىلەن كېڭىشىپ مەزكۇر ۋەقەنى بالدۇرراق بىر ياقلىق قىلىش» توغ-رىسىدا يارلىق چۈشۈردى.

1913 - يىلىنىڭ بېشىدا ياڭ زەنشۇ ئىلى ئارقىلىق قەش-قەرگە يېتىپ كەلگەندىن كېيىن، قورال كۈچى ئارقىلىق تەھدىت سېلىپ، سۆھبەتتە تەشەببۇسكارلىق ھوقۇقىنى قولغا كىرگۈ-زۈۋالدى. 3 - ئاينىڭ ئاخىرى ياڭ زەنشۇ زېمىن كېسىپ بەر-مەسلىك ئالدىنقى شەرتى ئاستىدا چارروسىيىنىڭ قەشقەردىكى

كونسۇلى سوكوف بىلەن «چىرا ۋەقەسىنى بىر ياقلىق قىلىش ھەققىدىكى ئون ماددىلىق كېلىشىم» نى ئىمزالىدى. شۇنىڭ بىلەن يوەن شىكەي ھۆكۈمىتى چارروسىيىگە 70 مىڭ رۇبلى تۆلەم تۆلىدى. خوتەن مەمۇرلىرىدىن تاڭ يۈنجۈڭ بىلەن شېن يۈڭچىڭغا ئېغىر جەرىمانە قويۇلدى، سېيىت ھاجى باشچىلىقىدىكى ساختا چارروسىيە پۇقرالىرىغا ھۇجۇم قىلغان يەكەن ئىش بېجىرگۈچى ئامبىلى شيۈڭ گاۋشىڭغا 12 يىللىق قاماق جازاسى بېرىلدى، سېيىت ھاجى چارروسىيە كونسۇلخانىسىنىڭ بىرياقلىق قىلىشىغا ئۆتكۈزۈپ بېرىلدى. بۇنىڭ بىلەن جۇڭگو مىللەتلىرىنىڭ ئىگىلىك ھوقۇقى يەنە بىر قېتىم نومۇسسىزلارچە سېتىۋېتىلدى.

1916 ـ يىلى 10 ـ ئايدا تۆت يىل ئىلگىرىكى «چىرا ۋەقەسى»دىن قىساس ئېلىش كويىغا چۈشكەن چارروسىيە ھۆكۈمىتى قەشقەرگە قوراللانغان كازاك ئەسكەرلىرىنى ئەۋەتىپ، قولىدا تۆمۈرنىڭ سۇنۇقى يوق نۇرغۇن پۇقرانى قىرىپ تاشلىدى.

1918 ـ يىلىغا كەلگەندە كونسۇلخانا خادىملىرى چارروسىيىگە چاقىرتىپ كېتىلدى. كونسۇلخانىنىڭ تۇراقلىق مۈلكىنى قەشقەردىكى يەرلىك ھۆكۈمەت ئورگانلىرى ئۆتكۈزۈۋالدى. شۇ يىلى شىنجاڭنىڭ تۇتۇقى ياڭ زېڭشىن ئوتتۇرا ئاسىيادىكى جۇڭگو كونسۇلخانىلىرىغا قەشقەرگە بارىدىغان چارروسىيە پۇقرالىرىغا پاسپورت تارقىتىشنى توختىتىش توغرىسىدا بۇيرۇق چۈشۈردى. 1925 ـ يىلى جۇڭگو بىلەن سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ مۇناسىۋىتى نورماللاشتى. سوۋېت ئىتتىپاقى ھۆكۈمىتى چارروسىيىنىڭ قەشقەردىكى كونسۇلخانىسىنىڭ ئورنىغا سوۋېت ئىتتىپاقى كونسۇلخانىسىنى قۇردى. يېڭى كونسۇلخانا قۇرۇلغاندىن كېيىن شىنجاڭدا ماركسىزم ـ لېنىنىزم ئىدىيىسىدىكى نەشر بۇيۇملىرى يوشۇرۇن تارقىتىلىپ، سوتسىيالىزم ۋە كوممۇنىزم تەشۋىقاتى ئۈچۈن پائال خىزمەت قىلىندى.

1956 ـ يىلى سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ قەشقەردىكى كونسۇلخانىسى بىكار قىلىنىپ، كونسۇلخانا ئورنى قەشقەردىكى ئەڭ

دەسلەپكى مېھمانخانىلاردىن بولۇپ قالدى.

**پايدىلانغان ماتېرىياللار:**

1. «شىنجاڭنىڭ بوران - چاپقۇنلۇق 70 يىلى»، تەيبېي لەنشى نەشرىياتى، 1985 - يىلى نەشرى.
2. لەي جېڭچى: «شىنجاڭ خاتىرىلىرى»، 1935 - يىلى فۇرېن نەشرىياتى.
3. زېڭ جىزې: «جۇڭگو - چارروسىيە سۆھبەت خاتىرىسى»، 1900 - يىلى تاش باسما نۇسخا.
4. دېڭ زىشېن: «شىنجاڭ خەلقىنىڭ چارروسىيىگە قارشى كۈرەشلىرى»، جۇڭخۇا كىتابخانىسى 1979 - يىلى نەشرى.
5. جاڭ شاۋيۇ: «شىنجاڭ دىپلوماتىيىسىدىن دوكلات»، 1910 - يىلدىكى باسما نۇسخا.
6. «چارروسىيىنىڭ جۇڭگونىڭ غەربىي شىمالىغا تاجاۋۇز قىلىش تارىخى»، خەلق نەشرىياتى 1980 - يىلى نەشرى.
7. ئا. ن. كىروپاتكىن: «قەشقەرىيە»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1983 - يىلى نەشرى.

# ياڭ زېڭشىن، جىن شۇرېن دەۋرلىرىدىكى ئۇيغۇر ئاخباراتچىلىقى

## ئېلى تۇراق

**1. ياڭ زېڭشىن دەۋرىدىكى ئۇيغۇر ئاخباراتچىلىقى**

ياڭ زېڭشىن 1912 ـ يىلى 6 ـ ئايدا شىنجاڭنىڭ ھەربىي ـ مەمۇرىي ھوقۇقىنى ئۆتكۈزۈۋالغاندىن كېيىن، «خەلقنى نادانلىقتا قالدۇرۇپ، بىخۇدلۇقتا تىزگىنلەش» سىياسىتىنى يولغا قويۇپ، شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت خەلقىگە بولغان سىنىپىي ۋە مىللىي زۇلۇمنى يەنىمۇ ئېغىرلاشتۇردى، ئىلىم ـ مەرىپەتنىڭ گۈللىنىپ، خەلقنىڭ نادانلىق ئىسكەنجىسىدىن قۇتۇلۇشىغا يول ھازىرلايدىغان ھەرقانداق تەرەققىيات ـ يۈكسىلىش يوللىرىنىڭ ھەممىسىنى زوراۋانلىق، ۋەھشىيلىك بىلەن بوغۇپ تاشلىدى، مەدەنىيەت مۇئەسسەسىلىرى، ئاخبارات ئورگانلىرىنى ئۆزى قورۇش تۇگۇل، خەلقنىڭ ئۆز خاھىشى بويىچە قۇرۇشىغا ئەسلا يول قويمىدى. شۇڭا ئۇ ھۆكۈمرانلىق قىلغان دەۋردە شىنجاڭ دائىرىسىدە تىياتىرخانا، كىنوخانا، مەدەنىيەت يۇرتى، كىتابخانا دېگەندەك سورۇنلار يوق دېيەرلىك ئىدى. گېزىت چىقىرىش ئارقىلىق كەڭ ئاممىنى ئۇيغىتىپ تەرەققىيات يولىغا يېتەكلەش، پەن ـ مەرىپەتنى گۈللەندۈرۈش ئۈچۈن مەكتەپ ئېچىش قاتارلىقلار ئەمەلگە ئاشمىقى قىيىن بولغان مۇشكۈل ئىشلاردىن بولۇپ قالغانىدى. قىسقىسى، «ياڭ زېڭشىن ئۆز ھۆكۈمرانلىقىنى داۋاملاشتۇرۇش ئۈچۈن قولىدىن كېلىدىغان چارىلەرنىڭ ھەممىسىنى قىلىپ، مائارىپنى راۋاجلاندۇرماسلىقنى بىر مۇھىم مەز-

مۇن قىلغان» [1] ئىدى. «ياڭ زېڭشىن ئۆلكە ئىچىدە سىرت بىلەن ئالاقە قىلماسلىق سىياسىتىنى يۈرگۈزدى. ئۇ ئۇچۇقتىن - ئۇ - چۇق پوچتا - تېلېگرافنى تەكشۈرۈش تۈزۈمىنى يولغا قويۇپ، مەملىكەت ئىچى ۋە سىرتىدىن ھەر قانداق كىتاب - ژۇرنال، گې - زىتلەرنى شىنجاڭغا ئەكىرىش - ئەپچىقىشنى قاتتىق مەنئى قىلدى»[2].

ئۇ ھاكىمىيەت يۈرگۈزگەن مەزگىلدە، شىنجاڭدا پەقەت خەنزۇ تىلىدا چىقىدىغان «تيانشان گېزىتى» لا ھۆكۈمەت تەرىپىدىن چىقىرىلىدىغان بىردىنبىر چوڭ گېزىت ئىدى. ئۇيغۇرلار ئىچى - دىكى ئوقۇمۇشلۇق كىشىلەر، تەرەققىيپەرۋەر زىيالىيلار تەرىپى - دىن چىقىرىلغان «ئىلى ۋىلايىتىنىڭ گېزىتى» (ئابدۇقېيۇم ھەفزى تەرىپىدىن 1910 - يىلى نەشر قىلىنغان). «ئىلى بەيخۇا گېزىتى» (1910 - يىلى نەشر قىلىنغان)، «يېڭى ئىلى گېزىتى» (1912 - يىلى نەشر قىلىنغان)، «ئاڭ» گېزىتى (قۇتلۇق ھاجى شەۋقى تەرىپىدىن 1918 - يىلى نەشر قىلىنغان) قاتارلىق كۆپ - لىگەن ئىلغار ئىدىيىلىك گېزىتلەر ياڭ زېڭشىننىڭ ئەنە شۇنداق بېكىنمىچىلىك، خۇراپاتلىق ئىدىيىسىنىڭ زىيانكەشلىكى سەۋەب - لىك نەشر قىلىنىشتىن توختىتىۋېتىلگەنىدى. بۇ خىل بوغۇش - نىڭ ئەينى دەۋردە يېڭى مەدەنىيەت ھەرىكىتىگە يۈرۈش قىلىۋات - قان ھەر مىللەت خەلقى ئۈچۈن زور يوقىتىش بولغانلىقى ھەم - مىگە چۈشىنىشلىك. شۇنداقتىمۇ ياڭ زېڭشىننىڭ «تەشۋىقات ۋاراقلىرىنى تارقىتىدىغانلارنى، مەيلى جۇڭگولۇق ياكى رۇسىيە - لىك بولسۇن بىردەك جازالاش كېرەك»[3] دېگەندەك قاتتىق تەلەپ - چۈز بىلەن چىقارغان چاقىرىقلىرى يېڭى مەدەنىيەت ھەرىكىتى - نىڭ تەرەپدارلىرىنى ھەرگىز توسۇپ قالالمىغان. قەشقەردە ئەينى

---

① سەيپىدىن ئەزىزى: «ئۆمۈر داستانلىرى» (ئەسلىمە 1)، «زۇلۇم زىندانلىرىدا» 131 - بەت.

② «ئۇيغۇرلارنىڭ قىسقىچە تارىخى»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى 514 - بەت.

③ ياڭ زېڭشىن: «سەۋەنلىكلەردىن ساۋاقلار» 4 - جىلدكە قارالسۇن. (نۇرمۇھەم - مەت زامانىنىڭ «ئۇيغۇر ھازىرقى زامان ئەدەبىياتى تارىخى» ناملىق كىتابىنىڭ 34 - بېتىدە بېرىلگەن نەقىل).

دەۋرىدىكى كاتتا ئالىم ئابدۇقادىر بىننى ئابدۇلۋارىس قەشقەرى (1862 ـ 1924) باشقا مەملىكەتلەردىن تاش مەتبەئە ئۈسكۈنە-لىرىنى ئالدۇرۇپ، تەربىيەۋى ئەھمىيەتكە ئىگە، رېئاللىقتا قارد-تا روشەن تەنقىدىي تۈس ئالغان گېزىت خاراكتېرىدىكى تەشۋىقات ۋاراقلىرىنى كۆپلەپ بېسىپ، كەڭ ئاممىغا ھەقسىز تارقىتىپ بېرىپ، ئاممىنى جاھانگىر دۆلەتلەرنىڭ شىنجاڭ خەلقىگە دىنىي ئېتىقاد جەھەتتە سىڭىپ كىرىپ، بۆلگۈنچىلىك، مالىمانچىلىق پەيدا قىلىشىنىڭ ۋە ئۇلارنى قۇترىتىشىنىڭ ئالدىنى ئېلىشقا، ئۆزلىرىنى نادانلىقتىن، جاھالەتتىن قۇتۇلدۇرۇپ، ئازادلىق، ھۆرلۇك ئۈچۈن كۈرەش قىلىشقا يېتەكلىگەن.

1919 ـ يىلى ئىلىدا مىللەتسۆيەر، تەرەققىيپەرۋەر زىيا-لىيلاردىن ھۈسەيىنبەگ بىلەن فازىل يۈنۈس «ھۆر سۆز» گېزد-تىنى نەشر قىلغان. بىراق بۇ گېزىتمۇ زوراۋانلارنىڭ توسالغۇ-سى بىلەن 1921 ـ يىلى نەشردىن توختاپ قالغان[1]. ئۇنىڭدىن كېيىن (ياڭ زېڭشىن ئۆلتۈرۈلۈپ، ئۇنىڭ ئورنىغا جىن شۇرېن تەختكە چىققۇچە بولغان ئارىلىقتا) يەنە «ئىلى دېھقانلىرى» گې-زىتى، «بىزنىڭ تاۋۇش» قاتارلىق گېزىتلەر نەشر قىلىنغان.

«ئىلى دېھقانلىرى» گېزىتى 1922 ـ يىلى ئىلىدا نەشر قد-لىنغان، كېيىن نامى «ئىلى دەرياسى گېزىتى»گە ئۆزگەرتىلگەن. «بىزنىڭ تاۋۇش» گېزىتى 1925 ـ يىلى چۆچەكتە نىياز ئىسھا-قىي قاتارلىق تەرەققىيپەرۋەر زىيالىيلار تەرىپىدىن تاش مەتبەئە-دە نەشر قىلىنىشقا باشلىغان بولۇپ، بۇ گېزىت جىن شۇرېن ھۆكۈمرانلىقى دەۋرىدىمۇ داۋاملىق نەشر قىلىنىۋەرگەن.

**2. جىن شۇرېن دەۋرىدىكى ئۇيغۇر ئاخباراتچىلىقى**

1928 ـ يىلى جىن شۇرېن ھاكىمىيەت بېشىغا چىققاندىن كېيىن، ھەر مىللەت خەلقى ئۈستىدىكى زۇلۇمنى ياڭ زېڭشىن دەۋرىدىكىدىنمۇ بەك ئاشۇرۇۋەتكەنىدى. ئۇ ياڭ زېڭشىننىڭ «خەلقنى نادانلىقتا قالدۇرۇپ، بىخۇدلۇقتا تىزگىنلەش» سىيا-

① «ئىسلام ئېنسىكلوپېدىيىسى»، 7 ـ توم 392 ـ بەت.

ستىنى ئۆزگەرتىشتە يوق، ئەكسىچە ئۇنىڭغا يەنىمۇ سادىق بول-دى. شۇڭا جىن شۇرېن ھاكىمىيىتى دەۋرىدىكى سىياسىي، ئىق-تىسادىي، ئىجتىمائىي ۋەزىيەت ياڭ زېڭشىن دەۋرىدىكىدىن كۆپ دەرىجىدە ئۇساللىشىپ كەتكەنىدى.

جىن شۇرېن تەختتە ئولتۇرغان بەش يىل ئىچىدە ئۇيغۇرلار-نىڭ ئاخباراتچىلىق ئىشلىرى دېگەندەك تەرەققىي قىلالمىدى، شۇنداقتىمۇ «بىزنىڭ تاۋۇش» گېزىتى ھەرخىل ئامىللار بىلەن داۋاملىق نەشر قىلىنىپ تۇرۇش بىلەن بىللە، يەنە جىن شۇرېن-نىڭ تەختتىن چۈشۈپ، شېڭ شىسەينىڭ ھوقۇق ئىگىلىشىنىڭ ئالدى - كەينىدە، قەشقەردە قۇتلۇق ھاجى شەۋقى تەرىپىدىن «شەرقىي تۈركىستان مەۋجۇدىيەت گېزىتى» بىلەن «يېڭى ھايات» گېزىتى ئارقا - ئارقىدىن نەشر قىلىندى. ئۇنىڭدىن باشقا ئىلى ۋىلايىتىدە «ئىلى دەرياسى گېزىتى» نەشر قىلىناتتى.

**1) «بىزنىڭ تاۋۇش» گېزىتى**

«بىزنىڭ تاۋۇش» گېزىتى 1925 - يىلىدىن باشلاپ نەشر قىلىنغان، ئۇنىڭ بارلىققا كېلىشىدە، 20 - ئەسىرنىڭ باشلىرىدا قۇرۇلغان «تۇران» مەكتىپىنىڭ مەتبەئە ئۇسكۇنىلىرى مۇھىم ئاساس بولغان.

«تۇران» مەكتىپى يېڭىچە پەننىي مائارىپنىڭ تېز ئومۇملى-شىشى ۋە تەرەققىي قىلىشى ئۈچۈن ئاخبارات ۋاسىتىلىرىدىن پايدىلىنىپ، ئىجابىي جامائەت پىكرى پەيدا قىلىش ھەمدە كې-رەكلىك دەرسلىك ماتېرىياللارنى ئۆزلىرى بېسىپ چىقىرىش ئۈچۈن 1925 - يىلى قازان شەھىرىدىن بىر يۈرۈش تاش مەتبەئە ئۇسكۈنىسى كىرگۈزگەن، شۇنىڭدىن تارتىپ دەرسلىك ماتېرى-ياللار بېسىلىش بىلەن تەڭ، بىر قىسىم ئىلغار زىيالىيلار بۇ مەتبەئە ئۇسكۇنىلىرىدىن پايدىلىنىپ، خەلقنىڭ ۋە تەرەققىياتنىڭ ئارزۇ - ئۈمىدلىرىنى ئەكس ئەتتۈرىدىغان بىر گېزىت نەشر قى-لىشنى قارار قىلغان. دەسلەپتە «تۇران» مەكتىپىنىڭ ئوقۇتقۇ-چىلىرى مەزكۇر مەكتەپنىڭ مۇئەللىمى نىياز ئىسھاقىينىڭ

باشچىلىقىدا ئەشۇ تاش مەتبەئەدىن پايدىلىنىپ، ئەدەبىي ۋە سىياسىي ماقالىلەر بېسىلغان تەشۋىقات ۋاراقلىرىنى تەييارلاپ، چۆچەك شەھىرىدىكى زىيالىيلار ئارىسىغا تارقىتىپ، ئۆزئارا پىكىر ئالماشتۇرۇپ تۇرغان. كۆپ ئۆتمەي ئۇنىڭ ئورنىغا «بىزنىڭ تاۋۇش» نامىدىكى ھەپتىلىك گېزىت نەشر قىلىنىشقا باشلىغان.

«بىزنىڭ تاۋۇش» گېزىتىنىڭ باش مۇھەررىرلىكىنى نىياز ئىسھاقىي، مۇھەررىرلىكنى مۇرسىيېف ئەپەندى، خەتتاتلىقىنى ئابدۇرېشىت ئەپەندى ئۈستىگە ئالغان. ئەينى چاغدا بۇ گېزىتتە شىنجاڭنىڭ ئىجتىمائىي، ئىقتىسادىي ۋە سىياسىي ۋەزىيىتى ئۈستىدە بىر قۇر تەھلىللەر يۈرگۈزۈلگەن. شۇ چاغدىكى ئەكسىيەتچىل ھۆكۈمرانلارنىڭ مىللىي كەمسىتىش، مىللىي ئېزىش ۋە مىللىي بۆلگۈنچىلىككە ئائىت جىنايەت ـ قىلمىشلىرى پاش قىلىنغان، ئىلغار ئىدىيىلەر تەشۋىق قىلىنىپ، خەلق يېڭىلىقلارنى قوبۇل قىلىشقا، ئىلىم ـ پەن ئۆگىنىشكە يېتەكلەنگەن. بۇنىڭغا تىپىك بىر مىسال شۇكى، «بىزنىڭ تاۋۇش» گېزىتىدە 1930 ـ، 1931 ـ يىللىرى ئۆزىدە «سارت پا، الده ۇيغورما؟» («سارتمۇ، ئۇيغۇرمۇ؟») دېگەن تېمىدا ماقالە ئېلان قىلىنىپ، ياڭ زېڭشىن، جىن شۇرېن ھۆكۈمىتىنىڭ شىنجاڭدىكى يەرلىك مىللەتلەرگە، بولۇپمۇ ئۇيغۇرلارغا قاراتقان مىللىي كەمسىتىش خاھىشى قاتتىق ئەيىبلىنىپ، ھۆكۈمەتتىن «ئۇيغۇر» دېگەن مىللەت نامىنى ئەسلىگە كەلتۈرۈش كۈچەپ تەلەپ قىلىنغان.[1] «بىزنىڭ تاۋۇش» گېزىتى نەشر قىلىنىۋاتقان مەزگىلدە چۆچەكتە قېرىنداش تۈركىي تىللىق مىللەتلەرنىڭ ئارىلىشىپ ئولتۇراقلاشقانلىقى سەۋەبلىك، ھەر مىللەت خەلقىنىڭ ئوقۇپ چۈشىنىشىگە قولايلىق تۇغدۇرۇش مەقسىتىدە ئەينى ۋاقىتتىكى ئۇيغۇر، تاتار، قازاق، ئۆزبېك قاتارلىق مىللەتلەر چۈشىنەلەيدىغان ئورتاق ئەدەبىي تىلدا چىقىرىلغان، ئۇيغۇر تىلى ئاساس قىلىنغان. مەزكۇر گې-

[1] تاھىر تاشبايېف: «دۆلىتىمىز قۇرۇلۇشتىن بۇرۇنقى تارباغاتاي ۋىلايىتىنىڭ باسما سۆز تارىخىدىن قىسقىچە چۈشەنچە».

زىت ھەر مىللەت زىيالىيلىرىنى ماقالە يېزىشقا ئۈيۈشتۇرۇپ تۇرغاچقا، گېزىتنىڭ خەۋەر، بىلىم دائىرىسىمۇ كەڭ بولغان. ئۇيغۇر زىيالىيلىرىدىن سىرت، تاتار، قازاق، ئۆزبېك زىيالىيلىرىمۇ ئۇنىڭغا كۆپلەپ ماقالە يېزىپ تۇرغان. شۇنداق بولغاچقا، گېزىتنىڭ مۇشتەرىلىرى كۆپەيگەن. «بىزنىڭ تاۋۇش» گېزىتى ئەنە شۇنداق قىلىپ كەڭ خەلق ئاممىسىنىڭ ياقتۇرۇپ ئوقۇيدىغان ماتېرىيالىغا، پىكىر بايان قىلىدىغان مۇنبىرىگە، جەمئىيەت تەرەققىياتىنى كۆزىتىدىغان كۆزنىكىگە ئايلانغان. ئەپسۇسكى 1932 - يىلىنىڭ باشلىرىدا جىن شۇرېن ھۆكۈمىتى «بىزنىڭ تاۋۇش» گېزىتىنىڭ خەلقنى ئويغىتىش، ھۆكۈمەتكە قارشى قوزغىتىپ قويۇشىدىن قورقۇپ، ئۇنى زورلۇق بىلەن نەشر قىلىشتىن توختىتىپ قويغان.

2) «شەرقىي تۈركىستان مەۋجۇدىيەت گېزىتى»

«شەرقىي تۈركىستان مەۋجۇدىيەت گېزىتى» قۇتلۇق ھاجى شەۋقى تەرىپىدىن 1933 - يىلى 6 - ئايدىن باشلاپ نەشر قىلىنىشقا باشلىغان، ئۇنىڭ نەشر قىلىنىشىغا قەشقەرنى قىسقا مۇددەت ئىدارە قىلغان كۆچا قوزغىلاڭچىلىرىنىڭ باشلىقى تۆمۈر ئېلى كۆپ ياردەم بەرگەن.

قۇتلۇق ھاجى شەۋقىنىڭ باش مۇھەررىرلىكىدە، شۋېتسىيىنىڭ قەشقەردىكى دىن تارقىتىش ئورگىنىنىڭ ياردىمىدە نەشر قىلىنغان «شەرقىي تۈركىستان مەۋجۇدىيەت گېزىتى» دەسلەپتە بىر بەت، كېيىنچە ئىككى بەت چىقىرىلغان. تىراژىمۇ چەكلىك بولۇپ، تارقىتىلىش ئوبيېكتلىرى، ئاساسلىقى پومېشچىك - چارۋىدارلار ۋە بىر قىسىم تىجارەتچى - سودىگەرلەر بىلەنلا چەكلەنگەن. مەزكۇر گېزىت نەشر قىلىنىپ ئىككى ئاي ئۆتكەندە (يەنى 8 - ئايدا) قوللاپ ياردەم بەرگۈچىسى تۆمۈر ئېلىنىڭ ماجەنساڭ تەرىپىدىن ئېتىپ ئۆلتۈرۈلۈشى بىلەن نەشرىدىن توختاپ قالغان.

3) «ئەركىن هايات» گېزىتى

«يېڭى هايات» گېزىتى 1933 ـ يىلى 11 ـ ئاينىڭ 12 ـ كۈنى قەشقەردە قۇرۇلغان «شەرقىي تۈركىستان ئىستىقلالىيەت جۇمھۇرىيىتى»نىڭ قوللىشى بىلەن قۇتلۇق هاجى شەۋقى تەردىپىدىن نەشر قىلىنىشقا باشلىغان. بۇ گېزىتمۇ «شەرقىي تۈركىستان مەۋجۇدىيەت گېزىتى»گە ئوخشاشلا قەشقەردىكى شىۋېتسىيە دىن تارقىتىش ئورگىنىنىڭ «شۋېت مەتبەئەسى»دە بېسىلغان.

«يېڭى هايات» گېزىتىدە سىياسىي، ئىقتىسادىي ۋە ئىجتىمائىي خەۋەرلەر، ۋەزىيەت تەرەققىياتىغا بولغان ئوبزورىي ماقالىلەر ئېلان قىلىنىپ تۇرغان. لېكىن «يېڭى هايات» گېزىتى نەشردىن چىقىپ ئۇزۇن ئۆتمەي، نەشردىن توختاپ قالغان.

«يېڭى هايات» گېزىتى نەشر قىلىنىۋاتقان مەزگىلدە، خەۋەرلەردىن سىرت، يەنە ئۇيغۇر تارىخىغا ئائىت ماقالىلەر، ئىسلام ئەقىدىلىرى توغرىسىدىكى چۈشەندۈرۈش ماقالىلىرى ۋە ئەدەبىي ئەسەرلەرنىمۇ كۆپلەپ ئېلان قىلغان. ئۇنىڭ فېئوداللىق خۇراپاتلىققا، نادانلىققا، جاهالەتلىك ئىجتىمائىي تۈزۈمگە قارشى تۇرۇپ، خەلقنى پەن ـ مەدەنىيەتكە، ئىلغارلىققا يېتەكلەشنى مەقسەت قىلغان تەشۋىقات مەزمۇنلىرى ئۇيغۇرلارنى ئاساس قىلغان ھەر مىللەت شىنجاڭ خەلقىنى ئەركىنلىك، باراۋەرلىك، تەرەققىيات شوئارلىرى ئاستىدا ئۆم ـ ئىناق بولۇپ، گۈزەل كەلگۈسى ئىستىقبال ئۈچۈن بوشاشماستىن ئۈزلۈكسىز كۈرەش قىلىشقا يېتەكلەشتە ياخشى تەشۋىقاتچىلىق رولىنى ئوينىغان.

4) «ئىلى دەرياسى گېزىتى»[1]

1922 ـ يىلى نەشر قىلىنغان «ئىلى دېھقانلىرى» گېزىتىدىن ئۆزگەرتىلىپ بارلىققا كەلگەن «ئىلى دەرياسى گېزىتى» دەسلەپتە كۈرە شەهىرىدە نەشر قىلىنغان. 1932 ـ يىلى ئۇنىڭ

① «ئىلى گېزىتى مۇخبىرلار ئىشى»: «ئابلەت سەمەتنىڭ ئىلى مەتبەئەچىلىكى هەققىدە ئېيتقانلىرى» ئاساس قىلىندى.

مەتبەئە ئۇسكۇنىلىرى غۇلجىدىكى قارادۆڭگە يۆتكەپ كېلىنىپ شۇ يەردە چىقىرىلىشقا باشلىغان.

«ئىلى دەرياسى گېزىتى» ئەينى چاغدا ئۇيغۇرچە، خەنزۇچە ئىككى خىل تىل ـ يېزىقتا كىچىك فورماتتا ھەپتىسىگە ئىككى سان چىقىرىلغان، گېزىتكە نېپىز خوتەن قەغىزى ئىشلىتىلـ گەن، ئىككى بەتلىك چىقىرىلىپ، ئارقا ئىككى بېتى ئاق تاشلانـ غان. ئىشچى ـ خىزمەتچىلەر يېرىم ھەربىي تۈزۈم بويىچە باشقۇـ رۇلغان، ھەربىي كىيىم ـ كېچەك ۋە تۇرمۇش خىراجىتى بېرىدـ لىپ، يېتىپ ـ قوپۇش، تاماق كوللېكتىپ بولغان.

تەھرىر بۆلۈمىنىڭ ئاساسلىق مۇھەررىرلىرى ھەبىب يۇنىـ چى، خېلىل ساتتارى، ئايۇپ مەنسۇرى، مەرۇپ سەئىدى، ئەنۋەر ناسىرى، تەرجىمانلىرى ليۇ فامىلىلىك ئاكا ـ ئۇكا خۇيزۇلار ئىدى، بۇلار مۇھەررىر ـ مۇخبىر دەپ ئېنىق ئايرىلمىغان، سىرتقا چىقىپ خەۋەر ماتېرىياللىرىنى توپلىغاندا مۇخبىر، ئىشخانىدا ئولتۇرۇپ خەۋەر ـ ماقالىلەرنى تەھرىرلىگەندە مۇـ ھەررىر بولغان. گېزىتكە يەرلىك خەۋەرلەر، مەملىكەت خەۋەرلىـ رى ۋە خەلقئارا خەۋەرلەر ھەم ئەدەبىي ئەسەرلەر كۆپرەك بېرىلـ گەن. بۇنىڭدا مەملىكەت خەۋەرلىرى ۋە خەلقئارا خەۋەرلەرنىڭ بىر قىسمى خەنزۇچە چوڭ گېزىتلەردىن تەرجىمە قىلىنسا، كۆپ قىسمى سابىق سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ ت ئا س س ئاگېنتلىقى تارقاتقان خەۋەرلەردىن تەرجىمە قىلىنىپ ئېلىنغان.

# ئۈرۈمچىدىكى «نەنلياڭ» نىڭ ئۆتمۈشى ۋە بۈگۈنى

هوشۇر هاجى پەتتار

جۇڭخۇا خەلق جۇمهۇرىيىتى قۇرۇلۇشتىن ئىلگىرى ئۈرۈمچى شەهىرى تيانشان رايونىنىڭ جەنۇبىدىكى يەر تۈزۈلۈشى نىسبەتەن ئېگىز بولغان رايون «نەنلياڭ» (جەنۇبىي تۆپىلىك) دەپ ئاتىلىپ كەلگەنىدى. 1949 ـ يىلى 9 ـ ئايدا شىنجاڭ تىنچ يول بىلەن ئازاد بولۇپ، جۇڭگو خەلق ئازادلىق ئارمىيىسى نەنلياڭ ئارقىلىق ئۈرۈمچىگە غەلىبىلىك كىردى، بۇنىڭ خاتىرىسى ئۈچۈن ئاساسلىق غول كوچىغا «غالىبىيەت يولى» دەپ نام بېرىلدى.

نەنلياڭ رايونى سۇيى مول، يېرى مۇنبەت ئوتلاق ۋە مەنزىرىلىك جاي ئىدى. 1850 ـ يىللاردىن كېيىن بۇ يەردە ئاهالە تەدرىجىي كۆپەيدى. بولۇپمۇ 1860 ـ يىللاردىن كېيىن تۇرمۇش تىرىكچىلىكى، هۈنەر، تىجارەت ئېھتىياجى بىلەن جاي ـ جايلاردىن، جۇملىدىن ئوتتۇرا ئاسىيا رايونىدىن هەر مىللەت پۇقرالىرى ئۈرۈمچىگە كېلىپ، تولىسى مۇشۇ نەنلياڭغا ئورۇنلاشتى.

1878 ـ يىلىدىن ئىلگىرى ۋە 1881 ـ يىلى چار روسىيە هاكىمىيىتىنىڭ بېسىمى، زومىگەرلىكى، چىڭ هاكىمىيىتىنىڭ چىرىكلىكى ۋە زەئىپلىكى بىلەن جۇڭگو ـ روسىيە ئوتتۇرىسىدا «سودا ئالاقىسى قىلىش، شىنجاڭنىڭ ئاساسلىق جايلىرىدا چار ـ روسىيە كونسۇل تۇرغۇزۇش» مەزمۇن قىلىنغان تەڭسىز شەرتنامىلەر ئارقا ـ ئارقىدىن ئىمزالاندى. چارروسىيە تۇرپاندا قۇرغان كونسۇلخانىسىنى 1895 ـ يىلى ئۈرۈمچىگە يۆتكەپ كېلىپ هازىرقى غالىبىيەت يولى 193 ـ نومۇرلۇق قورۇغا ئورۇنلىشىپ كونسۇل تۇرغۇزدى. شۇنىڭ بىلەن شىمالىي پاسىلى هازىرقى دۆڭكۆۋرۈك، شەرقىي پاسىلى هازىرقى يەنئەن يولىدىكى شامال ـ

باغ، جەنۇبىي پاسىلى ھازىرقى ئۆچتاش (سەندۈگبى)، غەربىي پاسىلى خابا (ھازىرقى ساي يولى) ئارىلىقى چەت ئەللىك (ئاساسلىقى روسىيىلىك) سودىگەرلەر يەرلىك باج ۋە تاموژنا بىجى تۆلىمەي ئەركىن سودا قىلىدىغان «سودا چەمبىرىكى» قىلىپ بەلگىلەندى. بۇ شۇ ۋاقىتتا بىر دۆلەتنىڭ ئىككىنچى بىر دۆلەتتىكى سودا مەركىزى مەنىسىدە رۇسچە «فاكتورىيە» دەپ ئاتالدى. بۇ يېڭى جۇڭگو قۇرۇلۇشتىن بۇرۇنقى ئەنگلىيە، پورتۇگالىيە قاتارلىق جاھانگىرلارنىڭ جۇڭگونىڭ شاڭخەي، تيەنجىن، گۇاڭجۇ شەھەرلىرىدىكى «كونسېسسىيە» (租界) سىگە ئوخشاش خاراكتېرگە ئىگە ئىدى. چەت ئەللىك سودىگەرلەر نەنلياڭدا «سودا چەمبىرىكى» نى مەركەز قىلىپ كونسۇلخانا ھامىيلىقىدا «تيەنشىڭ» سودا فىرمىسى (天兴洋行) غا ئوخشاش رەسمىي ۋۇجۇدسىز كىسى بار ئون نەچچە سودا فىرمىسى قۇردى. شۇنىڭدىن ئېتىبارەن بۇ كوچا خەنزۇچە (洋行街) (ئەجنەبىيلەر كوچىسى) دەپ ئاتىلىپ قالدى.

جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتى قۇرۇلغاندىن كېيىن نەنلياڭ مەمۇرىي باشقۇرۇش جەھەتتە 1956 ـ يىلى 3 ـ رايون قىلىندى، 1957 ـ يىلى «دوستلۇق» رايونى دەپ ئۆزگەرتىلدى. 1960 ـ يىلى «دوستلۇق» رايونى بىلەن «تيانشان رايونى» بىرلەشتۈرۈلۈپ «تيانشان» رايونى قىلىندى. ئازادلىقتىن بېرى نەنلياڭدا باشقا جايلارغا ئوخشاش ناھايىتى زور ئۆزگىرىش بولدى. ئىقتىساد تەرەققىي قىلىپ، ھەر مىللەت خەلقىنىڭ تۇرمۇش سەۋىيىسى ئومۇميۈزلۈك ياخشىلاندى، يول ـ كوچىلار كېڭەيتىلدى، يول بويلىرى كۆكەرتىلىپ مۇھىتى ياخشىلاندى. بىر قەۋەتلىك رەتسىز، كۆرۈمسىز كېسەك ئۆيلەرنىڭ ئورنىنى بېتون قۇرۇلمىلىق كۆركەم، ئېگىز بىنالار ئالدى.

مەن ئۆزۈمنىڭ كۆرگەن، بىلگەن ۋە ئاڭلىغانلىرىمنى ئالاقىدار تارىخىي ماتېرىياللار بىلەن سېلىشتۇرۇش، دەلىللەش ئارقىلىق نەنلياڭنىڭ ئۆتمۈشى ۋە ھازىرىنىڭ بىر قىسمىنى يورۇ-

تۇپ بېرىدىغان بۇ ماتېرىيالنى تەييارلىدىم. ماتېرىيالدا ئاساسلىقى ئەينى ۋاقىتتا تەسىرى بىرقەدەر زور بولغان ۋە نامى تونۇلغان چوڭ ـ چوڭ قورۇلار، قورۇ ئىگىلىرى ۋە بەزى ئورگان ـ ئاپپاراتلار ھەم ئۇلارنىڭ كېيىنكى ئۆزگىرىشلىرى بېرىلدى. بۇ ھازىرقىلارنىڭ نەنلياڭنىڭ ئۆتمۈشى ۋە بۈگۈنىنى چۈشىنىشىگە، ئەجدادى نەنلياڭدا ياشىغان ئەۋلادلارنىڭ ئەجدادىنى چۈشىنىشىگە بەلگىلىك ياردەم بېرىدىغان، «تارىخنى ساقلاش» قىممىتىگە ئىگە ماتېرىيال بولۇپ قالغۇسى.

I

## ھازىرقى غالىبىيەت يولىنىڭ شەرقىي شىمالىدىكى كونا شىپەتلىك ياكى خاڭچىلىك (خان قەلئەسى) كوچىسى

مىرمەخمۇت مىرخەمدوف قورۇسى

مىرمەخمۇت، ئۆزبېك، تاشكەنتلىك، ئوقۇمۇشلۇق زات، جامائەت ئەربابى، مەرھۇم ئەنۋەر خانبابانىڭ تاغىسى. مىرمەخمۇت 1928 ـ يىلى ئۈرۈمچىگە كېلىپ تىجارەت بىلەن شۇغۇللانغان. 1936 ـ يىلى ئۆلكىلىك ئۆزبېك مەدەنىي ئاقارتىش ئۇيۇشمىسىغا تۇنجى رەئىس بولغان. چوڭ خوتۇنى زەمىرە (ئۆزبېك)، ئۇنىڭدىن تۇغۇلغان قىزى رەئىسە، ئوغلى ئۆمەرجان، زەمىرە ۋاپات بولغاندىن كېيىن مىرمەخمۇت تۇرپانلىق ھەمدۇللائاخۇننىڭ قىزى زۆھرەخانغا ئۆيلەنگەن. ئۇنىڭدىن مەخپۇزە، مەلىكە، مۇبارەكتىن ئىبارەت ئۈچ قىز تۇغۇلغان. مىرمەخمۇت 1941 ـ يىل 1 ـ ئاينىڭ 30 ـ كۈنى 75 يېشىدا ئۈرۈمچىدە كېسەل بىلەن قازا قىلغان.

مىرمەخمۇت قورۇسى خانبابا (تۇرسۇنبابا) قورۇسىنىڭ شەرقىي تەرىپىدە بولۇپ، كۈنگەيگە قارىتىپ سېلىنغان تاختايلىق ئازادە ئۆيلىرى بار ئىدى. مىرمەخمۇت ۋاپات بولغاندىن كېيىن ئۇنىڭ بالدۇرقى ۋە كېيىنكى خوتۇنىدىن بولغان بالىلىرى قورۇ ـ

جايىغا ۋارىسلىق قىلدى. يېڭى جۇڭگو قۇرۇلغاندىن كېيىن 1955 ـ يىلى بۇ قورۇنىڭ بىر قىسىم ئۆيلىرى سوتسىيالىستىك ئۆزگەرتىشتە ئۆزگەرتىلدى. دەسلەپىدە ئورمانچىلىق نازارىتى قارىمىقىدىكى ئىشچى ـ خىزمەتچىلەرنىڭ ئائىلە ـ تاۋابىئاتلىرى ئولتۇردى. ھازىر چېقىلىپ ئىزى قالمىدى.

**ئابدۇقادىر خەمدۇللا قورۇسى**

ئابدۇقادىرنىڭ ئاتىسى خەمدۇللا ھاجى، تاتار، فامىلىسى بېكمېتوف، چوڭ بوۋىسى بېك مۇھەممەد بولغاچقا بېكمېتوف دەپ فامىلە قوللانغان. خەمدۇللا 20 ـ ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىلىرىدا تاتارىستاننىڭ قازاق بالتاي ئاۋۇلىدىن ئائىلىسى بىلەن بىللە ئۈرۈمچىگە كۆچۈپ كېلىپ ئولتۇراقلاشقان. خەمدۇللا كاتتا سودىگەر ۋە چوڭ چارۋىدار زىيا ھاجىنىڭ تاغىسى بولۇپ، ئۇ ئەينى چاغدا ئۈرۈمچىدە زىيا ھاجىنىڭ تىجارىتىگە ياردەملەشكەن. خەمدۇللانىڭ ئوغلى ئابدۇقادىرمۇ سودا بىلەن شۇغۇللىنىپ جەمئىيەتتە ئىناۋەتكە ئېرىشكەن. يېڭى جۇڭگو قۇرۇلۇشتىن ئىلگىرى ئۆزى ئولتۇرۇشلۇق خاڭچىك كوچىسىغا گەيجاڭ (ئاقساقال) بولۇپ، «قادىر گەيجاڭ» دەپ نام ئالغان. ئابدۇقادىرنىڭ لاتىف، ماناپ، فەزىلە، خەسەن دېگەن پەرزەنتلىرى بولغان.

ئابدۇقادىر خەمدۇللانىڭ قورۇسى چاققان، تۆت چاسا قورۇ بولۇپ، ئۆز ئائىلىسىلا ئولتۇراتتى، ئازادلىقتىن كېيىن بۇ قورۇنىڭ جەنۇبىدىكى ئاددىي ئىككى قەۋەت جازا قۇرۇلمىلىق ئۆيلىرىگە ئوت كېتىپ كۆيۈپ كەتتى، كېيىن لاپاس قىلىپ ئۆزگەرتىلدى. بۇنى 1970 ـ يىللىرى مەھەللە ئاھالىلىرى پاختا يىپ ئىگىرىدىغان، قولقاپ توقۇيدىغان كىچىك كارخانا قىلىپ ئىشلەتتى. ھازىر بۇ قورۇ قوشنا قورۇلار قاتارىدا باغچا قىلىندى.

**غابدۇل خېكىم (ئابدۇل ھېكىم) قورۇسى**

غابدۇل خېكىم، تاتار، تەرەققىيپەرۋەر تىجارەتچى. بۇ قورۇ ھازىرقى ئىتتىپاق يولىنىڭ ئوتتۇرا قىسمىدىكى جەنۇبىي تىنچلىق يولى كېسىشكەن دوقمۇشقا جايلاشقان بولۇپ، تەبىئىي شارا-

ئىتى ئەۋزەل ئىدى. غابدۇل خېكىم ئەۋلادى بۇ قورۇنى 1955 ـ يىلى قۇربان پازىل (قۇربان شوپۇر) غا ئۆتۈنگەن. قۇربان پازىل ئۇن نەچچە يىل پايدىلىنىپ 1970 ـ يىلىدىن كېيىن يېزا ئىگىلىك 12 ـ شىسىنىڭ شىسەندىكى 104 ـ دېھقانچىلىق مەيدانىغا ساتقان. ئۇلار بۇ قورۇنى 1995 ـ يىلغىچە ئۇرۇمچى شەھىرىدە تۇرۇشلۇق ئىش باشقارمىسى قىلىپ پايدىلانغان. ھازىر چېقىلىپ باغچىغا قوشۇۋېتىلدى.

قانافىيە شاكۇلوف (شاھقۇلوف) قورۇسى

قانافىيە، تاتار، ئۇقۇمۇشلۇق، سودىغا ماھىر ئەرباب، زىيا ھاجىنىڭ قىزى شەمسىقەمەرگە ئۆيلەنگەن. خەنكو، تيەنجىن، شاڭخەي، خاربىن قاتارلىق چوڭ شەھەرلەرنى كېزىپ سودىغا پىشقان، مول تەجرىبىگە ئىگە بولغان. قانافىيەنىڭ بۇ قورۇدىكى ئۆيلىرى كارىدورلۇق، ئاستى ـ ئۈستى تاختايلىق قىلىپ ھەيۋەتلىك سېلىنغان. 1940 ـ يىلىدىن كېيىن قانافىيەنىڭ تاغىسى خەسەن شاكۇلوف ۋە ئۇنىڭ قىزى رۇقىيە شاكۇلېۋا ئولتۇرغان. يېڭى جۇڭگو قۇرۇلغاندا ئۇرۇمچى شەھەرلىك ئىتتىپاق كومىتېتى مۇشۇ قورۇنى ئىشخانا قىلغان. مەزكۇر كومىتېت كۆچكەندىن كېيىن 1960 ـ يىلى بۇ قورۇ چوڭ رېمونت قىلىنىپ، باخۇلياڭ ساقچىخانىسى قىلىنغان. بۇ قورۇمۇ ھازىر چېقىلىپ باغچا قىلىندى.

زىيا ھاجى قورۇسى

زىيا ھاجىنىڭ تولۇق ئىسمى زىيالىددىن مۇھەممەت ۋەلىيېف، تاتار، تەكتى تاتارىستاننىڭ بالتاي يېزىسىدىن، 1877 ـ يىلى ياش چېغىدا چۆچەك ئارقىلىق ئۇرۇمچىگە كېلىپ ئورۇنلاشقان، سودا ۋە چارۋىچىلىق بىلەن شۇغۇللىنىپ روناق تاپقاندىن كېيىن قورۇ جاي سالغان. بۇ قورۇ ھازىر «ئىتتىپاق گۈللۈكى» دەپ نام بېرىلگەن ئورۇندا ئىدى. زىيا ھاجى 19 ـ ئەسىرنىڭ ئاخىرلىرىغا كەلگەندە قورۇسىدا «زىشېڭ» سودا فىرمىسى (芝盛洋行) نى قۇرۇپ، روسىيىگە خام مال چىقىرىپ،

پىشىشىق مال كىرگۈزۈش تىجارىتى بىلەن شۇغۇللانغان. شۇ مەزگىلدە يەنە ئۈرۈمچى نەنسەن (گەنگۇ) دە كەڭ يايلاق ئىگىلەپ، ئون نەچچە قورۇ قوي ۋە كۆپلىگەن يىلقىغا ئىگە بولۇپ داڭدار چارۋىچى بولغان. 1928 ـ يىلى تۇغقان يوقلاش ئۈچۈن قازانغا بېرىش سەپىرىدە سەئۇدى ئەرەبىستانغا بېرىپ ھەج قىلغان. زىيا ھاجى ئۆمرىدە ئۈچ خوتۇنلۇق بولۇپ، ئابدۇلزاكىر، شەمسىقەمەر، ئابدۇلخەمىت، ئابدۇلمەجىت، ئابدۇلئەخەت، زۆھرە، ئابدۇراخمان قاتارلىق ئوغۇل ـ قىزلىرى بولغان. 1937 ـ يىل 1 ـ ئاينىڭ 31 ـ كۈنى 75 يېشىدا ئۈرۈمچىدە ۋاپات بولۇپ، كونا قەبرىستانلىققا دەپنە قىلىنغان. پەرزەنتلىرى قورۇ ـ جاي ۋە مال ـ مۈلۈككە ۋارىسلىق قىلغان. بىر مەزگىل ئۆتكەندىن كېيىن ۋارىسلار ئۆزىگە تەئەللۇق مىراس ھوقۇقىنى ئېھتىياجلىق كىشىلەرگە ئۆتۈنگەن. شۇنىڭ بىلەن زىيا ھاجىنىڭ چوڭ قورۇ ـ جايى پارچىلىنىپ كەتكەن. ئىتتىپاق يولى تەرەپتىكى ئوغلى ئابدۇزاكىرغا تەئەللۇق قىسمى 1954 ـ يىلى كۇچالىق سودىگەر بەكرى ھاجى ھەسەنگە سېتىلغان. يەنە شۇ تەرەپتىكى ئوغۇل نەۋرىسى خەلىم زاكىرغا تەئەللۇق قىسمىنىڭ ئىگىدارلىق ھوقۇقى ئەنەنچۈدە دېھقانچىلىق قىلىدىغان تۇرپانلىق رەجەپ ئېلىغا سېتىلغاندىن كېيىن، رەجەپ ئېلىنىڭ قىزى مەلىكخان، كۈيئوغلى ئىبراھىم تۇردى ئولتۇرغان (ئىبراھىم تۇردى خەلق ئىشلىرى نازارىتىنىڭ سابىق نازىرى بولۇپ، 1971 ـ يىلى 67 يېشىدا ئۈرۈمچىدە ۋاپات بولغان). 1988 ـ يىلىدىن كېيىن رەجەپ ئاخۇننىڭ باللىرى بۇ چاققان قورۇ ـ جاينى سەدىردىن تارانغا ساتقان. سەدىردىن تاران سودىگەر ھىمىت ھاجىغا ساتقان. ھىمىت ھاجى يېڭىلاپ ئۆزى ئولتۇرغان. ئابدۇلخەمىت دېگەن ئوغلىغا تەگكەن ئالدى دوقمۇش قىسمى قولدىن قولغا ئۆتۈپ ئۆزگەرتىلىپ، 1960 ـ يىلى جامائەت خەۋپسىزلىكى نازارىتى ئائىلىلىكلەر قورۇسى قىلىنغان. بازار ئىگىلىكى يولغا قويۇلغان مەزگىلدە يان تەرەپتە ليۇ فامىلىلىك ئۇيغۇرچىغا ئۇستا خەنزۇ «ئەپەندى» رېستورانى ئاچقان.

يەككە ھۈنەرۋەنلەردىن ئېلى ئاخۇن تۆمۈرچى، قۇرناخۇن مىسكەرچى، ئوسمان ئاخۇن، تەۋەككۇل ئاخۇن موزدوز، مەڭلىك ھاجى مۇجاڭ قاتارلىقلار ھۈنەر قىلغان، ھەپىزىخان ھاجى قاتارلىقلار ئولتۇرغان. 1991 ـ يىلىدىن كېيىن ئىتتىپاق يولى، غالىبىيەت يولىنىڭ كېڭەيتىلىشى بىلەن زىيا ھاجىنىڭ بالىلىرىغا قالغان مىراسىنىڭ كۆپ قىسمى يولغا چىقىپ كەتتى. بىر قىسمىنى ھازىرقى «ئىتتىپاق گۈللۈكى» ئىگىلىدى.

**ئىسھاقجانباي قورۇسى**

ئىسھاقجانباي، تاتار، شەمەيلىك، 1860 ـ يىلىدىن كېيىن ئۈرۈمچىگە كېلىپ سودا قىلىش بىلەن يەرلىكلىشىپ، قورۇ ـ جاي سالغان، ئۆيلىرى تام مەش، تاختايلىق قىلىپ كۆركەم سېلىنغان، قورۇدا كونتېر (تىجارەتخانا)، ئىسكىلات، ئاتخانا قاتارلىق بىر يۈرۈش مۇئەسسەسەلەر بولغان. 1897 ـ يىلى ئىسھاقجان، ئىسمائىل ھاجى، ياقۇپ، ئارىفدىن ئىبارەت تۆت بىر تۇغقان 700 مىڭ رۇبلى دەسمايە سېلىپ شېرىكلىشىپ، «تيەنشىڭ» سودا فىرمىسى (天兴洋行)نى قۇرغان، زاكىر ئابدۇرېشتوف (ئىسھاقجاننىڭ ئاچىسىنىڭ ئوغلى) دىرېكتور بولغان. باش سودا فىرمىسى ئەسلى شەمەيدە ئىدى. بۇ فىرما ئاۋۋال چارروسىيە بىلەن، ئۆكتەبىر ئىنقىلابىدىن كېيىن سوۋېت ئىتتىپاقى بىلەن ئېكسپورت ـ ئىمپورت سودىسىنى داۋاملاشتۇرغان. «تيەنشىڭ» سودا فىرمىسى تېز راۋاج تېپىپ، ئۇنىڭ كاپىتالى 1914 ـ يىللىرى 2 مىليون رۇبلىغا يەتكەن، ئۇ شۇ ۋاقىتتا ئالتۇنغا سۇندۇرغاندا 30 مىڭ سەر ئالتۇن بولاتتى. بۇرھان شەھىدى تەكلىپ بىلەن 1912 ـ يىلى ئۈرۈمچىگە كېلىپ 1922 ـ يىلغىچە مۇشۇ سودا فىرمىسىدا پىرىكازچىك ۋە بوغالتېر بولغان. بۇرھان شەھىدى «شىنجاڭنىڭ 50 يىلى» دېگەن ئەسلىمىسىدە: 12 يىللىق فىرما ھاياتى ماڭا ئىجتىمائىي كىشىلىك تۇرمۇشنىڭ بىر مۇنچە يولىنى ئۇقتۇردى. بىر ھېسابتا «تيەنشىڭ» سودا فىرمىسى «مېنىڭ ئالىي مەكتىپىم» دېيىشىمۇ بولىدۇ، دەپ يازغان.

«تيەنشىڭ» سودا فىرمىسىنىڭ تىجارىتى 1935 ـ يىللارغا كەلگەندە تۇرلۇك سەۋەبلەر تۇپەيلى تازا ئاقماي، بارغانسېرى زىيان تارتقان، 1940 ـ يىلىغا كەلگەندە پۈتۈنلەي ۋەيران بولغان، شۇ ـ نىڭدىن كېيىن «يۈشىن» يەرلىك مەھسۇلاتلار سودا شىركىتى (裕新土产贸易公司) مۇشۇ قورۇدا خام مالغا پىششىق مال ئالماشتۇرۇش سودىسىنى داۋاملاشتۇرغان. 1945 ـ يىلىدىن كېـ ـيىن موسابايېفنىڭ ئوغۇللىرىدىن ئابلىز بىلەن تەلئەت ئۆز ئال ـ دىغا قۇرغان يەرلىك مەھسۇلاتلار شىركىتىنىڭ بىر نۇقتىسىنى مۇشۇ قورۇدا قۇرۇپ، خام مال ۋە پىششىق مال سودىسى قىلغان. يېڭى جۇڭگو قۇرۇلغاندىن كېيىن بۇ قورۇ جۇڭگو بىلەن سوۋېت ئىتتىپاقى تۈزۈشكەن كېلىشىم بويىچە شىنجاڭنىڭ كان بايلى ـ قىنى ئېچىش قۇرۇلۇشىغا ياردەم بەرگىلى كەلگەن سوۋېت ئىت ـ تىپاقى مۇتەخەسسىسلىرىنى كۈتۈۋېلىش مېھمانخانىسى قىلىن ـ غان. 1955 ـ يىلىدىكى سوتسىيالىستىك ئۆزگەرتىشتە بۇ قورۇ ئۆزگەرتىلىپ، شەھەرلىك ئۆي ـ مۈلۈك ئىدارىسىنىڭ باشقۇرۇ ـ شىغا ئۆتۈپ، شەھەر ئاھالىلىرىنىڭ پايدىلىنىشىغا ئىجارىگە بې ـ رىلگەن. مەرھۇم تاھىر سەيپۇڭ قاتارلىقلار بۇ قورۇدا ئۇزۇن مۇددەت ئولتۇرغان. ھازىر بۇ قورۇ ئورنى ئىتتىپاق گۈللۈكى قىلىندى.

**خانبابا (تۇرسۇنبابا) قورۇسى**

مەرھۇم ئەنۋەر خانبابانىڭ «شىنجاڭ تارىخ ماتېرىياللىرى» نىڭ 40 ـ سانىدىكى «ھاياتىمدىن خاتىرىلەر» دېگەن ماقالىسى ـ نىڭ مەزمۇنىغا قارىغاندا، خانبابالار ئەجدادى ئۆز زامانىدا تاش ـ كەنتتە ياشىغان، ھال ـ ئوقىتى ياخشى، يۇقىرى تەبىقە جەمەتى ئىكەن. خانبابا چوڭ بوۋىسى ئەشىر باقى ۋە ئۇنىڭ ئوغلى ئاتالىق ئالەمدىن ئۆتكەندىن كېيىن ئۇلار قالدۇرغان كۆمۈش تەڭگىنى دەسمايە قىلىپ، 19 ـ ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىلىرىدا تىجارەت بىلەن شىنجاڭغا كەلگەن. شۇ ۋاقىتتىكى پايدىلىق شارائىتتا سودىسى ئاققاندىن كېيىن ھازىرقى ئىتتىپاق گۈللۈكىنىڭ ئورنىغا قورۇ

جاي سالغان.

1883 ـ يىلى ئەمىنجانباي، ئەزىز ھاجى، سامۇقجانباي، بەدەلبابا ھاجى، سىلىم بابا ھاجى، ئىسلام بابا قاتارلىق ئۇرۇق ـ تۇغقانلىرى بىرلىشىپ، ئۈرۈمچىدە «دېشىڭ» سودا فىرمىسى (德盛洋行) دېگەن چوڭ سودا فىرمىسىنى قۇرغان. بىر مەزگىل سودا قىلغاندىن كېيىن تۇغقانلار ئارا پايدا ـ مەنپەئەت توقۇنۇشى بىلەن خانبابانىڭ نەۋرىسى تۇرسۇنبابا ئايرىلىپ چىقىپ، 1897 ـ يىلى مۇشۇ قورۇدا يەنە «دېشىڭ» سودا فىرمىسى نامىدا ئاۋۋال چارروسىيە بىلەن، ئۆكتەبىر ئىنقىلابىدىن كېيىن سوۋېت ئىتتىپاقى بىلەن ئىمپورت ـ ئېكسپورت سودىسىنى داۋاملاشتۇرغان. سودا ئېھتىياجى بىلەن قورۇ ـ جايىنى بارغانسېرى كېڭەيتكەن. خانبابالارنىڭ قورۇسى ئالدى كوچىغا قارايدىغان چوڭ دەرۋازىدىن ئارقىسى خاڭچىڭ كوچىسىغىچە بولغان ئىككى يېقى ياۋروپا ـ سلاۋىيان بىناكارلىق ئۇسلۇبىدا سېلىنغان ئازادە تاختايلىق ئۆيلەردىن تەركىب تاپقان چوڭ قورۇ ئىدى. تۇرسۇنبابا سودىسى راۋاج تاپقاندىن كېيىن تىجارەت دائىرىسىنى بارغانسېرى كېڭەيتىپ، چۆچەك، قومۇل، قاراشەھەر، گۇچۇڭ، تۇرپان، كۇچالاردا تارماق دۇكان قۇرۇپ، خام مال سودىسىنى قامال قىلىشقا ئۇرۇنغان. ئۈرۈمچىدىكى ياڭماۋخۇدا (ھازىرقى يەنئەن يولىدىكى ياشلار باغچىسى ئورنىدا) مويكىسى بولغان. يالغۇز سودا بىلەن شۇغۇللىنىپ قالماستىن، ئۈرۈمچى ناھىيىسىنىڭ شامالباغ ئەتراپىدا تېرىلغۇ يەر، نەنسەندىكى تولى قاتارلىق جايلاردا ئوتلاق ئىگىلەپ، دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق بىلەنمۇ شۇغۇللانغان. 1937 ـ يىلىدىن باشلاپ توك تارقىتىشقا باشلىغان «يېڭىنۇر» ئېلېكتر ئىستانسىسىنىڭ ئاساسلىق پايچىكى بولۇش سۈپىتى بىلەن بۇ ئېلېكتر ئىستانسىسىنىڭ مۇدىرىيەت ئەزاسى بولغان. 1938 ـ يىل 2 ـ ئاينىڭ 8 ـ كۈنى شېڭ شىسەي ھاكىمىيىتى تۇرسۇنبابانى قولغا ئېلىپ قەتلى قىلغان. «دېشىڭ» سودا فىر-

مىسسىنىڭ پۇتكۇل مۇلكى مۇسادىرە قىلىنغان، ئائىلىسى سۈرگۈن قىلىنغان. ئۇزۇن يىللىق تارىخقا ئىگە «دېشىڭ» سودا فىرمىسى شۇنىڭ بىلەن ئاخىرلاشقان. ئازادلىق ھارپىسىدا تۇرسۇنبابانىڭ نەۋرىلىرى دەۋا قىلغاندىن كېيىن بىر قىسىم ئۆيلىرى قايتۇ-رۇلغان. 1948 - يىلى بىر قىسىم ئۆيلىرىدە ئابدۇراخمان خېلىل (قەمەرخان توختىنىياز)، نىياز مۇقىيت (مەريەم)، بەكرى سابىت (ئايىمخان)، روزى ئېزىز (زۆھرە داۋۇت)، ئابدۇۋەلى ھوشۇر، ئىد-مىن ئاخۇن موزدوز قاتارلىقلار ئولتۇرغان. بۇ قورۇنىڭ ئۆيلىرى ئازادلىقتىن كېيىنكى سوتسىيالىستىك ئۆزگەرتىش ھەرىكىتىدە يەنە ئۆزگەرتىلىپ شەھەرلىك ئۆي - مۈلۈك ئىدارىسىنىڭ باش-قۇرۇلۇشىغا ئۆتكەندىن كېيىن، بىر قىسىم ئىگىدارچىلىق ھو-قۇقى ئاپتونوم رايونلۇق پوچتا - تېلېگراف ئىدارىسىگە ئۆتۈپ، پوچتا - تېلېگراف تېخنىكلىرىنى تەربىيىلەش مەركىزى قىلىند-غان. كېيىن بۇ قورۇنى ئۇزۇن يوللۇق تېلېفون قۇرۇلۇش باش پونكىتى ئىگىلەپ، كونا ئۆيلىرىنى چېقىپ ئورنىغا ئىككى كور-پۇس ئائىلىلىكلەر بىناسى سالغان. بۇ بىنالار ھازىرمۇ بار. بۇ قورۇدا يەنە 1995 - يىلىغىچە چېقىلماي ساقلىنىپ قالغان تاخ-تايلىق بىر يۇرۇش كارىدورلۇق ئۆي نەزىر - چىراغ ئۆتكۈزۈش زالى قىلىنغانىدى، كېيىن ئۇمۇ چېقىۋېتىلدى. جەنۇب تەرەپتە ساقلىنىپ قالغان بىر قىسىم ئۆيلەرنى 1995 - يىلغىچە ئۇرۇمە-چى شەھەرلىك ئۆي - مۈلۈك ئىدارىسى ئىگىلەپ ئىسكىلات قىد-لىپ پايدىلانغان، ھازىر باغچا قىلىۋېتىلدى.

**مىرقاسىمجان قورۇسى**

مىرقاسىمجان، ئۆزبېك، تاشكەنتلىك، چوڭ بوۋىسى باھا مۇھەممەت، ئۇ ئائىلە كومپىيە بىلەن بىللە 1917 - يىلى تۇرمۇش يولى ئىزدەپ شىنجاڭغا كېلىپ ئۈرۈمچىدە ئولتۇراقلاشقان. مىرقاسىمجان دەسلەپتە ئىشچى بولغان، كېيىن بايلارنىڭ سودا فىرمىلىرىدا پىرىكازچىك بولۇپ ئوقەت قىلىشنىڭ يولىنى ئۆ-

گەنگەن، ھال ـ ئەھۋالى ئاستا ـ ئاستا ياخشىلانغاندىن كېيىن ئەل قاتارىدا قورۇغا ئىگە بولغان. مىرقاسىمجان قورۇسى ئەينى چاغدا 21 ئېغىز ئۆي، ئالدى كوچا تەرەپتە ئالتە دۇكان بولغان.
مىرقاسىمجاننىڭ ئالىمجان، ھاشىمجان دېگەن ئوغۇللىرى بولغان. مىرقاسىمجان ۋاپات بولغاندىن كېيىن، بۇ قورۇغا ئالىمجان، ھاشىمجان ۋە ئۇلارنىڭ باللىرى ۋارىسلىق قىلغان. 1938ـ يىلى ئالىمجان، ھاشىمجانلار قورۇسىنى شۇ ۋاقىتتىكى يۇشىن يەرلىك مەھسۇلاتلار سودا شىركىتىگە 10 يىللىق ئىجارىگە بېرىپ، ئۆزلىرى ئۈچتۇرپانغا كۆچۈپ كەتكەن. قورۇسىنىڭ ئىجارە مۇددىتى توشقان يىلى شىنجاڭ ئازاد بولغان يىلغا توغرا كېلىپ، ئازادلىق ئارمىيىسىنىڭ بىر روتىسى مۇشۇ قورۇغا ئورۇنلاشقان. كېيىن بۇ روتا يۆتكىلىپ چىقىپ كەتكەندە بۇ قورۇ كان رايونلىرى سودا شىركىتى قىلىنغان. 1962 ـ يىلىغا كەلگەندە بۇ قورۇنى ئۈرۈمچى شەھەرلىك يېمەك ـ ئىچمەك مۇلازىمەت شىركىتى ئۆتكۈزۈۋالغان، بىر قىسىم ئۆي ـ دۇكانلىرىنى سىرتقا ئىجارىگە بەرگەن. 1989 ـ يىلى ئۈرۈمچىگە يەرلىك مەمتىمىن ھاجىم قۇربان قاتارلىق تىجارەتچىلەر بۇ قورۇنىڭ ئىگىدارلىق ھوقۇقىنى يېمەك ـ ئىچمەك شىركىتىدىن سېتىۋېلىپ، باشقىدىن ئۆزگەرتىپ ياساشنى پىلانلاۋاتقاندا بۇ قورۇ ئورنىنى ھۆكۈمەت تەرەپ سېتىۋالغان. كېيىنچە بۇ قورۇدىكى ئۆيلەر قوشنا قورۇلار قاتارىدا چېقىلىپ، ئۇنىڭ ئورنى ئىتتىپاق گۈللۈكى قىلىندى. مەرھۇم ھاشىمجاننىڭ ھازىر ئۈرۈمچىدە مائارىپ ساھەسىدە ئىشلەۋاتقان ئاقىل، پازىل، ئەركىن، ئەنۋەر دېگەن ئوغۇللىرى بار.

**مىرسالىھباي قورۇسى**

ھازىرقى غالىبىيەت يولى 166 ـ نومۇرلۇق قورۇ، يەنى شەھەرلىك جامائەت خەۋپسىزلىكى ئىدارىسى نەنلياڭدىكى ئائىلىلىكلەر قورۇسى قىلغان ئورۇن ئازادلىقتىن ئىلگىرى مىرسالىھباي ئىگىدارلىقىدىكى قورۇ ئىدى. مىرسالىباي، ئۆزبېك،

تاشكەنتلىك، چوڭ سودىگەر. 1881 ـ يىلىدىن ئىلگىرى شىنـ ـ
جاڭغا كېلىپ چۆچەك بىلەن ئۈرۈمچى ئارىلىقىدا قاتناپ تىجارەت
قىلىپ نەپ ئالغان. 1881 ـ يىلى يۇرتدىشى ۋە باجىسى رەخىمـ ـ
جانباي (ئۆزبېك) بىلەن بىرلىكتە ئاۋۋال چۆچەكتە «دېخې» سودا
فىرمىسى (德和洋行) نى قۇرۇپ، شىنجاڭنىڭ يەرلىك مەھـ ـ
سۇلاتلىرىنى روسىيىگە چىقىرىش سودىسى بىلەن شۇغۇللانغان.
كېيىن ئۈرۈمچىگە كېلىپ ئۆي ـ زېمىنلىك بولۇپ، چوڭراق
تىجارەت قىلىش ئاساسىنى تىكلىگەن. چۆچەك، ئۈرۈمچىدىن
باشقا تۇرپان، گۇچۇڭ قاتارلىق جايلاردىمۇ زېمىن سېتىۋېلىپ ۋە
شۆبە دۇكانلارنى قۇرۇپ، تىجارەت دائىرىسىنى كېڭەيتكەن. مىر ـ
سالىھباي 1925 ـ يىلى ئۈرۈمچىدە 62 يېشىدا ۋاپات بولغان.
مىرسالىھباينىڭ ئوغۇل پەرزەنتى بولمىغانلىقتىن كۈيئوغلى قا ـ
سىمجان راخمانوف (تاجى ئوسمانجانباي ئوغلى، ئىبراھىم مۇتە ـ
ئىنىنىڭ قېيناتىسى) مىرسالىھباينىڭ سودا فىرمىسىنىڭ ئىش ـ
لىرىنى باشقۇرغان. مىرسالىھباينىڭ ئايالى ئايىسىمخان دىيانەت ـ
لىك، ساخاۋەتلىك، تەقۋادار بولۇپ، ئۆمرىدە ھەج قىلىشقا يىغ ـ
قان پۇلىنى 1928 ـ يىلى ئۈرۈمچى ئۇچتاش مەسچىت يېڭى نا ـ
مازخانىسىنىڭ بىنا قىلىنىشىغا خالىس سەرپ قىلغان. ئاي ـ
سىمخان ئانا ئۇزۇن ئۆمۈر كۆرۈپ 1961 ـ يىلى 108 يېشىدا
ئۈرۈمچىدە ۋاپات بولغان.

قاسىمجان ئىگىدارلىقىدىكى بۇ قورۇ 1951 ـ يىلى ئۈرۈمچى
شەھەرلىك جامائەت خەۋپسىزلىكى ئىدارىسىگە سېتىلغاندىن كې ـ
يىن، جامائەت خەۋپسىزلىكى ئىدارىسى بۇ قورۇنىڭ ئالدى كوچا
تەرەپ قىسمىنى باخۇلياڭ ساقچىخانىسى، ئارقا ئۆيلىرىنى جاما ـ
ئەت خەۋپسىزلىكى ئىدارىسىنىڭ مىللىي ئىشچى ـ خىزمەتچى ـ
لەر قورۇسى قىلغان. ساقچىخانا 1988 ـ يىلى ئىتتىپاق يولىغا
كۆچكەندىن كېيىن، شەھەرلىك جامائەت خەۋپسىزلىكى ئىدارىسى
كونا ئۆيلەرنى چېقىپ، يەتتە قەۋەتلىكتىن ئىككى ئولتۇراق بىنا
سالغان. مەرھۇم مىرسالىھباينىڭ ھازىر ئۈرۈمچىدە ئامىنە، مەھـ ـ

لىكەت، خاتىرە، ئۈمىد، رەھبەر دېگەن نەۋرىلىرى بار.

**ئىسھاقجان ھاجى قورۇسى**

ئىسھاق ھاجى (1857 ـ 1942)، ئۆزبېك، تاشكەنتلىك، ئۇ ـ قۇمۇشلۇق زات، 1905 ـ يىلى ئۈرۈمچىگە كېلىپ قورۇ ـ جاي ئېلىپ تىجارەت بىلەن شۇغۇللانغان، 1918 ـ يىلى ھەج قىلغان. 1942 ـ يىلى 85 يېشىدا ئۈرۈمچىدە ۋاپات بولغان. ئىسھاقجان ھاجى ۋاپات بولغاندىن كېيىن پۈتكۈل مال ـ مۈلكىگە ئوغلى ئىلھامجان ۋارىسلىق قىلغان. كېيىن ئىسھاقجاننىڭ باللىرى، نەۋرىلىرى مىراس بۆلۈشۈپ، پۈتۈن بىر قورۇ پارچىلانغان ۋە ئىگىدارلىق ھوقۇقى قولدىن قولغا ئۆتكەن. ئازادلىق ھارپىسىدا بۇ قورۇ ئالدىدىكى دۇكاندا بىر پېرېۋوتكا داڭقى چىققان «بوغدا» رېستورانىنى ئاچقان. خەسەن يانفۇرازوف پىما ـ كىگىز دۇكىنى، لى بىنكۇن ئىسىملىك يەرلىك خەنزۇ دورا دۇكىنى ئاچقان. 1951 ـ يىلىدىن كېيىن ئىلھامجان ئۆزىگە تېگىشلىك بىر قىسىم مىراسىنى تۇرپانلىق زەپەر ھاجى ئوغلى بارى ئارقىلىق سودىگەر تاش ئاخۇنباي ھاجىنىڭ ئوغۇللىرى مۇھەممەت ھاجى، ئابلىمىت ھاجىلارغا ساتقان. 2001 ـ يىلىغا كەلگەندە ئابلىمىت ھاجى سۈيدۈڭدە چوڭ بولغان قەشقەرلىق بىر سودىگەرگە ساتقان. بۇ سودىگەر ئۇنى ئۆزگەرتىپ ياساپ ھازىر «ئاۋرال» تېز تاماقخانىسى قىلدى. ئارقا قىسمى ماناسلىق ياسىن مۇھەممەد دېگەن كىشىنىڭ قولىغا ئۆتكەندىن كېيىن ئۇ ئۆزگەرتىپ ئىككى قەۋەتلىك ئۆي سالغان. ھازىر ئۇنىڭغا ئەركىن دېگەن ئوغلى ئىگىدارچىلىق قىلماقتا. ئىسھاقجان ھاجىنىڭ ھازىر ئۈرۈمچىدە ئەكرەم خەمىد، نەفىسە ھاجى، ئېرشات مالىك قاتارلىق نەۋرىلىرى بار.

**مەنسۇرجانباي قورۇسى**

مەنسۇرجان نارمۇھەممەد نۇرچىبايېف، ئۆزبېك، مەرغىلانلىق، 1873 ـ يىلى 15 يېشىدا ئۈرۈمچىگە كەلگەن، كەسپى سودىگەر. ئىلگىرىكى «ئاۋانگارت» ئاياغ زاۋۇتى، ھازىرقى ئادىل

سودا سارىيىنىڭ ئورنى ئەسلى مەنسۇرجاننىڭ قورۇسى ئىدى. بۇ قورۇنىڭ كۆلىمى كەڭرەك بولۇپ، ئۆيلىرىنىڭ كۆپىنچىسى ئازا-دە، ئاستى - ئۈستى تاختايلىق ئىدى.

1880 - يىلى مەنسۇرجان «جىلى» (نۇسرەت) سودا فىرمىسى (吉利洋行) نى قۇرۇپ، تىجارەت تۇرى ۋە دائىرىسىنى كېڭەي-تىپ، نۇرغۇن كاپىتالغا ئېرىشىپ، «مەنسۇرجانباي» دەپ داڭق چىقارغان. تۇرپان، گۇچۇڭلاردا سودا قىلىپ يۇرۇپ ئۇ يەرلەردە-مۇ ئۆي - زېمىن سېتىۋالغان. كېيىنكىن دېگەن ئاق ئورۇس 1925 - يىلى مەنسۇرجانباي قورۇسىنىڭ بىر قىسىم ئۆيلىرىنى ئىجارىگە ئېلىپ، ئامېرىكا سودىگەرلىرى نامىدا «بىلى» سودا فىرمىسى (壁利洋行) نى قۇرغان. 1927 - يىلى بۇ فىرمىنىڭ دىرېكتورلۇقىنى ئامېرىكىلىق گورت بىسار ئۆتكۈزۈۋالغان. 1936 - يىلى ئۆلكىلىك ئۆزبېك مەدەنىي ئاقارتىش ئۇيۇشمىسى مۇشۇ قورۇدا تۇنجى بولۇپ قۇرۇلغان. مەنسۇرجانباي شۇ ۋاقىتتا نىسبەتەن ئېيتقاندا يېڭىلىقپەرۋەر، مەرىپەتپەرۋەر ۋە ساخاۋەتلىك زات ئىدى. ئۇ 1936 - يىلى ھازىرقى دوستلۇق كوچىسى (قازاق ئوتتۇرا مەكتەپنىڭ غەربى بولۇپ، ئەينى چاغدا مويكا كوچىسى دەپ ئاتىلاتتى)دىكى بىر قورۇ - جايىنى مەكتەپ قىلىشقا خالىس ھەدىيە قىلغان. بۇ كېيىنكى چاغدا بىر قەدەر يۇقىرى سەۋىيىلىك ئوقۇغۇچىلارنى يېتىشتۇرۇپ چىقىرىدىغان داڭلىق «6 - مەك-تەپ» كە ئايلانغان. ھازىرقى جەنۇبىي ئازادلىق يولىدىكى ئاق مەسچىت ئورنى ئەسلى سامساق باي دېگەن كىشىنىڭ دېگى بو-لۇپ، ئۇنى مەنسۇرجانباي قەشقەرلىق تۇرغۇن ھاجى نامىدا ۋاسى-تە ئارقىلىق 600 سەر كۈمۈشكە سېتىۋېلىپ، مەسچىت سېلىۋې-لىشقا «ۋەخپە مۇتلەق» قىلىپ بەرگەن. شۇنىڭ بىلەن بىللە مەسچىت قۇرۇلۇشىغىمۇ خالىس پۇل چىقىرىپ، 1924 - يىلى يېڭى مەسچىتنىڭ پۈتۈپ چىقىشىغا كۈچ چىقارغان. بۇنىڭدىن باشقا تۇرپان، گۇچۇڭلاردا مەكتەپ ۋە مەسچىت سېلىپ، كۆپلى-گەن ساۋاپلىق ئىشلارنى قىلغان. مەنسۇرجانباي ھەج پەرزىنى ئادا

قىلىش ئۇچۇن، 1936 ـ يىلى مەككىگە بېرىپ زۇلھەججە ئېيـى-نىڭ 12 ـ تەشرىق كېچىسى مىنادا ئالەمدىن ئۆتكەن.

بۇ قورۇغا كېيىن قىزى خېرىخان ۋە كېيىنكى ئايالى ئايىمخانلار ۋارىسلىق قىلغان. خېرىخان ئۆزىگە تېگىشلىك قىسمىنى ئەينى چاغدا قەشقەرلىق تۇيغۇن ھاجى قىزى پاشاخان (ئۇ رۇمچى دورا شىركىتىدە ئىشلىگەن) قاتارلىق ھاجەتمەنلەرگە ئۆتۈنگەن. ئايىمخان ئۆزىگە قالغان ئارقا قورۇدىكى ئۆيلىرىنى ئىجارىگە بەرگەن. ئارقا ئۆيمان قىسمىدىكى ئادەتتىكى ئۆيلەردە مەنسۇرجانبايغا بىر ئۆمۈر مەدىكارلىق قىلغان تۇرپانلىق تۆمۈر ئاكا ئائىلىسى ئولتۇرغان. يېڭى جۇڭگو قۇرۇلغاندىن كېيىن ئايىمخاننىڭ ئېھتىياجىدىن ئارتۇق ئۆيلىرى 1955 ـ يىلىدىكى سوتسىيالىستىك ئۆزگەرتىشتە ئۆزگەرتىلىپ، نەنلياڭدىكى يەككە موزدوزلارنىڭ ھەمكارلىق كوپىراتىپى، ئاشلىق ـ ياغ دۇكىنى قىلىنغان. 1958 ـ يىلىدىن كېيىن شەھەرلىك قول سانائەت ئىدارىسى ئۆتكۈزۈۋېلىپ، 2000 ـ يىلىغىچە «ئاۋانگارت» ئاياغ زاۋۇتى قىلغان. ئاياغ زاۋۇتىنىڭ ئىشلەپچىقىرىشى ئاقساپ قالغاندىن كېيىن ئالدى تەرەپ بىناسى رېستوران، ئارقا بىناسى مېھمانخانا قىلىنغان. ھازىر بىر قىسمى يەككە تىجارەتچىلەر ئۇنىڭ ئورنىغا ئېگىز، كۆركەم ئادىل سودا سارىيىنى سالدى.

**ئاۋۇتباي قورۇسى**

ھازىرقى غالىبىيەت يولى 158 ـ قورۇ ئازادلىقتىن بۇرۇن ئاۋۇتباي قورۇسى ئىدى. ئاۋۇتباي ئەسلىدە مەرغىلانلىق ئۆزبېك بولۇپ، مەنسۇرجانباينىڭ كۈيئوغلى، «جىلى» سودا فىرمىسىنىڭ ئاساسلىق پىرىكازچىكى بولغان. بۇ قورۇ ئەسلى ئۆزبېك جىلىدباي (ئەبجەلىلباي) ئابدۇللايېفنىڭ قورۇ ـ جايى ئىدى، كېيىن ئۇ قورۇسىنى قۇدىسى ئاۋۇتبايغا ئۆتۈنگەن. بۇ قورۇ ئۆزگىچە، ئۇزۇنچاق، ئۆي سانى كۆپ قورۇ ئىدى. بۇ قورۇ ئاۋۇتباينىڭ ئىلكىدىكى چاغدا باي سودىگەرلەرگە كونتېر (تىجارەتخانا)، ئىسكىلات قىلىشقا ئىجارىگە بېرىلگەن. ئاۋۇتباي 1950 ـ يىلى ئۇ-

رۇمچىدە 78 يېشىدا ۋاپات بولغاندىن كېيىن، بۇ قورۇغا ئۇنىڭ كېيىنكى ئايالى زۇلفىنىساخان (ئۆزبېك)، ئوغلى يولچى قارى، قىزى ھەمراخان، كېلىنى ئائىشە جېلىلوۋالار ۋارىسلىق قىلغان. ئۇلار ئۆزئارا كېلىشىپ، بۇ قورۇنىڭ ئالدى بىر قىسمىنى خا-دىك، پوۋسكا ياسايدىغان شاھىد دېگەن كىشىگە ئۆتۈنگەن. شا-ھىد ئۇستا بۇ قورۇنى نۇرغۇن پايدىغا قەشقەر بەشكېرەملىك سو-دىگەر ئوسمان چوڭغا ساتقان. «بەشكە قارشى ھەرىكەت» تە ئوس-مان چوڭ «يولۋاس» قىلىنىپ، پۈتكۈل مال - مۈلكى مۇسادىرە قىلىنغان. بۇ قورۇ 1995 - يىلىغىچە تاشقى سودا نازارىتى ۋە تاشقى ترانسپورت شىركىتى ئائىلىلىكلەر قورۇسى قىلىنغان. 1995 - يىلىدىن كېيىن قۇدرەت ھاجى دىرېكتورلۇقىدىكى «قىران بۇركۇت» ئۆي - مۈلۈك تەرەققىيات شىركىتى بۇ قورۇ ئورنىنى بىر تۇتاش سېتىۋېلىپ، بۇ قورۇنىڭ ئارقا قىسمىغا ئىككى كورپۇس ئولتۇراق بىنا سېلىپ، بۇ قورۇدا ئىلگىرى ئول-تۇرغان بىر قىسىم ئاھالىلەرنى ئورۇنلاشتۇردى. ئالدى تەرەپتىكى كۆپ قىسمى ھازىر يېڭىلاشنى كۈتۈپ بوش تۇرماقتا. ئالدى كوچا تەرەپنى «ئەنجۈر»، «ئىخلاس» شىركەتلىرى دۇكان قىلىپ تىجارەت قىلىۋاتىدۇ.

خاكىموفلار قورۇسى

كونسۇلخانا كوچىسى ئۇدۇلىدىكى ئاپتوبۇس بېكىتىنىڭ دەل شەرقىگە توغرا كېلىدىغان چوڭ قورۇ ئەسلى كۆپ جەمەتلىك خاكىموفلار قورۇسىدۇر.

ئەجدادى تاتارىستانىنىڭ قازان شەھىرىدە ياشىغان خاكىمباي-نىڭ ئەۋلادى 19 - ئەسىردىكى چارروسىيە ھاكىمىيىتىنىڭ ئەسكەرلىك مەجبۇرىيىتىدىن قېچىپ، قازاقىستانىنىڭ چىپارئا-غاش ئاۋۇلىدا ئولتۇراقلىشىپ، شۇ يەرلىك قازاق بىلەن قۇدىلاش-قان. خاكىمباينىڭ توققۇز ئوغلى بولۇپ، ئۇلاردىن ئوبۇلقاسىم، ئابدۇلغازى، ئابدۇلفازىل قاتارلىق ئوغۇللىرى تۇرمۇش ئېھتىيا-جى بىلەن 19 - ئەسىرنىڭ ئاخىرلىرى چۆچەك ئارقىلىق ئۈ-

رۇمچىگە كېلىپ مۇشۇ قورۇ ـ جايغا ئىگە بولۇپ مۇقىم ئول-تۇراقلاشقان. ھەرقايسىسىنىڭ باللىرى كۆپەيگەن، بىر قىسىم باللىرى قومۇلدا ياشىغان. ئۈرۈمچى بىلەن قومۇلدىكى تۇغقان-لىرى ئۆز ئارا قۇدىلىشىپ، ئەۋلادى بارغانسېرى ئاۋۇغان. خا-كىمباينىڭ ئۈرۈمچىدىكى بۇ قورۇسىغا ئىگىلىرى ـ ئاخىر بو-لۇپ، ئوبۇلقاسىمنىڭ ئوغلى شاھ ئەھمەد (ئاساسلىقى ئۇنىڭ ئوغلى شاھ قارى مۇھەممەد)، ئابدۇلغازىنىڭ ئوغلى ئابۇزەر (ئا-ساسلىقى ئۇنىڭ ئوغلى ئابدۇلمەجىت)، ئابدۇلفازىلنىڭ ئوغلى رەخمىتۇللا (ئاساسلىقى ئۇنىڭ ئوغلى خالىق قارى) ۋە ئۇلارنىڭ ئەۋلادى ئىگىدارلىق قىلىپ كەلگەن. ئۇلار بىردەك «خاكىموف» دەپ فامىلە قوللانغان. شاھ ئەھمەدنىڭ قىزى گۈلسۇم خاكىموۋا 1936 ـ يىلى ئۆلكىلىك ھۆكۈمەتكە مۇئاۋىن رەئىس بولغان خوجانىياز ھاجىمغا ياتلىق بولۇپ، «ياڭخاڭ خېنىم» دەپ نام ئال-غان. خوجانىياز ھاجى شېڭ شىسەي تەرىپىدىن قولغا ئېلىنغان-دىن كېيىن، گۈلسۇم خېنىم ئائىلىسى بىلەن ئىلى كۈرەگە سۈرگۈن قىلىنغان.

خالىق قارى رەخمىتۇللا 1900 ـ يىلى تۇغۇلغان. بالىلىق، ياشلىق دەۋرىدە تىرىشىپ ئوقۇپ يۇقىرى دىنىي بىلىم ۋە پەننىي بىلىم ئىگىلىگەن، ئەلگە تونۇلغان جامائەت ئەربابى ئىدى. ئازاد-لىقتىن كېيىن سىياسىي مەسلىھەت كېڭىشى ئۈرۈمچى شەھەر-لىك 2 ـ، 3ـ نۆۋەتلىك كومىتېتلىرىنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى، ئۈ-رۈمچى شەھەرلىك باج ئىدارىسى، ئۆي ـ زېمىن باشقۇرۇش ئىدا-رىسىنىڭ باشلىقى بولغان. 1967 ـ يىل 7 ـ ئاينىڭ 1 ـ كۈنى ئۈرۈمچىدە 67 يېشىدا ۋاپات بولغان. خاكىموفلارنىڭ قورۇسىنى كېيىنكى چاغلاردا ئەۋلادلىرى باشقىلارغا ئۆتۈنۈپ بەرگەن. ھازىر بىر قىسىم تاختايلىق ئۆيلىرى بۇرۇنقى قورۇ ھالىتىگە شاھىد سۈپىتىدە مەۋجۇت بولۇپ تۇرماقتا. ئۇنىڭغا خاكىموفلانىڭ نەۋرە ـ چەۋرىلىرى ئىگىدارلىق قىلىپ كەلمەكتە.

**ئابلا ئەبزى تومسوق قورۇسى**

ھازىرقى غالىبىيەت يولى 64 ـ قورۇدىكى «يېڭى بوستان» رېستورانى ئىگىلىگەن ئورۇنىنىڭ شىمالىي قىسمى ئەسلى تاتار تىجارەتچى ئابلا ئەبزى قورۇسى ئىدى. بۇ قورۇ ئۆز ۋاقتىدا ئىچكى ـ تاشقى چاققان قورۇ بولۇپ، كوچىغا قارىتىلغان ئىشىكى قوش قاناتلىق، ئىككى يېقى دۇكان ئىدى. بىر يېقىدىكى دۇكىنىنى ئابلا ئەبزى ئۆزى ئاچاتتى. ئايالى سامانىيە بولۇپ، ئۇلارنىڭ نەۋجاد، فۇئاد، رەئىسە، مىراد، رەشىدە، رىفقەت، سىرىن دېگەن ئوغۇل ـ قىزلىرى بولغان. ئازادلىق ھارپىسىدا مۇشۇ قورۇنىڭ ئالدى تەرىپىدە خۇسايىن قاسساپ (ئابلا ئەبزىنىڭ قېيىناتىسى)، قادىر رەھىم چاڭچاڭ، تاجى ئەھمەت (ئۆزبېك)، خوجا ئەھمەد (ئۇيغۇر) لەر دۇكان ئاچاتتى. ئابلا ئەبزى 1955 ـ يىلى نەنسەن يولىدا قاتناش ۋەقەسىدە قازا قىلغان. ئازادلىقتىن كېيىن بىر قىسىم ئۆيلىرى ئۆزگەرتىلگەن. ئۆزلىرىگە قالغان قىسمىنى بالىلىرى سېتىۋېتىپ سوۋېت ئىتتىپاقىغا چىقىپ كەتكەن.

**ئۆزبېك مىرئاۋۇت قورۇسى**

بۇ تار، ئۇزۇنچاق قورۇ بولۇپ، مىرئاۋۇت (ئايالى مەريەم تەتە) دېگەن ئۆزبېكنىڭ قورۇسى ئىدى. ئەينى چاغدا ئۆلكىلىك ئۆزبېك مەدەنىي ئاقارتىش ئۇيۇشمىسى سانايى نەفىسەنىڭ ئۇستا ئىسكىرىپكىچىسى ئادىل خوجا، داڭلىق ئۇسسۇلچى ساناۋەرخان ۋە ئابدۇللا (ئايرودرومدا ئىشچى بولغان) دېگەنلەر ئەنە شۇ مىرئاۋۇت ئاكىنىڭ ئوغۇل ـ قىزلىرى ئىدى. بۇ قورۇنى مىرئاۋۇتنىڭ ئايالى ۋە بالىلىرى 1960 ـ يىلى سېتىۋېتىپ، سوۋېت ئىتتىپاقىغا چىقىپ كەتكەن.

بۇ قورۇنىڭ ئورنى ھازىرقى غالىبىيەت يولى 64 ـ قورۇ بولۇپ، ئۇنىڭ ئورنىغا «ئاپتونوم رايونلۇق رادىئو ـ تېلېۋىزىيە تورى» دېگەن ۋەۋىسكا ئېسىلغان ئېگىز ـ كۆركەم بىنا سېلىنىپ، مېھمانخانا ۋە «يېڭى بوستان» رېستورانى قىلىندى.

**غابدۇخالىق ئاقساقال قورۇسى**

غالىبىيەت يولىدىكى ئورمانچىلىق چارلاش ـ لايىھەلەش ئاكادېمىيىسى بىناسى سېلىنغان 64 ـ قورۇنىڭ بىر قىسمى ئەسلى غابدۇخالىق ئاقساقال قورۇسى ئىدى. غابدۇخالىق ئاقساقال، تاتار، فامىلىسى يېنكىيېۋ، 1886 ـ يىللىرى بىر ئائىلىدىن تۆت ئاكا ـ ئۇكا (غابدۇخالىق يېنكىيېۋ، ھەمزە يېنكىيېۋ، سابىر يېنكىيېۋ، نىغمەتجان يېنكىيېۋ) تاتارىستاننىڭ قازاندىن ئۇرۇمچىگە كېلىپ ئورۇنلىشىپ، سودا ۋە چارۋىچىلىق بىلەن شۇغۇللانغان. غابدۇخالىق ئاقساقال خەلقپەرۋەر، ئىجتىمائىي ئالاقىسى كەڭرى، نوپۇزلۇق، تەجرىبىلىك بولغاچقا، ئەينى چاغدا روسىيە ۋە سوۋېت ئىتتىپاقى تەرەپتىن ئۇرۇمچىگە كېلىپ ئولتۇراقلاشقانلارنىڭ خالىس خىزمىتىنى ئىشلىگەنلىكى ئۈچۈن، «ئاقساقال» (ھازىرقى مەمۇرىي تۈزۈم بويىچە ئاھالىلەر كومىتېتى مۇدىرىنىڭ ۋەزىپىسىگە تەڭ) دەپ ئاتالغان. غابدۇخالىق ئاقساقالنىڭ ئايالى جامال تەتە بويى بەستلىك، ئۆتكۈر پىكىرلىك بولۇپ، ئۇمۇ مەھەللە خىزمىتىگە قاتناشقان. ئۇلارنىڭ ئابدۇللا، پەتخۇللا، خەيرۇللا، زىلىخە، خەدىچە دېگەن پەرزەنتلىرى بولغان. غابدۇخالىق ئاقساقال بىلەن جامال تەتەلەر ۋاپات بولغاندىن كېيىن قورۇ ـ جايىغا باللىرى ۋارىسلىق قىلغان. ئازادلىقنىڭ دەسلەپىدىن باشلاپ ئورمانچىلىق تەكشۈرۈش ئەترىتى ئىگىلىگەن، ئىسمائىل ياسىنوف دېھقانچىلىق ـ ئورمانچىلىق نازارىتىدە مۇئاۋىن نازىر بولغاندا مۇشۇ قورۇدىكى تاختايلىق ئۆيلەردە ئولتۇرغان. كېيىن ئورمانچىلىق چارلاش ـ لايىھەلەش ئاكادېمىيىسى بۇ قورۇ ئورنىغا ئولتۇراق بىنا، ئالدىغا ئىككى خىزمەت بىناسى سالدى.

**كېرىم چانىشېۋ قورۇسى**

كېرىم چانىشېۋ، تاتار، 1887 ـ يىلى تاتارىستاننىڭ قازاندا تۇغۇلغان. 1920 ـ يىلى ئۇرۇمچىگە كېلىپ ئولتۇراقلىشىپ، نەنسەندە چارۋىچىلىق قىلغان. شەھەردە قورۇ ـ جاي ئېلىپ ئۆي

سالغان. ئۇ خەنزۇچىنى ۋە باشقا تىللارنى پىششىق بىلىدىغان، تەجرىبىلىك ئادەم بولۇپ، ئەل ئىچىدە تەرەققىيپەرۋەر مۆتىۋەر بولۇپ تونۇلغان. ئۈرۈمچى شەھەرلىك، تىيانشان رايونلۇق خەلق قۇرۇلتىيىنىڭ يىغىنلىرىغا تاتار ۋەكىل بولۇپ قاتناشقان. 1965 ـ يىلى 78 يېشىدا ئۈرۈمچىدە ۋاپات بولغان. شۇنىڭدىن ئېتىبارەن كۆيئوغلى قاسىمجان ئۇنىڭ مۈلكىگە ۋارىسلىق قىلىپ، تىجارەت ۋە چارۋىچىلىق بىلەن شۇغۇللانغان.

بۇ قورۇنىڭ كۆلىمى چوڭ بولۇپ، ئۆيلىرى ئەينى چاغدا ئۆزگىچە بىناكارلىق ئۇسلۇبىدا ئازادە ياسالغان، ئاتخانىسى، ئىسكىلات، لاپاسلىرى بولغان. ئازادلىقتىن كېيىن 1955 ـ يىلى كېرىم ئەبزىنىڭ ئۆز ئېھتىياجىدىن ئاشقان ئۆيلىرى ئۆزگەرتىلگەن. 1957 ـ يىلىدىن كېيىن شەھەرلىك پارتكومغا مۇئاۋىن شۇجى بولغان مەمتىمىن يۇسۇپ ئائىلىسى ئۇزۇن مۇددەت مۇشۇ قورۇدا ئولتۇرغان. 1980 ـ يىللاردىن كېيىن ئاپتونوم رايونلۇق پەن ـ تېخنىكا جەمئىيىتى ئائىلىلىكلەر قورۇسى، پەن ـ تېخنىكا نەشرىياتى ئىشخانىسى، كىتاب ـ ژۇرنال تارقىتىش مەركىزىنىڭ ئىسكىلاتى قىلىنغان. 1985 ـ يىلى بۇ قورۇنىڭ ئارقا تەرىپىدىكى كونا ئۆيلەر ئورنىغا ئاپتونوم رايونلۇق پەن ـ تېخنىكا جەمئىيىتى بىر كورپۇس ئائىلىلىكلەر بىناسى سالدۇرغان. ئالدى كوچا تەرەپ دۇكانلىرى «قار لەيلىسى» نامىدىكى شىپاخانا ۋە دورىخانا قىلىنغان.

قازاق ـ قىرغىز ئۇيۇشمىسى قورۇسى

ھازىرقى يەنئەن يولىنىڭ غەربىي ئۇچىنىڭ شىمالىي دوقمۇشىدا 1937 ـ يىلى قۇرۇلغان ئۆلكىلىك قازاق ـ قىرغىز مەدەنىي ئاقارتىش ئۇيۇشمىسىنىڭ قورۇسى بار ئىدى. بۇ قورۇ ئەسلى خالىتباي دېگەن قازاق مۆتىۋەرنىڭ قورۇسى ئىدى، شۇ ۋاقىتتىكى بايمولا، ئابۇزەر، شاھ ئەھمەد قاتارلىق تەرەققىيپەرۋەر زاتلارنىڭ تەشەببۇسى بىلەن خالىتباي قورۇ ـ جايىنى ئۇيۇشما قىلىشقا ئۆتۈنگەن. بۇ ئۇيۇشما 1937 ـ يىلى بۇ قورۇنى

ئۆزىنىڭ پائالىيەت ئېھتىياجىغا ئاساسەن ئۆزگەرتىپ يېڭىلى-
غان. بۇ قورۇنىڭ كۆلىمى تەخمىنەن 3000 كۋادرات مېتىردىن
ئاشاتتى. قورۇدا ئالدى كوچىغا قارىتىلغان قاتار دۇكانلار، ئوت-
تۇرا قىسمىدا 20 نەچچە ئېغىز ئىشخانا، تۇرالغۇ ئۆي بولغاندىن
سىرت، سەھنە ئۇسكۇنىلىرى بىرقەدەر مۇكەممەل بولغان تەخمى-
نەن 500 كىشىلىك زامانىۋى كۇلۇب بولۇپ، ئازادلىققا قەدەر
تۇرلۇك مەدەنىي پائالىيەتلەر داۋام قىلغان. 1948 - يىلى يازدا
قازاق تىلىدا ئايلىق «نۇر» ژۇرنىلى نەشر قىلىنغان. قورۇ ئېگىز
سوقما تام بىلەن قورشالغان، تامنىڭ شەرق تەرىپى (هازىرقى
تەجرىبە ئوتتۇرا مەكتەپ ئورنى) كونا قەبرىستانلىق ئىدى. بۇ
تامنىڭ بىر قىسمى 2000 - يىلغىچە ساقلانغانىدى، كېيىن
قۇرۇلۇش قىلىش، يول ئېچىش سەۋەبلىك چېقىلدى. بۇ قورۇنىڭ
ئارقا قىسمىدا 1938 - يىلى 9 - ئايدا قۇرۇلغان 9 - قازاق
باشلانغۇچ مەكتەپ بار ئىدى. بۇ مەكتەپ ئازادلىق هارپىسىدا
ئۆلكىلىك دارىلمۇئەللىمىن قارىمىقىدىكى شۆبە مەكتەپ قىلى-
نىپ، هازىرقى دوستلۇق دوختۇرخانىسىنىڭ جەنۇبىغا كۆچۈ-
رۈلگەن. ئازادلىقتىن كېيىن 17 - قازاق باشلانغۇچ مەكتەپكە
قوشۇۋېتىلگەن. قازاق - قىرغىز مەدەنىي ئاقارتىش ئۇيۇشمىسى
ئازكەم 13 يىللىق ئاقارتىش مۇساپىسىنى باشتىن كەچۈرگەن.
ئۇنىڭغا دۆلەتكەلدى، بايمۇللا، مادەنبەك، ئارىن، قاسىم ئەپەندى،
سالىس، خۇسايىن سىيابايېۋ قاتارلىق قازاق، قىرغىز زىيالىي-
لىرى رەئىس، مۇئاۋىن رەئىس بولغان. ئازادلىقتىن كېيىن بۇ
قورۇنىڭ كۇلۇب ئورنى بىناكارلىق قۇرۇلۇش كوپېراتىپى قىلى-
لىندى. كوچا تەرەپتە ئابلىمىت قارى هاجىم، ئىبراهىم ئۇستام-
نىڭ تىككۈچىلىك دۇكىنى بار ئىدى.

ئىسكەندەر ۋاڭ قورۇسى

بۇ قورۇ قازاق - قىرغىز ئۇيۇشمىسى قورۇسىنىڭ جەنۇبىي
قوشنىسى. گومىنداڭ دەۋرىدە پىچانغا هاكىم بولغان ۋاڭ ئەۋلادى
ئىسكەندەر 1935 - يىللاردىن باشلاپ ئىگىدارلىق هوقۇقىنى ئى-

گىلەپ بىر قانچە دۇكان، ئۆيدىن تەركىب تاپقان قورۇ سالدۇر-
غان. بۇ قورۇغا ئاساسلىقى ئىسكەندەرنىڭ كىچىك خوتۇنى زۆھ-
رەخان ئىگىدارلىق قىلغان.

1957 - يىلى يەنئەن يولى ئېچىلغاندا قازاق - قىرغىز ئۇ-
يۇشمىسى قورۇسىنىڭ جەنۇبىي قىسمى، ئىسكەندەر ۋاڭ قورۇسى
ئورنى ئاساسىي جەھەتتىن يول قىلىندى. 2000 - يىلىغا كەل-
گەندە پەيزاۋاتلىق ئەزىز قارى، ئەخمەت قارى ئاكا - ئۇكىلار
قۇرغان «ئەزىز دىيار» ئۆي - مۈلۈك تەرەققىيات شىركىتى دوق-
مۇشقا ئايلاندۇرۇپ قۇرۇلۇش قىلدى. بەش قەۋەتلىك ساراي سې-
لىپ، ھەر خىل كەسىپتىكىلەرگە ئىجارىگە بەردى.

**سەكسەنباي قورۇسى**

يەنئەن يولىنىڭ غالىبىيەت يولىغا تۇتاشقان ئېغىزىدىكى
شىنخۇا كىتابخانىسى قىلىنغان ئورۇن ئەسلى سەكسەنباي (ئەس-
لى ئىسمى ئابدۇرۇسۇل) دېگەن قازاقنىڭ قورۇسى ئىدى. كونا
جەمئىيەتتە ئابدۇرۇسۇل قىمار ئويناپ، تەلىيى ئوڭدىن كېلىپ
قېلىپ بىر قېتىملىق قىماردىلا 80 سەر كۈمۈش ئۇتۇۋالغان.
شۇنىڭدىن باشلاپ ئاۋام ئۇنىڭغا «سەكسەنباي» دەپ نام قويغان.
سەكسەنباي بۇ قورۇنى 1938 - يىلىدىن كېيىن سوۋېت ئىتتى-
پاقى قىزىل كىرېست جەمئىيىتىنىڭ پايدىلىنىشىغا ئۆتۈنگەن.
1950 - يىلىغا قەدەر سوۋېت ئىتتىپاقى دوختۇرخانىسى قىلىن-
غان. جەنۇبىي قىسمى سوۋېت ئىتتىپاقى خەلقئارا كىتابخانىسى-
نىڭ ئۇرۇمچىدىكى شۆبىسى قىلىنغان. ئازادلىقتىن كېيىن ئې-
گىز بىنا سېلىنىپ، شىنجاڭ ئۆلكىلىك (كېيىن ئاپتونوم رايون-
لۇق) شىنخۇا كىتابخانىسى ۋە چەت ئەل تىللىرى كىتابخانىسى
قىلىندى. 1988 - يىلى چەت ئەل تىللىرى كىتابخانىسى ئۇ-
رۇمچى شىمالىي شىنخۇا يولىغا كۆچتى. 2005 - يىلى بۇ بىنا-
نىڭ ئارقىسىغا كاتتا زامانىۋى ئۇنىۋېرسال بىنا سېلىنىپ، سودا -
سانائەت بانكىسى، «خۇاتەي» مېھمانخانىسى، شىنخۇا زامانىۋى
كىتابخانىسى قىلىندى.

**ئۆزبېك ئىسلام بابا قورۇسى**

مـائارىپ نازارىـتى ئۇدۇلـىغا توغرا كېلىدىـغان، هازىـرقى «تيەنخې» ئولتۇراق رايونى قىلىنغان ئورۇننىڭ شىمالىي قىسمى ئەسلى ئۆزبېك ئىسلام بابانىڭ قورۇسى ئىدى. ئىسلام بابا سودىگەر تۇرسۇنبابا بىلەن بىر نەۋرە بولۇپ، خانباباپىفلار ئەۋلادى، ئىسلام بابا هازىرقى تاشكەنتنىڭ سابىر رەھىم كوچىسىدىكى يۇقىرى تەبىقىدىكى تۆت ئائىلە جەمەتىدىن بولۇپ، 19 ـ ئەسىرنىڭ ئاخىرى چۆچەك ئارقىلىق ئۈرۈمچىگە كەلگەن. 1930 ـ يىللاردىن كېيىن سودا بىلەن گۇچۇڭغا بېرىپ، ئۇ يەرنىڭ ئەۋزەل تەبىئىي شارائىتىدىن پايدىلىنىپ چارۋىچىلىق، دېھقانچىلىق قىلغان. تېز بېيىپ گۇچۇڭ، تۇرپانلاردىمۇ قورۇ ـ جاي بىنا قىلغان.

ئىسلام بابا ئۈرۈمچىدىكى ئۆيى ۋە ئالدى دۇكانلىرىنى ئۆزبېك ئايالىدىن تۇغۇلغان ئىبراھىم بابا بىلەن بىرگە 1930 ـ يىلى يېڭىلاپ ياساتقان، بۇ قورۇنىڭ تاختايلىق، ئۈستى قاڭالتىرلىق ئازادە ئۆيلىرى بار ئىدى. 1944 ـ يىلى سوۋېت ـ گېرمانىيە ئۇرۇشى مەزگىلىدە بۇ قورۇدا سوۋېت ئىتتىپاقى قىزىل كىرىست جەمئىيىتى دوختۇرخانا ئاچقان. ئۇرۇشتا ئاتا ـ ئانىسىدىن ئايرىلغان يېتىم باللار بېقىلغان. ئازادلىقتىن كېيىن بۇ دوختۇرخانا ئەمەلدىن قالغان. ئىسلام بابا تاشكەنت، ئۈرۈمچى، گۇچۇڭ ۋە تۇرپاندىن بەش نىكاھلىق بولۇپ، كۆپ پەرزەنتلىك بولغان. 1956 ـ يىل 4 ـ ئاينىڭ 9 ـ كۈنى 75 يېشىدا ئۈرۈمچىدە ۋاپات بولغان. ئىسلام بابا قورۇسىغا باللىرى ۋارىسلىق قىلغان. قورۇدىكى ئۆزى ئولتۇرغان ئۆيلىرىدىن باشقىلىرى 1955 ـ يىلى سوتسىيالىستىك ئۆزگەرتىشتە ئۆزگەرتىلگەن. بەزى باللىرى ئۆزگە تېگىشلىك ئۆيلىرىنى باشقا شەخسلەرگە ساتقان. شۇنداق قىلىپ پۈتۈن بىر قورۇ پارچىلىنىپ، بۆلۈنۈپ كەتكەن. هازىر بۇ قورۇ ۋە ئەتراپىدىكى قورۇلار ئورنىغا «تيەنخې» ئۆي ـ زېمىن تەرەققىيات شىركىتى ئولتۇراق ئۆيلەرنى سالدى. مەرھۇم ئىسلام بابانىڭ هازىر ئۈرۈمچىدە مەملىكەت، زىلەيخا، پەزىلەت، زۇلپىيە،

سائادەت، رىسالەت، شاۋكەت، پۇرقەت دېگەن بالىلىرى بار.

**تاتار زەكى ئەبزى ۋەلىيېۋ قورۇسى**

زەكى ئەبزىنىڭ ئاتىسى ئىبرايى (زىيا ھاجىنىڭ بىر تۇغقان ئىنىسى)، ئاپىسى ھەلىمە بولۇپ، ئۇلارنىڭ مەھمۇت سالىھ، مۇ-ھەممەت زەكى، شەمشىنۇر، ئەھمەد سالىخدىن ئىبارەت بالىلىرى بولغان. ئۇلارنىڭ ھەممىسى ۋەلىيېۋ دەپ فامىلە قوللانغان. بۇ قورۇ ئەينى چاغدا نەنلياڭ 72 ـ نومۇرلۇق قورۇ ئىدى. ھازىر غالىبىيەت يولى 108 ـ قورۇ بولۇپ ئۆزگەردى. بۇ قورۇ ئىچكى-رى ـ تاشقىرى 3800 كۋادرات مېتىرلىق چوڭ قورۇ بولۇپ، ئاساسلىقى مۇھەممەت زەكى بىلەن ئەھمەد سالىخ ئاكا ـ ئۇكا ئىككىسى ئىگىدارلىق قىلغان. ئازادلىقتىن ئىلگىرى قورۇ ئى-گىلىرى ئۆز ئېھتىياجىدىن ئاشقان ئۆيلىرىنى ۋە ئالدى كوچىغا قارىتىلغان ئازادە دۇكانلىرىنى ھاجەتمەنلەرگە ئىجارىگە بەرگەن. 1955 ـ يىلى بىر قىسىم ئۆي ـ دۇكانلىرى ئۆزگەرتىلىپ، ئۆي ـ مۈلۈك ئىدارىسىنىڭ باشقۇرۇشىغا ئۆتكەن. ئۆزلىرىگە قورۇ ئى-چىدە 350 كۋادرات مېتىرلىق ئۆي قالدۇرۇلغان. 1986 ـ يىل-لىرى بىر مەزگىل مۇشۇ قورۇدا مەھەللە بالىلىرى يەسلىسى قۇ-رۇلغان. ھازىر بۇ قورۇ ئورنىنى يۇقىرىدا ئېيتقان «تيەنخې» ئۆي ـ زېمىن تەرەققىيات شىركىتى يېڭىدىن سالغان ئولتۇراق بىنالار ئىگىلىدى.

**ئەھمەد نەجىپ ھاجى قورۇسى**

بۇ ھازىرقى غالىبىيەت يولى 2 ـ كوچىنىڭ شەرقىي شىما-لىي دوقمۇشىدىكى 1970 ـ يىللاردىن ئىلگىرى ئۇن ـ ياغ دۇ-كىنى قىلىنغان قورۇنىڭ ئەسلى ئىگىسى تاتار ئەھمەت نەجىپ ھاجى بولۇپ، كوڭگەيگە قارىتىپ سېلىنغان بىر قاتار ئۆي ـ دۇ-كانلاردىن تەركىب تاپقان چوڭراق قورۇ ئىدى.

ئەھمەت نەجىپ ھاجى فامىلىسى سافىن، تاتار، 1890 ـ يىللىرى تىجارەت بىلەن ئۈرۈمچىدە ئولتۇراقلىشىپ ئۆي ـ ئو-چاقلىق بولغان. ئۈرۈمچىدە تىجارەت، نەنسەندە چارۋىچىلىق بىلەن

شۇغۇللانغان. ئۇ رۇسچىدىن باشقا يەنە خەنزۇچىنىمۇ ئوبدان ئۆ-
گەنگەن. 1924 ـ يىلى ھەج قىلغان. 1922 ـ يىلىدىن 1942 ـ
يىلىغىچە 20 يىل ئۈرۈمچى ياڭخاڭ مەسچىتىگە مۇتىۋەللى بول-
غان. 1942 ـ يىلى 5 ـ ئايدا ئۈرۈمچىدە 73 يېشىدا ۋاپات بول-
غان. بۇ قورۇدا 1960 ـ يىللىرى ئىسمائىل مۇسابايېڧ ئائىلى-
سى ئۇزۇن مۇددەت ئولتۇرغان. ئەھمەد نەجىپ ھاجى قورۇسىغا
ئوغلى لاتىف ھاجى ئىگىدارچىلىق قىلىپ كەلگەن. 1988 ـ يى-
لىدىن كېيىن ئاپتونوم رايونلۇق ياشلار ـ ئۆسمۈرلەر نەشرىياتى
بىر تۇتاش سېتىۋېلىپ، ئىشخانا ۋە ئولتۇراق بىنا سالدى. ئاستى
قەۋەتى نەشرىيات ئىشخانىسى، كىتابخانىسى، ئىزچىلار كىتابخا-
نىسى، ئۈرۈمچى ئىرپان ئېلېكتىر چەكلىك مەسئۇلىيەت شىركى-
تى، خانىش توي كىيىملىرى دۇنياسى قاتارلىق دۇكان، ئۈستى
قەۋەتلىرى ئولتۇراق ئۆي قىلىندى. لاتىق ھاجى بىلەن مەخپۇزە
مەرھۇملارنىڭ ھازىر ئۈرۈمچىدە خالىدە، خالىسە، رەئىسە، رى-
شاد، دىلدار، ئىقبال دېگەن پەرزەنتلىرى بار.

**سابىر ئەبزى يېنكىيېڧ قورۇسى**

سابىر ئەبزى يېنكىيېڧ 1952 ـ يىلى 89 يېشىدا ئۈرۈم-
چىدە ۋاپات بولغان. ھايات چېغىدا ئىشچى بولغان. بۇ قورۇنى سا-
بىر ئەبزى ئوغۇللىرى زاكىر ئەبزى بىلەن ئەنۋەرىبېككە مىراس
قالدۇرغان. بۇ قورۇ چاققان قورۇ بولۇپ، ئۆيلىرى نىسبەتەن
كونىرىغان. ئەنۋەرىبېك ئۆزىگە تېگىشلىك قىسمىنى 1970 ـ يى-
لى باشقا بىر كىشىگە ساتقان. ئالغۇچى ئىككى قەۋەتلىك چاققان
بىنا سېلىپ ئولتۇراق ئۆي قىلغان. ھازىر «تيەنخې» ئۆي ـ زې-
مىن تەرەققىيات شىركىتى بىر تۇتاش ئۆزگەرتىپ قەۋەتلىك
ئولتۇراق بىنا سالدى، زاكىر ئەبزىنىڭ قادىرىبېك قاتارلىق بالى-
لىرىغا بىنادىن ئۆي بەردى.

**باپباي قورۇسى**

باپباي، ئەسلى ئىسمى ئابدۇلپەتتاھ، ئوقۇمۇشلۇق زات، ئەي-
نى چاغدا مەكتەپلەردە ھۆسنىخەت ئوقۇتقۇچىسى بولغان. باپباي

قورۇسى پەقەت بىر ئائىلىلىككە لايىق چاققان قورۇ ئىدى. باپباي ئالەمدىن ئۆتكەندىن كېيىن ئوغلى ئەزىمەت، قىزى خەبىبە (زاكىر ئەبزىنىڭ ئايالى) قاتارلىق بالىلىرى ئىگىدارلىق قىلىپ، هاجەتمەنلەرگە ئىجارىگە بەرگەن. 1955 - يىلى ئۆز ۋاقتىدا دۆر- بىلجىن ناھىيىسىگە هاكىم بولغان كېرىم هاجى دېگەن مۆتىۋەر- گە ساتقان. بۇ قورۇ ئورنىنى هازىر شەھەرلىك مۇھىت تازىلىقى ئىدارىسى ئۆزگەرتىپ سالغان تۇرالغۇ بىنالار ئىگىلىدى.

**ئابلەھەق ھەزرەت قورۇسى**

ئابلەھەق ھەزرەت (1863 — 1940)، تاتار، فامىلىسى غىما- دى، ئۇ 1863 - يىلى رەيساننىڭ سىمپالاتىنسكى دېگەن جايىدا تۇغۇلغان. قازان، ئەرەبىستان ۋە بۇخارالاردىكى داڭلىق مەدرىس- لەردە ئىلىم تەھسىل قىلىپ، ئەتراپلىق بىلىمگە ئىگە كاتتا ئۆ- لىما بولغان. 1920 - يىلى شىنجاڭغا كېلىپ بىر مەزگىل چۆ- چەكتە تۇرۇپ، ئاندىن گۇچۇڭ ناھىيىسىگە كۆچۈپ بېرىپ، دېھ- قانچىلىق، چارۋىچىلىق قىلغان. 1932 - يىلى ئۈرۈمچىگە كېلىپ ياڭخاڭ مەسچىتىنىڭ ۋەخپە ئۆيىدە ئولتۇرۇپ، 1934 - 1938 - يىلغىچە مۇشۇ مەسچىتكە باش ئىمام، خاتىپ بولغان. كېيىن ها- زىرقى غالىبىيەت يولى 2 - كوچىنىڭ شەرقىي شىمالىي تەرد- پىدىكى قورۇنى بىنا قىلىپ، دېرىزىسى كوچىغا قارىتىلغان تاخ- تايلىق ئازادە ئۆيلەرنى سالدۇرغان. 1940 - يىللىرى ئەتراپىدا شېڭ شىسەينىڭ تۈرمىسىدە ئۆلتۈرۈلگەن. ئابلەھەق ھەزرەتنىڭ ئىككىنچى ئايالى زايسانلىق توقتۇللا هاجىمنىڭ قىزى گۈلەن- دەم، ئۇ كىچىكىدىنلا ئىنچىل تەربىيە كۆرگەن ئوقۇمۇشلۇق ئا- يال بولغاچقا، ئەينى چاغدا خانىم - قىزلارنى يىغىپ ئۆز ئۆيىدە ئوقۇتقان. گۈلەندەم ئابىستاي 1972 - يىلى 65 يېشىدا ئۈرۈم- چىدە ئالەمدىن ئۆتكەن. ئابلەھەق ھەزرەت بىلەن گۈلەندەم ئابىس- تاينىڭ رومانە، مالىك، ئەسىمە، نەبىلە، غىلاجىدىن دېگەن پەر- زەنتلىرى بولغان.

رومانە ئاپپاينىڭ هازىر ئۈرۈمچىدە ئۇمىد، ئالىيە، نائىلە،

مەسخۇد، شۆھرەت دېگەن پەرزەنتلىرى بار. رومانە ئاپپاي ئائىلىسى 1989 ـ يىلىغىچە ئۆز قورۇسىدا ئولتۇرۇپ، ئۇنى شۇ يىلى قەشقەرلىك سودىگەر قېيۇم ئاخۇن جېلىل ھاجىغا 280 مىڭ يۈەنگە ساتقان. قېيۇم ئاخۇن جېلىل ھاجى رېمونت قىلىپ ئولتۇرغان. كېيىن ئۇرۇمچى شەھەرلىك مۇھىت تازىلىقى ئىدارىسى بۇ ئورۇنغا قەۋەتلىك ئولتۇراق بىنا سالدى.

**ئابدۇراخمان كۆككۆز قورۇسى**

ئابدۇراخمان، تاتار، لەقىمى كۆككۆز، تاتارىستاننىڭ قازاندىن. 20 ـ ئەسىرنىڭ باشلىرى شىنجاڭغا كېلىپ ئۇرۇمچىدە ئولتۇراقلىشىپ تىجارەت بىلەن شۇغۇللانغان. بۇ قورۇ ھازىرقى ئۆيكە كېسەللىكلىرى دوختۇرخانىسىنىڭ غەربىي يان دەرۋازىسىنىڭ ئۇدۇل دوقمۇشىدا بولۇپ، ئۆي سانى كۆپ، ئىچكىرى ـ تاشقىرى چوڭ قورۇ ئىدى. ئابدۇراخمان بولسا بۇرھان شەھىدى بىلەن تۇغقان بولۇپ، ئۇلار بىر كوچىدا ئۇدۇلمۇ ئۇدۇل ئولتۇرغان. بۇ قورۇنىڭ بىر قىسمى ئازادلىق ھارپىسىدا سارىخان دېگەن قول ئىلكىدە بار تۇل خوتۇننىڭ ئىگىدارلىقىغا ئۆتكەن. بۇ ئايال شۇ چاغلاردا ئاھالە كومىتېتى مۇدىرى بولغاچقا «سارىخان جۇرىن» دەپ نامى چىققان. سارىخان ۋاپات بولغاندىن كېيىن ئوغلى خارىس قاتارلىقلار ئىگىدارلىق قىلغان. 1980 ـ يىللاردا ئاپتونوم رايوننىڭ سابىق مۇئاۋىن رەئىسى ئابدۇللا زاكىروف ئائىلىسى بىر مەزگىل مۇشۇ قورۇدا ئولتۇرغان. بۇ قورۇ ھازىر ئۆزگەرتىلىپ ئولتۇراق بىنا سېلىندى.

بۇ قورۇنىڭ شىمالىي يان تەرىپىدە ھاشىم ئاكا قورۇسى، قادىر تۇڭچى، ياقۇپ تۇڭچى دېگەن ئىككى ئاكا ـ ئۇكا قورۇسى بار ئىدى. 1970 ـ يىلىدىن كېيىن مەسۇم قاساپ ئائىلىسى مۇشۇ قورۇغا كۆچۈپ كېلىپ ئولتۇردى. خاڭچىڭ كوچىسىدىن كونا قەبرىستانلىقنى ئايلىنىپ چۈشۈپ (ھازىرقى تەجرىبە ئوتتۇرا مەكتەپ چوڭ دەرۋازىسىنىڭ ئورنى) دەل مۇشۇ قورۇ ئالدىنى بويلاپ، جەنۇبقا قاراپ ھازىرقى دوستلۇق كوچىسىغا ماڭىدى-

غان يول بار ئىدى (ئۇ ۋاقىتتا يەنئەن يولى تېخى ئېچىلمىغان). يەنئەن يولى ئېچىلىش بىلەن بۇ قورۇ ھازىرقى دوستلۇق كوچىسىنىڭ دوقمۇشىغا توغرا كەلدى. بۇ قورۇغا قادىر تۇڭچى، ياقۇپ تۇڭچى ئەۋلادى سارىخان، گۇلسۇملەر ئىگىدارلىق قىلغان، كېيىن ئۇلار ياسىن زۇنۇن قاتارلىق شەخسلەرگە ئۆتۈنگەن. 1998 ـ يىلىدىن باشلاپ دوقمۇشقا ئاپتونوم رايونلۇق شىنخۇا كىتابخانىسى ئائىلىلىكلەر بىناسى ۋە ئوبۇل ھاجىنىڭ شەخسىي بىناسى سېلىندى.

II

## 8 ـ ئارمىيىنىڭ شىنجاڭدىكى ئىش باشقارمىسى خاتىرە سارىيى قىلىنغان قورۇ

بۇ قورۇ غالىبىيەت يولى 2 ـ كوچىنىڭ جەنۇبىي دوقمۇشىغا جايلاشقان ئىككى قەۋەت ھەيۋەتلىك سېرىق بىنالىق قورۇ. بۇ قورۇنىڭ كۆلىمى 1539 كۋادرات مېتىر، قورۇلۇش كۆلىمى 898 كۋادرات مېتىر. 2002 ـ يىل 2 ـ ئاينىڭ 21 ـ كۈنى خەنزۇچە «شىنجاڭ گېزىتى» گە بېسىلغان بىر خەۋەرگە قارىغاندا: بۇ قورۇ ئۆز ۋاقتىدا چۆچەكتە تاموژنا ئەمەلدارى ۋە ۋالىي بولغان جاۋ دېشۇ دېگەن ئەربابنىڭ 1933 ـ يىلى ياۋروپا بىناكارلىق ئۇسلۇبىدا سالدۇرغان داچىسى ئىكەن. شېڭ شىسەي 1938 ـ يىلى جاۋ دېشۇنى تۇرمىگە سولاپ ئۇنىڭ بۇ ئۆي ـ زېمىنىنى مۇسادىرە قىلغان. شۇنىڭدىن ئېتىبارەن بۇ قورۇ سىرتقا قارىتا شىنجاڭ دۇبەن مەھكىمىسىنىڭ ئۇرۇمچى نەنلياڭ 3 ـ مېھمانخانىسى، ئەمەلىيەتتە جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى رەھبەرلىكىدىكى 8 ـ ئارمىيىنىڭ شىنجاڭدىكى ئىش باشقارمىسى قىلىنغان. بۇ باشقارمىغا كومپارتىيىنىڭ چېن يۈن، دېڭ فا (فالىن)، چېن تيەنيۇ قاتارلىق ۋەكىللىرى نۆۋەت بىلەن مەسئۇل بولغان. تېڭ دەييۈەن، ماۋ زېمىن، ۋاڭ باۋچەن، لىن جىلۇ قاتارلىق مۇ-

نەۋۋەر كومپارتىيە ئەزالىرى مۇشۇ ئورۇندا ئىنقىلابىي پائالىيەت ئېلىپ بارغان. جۇڭگو كومپارتىيىسىنىڭ جۇئېنلەي، دۇڭ بىۋۇ، رېن بىشى قاتارلىق پېشقەدەم رەھبەرلىرى ئەينى چاغدا سوۋېت ئىتتىپاقىغا بېرىپ داۋالىنىش، زىيارەت قىلىش سەپىرىدە ئۈرۈمچىگە چۈشۈپ، مۇشۇ بىنادا قونۇپ ئۆتكەن.

بۇ ئورۇن ئەينى چاغدا ھەر مىللەت ـ ھەر ساھە ۋەتەنپەرۋەر زاتلارنى ئىتتىپاقلاشتۇرۇپ، ئارقا سەپنى مۇستەھكەملەش، سوۋېت ئىتتىپاقى بىلەن بولغان دوستلۇق ئالاقىنى كۈچەيتىش، خەلقئارا قاتناشنى راۋانلاشتۇرۇپ، ئالدىنقى سەپكە ماددىي ياردەم بېرىپ، ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى ئۇرۇشنىڭ غەلىبىسىنى تېزلىتىش جەھەتتە ئۆچمەس تارىخىي تۆھپىلەرنى قوشقان.

شېڭ شىسەي 1942 ـ يىلى ئۆزىنى گومىنداڭنىڭ قوينىغا ئېتىپ، كومپارتىيىنىڭ مۇنەۋۋەر ۋەكىللىرىنى، ئىلغار زاتلارنى تۇتقۇن قىلىپ تۈرمىگە تاشلىغاندىن كېيىن بۇ باشقارمىنىڭ ئىنقىلابىي پائالىيەتلىرى ۋاقىتىنچە توختىغان.

شىنجاڭ تىنچلىق بىلەن ئازاد بولۇپ، 1949 ـ يىل 12 ـ ئاينىڭ 1 ـ كۈنى راۋ جېڭشى باش شۇجىلىقىدىكى ج ك پ ئۈرۈمچى شەھەرلىك كومىتېتى مۇشۇ قورۇدىكى بىنادا تۇنجى بولۇپ قۇرۇلغان. شۇ ۋاقىتتا مىللىيلاردىن پىچانلىق سىدىق ھەسەن، رېقىپ سەيفى (تاتار)، تۇرپانلىق قېيۇم ۋاھىدى، توقسۇنلۇق ھەبىبە مۇھەممەت قاتارلىقلار ئىشلىگەن. 1957 ـ يىلدىن كېيىن بۇ قورۇ ئۈرۈمچى شەھىرى 3 ـ رايون (دوستلۇق رايون) نىڭ خىزمەت بىناسى قىلىنغان. ئابلىمىت نەزەر، خۇسايىن ئەخمەت، جۇماخۇن قاتارلىقلار رايون باشلىقى بولغان. 1960 ـ يىلى ئىنقىلابىي قۇربانلار خاتىرە سارىيى قىلىنغان. 1962 ـ يىلى ئاپتونوم رايون دەرىجىلىك نۇقتىلىق قوغدىلىدىغان مەدەنىيەت يادىكارلىق ئورنى قىلىنىپ، چوڭ رېمونت قىلىنغان. 1965 ـ يىل 8 ـ ئاينىڭ 1 ـ كۈنى 8 ـ ئارمىيىنىڭ شىنجاڭدىكى ئىش باشقارمىسى خاتىرە سارىيى قىلىنىشى بىلەن سىرتقا ئېچىۋېتىلىپ،

ۋەتەنپەرۋەرلىك تەربىيە بازىسى قىلىنغان.

**سايرانىيلار قورۇسى**

بۇ هازىرقى غالىبىيەت يولى 2 ـ كوچىنىڭ ئوڭ يېقىدىكى زامانىۋى ئۆيلەردىن تەركىب تاپقان، كۆلىمى 3000 كۋادرات مېتىردىن ئاشىدىغان قورۇ بولۇپ، ئۆيلىرى 1930 ـ يىللىرى سېلىنغان.

سايرانىيلارنىڭ چوڭ بوۋىلىرى تاتارىستانلىق، دادىسى هەيدەر سايرانى (1886 ـ 1940) يېقىنقى زاماندا ئۆتكەن تەرەققىيپەرۋەر، مەرىپەتپەرۋەر ئەرباب، ئۇ 1886 ـ يىلى باشقورتىستاننىڭ ئۇفا شەھىرىدە تۇغۇلغان. ئۆسمۈرلۈك، ياشلىق مەزگىلىدە يۇرتى ئۇفا ۋە قازاندا باشلانغۇچ، ئوتتۇرا، ئالىي مەكتەپلەردە ئوقۇغان. ئۇ تۇرپان ئاستانىلىك يېڭىلىقپەرۋەر مەخسۇت مۇھىتىنىڭ تەكلىپى بىلەن 1909 ـ يىلىدىن كېيىن شىنجاڭغا كېلىپ، ئاۋۋال تۇرپان ئاستانىدە، كېيىن ئۈرۈمچى قاتارلىق جايلاردىكى يېڭىچە مەكتەپلەردە ئوقۇتقۇچى ۋە مائارىپ مۇپەتتىشى بولغان. 1917 ـ يىلى ئاستانىدە ئۆيلەنگەن ئايىمخان مەرھۇمەدىن بوگۇنكى كۇندە ھەممىگە تونۇشلۇق بولغان كاتتا زىيالىي ـ ئۇيغۇر سايرانى تۇغۇلغان. هەيدەر سايرانى 1925 ـ يىلى ئۈرۈمچىدە بۇرهان شەھىدىنىڭ سىڭلىسى زەينەپ بانۇ بىلەن توي قىلىپ، ئۇنىڭدىن رۇستەم سايرانى، ئورخۇن سايرانى، ئېرىك سايرانى، ئىلچى سايرانى قاتارلىق پەرزەنتلىرى تۇغۇلغان. هەيدەر سايرانى شىڭ شىسەي تەرىپىدىن 1938 ـ يىلى چۆچەكتە خىزمەت قىلىۋاتقان چېغىدا تۇتقۇن قىلىنىپ ئۈرۈمچىدە قەتلى قىلىنغان.

ئۇنىڭ زېمىنىغا شۇنىڭدىن بېرى هەيدەر سايرانىنىڭ پەرزەنتلىرى ۋارىسلىق قىلىپ كەلگەن. 2003 ـ يىلىدىن باشلاپ «خودېي» ئۆي ـ مۈلۈك تەرەققىيات شىركىتى مىراس ئىگىلىرىنى رازى قىلىش ئاساسىدا بىر قەۋەتلىك كونا ئۆيلەر ئورنىغا يېڭى ئېگىز قەۋەتلىك ئىمارەت سېلىندى. ئاستى دۇكانلىرىنىڭ

بىر قىسمى ھازىرچە شەھلا گۈزەللىك كۇلۇبى، شىنجاڭ ئىدىقۇت كىتاب سودا شىركىتى قىلىندى.

**بۇرھان شەھىدى قورۇسى**

غالىبىيەت يولى 2 ـ كوچا 4 ـ قورۇ بۇرھان شەھىدىنىڭ زېمىنى ئىدى. بۇ قورۇنىڭ دائىرىسى كەڭ بولۇپ، ئۆيلىرىنىڭ قۇرۇلمىسى ھەر خىل، ئاستى ـ ئۈستى تاختايلىق ئىدى. بۇ قورۇدىكى ئۆيلەرنىمۇ 2003 ـ يىلىدىن بېرى «خودې» ئۆي ـ مۈلۈك تەرەققىيات شىركىتى چېقىپ ئورنىغا ئاستى قەۋىتى دۇكان، ئۈستى قەۋەتلىرى ئولتۇراق ئۆي قىلىنغان بىنا قىلدى.

**خەسەن يانفورازوف قورۇسى**

بۇ ھازىرقى ئۆپكە كېسەللىكلىرى دوختۇرخانىسىنىڭ غەربىدىكى دوستلۇق كوچىسىنىڭ غەربىي بويىغا جايلاشقان، غەربىي ئېگىز، شەرقىي دەرۋازىسى تەرىپى پەس قورۇ ئىدى.

خەسەن يانفورازوف 1899 ـ يىلى تاتارىستاننىڭ قازاندا تۇغۇلۇپ، 1920 ـ يىلى ئائىلىسى بىلەن ئۈرۈمچىگە كۆچۈپ كېلىپ ئولتۇراقلىشىپ، سودا ۋە چارۋىچىلىق بىلەن شۇغۇللانغان ئۇقۇمۇشلۇق زات ئىدى. 1943 ـ 1960 ـ يىلىغىچە ئۈرۈمچى ياڭخاڭ مەسچىتىگە ئاز كەم 20 يىل مۆتىۋەللى بولغان. بۇ قورۇنىڭ بىر قىسىم ئۆيلىرى 1955 ـ يىلىدىكى سوتسىيالىستىك ئۆزگەرتىشتە ئۆزگەرتىلگەن. 1970 ـ يىللاردىن ئىلگىرى سودا نازارىتىدە ئىشلىگەن مۇھەممەتجان روسۇلوف مۇشۇ قورۇدا ئۇزۇن يىللار ئولتۇرغان. ئۈرۈمچى شەھەرلىك ئىسلام دىنى جەمئىيىتىنىڭ كادىرى مەجىت ھاجى جالالىدىن قورۇنىڭ ئېگىز دۆڭدىكى بىر قىسىم تاختايلىق ئۆيلىرىنى ۋارىسلىرىدىن سېتىۋېلىپ ئولتۇرغان. مەجىت ھاجى كېيىن قەشقەرلىك مامۇت ھاجىغا ساتقان. ھازىر قورۇدىكى كونا ئۆيلەر چېقىلىپ، ماكانلاشتۇرۇش ئولتۇراق رايونى قىلىندى.

**شېرىپ ئەبزى قورۇسى**

شېرىپ ئەبزى 1920 ـ يىلى تىرىكچىلىك ئېھتىياجى بىلەن

تاتارىستاندىن شىنجاڭغا كېلىپ ئۈرۈمچىگە ئولتۇراقلاشقان. ئاۋۋال ئۈرۈمچى نەنسەندە چارۋىچى بولغان. ئۇنىڭدىن كېيىن شەھەردە ئۇششاق تىجارەت بىلەن شۇغۇللانغان. 1930 ـ يىلى قورۇ ـ جايلىق بولغان. 1938 ـ يىلدىن كېيىن ئۆلكىلىك تاتار مەدەنىي ئاقارتىش ئۇيۇشمىسى ئۇنىڭ قورۇسىغا كۆچۈپ كېلىپ بىر قىسىم ئۆيلەرنى ئىشخانا قىلغان. شېرىف ئەبزى ئۆزى ئوقۇمۇشلۇق زىيالىي بولغاچقا، ئۇزۇن مۇددەت تاتار مەدەنىي ئاقارتىش ئۇيۇشمىسىدا كاتىپ بولغان. شېرىف ئەبزى قورۇسى ئورنىغا ھازىر ئولتۇراق بىنا چۈشتى، غارىفۇللا قاتارلىق ۋارىسلىرىغا بىنادىن ئۆي بېرىلدى.

ھازىرقى دوستلۇق كوچىسىنىڭ غەربىي تەرىپىدە يەنە شاكىر تاھىر (ئۇيغۇر)، سابىق 6 ـ مەكتەپ قورۇسى، غازىباي، قاسىمجان، ياقۇپ باي، يۇسۇپجان، راخمانباييېف، دوبۇرسكى (ئاق ئورۇس) قاتارلىقلارنىڭ قورۇلىرى بولغان. بۇ قورۇلارنىڭ ئورنىنى ھازىر خەلق نەشرىياتى، مائارىپ نەشرىياتىنىڭ ئوقۇتۇش ئۇسكۇنىلىرى مەركىزى (دوستلۇق كوچىسى 146 ـ قورۇ)، ئۆي ـ مۈلۈك تەرەققىيات شىركىتى مەسئۇللىقىدا يېڭىدىن سېلىنغان ئىگىز ئولتۇراق بىنالار ئىگىلىدى. ئۇنىڭغا «ئەل ئېرپان گۈلزارلىقى ئولتۇراق رايونى» دەپ نام بېرىلدى.

**سابىق «6 ـ مەكتەپ» قورۇسى**

بۇ قورۇنىڭ ئەسلى ئىگىسى تەرەققىيپەرۋەر، ساخاۋەتچى ئۆزبېك مەنسۇرجانباي ئىدى. 1934 ـ يىلدىن ئىلگىرى ياڭخاڭ مەسچىتى مەدرىسىسى قاتارلىق ئورۇنلاردا ئوقۇيدىغان ئوقۇغۇچى كۆپىيىپ، سىنىپ يېتىشمىگەنلىكى ئۈچۈن شۇ ۋاقىتتىكى ئۇيغۇر، تاتار، ئۆزبېك، قازاق، قىرغىز مەدەنىي ئاقارتىش ئۇيۇشمىلىرىنىڭ مەسئۇللىرى ۋە مەرىپەتپەرۋەر مۆتىۋەرلەردىن بۇرھان شەھىدى، تۆمۈر غالى، زاكىر ئابدېشوف، خەسەن يانفورازوف، خەسەن شاكۇلوف، تۇرسۇنبابا قاتارلىقلار ئۆزبېك غازىباي ھوزۇرىدا ياڭخاڭ مەسچىت سەيناسىنىڭ ئالدىغا ياكى ئارقا بوشلۇقىغا

ئىككى قەۋەت مەكتەپ سېلىش لايىھىسىنى ئوتتۇرىغا قويغاندا، شۇ سورۇندىكى مەنسۇرجانباي ياخماۋخۇدىكى قورۇسىنى مەكتەپ قىلىشقا ھەدىيە قىلغان. 1935 ـ يىلى بۇ قورۇدا دەسلەپتە قىزلارنى ئاساس قىلىپ ئوقۇش باشلانغان. بۇ مەكتەپتە رومانە غىمادى، ھەنىپە ئاشۇرۇۋا، رۇقىيە شاكولىۋا، مۇنەۋۋەر خېلىدلىۋا، زىۋىدە سەئىدىۋا، ئەنۋەرە ئىسمائىلىۋا، مۇنەۋۋەر چانىشېۋا، زىلەيخە يېنكىيېۋا قاتارلىق ھەر مىللەت قىزلىرى ئوقۇغان. ئۇزۇن ئۆتمەي يۇقىرى سىنىپلار تەشكىللىنىپ، ئوغۇل ئوقۇغۇچىلارمۇ ئوقۇغان. سەلىم گېرەي، نۇسرەت شەھىدى، ئۇيغۇر سايرانى، ئابدۇرېشىت تۇردى، ئىبراھىم مۇتىئىي، ئەسئەت ئىسھاقى، ھامۇت خوجا، ئىسرائىل ئىسمائىل قاتارلىق ھەر مىللەت ئوغۇل ئوقۇغۇچىلار ئوقۇغان. 1937 ـ يىلى بۇ مەكتەپ شۇ ۋاقىتتىكى مائارىپ نازارىتىنىڭ باشقۇرۇشىغا ئۆتكۈزۈۋېلىنىپ «6 ـ مەكتەپ» دەپ نام بېرىلگەن. ئەلى ئىبراھىم، غىسامىدىن، سىدىق ئوسمانوف، مۆمىن ئەپەندى، ئىسلامجان، ئابدۇقادىر ھەسەنلەر مەكتەپ مۇدىرى بولغان. شاكىر ھەزرەت، رەشىدە شەھىدىۋا، كامىلە ئابىستاي (ئاببىاسىۋا)، يۇسۇپجان، ئېلى ئەپەندى، فاتىمە تەتە، تۇرسۇن تەتە قاتارلىقلار ئوقۇتقۇچى بولغان. 1940 ـ يىلىدىن كېيىن ئابدۇراخمان سەئىدى، ئابدۇراخمان خۇدا بەردى، مۇھەممەت رېھىم، ئىمىن ئەھمەدلەر مۇدىر بولغان. بۇ مەكتەپ ۋە ئۇنىڭ شۆبىلىرىگە ئىمىن تۇرسۇن، ئەخمەت شايېف، مۇسا نېغمەت، پىدايېف، ئابلىز يۇسۇپ خېتىپ، ئابلىزىخان، ئابلىمىت ئەزىمىتى، نىياز ھامىت، باۋۇدۇن ھوشۇرلار ئوقۇتقۇچى بولغان. بۇ مەكتەپ 1952 ـ يىلى ۋە 1955 ـ يىلى يېڭىدىن قۇرۇلغان 32 ـ، 20 ـ مەكتەپلەرگە قوشۇلۇپ كەتكەن، شۇنىڭ بىلەن تارىختىكى «6 ـ مەكتەپ» ئۆزىنىڭ تارىخىي بۇرچىنى ئادا قىلىپ ئاخىرلاشقان.

**غازىباي قورۇسى**

غازىباي ئاشۇر بابا (1882 ـ 1940)، ئۆزبېك، بۇخارا سەۋز-

دىن، ئۇ ياش چېغىدىلا ئۈرۈمچىگە كېلىپ بايلارغا پىرىكازچىك بولغان. خەنزۇچىنى پىششىق ئۆگەنگەن، ئۆزبېك مەدەنىي ئاقار-تىش ئۇيۇشمىسى، سودىگەرلەر جەمئىيىتىدە مەسئۇل خىزمەت ئىشلىگەن.

غازىباي ۋە ئايالى ھۇسنەرىخان ۋاپات بولغاندىن كېيىن، بۇ قورۇغا ئاساسلىقى ئۇنىڭ قىزى ھەبىبە بىلەن ئوغلى خارىس ئا-شۇروف ۋارىسلىق قىلغان ۋە 1955 - يىلى ئەتراپىدا بىگتۇەننىڭ يېمەكلىك زاۋۇتىغا سېتىۋەتكەن. ھازىر بۇ قورۇ ئورنىنى بىر تۇتاش سېلىنغان يېڭى ئولتۇراق بىنا ئىگىلىدى.

**ياقۇپباي قورۇسى**

ياقۇپباي ئەسلى تۇرپانلىق بولۇپ، موينىچىلىق ۋە پاختا ئې-لىپ سېتىش بىلەن شۇغۇللانغان. ئاتىسى ئەھمەد، ئاپىسى زى-لەيخەخانمۇ تىجارەت بىلەن شۇغۇللانغان. بۇ قورۇ 1955 - يىلى-دىكى سوتسىيالىستىك ئۆزگەرتىش ھەرىكىتىدە ئۆزگەرتىلگەن. مىراسخورلار ئۆزىگە قالغان بىر قىسمىنى سېتىۋەتكەن، ھازىر بۇ قورۇ ئورنىنى يېڭى ئولتۇراق بىنالار ئىگىلىدى. مەرھۇم يا-قۇپباينىڭ ھازىر ئۈرۈمچىدە نۇسرەت دېگەن قىزى بار.

**مۇقام ئانسامبىلى ئائىلىلىكلەر قورۇسى**

بۇ ھازىرقى غالىبىيەت يولى 93 - قورۇ بولۇپ، 1940 - يىلىدىن ئىلگىرى تاتار سودىگەر خەسەن ئەبزىنىڭ قورۇسى ئىد-دى. 1942 - يىلىدىن كېيىن «يۇشىن» سودا شىركىتى مۇشۇ قورۇغا كۆچۈپ كەلگەن ۋە 1945 - يىل 1 - ئاينىڭ 26 - كۈنى شىنجاڭ ئۆلكىلىك يەرلىك مەھسۇلاتلار سودا شىركىتىگە ئۆز-گەرتىلگەن. 1946 - يىلى بۇ شىركەت ھازىرقى غالىبىيەت يولى خەلق نەشرىياتى ئائىلىلىكلەر بىناسى قىلغان 90 - چوڭ قورۇ-غا كۆچكەن. شۇنىڭدىن كېيىن بۇ قورۇنى شۇ ۋاقىتتىكى ئۆل-كىلىك ھۆكۈمەت تەشۋىقات ھەيئىتى ئىگىلىگەن. 1946 - يىلى 7 - ئايدا ھازىرقى ئاپتونوم رايونلۇق پارتىيە مەكتىپى قىلىنغان ئورۇندا قۇرۇلغان سەنمىنجۇيى ياشلار تەشكىلاتىنىڭ شىنجاڭ

شۆبىسى 1947 ـ يىلى 9 ـ ئايدا گومىنداڭ پىرقىسىگە قوشۇ-
ۋېتىلگەندىن كېيىن، ئۇنىڭ قارىمىقىدىكى ياشلار ناخشا ـ ئۇسـ-
سۇل ئۆمىكى ئۆلكىلىك ھۆكۈمەت تەشۋىقات ھەيئىتىنىڭ باش-
قۇرۇشىغا ئۆتۈپ، مۇشۇ قورۇدا سەنئەت پائالىيىتىنى
داۋاملاشتۇرغان.

1950 ـ يىلى قۇرۇلغان ئۆلكىلىك خەلق ھۆكۈمىتى مەدە-
نىيەت ـ مائارىپ ھەيئىتىنىڭ تەھرىر ـ تەرجىمە باشقارمىسى
مۇشۇ قورۇدا ئىشلىگەن. 1951 ـ يىلى 3 ـ ئايدا مەزكۇر باشقارما
ئاساسىدا مۇشۇ قورۇدا شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى رەسمىي قۇرۇل-
غان. نەشرىيات قۇرۇلغان دەسلەپكى چاغلاردا مەھمۇت ئىلھام-
جان، ئىمىن تۇرسۇن، ئىبراھىم ئەھمىدى، پەيزۇللا رەخمان، ئە-
بەيدۇللا باسىت، ئەسئەت تاھىر، باھار رەھىمى، مەجىت، نۇرنىسا
قاتارلىقلار ئىشلىگەن. 1960 ـ يىلىدىن ئىلگىرى خەلق نەشرىد-
ياتى ھازىرقى غالىبىيەت يولى 84 ـ قورۇغا كۆچكەن. شۇنىڭدىن
كېيىن بۇ قورۇنى مەدەنىيەت نازارىتى ئائىلىلىكلەر قورۇسى
قىلغان. 1989 ـ يىلى 3 ـ ئايدا مۇقام ئانسامبىلى قۇرۇلغاندىن
كېيىن بۇ قورۇدىكى كونا ئۆيلەر چېقىلىپ، مۇقام ئانسامبىلى
خادىملىرى ئۈچۈن ئالتە قەۋەتلىك ئولتۇراق بىنا سېلىندى. ئال-
دى تەرىپى بىر نەچچە قەۋەت دۇكان قىلىنىپ ھازىر «ئايدىن»
ناۋايخانىسى، «مەڭگۈتاش» كىتابخانىسىغا ئىجارىگە بېرىلدى.

**دوستلۇق كىنوخانىسى**

بۇ ھازىرقى غالىبىيەت يولى 94 ـ قورۇ بولۇپ، بۇرۇن
«رۇس كۇلۇبى»، «گراژدانلار كۇلۇبى» دەپ ئاتالغان. 19 ـ ئەسىر-
نىڭ ئاخىرلىرىدىن باشلاپ، بولۇپمۇ ئۆكتەبىر ئىنقىلابى غەلىبە
قىلغاندا ئوتتۇرا ئاسىيا تەۋەسىدىكى رۇس مىللىتىنى ئاساس
قىلغان ھەر مىللەت ـ ھەر تەبىقىدىكى روسىيە مۇساپىرلىرى،
چارروسىيە قاچاقلىرى (ئاق گۋاردىيىچىلەر) سىياسىي پاناھلى-
نىش ۋە تۇرمۇش ئېھتىياجى بىلەن ئارقا ـ ئارقىدىن شىنجاڭغا

كېلىپ، چۆچەك، ئىلى، ئالتاي ۋە ئۈرۈمچى قاتارلىق جايلارغا
ئورۇنلاشقان. سوۋېت ھاكىمىيىتى قۇرۇلغاندىن كېيىن دىپلوما-
تىيە يولى بىلەن ئۇلارنىڭ كۆپ قىسمى قايتۇرۇلغان بولسىمۇ،
ئاز بىر قىسمى جۇڭگو پۇقراسى بولۇشنى تەلەپ قىلىپ، قايتىپ
كېتىشنى خالىمىغان. بۇلار ئەينى چاغدا خەنزۇچە «گۈيخۇارېن»
(归化人) (ئۆزلەشكەنلەر) دەپ ئاتالغان. شېڭ شىسەي ھۆ-
كۈمرانلىق قىلغان دەۋردە ئۇلار گۈيخۇازۇ (归化族) دەپ ئې-
تىراپ قىلىنىپ، شىنجاڭدىكى مىللەتلەر قاتارىغا كىرگۈزۈل-
گەن. شىنجاڭدىكى باشقا مىللەتلەر قۇرغان مەدەنىي ئاقارتىش
ئۇيۇشمىلىرى قاتارىدا مۇشۇ قورۇدا 1936 ـ يىلى گۈيخۇازۇ مە-
دەنىي ئاقارتىش ئۇيۇشمىسى قۇرۇلغان. 1944 ـ يىلى رۇس مىل-
لىتى دەپ ئاتاش ئېتىراپ قىلىنغان. 1946 ـ يىلى سوۋېت ئىت-
تىپاقىنىڭ ئۈرۈمچىدىكى باش كونسۇلى ساۋېلىيېف گۈيخۇازۇ ئۇ-
يۇشمىسىنى تارقىتىۋېتىپ، روسىيىدىن شىنجاڭغا كېلىپ ئول-
تۇراقلىشىپ قالغانلارنىڭ سوۋېت ئىتتىپاقى گراژدانلىق سالا-
ھىيىتىنى ئەسلىگە كەلتۈرۈپ بېرىشىنى تەلەپ قىلغان، جاڭ
جىجۇڭ ئىككى دۆلەت مۇناسىۋىتىنى ياخشىلاش يۈزىسىدىن باش
كونسۇلنىڭ تەلىپىنى ماقۇل كۆرگەن. 1947 ـ يىلى 7 ـ ئايدا
ئۈرۈمچىدە گراژدانلار جەمئىيىتى قۇرۇلۇپ، بۇ قورۇ گراژدانلار
كۇلۇبى قىلىنغان. جۇڭگو ـ سوۋېت مۇناسىۋىتى يامانلاشقان
ئەھۋالدا ھۆكۈمىتىمىز گراژدانلار جەمئىيىتىنى مەجبۇرىي تار-
قىتىۋەتكەن. بۇ قورۇدىكى كۇلۇب ئۈرۈمچى شەھەرلىك مەدەنىيەت ـ
مائارىپ ئىدارىسى ئارقىلىق كىنو شىركىتىنىڭ باشقۇرۇشىغا
ئۆتكەن ۋە «شىۋجېڭجۇيىغا قارشى تۇرۇش» كىنوخانىسى دەپ ئا-
تالغان. 1970 ـ يىللىرى «ئۇزۇن سەپەر» كىنوخانىسى دەپ نام
بېرىلگەن. پارتىيە 11 ـ نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتىنىڭ 3 ـ
ئومۇمىي يىغىنىدىن كېيىن «دوستلۇق كىنوخانىسى» دەپ ئاتاش
ئەسلىگە كەلتۈرۈلگەن. بۇرۇنقى كۇلۇب 1983 ـ يىلى بۇزۇۋېتىل-
لىپ، ئورنىغا 1180 ئورۇندۇقلۇق يېڭى كۇلۇب سېلىنغان. ئائىد-

لىلەردە تېلېۋىزور ئومۇملىشىپ، كىنو كۆرۈش قىزغىنلىقى پە-
سەيگەندىن كېيىن كۈلۈبنىڭ 120 ئورۇندۇقلۇق قىسمى ساقلىن-
نىپ قېلىپ، ئالدى قىسمى «ئورمان رېستورانى»، «جەۋھەر تېز
تاماقخانىسى»، ئوتتۇرا قىسمى «ۋىكتورىيە» ئارامگاھى قىلىندى.

**هازىرقى غالىبىيەت يولى 90 - نومۇرلۇق قورۇ — خەلق نەشرىياتى ئائىلىلىكلەر قورۇسى**

1911 - يىلى روسىيىلىك فابرىكانت بالىتكىن ئۈرۈمچىگە كېلىپ مۇشۇ قورۇنى تالالاپ ماكان قىلىپ «دالى» سودا فىرمىسى (大利洋行) نى قۇرغان. 1920 - يىلىدىن كېيىن «دالى» سودا فىرمىسى رىقابەتكە بەرداشلىق بېرەلمەي، سودا دائىرىسىنى قىس-قارتىشقا مەجبۇر بولغان. بالىتكىن ئاخىرىدا بۇ قورۇنى ئەينى چاغدا دۇنيا بويىچە توققۇز چوڭ بانكىنىڭ بىرى بولغان «داۋشېڭ» (道胜) بانكىسىنىڭ ئۈرۈمچى شۆبە بانكىسى قىلىشقا ئۆتۈنۈپ بېرىپ، «دالى» سودا فىرمىسىنىڭ سودىسىنى ئا-خىرلاشتۇرغان. بۇ بانكا جۇڭگو - روسىيە «داۋشېڭ» بانكىسى (华俄道胜银行) دېگەن نام بىلەن شىنجاڭ ئۆلكە مەركىزىدە تۇنجى قېتىم قۇرۇلغان چەت ئەل بانكىسىدۇر. ئەينى چاغدا ئۈ-رۈمچىدىكى ھەر مىللەت ئاممىسى بۇ بانكىنى روسىيە - ئاسىيا بانكىسى (ئازىياتىسكى بانكا) دەپ ئاتىشاتتى، ئۇ چاغلاردا باش بانكا چارروسىيىنىڭ پايتەختى سانكىت پېتېربۇرگتا ئىدى. بۇ بانكا 1925 - يىلى تاقالغان. بۇ بانكا شىنجاڭ ئىقتىسادىغا ئىن-تايىن ئېغىر زىيان سالغان. شۇنىڭدىن ئېتىبارەن بۇ قورۇنى ئۈرۈمچىگە كېلىپ ئولتۇراقلىشىپ تىرىكچىلىك قىلىۋاتقان روسىيە پۇقرالىرى (ئاساسلىقى ئاق ئورۇسلار) نىڭ ئىقتىسادىي بىرلەشمە جەمئىيىتى ئىگىلىگەن. 1937 - يىلى جۇڭگو - سو-ۋېت دوستلۇق مەدەنىيەت جەمئىيىتىنىڭ شىنجاڭ شۆبىسى قۇ-رۇلغان. شۇنىڭدىن كېيىن يۇشىن سودا شىركىتى ۋە ئۆزگەرتىپ قۇرۇلغان شىنجاڭ ئۆلكىلىك يەرلىك مەھسۇلاتلار سودا شىركى-تى مۇشۇ قورۇغا كۆچۈپ كېلىپ سودا بىلەن شۇغۇللانغان.

1947 ـ يىلى مۇشۇ قورۇدا جۇڭگو ـ سوۋېت دوستلۇق ـ مەدەنىيەت جەمئىيىتىنىڭ شۆبە جەمئىيىتى ئەسلىگە كەلتۈرۈلۈپ، دوستلۇق ۋە مەدەنىيەت ئالماشتۇرۇش پائالىيەتلىرىنى داۋاملاشتۇرغان، بۇ جەمئىيەتكە جاڭ جىجۇڭ مۇدىر، ئەخمەتجان قاسىمى، ساۋېلىيېف (سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ ئۈرۈمچىدە تۇرۇشلۇق باش كونسۇلى) مۇئاۋىن مۇدىر، چۇ ۋۇ (شۇ ۋاقىتتىكى ئۈرۈمچى شەھىرىنىڭ باشلىقى) باش كاتىپ، ئابدۇكېرىم ئاباسوف بىلەن ئۆلمەسوف (سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ ئۈرۈمچىدە تۇرۇشلۇق مۇئاۋىن كونسۇلى) مۇئاۋىن باش كاتىپ بولغان. ئابدۇكېرىم ئاباسوف رەھبەرلىكىدە «ئۆرنەك» ژۇرنىلى نەشر قىلىنغان.

يېڭى جۇڭگو قۇرۇلغاندىن كېيىن بۇ قورۇنى شىنجاڭ ئۆلكىلىك ئەدەبىيات ـ سەنئەتچىلەر بىرلەشمىسىنى قۇرۇش تەييارلىق ھەيئىتى ئىگىلىگەن. 1958 ـ يىل 9 ـ ئاينىڭ 29 ـ كۈنى ئاپتونوم رايونلۇق ئەدەبىيات ـ سەنئەتچىلەر بىرلەشمىسى رەسمىي قۇرۇلغان. ھازىرقى «تارىم» ژۇرنىلى (1957 ـ يىلدىن بۇرۇن «شىنجاڭ ئەدەبىيات ـ سەنئىتى» ژۇرنىلى) مۇشۇ قورۇدا نەشر قىلىنغان. ئاپتونوم رايونلۇق ئەدەبىيات ـ سەنئەتچىلەر بىرلەشمىسى شياۋشىمېنغا كۆچكەندىن كېيىن بۇ قورۇنى خەلق نەشرىياتى ئىگىلەپ، ئائىلىلىكلەر قورۇسى قىلغان. 1986 ـ يىلىدىن كېيىن قورۇنىڭ شىمالىي يېقىغا ۋە ئالدىغا ئايلاندۇرۇپ ئالتە قەۋەتلىك ئولتۇراق بىنا سېلىندى. ئالدى بىنانىڭ ئاستى قەۋىتى قاتار دۇكان قىلىنىپ، ھازىر «قەلبداشلار كىتابخانىسى»، «ئۇزۇمزار تېز تاماقخانىسى» ئېچىلدى.

**«ئەلئېرپان گۈلزارلىقى» نامىدىكى تاۋار ئۆيلەر سېلىنغان چوڭ قورۇ**

بۇنىڭ ئورنى ئەسلى ئۆزبېك سامۇقجانباي، ئۆلكىلىك ئۆزبېك مەدەنىي ئاقارتىش ئۇيۇشمىسى، چۆچۈرچى ئابدۇراخمان قاتارلىقلارنىڭ قورۇ ـ جايى ئىدى.

**سامۇقجانباي قورۇسى**

تاشكەنتلىك ئۆزبېك ئابىتباي ۋە سامۇقجانباي قورۇسىدا

1906 ـ يىلى «ماۋشېڭ» سودا فىرمىسى (茂盛洋行) نى قۇ ـ رۇپ، خام مالنى سانائەت ماللىرىغا ئالماشتۇرۇش سودىسى قىلـ ـ غان. 1935 ـ يىلى ئەتراپىدا سودىسى سۇسلىشىپ فىرمىسى تا ـ قالغان. قورۇسىدىكى ئۆيلىرىنى خوسۇسىيلارغا ئىجارىگە بەر ـ گەن. سامۇقجانباي ۋاپات بولغاندىن كېيىن پۈتۈن مال ـ مۈلكـ ـ گە ئوغلى مۇتەلجان ئىلھامجان ۋارىسلىق قىلغان. جەنۇبىي شىنـ ـ خۇا يولىدىكى ھايۋانات باغچىسى ياكى جەنۇبىي باغچا دەپ ئاتال ـ غان باغچا ئەسلى مۇتەلجان قارىياغاچلىقى ئىدى.

ئۆزبېك مەدەنىي ئاقارتىش ئۇيۇشمىسى

بۇ ئۇيۇشما 1936 ـ يىلى ياڭخاڭ كوچىسىدىكى مەنسۇرجان چىياباييېف قورۇسىدا قۇرۇلغان. 1940 ـ 1950 ـ يىللىرىغىچە ھا ـ زىرقى غالىبىيەت يولى ھازىرقى «ئەلئىرپان گۈلزارلىقى» ئول ـ تۇراق رايونىنىڭ ئوتتۇرا قىسمىغا كۆچكەن. بۇ ئۇيۇشمىغا تۇنـ ـ جى بولۇپ مىرمەخمۇت مىرخەمدۇف (1896 ـ 1941) رەئىس، رەشىد بابا خانبابا مۇئاۋىن رەئىس، ئەنۋەر خانبابا، ۋەلىخان، ھا ـ جى ئەكبەر نەزەربايېف، ئىلھامجان ئىسھاقجان ھاجى، مەننان قىيـ ـ يۇم قاتارلىقلار ئىجرائىيە ئەزاسى، پەتتاھ شەنجاڭ ئابدۇگۈلباي ئوغلى باش كاتىپ بولغان. 1941 ـ يىلى مىرمەخمۇت مىرخەمـ ـ دوف ۋاپات بولغاندىن كېيىن رەشىد بابا رەئىس بولغان. 1942 ـ يىلى 7 ـ ئايدا رەشىد بابا، ئەنۋەر خانبابالار غۇلجىغا كەتكەندىن كېيىن، 8 ـ ئايدىن باشلاپ ئورۇمچىدىكى مۆتىۋەر ئۆزبېك مۆ ـ مىنجان خېلىل مۇۋەققەت رەئىس، قاسىمجان قىسمەت باش كا ـ تىپ، يۈسۈپجان قارى ئىلھامجان، ئىسلامجان جېلىل قاتارلىقلار ئىجرائىيە ھەيئەت ئەزالىرى بولغان. 1950 ـ يىلى 1 ـ ئايدا باشقا قېرىنداش مىللەت ئۇيۇشمىلىرى قاتارىدا ئۆلكىلىك ئۆز ـ بېك مەدەنىي ئاقارتىش ئۇيۇشمىسىمۇ شىنجاڭدا تىنچلىق ۋە خەلقچىللىقنى ھىمايە قىلىش ئىتتىپاقىغا قوشۇلۇش بىلەن ئۆ ـ زىنىڭ پائالىيىتىنى ئاخىرلاشتۇرغان.

1988 ـ يىلى 5 ـ ئايدا مۇناسىۋەتلىك ئورۇنلارنىڭ تەستىـ ـ

قى بىلەن شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق ئۆزبېك مەدەنىيىتى ئىلمىي تەتقىقات جەمئىيىتى قۇرۇلدى. ھازىر بۇ جەمئىيەتنىڭ جەنۇبىي شىنخۇا يولى 41 ـ قورۇدا ئىشخانىسى بار.

يۇقىرىقى قورۇلارنىڭ ئۆيلىرى ئازادلىقتىن كېيىنكى سوتسىيالىستىك ئۆزگەرتىشتە ئۆزگەرتىلىپ بىڭتۈەنگە قاراشلىق ماشىنىسازلىق زاۋۇتى، پار قازان زاۋۇتى قىلىنغان. 2000 ـ يىلىدىن كېيىن «خەلقئارا ماكان» (国际置地) ئۆي ـ مۈلۈك تەرەققىيات شىركىتى بۇ قورۇنى «ئەلئىرپان گۈلزارلىقى» ئولتۇراق رايونى قىلىپ قۇرۇپ چىقتى.

**ھازىرقى غالىبىيەت يولى 84 ـ قورۇ ـ خەلق نەشرىياتى ئائىلىلىكلەر قورۇسى**

بۇ 1915 ـ يىللىرى بېكسۇلتان ۋەلىخانوف دېگەن قازاق مۆتىۋەرنىڭ قورۇسى ئىدى. 1920 ـ يىللىرى ئۆزبېك ئابدۇرۇسۇل ئىگىدارلىق قىلغان. ئۇنىڭ ئۆمەر سەيپۇڭ دېگەن ئۇيغۇر كۈيئوغلى بولغان. 1944 ـ يىلى بۇ قورۇنى ئابلىز مەخسۇم سېتىۋېلىپ، كىچىك خوتۇنى ھەنىپەخان (بەكرى ئىمام ئەينەكچىنىڭ قىزى) غا ئۆي قىلىپ بەرگەن. يېڭى جۇڭگو قۇرۇلغاندىن كېيىن بۇ قورۇنى خەلق نەشرىياتى سېتىۋېلىپ، 1960 ـ يىللارغا قەدەر ئىشخانا قىلىپ ئىشلەتتى، كېيىن نەنمېندىكى يېڭى خىزمەت بىناسىغا كۆچكەندىن كېيىن ئائىلىلىكلەر قورۇسى قىلدى. 1987 ـ يىلى بۇ قورۇدىكى كونا بىر قەۋەتلىك ئۆيلەرنى چېقىپ ئورنىغا خىش ـ بېتون قۇرۇلمىلىق ئالتە قەۋەتلىك ئولتۇراق بىناسى سالدى.

**ھازىرقى 42 ـ باشلانغۇچ مەكتەپ**

بۇ ئەسلى شىنجاڭغا بۇرۇن كەلگەن دىن تارقاتقۇچى ئاندرى گېبنادى دېگەن خرىستىئان پوپىنىڭ ئۇرۇمچىدىكى قورۇ ـ جايى ئىدى. ئۇ قورۇسىنى 1895 ـ يىلىدىن كېيىن چېركاۋ قىلىشقا بەرگەن. بۇ چېركاۋ ئۇنىڭدىن ئىلگىرى چاررۇسىيىنىڭ ئۇرۇمچىدىكى كونسۇلخانىسى ئىچىدە ئىدى. بۇ چېركاۋ ئاساسلى-

قى ئۇرۇمچىدىكى ئاق ئورۇسلار تاۋاپ قىلىدىغان خرىستىئان دى-
نىنىڭ شەرقىي چوڭ ئېقىمى بولغان پراۋوسلاۋىيە چېركاۋى ئى-
دى. چېركاۋ زامانىۋى ئۇسلۇبتا ياسالغان ھەيۋەتلىك، چاققان زال
ئىدى. 60 ـ يىللاردا ئۇرۇمچىدىكى رۇسلارنىڭ ۋە ئۇلارنىڭ
ئەۋلادلىرىنىڭ ئارقا ـ ئارقىدىن سابىق سوۋېت ئىتتىپاقى،
ئاۋستراليە، بىرازىلىيە قاتارلىق دۆلەتلەرگە كۆچۈپ كېتىشى
بىلەن، بۇ چېركاۋنىڭ پائالىيىتى توختىدى. شۇنىڭدىن كېيىن
بۇ قورۇ بىكىتۇەنگە قاراشلىق سىم زاۋۇتى قىلىپ ئىشلىتىلدى.
1970 ـ 1982 ـ يىلىغىچە ئۇرۇمچى شەھەرلىك 2 ـ يېنىك سا-
نائەت ئىدارىسىغە قاراشلىق قىزىلبايراق ماشىنىسازلىق زاۋۇتى
قىلىندى. 1982 ـ يىلى بۇ زاۋۇت كۆچۈرۈلگەندىن كېيىن، ھا-
زىرغىچە بۇ ئورۇن تيانشان رايونلۇق 42 ـ باشلانغۇچ مەكتەپ
(خەنزۇچە مەكتەپ) بولۇپ كەلمەكتە.

پراۋوسلاۋىيە چېركاۋى ھازىر تيانشان رايون غالىبىيەت يو-
لى يېڭى شەرق كوچىسى (ياشلار باغچىسىنىڭ جەنۇبى) دىكى 8 ـ
قورۇدا، يەر كۆلىمى 290 كۋادرات مېتىر.

**سوۋ ـ سىن تورگ قورۇسى**

بۇ ھازىرقى غالىبىيەت يولى ئوتتۇرا قىسمىنىڭ شەرقىدىكى
1 ـ كوچىنىڭ شىمالىي دوقمۇشىدىكى قورۇ بولۇپ، ئىلگىرى
ئانتونوف دېگەن رۇس سودىگەرنىڭ قورۇسى ئىدى. ئۇ نەنلياڭ-
دىكى ھەيۋەتلىك چوڭ قورۇلاردىن بىرى بولغاچقا، 1932 ـ يى-
لى سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ شىنجاڭدىكى تاشقى سودا ئاپپاراتى
بولغان سوۋ ـ سىن تورگ (سوۋېت ـ شىنجاڭ سودا شىركىتى
(苏新贸易公司) مۇشۇ قورۇدا قۇرۇلغان. سوۋېت ئىتتىپاقى
دۆلەتلىك تاشقى سودا بىرلەشمىسى ئۇنىڭ رەھبەرلىك ئورگىنى
ئىدى. شۇ چاغدا ئۇرۇمچى شىركىتىنىڭ دىرېكتورى يېفسوف
ئىدى. بۇ شىركەتنىڭ سودا پائالىيىتى سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ
ۋەتەن ئۇرۇشى ۋە شېڭ شىسەينىڭ سوۋېت ئىتتىپاقىدىن يۈز
ئۆرۈشى تۈپەيلىدىن توختىغان. ئانتونوف شېڭ شىسەي تەرىپىد-

ىدىن قولغا ئېلىنىپ تۈرمىدە ئۆلتۈرۈلگەن. شۇنىڭدىن ئېتىبارەن بۇ قورۇغا يەرلىك ھۆكۈمەت ئىگىدارلىق قىلغان. يېڭى جۇڭگو قۇرۇلغاندىن كېيىن ئۆلكىلىك كادىرلار مەكتىپىنىڭ شۆبىسى قىلىنىپ، خەنزۇچە، رۇسچە تەرجىمانلارنى يېتىشتۈرۈش سىد- نىپلىرى ئېچىلغان، بىر مەزگىل ئۇرۇمچى شەھەرلىك پارتىيە مەكتىپى قىلىنغان. يېقىنقى يىللارغا قەدەر ئالدى تەرىپى كۆك- تات، گۆش دۇكىنى، ئارقا تەرىپى دوستلۇق دوختۇرخانىسىنىڭ ئائىلىلىكلەر قورۇسى قىلىنغان.

**ھازىرقى غالىبىيەت يولى 1 ـ كوچا 5 ـ ، 7 ـ قورۇلار**

بۇ قورۇلارمۇ ئەينى چاغدا فادىيېف، دوبورىسكى دېگەن رۇسلارنىڭ مىراسى بولۇپ، 1930 ـ يىللاردىن كېيىن رۇس گىمنازىيىسى، سوۋېت ئىتتىپاقى قىزىل كرېست جەمئىيىتىد- نىڭ ئۇرۇمچى دوختۇرخانىسى قىلىنغان. مۇھەررەم قارىغا كۈيد- ئوغۇل بولغان ئابدۇرەئۇپ دوختۇرلۇق قىلغان. 1935 ـ يىلى مەرھۇم ئەنۋەر خانبابا بىرقانچە ساۋاقداشلىرى بىلەن بىرگە مۇ- شۇ رۇس گىمنازىيىسىدە رۇسچە ئوقۇغان. 1937 ـ يىلى شېڭ شىسەي بۇ قورۇ خوجايىنلىرىنى قولغا ئېلىپ، تۈرمىدە ئۆلتۈ- رۇپ، مال ـ مۈلۈكلىرىنى مۇسادىرە قىلغان. رۇس گىمنازىيىسى كېيىنكى چاغدا رۇسچە، ئۇيغۇرچە، خەنزۇچە ئوقۇتىدىغان ئادەت- تىكى مەكتەپكە ئايلانغان. 1993 ـ يىلى 20 ـ باشلانغۇچ مەك- تەپكە قوشۇۋېتىلگەن. سوۋېت ئىتتىپاقى قىزىل كرېست جەمئىيىتى دوختۇرخانىسى ئازادلىقتىن كېيىن ھازىرقى دوست- لۇق دوختۇرخانىسى قىلىنغان. ھازىر بۇ قورۇلار ئورنى غالىبد- يەت يولى مەھەللە ئىش باشقارمىسى (1985 ـ يىلى قۇرۇلغان)، دوستلۇق دوختۇرخانىسى ئائىلىلىكلەر بىناسى، خەلق نەشرىيا- تىنىڭ بىرقىسىم ئائىلىلىكلەر بىناسى (7 ـ قورۇدا) قىلىنىدى. غالىبىيەت يولى مەھەللە ئىش باشقارمىسى 2005 ـ يىلى كۈزدە يەنئەن يولىنىڭ شەرقىدىكى «داۋانشاڭ» بىناسىغا كۆچكەندىن كېيىن ئۇنىڭ ئورنىنى دوستلۇق ئاھالە كومىتېتى (1984 ـ يد-

لى قۇرۇلغان) ئىگىلىدى.

## III
## چارروسىيە ۋە سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ ئۈرۈمچىدىكى كونسۇلخانىسى

غالىبىيەت يولىدىكى ئوپېرا ئۆمىكى قاتارلىق ئورۇنلار تۇ-رۇشلۇق 193 - نومۇرلۇق چوڭ قورۇ 1962 - يىلىدىن بۇرۇن كونسۇلخانا ئىدى. 1882 - يىلدىن كېيىن جۇڭگو - چارروسىيە ئىمزالاشقان بىر قاتار تەڭ ھوقۇقسىز شەرتنامىلەرگە ئاساسەن، 1895 - يىلى 5 - ئايدا چارروسىيە تەۋەلىكىدىكى سودىگەرلەر-نىڭ ئۈرۈمچى «سودا چەمبىرىكى» دائىرىسىدە چارروسىيىنىڭ كونسۇلخانىسى رەسمىي قۇرۇلغان. 1917 - يىلى ئۆكتەبىر ئىن-قىلابى غەلىبە قىلىپ، 1924 - يىلىغا كەلگەندە ئاندىن جۇڭخۇا مىنگو بىلەن سوۋېت ئىتتىپاقى دىپلوماتىك مۇناسىۋەت ئورنات-قان. شۇ يىلى 5 - ئاينىڭ 31 - كۈنى چارروسىيە بىلەن تۈزۈش-كەن تەڭ ھوقۇقسىز شەرتنامىلەرنى ئەمەلدىن قالدۇرۇش، بۇرۇن قۇرغان كونسۇلخانىلارنى ئېتىراپ قىلىش، ھەر قايسى دۆلەت ئۆز دۆلىتىنىڭ قانۇن - بەلگىلىمىلىرى ئاساسىدا ئىقتىساد - سودىنى راۋاجلاندۇرۇش مەزمۇن قىلىنغان تەڭ ھوقۇقلۇق كېلى-شىمنامىلەر تۈزۈلگەن.

شۇ ۋاقىتنىڭ تەرەققىياتىغا نىسبەتەن ئېيتقاندا، كونسۇلخا-نا ئىچىگە زامانىۋى، ھەيۋەتلىك ئىمارەتلەر سېلىنغان، كونسۇل-خانا ئەتراپى ئىككى مېتىر ئېگىزلىكتىكى خىش تام بىلەن قور-شالغان، ئۈستىگە ئۈچ قۇر تىكەنلىك سىم تارتىلغان. بۇ تامنىڭ 30 مېتىر ئۇزۇنلۇقتىكى قىسمى ھازىر ئوپېرا ئۆمىكى قورۇ-سىنىڭ غەربىي شىمالىي بۇرجىكىدە ساقلانماقتا. كونسۇلخانىنىڭ غەربىي تەرىپى، يەنى ھازىرقى جەنۇبىي شىنخۇا يولىنىڭ شەرق تەرىپىدىكى ئۈرۈمچى ھەربىي رايونى، «رېنجيې» دوختۇرخانىسى، رادىئو - تېلېۋىزىيە ئۇنىۋېرسىتېتى، كادىرلار مېھمانخانىسى، ئىختىساس ئىگىلىرىنى ئالماشتۇرۇش مەركىزى قىلىنغان ئورۇن

سىتى ئاخۇن دېگەن ئۇيغۇرنىڭ كۆكتاتلىقى ئىدى. كونسۇلخانا ئىچى دەل ـ دەرەخلىق، ھاۋالىق بولۇپ بۇلبۇل قاتارلىق ئۇچار ـ جانىۋارلارنىڭ يېقىملىق سايراشلىرى ئاڭلىنىپ تۇراتتى. ئۇ ۋاقىتتا كونسۇلخانا ئەتراپىدا ھېچقانداق سودا دۇكانلىرى يوق ئىدى.

چارروسىيە ۋە سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ 1895 ـ 1962 ـ يىلغىچە ئۈرۈمچىدە تۇرغان بىر قىسىم باش كونسۇللىرى.

چارروسىيىنىڭ: فېدوروۋ (1895)، ئۇسپېن (1898)، كور ـ نىلوۋ (1909)، دياكوۋ (1914 ـ يىلدىن كېيىن).

سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ: ئازونىس (1924)، بېستروۋ (1925)، زىلاتكىن (1931)، ئوۋژىيانكىي (1935)، ئاپرېسوۋ (1937)، باكولىن (1940)، پۇشكىن (1942)، پېۋسوۋ (1945)، بېلوۋ (1946)، ساۋېلىيېۋ (1947)، كازانىسكى (1956)، دۇبا ـ شىن (1959)، باسمانوۋ (1961).

1962 ـ يىلى 6 ـ ئايدا كونسۇلخانا تاقالدى. دېمەك چاررو ـ سىيىنىڭ ۋە سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ كونسۇلخانىسى ئۈرۈمچىدە 67 يىل دەۋر سۈردى. شۇنىڭدىن كېيىن بۇ قورۇنى مەدەنىيەت نازارىتى ئۆتكۈزۈۋېلىپ، ناخشا ـ ئۇسسۇل ئۆمىكى، ئوپېرا ئۆ ـ مىكى، مۇقام ئانسامبىلى، سەنئەت تەتقىقات ئورنى قاتارلىق ئو ـ رۇنلارنى ئورۇنلاشتۇردى. بۇ ئورۇنلار كونسۇلخانا ۋاقتىدىكى ياۋ ـ روپا ئۇسلۇبىدا ياسالغان ئىمارەتلەرنىڭ كۆپ قىسمىنى بۇزۇپ، ئۆز ئالدىغا ئىشخانا، زال، ئائىلىلىكلەر بىناسى سالدى. شەھەر ـ لىك ئاسار ـ ئەتىقىلەرنى قوغداش ـ باشقۇرۇش ئورنىنىڭ قوغداپ قېلىشى بىلەن ئەينى چاغدىكى كونسۇل ئىشخانىسى، لې ـ نىن ھەيكىلى، ئالدى تەرەپ (بوغدا دوختۇرخانىسىنىڭ غەربى)، چوڭ دەرۋازىدىن كىرگەندىكى جەنۇبىي يېنى، كونسۇلخانا كو ـ چىسىنىڭ شەرقىي دوقمۇشى قاتارلىق بىر قىسىم كونسۇلخانا ئىمارەتلىرى سىرتتىن قارىماققا ئەينى ھالىتىدە ساقلىنىپ قال ـ غاندىن سىرت، باشقا ئىمارەتلەرنىڭ ھازىر ئىزناسى قالمىدى.

**كونسۇلخانا كوچىسى**

بۇ ھازىر غالىبىيەت يولى شىمالىي بۆلىكىنىڭ غەربىي جەنۇبىي شىنخۇا يولىغا تۇتىشىدىغان كوچا. ئازادلىقتىن بۇرۇن بۇ كوچا شىمال تەرىپىدە كونسۇلخانا ئىمى بار بولۇپ، جەنۇب تەرىپىدە ئاھالىلەر شالاڭ ئولتۇراقلاشقان تار، خىلۋەت كوچا ئىدى. كوچا ئوتتۇرىسىدا شەرقتىن غەربكە ئاقىدىغان ئېرىق بار ئىدى. ئازادلىقتىن كېيىن ئېرىق سېمونت تاختا بىلەن يېپىلدى. يېقىنقى يىللاردىن بېرى تەخمىنەن 8 مېتىر كەڭلىكتە، 356 مېتىر ئۇزۇنلۇقتا باشقىدىن كېڭەيتىپ ياسىلىپ، يول يۈزىگە ئاسفالىت ياتقۇزۇلدى. كوچىنىڭ ئىككى تەرىپىگە قەۋەتلىك ئىمارەتلەر سېلىندى، ئاستى قەۋەتلىرىدە تۇرمۇش بۇيۇملىرى ۋە يېمەك ـ ئىچمەك دۇكانلىرى، ئاشخانىلار ئېچىلغان ئاۋات بازارغا ئايلاندى. كونسۇلخانا 1962 ـ يىلى ئەمەلدىن قالغان بولسىمۇ، بۇ كوچا ئادەت بويىچە يەنىلا كونسۇلخانا كوچىسى دەپ ئاتىلىپ كەلمەكتە.

**رەفىق رەخمجان قورۇسى**

رەفىق ئاتىسى رەخمجان، رەخمجاننىڭ دادىسى ئەزەمباي، مىللىتى ئۆزبېك، يۇرتى مەرغىلان، 1870 ـ يىللاردا ئۈرۈمچىگە كېلىپ ئولتۇراقلاشقان. ئەزەمباي ئۈرۈمچىدە دەسلەپتە تىجارەت بىلەن شۇغۇللانغان. 1880 ـ يىلى ھازىرقى كونسۇلخانا كوچىسىنىڭ غالىبىيەت يولىغا تۇتىشىدىغان دوقمۇشىدىن يەر ئېلىپ، ئۆي سېلىپ قورۇ بىنا قىلغان. ئەزەمباينىڭ رەخمجان، بۇھەجەر دېگەن ئىككى پەرزەنتى بولغان. رەخمجاننىڭمۇ رەفىق، سائادەت دېگەن ئىككى پەرزەنتى بولغان.

ئەزەمباي، رەخمجانلار ئارقا ـ ئارقىدىن ۋاپات بولغاندىن كېيىن قورۇ ـ جايىغا ئاساسلىقى رەفىق بىلەن سائادەت ئىگىدارچىلىق قىلغان. ئازادلىقتىن كېيىنكى سوتسىيالىستىك ئۆزگەرتىشتە بىر قىسىم دۇكان ـ ئۆيلىرىنى بىكتۇەن يېمەكلىك زاۋۇتى ئىگىلىگەن. رەفىق 1961 ـ يىلى ئۆزىگە قالغان بىر قىس-

سىم ئۆي ـ دۇكانلىرىنى يەنە شۇ زاۋۇتقا سېتىپ، ئائىلىسى بىد-
لەن تاشكەنتكە چىقىپ كەتكەن. يىپەكلىك زاۋۇتى بۇ قورۇنى ئا-
ئىلىلىكلەر قورۇسى قىلغان. ياڭخاڭ مەسچىت باشقۇرۇش ھەي-
ئىتىنىڭ ئىلتىماسىغا بىنائەن، شەھەرلىك ھۆكۈمەتنىڭ قارارى
بويىچە، بۇ قورۇلارنىڭ ئورنى ھازىر ئاساسەن ياڭخاڭ مەسچىتى-
نىڭ باشقۇرۇشىدىكى باغچا قىلىندى.

**سائادەت رەخمووۋا قورۇسى**

بۇ قورۇ سائادەت بىلەن رەفىق ئاتا ـ ئانىسىدىن قالغان ئۆي ـ
زېمىنىنى بۆلۈشكەندە سائادەتكە تەگكەن 200 كۋادرات مېتىرچە
كېلىدىغان چاققان قورۇنى كۆرسىتىدۇ. بۇ قورۇنى سائادەتنىڭ
قىزى غالىيە 1997 ـ يىلى شېرىپجان داموللاھاجىغا سېتىپ
بەرگەن. شېرىپجان داموللا ھاجى ئۆزگەرتىپ بىر مەزگىل پايد-
دىلانغاندىن كېيىن 1999 ـ يىلى ياڭخاڭ مەسچىتىگە ئۆتۈنۈپ
بەردى.

**ما ۋېنچىڭ قورۇسى**

بۇ ياڭخاڭ مەسچىتىنىڭ شىمالىي يېنىدىكى خۇيزۇ ما ۋېند-
چىڭنىڭ ئاددىي ئىككى قەۋەتلىك قورۇسىدۇر. بۇ قورۇ ئورنى
ئەسلى تۇگمەن ئۆستەڭ ئېقىنى ئىدى. يېڭى جۇڭگو قۇرۇلغاندىن
كېيىن ئۆستەڭ سۈيى بىلەن چۆگىلەيدىغان تۇگمەنلەر توختىد-
غاندا ئۆستەڭ چۆللەشتى. 1980 ـ يىلى ئۆستەڭ ئىزىغا سۇ تۇ-
رۇبىسى ياتقۇزۇلدى. ما ۋېنچىڭ ئۆلگەندىن كېيىن ھازىر بۇ قو-
رۇغا ئۇنىڭ بالىلىرى ئىگىدارلىق قىلىۋاتىدۇ.

**ئۆزبېك ئابدۇللىن قورۇسى**

بۇ ھازىرقى ياڭخاڭ مەسچىتىنىڭ شىمالىدىكى يان قوشنا
قورۇ. ئازادلىقتىن ئىلگىرىكى ئىگىسى ئابدۇللىن يۇنۇس دېگەن
ئۆزبېك ئىدى، ئۇنىڭ كەسپى مۇنچىكەش، يۇرتى مەرغىلان بو-
لۇپ، 19 ـ ئەسىرنىڭ ئاخىرلىرى ئۇرۇمچىگە كېلىپ ئاۋۋال
ئىشچى، كېيىن تىجارەتچى بولغان. ئاخىرىدا مىراسلىق بولۇپ
مۇنچا ئاچقان. قادىر رەھىم ئابدۇللىنغا كۈيئوغۇل بولغاندىن كې-

يىن مۇشۇ قورۇغا ئىگىدارلىق قىلغان. ئابدۇللىنىڭ بۇ كونا قورۇ ـ جايىغا ھازىر مۇرات، غالىب قاتارلىق نەۋرىلىرى ئىگىدارلىق قىلىۋاتىدۇ.

**ياڭخاڭ مەسچىتى**

غالىبىيەت يولى بىلەن يەنئەن يولى تۇتاشقان ئېغىزنىڭ غەربىدىكى 181 ـ قورۇغا جايلاشقان بۇ مەسچىت 19 ـ ئەسىرنىڭ ئاخىرى ھەر مىللەت مۆتىۋەرلىرىنىڭ تەشەببۇسى، ماددىي جەھەتتىن قوللىشى بىلەن سېلىنغان. 2006 ـ يىلىغا قەدەر ھېسابلىغاندا 110 يىللىق تارىخقا ئىگە. دەسلەپتە ياغاچ ـ كېسەك قۇرۇلمىلىق، ئاددى، چاققان مەسچىت نامازخانىسى بىنا قىلىنغان، كېيىن تۆت قېتىم يېڭىلاپ سېلىنغان. شۇ جەرياندا تاتار مەسچىتى، نوغاي مەسچىتى، ياڭخاڭ مەسچىتى دەپ ئاتىلىپ كەلگەن. 1997 ـ يىلىدىن باشلاپ قايتا ياسىلىپ 2002 ـ يىلىنىڭ ئاخىرى قوشۇمچە ئەسلىھەلىرى بىر قەدەر مۇكەممەل، كۆركەم ۋە ھەيۋەتلىك بولغان ھازىرقى يېڭى مەسچىت ۋۇجۇدقا كەلتۈرۈلدى ۋە بەيتۇل مەئمۇر مەسچىتى دەپ ئاتالدى.

1896 ـ يىلدىن 2005 ـ يىلغىچە بۇ مەسچىتتە 9 دىنىي ئۆلىما ئىماملىق، خاتىپلىق قىلغان، 18 ئادەم مەزىن، 15 ئادەم مۆتىۋەللى بولغان.

**خۇسەيىن بۇرناشوف قورۇسى**

خۇسەيىن بورناشوف ئەسلى ھازىرقى باشقورتىستاننىڭ ئۇفا دېگەن شەھىرىدىن بولۇپ، 1890 ـ يىللىرى ئائىلىسى بىلەن ئۇرۇمچىگە كېلىپ ئولتۇراقلىشىپ تىجارەت قىلغان ۋە نەنسەن مىرگۇدا چارۋىچىلىق قىلغان. ئۇنىڭ قورۇسى ئەينى چاغدا ھازىرقى ياڭخاڭ مەسچىتى ۋەخپە يېرىنىڭ غەربىي جەنۇبىي بۇرجىكىگە توغرا كېلەتتى. شۇ چاغلاردا بۇ قورۇدا 44 ئېغىز ئۆي، قوتان، لاپاس، ئىسكىلات بولغان. 1896 ـ يىلى ياڭخاڭ مەسچىتى سېلىنغاندا خۇسەيىن بۇرناشوف ئۆزى تۇتقان يەرنىڭ بىر بۇرجىكىنى ۋەخپە قىلىپ بەرگەن.

خۇسەيىن بورناشوفنىڭ سابىر، لاتىپ، خېلىل، سەيپۇل، خەيرۇللا قاتارلىق ئۇقۇمۇشلۇق ئوغۇللىرى بولغان. 1938 ـ يىـ لى مۇشۇ قورۇدا ئۆلكىلىك تاتار مەدەنىي ئاقارتىش ئۇيۇشمىسى قۇرۇلغان. ھىسامىدىن موسىيىن (موسلوف) دېگەن تاتار ئۇيۇشما رەئىسلىكىگە سايلانغان. 1946 ـ يىلى بۇ قورۇ سېتىۋېتىلگەن. 1950 ـ يىلى بۇ قورۇنى دېھقانچىلىق ـ ئورمانچىلىق نازارىتى ئىگىلىگەن. ھازىر دېھقانچىلىق نازارىتى ئىشخانا، ئائىلىلىكلەر بىناسى سېلىپ پايدىلانماقتا.

**سادىق ئەبزى قورۇسى**

تاتار سادىق ئەبزى ئۇششاق تىجارەت بىلەن شۇغۇللىناتتى، ئۇنىڭ قورۇسى تار ئۇزۇنچاق قورۇ ئىدى. ئۇ 1933 ـيىلى ۋاپات بولغاندىن كېيىن، ئۇنىڭ قورۇسىغا نەۋرىلىرى ئىگىدارلىق قىـ لىپ، ئىجارىگە بېرىپ پايدىلانغان. 1945 ـ يىللىرى خوجا ئەھـ مەد زەكى، خالىق قارى پاختىچى، مۇھەممەد سەيپۇلڭ دېگەن كىـ شىلەر بىر قىسىم ئۆيلىرىنى سېتىۋېلىپ ئولتۇرغان. ئىبراھىم ئىسمىلىك پۇتى ناكا كىشى ئۇزۇن مۇددەت ئولتۇرغان. ئالدى تە ـ رەپنى بىر خەنزۇ سېتىۋېلىپ، چاققان ئىككى قەۋەت دۇكان، ئۆي سېلىپ ساتىراشلىق دۇكىنى ئاچقان. ئازادلىقتىن كېيىن قالغان ئۆيلىرى ئۆزگەرتىلگەن. 1960 ـ يىللىرى ئىبراھىم ئۆمەر (ئا ـ يالى ئوغۇلخان)، بىلال قاساپ (ئايالى ئوغلەمخان ھاجى)، ھەبىبۇل (ئايالى رىسالەتخان) دېگەن كىشىلەر ئولتۇرغان. 1997 ـ يىلى دېھقانچىلىق نازارىتى بۇ قورۇدىكىلەرنى كۆچۈرۈپ، ئورنىغا ھا ـ زىرقى ئۇنىۋېرسال بىنانى سالدى.

**ئەدەل خانىم قورۇسى**

ئەدەل (ئادالەت) خانىم مىرسالىھبايىنىڭ ئۆزبېك ئايالى سە ـ لىخەدىن تۇغۇلغان قىزى، ئۇنىڭ يولدىشى ئالىمجان چۆچەكلىك رېھىمجانبايىنىڭ ئوغلى ئىدى. ئالىمجاننى 1938 ـ يىلى شېڭ شىسەي قولغا ئېلىپ تۈرمىدە ئۆلتۈرگەن. شۇندىن كېيىن ئەدەل خانىم بۇ قورۇغا ئىگىدارلىق قىلغان. بۇ قورۇدىكى ئۆيلەر تاخ ـ

تايلىق قىلىپ ئۆزگىچە ياسالغان. ئۆي ئارقىسىدا چوڭ بېغى بار ئىدى. ئەدەل خانىم 1948 ـ يىلى قورۇسىنى ئابلىز موسابايېفقا ساتقان. ئابلىز موسابايېف 1952 ـ يىلى بۇ قورۇنى دېھقانچىلىق نازارىتىنىڭ هازىرقى شىنشىڭگەيدىكى بىر قورۇسى بىلەن تې-گىشكەن. هازىر دېھقانچىلىق نازارىتى كونا ئىشخانا قىلغان بىنا دەل ئەدەل خانىم قورۇسى ئورنىغا توغرا كېلىدۇ.

**يولچى قارى قورۇسى**

يولچى قارى، ئۆزبېك، ئاۋۇتبايىنىڭ خىرىخان دېگەن ئايالى-دىن تۇغۇلغان. يولچى قارىنىڭ سۇپا شەكلىدە تاختايلىق بىر يۇ-رۇش ئۆيلىرى بولغان. ئۆزى ئولتۇرغان ئۆيدىن باشقىلىرىنى ئىجارىگە بەرگەن. ئاۋئاتسىيە ئىدارىسى 1950 ـ يىللىرى نەند-ياڭدىكى ئايروپىلان بىلەتى سېتىش ئىشخانىسى قىلغان. 1955 ـ يىلى سوتسيالىستىك ئۆزگەرتىشتە بىر قىسىم ئۆيلىرى ئۆزگەر-تىلگەن. بۇ قورۇ ئورنىنى هازىر دېھقانچىلىق نازارىتى ئىگىلىدى.

**ئۆزبېك ھەمراخان قورۇسى**

ھەمراخان مەنسۇر باينىڭ نەۋرىسى، يولدىشى دىنىي ئۆلىما ئابدۇلمەلىك هاجى داموللامىنىڭ ئوغلى مۇھەممەد مەخسۇم ما-لىك. ئۇلارنىڭ يەتتە بالىسى بولغان. ھەمراخان بۇ قورۇسىنى 1952 ـ يىلى دېھقانچىلىق نازارىتىگە ئۆتكۈزۈۋېتىپ تاشكەنتكە چىقىپ كەتكەن.

**خۇسەينباي چانشېف قورۇسى**

هازىرقى مائارىپ نازارىتى ئورنىدىكى قورۇنى ئەسلى خۇسە-يىنباينىڭ تاغىسى رامزان هاجى 1884 ـ يىلى ياساتقان. رامزان هاجى، تاتار، ئاتىسى نىغمەتوللا، فامىلىسى چانشېف، روسىيە-لىك.

1884 ـ يىلى رامزان هاجى مۇشۇ قورۇدا نۇسرەت سودا فېرمىسى (吉祥涌洋行) نى قۇرغان. رامزان هاجى 1896 ـ يى-لى ياڭخاڭ مەسچىتىنىڭ سېلىنىشىغا تەشەببۇسكار بولغان ۋە باشچىلىق قىلغان ئاساسلىق مۆتىۋەر ئەربابلارنىڭ بىرى. ئۇ

ئۆمرىدە پەرزەنتلىك بولمىغان. شۇڭا 1903 ـ يىلى 20 ياشتىكى جىيەنى خۇسەيىننى ئۇرۇمچىگە چاقىرىپ ئۆزىنىڭ ئوقىتىگە ۋارىسلىق قىلدۇرغان. خۇسەيىن سودا فىرمىسىنى روناق تاپقۇزۇپ، خۇسەيىنباي دېگەن ئاتاقنى ئالغان. ھازىرقى ئۆپكە كېسەللىكلەر دوختۇرخانىسى ئورنىنىڭ شەرقىي شىمالىي بۇرجىكىگە مويكا قۇرغان. شۇنىڭدىن ئېتىبارەن بۇ دائىرىدە ھازىرغىچە خەنزۇچە ياڭماۋخۇ دەپ ئاتالغان مەھەللە ـ كوچا پەيدا بولغان. خۇسەيىنباينىڭ قورۇسىدا 40 نەچچە ئېغىز ئۆي، ئىسكىلات، ئاتخانا، لاپاس بار بولۇپ، يازدا 100 نەچچە، قىشتا 30 ـ 40 مەدىكار ئىشلىگەن.

خۇسەيىنباينىڭ خانىمى گۈلسۇم بولۇپ، ئۇلارنىڭ ماخمۇت گېرەي، سىلىم گېرەي، ھاجى گېرەي، تەۋفىق، غەفىسە، لاتىفە، مەسخۇدە دېگەن ئوغۇل ـ قىزلىرى بولغان. خۇسەيىنباي جىن شۇرېن ۋە شېڭ شىسەي دەۋرلىرىدە ئاۋام قۇرۇلتاي ۋەكىلى، كېڭەش ئەزاسى، مەسلىھەتچى بولغان. 1938 ـ يىلى شېڭ شىسەي ئۇنى قولغا ئېلىپ، 1940 ـ يىللىرى تۈرمىدە ئۆلتۈرۈۋەتكەن. مال ـ مۈلكىنى مۇسادىرە قىلىپ، ئائىلە تاۋابىئاتلىرىنى سۈرگۈن قىلغان. 1939 ـ يىلى شېڭ شىسەي بۇ قورۇنى ئاز ـ تولا تۈزەشتۈرۈپ 南花园 (جەنۇبىي گۈلزارلىق) نامىدا قېپىناتىسى چۇ زۇيۈڭغا داچا قىلىپ بەرگەن. بۇ ئىمارەت ھازىرغىچە ئاسارى ئەتىقە سۈپىتىدە قوغدىلىپ، مائارىپ نازارىتىنىڭ مالىيە ئىشخانىسى قىلىنىپ كەلدى.

1946 ـ يىلى بىتىمدىن كېيىن ئەخمەتجان قاسىمى، ئابدۇكېرىم ئابباسوف قاتارلىق ئۈچ ۋىلايەت رەھبەرلىرى مۇشۇ قورۇدا تۇرۇپ، گومىنداڭنىڭ ئەكسىيەتچىل ھۆكۈمرانلىقىغا قارشى ئىنقىلابىي پائالىيەتلىرىنى داۋاملاشتۇرغان.

يېڭى جۇڭگو قۇرۇلغاندىن كېيىن بۇ قورۇنى مائارىپ نازارىتى بىلەن 1956 ـ يىل 8 ـ ئاينىڭ 26 ـ كۈنى قۇرۇلغان مائارىپ نەشرىياتى ئىگىلەپ، ئىشخانا ۋە ئائىلىلىكلەر بىنالىرىنى

سىلىپ، بۇرۇنقىغا قارىغاندا رەتلىك كۆركەم ۋە گۈزەل قورۇغا ئايلاندۇردى.

**باۋجا خۇيزۇ تۈگمىنى**

ئۈچتاشتىن كېلىدىغان ئۆستەڭ سۈيى مۇشۇ خۇيزۇ قورۇسىنى كېسىپ ئاقىدىغانلىقى ئۈچۈن باۋجا خۇيزۇ ئەجدادى 1880 ـ يىلدىن باشلاپ مۇشۇ قورۇغا ئىككى تاشلىق تۈگمەن قۇرغان. 1952 ـ يىلى تۈگمەن ئىشتىن توختاپ، كوپىراتسىيىلەشكەندىن كېيىن، شۇ ۋاقىتتىكى سانائەت ـ كان نازارىتى بۇ قورۇدا ئادىي توقۇمىچىلىق فابرىكىسى قۇردى. 1954 ـ يىلى بۇ ئاددىي فابرىكا شىمگودا يېڭىدىن قۇرۇلغان «1 ـ ئىيۇل» توقۇمىچىلىق فابرىكىسىغا قوشۇۋېتىلدى. شۇنىڭدىن باشلاپ بۇ تۈگمەن ئورنىنى مائارىپ نازارىتى ئىگىلىدى.

**خۇسەيىنباي ئىسكىلات قىلغان قورۇ**

1990 ـ يىللاردىن ئىلگىرى ئوقۇتۇش ـ تەجرىبە ئۇسكۈنىلىرى زاۋۇتى قىلىنغان قورۇ ئەسلى 1932 ـ يىلدىن بۇرۇن خۇسەيىنباي باشقۇرغان نۇسرەت سودا فىرمىسىنىڭ خام مال ئىسكىلاتى بولغان. 1938 ـ يىلى مۇسادىرە قىلىنغاندىن كېيىن گومىنداڭ يەرلىك ھاكىمىيىتى ئىگىلەپ تۇرغان. يېڭى جۇڭگو قۇرۇلغاندىن كېيىن مەھەللە ئاھالە كومىتېتى باشقۇرۇپ كەلدى. 2000 ـ يىلدىن كېيىن مائارىپ نازارىتى ئېگىز بىنا سېلىپ ئۇنىۋېرسال ئىشخانا قىلدى.

**مالىك فامىلىلىكلەر قورۇسى**

مالىك فامىلىلىكلەرنىڭ چوڭ بوۋىسى ئابدۇقادىر، بوۋىسى ئابدۇلمەلىك (1850 ـ 1930)، ئۆزبېك، بۇخارادىن، 1850 ـ يىلى دىنىي ئۆلىما ئائىلىسىدە تۇغۇلغان. ياش ۋاقتىدا تۈركىيە ئىستانبۇل ئۇنىۋېرسىتېتىدا بىلىم تەھسىل قىلىپ داموللا بولغان. شۇندىن كېيىن سەئۇدى ئەرەبىستانىدا تۇرۇپ بىلىم ئاشۇرۇش ئەسناسىدا بىر قانچە قېتىم ھەج پەرزىنى ئادا قىلىش پۇرسىتىگە مۇيەسسەر بولۇپ، «ئابدۇلمەلىك ھاجى داموللام» دې-

گەن نامغا ئېرىشكەن. 1880 ـ يىلى ئۇرۇمچىگە كېلىپ، نەنلـ ـ
ياڭدا ئۇزۇن مۇددەت مۇدەررىسلىك قىلىپ نۇرغۇن تالىپ يې ـ
تىشتۈرگەن. 1885 ـ يىلىدىن كېيىن قورۇ بىنا قىلىپ، قورۇ ـ
لۇش كۆلىمىنى تەدرىجىي كېڭەيتىپ، كارىدورلۇق ئاستى ـ
ئۈستى تاختايلىق ئۆيلەرنى سالدۇرغان.

ئۇ ياڭخاڭ مەسچىتىگە 30 يىلدەك ئىمام بولۇپ، ھەر مىللەت مۇسۇلمانلىرى ئىچىدە يۇقىرى ئابرۇيغا ئىگە بولغان. ئابدۇلمەلىك ھاجى داموللام بىلەن خانىمى مەھكىلەنىڭ رەخمىتۇللا مەخسۇم، مۇھەممەد مەخسۇم، مەھمۇت قادىر، نىغمىتۇللا مالىك، سۇلتان مالىكىۋا، نەئىمە مالىكىۋا قاتارلىق ئوغۇل ـ قىزلىرى بولغان. ئابدۇلمەلىك ھاجى داموللام 1930 ـ يىلى قۇربان ھېيت نامىزى كۈنىدە 80 يېشىدا ئۇرۇمچىدە ئالەمدىن ئۆتكەن. ئۇنىڭ مىراسىغا بالىلىرى ئىگىدارلىق قىلىشقان، ئەڭ ئاۋۋال نىغمى ـ تۇللا مالىك دېگەن ئوغلى قورۇ ئولتۇرىسىدىكى ئۆزىگە تېگىش ـ لىك بىر قىسىم كونا ئۆيلىرىنى 1958 ـ يىلى ھەمدۇللائاخۇن ئۇستام، ئابلا ھاجى دېگەن تىككۈچىلىك قىلىدىغان ئىككى ئاكا ـ ئۇكىغا ساتقان. قورۇدىكى باشقا ئۆي، دۇكانلىرىدىن ئىگىلىرى ـ نىڭ ئېھتىياجىدىن ئارتۇق قىسمى 1955 ـ يىلىدىن كېيىنكى سوتسىيالىستىك ئۆزگەرتىشتە ئۆزگەرتىلىپ، ئۆي ـ مۈلۈك ئىدارىسىنىڭ ئىگىدارلىقىغا ئۆتكۈزۈلگەن. دۇكانلىرىدا تىككۈ ـ چى، موزدوز قاتارلىقلار ھۈنەر قىلغان. ھامۇت رېھىم دېگەن كىشى ئۇزۇن مۇددەت موزدوزلۇق قىلغان.

ئابدۇلمەلىك ھاجى داموللامنىڭ نەۋرە ـ چەۋرىلىرىگە قالغان بىر قىسىم كونا ئۆيلىرىنى 2003 ـ يىلى مائارىپ نازارىتى بىر تۇتاش سېتىۋېلىپ قەۋەتلىك بىنا سالدى.

**ئۆزبېك يۈسۈپجان قارى قورۇسى**

ھازىرقى مائارىپ نازارىتى ئائىلىلىكلەر بىناسى ئىگىلىگەن ئورۇننىڭ جەنۇبىي قىسمى ئۆزبېك يۈسۈپجان قارىنىڭ قورۇسى ئىدى. ئۇنىڭ ئاتا ـ بوۋىسى تاشكەنتلىك، دادىسى ئەمىنجانباي،

چوڭ بوۋىسى ئىلھامجان، شۇڭا يۇسۇپجان قارى ئىلھامجانوف دەپ فامىلە قوللانغان. ئەمىنجانباي 1920 ـ يىلى چۆچەكتىن ئۈ-رۈمچىگە كېلىپ تىجارەت بىلەن شۇغۇللانغان، قېرىنداشلىرى بىلەن شېرىكلىشىپ دېشېڭ سودا فىرمىسى (德盛洋行) نى قۇرۇپ، چارروسىيە تەۋەسىدىكى سودىگەرلەر بىلەن بىۋاستە سودا قىلىپ تېز روناق تاپقان ۋە ئۈرۈمچىدە قورۇ ـ جايغا ئىگە بولغان. ئەمىنجانباي 1928 ـ يىلى ئۈرۈمچىدە ۋاپات بولغان. كېيىن ئۇنىڭ پۈتۈن مال ـ مۈلكىگە يۇسۇپجان قارى ئىگىدارلىق قىلغان. يۇسۇپجان قارى 1967 ـ يىل 1 ـ ئاينىڭ 31 ـ كۈنى 63 يېشىدا ئۈرۈمچىدە ۋاپات بولغان. بۇ قورۇ ئورنىنىمۇ ھازىر مائارىپ نازارىتى بىر تۇتاش سېتىۋېلىپ ئېگىز، زامانىۋى بىنا سالدى.

ئابدۇراخمان قورۇسى

بۇ خابا كوچىسىغا چۈشىدىغان يانتۇ يولنىڭ شىمالىي دوق-مۇشىدىكى ئارقىسى ئىككى قەۋەت، ئالدى بىر قەۋەت ئۆيلەردىن تەركىب تاپقان چاققان قورۇ بولۇپ، ئازادلىقتىن بۇرۇن تۇرپاندىلىق ئىمىن ئاخۇن تۆمۈرچىنىڭ قورۇسى ئىدى. ئىمىن ئاخۇن ۋاپات بولغاندىن كېيىن ئوغلى ئابدۇراخمان ئىگىدارچىلىق قىلغان. بۇ قورۇ ئابدۇراخماننىڭ قولىدىكى چېغىدا (ئازادلىقنىڭ دەسلەپكى مەزگىلىدە) ئابدۇراخماننىڭ خىيانىتى بار دېگەن باھانە بىلەن مۇسادىرە قىلىنغان. ئالدى تەرەپ ئۈرۈمچى شەھەرلىك سودا ئىدارىسىنىڭ سودا دۇكىنى قىلىنغان. ئابدۇراخمان ۋە ئۇ-نىڭ باللىرى ئىگىدارلىق ھوقۇقىنى ئەسلىگە كەلتۈرۈپ بېرىش توغرىسىدا قايتا دەۋا قىلغان بولسىمۇ ھەل بولمىغان. ئاقىۋەتتە بۇ قورۇ ئورنىنىمۇ مائارىپ سىستېمىسى بىر تۇتاش ئۆزگەرتىپ قۇرۇلۇش قىلدى.

جەنۇبىي دوقمۇش قورۇ

غالىبىيەت يولىدىن خابا كوچىسىغا چۈشىدىغان يولنىڭ جە-نۇبىي دوقمۇشىدىكى دۇكان ـ ئۆيلەر ئازادلىقتىن بۇرۇن مادارىن

(مافۇشۇ) پايپاقچى دېگەن خۇيزۇ باينىڭ مىراسى ئىدى، كېيىن ئۇنى تۇرپانلىق سايىم گەيجاڭ دېگەن مۆتىۋەر ئىگىلىگەن، كېيىن ئۇ قەشقەرلىق ئاشپەز ئۆمەر بەگ دېگەن كىشىگە ئۆتۈنگەن. ئۆ-مەربەگ ئازادلىقتىن ئىلگىرى ۋە كېيىن ئۆزى ئاشخانا ئاچقان. يان دۇكانلىرىنى ناۋاي، قاسساپلارغا ئىجارىگە بەرگەن. روزى ئا-خۇن، نىياز ئاخۇن دېگەن كىشىلەر باققالچىلىق قىلغان. 1993 ـ يىلى غالىبىيەت يولىنى كېڭەيتىپ ياساش قۇرۇلۇشىدا بۇ دۇ-كان، ئۆيلەر يولغا چىقىپ كەتتى.

**مەتىمىن توختايېۋ قورۇسى**

مەتىمىن توختايېۋ، تەكتى قەشقەرلىق، 1940 ـ 1965 ـ يىللىرىچە شىنجاڭ گېزىتى ئىدارىسىدە فوتو سۈرەت مۇخبىرى، سەنمىنجۇيى ياشلار تەشكىلاتىنىڭ ناخشا ـ ئۇسسۇل ئۆمىكى، شىنجاڭ سەنئەت ئۆمىكى قاتارلىق ئورۇنلاردا ئارتىس، رېژىسسور، تەشكىللىگۈچى ۋە مەسئۇل بولۇپ ئىشلىگەن. مەتىمىن توختايېۋ 1947 ـ يىلىدىن ئىلگىرى ئۆمەر ئۇستا دېگەن بىر ئۇيغۇر كىشىدىن قورۇ سېتىۋالغان، كېيىن ئۆزى ئاددىي ئىككى قەۋەت ئۆي سالغان. بۇ بىنانى ئىبراھىم تۇردى باشچىلىقىدىكى «خانتەڭرى» ژۇرنىلى نەشرىياتى ئىشخانا قىلغان. تىنچلىق بىتىمى بۇزۇلغاندىن كېيىن «خانتەڭرى» ژۇرنىلى نەشرىياتى 1947 ـ يىلى 7 ـ ئايدا غۇلجىغا كۆچۈرۈلگەن. 1948 ـ يىلى قۇربان قوداي (1920 ـ 1952) ئىجارىگە ئېلىپ «يالقۇن» گېزىتخانىسى قىلغان. 1949 ـ يىلى «يالقۇن» گېزىتخانىسىنى ھۆكۈمەت تاقىۋەتكەن. شۇنىڭدىن كېيىن بۇ قورۇدا توختاخۇن ئائىلىسى ئۆزى ئولتۇرغان. مەتىمىن توختايېۋ 1972 ـ يىلى يۇرتى قەشقەر شەھىرىدە ۋاپات بولغان. شۇندىن بېرى ئۇنىڭ خانىمى بەدىيە ھاجىم ۋارىسلىق قىلىپ كەلگەن. ئارىلىقتا بۇ ئىمارەتكە ئوت كەتكەندىن كېيىن ئىككى قەۋەت بىر قەۋەتكە ئۆزگەرتىلگەن. 2003 ـ يىلى غالىبىيەت يولىنى كېڭەيتىپ ياساش قۇرۇلۇشىدا بۇ ئىمارەت چېقىلىپ پىيادىلەر يولى قىلىنىۋېتىلدى.

**ئۈن ـ ياغ دۇكىنى**

بۇ ئازادلىقتىن ئىلگىرى مادارىن ئەۋلادىنىڭ زېمىنى ئىدى، كېيىن قولدىن قولغا ئۆتۈنۈپ بېرىش ۋە سوتسىيالىستىك ئۆز ـ گەرتىش ئارقىسىدا كۆپ قىسمى شەھەرلىك ئۆي ـ مۈلۈك ئىدا ـ رىسىنىڭ باشقۇرۇشىغا ئۆتتى. ئۈن ـ ياغ دۇكىنى، تۇرمۇش بۇ ـ يۇملىرى دۇكىنى، تۆمۈر ـ تەسەك قاتارلىق كونا ئەشيالارنى يىد ـ غىۋېلىش پونكىتى قىلىندى. هازىر بۇ ئورۇن ئۆزگەرتىلىپ ئال ـ دى قىسمى يول قىلىندى. غەربىي قىسمىغا بىنالار سېلىندى.

**تاتار سىدىق ئوسمانوف قورۇسى**

بۇرۇن نەنلياڭدا ھەممىگە تونۇشلۇق بولغان سىدىق ئەبزى دېگەن مەشھۇر ئەرباب ياشىغان. ئۇمۇ 1880 ـ يىللاردىن كېيىن تاتارىستاندىن ئۈرۈمچىگە كېلىپ يەرلەشكەن. ئۇ ئوقۇمۇشلۇق، مەرىپەتپەرۋەر زات بولۇپ، ئەينى چاغدا تاتار مەكتىپى (كېيىن 6 ـ مەكتەپ قىلىپ ئۆزگەرتىلگەن) ۋە ئۈرۈمچىدىكى رۇس گىمنازىيىسىدە ئوقۇتقۇچى، ئىلمىي مۇدىر بولغان. ياڭخاڭ مەس ـ چىتىنىڭ مەمۇرىي باشقۇرۇش خىزمەتلىرىگە خالىس قاتناشقان ۋە مەسلىھەتچى بولغان. سىدىق ئەبزى قورۇسى هازىرقى ئۈرۈم ـ چى شەھەرلىك سودا ـ سانائەت بانكىسىنىڭ غالىبىيەت يولى تارماق بانكىسى قىلىنغان 113 ـ قورۇغا توغرا كېلىدۇ. سىدىق ئەبزى قورۇسى تار، سوزۇنچاق ئىدى. بۇ قورۇدا سىدىق ئەبزى جەمەتى ئولتۇرغاننىڭ سىرتىدا ئۆيگە ئېھتىياجى چۈشكەنلەرمۇ ئولتۇرغان. ئالدى دۇكانلىرىدا تۇرمۇش بۇيۇملىرىنى ساتىدىغان، ئاۋۇت، تايبوللا دېگەن كىشىلەرنىڭ مىسكەرچىلىك قىلىدىغان، ئەزىز قاسساپنىڭ گۆش ساتىدىغان دۇكانلىرى بار ئىدى.

سىدىق ئەبزى ئائىلىسى قورۇ ـ جايىنى ئۈرۈمچى شەھەرلىك سودا ـ سانائەت بانكىسىغا ئۆتكۈزۈۋېتىپ، 1960 ـ يىلىدىن كېيىن سوۋېت ئىتتىپاقىغا چىقىپ كەتكەن. سودا ـ سانائەت بانكىسى بىتون قۇرۇلمىلىق ئېگىز بىنا سېلىپ، ئاستى تىجارەت زالى، ئۈستى قەۋەتلىرىنى ئىشخانا، ئائىلىلىكلەر ئۆيى قىلدى.

**80 ـ يىللاردىن بۇرۇنقى 32 ـ باشلانغۇچ مەكتەپ**

بۇ مەكتەپ ئورنى ئەسلى ئەكبەر دېگەن ئۇيغۇرنىڭ قورۇسى ئىدى. ئوقۇ ـ ئوقۇتۇش ئېھتىياجى بىلەن بىر قاتار ئاددىي سىنىپ سېلىنىپ، ئۈرۈمچى شەھەرلىك 32 ـ باشلانغۇچ مەكتەپ قىلىنغان. بۇ مەكتەپ 1988 ـ يىلى ھازىرقى جەنۇبىي شىنخۇا يولى (كونسۇلخانا كوچىسىنىڭ غەربىي) گە كۆچكەندىن كېيىن، ئەسلى قورۇنىڭ بىر قىسمىنى غالىبىيەت يولى مەھەللە ئىش باشقارمىسى ئىگىلىدى، يەنە بىر قىسمىنى ئېلېكتر ئېنېرگىيە ئۈسكۈنىلىرى قۇرۇلۇش ـ قۇراشتۇرۇش شىركىتى ئىگىلەپ، غالىبىيەت يولى 111 ـ ئائىلىلىكلەر قورۇسى قىلدى. ھازىر داشىن (达新) ئۆي ـ مۈلۈك تەرەققىيات شىركىتى بۇ ئورۇنغا 16 قەۋەتلىك ئولتۇراق بىنا سالدى.

**پولات ئاخۇن قورۇسى**

ھازىرقى غالىبىيەت يولىدىكى تېلېگراف ئىدارىسىنىڭ 6 ـ تىجارەت بىناسى سېلىنغان ئورۇن ئەسلى پىچان لۈكچۈنلۈك پولات ھامۇتنىڭ قورۇسى ئىدى. پولات ئاخۇن قورۇسىدا ئۆز ۋاقتىدا ئون ئېغىزدەك ئۆي، ئالدى دوقمۇشىدا بەش دۇكان بار ئىدى، دۇكانلىرىنىڭ بىرىدە مەمەت ناۋاي ناۋايلىق قىلغان. بىرىنى ھەزىمبەك دېگەن قەشقەرلىق كىشى يەل ـ يېمىش دۇكىنى قىلغان، قالغان ئىككىسىنى ئىسمائىل ۋە ئەيسا قاسساپلار ئايرىم ـ ئايرىم گۆش دۇكىنى قىلغان. پولات ھامۇت 1977 ـ يىلى 93 يېشىدا ئۈرۈمچىدە ئالەمدىن ئۆتكەندىن كېيىن، بۇ قورۇ ـ جايغا پەرزەنتلىرى مىراسخور بولغان ۋە 1990 ـ يىلى ئۈرۈمچى شەھەرلىك تېلېگراف ئىدارىسىگە بەرگەن. بۇ ئىدارە ئارقا تەرەپتىكى قوشنا قورۇ ـ جايلارنىمۇ بىر تۇتاش ئۆتكۈزۈۋېلىپ ئېگىز ئىمارەت سالدى.

**«يېڭى نۇر» ئېلېكتر ئىستانسىسى**

ھازىرقى ئېلېكتر ئېنېرگىيە ئۈسكۈنىلىرى قۇراشتۇرۇش شىركىتى قىلىنغان 95 ـ قورۇ ئورنى 1935 ـ يىلىدىن بۇرۇن

ھەر مىللەت ئاھالىلىرى ئولتۇراقلاشقان مەھەللە ئىدى. شۇ ۋاقىتلاردا خىرلاڭپو قاتارلىق يەرلىك ئاھالىلەرنىڭ قورۇسى مۇشۇ ئورۇندا ئىدى. 1936 ـ يىلىدىن باشلاپ بۇ ئورۇندا ھۆكۈ ـ مەت بىلەن خۇسۇسىيلار شېرىكلىشىپ (ھۆكۈمەت 40%، خۇ ـ سۇسىيلار 60% پاي قوشۇپ)، شىنجاڭدىكى كۆلىمى چوڭراق بولغان ئۇرۇمچى «يېڭى نۇر» لامپوچكا پاي چەكلىك شىركىتى قۇرغان. بۇ ئادەتتە قىسقارتىلىپ، «يېڭى نۇر» ئېلېكتر ئىستاز ـ ىسىسى دەپ ئاتىلاتتى. بۇ شىركەت سوۋېت ئىتتىپاقىدىن پار ما ـ شىنىسى، گېنېراتور قاتارلىق ئېلېكتر ئۈسكۈنىلىرىنى كىرگۈ ـ زۈپ، 220 ۋولت، 380 ۋولت توك بېسىمىدا 1937 ـ يىلى نور ـ مال توك تارقىتىشقا باشلىغان. توك بىلەن تەمىنلەش دائىرىسى ئەينى چاغدا شىمالدا ھازىرقى ئاپتونوم رايونلۇق پارتىيە مەكتە ـ پى، شىنجاڭ گېزىتخانىسى، بىيىمىن 1 ـ دوختۇرخانىدىن جە ـ نۇبتا ئۇچتاشقىچە بولغان تۆت كۋادرات كىلومېتىر دائىرىنى ئۆز ئىچىگە ئالاتتى. 1938 ـ يىلىدىن باشلاپ 13 كۋادرات كىلو ـ مېتىرغا يەتكەن. بۇنىڭ بىلەن ئۇرۇمچىدىكى بۇرۇنقى كىچىك ئېلېكتر ئىستانسىسىلىرى ئاساسىي جەھەتتە ئىشتىن توختىغان. 1939 ـ يىلى بۇ ئېلېكتر ئىستانسىسى ئورنىدا شىنجاڭ بويىچە تۇنجى نۆۋەتلىك ئېلېكتر تېخنىكلىرى كۇرسى ئېچىلىپ تېخ ـ نىكلار يېتىشتۈرۈلگەن. ھېسامىدىن مۇسىيېس (موسلوف)، جۇ خەيدۇڭ، رېن ۋۇليالىڭ ۋە فالىڭ، سۇڭ فامىللىك ئىنژېنېر ـ تېخنىكلار دىرېكتور بولغان. باۋۇدۇن، ئىمىنجان، ما خۇڭجى، قادىر، بارات، روزى ئاخۇن، مەخسۇت ئاخۇن، نەمتۇل خوجابدۇل قاتارلىق كىشىلەر ئۇزۇن مۇددەت ئىشلىگەن. ئىشچى ـ خىزمەت ـ چىلەرنىڭ مائاشى قەرەللىك ئۆستۈرۈلۈپ، پاراۋانلىق تۇزۇمى يولغا قويۇلغان. مەدەنىي پائالىيەت، بەدەن چېنىقتۇرۇش پائالى ـ يەتلىرى ئۆتكۈزۈلگەن.

1946 ـ يىلىدىن باشلاپ، بۇ ئىستانسىنىڭ ماشىنا ـ ئۈس ـ كۈنىلىرى كونىراپ، توك بىلەن تەمىنلەش ئۇنۇمى تۆۋەنلىگەن.

1947 ـ يىلى دىرېكتور ھېسامىدىن مۇسىيىن 50 سەر ئالتۇن بىلەن سوۋېت ئىتتىپاقىدىن يېڭى ئېلېكتر ماشىنا ـ ئۈسكۈنە. لىرى سېتىۋېلىشقا مېڭىپ غۇلجىغا يېتىپ بارغاندا تىنچلىق بىتىمى بۇزۇلۇپ، قاتناش توسۇلۇپ قالغانلىقتىن بۇ ئىش ئەمەل. گە ئاشمىغان. بۇنىڭ بىلەن ئىستانسىنىڭ توك تارقىتىش ئۇنۇمى بارغانسېرى تۆۋەنلەپ يىلدىن ـ يىلغا زىيان كۆرۈلگەن. 1950 ـ يىلى ئېغىر سانائەت نازارىتى بۇ ئىستانسىنى ھۆكۈمەت ھېساب. غا ئۆتكۈزۈۋېلىپ ئۈرۈمچى خەلق ئېلېكتر ئىستانسىسى دەپ نام بەرگەن. ھۆكۈمەت مالىيىسىدىن پۇل ئاجرىتىلىپ بۇرۇن پاي قوشقانلار رازى قىلىنغان. 1953 ـ يىلى 12 ـ ئايدا ۋېيخۇلىيانىڭ ئېلېكتر ئىستانسىسى پۈتۈپ توك بېرىشكە باشلىغاندىن كېيىن 1954 ـ يىلى «يېڭى نۇر» ئېلېكتر ئىستانسىسى پۈتۈنلەي ئىش. تىن توختىغان. 1955 ـ يىلدىن كېيىن بۇ يەرنى ئېلېكتر ئې. نېرگىيە ئۈسكۈنىلىرى قۇراشتۇرۇش شىركىتى ئىگىلەپ كونا ئىمارەتلەرنى چېقىپ رەتلەپ يېڭىلىدى. 2003 ـ يىلى ئارقىغا تارتىپ، 27 قەۋەتلىك ھەيۋەتلىك ئۇنىۋېرسال بىنا سېلىندى. ئىشچى ـ خىزمەتچىلەر بىناسى سەككىزگە يەتتى. قورۇنىڭ ئى. چى ـ تېشى ۋە ئەتراپى كۆكەرتىلىپ مۇھىتى گۈزەللەشتۈرۈلدى.

**سۇ مۇنارى كوچىسى**

بۇ كوچا غالىبىيەت يولى ئوتتۇرا قىسمىنىڭ غەربىگە توغرا كېلىدۇ. شەرقى غالىبىيەت يولىغا، غەربىي تەرىپى تەڭرىتاغ پى. شۇرۇقلار زاۋۇتىنىڭ ئائىلىلىكلەر قورۇسىغا تۇتىشىدۇ. ئۇزۇن. لۇقى 150 مېتىر، ئوتتۇرىچە كەڭلى 8 مېتىر، ئاسفالىت ياتقۇ. زۇلغان. بۇ كوچىنىڭ غەربىي شىمالى يېقىدا ئېلېكتر ئېنېرگى. يە ئۈسكۈنىلىرى قۇراشتۇرۇش شىركىتىگە تەۋە ئېگىز سۇ مۇ. نارى بولغاچقا شۇ نام بىلەن ئاتالغان (بۇ مۇنار 2003 ـ يىلى چېقىۋېتىلگەن). بۇ كوچىدا 1950 ـ يىللارغا قەدەر ئىۋانوف دېگەن ئاق ئورۇسنىڭ باشقۇرۇشىدىكى ھورداق مۇنچىسى، قاس. قىر باي دېگەن قازاق مۆتىۋەرنىڭ قورۇسى بولغان. جەنۇبى يې.

قىدا 20 ـ باشلانغۇچ مەكتەپ ئائىلىلىكلەر بىناسى ۋە ئىلىكتىر ئېنىرگىيە ئۇسكۇنىلىرى قۇراشتۇرۇش شىركىتى ئائىلىلىكلەر بىنالىرى جايلاشقان. بۇ كوچىدا ھازىر كىچىك كۆلەملىك ئىستېمال بۇيۇملار بازىرى شەكىللەندى.

**ھازىرقى 20 ـ باشلانغۇچ مەكتەپ ئورنى**

غالىبىيەت يولى 91 ـ قورۇدىكى 20 ـ باشلانغۇچ مەكتەپ ئورنى بۇرۇن ئەسكەر تۇرغان جەنۇبىي گازارما بولۇپ، غەربىدە ئۆستەڭ، شىمال ۋە جەنۇب تەرەپلىرىدە سېپىل توسىنى ئالغان ئېگىز، قېلىن سوقما تام بار ئىدى. كۆلىمى يەتتە مو ئەتراپىدا ئىدى. ئىچىدە ھەر بىرى 20 ـ 30 كۋادرات مېتىرلىق ياغاچ ـ كېسەك قۇرۇلمىلىق قاتار ئۆيلەر بار ئىدى.

ھازىرقى تيانشان رايونى قۇرۇلۇش يولىنىڭ شەرقىدە 1916 ـ يىلى خەنزۇچە ئوقۇتىدىغان دارىلمۇئەللىمىن قۇرۇلدى. ئۇ 1931 ـ يىلى شىمالىي شىنجاڭدىكى ئۈچ يىللىق ئوقۇتۇش تۈزۈمىدە مىللىي ئوقۇغۇچىلار ئوقۇيدىغان ئۆلكىلىك دارىلمۇئەللىمىن قىلىندى. 1938 ـ يىلىغا كەلگەندە بۇ دارىلمۇئەللىمىن نەنلياڭغا كۆچۈرۈلۈپ، بۇگۈنكى 20 ـ باشلانغۇچ مەكتەپ ئورنىدىكى بىر قىسىم ئۆيلەر سىنىپ ۋە ئوقۇغۇچىلار ياتىقى قىلىندى. 1940 ـ يىلى شىنجاڭ ئىنستىتۇتىنىڭ قىزىل بىناسى پۈتكەندىن كېيىن سىنىپلىرى پۈتۈنلەي شۇ يېڭى بىنادا بولدى. بۇ شىنجاڭنىڭ ھەممە جايلىرىدىن ئوقۇغۇچى قوبۇل قىلىدىغان مىللىي دارىلمۇئەللىمىن بولۇپ، ئەينى چاغدا ئۈرۈمچىدىكى ئۈچ دارىلمۇئەللىمىن (خەنزۇ دارىلمۇئەللىمىن، ئۇيغۇر ـ قازاق دارىلمۇئەللىمىن، موڭغۇل دارىلمۇئەللىمىن) نىڭ بىرى بولۇپ قالدى. 1942 ـ يىلى بۇ مەكتەپ لومەنچىڭ (ھازىرقى شىنجاڭ يېزا ئىگىلىك ئۇنىۋېرسىتېتى) غا كۆچۈپ چىقىپ، ئىككى يىلدىن كېيىن يەنە نەنلياڭدىكى ئۆز ئورنىغا كۆچۈرۈپ كېلىندى. بۇ دارىلمۇئەللىمىنگە ئىلگىرى ـ ئاخىرى بولۇپ مەۋلانجان، ئاخۇنوف، ئابلا زۇنۇن، ئىبراھىم تۇردى، ئىبراھىم مۇتىئىي، قۇر-

بانوف، ھەبىبۇللا، ئوسمان مۇھەممەد، داۋۇت خۇدابەردى، راۋۇف، نۇر سادىروف، خوجابدۇللا بەگ، ئىبراھىم ئۆمەر، ۋاھىت غاپپار قاتارلىق ئالىي مەلۇماتلىق ياكى سوۋېت ئىتتىپاقىدا ئوقۇپ كەلگەن، جۇملىدىن شۇ مەكتەپنىڭ ئالدىنقى سىنىپلىرىدا ئەلا دەرىجىدە ئوقۇش پۈتتۈرگەن زىيالىيلار ئوقۇتقۇچى بولغان. لۇتـ- پۇللا مۇتەللىپ، ئەلقەم ئەختەم، خېۋىر تۆمۈر قاتارلىق ئاتاقلىق شائىر، ئەدىبلەر، مەشھۇر مائارىپچىلار ۋە ئىختىساس ئىگىلىرى تەربىيىلىنىپ چىققان. 1942 ـ يىلىدىن باشلاپ جاللات شېڭ شىسەي كومپارتىيىنىڭ شىنجاڭدىكى مۇنەۋۋەر ئەزالىرى، زور بىر تۈركۈم زىيالىيلارنى ۋە ئىلغار ئوقۇغۇچىلارنى تۈرمىگە تاشلاپ، زىيانكەشلىك قىلغاندىن كېيىن بۇ دارىلمۇئەللىمىندە ئوقۇش توختىدى.

يېڭى جۇڭگو قۇرۇلغاندىن كېيىن مائارىپ ئىشلىرى جۇش ئۇرۇپ راۋاجلاندى. 1953 ـ يىلى بۇ ئورۇندىكى كونا ئۆيلەر چېـ- قىلىپ، ئالدى يول بويىغا ئىككى قەۋەتلىك ئوقۇتۇش بىناسى سېلىندى. بىر باشلانغۇچ مەكتەپ قۇرۇلۇپ، ئۇنىڭغا ھازىرقى 42 ـ مەكتەپنىڭ يان قوشنا ئورنىدىكى رۇس گىمنازىيىسى قو- شۇلۇپ، ئۇيغۇرچە، خەنزۇچە، رۇسچە ئۈچ تىللىق 20 ـ باشلاز- غۇچ مەكتەپ قىلىندى. بۇ مەكتەپتە شۇ ۋاقىتتا تۆت يىللىق ئو- قۇتۇش تۈزۈمىدىكى ئۇيغۇر تىلىدا تۆت سىنىپ، رۇس تىلىدا بەش سىنىپ، بەش يىللىق ئوقۇتۇش تۈزۈمىدىكى خەنزۇ تىلىدا 10 سىنىپ ئوقۇغۇچى بولغان. 13 ئۇيغۇر ئوقۇتقۇچى، سەككىز رۇس ئوقۇتقۇچى، 15 خەنزۇ ئوقۇتقۇچى بولغان. بۇ مەكتەپتىكى پىئونېرلار ئەترىتى دۆلەت ئىچى ۋە سىرتىدىن كەلگەن مېھـ- مانلارنى كۈتۈۋېلىش مۇراسىمى ۋە كاتتا يىغىنلارنىڭ ئېچىلىش مۇراسىمىغا قاتنىشىپ داڭق چىقارغان. 1962 ـ يىلى رۇسچە ئوقۇتۇش توختىغاندىن كېيىن، بۇ مەكتەپ ئۇيغۇر، خەنزۇ تىلـ- دىكى مەكتەپ بولدى. 1980 ـ يىلى 32 ـ باشلانغۇچ مەكتەپنىڭ مىللىي ئوقۇغۇچىلىرى 20 ـ باشلانغۇچ مەكتەپكە، 20 ـ باشلاز-

غۇچ مەكتەپتىكى خەنزۇ ئوقۇغۇچىلار 32 ـ باشلانغۇچ مەكتەپكە قوشۇلغاندىن كېيىن، بۇ مەكتەپ 20 ـ مىللىي باشلانغۇچ مەكـ- تەپ بولدى. 1990 ـ يىلى ئوقۇتۇش تۈزۈمى ئالتە يىللىققا ئۆز- گەرتىلدى. 1991 ـ يىلى يول بويىدىكى ئىككى قەۋەتلىك ئوقۇ- تۇش بىناسى چېقىلىپ، تۆت قەۋەتلىك يېڭى ئوقۇتۇش بىناسى سېلىندى.

**ئۈرۈمچى شەھەرلىك «قىزىل بايراق» بالىلار باغچىسى**

غالىبىيەت يولى 81 ـ قورۇ بۇرۇن 20 ـ باشلانغۇچ مەكتەپ ئورنى بىلەن بىللە جەنۇبىي گازارما قىلىنغان ئورۇن ئىدى. ئازادلىق ھارپىسىدا ئۈرۈمچى شەھەرلىك 2 ـ قىزلار ئوتتۇرا مەكتىپىنىڭ مۇدىرى رەشىدە شەھىدىۋانىڭ تەشەببۇسى ۋە قول- لىشى بىلەن بۇ ئورۇندا ئۇيغۇر تىلىدىكى بالىلار باغچىسى قۇ- رۇلدى (رەشىدە شەھىدىۋا 1990 ـ يىلى كېسەل بىلەن 78 يې- شىدا ۋاپات بولغان). 1951 ـ يىلى ئۈرۈمچى بالىلار يەسلىسى قىلىپ ئۆزگەرتىلدى. 1960 ـ يىلى ئۈرۈمچى شەھەرلىك «قىزىل بايراق» بالىلار باغچىسى قىلىندى. ئەينى چاغدا 50 بالا تەربىيە- لەنگەن. جەمئىي سەككىز تەربىيىچى ۋە خىزمەتچى بولغان. ئازاد- لىقتىن كېيىن ئازادە تەربىيىلەش بىناسى سېلىندى. 2000 ـ يى- لى سىنىپ 10 دىن ئاشتى، بۇ باغچىنىڭ ھازىرقى كۆلىمى 4200 كۋادرات مېتىرغا، قورۇلۇش كۆلىمى 3000 كۋادرات مې- تىرغا يېتىدۇ. تەربىيىلىشى ياخشى، مۇلازىمىتى ئەلا، مۇھىتى گۈزەل ۋە بىخەتەر بولۇپ، بالىلارنىڭ ئەتراپلىق تەربىيىلىنىشى كاپالەتلەندۈرۈلگەن.

**غالىبىيەت يولى 83 ـ قورۇ**

بۇ قورۇ ئازادلىقتىن بۇرۇن نەنلىياڭ 97 ـ قورۇ بولۇپ، 1938 ـ يىلىدىن ئىلگىرى تاتار خەسەن يانگىلىچ قورۇسى ئىدى. بۇ قورۇنىڭ ئورنى غالىبىيەت يولى «قىزىل بايراق» بالىلار باغ- چىسىنىڭ جەنۇبىدىكى غەربىي جەنۇبتىن شەرقىي شىمالغا ئاقىد- دىغان بىر ئېرىقنىڭ جەنۇبىدا ئىدى. ھازىر بۇ ئېرىق ئورنى يول

قىلىنىپ جەنۇبىي ئۆستەڭ كوچىسى دەپ نام بېرىلدى. خەسەن-نىڭ ئەسلى يۇرتى قازاقىستان ئالمۇتا، خەسەن ياش چېغىدا ئىنىسى ئىبراي بىلەن 1916 - يىلى سودا بىلەن شىنجاڭغا كېلىپ ئۇرۇمچىگە ماكانلاشقان. سودا قىلىش جەريانىدا خەنزۇچىنىمۇ ئۆگەنگەن. خەسەن 1931 - يىلى بۇ قورۇ ئورنىنى بىر كەمبەغەل قازاق كىشىدىن سېتىۋېلىپ، ئۆزى لايىھەلەپ ئۆزگەرتىپ ياساتقان، ئۇ ۋاقىتتا بۇ قورۇنىڭ ئۇزۇنلۇقى 45 جاڭ (بىر جاڭ تۆت مېتىرغا تەڭ) كەڭلىكى 30 جاڭ بولۇپ، ئىچىدە 40 ئېغىزدىن ئارتۇق ئۆيى بولغان. بۇنىڭدىن باشقا لاپاس، ئىسكىلات، مېۋىلىك دەرەخ ۋە گۈل - گىياھلىق باغچىسى بولغان. خەسەن نامسىز سودا فىرمىسى قۇرۇپ، مەخسۇس تېرە - يۇڭ سودىسى قىلىپ، كۆپ پايدا ئالغان. خەسەن يانگىلىچىنىڭ ئىككى خوتۇنىدىن ئالتە بالىسى بار ئىدى.

خەسەن يانگىلىچىنى شېڭ شىسەي 1938 - يىلى ئىلغار پىكىردىكى مۆتىۋەرلەر قاتارىدا تۇرمىگە تاشلاپ ئۆلتۈرۈۋەتكەن. پۈتكۈل مال - مۈلكىنى مۇسادىرە قىلىپ، بالا - چاقىلىرىنى ئىلى كۇرەگە سۈرگەن قىلغان. شۇنىڭدىن كېيىن بۇ قورۇنى شۇ ۋاقىتتىكى ھۆكۈمەتنىڭ ماشىنا ترانسپورت شىركىتى ئىگىلىگەن. 1946 - يىلىدىكى تىنچلىق بىتىمىدىن كېيىن بۇ قورۇنىڭ بىر قىسمى خەسەن يانگىلىچىنىڭ بالىلىرىغا قايتۇرۇلغان. بالىلىرى يەرلىك ماللار سودا شىركىتىگە ئىجارىگە بەرگەن. ئازادلىقتىن كېيىن بىر مەزگىل ئابلىز مۇسابايېف ئائىلىسى ئولتۇرغان. شىنجاڭ ناخشا - ئۇسسۇل ئۆمىكى دەسلەپ تەشكىل قىلىنغان چاغدا بۇ ئۆمەكنىڭ ئىشخانىسى مۇشۇ قورۇدا ئىدى. 1955 - يىلى شەھەرلىك ھۆكۈمەتنىڭ تەشەببۇسى ۋە كېلىشتۇرۇشى بىلەن ئاپتونوم رايوندا يېڭى قۇرۇلغان نېفىت گېئولوگىيە 113 - ئەترىتىگە شۇ ۋاقىتتىكى باھاسىدا 45 مىڭ يۇەنگە سېتىپ بېرىلگەن. 1960 - يىلىدىن كېيىن 113 - ئەترەت باشقا جايغا يۆتكەلگەندىن كېيىن، بۇ قورۇنى ھازىرقى ئېلېكتر ئېنېرگىيە

ئۇسكۇنىلىرى قۇرۇلۇش ـ قۇراشتۇرۇش شىركىتى ئۆتكۈزۈپ ئالغان. بۇ شىركەت ھازىر بۇ قورۇغا رەتلىك ئولتۇراق بىنالارنى سالدى.

**جەكباي قورۇسى**

جەكبايىنىڭ تولۇق ئىسمى جالالىدىن، فامىلىسى يېنكىيېف، تاتار. ھازىرقى شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى ئۇدۇلىدىكى پوچتىخانىنىڭ يان تەرىپىگە چارۋىچىلىق نازارىتى ئائىلىلىكلەر بىناسى سالغان ئورۇن ئەسلى جەكباي قورۇسى ئىدى. بۇ قورۇنىڭ ئۆيلىرى ئاددىتىنكىچە سېلىنغان بولۇپ، جەكباي ئۆزلىرىلا ئولتۇراتتى. جەكباي بىلەن مەريەم تەتە ۋاپات بولغاندىن كېيىن بالىلىرى ئۆز ئىدارىلىرىدىن ئۆي ئېلىپ، ئاتا ـ ئانىسىدىن قالغان مىراسنى 1995 ـ يىلى ئەتراپىدا چارۋىچىلىق نازارىتىگە قاراشلىق ئۆي قۇشلىرى باشقارمىسىغا ئۆتۈنۈپ بەرگەن. ھازىر بۇ قورۇ قوشنا قورۇلار قاتارىدا بۇزۇلۇپ، ئورنىغا ئېگىز بىنالار سېلىندى.

**نەنلياڭ ئۇچتاش مەسچىتى**

بۇ مەسچىت ئورنى ھازىرقى غالىبىيەت يولى 51 ـ قورۇ. بۇ مەسچىت نەنلياڭدىكى ھەر مىللەت مۇسۇلمان مۆتىۋەرلىرىنىڭ تەشەببۇسى، ئىئانىسى بىلەن 1920 ـ يىلى سېلىنغان. 2 ـ قېتىم خەلقپەرۋەر، تەقۋادار ئايىسمخان ئانىنىڭ ساخاۋىتى بىلەن 1928 ـ يىلى قايتىدىن ياسىلىپ، جۈمە نامىزى ئوقۇشقىمۇ بولىدىغان ھالەتكە كەلگەن. 3 ـ قېتىم 1996 ـ يىلى بۈگۈنكى مەسچىت ياساپ پۈتتۈرۈلگەن. بۇ مەسچىت 1920 ـ يىلىدىن ھېسابلىغاندا 86 يىللىق تارىخقا ئىگە.

V

**سەيدۇل پاكار قورۇسى**

ھازىرقى غالىبىيەت يولى ئوتتۇرا قىسمىنىڭ شەرقىدىكى 1 ـ كوچىنىڭ جەنۇبىي دوقمۇشىدىكى قورۇ ئەسلى سەيدۇل پاكار دېگەن كىشىنىڭ قورۇسى ئىدى. سەيدۇللانىڭ ئاتىسى توختىنىياز،

يۇرتى تۇرپان. ئۇرۇمچىگە كىچىك چېغىدا ئائىلىسى بىلەن چىد-
قىپ، ئولتۇراقلىشىپ قالغان، مەدىكارلىق قىلىپ يۇرۇپ تامچى-
لىقنى ئۆگەنگەن.

سەيدۇل ئاكا 1976 ـ يىلى كۇزدە 100 ياشقا كىرىپ ئالەم-
دىن ئۆتكەن. ئۇ هايات چېغىدىلا قورۇسىنىڭ ئالدى دۇكان قىس-
مىنى يېمەكلىك زاۋۇتىغا، ئۆيلىرىنى باشقا هاجەتمەنلەرگە سې-
تىۋەتكەن، هازىر بۇ قورۇنىڭ شىمالىي قىسمى يولغا چىقىپ
كەتتى. جەنۇبىي قىسمى ئۆزگەرتىلىپ ياسىلىپ، «ئارمان» شىر-
كىتىنىڭ شۆبىسى قىلىندى.

**غالىبىيەت يولى 2 ـ كوچا 6 ـ قورۇ**

بۇ قورۇنى هازىر خەلق نەشرىياتى ئىگىلەپ ئىشلىتىۋاتىدۇ. بۇ قورۇ بىلەن ئىشلىتىلىدىغان
بىناسى قىلىدى. بۇ قورۇ يېڭى جۇڭگو قۇرۇلۇشتىن بۇرۇن ۋە
كېيىن ئۇيغۇر، قازاق تىلىدىكى شىنجاڭ گېزىتخانىسى قىلىن-
غان. 1946 ـ يىلى 12 ـ ئايدا «شىنجاڭ گېزىتى» نىڭ ئۇيغۇر-
چە، قازاقچىسى چوڭ كۆۋرۈكتىكى خەنزۇ تىلىدىكى شىنجاڭ
گېزىتخانىسىدىن ئايرىلىپ چىقىپ، مۇشۇ قورۇدا ئىشلىغار ئىن-
قىلابىي تەشۋىقاتنى داۋاملاشتۇرغان. ئۇيغۇر سايرانى باشلىق،
تۇرسۇن ئىسرائىل باش مۇھەررىر، قالى مۇئاۋىن باش مۇھەررىر
بولغان. 1947 ـ يىل 5 ـ ئاينىڭ 28 ـ كۇنى بۇ گېزىتخانىغا
پولات قادىرىي باشلىق، نەزەر (قازاق) مۇئاۋىن باشلىق بولغان.
1948 ـ يىلى 11 ـ ئايدا بۇرهان شەهىدى ئۆلكە رەئىسى بولغاندا
بۇ گېزىتخانىغا ئاۋۋال يۇسۇپ سەئىدىنى باشلىق قىلغان. ئۇزۇن
ئۆتمەي ئۆزىنىڭ كاتىپى هوشۇر ئېلىنى باشلىق قىلغان.

1949 ـ يىلى 9 ـ ئايدا شىنجاڭ تىنچ يول بىلەن ئازاد بول-
غاندا، بۇرۇنقى ئۇيغۇر سايرانى باشلىق، قالى (قازاق) مۇئاۋىن
باشلىق، ئەنۋەر لوقمان، هوسىيىن ئەبەيدۇللا، ئابلىز نازىرى،
ئەيسا يۇسۇپ، خەمىت تۆهپى قاتارلىقلار تەهرىرلىكىدە ئۇيغۇر،
قازاق تىلىدىكى «شىنجاڭ گېزىتى» مۇشۇ قورۇدا يەنە قايتىدىن
نەشر قىلىنىشقا باشلىغان. 1950 ـ يىلى 8 ـ ئايدا بۇ قورۇدىكى

گېزىتخانا دېلۇ لىچۈن، بۇ ۋېن باشچىلىقىدا يېڭى تەشكىل قىلىنغان چوڭ كۆۋرۈكتىكى شىنجاڭ گېزىتى ئىدارىسىگە قوشۇلغان. «شىنجاڭدا تىنچلىق ۋە خەلقچىللىقنى ھىمايە قىلىش ئىتتىپاقى» تەرىپىدىن 1948 ـ يىلى 11 ـ ئايدىن باشلاپ غۇلجىدا نەشر قىلىنغان «ئىتتىپاق» ژۇرنىلى 1950 ـ يىلى ئۈرۈمچىدىكى مۇشۇ قورودا «ئالغا» گېزىتى بىلەن بىرلىكتە داۋاملىق نەشر قىلىنغان. كېيىن بۇ گېزىت، ژۇرنال نەشردىن توختىتىلغان. بۇ قورۇنى شۇنىڭدىن بېرى ئاساسەن خەلق نەشرىياتى ئىگىلەپ، ئىشچى ـ خىزمەتچىلەر قورۇسى قىلدى. 1995 ـ يىلى ئورنىغا قەۋەتلىك ئولتۇراق بىنا سېلىندى.

**غالىبىيەت يولى شەرقىي كوچا 8 ـ قورۇ (ئامېرىكا كونسۇلخانىسى)**

بۇ قورۇ 1938 ـ يىلىدىن بۇرۇن تېگى تۇرپانلىق، تاشكەنتتە ئوقۇغان، تارباغاتاي ۋىلايەتلىك ساقچى ئىدارىسىگە باشلىق بولغان سېيىت ھاسىلىق دېگەن مۆتىۋەر كىشىنىڭ قورۇسى ئىدى. شېڭ شىسەي ئۇنى 1938 ـ يىلى تۈرمىگە تاشلاپ زىيانكەشلىك قىلغان. بۇ قورۇ مۇسادىر قىلىنغان. ئايالى گۆھەر (چىۆچەكلىك) باشلىق ئائىلىسى ئىلى كورەگە سۈرگۈن قىلىنغان. شۇنىڭدىن كېيىن بۇ قورۇنى شېڭ شىسەي ھاكىمىيىتىنىڭ ھەربىي ئەمەلدارى خۇ رۇنجى مىخايلوف (ئاق ئورۇس) ئىگىلەپ، ھۆكۈمەت خىراجىتى بىلەن كارىدور چىقىرىپ، تاختايلىق زامانىۋى بىر كورپۇس ئۆي سېلىپ ئۆزى ئولتۇرغان. كېيىن شېڭ شىسەي بۇ ئاق ئورۇسنىمۇ تۈرمىگە تاشلاپ يوقاتقان. شۇ ۋاقىتتا بۇ قورۇنىڭ نومۇرى 5 ـ نومۇر ئىدى. كۆلىمى ئاز كەم 7000 كۋادرات مېتىر كېلەتتى.

گومىنداڭ ھۆكۈمىتى 1942 ـ يىلى 6 ـ ئايدا ئامېرىكا بىلەن «جۇڭگو ـ ئامېرىكا تاجاۋۇزچىلىققا قارشى تۇرۇش، ئۆز ئارا ياردەملىشىش كېلىشىمى» ئىمزالىدى. شۇنىڭدىن كېيىن ئامېرىكا تەرەپنىڭ تەلىپى، جياڭ جيېشىنىڭ ماقۇللۇقى بىلەن بىرمۇ ئامېرىكا مۇھاجىرى بولمىغان ئۈرۈمچىدە ئامېرىكا كونسۇلخا-

نسى قۇرۇلدى. ئامېرىكىنىڭ ئۈرۈمچىدە كونسۇلخانا قۇرۇشى جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسىگە، سوۋېت ئىتتىپاقىغا قارشى قۇتراتقۇلۇق قىلىش ۋە مەخپىي ئاخبارات توپلاشنى مەقسەت قىلغان. 1947 ـ يىلى كونسۇلخانا ئىنگلىز تىلى ئۆگىنىش كۇرسى ئېچىش باھانىسى بىلەن ئۈرۈمچىدە نۇرغۇن ياشلارنى ئۆز-ىگە تارتتى.

ئامېرىكىنىڭ 1943 ـ 1944 ـ يىلىغىچە تۇرغان تۇنجى كونسۇلى كلۇب (Clubb)، 1944 ـ 1946 ـ يىلغىچە تۇرغان 2 ـ كونسۇلى ۋارد (Ward)، 1946 ـ 1949 ـ يىلىغىچە تۇرغان 3 ـ كونسۇلى باۋ ماۋشۈن، يەنى پاكستون ئىدى. 1949 ـ يىلى 8 ـ ئايدا پاكستون خىزمىتىدىن دوكلات بېرىش باھانىسى بىلەن ئا-مېرىكىغا كەتكەندىن كېيىن مۇئاۋىن كونسۇل ماكىنان مۇۋەققەت باش كونسۇل بولدى. شۇ يىلى 9 ـ ئاينىڭ 27 ـ كۈنى ماكىنان مەخپىي ھالدا باركۆل رايونىغا بېرىپ، ئوسمان قاتارلىقلارنى تو-پىلاڭ كۆتۈرۈشكە كۈشكۈرتتى، كېيىن ۋەزىيەتنىڭ ئۆزىگە پاي-دىسىز ئىكەنلىكىنى سەزگەن ماكىنان شىنجاڭ ئارقىلىق قېچىپ كەتتى. دېمەك ئامېرىكىنىڭ مۇشۇ قورۇدىكى كونسۇلخانىسى ئە-مەلىيەتتە تاقالدى.

يېڭى جۇڭگو قۇرۇلغان دەسلەپكى چاغلاردا بۇ قورۇدا سەيپۇ-دىن ئەزىزى ئولتۇردى. كېيىن مەشھۇر مۇزىكانت زىكرى ئەل-پەتتاھ (1915 ـــ 1986) ئائىلىسى ئولتۇردى. شۇنىڭدىن كېيىن بۇ قورۇنى ئاپتونوم رايونلۇق ئەدەبىيات ـ سەنئەتچىلەر بىرلەش-مىسى ئىگىلەپ، بۇرۇنقى تاختايلىق ئۆيلەرنى چېقىپ، قەۋەتلىك تۇرالغۇ بىنالارنى سالدى.

ئۈرۈمچى شەھەرلىك دوستلۇق دوختۇرخانىسىنىڭ ئالدىدى-كى كوچىنىڭ شىمالىي يېقىدا يېڭى جۇڭگو قۇرۇلۇشتىن بۇرۇن ۋە كېيىن مۇھەررەم قارى، ئەمەت ئاخۇن خۇدا بەردى، تۇرپانلىق تۆمۈر ئاخۇن (شوپۇر)، سەيپۇل موزدوز، مىجىت ئۇستا، ئاۋۇت

تۆمۈرچى قاتارلىق يەرلىك ئاھالىلەرنىڭ ھۈنەر ـ كەسىپ دۇكىنى ۋە ئولتۇراق قورۇ ـ جايلىرى بار ئىدى.

**مۇھەررەم قارى قورۇسى**

مۇھەررەم قارى (لەقىمى پەھلىۋان) يېڭى جۇڭگو قۇرۇلۇشتىن بۇرۇن نەنلياڭ رايونىدىكى داڭقى بار تەقۋادار دىنىي زات ۋە جامائەت ئەربابى ئىدى. ئۇ تۈركىيىدە تۇغۇلغاچقا «تۈرك قارى» دەپ، قىرائىتى جاراڭلىق، مۇڭلۇق بولغاچقا «بۇلبۇل قارى» دەپ ئاتالغان. ئۇ بالىلىق چېغىدا ئۆز يۇرتىدا دىنىي بىلىم ئالغان. 20 ياشلارغا كىرگەندە ئەنقەرەدىن ئايرىلىپ، تاشكەنت، ئەنجان، بۇخارالاردىكى مەدرىسىلەردە بىلىم تەھسىل قىلىپ تولۇق قارى بولغان. 1930 ـ يىلى ئۈرۈمچىگە كەلگەن، 1935 ـ يىلىدىن كېيىن قومۇلدا يېڭى بىنا قىلىنغان ھەسەن بالاھاجى مەسچىتىدە ئىمام، خاتىپ ۋە مۇددەرىس بولغان. 1940 ـ يىلى ئۈرۈمچىگە ئائىلىسى بىلەن قايتا كۆچۈپ كېلىپ نەنلياڭدىكى مۇشۇ قورۇنى زېمىن قىلىپ ئولتۇراقلاشقان. ياڭخاڭ مەسچىتىگە قوشۇمچە ئىمام بولغان، ئۆيىدە ۋە ياڭخاڭ مەسچىتىدە نۇرغۇن تالىپ ئوقۇتقان. يېڭى جۇڭگو قۇرۇلغاندىن كېيىن «قارى» دەپ داڭقى چىققان ئابلىمىت ئەزىمەت، ھەسەن قارى ھامۇت، ھەسەنجان، جۈنەيت قارى، يۈسۈپ قارى، ئىبراھىم قادىر، شاھ قارى، يۈسۈپجان قارى، مەھمۇت قارى مالىك، يولچى قارى، شەمسى قارى، ئوبۇل ھەسەن قارى (خۇيزۇ) قاتارلىق ھەر مىللەت قارىلىرىنى يېتىشتۈرۈپ چىققان. مۇھەررەم قارى خەلىچىخان قۇشناچىتىن قومۇل ۋە ئۈرۈمچىدە كامال، رىسالەت، جامال، جالال، ئىقبالدىن ئىبارەت بەش پەرزەنتلىك بولغان.

بۇ قورۇنى مۇھەررەم قارىنىڭ بالىلىرى ئۆلكىلىك 2 ـ دارىلمۇئەللىمىنگە مۇدىر بولغان چۆچەكلىك ئابلەت سېيىتوفقا ساتقان. ھازىر بۇ قورۇنىڭ ئالدى قىسمى غالىبىيەت يولىنى كېڭەيتىپ ياساشتا يولغا چىقىپ كەتتى. ئارقا تەرەپتىكى بىر قىسىم كونا ئۆيلەر دۇكان قىلىندى.

**ئۈرۈمچى شەھەرلىك دوستلۇق دوختۇرخانىسى**

غالىبىيەت يولىدىكى دوستلۇق دوختۇرخانىسى قىلىنغان 22 ـ قورۇ 1947 ـ يىلىدىن بۇرۇن ئۈرۈمچى شەھەرلىك ساقچى ئىدارىسىنىڭ نەنلياڭدىكى 3 ـ شۆبە ئىدارىسى قىلىنغان. شۇ ۋاقىتتا مىللىيلاردىن ئىلگىرى ـ ئاخىرى بولۇپ، زىياۋۇدۇن (خوجانىياز ھاجىنىڭ ئاسراندى ئوغلى)، ماناسلىق ئابلىز سۇلتان، قەشقەر كوناشەھەر ناھىيە ئوپاللىق ئوبۇلقاسىم سابىت (1960 ـ يىللىرىدىن ئىلگىرى ئاپتونوم رايونلۇق سىياسىي كېڭەشنىڭ مۇئاۋىن باش كاتىپى بولغان)، نىياز لوزۇڭ قاتارلىقلار بۇ شۆبە ساقچى ئىدارىسىگە باشلىق بولغان. 1948 ـ يىلى بۇ شۆبە ساقچى ئىدارىسى ئەمەلدىن قالدۇرۇلغان.

1948 ـ يىلى 5 ـ ئايدا نەنجىڭ مەركىزىي دوختۇرخانىسى ئەۋەتكەن شۇ شەنمىن قاتارلىق سەھىيە خادىملىرى ئۈرۈمچىگە كېلىپ مۇشۇ قورۇ ئورنىنى تاللاپ ئۈرۈمچى مەركىزىي دوختۇرخانىسىنى قۇرغان. بۇ شۇ ۋاقىتتا ئۈرۈمچىدىكى ئۈچ چوڭ دوختۇرخانا (شېڭ شىسەي ھاكىمىيىتى 1935 ـ يىلى 3 ـ ئايدا قۇرغان ئۈرۈمچى قۇرۇقلۇق ئارمىيە دوختۇرخانىسى، 1938 ـ يىلى قۇرۇلغان ئۈرۈمچى نەنگۇەن، يەنى ھازىرقى ئاپتونوم رايونلۇق خەلق دوختۇرخانىسى) نىڭ بىرى بولغان. ئەينى چاغدا بۇ مەركىزىي دوختۇرخانا قارىمىقىدا ئېرۋا كېسەللىكلەر بۆلۈمى بار ئىدى. 1952 ـ يىلىدىن كېيىن بۇ بۆلۈم ھازىرقى شوربۇلاققا كۆچۈرۈلۈپ مەخسۇس 4 ـ دوختۇرخانا قىلىندى.

1956 ـ يىلىغا كەلگەندە بۇ مەركىزىي دوختۇرخانا سوۋېت ئىتتىپاقى قىزىل كىرېست جەمئىيىتىنىڭ ئۈرۈمچىدىكى دوختۇرخانىسى بىلەن بىرلەشتۈرۈلۈپ ئۈرۈمچى شەھەرلىك دوستلۇق دوختۇرخانىسى قىلىندى. «مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى» دا بۇ دوختۇرخانا بىر مەزگىل شيۇجېڭجۇيىغا قارشى دوختۇرخانا دەپ ئاتالدى. پارتىيە 11 ـ نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتىنىڭ 3 ـ ئومۇمىي يىغىنىدىن كېيىن دوستلۇق دوختۇرخانىسى دەپ ئاتاش

ئەسلىگە كەلتۈرۈلدى. بۇ دوختۇرخانا قۇرۇلغان يېرىم ئەسىردىن بۇيان زور ئۆزگىرىش ۋە تەرەققىيات مۇساپىسىنى باشتىن كەچۈردى. ھازىر بۇ دوختۇرخانا داۋالاش، ئوقۇتۇش، پەن ـ تەتقىقات، ئالدىنى ئېلىش، ساقلىقنى ساقلاش بىر گەۋدە قىلىنغان ئۇنىۋېرسال دوختۇرخانىغا ئايلاندى.

**ئۆستەڭ كوچىسى**

بۇ ھازىرقى غالىبىيەت يولى ئوتتۇرا قىسمىنىڭ شەرقىگە، دوستلۇق دوختۇرخانىسىنىڭ جەنۇبىغا توغرا كېلىدۇ. ئۇزۇنلۇقى تەخمىنەن 241 مېتىر، ئوتتۇرىچە كەڭلىكى 6 مېتىر. يېڭى جۇڭگو قۇرۇلۇشتىن ئىلگىرى مۇشۇ كوچىنىڭ ئوتتۇرىسىدىن ياشلار باغچىسى تەرەپكە كېتىدىغان بىر ئېرىق ئۆتەتتى، شۇڭا بۇ كوچا «ئۆستەڭ كوچىسى» دەپ نام ئالغان. بۇ كوچىدا يېقىنقى يىللاردىلا ئېرىق ياقىلاپ پىيادىلەر ماڭالايتتى. ئېرىقنىڭ شىمال تەرىپىدە ھازىرقى دوستلۇق دوختۇرخانىسى، جەنۇب تەرىپىدە كۆمۈر پونكىتى ۋە بىر قىسىم قورۇ ـ جايلار، شەرقىدە ئەمەت تامچى قورۇسى بار ئىدى. ئېرىق بويىدا يوغان تېرەكلەر بار ئىدى. ھازىر سۇ مەنبەسى ئۆزگەرتىلىپ، ئېرىق ئىزى يوقالدى. كونا كۆمۈرخانا ۋە شەخسىي ئۆيلەر ئورنىغا ئاتۇشلۇق ئۆي ـ مۇلۈك سودىگىرى روزى ھاجى ئېگىز بىنا سالدى. بۇرۇنقى پىيادىلەرلا ماڭالايدىغان يول ھازىر كېڭەيتىلىپ، ماشىنا قاتنايدىغان رەسمىي كوچىغا ئايلاندى.

**نەنلياڭدىكى 2 ـ قىزلار ئوتتۇرا مەكتىپى**

ھازىرقى شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى نەشرىياتى، ئاسپىرانتوردىيە بىناسىنىڭ ئورنى شىنخەي ئىنقىلابىدىن ئىلگىرى مەنچىڭ خانىدانلىقىنىڭ ئاتلىق ۋە پىيادە ئەسكەرلىرى تۇرغان كونا گازارما بولغان. 1917 ـ يىلىدىكى ئۆكتەبىر ئىنقىلابىدا مەغلۇپ بولۇپ، 1920 ـ يىلى ئەتراپىدا پاناھ تىلەپ چۆچەك ئارقىلىق ئۈرۈمچىگە كەلگەن ئاليانكوف باشچىلىقىدىكى بىر قىسىم قالدۇق قاچاق ئاق گۋاردىيىچىلەرمۇ مۇشۇ ئورۇننى ماكان قىلىپ،

بىر مەزگىل ئۇرۇمچىدە زورلۇق - زومبۇلۇق قىلغان. ئۇلار ئۆلكە ئەسكەرلىرى تەرىپىدىن قورالسىزلاندۇرۇلۇپ گوچۇڭ ۋە قومۇل تەرەپكە تارقىتىۋېتىلگەندىن كېيىن، بۇ ئورۇن بوش قې-لىپ، ئۆيلىرى كونىراپ، خارابىلىشىپ كەتكەن. بۇ ئورۇننىڭ شۇ ۋاقىتتىكى كۆلىمى 3000 كۋادرات مېتىردىن ئاشاتتى.

1946 - يىل 7 - ئاينىڭ 1 - كۈنى قۇرۇلغان بىرلەشمە ھۆكۈمەت مەزگىلىدە خەلقپەرۋەر، مەرىپەتپەرۋەر رەشىدە خانىم-نىڭ تەشەببۇسى بىلەن مۇشۇ قورۇدا ئۆلكىلىك 2 - قىزلار ئوت-تۇرا مەكتىپى، ئۆلكىلىك 2 - قىزلار دارىلمۇئەللىمىنى دەپ ئىككى خىل ئاتىلىدىغان ئوتتۇرا مەكتەپ قۇرۇلدى. مەكتەپ ئورنىدىكى ئۆيلەر رېمونت قىلىنىپ، شۇ يىلى 9 - ئايدا رەسمىي ئوقۇش باشلاندى. بۇ مەكتەپ قارىمىقىدا تىككۇچىلىك سىنىپى ۋە قوشۇمچە بالىلار يەسلىسى تەشكىل قىلىندى.

بۇ مەكتەپكە 1946 - 1952 - يىلىغىچە رەشىدە شەھىدى، زىۋىدە سەئىدى، تۇرسۇن ئابدۇرېھىم، ئابدۇرېھىم ئەزىز، ئەنۋەر كەۋكەي قاتارلىقلار مۇدىر، ئايىم ئەزىزى، رىزۋان ناسىر، زىۋىدە سەئىدى، سابىرجان قاتارلىقلار ئىلمىي مۇدىر، ئايىم تۇردى تەر-تىپ مۇدىرى بولغان. قەمەر ئابدۇللا، زەينەپ مەخمۇت، سائادەت مالىك، دەنەم رەھىم، ئەنۋەر ئىسمائىل، رۇقىيە شاكۇلىۋا، ھەند-پە ئابلىز، ھەسەن تۆمۈر، شازادەم، فەۋزىيە، مۇبارەك، خەلىچە مەخسۇت، مايجامال، ھوشۇر ئېلى، مەمتىمىن مۇستاپا، ئىسمائىل ئىسلام، مۇھىددىن مۇھەممەد، مەيمۇنە قاتارلىق ھەر مىللەت زىيا-لىيلىرى ئوقۇتقۇچى بولغان. تىككۇچىلىك سىنىپىغا سانىيە خا-نىم، ماروژنىكوۋالار مەشغۇلات ئوقۇتقۇچىسى، بالىلار يەسلىسى سىنىپىغا پاتەم نىياز، مەريەم شەھىدىۋالار تەربىيە يېتەكچىسى بولغان. ئابلىز مەخسۇم، ئابلىز مۇسابايېف، زەكى ۋەلىيېف قا-تارلىق جامائەت ئەرباپلىرىدىن تەركىب تاپقان ئاتا - ئانىلار ھەيئ-ئىتى قۇرۇلغان. بۇ مەكتەپ ئوقۇ - ئوقۇتۇشنى قىيىن شارائىت-تا قەتئىي داۋاملاشتۇرۇپ نۇرغۇن لاياقەتلىك خانىم - قىزلارنى

تەربىيىلەپ چىققان. بۇ مەكتەپ 1953 ـ يىلى ئىتتىپاق يولىدى-كى يېڭى سېلىنغان ئوقۇتۇش بىناسىغا، يەنى ھازىرقى 6 ـ ئوتتۇرا مەكتەپكە كۆچكەن.

**قىزىل بىنا**

قىزىل بىنا دارىلمۇئەللىمىننىڭ ئوقۇتۇش بىناسى قىلىش مەقسىتىدە 1940 ـ يىلى سېلىنغان، ئورنى ھازىرقى شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى چوڭ دەرۋازىسىنىڭ شىمال تەرىپىدە، غالىبىيەت يولىنىڭ تەخمىنەن 20 مېتىر شەرقىدە ئىدى. بۇ بىنا شۇ چاغدا تىپىك رۇس بىناكارلىق ئۇسلۇبىدا سېلىنغان، ئۇزۇنلۇقى تەخمىنەن 80 مېتىر، ئېگىزلىكى 12 مېتىر، گەۋدە قۇرۇلمىسى ئوتتۇرىسى ئۈچ قەۋەت، ئىككى يېقى ئىككى قەۋەت، تاملىرى سارغۇش خىش بىلەن قېلىنى قوپۇرۇلغان، ئۈگزىسى قاڭالتىر بىلەن قاپلىنىپ قىزىل سىر بىلەن سىرلانغانلىقتىن ئادەتتە قىزىل بىنا دەپ ئاتالغان. بۇ بىنا ئەينى چاغدىكى تەرەققىياتقا نىسبەتەن ئېيتقاندا، ئۈرۈمچىدىكى نەمۇنە چوڭ بانكا، دۇبەن مەھكىمىسى (ھازىرقى ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم سەيناسى) دىكى شەرقىي زال، غەربىي زالدىن ئىبارەت داڭلىق چىققان ئېگىز ئىمارەتلەرنىڭ قاتارىدا ئىدى. بۇ بىنا پۈتكەن دەسلەپكى چاغلاردا دارىلمۇئەللىمىن ئوقۇتۇش بىناسى قىلىنغان. ئاندىن شىنجاڭ ئىنستىتۇتى (دارىلفۇنۇن) ئىگىلىگەن. 1946 ـ يىلى گومىنداڭ غەربىي شىمال بارگاھىنىڭ مېھمانخانىسى قىلىنغان. تىنچلىق بىتىمىدىن كېيىن ئۈلكىلىك كېڭەش ئەزالىرىنىڭ كۆپ قىسمى مۇشۇ بىنانى ۋاقىتلىق بازا قىلىپ، بىتىمنىڭ ماددىلىرىنى ئەمەلىيلەشتۈرۈش ئۈچۈن كۈرەش قىلغان. كېيىن بۇ بىنادىن شىنجاڭ ئىنستىتۇتى پايدىلانغان. شىنجاڭ ئىنستىتۇتى 1960 ـ يىلى 1 ـ ئايدا شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى قىلىپ ئۆزگەرتىلگەندىن كېيىن بۇ بىنا فىزىكا فاكۇلتېتى قىلىندى. 1990 ـ يىلدىن كېيىن 50 يىللىق تارىخقا ئىگە قىزىل بىنا چېقىۋېتىلىپ، ئورنى شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتىغا تەۋە مەيدان ۋە چىملىق قىلىندى.

**شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى**

شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى 1960 ـ يىلى 10 ـ ئايدىن بۇرۇن شىنجاڭ ئىنستىتۇتى (دارىلفۇنۇن) ئىدى. شىنجاڭ ئىنستىتۇتى 1935 ـ يىل 1 ـ ئاينىڭ 1 ـ كۈنى هازىرقى شەھەرلىك 1 ـ ئوتتۇرا مەكتەپ يېنىدىكى رۇسچە سىياسىي ـ قانۇن ئىنستىتۇتى (ئۇنىڭدىن ئىلگىرى رۇسچە سىياسىي ـ قانۇن مەكتىپى ئىدى) ئاساسىدا قۇرۇلغان. 1950 ـ يىل 10 ـ ئاينىڭ 1 ـ كۈنى شىنجاڭ مىللەتلەر ئىنستىتۇتىغا ئۆزگەرتىلگەن. 1951 ـ يىلى 6 ـ ئايدا شىنجاڭ 2 ـ دارىلمۇئەللىمىن شىنجاڭ مىللەتلەر ئىنستىتۇتىغا قوشۇۋېتىلگەن. 1954 ـ يىلى شىنجاڭ ئىنستىتۇتى دەپ ئاتاش ئەسلىگە كەلتۈرۈلگەن. 1960 ـ يىل 10 ـ ئاينىڭ 1 ـ كۈنى شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى رەسمىي قۇرۇلدى. ئۇنىڭ ئورنى بىر مەزگىل ئۈرۈمچى يېڭىشەھەر رايونىنىڭ ئەرگۈڭ تەۋەسىدە بولدى. كېيىن يەنە نەنلياڭدىكى ئورنىغا كېلىپ مۇقىملاشتى.

ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى ئۇرۇش مەزگىلىدە مەشهۇر ۋەتەنپەرۋەر دېموكراتىك زات دۇ جۇڭيۈەن مۇدىر، جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسىنىڭ مۇنەۋۋەر ئەزاسى لىن جىلۇ ئىلمىي مۇدىر بولغان. ئەڭ ئاۋۋال خې يېجۇ (شېڭ شىسەينىڭ يۇرتدىشى) مۇدىر، ئەڭ ئاخىرىدا بۇرهان شەهىدى مۇدىر، تۇ جى مۇئاۋىن مۇدىر بولغان.

ئازادلىقتىن بۇرۇن شىنجاڭ ئىنستىتۇتىنىڭ كۆلىمى كىچىك بولۇپ، هازىرقى شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى كۆلىمىنىڭ ئوندىن بىرىگىمۇ توغرا كەلمەيتتى. ئەينى چاغدا قىزىل بىنادىن باشقا تۇزۇكرەك ئوقۇتۇش بىناسى يوق ئىدى. ھەتتا ياغاچ ـ كېسەك قۇرۇلمىلىق ئاددىي سىنىپ، ياتاق ئۆيلىرىمۇ يېتەرسىز، مۇھتى ناچار ئىدى.

يېڭى جۇڭگو قۇرۇلغاندىن كېيىن، بولۇپمۇ ئىسلاهات ـ ئېچىۋېتىشتىن كېيىن شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ قىياپىتىدە

ئالەمشۇمۇل ئۆزگىرىشلەر بولدى. مەكتەپ ئۆزىنىڭ تەرەققىيات ئېھتىياجىغا يارىشا، ئۆز دائىرىسىنى پەيدىنپەي كېڭەيتىپ، غا ـ لىبىيەت يولى ئۇچتاش بۆلىكىنىڭ شەرقىدىكى ھەر مىللەت ئا ـ ھالىلىرىنىڭ ئولتۇراق رايونىنى، نەنلياڭدىكى 1950 ـ يىللاردا قۇرۇلۇپ كېيىن يېڭىشەھەر رايونىدىكى ئەرگۈڭغا كۆچۈپ كەت ـ كەن ساقچى مەكتىپى، كادىرلار مەكتىپى ئورنىنى، بۇلاقكۆلنىڭ جەنۇبىدىكى بۇرۇنقى رۇس مەھەللىسىنى، شەرقىدىكى جىلىل باي قاتارلىق ھەر مىللەت دېھقانلىرىنىڭ جاڭزىسىنى، تېرىلغۇ يەر ـ لىرىنى، بۇلاقكۆلنىڭ شىمالىدىكى ئېلى ئاخۇن تۆمۈرچى، قۇربان كەنجى ھاشىم، يۇ داشىڭ (چارۋىچىلىق مۇتەخەسسىسى)، ھەمد ـ دۇللائاخۇن، ئەكبەر شەنجاڭ قاتارلىقلارنىڭ قورۇ ـ جايلىرىنى پۈتۈنلەي ئىگىلىدى. 2000 ـ يىل 12 ـ ئاينىڭ 30 ـ كۈنى شىنجاڭ سانائەت ئىنستىتۇتى شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتىغا قوشۇ ـ ۋېتىلدى، يەنئەن يولىنىڭ يۇقىرى بېشىدىكى دوستلۇق مېھماذ ـ خانىسىنىڭ ئورنى ۋە ئەتراپى شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتىغا ئايرىپ بېرىلدى. شۇنىڭ بىلەن شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى ئاساسىي رايون، شىمالىي رايون، جەنۇبىي رايوندىن ئىبارەت ئۈچ ئوقۇتۇش رايونىدىن تەركىب تاپقان كۆلەمگە ئىگە بولدى. يەر كۆلىمى 3669 موغا، قۇرۇلۇش كۆلىمى 800 مىڭ كۋادرات مېتىرغا يەتتى.

بۇلاقكۆل ئەسلى كىچىك، قومۇشلۇق، يىكەنلىك تەبىئىي كۆل ئىدى. 1964 ـ يىلى يازدا شۇ ۋاقىتتىكى شىنجاڭ ئۇنى ـ ۋېرسىتېتى پارتكومىنىڭ مۇئاۋىن شۇجىسى ۋېن خۇخۇانىڭ قو ـ ماندانلىقىدا پۈتكۈل مەكتەپ سەپەرۋەرلىككە كېلىپ تۆت ئاي جا ـ پالىق كۈرەش قىلىش بىلەن ئۇزۇنلۇقى تەخمىنەن 300 مېتىر، كەڭلىكى 100 مېتىر كېلىدىغان ھازىرقى كۆل ياسىلىپ، مەك ـ تەپنىڭ قىياپىتىگە گۈزەل ھۆسن قوشۇلدى.

گوۋۇيۈەن شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتىنى 1996 ـ يىلى مەم ـ لىكەت بويىچە نۇقتىلىق ئالىي مەكتەپ قاتارىغا، 1997 ـيىلى «211 قۇرۇلۇشى» تۈرىدىكى ئالىي مەكتەپ قاتارىغا كىرگۈزدى.

شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى تولۇق كۇرس مائارىپىنى ئاساس قىلىپ، ئاسپىرانتورا مائارىپىنى ئاكتىپ راۋاجلاندۇرۇپ، يىراقتىن تۇر ئارقىلىق ئوقۇتۇشنى تىرىشىپ تەرەققىي قىلدۇرۇپ، كۆپ قاتلاملىق، ھەر خىل شەكىلدىكى مائارىپ سىستېمىسىنى بەرپا قىلدى، ئۇ ھازىر ئىجتىمائىي پەنلەر، تەبىئىي پەنلەر، سانائەت پەنلىرى، قانۇن ئىلمى، ئىقتىسادشۇناسلىق، باشقۇرۇش ئىلمى، تارىخ ـ پەلسەپەدىن ئىبارەت سەككىز چوڭ پەن تۈرى مۇجەسسەملەشكەن، 20 نەچچە ئىنستىتۇتتىن تەركىب تاپقان ئۇنىۋېرسال ئۇنىۋېرسىتېت بولۇپ قالدى. ئۇنىڭ 4000 دىن ئارتۇق ئوقۇتقۇچى، ئىشچى ـ خىزمەتچىسى، 43 مىڭدىن ئارتۇق ئوقۇغۇچىسى بار. يەنە ئۇنىڭ بىر مۇنچە پەن تەتقىقات ئورۇنلىرى، مائارىپ تەتقىقات ئورنى، ئوقۇتۇش تەجرىبە مەركىزى، ماگىستىر، دوكتور تەربىيىلەش پونكىت ـ بازىلىرى بار.

**ئەنگلىيىنىڭ ئۈرۈمچىدىكى كونسۇلخانىسى**

ئەنگلىيە ئىمپېرىيىسى ئەنگلىيىنىڭ شىنجاڭدىكى مۇھاجىرلىرىنىڭ مەنپەئەتىنى قوغداش باھانىسى بىلەن 1909 ـ يىلى قەشقەر شەھىرىدىكى چىنەباغدا كونسۇلخانا قۇرۇپ، ماكارتىنىنى تۇنجى كونسۇل قىلىپ بېكىتكەن. 1943 ـ يىلى 9 ـ ئاينىڭ 23 ـ كۈنى ئۈرۈمچىدە كونسۇلخانا قۇرغان. بۇ كونسۇلخانا ئورنى ھازىرقى غالىبىيەت يولى ئۇچتاش شەرقىي كوچا 13 ـ قورۇدا ئىدى، كۆلىمى تەخمىنەن 17 مىڭ 800 كۋادرات مېتىر كېلەتتى. كونسۇلخانا بۇ قورۇغا يەردىن ئىككى مېتىر كۆتۈرۈپ ياۋروپا بىناكارلىق ئۇسلۇبىدا 7 ـ 8 كورپۇس ئىمارەت سالغان. سىرتى سېرىق، ئۆگزىسى يېشىل سىرلانغان بۇ ئىمارەتلەر ئەتراپتىكى يەرلىك ئاھالىلەرنىڭ ئۆيلىرىدىن ئالاھىدە پەرقلىنىپ تۇراتتى.

**ئەنگلىيىنىڭ ئۈرۈمچىدىكى كونسۇللىرى تۆۋەندىكىچە:**

1943 ـ 1945 ـ يىلىغىچە تۇرغان تۇنجى كونسۇل جېففىرىي تورال (ئوكسفورد ئۇنىۋېرسىتېتىنى پۈتتۈرگەن)، 1945 ـ

1947 ـ يىلىغىچە تۇرغان 2 ـ كونسۇل ۋالتېر گىراخام (پەلسە.
پە پەنلىرى دوكتورى)، 1948 ـ 1949 ـ يىللىرىدىكى 3 ـ
كونسۇل خې رېنجى، ئىنگلىزچە ئىسمى جورجى خوكشى جۇمۇس
(«شىنجاڭ ئىجتىمائىي پەنلەر تەتقىقاتى» 2002 ـ يىللىق 4 ـ
سان 49 ـ بېتىدە ف خولمىس دەپ ئىزاھلانغان، خې رېنجىنىڭ
دادىسى جياڭسۇ ئۆلكىسىنىڭ جىنچاڭدا ئۇزۇن يىللار دىن تار.
قاتقۇچى بولغان. خې رېنجى جىنچاڭدا تۇغۇلۇپ شۇ يەردە چوڭ
بولغان. شۇڭا خەنزۇچىنى راۋان سۆزلەيتتى). كونسۇل ۋە كوند.
سۇلخانا خادىملىرى شىنجاڭدا جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى.
گە، ئازادلىق ئارمىيىگە قارشى جاسۇسلۇق ھەرىكەتلىرى بىلەن،
شىنجاڭنىڭ تىنچ ئازاد بولۇشىغا بۇزغۇنچىلىق قىلىش بىلەن
شۇغۇللانغان.

يېڭى جۇڭگو قۇرۇلغاندىن كېيىن 1950 ـ يىل 12 ـ ئاينىڭ
ئاخىرى كونسۇلخانا تاقىلىپ، خې رېنجى ۋە ئۇنىڭ شېرىكلىرى
چېگرىدىن قوغلاپ چىقىرىلدى. شۇنىڭدىن ئېتىبارەن ئەنگلىيە
كونسۇلخانىسى قىلىنغان ئورۇننى شەھەرلىك خەلق ھۆكۈمىتى
باشقۇرۇپ كەلدى. 1970 ـ يىلىدىن بۇرۇن رادىئو زاۋۇتى قىد.
لىندى. 80 ـ يىللاردا «قار لەيلىسى» تېلېۋىزور زاۋۇتى قىلىپ
ئۆزگەرتىلدى. 1995 ـ يىلى بۇ زاۋۇت ۋەيران بولغاندىن كېيىن
شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى بۇ ئورۇننى ئۆز دائىرىسىگە قوشۇۋال.
دى. ھازىر شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى پەن ـ تېخنىكا ئۇچۇر
ئىنستىتۇتى قىلىندى.

VI

ئەنلىياڭدىكى غالىبىيەت يولى (ئۇچتاش) نىڭ ئىككى يېقىدا
يەنە ئازادلىقتىن بۇرۇن ۋە كېيىن ھەر مىللەت ئاھالىلىرىدىن
تۆۋەندىكىلەر (بىر قىسمى) قورۇ تۇتۇپ ئۇزۇن مۇددەت ياشىغان:

خەسەن يانگلىچ، جەكىباي يېنكىيېۋ (بۇلارنىڭ ئەھۋالى يۇ.
قىرىدا بايان قىلىندى)، دوبرۇسكى (رۇس)، ئەرىن، خەمزە كارد.

باي (كاربمباي)، مۆمىن ئاخۇن، ئەبەيدۇل تۆمۈرچى، سەلىم، مۇھەممەد سىدىق، قادىر (قازاق)، خەن شياڭيۇڭ (خۇيزۇ)، ئابدۇرېھىم قۇتلۇق خوجا (ئايالى روزىخان ئايلا)، نىياز لوزۇڭ، ھامۇت ئاخۇن، ھەسەنجان مەزىن، ئەزىمەت مويسىپىت، قاسىم ئۇستا (موزدوز)، ئىگىز ئايلىخان، ساتقانباي (قازاق)، كامالجان (تاتار)، مەسئۇدىخان، يۇسۇپجان، ئوڭال (قازاق)، ئاتاۋۇللا (تاتار)، مەڭلىك ئۇستا (تېۋىپ)، يۇسۇپ ئاخۇن (ھاجى خوجامنىيازنىڭ كۈيئوغلى)، ئىمىن ئاخۇن ئۇستا (تۆمۈرچى)، مەھمۇت غوجا، مىرمەخمۇت (ئۆزبېك)، ساۋۇر ئاخۇن، ھاجى جوجامنىياز (1940 ـ يىلىدىن كېيىن نەنلياڭدا قازى بولغان). مەخسۇت تېيىپ (1 ـ ئەۋلاد شوپۇر، ئازادلىقتىن كېيىن ئاپتونوم رايونلۇق خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىغا مۇئاۋىن مۇدىر بولغان)، مەسۇم قاسساپ، تاشپولات، مىرزاپ، رايىدىن قارى، خېۋىر ئۇستا (موزدوز)، ئەسئەت تاھىر (تاتار)، يۇنۇس ئەبزى كەرىموف (تاتار)، بېك سۇلتان (تاتار)، ساۋۇت ئاخۇن، باسىت ئاخۇن، ئىبراي (قومۇللۇق، مەشھۇر زىيالى تۇرسۇن بۇرھانىنىڭ دادىسى)، ئەبۇزەر (قازاق)، ئەسەيدۇللا، سېيىت ئاخۇن، ئېلى ئاخۇن (تۆمۈرچى)، ئابلا رەۋىخان (رۇس دەپ لەقىمى بار)، تۆمۈرغالى (ئەسئەت ئىسھاقنىڭ دادىسى)، قۇربان تۆمۈر (ئۇچتاش مەسچىتىگە ئىمام بولغان)، قادىر ئاخۇن، يۇسۇپ ئاكا، ھاۋۇل نەۋۇل (ئۇچتاش مەسچىتگە مۇتىۋەللى بولغان)، ئولمايىت، شاكىر شاڭزۇڭ (تاتار)، مەكتەنباي، ھەمدۇل ئاكا، سېتى شاڭيۇ، سىدىق زالىڭ، ئاسىرادى، جۇمادىل، مۆكەن، كەلىمبەك، رەخىمباي، زەكەن، ئەلچىن غازى، ساتقىن باي (يۇقىرىقىلار قازاق)، خېۋىر پىدەيچى، مىجىت ئۇستام (موزدوز)، ئابلىز ناۋاي، ئىبراھىم قارى، مۇھەممەد تاشچى قاتارلىقلار.

بۇلارنىڭ قورۇ ـ جايلىرىنىڭ ئورنىنى ھازىر شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ پەن ـ تېخنىكا ئۇچۇر ئىنستىتۇتى، چوڭلار مائارىپ ئىنستىتۇتى، گۇاڭخۇي گۇاڭيۈەن ئولتۇراق رايونى (غا-

لىبىيەت يول 12 ـ قورۇ)، تاشيول ئاسراش پونكىتى (غالىبىيەت يولى 11 ـ قورۇ)، شەھەرلىك ئۆي ـ مۈلۈك ئىدارىسىگە قاراش-لىق ئاھالىلەر ئولتۇراق رايونى (بۇرۇنقى غازى باي قورۇسى دائىرىسى)، يۇفېڭ ئۆي ـ مۈلۈك تەرەققىيات شىركىتى (بۇرۇنقى ئۇچتاش مەسچىتى دائىرىسى)، ئۆي ـ مۈلۈك سودىگىرى روزى ھاجى ئىمارىتى (بۇرۇنقى قېيۇم ئابدۇرېھىم قۇتلۇق خوجا قورۇ-سى دائىرىسى)، شەھەرلىك پوچتا ـ تېلېگراف ئىدارىسىنىڭ ئۇچتاشتىكى شۆبىسى، ئۈرۈمچى شەھەرلىك سودا ـ سانائەت بانكىسى ۋە قۇرۇلۇش بانكىسىنىڭ غالىبىيەت يولىدىكى تارمىقى سالغان قەۋەتلىك بىنالار ئىگىلىدى.

پايدىلانمىلار:


1. بۇرھان شەھىدى: «شىنجاڭنىڭ 50 يىلى».
2. «ئۈرۈمچى شەھىرىنىڭ يەر ناملىرى خەرىتىلىك تەزكىرىسى».
3. «شىنجاڭ بىلەن ئوتتۇرا ئاسىيانىڭ يېقىنقى زامان ئىقتىسادىي مۇناسىۋەت تارىخى»، خەنزۇچە، شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى نەشرىياتى 2000 ـ يىل 7 ـ ئاي نەشرى.
4. «شىنجاڭنىڭ مىنگو دەۋرىدىكى تارىخى»، شىنجاڭ خەلق نەشرى-ياتى 2004 ـ يىل 11 ـ ئاي نەشرى.
5. «شىنجاڭ تارىخ ماتېرىياللىرى»، 13 ـ، 21 ـ، 38 ـ، 40 ـ، 44 ـ سانلىرى.
6. «ئۈرۈمچى تارىخ ماتېرىياللىرى»، 7 ـ، 9 ـ، 10 ـ سانلىرى.

## ئوسمان قانداق تۇتۇلغان؟

### قۇددۇس ئابدۇسەمەت

ئالتاي تېغىدىن تارتىپ گەنسۇنىڭ چىلەن تېغىدىكى كەڭ يايلاقلارغا قەدەر بولغان جايلاردا باندىتلىق قىلىپ، ئامېرىكا جاھانگىرلىكى ۋە گومىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرىنىڭ قوينىغا ئۆزىنى ئاتقان ئوسمان 1951 ـ يىل 2 ـ ئاينىڭ 19 ـ كۈنى خەلق ئازادلىق ئارمىيىمىزنىڭ باندىتلارنى تازىلىغۇچى قىسىملىرى تەرىپىدىن تىرىك تۇتۇلغانىدى.

ئوسمان (1899 ــ 1951) ئالتاي ۋىلايىتىنىڭ كۆكتوقاي ناھىيىسىدە كېرەي قەبىلىسىدىن كېلىپ چىققان. ئوسمان چوڭ بولغاندىن كېيىن، خەلقنى قورقىتىپ، ئۇلارنى ئارقىسىغا ئەگەشتۇرۇپ بۇلاڭچىلىق قىلىش، ئادەم ئۆلتۈرۈشكە ئوخشاش جىنايى ھەرىكەتلەر بىلەن شۇغۇللانغان ھەمدە ئالتاينى ئىگىلەپ، چەكسىز ھۆكۈمران ۋە ئۆز ئالدىغا خان بولۇشنى ئارزۇ قىلغان.

1943 ـ يىلى يازدا ئوسمان موڭغۇل خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ ياردىمى بىلەن گومىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرىگە قارشى كۈرەش باشلىغان.

1944 ـ يىلى 11 ـ ئاينىڭ 7 ـ كۈنى ئىنقىلاب ئىلىدا غەلىبە قىلغاندىن كېيىن، مىللىي ئارمىيە قىسىملىرى ئوسمان، دەلىلقان پارتىزانلىرى بىلەن بىرلىكتە 1945 ـ يىلى 9 ــ ئايدا گومىنداڭ كۈچلىرىنى ئالتايدىن قوغلاپ چىقىرىپ، ئالتايدا ئۈچ ۋىلايەت ھاكىمىيىتى تەشكىل قىلىنغاندا، ئوسمان ئالتايغا ۋالىي بولۇپ تۇرغانىدى. لېكىن، ئىش ئورنىغا كەلمىگەن، بىرنەچچە قېتىم تەكلىپ قىلىنغاندا ئالتايغا كېلىپ ئاز ۋاقىت تۇرۇپ يەنە ئۆز يۇرتىغا بېرىۋالغان. ئاخىرىدا ئامېرىكا ۋە ئۇنىڭ گۇماشتىـ

سى بولغان گومىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرىنىڭ قوينىغا ئۆزىنى ئې-
تىپ ئۇلار بىلەن ئالاقە ئورناتقان. دىنىي دەستەك قىلىۋېلىپ
ئۈچ ۋىلايەتكە قارشى تۇرۇپ، گومىنداڭغا تايىنىپ ئالتاينى ئىد-
گىلەپ، ئالتاينى ئۆزى بىلگەنچە باشقۇرۇش خام خىيالىدا بولغان.
گومىنداڭ ھۆكۈمىتى ئوسماننى قوللاپ ئۇنىڭغا ياردەم بېرىپ
ئۈچ ۋىلايەتكە ھۇجۇم قىلدۇردى. مەسىلەن: 1947 - يىلى 1 -
ئاينىڭ 17 - كۈنى ئوسمان ئۈرۈمچىگە لاتىف باشچىلىقىدىكى
ۋەكىللەر گۇرۇپپىسىنى ئەۋەتىپ گومىنداڭدىن ياردەم سورىد-
غاندا، گومىنداڭ تەرەپ ئۇنى دەرھال 400 دانە مىلتىق، 30 پىد-
لىموت، بىر قىسىم ئوق - دورىلار بىلەن تەمىنلىگەن. شۇنىڭ
بىلەن بىللە ئاسلىبەك ۋە قابدۇشنى ئىككى پەي پىلىموتچى
ئەسكەر بىلەن، ماشىنىفۇنى 200 قوراللىق ئەسكەر بىلەن ئوس-
مانغا ياردەمگە ئەۋەتكەن. ئۇنىڭدىن باشقا يەنە ئوسمانغا ئالاقىچى،
رادىست گۇرۇپپىسى، گەزمال، چاي، شېكەر قاتارلىق نەرسىلەر-
نىمۇ ئەۋەتكەن.

گومىنداڭنىڭ ياردىمىگە ئېرىشكەن ئوسمان 1947 - يىلى
ئەتىيازدا ئىسيان كۆتۈردى. ئوسمان دەلىلقاننىڭ ئاتلىق پولكى
تەرىپىدىن مەغلۇپ قىلىنغاندىن كېيىن، ئامېرىكا ۋە گومىنداڭ
ھۆكۈمىتىنىڭ كۆرسەتمىسى بىلەن جۇڭگو - موڭغۇلىيە چېگ-
رىسى بولغان بەيتىككە قېچىپ بېرىپ، موڭغۇلىيە چېگرا قىد-
سىملىرى بىلەن تونۇشۇپ «بەيتىك ۋەقەسى»نى تۇغدۇرۇپ، جۇڭ-
گو - سوۋېت، جۇڭگو - موڭغۇلىيە خەلقلىرى ئوتتۇرىسىدىكى
دوستلۇققا بۇزغۇنچىلىق قىلىش سۇيىقەستىدە بولدى. شۇ مەز-
گىلدە ئوسماننىڭ ئۈرۈمچىدە تۇرغان ئادەملىرى قۇنانباي بىلەن
قورمان گېنېرال سۇڭ شىلىيەن ۋە ئامېرىكىنىڭ ئۈرۈمچىدە تۇ-
رۇشلۇق كونسۇلى ماكنان بىلەن كۆرۈشتى ھەمدە ماكنان ۋە
ئۇنىڭ تەرجىمانى مىجىتلارنى بەيتىككە باشلاپ باردى.

ئوسمان ئۈچ ۋىلايەت مىللىي ئارمىيىسى تەرىپىدىن مەغلۇپ
قىلىنىپ، بەيتىككە قاچقاندىن كېيىنمۇ، ئۈچ ۋىلايەتكە قارشى

ھەرىكەتنى توختاتمىدى. 1948 ـ يىلى 8 ـ ئايدا گومىنداڭنىڭ ياردىمى بىلەن ئالتايغا 800 ئاتلىق ئەسكەر بىلەن كەڭ كۆلەمدە ھۇجۇم قىلدى. بىر قىسىم قەبىلە باشلىقلىرىمۇ ئۇنى قوللىدى، دەلىلقان سۇگۇربايېۋ ئۆزى رەھبەرلىك قىلىۋاتقان مىللىي ئارمىيەنى باشلاپ، ئالتايدىن ۋاقىتلىق چېكىنىپ، چۆچەككە كەتتى. ئۈچ ۋىلايەت تەرەپ جىددىي تۇتۇش قىلىپ، 2000 دىن ئارتۇق ئەسكەر تەييارلاپ ئالتايغا ھۇجۇم قىلىپ، بىر ئايغا يەتمىگەن ۋاقىت ئىچىدە سارسۇمبىنى ئالدى، كېيىن پۈتۈن ئالتاي ۋىلايىتىنى قايتۇرۇۋالدى. ئوسمان ئالتايدا سارسۇمبىنى ئىگىلىۋالغان ۋاقىتتا كەڭ كۆلەمدە بۇلاڭ ـ تالاڭ ۋە ئۇرۇپ ـ چېقىش ئىشلىرىنى قىلدى، مەغلۇپ بولغاندىن كېيىن، يەنە گومىنداڭ ھۆكۈمرانلىقىدىكى رايونلارغا بېرىپ جان ساقلىدى. ئوسمان گۆچۈڭدا تۇرغان مەزگىلىدە ئالتايغا ئادەم ئەۋەتىپ، داۋاملىق ئىغۋاگەرچىلىك يۈرگۈزدى.

ئوسمان 1949 ـ يىلى 9 ـ ئايدا شىنجاڭ تىنچلىق بىلەن ئازاد بولغاندىن كېيىن، ئامېرىكىنىڭ ئۈرۈمچىدە تۇرۇشلۇق كونسۇلى ماكىنان بىلەن جىمسارنىڭ سارقومۇش دېگەن يېرىدە كۆرۈشۈپ، ماكىناننىڭ كۆرسەتمىسى بويىچە جانىمقان، يولۋاسلار بىلەن بىرلىشىپ، شىنجاڭدىكى مەۋجۇت ھاكىمىيەتنى ئاغدۇرۇشقا تەييارلاندى. ماكىنان شۇ كۆرۈشۈشتە ئوسمانغا ئامېرىكا ھۆكۈمىتىگە ۋاكالىتەن سۆزلەپ، كۆپ ياردەم بېرىدىغانلىقىغا كاپالەت بەردى ھەمدە شۇ قېتىم خېلى كۆپ ئالتۇن، قورال ـ جابدۇق قاتارلىق نەرسىلەرنى بەردى.

ئوسمان خەلق ئازادلىق ئارمىيىسىنىڭ شىنجاڭغا كىرمىگەن پۇرسىتىدىن پايدىلىنىپ، ئالداش ۋە قورقۇتۇش ئۇسۇلى بىلەن 20 مىڭدىن ئارتۇق قازاق ئاممىسىنى ئەگەشتۈرۈپ سانجى، فۇكاڭلاردا چوڭ بۇزغۇنچىلىق ھەرىكەتلىرىنى ئېلىپ باردى. ساڭجىدا 15 ئۆيلۈك پۇقرا ۋە 320 ئوقۇغۇچىنى ئۆلتۈردى. فۇكاڭدا ئۇنىڭ ئارقىسىدىن ئەگەشمىگەنلەرگە قەبىھ ۋاسىتىلەرنى قوللى-

نىپ زىيانكەشلىك قىلدى. مەسىلەن: سەيپۇل (فۇكاڭلىق) باشـ-
لىق بەش ئۆيلۈك ئادەمنى ئۆلتۈردى، كېيىن يولۋاس بىلەن تىل
بىرىكتۈرۈپ، ھەرقايسى جايلاردا بۇلاڭ ـ تالاڭ، قىرىش ـ چېپـ-
ىش ۋە ئوت قويۇشتىن ئىبارەت باندىتلىق ھەرىكىتىنى
داۋاملاشتۇردى. ئۇنىڭدىن باشقا گومىنداڭ ئەسكەرلىرى ئىچىدىـ-
كى ئەكسىيەتچى كۇچلەر بىلەن بىرلىشىپ ھەقىقەتكە قايتقان
قىسىملارنى ئىسيان كۆتۈرۈشكە قۇترىتىپ، شىمالىي شىنجاڭـ-
نىڭ جەمئىيەت تەرتىپىنى خېلى ۋاقىتلارغىچە قالايمىقان قىلـ-
دى. ھەر مىللەت خەلقى ئوسمان ۋە ئۇنىڭ شېرىكلىرىنىڭ 200
قېتىمدىن ئارتۇق بۇلاڭ ـ تالاڭ قىلىشىغا ئۇچراپ، 12 مىڭدىن
ئارتۇق ھەرخىل چارۋا مېلىدىن ئايرىلىپ قالدى.

1950 ـ يىلى 4 ـ ئايدا خەلق ئازادلىق ئارمىيىسىنىڭ
شىنجاڭ ھەربىي رايونى قارىمىقىدىكى باندىتلارنى تازىلاش قىـ-
سىملىرى قار ـ شىۋىرغانلىق قەھرىتان سوغۇقتا تەڭرىتاغ
ھەمدە ئادىمىزات قەدىمى يەتمىگەن چۆل ـ باياۋانلارنى كېزىپ،
باندىتلارنى ئومۇمىيۈزلۈك قورشاپ يوقىتىش ۋەزىپىسىنى غەلىـ-
بىلىك ئېلىپ باردى.

ئارمىيىمىز يۇلغۇنلۇق ئېغىز، قاراتاغ ۋە بەيتىك تېغىنىڭ
ئېگىز چوققىلىرىدا باندىتلار بىلەن 100 قېتىمچە ئۇرۇش قىـ-
لىش نەتىجىسىدە، ئوسمان باندىتىنىڭ ئاساسىي كۈچىدىن 5500
ئادەمنى يوقاتتى. شۇنىڭ بىلەن ئوسمان مەجبۇرىي ئەگەشتۇـ-
رۇۋالغان 20 مىڭدىن ئارتۇق قازاق خەلقى ئارقىمۇ ئارقا بىز تەـ-
رەپكە ئۆتتى. 1950 ـ يىلى 7 ـ ئايدا باندىتلار باشلىقىدىن جاـ-
نىمقان تىرىك قولغا چۈشتى. ئوسمان ئاز كەم 2000 قالدۇق
باندىتنى ئارقىسىغا سېلىپ، گەنسۇ ـ چىڭخەي چېگرىسىدىكى
چىلەنشەن تېغىنىڭ خەيزى دېگەن يېرىگە قېچىپ بېرىپ دۇنـ-
خۇاڭ، يۇمېن، ئەنشى قاتارلىق جايلاردا بۇلاڭچىلىق قىلدى. باـ-
ندىتلار ئۆزلىرى مېڭىپ ئۆتكەن يوللارنىڭ، چۆل ـ جەزىرىلەرنىڭ
ناھايىتى قىيىنلىقىنى كۆرۈپ، خەلق ئازادلىق ئارمىيىمىزنىڭ

ئۇ يەرلەرگە بارالايدىغانلىقىدىن گۇمانلانغانىدى. لېكىن ئۇرۇشقا ماھىر جەڭگىۋار خەلق ئازادلىق ئارمىيىمىزنىڭ باندىتلارنى تازىلاش قىسىملىرى خەلقنىڭ مال ـ مۈلكىنى ساقلاپ، جەمئىيەت تەرتىپىنى قوغداش ئۈچۈن مەخسۇس ئاتلىق قىسىم تەشكىللەپ، قەھرىتان سوغۇققا قارىماي چىلەنشەن تېغىنى كېسىپ ئۆتۈپ، خەيزى دېگەن يەردە باندىتلارنى تازىلاشقا كىرىشتى.

ئارمىيىمىز چۆل ـ باياۋاندا تۆت كۈن يۈرۈش نەتىجىسىدە، 1951 ـ يىل 2 ـ ئاينىڭ 19 ـ كۈنى سەھەردە پاتقاق ئازگىلىدا ئۇخلاۋاتقان باندىتلارنى قورشىۋالدى. ئارمىيىمىزنىڭ مەلۇم قىسىم باندىت تازىلاش ئاتلىق چوڭ ئەترىتىنىڭ 3 ـ روتىسى خەيزىنىڭ نەنباسەن دېگەن يېرىدە تۇرۇۋاتقان ئوسمان باندىتقا شىددەتلىك ھۇجۇم قوزغىدى. ئارمىيىمىزنىڭ شىددەتلىك ھۇجۇمىدىن قورقۇپ كەتكەن باندىتلار قارشىلىق كۆرسىتىشكە پېتىنالماي، غەربكە قاراپ قاچتى. ئارمىيىمىز تېزلىكتە ئۇلارنىڭ ئارقىسىدىن قوغلاپ زەربە بەردى. بۇ جەرياندا 3 ـ روتىنىڭ باشلىقى كۆك چىگرۈك ئاتلىق قىسىمنىڭ ئەڭ ئالدىدا ھۇجۇمغا ئۆتۈپ، ئىككى باندىتنى تىرىك تۇتۇپ، بىر تال مىلتىقنى ئولجا ئالدى. كۆك چىگرۈك ئەسىرگە چۈشكەن باندىتلاردىن ھەممە باندىتنىڭ ئالدىدا ئاق ئات مىنىپ جىبىنىڭ بېرىچە قېچىپ كېتىۋاتقان كىشىنىڭ دەل ئوسمان ئىكەنلىكىنى بىلىپ كۆپچىلىككە: «ئاتلىرى ياخشىلار مېنىڭ يېنىمغا كېلىڭلەر، ئوسماننى تىرىك تۇتىمىز، خەلق ئۈچۈن خىزمەت كۆرسىتىمىز!» دېدى. بۇ ۋاقىتتا خەۋەرچى دۆەن سېخماۋ، لىيۇ خۇالىڭ، جۇ جۇەنسېڭ، سۇڭ شېڭ باشلىق تۆت ئەسكەر كۆك چىگرۈكنىڭ ئارقىسىدىن ئاتلىرىنى ئۇچقاندەك چاپتۇرۇپ يېتىپ كەلدى. ئوسمانمۇ پۇرسەتنى قولدىن بەرمەي داۋاملىق قاچتى. جەڭچىلەر مۇزلۇق، سازلىقلارنى بېسىپ ئۆتۈپ، 60 چاقىرىمدەك ماڭغاندىن كېيىن، ئوسمانغا يېتىشىۋالدى. ھەممىنىڭ ئالدىدا يالغۇز كېلىۋاتقان كۆك چىگرۈكنى كۆرگەن ئوسمان دەرھال ئاتتىن چۈشۈپ ئۇ-

نىڭغا ئىككى پاي ئوق ئاتتى. كۆك چىگرۈك ناھايىتى چەبدەسلىك بىلەن ئوسماننىڭ يېنىغا بېرىپ ئۇنى تۇتۇشقا تەمشەلگەندە، ئوسمان مىلتىقىنىڭ نەيزىسى بىلەن كۆك چىگرۈكنىڭ چېكى-سىگە سانچىپ ئۇنى يارىلاندۇردى. كۆك چىگرۈك يارىلىنىپ يۈز - كۆزلىرى قانغا بويالغان بولسىمۇ، بەرداشلىق بېرىپ ئوسماننىڭ مىلتىقىنى چىڭ تۇتۇۋېلىپ ئۇنى ئاتتىن يۇلۇپ چۈشۈردى. بىراق ئوسمان جاھىللىق بىلەن جان تالىشىپ، پىچىقىنى ئېلىپ كۆك چىگرۈككە تىقماقچى بولغاندا، كۆك چىگرۈكمۇ بوش كەلمەي قاتتىق قارشىلىق كۆرسەتتى. دەل شۇ پەيتتە ليۇخۇالىڭ يېتىپ كېلىپ ئوسماننىڭ مىلتىقىنى تارتىۋالدى. ئەھۋالنىڭ پايدىسىز-لىقىنى پەملىگەن ئوسمان ئىلاجسىز قول كۆتۈرۈپ تەسلىم بول-دى. باندىت تازىلاش قىسمىنىڭ 4 - روتىسى ئوسمان «باتۇر» دەپ نام بەرگەن جاقابايىنىمۇ تىرىك تۇتتى. 5 - روتىنىڭ جەڭ-چىلىرى ئوتلاق ئىچىدىن ئوسماننىڭ مەسلىھەتچىسى (شتاب كو-ماندىرى) قاپاسنى تىرىك تۇتتى. خەلق بىلەن ئاخىرىغىچە قار-شىلاشقان باندىتلار كاتتىبېشى ئوسمان ۋە ئۇنىڭ ئەگەشكۈچى-لىرى ھەرقانچە ياۋۇزلۇق ۋە ھىيلە - مىكىر ئىشلەتكەن بولسى-مۇ، يەنىلا خەلق ئازادلىق ئارمىيىسىنىڭ قولىدىن قېچىپ قۇ-تۇلالمايدۇ. ئوسمان 1951 - يىلى 5 - ئايدا خەلق ھاكىمىيىتى تەرىپىدىن قانۇن بويىچە ئۆلۈم جازاسىغا ھۆكۈم قىلىندى.

# «قاچقۇن»لار ۋە ئۇلارنىڭ ئەۋلادلىرى

## ئوسمان تۆمۈر

قومۇلنىڭ 9 ـ ئەۋلاد ۋاڭى شاھ مەخسۇت ھۆكۈمرانلىق قىلىۋاتقان زاماندا ۋاڭ بىر ھەسسە زۇلۇم سالسا، بەگ ـ سىپاھىلىرى چەكتىن ئاشۇرۇپ نەچچە ھەسسىلەپ زۇلۇم سېلىپ قومۇل خەلقىنى قاخشىتىپ قاقشاتقان. شاھ مەخسۇت ياشىنىپ قالغانلىقى تۈپەيلىدىن كۆپىنچە ئىبادەت بىلەن مەشغۇل بولۇپ، ھاكىمىيەت ئىشلىرىغا ئارىلاشمىغاچقا ئەتراپىتىكى بەگ ـ سىپاھىلار چىرىكلىشىپ، كەيپ ـ ساپاغا بېرىلگەن. ھەر ئاخشىمى دېگىدەك ئوردىدا مەشرەپ ئۆتكۈزۈلۈپ، پۇقرالارنىڭ خوتۇن ـ قىزلىرى مەشرەپكە «چىللاپ» كېلىنىپ، ئاياغ ئاستى قىلىنغان، بۇ ئىشتا نومۇسسىز دەللاللار تۈرلۈك قۇۋلۇق ـ شۇملۇقلارنى ئىشلىتىپ، قىز ـ چوكانلارنى ئوردىغا ئالداپ ئېلىپ كېلىپ تۇرغان. قومۇل خەلقى ئارىسىدا داستان بولۇپ كېلىۋاتقان گۈلخان بۇنىڭ بىر مىسالى. گۈلخان قومۇلنىڭ ئېدىر دېگەن تاغلىق يېزىسىدىن بولۇپ، بۇ قىز ئۆز مەھەللىسىدىكى دېھقان يىگىت راجى بىلەن ۋەدىلەشكەن، بىراق دەللاللار بۇ گۈزەل قىزنىمۇ ئوردىغا ئالداپ ئېلىپ كىرگەن. گۈلخان ئۆزىنىڭ نومۇسىنى ساقلاش ئۈچۈن ئىشكىباقارنىڭ نەيزىسىگە ئۆزىنى ئۇرۇپ، مەرتلەرچە قۇربان بولغان. شاھ مەخسۇت ياشىنىپ كېسەلچان بولۇپ قالغان كۈنلەردە ئازغۇن تېۋىپلار، ئوردا قازىلىرى قاتارلىقلار بىرلىشىپ «چىڭ گاڭ غوجامغا قىزلار دورا بولۇپ قالدى» دەپ پەتىۋا بېرىپ، قىزلارنى «ئۈچ كۈنلۈك كىچىك نىكاھ» قىلىپ بېرىپ، ئۈچ كۈندىن كېيىن تالاق قىلغان. بۇ ئىشقا زەينەپ موما، پاتەم مومىلاردىن ئىبارەت شاھىتلار گۇۋاھ. بۇ خىل ئىشلار ھەققىدە ئەل

ئارىسىدا مۇنداق بىر ھېكايىمۇ بار:
شۇنداق كۈنلەرنىڭ بىرىدە بىرنەچچە دەللال قومۇل شەھەر ئىچىنىڭ ئورداخىي مەھەللىسىدىكى داخانلا ئايشەبۇۋىنىڭ ئىشىك ئالدىدا پەيدا بولۇپ قاپتۇ. ئايشەبۇۋىنىڭ يولدىشى ئابدۇل ئۇستام موزدوز بولۇپ، كۈچانىڭ داخانلا يېزىسىدىن ئىكەن، مېھرىبانۇ ۋاڭ زامانىسىدا ئۇرۇش ـ توپىلاڭ ۋەيرانچىلىقىدا چۈللەشكەن قومۇلنى گۈللەندۈرۈش، ھالاك بولۇپ ئازلاپ كەتكەن خەلقنى تو-لۇقلاش ئۈچۈن تۇرپان، پىچان، توقسۇن، لوپنور، كۈچا ۋە مارال-بېشى، بۈگۈر قاتارلىق رايونلاردىن ئاھالە كۆچۈرۈپ كېلىنگەندە كۈچادىن كۆچۈپ كېلىپ، قومۇل شەھەر ئىچىنىڭ ئورداخىي مەھەللىسىدىكى ئىگىسىز قالغان ئۆيلەرگە ئورۇنلاشقان (شۇ قېـ-تىم بۇلار بىلەن بىللە كەلگەنلەردىن تاراتى يېزىسىدىكى كەركە-نىيازباينىڭ دادىسى قادىر ئاخۇنمۇ مارالبېشىدىن كەلگەن) ئىـ-كەن. شۇڭا، ئۇلارنىڭ ئىسمىغا يۇرتىنىڭ نامى قوشۇلۇپ داخانلا ئابدۇل ئۇستام، داخانلا ئايشەبۇۋى دەپ ئاتالغانىكەن. بۇلارنىڭ ئىككى قىزى بولۇپ، چوڭ قىزى بۇۋى مەريەمنى قاراڭغۇنۇر يې-زىسىنىڭ جۇرۇغداي مەھەللىسىدىكى خاڭگامەمەتنىيازنىڭ 2 ـ ئوغلى خاڭگا توختىنىيازغا ياتلىق قىلغان. 2 ـ قىزى توختى قىز بويىغا يېتىپ قالغان قىز ئىكەن. دەللاللار ئايشەبۇۋىگە: «قىزىڭنى ئۇلۇغ ئوردا تېجىمەللىكىگە ئالغىلى كەلدۇق»، دەپتۇ. كۆپنى كۆرگەن موماي تەمتىرىمەستىن مەزمۇت تۇرۇپ: «قىزىم ئۇلۇغ ئوردىغا يارىغان بولسا، بېشىمىزغا دۆلەت قۇشى قونغىنى، بەگلىرىمگە رەھمەت... ئۈچ كۈنلۈك مۆھلەت تىلەيمەن. ئۈچ كۈندىن كېيىن قىزىمنى يۇيۇپ ـ تاراپ، كىيىندۈرۈپ، ئوردىغا ئۆزۈم باشلاپ چىقاي»، دەپتۇ. كەلگەن دەللال، نۆكەرلەر بۇ سۆز-دىن سۆيۈنۈپ، رازى بولۇپ قايتىپتۇ.
داخانلا ئايشەبۇۋى شۇ ھامان بازارغا چىقىپ، ھەسەن بالا ھاجىمنى تېپىپتۇ. سارايغا كىرىپ ھاجىمغا ئۆز ھالىنى بايان قىلىپ «بىزگە ئىككى يول قالدى، بىرى، بىز بولساق مۇساپىر،

بىزنى ئاشكارىلاپ تۇتۇپ بېرىدىلا. 2 ـ يول، ئىنسانىي ياردەمدە بولۇپ يول كۆرسەتسىلە، خۇدايىتائالا ئۆزلىرىگە يەنىمۇ كەڭ بەخت ئاتا قىلۇر»، دەپتۇ. ھەسەن بالاھاجى بىر ئاز ئويلىنىۋې-لىپ، ئايشەبۇۋىنى سارايىنىڭ خىلمۇەت بىر بۇلۇڭىدىكى پىنھان ھۇجرىغا باشلاپتۇ. بۇ ھۇجرىدا ئۈرۈمچىدىن خوسەيىن باينىڭ مېلىنى ئېلىپ كەلگەن ئىككى كىشى بار بولۇپ، بىرى چوڭ ياشلىق ئۆزبەك كىشى، يەنە بىرسى تېخى ئۆيلەنمىگەن ئىبراي ئىسىملىك قازاق يىگىت ئىكەن. ھاجى ئەھۋالنى بۇ كىشىلەرگە سۆزلەپ بېرىپ، ئايشەبۇۋىنىڭ قىزى توختى قىزنى شۇ ئاخشى-مىلا ئىبرايغا نىكاھلاپ، ئۈرۈمچىگە يولغا سېلىپتۇ.

داخانلار ئايشەبۇۋى كىچىك قىزىنى كارۋان بىلەن ئۈرۈمچى-گە يولغا سالغاندىن كېيىن، چوڭ قىزىنىڭ ئۆيىگە بېرىپ بېكى-نىپ يۈرۈپتۇ، ئارىلاپ تۇڭگان موماي لاردەك ياسىنىپ، بازارغا چىقىپ، ئەھۋال ئۇقۇپ كېلىدىكەن. ئۇنى ھېچكىم تونۇماپتۇ. ئۈچ كۈن تۇرماق، بىر ئايغىچمۇ قىزنىڭ سايىسى كۆرۈنمىگەن-دىن كېيىن ھېلىقى دەللاللار ئوردا نەۋكەرلىرىنى باشلاپ، غەزەپ بىلەن ئابدۇل ئۇستامنىڭ قېشىغا كېلىپ: «ئايالىڭ قېنى؟ قى-زىڭ قېنى؟» دەپ سوراقفا تارتىپتۇ. ئابدۇل ئۇستا: «ئايالىم بىلەن قىزىمنى ئوردىغا ئەكەتكەن تۇرساڭلار، نەدىلىكىنى مەن نېمە بى-لىمەن، ئايالىم بىلەن قىزىمنى سىلەر بىلىسىلەر، ماڭا تېپىپ بېرىڭلەر» دەپ ئوردا ئالدىدا يېتىۋاپتۇ، شۇنىڭ بىلەن «داخانلار ئايشە قىزى بىلەن قېچىپتۇ. كۆرگۈچىلەرگە ئۈچ يامبۇ، تۇتۇپ كەلگۈچىلەرگە بەش يامبۇ سۆيۈنچە بېرىلىدۇ»، دەپ كوچا ـ كو-چىلارغا ئوردا يارلىقى چاپلىنىپتۇ. بازارغا ئۇلامچى① سېلىپتۇ. بۇ مالىمانچىلىق ئۈچ ئاي داۋاملىشىپ ئاخىرى تىنجىپ قېلىپتۇ.

ئىبراي بىلەن توختى قىزلار كارۋان بىلەن ئۈرۈمچىگە كەل-گەندىن كېيىن، نەنلياڭدىكى نوغاي مەچىت ئەتراپىغا ماكانلى-شىپتۇ. ئىبراي ئەسلى چۆچەكلىك بولۇپ، ئاتىسىنىڭ ئىسمى بورانباي ئىكەن. ئۇ ئۆسمۈر چېغىدىلا ئاتا ـ ئانىسىدىن يېتىم

قالغانلىقتىن، كىشلەرگە ياللىنىپ يۇرۇپ چوڭ بوپتۇ. كۇنلەر-
نىڭ بىرىدە ئىبراي خۇسەيىن باينىڭ چۆچەك شەھىرىدىكى
خىزمەتچىلىرىگە ئۇچرىشىپ قىلىپ، ئۇلارغا ياللىنىپ ئۇرۇم-
چىگە كەلگەندىن كېيىن، خۇسەيىن باينىڭ ماللىرىنى قومۇلغا
ئېلىپ كەلگەنىكەن. قومۇلدا يۇقىرىقىدەك «شىۋنىقەدىر»گە ئۇچ-
رىغان ئىكەن.

ئىبراينىڭ خىزمىتى خۇسەيىن بايغا ياراپ قالغانلىقتىن،
ئۇرۇمچى خام مال شىركىتى ئۇنى رەسمىي خىزمەتچى قىلىپ
قوبۇل قىلىپ، خوتەن خام مال شۆبە شىركىتىگە ئەۋەتىپ، يۇڭ-
تېرە پرىيۇمچىكى قىپتۇ. خوتەندە 1925-يىلدىن 1932-يىل-
غىچە سەككىز يىل ئىشلەپ، كېسەل بولۇپ قالغاندىن كېيىن
ئۇرۇمچىگە قايتىپ كېلىپ، نەنلياڭدا قازا قىلغان.

ئىبراي بىلەن توختى قىزلار بىر ئوغۇل، ئۇچ قىز پەرزەنت
يۇزى كۆرگەن. ئوغلىغا تۇرسۇن دەپ ئىسىم قويغان، قىزلىرىغا
زەينەپ، ھەلىمە، زۆھرە دەپ ئىسىم قويغان. تۇرسۇن كىچىكى-
دىنلا زېھىنلىك، تۇرمۇشتا تەرتىپلىك، ئۆگىنىشتە تىرىشچان
بولغىنى ئۇچۇن، خوتەندىكى چاغلىرىدىلا خەت ساۋادىنى چىقى-
رىۋالغان ھەم ئەرەب، پارس تىل-يېزىقلىرىنىمۇ ئۆگەنگەن.

تۇرسۇن ئۇرۇمچىدە گىمنازىيىدە ئوقۇپ، كېيىن شىڭ شى-
سەي زامانىدا ئېچىلغان سىياسىي-قانۇن كۇرسىغا كىرىپ ئو-
قۇغان. كۇرسنى تاماملىغاندىن كېيىن، غۇلجا بىلىم يۇرتىدا
ئىشلىگەن. كېيىنكى چاغلاردا، روسىيە-شىنجاڭ خام مال
شىركىتىنىڭ ئۇرۇمچى شۆبە شىركىتىدە بوغالتىر بولغان. «11
بىتىم» ئىمزالانغاندىن كېيىن تەمىرات نازارىتىدە ئىشلىگەن.
1946-يىلى يەتتە ۋىلايەت خەلق ۋەكىللىرى ئۆمىكى ئۇچ ۋىلايەت
مەركىزى غۇلجىغا ھال سوراشقا بارغاندا، تۇرسۇن بۇرھانىمۇ ئۆ-
مەك تەركىبىدە غۇلجىغا بارغان. قايتىپ كەلگەندىن كېيىن ئۇ-
رۇمچىدە ئۇزۇنغىچە مەتبۇئات خىزمىتى بىلەن شۇغۇللانغان.

ئۇچ ۋىلايەت تەرەپدارلىرى بىلەن ئىنقىلابىي زىيالىيلار ئو-

روٗمچى مال بازىرىدا «ئالغا» نامىلىق گېزىت چىقىرىپ، ئىچكى ـ تاشقى ۋەزىيەتنى چىنلىق بىلەن ئەكس ئەتتۈرۈپ، ئوقۇرمەنلەر ـ نىڭ ھىمايىسى ۋە يار ـ يۆلىكىگە ئېرىشكەندى. بىلىم قۇرۇل ـ مىسى ئەتراپلىق، قەلىمى كۈچلۈك تۇرسۇن بۇ گېزىتنىڭ باش مۇھەررىرى ئىدى. شۇ چاغدا ئۇ «بورانباي» دېگەن فامىلىنى «بۇرھان» غا ئۆزگەرتكەن. تۇرسۇن بۇرھانى بۇ گېزىتنىڭ ماقا ـ لىلىرىنى كېچىسى ئۆيىدە تەييارلاپ چىقاتتى. «25 ـ فېۋرال» چوڭ نامايىشىغا ئابلەت مەخسۇم باشچىلىقىدىكى ئىلغار زىيا ـ لىيلار تۇرسۇن بۇرھانىنىڭ ئۆيىگە يىغىلىپ تەييارلىق قىلغان. ئاپتور ئەينى چاغدا بۇ پائالىيەت جەريانلىرىنىڭ ۋاستىچىسى بولغان. ئازادلىقتىن ئىلگىرىكى ئىنقىلابىي ياشلار تەشكىلاتىنىڭ يەر ئاستى خىزمەت گۇرۇپپىسىنىڭ مەخسۇت ئاخۇن، نۇسرەت ئەۋزى، ھوشۇر ئېلى قاتارلىق مەسئۇللىرى تەركىبىدە تۇرسۇن بۇرھانىمۇ بار ئىدى.

ئازادلىقتىن كېيىن، تۇرسۇن بۇرھانى سابىق غەربىي شىمال بيۇروسى شىئەن مىللىي ئىشلار ھەيئىتىدە، كېيىن ئۈرۈمچى كىنو ـ فىلىم شىركىتىدە ئىشلىگەن.

تۇرسۇن بۇرھانى ئەينى چاغدىكى ئىلغار زىيالىيلارنىڭ بىرسى بولۇپ، ئۇيغۇرلار ئارىسىدىلا ئەمەس، بەلكى قازاق، ئۆز ـ بەك، قىرغىز ۋە بىر قىسىم خۇيزۇ زىيالىيلىرى ئىچىدىمۇ يۇ ـ قىرى ئابرويغا ئىگە زىيالىي ئىدى. ئۇ «مەدەنىيەت زور ئىنقىلا ـ بى» مەزگىلىدە باشقىلارغا ئوخشاشلا زىيانكەشلىككە ئۇچرىدى.

1983 ـ يىلى قۇربان ھېيت كۈنى ئۇ نىغمەت ئەپەندى، ئۇي ـ غۇر سايرانى، نۇسرەت ئەۋزى، لاتىپ، مىجىت ئەبۇزەر قاتارلىق سەبداشلىرى بىلەن خۇسەيىن سىيابايوفنىڭ ئۆيىدە ھېيتلاۋات ـ قاندا تۇيۇقسىز يۈرەك كېسىلى قوزغىلىپ، دوختۇرخانىدا شىپا تاپالماي ۋاپات بولدى.

تۇرسۇن بۇرھانى ئۆز ھاياتىدا ئۇيغۇر ھۆسنخەتچىلىك ئىجا ـ

دىيىتتىدىمۇ نۇرغۇن ئەجىر سىڭدۈرۈپ، مول نەتىجىلەرنى ياراتقان. 1960 ـ يىلى ئۇنىڭ ھۆسنخەتلىرى «يېڭى سەنئەتلىك خەتلەر» دېگەن توپلامغا كىرگۈزۈلگەن. 1994 ـ يىلى ش ئۇ ئا ر پېشقەدەم كادىرلار خەتتاتلىق، رەسساملىق ئىلمىي جەمئىيىتى تۈزگەن «بىزنىڭ خەتتاتلىرىمىز» دېگەن كىتابقىمۇ ئۇنىڭ ھۆسنخەتلىرى كىرگۈزۈلگەن.

# ئۆلۈكى جازالانغان ۋاڭ

## مامۇت غازى

ئەپرىدۇن تۇرپاندا 170 يىل دەۋر سۈرگەن لۈكچۈن ۋاڭلىرىنىڭ 7 ـ ئەۋلادى. ئۇ قەشقەرگە هاكىمبەگ بولغان مۇهەممەت سىيىت (قەشقەر خەلقى ئىسكەندەر ۋاڭ دەپ ئاتايدۇ) نىڭ ئايالى شەھربانۇدىن تۇغۇلغان ئوغلى ئىدى.

مۇهەممەت سىيىت قەشقەرگە هاكىمبەگ بولۇپ ماڭغاندا، لۈكچۈندە پەرىدۇن ۋاڭلىق ئورنىدا ئىدى. ئۇزۇن ئۆتمەي پەرىدۇن كىسەل بىلەن ياش ئۆلۈپ كەتتى. مۇهەممەت سىيىت بۇ گەپنى ئاڭلاپ، ۋاڭلىقنىڭ باشقىلارنىڭ قولىغا چۈشۈپ كېتىشىدىن ئەنسىرەپ، يەتتە ياشقا توشمىغان ئوغلى ئەپرىدۇننى ئىشەنچلىك ئادەملەرگە قوشۇپ لۈكچۈنگە ئەۋەتكەن. ئۇنى ئۇرۇق ـ تۇغقانلىرى، ئوردا خىزمەتچىلىرى قىزغىن كۈتۈۋالغان. ئارىدىن بىر يىل ئۆتكەندە، 1827 ـ يىلى ئەتىيازدا زۇلۇمغا چىدىمىغان قەشقەر خەلقى چىڭ سۇلالىسىنىڭ زۇلۇمغا قارشى قوزغىلىپ، زالىم ئەمەلدارلارنى ئىزدەپ يۈرۈپ، كۆرگەن يېرىدە كالتەكلەپ، چوماقداپ، ئۇرۇپ ئۆلتۈرگەن. مۇشۇ قاتاردا مۇهەممەت سىيىت ۋاڭمۇ ئۇرۇپ ئۆلتۈرۈلگەن. ئۇنىڭ قېشىدا ئوردا ئىشلىرىغا ياردەملىشىپ تۇرۇۋاتقان زوهۇرىدىننى خان ئىبرىقلىق ئات باققۇچى بوۋاي ئەسكى چاپاننى كىيدۈرۈپ، ئىزدەپ كەلگەنلەرگە: «ئۆزۈم قېرىپ قالغانلىقىم ئۈچۈن، ئات بېقىشنى ئۆگىتەي دەپ بۇ بالىنى 10 كۈن ئىلگىرى يېزىدىن ئېلىپ كەلگەنىدىم، ئاتا ـ ئانىسى يوق يېتىم بالا، جېنىغا رەھىم قىلىشقايلا» دەپ ئۆلۈمدىن قۇتۇلدۇرۇۋېلىپ، ئەنجانغا بارىدىغان ئىشلەمچىلەرگە قوشۇپ قاچۇرۇۋەتكەن.

ئەسلىدىكى لوكچوندىكى ئىمىن ۋاڭنىڭ ئىلى، قەشقەرلەردە مەنسەپ تۇتۇپ ئىشلەۋاتقان ئەۋلادلىرى ئۆلسە، تۇرپانغا ئېلىپ كېلىنىپ، قاراغوجىدىكى ۋاڭلار قەبرىستانلىقى (ئالتۇنلۇق) غا دەپنە قىلىناتتى. كېيىنكى چاغدا ئىلى خەلقى نارازىلىق بىلدۈرگەچكە، بۇ ئادەت ئۆزگەرتىلگەنىدى. شۇنىڭ ئۈچۈن، مۇھەممەت سېيىتمۇ تۇرپانغا ئۆلۈك ئېلىپ بارماسلىق ئۈچۈن ھىجرىيە 1224 ـ يىل (مىلادىيە 1809 ــ 1810 ـ يىللار) قەشقەر شەھىرىنىڭ جەنۇبىدىكى چوڭ قەبرىستانلىقنىڭ شىمال تەرىپىگە ئۆزى ئۈچۈن ھەشەمەتلىك گۈمبەز ياساتماقچى بولغان، بىراق، يۇرت كاتتىلىرى بۇنىڭغا قارشى چىققاچقا، ئۇ گۈمبەزگە كاھىش ياتقۇزماقچى بولغان پۇلنى ھېيتكاھ جامەسىگە ياردەم قىلىپ، گەج بىلەن سۇۋاپ ئۆزىگە بىر گۈمبەز ياساتقانىدى. ئۇنىڭ جەسىدى مۇشۇ گۈمبەز ئىچىگە دەپنە قىلىنىدى. بۇ گۈمبەز ئاق مازار دېگەن نام بىلەن بۈگۈنگىچە قەشقەر باغچىسىنىڭ شەرقى، ئۇزۇن يوللۇق قاتناش بېكىتى ئائىلىلىكلەر قورۇسىنىڭ غەربىدىكى چوڭ قورۇنىڭ ئىچىدە ئاسار ئەتىقە ھېسابىدا ساقلانماقتا.

ئەپرىدۇن قەشقەردىن ئۆلۈمدىن قۇتۇلۇپ، لوكچۇنگە قېچىپ كەلگەن تۇغقانلىرىدىن دادىسىنىڭ ئۆلگەنلىكىنى ئاڭلىدى. ئىلى جياڭجۈن مەھكىمىسى ئەينى ئەھۋالنى تەكشۈرۈپ، ئېنىقلىغاندىن كېيىن، خانغا مەلۇمات يوللىدى، خان ئەپرىدۇنغا «جۇنۋاڭ» مەرتىۋىسىنى بەردى، بۇ ھەقتە شائىر ئەخمەت غوجامنىياز (قىدىسدۇرى) (1717 ـ، 1827 ـ يىللار) شېئىرىدا مۇنداق دەپ يازغانىدى:

بولدى جۇنۋاڭ شاھى سەككىز ياشىدا،
لەئلىلىق تاجى ئەپرىدۇن باشىدا.

ھەقىقەتەن، سەككىز يېشىدا ۋاڭلىق تەختىگە ئولتۇرۇپ، ئوردا خادىملىرىنىڭ ۋاڭلىق قائىدە ـ يوسۇنلىرى ھەققىدە تەلىم بېرىشى، ئەخمەت ئاخۇنلۇقىغا ئوخشاش ئۆلىمالارنىڭ ئۇزۇن

يىل زېرىكمەي ئوقۇتۇشى ئارقىسىدا ئەپرىدۇن ۋاڭ ئەتراپلىق يېتىلگەن، ئىسمى ـ جىسمىغا لايىق ئادەم بولۇپ چىققان. ئۇ لۇكچۈندىكى مەسچىت، مەدرىسلەرنىڭ ۋەخپىلىرىنى كۆپەيتىپ، مۇدەررىس ۋە تالىپلارنىڭ تۇرمۇش شارائىتىنى ياخشىلاپ، ئىلىم ـ مەرىپەت ئىشلىرىنىڭ تەرەققىياتى ئۈچۈن زور كۈچ چىقارغان.

زۇھۇرىددىن 1832 ـ يىلى قەشقەرنىڭ ھاكىم بەگلىكىگە تەيىنلىنىپ، 19 يىلدىن كېيىن، لۇكچۈنگە قايتىپ كېلىپ، قېرىپ قالغانلىقىنى باھانە قىلىپ، قەشقەرگە بارغىلى ئۇنىمىدى. زوھۇرىدىننىڭ ئوغلى يوق ئىدى. شۇڭا ئەپرىدۇن ۋاڭ ئوردا ئىشلىرىنى يېقىنلىرىغا تاپشۇرۇپ قويۇپ، ئۆزى ئاسىم تەيجىنى، ئايالى ئايشىخاننىڭ بۇرۇنقى ئېرى مۇھەممەت ئاتاۋۇللادىن تۇغۇلغان ئوغلى ئەتتاخاننى، لۇكچۈندىن توققۇز قېتىم قوغلاپ چىقىرىپ، يەنە چاقىرتىپ ئەكېلىۋالغان موللا زەيدىن (1815 — 1880) گەپچىنى، يەنە ئىككى خىزمەتچىنى ھەمراھ قىلىپ، قەشقەرگە قاراپ يولغا چىققان. ئۇلار ئاتۇشقا يېتىپ كەلگەندە، ئىبراھىم مالچىنىڭ ئۆيىدە قونغان. ئاخشىمى ئۇنىڭ بويىغا يەتكەن قىزى ھاۋاخاننى نىكاھىغا ئېلىپ، بىر كېچە بىللە بولۇپ، ئەتىسى مېڭىش ئالدىدا ئۆزىنىڭ ياقۇت كۆزلۈك ئالتۇن ئۈزۈكىنى ئايالىغا قالدۇرۇپ كەتكەن. قەشقەرگە بارغاندىن كېيىن، زوھۇرىدىن ھاكىم بەگنىڭ ئورنىدا ھاكىم بەگ بولغان. ئەتتاخان قەشقەر شەھىرىگە قاراشلىق ۋەخپىلەرنى باشقۇرىدىغان باش مۆتىۋەللى بولغان. ئاسىم تەيجى ئەپرىدۇننىڭ تاپشۇرۇقى بىلەن لۇكچۈنگە قايتىپ كېلىپ، ئوردا ئىشلىرىنى باشقۇرغان. 1864 ـ يىلى كۇچا خەلقىنىڭ چىڭ سۇلالىسى ئەمەلدارلىرىنىڭ زۇلۇمىغا قارشى كۆتۈرۈلگەن قوزغىلىڭىنىڭ ئىلھامى بىلەن قەشقەردىمۇ قوزغىلاڭ كۆتۈرۈلدى، قوزغىلاڭچىلار قەشقەر كونا شەھەرنى ئالدى. قوزغىلاڭچىلار قوقاندا تۇرۇۋاتقان بۇزرۇك خوجىنى قەشقەرگە تەكلىپ قىلدى. ئۇنىڭغا يولدا قوشۇلۇپ بىللە كەلگەن ياقۇپبەگ 1865 ـ يىلى قوزغىلاڭچىلارنىڭ باشلىقلىرىدىن سىدىق

بەگ (قىرغىز)، جىن شىياڭيۇەن (خۇيزۇ) لارنى بىسىقتۇرۇپ، 1868 ـ يىلى بۇزرۇك خوجىنى ھەرەمگە ئۇزىتىپ قويۇپ، قەش ـ قەرنىڭ ھاكىمىيىتىنى ئىگىلىۋالغان. ئۇ، ئەپرىدۇن ۋاڭ ئوردى ـ سىنىڭ ئالتۇن ـ كۇمۇش، بارلىق مال ـ مۈلكىنى مۇسادىرە قى ـ لىپ، ئۆزىنى يەكەنگە خىزمەتكە بۇيرۇغان. ئىككى يىلدىن كېيىن ئەپرىدۇن قەشقەرگە قايتىپ كەلگەن، كېيىن ئەپرىدۇن قەشقەردە ئەقلىدىن ئېزىپ قېلىپ، 1877 ـ يىلى ئەتىيازدا ئۆلۈپ كەتكەن.

1878 ـ يىلى زو زۇڭتاڭ چىڭ سۇلالىسى قوشۇنلىرىنى باشلاپ، ياقۇپبەگ قىسىملىرىنى يوقىتىپ، شىنجاڭنى تىنچىتى ـ قاندىن كېيىن، لۈكچۈن ۋاڭ ئوردىسىدا كىمنى ۋاڭلىققا مەلۇم قىلىش توغرىسىدا تالاش ـ تارتىش بولۇۋاتقاندا، ئەپرىدۇن ۋاڭنىڭ ئايىسى ئاسىم تەيجىنى ئاتۇشقا مەخپىي ئەۋەتىپ، ئىبراھىم بوۋاينى تېپىپ، ئەپرىدۇننىڭ بىر كېچە بىللە بولغان ئايالىدىن تۇغۇلغان ئوغلى مامۇتنى ئاغىنىسى روزى بىلەن بىل ـ لە لۈكچۈنگە ئېلىپ كېلىپ، ئۇرۇمچى، تۇرپان ئەمەلدارلىرىغا بىرمۇنچە ئالتۇننى پارا بېرىپ، خانغا مەلۇمات يوللاپ، مامۇتنى ۋاڭلىققا كۆرسىتىدۇ. 1882 ـ يىلى 1 ـ ئايدا خاننىڭ تەستىقى چۈشكەندە، مامۇت 18 ياشقا توشقان كۈنى ئىدى. مومىسى ئۇنىڭ ئىسمىنىڭ ئالدىغا پادىشاھ، سەلتەنەت ئىگىسى دېگەن مەنالاردىكى «سۇلتان» سۆزىنى قوشۇپ، سۇلتان مامۇت ۋاڭ دەپ ئېلان قىل ـ غان. سۇلتان مامۇت ۋاڭلىققا ئولتۇرۇپ، 1885 ـ يىلى خاننىڭ ئالدىغا تازىمغا بارغاندا، خان ئوردىسىنىڭ خاتىرىسىدىن مامۇت ـ نىڭ ئىسمى تېپىلمايدۇ، گۇاڭشۈخان ئاچچىقلىنىپ: «ئەپرىدۇن بىزگە سادىق ئەمەسكەن، تۇغۇلغان بالىسىنى ئوردىغا مەلۇم قىل ـ مىغانلىقى ئۈچۈن، ئۇنىڭ ئۆلۈكىگە 250 توقماق (كالتەك) ئۇ ـ رۇش جازاسى بېرىلسۇن» دەپ بۇيرۇق چۈشۈرۈپ، جازانى ئىجرا قىلىشقا ئىككى ئادەمنى ئەۋەتكەن. بۇ خەۋەرنى ئاڭلاپ، ۋاڭ ئور ـ دىسى پاتىپاراق بولۇپ، يىغا ـ زارە قىلىشقان، ئاخىرى بېيجىڭ ـ دىن كەلگەنلەرگە ئالتە ئادەمنى قوشۇپ قەشقەرگە ئەۋەتكەن. ئۇ

چاغلاردا خەنزۇ، مانجۇلارنىڭ مۇسۇلمانلار قەبرىستانلىقىغا كىرىشىگە بولمىغاچقا، ئۇلارنى ئىككى كىشى مېھمانخانىدا كۈتۈپ قالغان. قالغانلار مەسلىھەتلىشىپ، 250 تال چىۋىق كېسىپ كېلىپ، 10 تالنى بىر باغلاپ ئاق مازارنىڭ ئىشكىگە دەپنە قىلىنغان ئەپرىدۇننىڭ قەبرىسى ئۈستىگە چىۋىقلار تىتىلىپ كەتكىچە ئۇرۇپ ئاندىن «خان ئالىيلىرىنىڭ پەرمانىغا بىنائەن ئەپرىدۇننىڭ ئۆلۈكىگە 250 توقماق ئۇرۇپ سۆڭەكلىرى كۇكۇم تالقان قىلىۋېتىلدى» دېگەن مەزمۇندا مەلۇمات تەييارلاپ، مۆھۈر بېسىپ، بېيجىڭدىن كەلگەنلەرگە تاپشۇرۇپ، ئۇلارنى ئۇزىتىپ قويغان. شۇندىن كېيىن خەلق ئارىسىدا: «پادىچى ۋاڭ ياغزىدا بار، داغزىدا يوق»، «ۋاڭلار بوۋىسىنىڭ ئۆلۈكىنى توقماقلايدۇ» دېگەن گەپ پەيدا بولغان.

# ئۇيغۇرلاردىكى نۇردىن تۆرىلىشكە دائىر تۇنجى ئەپسانە

## ئۆمەرجان نۇرى

دۇنيادىكى ھەرقايسى مىللەتلەرنىڭ ئۆزىگە خاس سىرلىق ئەپسانىلىرى بار. بۇ ئەپسانىلەردە قەدىمكى زاماندىكى خەلقلەرنىڭ تەبىئەت ھادىسىلىرى ۋە ئىجتىمائىي تۇرمۇشقا بولغان ساددا چۈشەنچىلىرى ۋە گۈزەل ئارزۇ ــ ئارمانلىرى ئىلاھلاشتۇرۇلغان ھالەتتە ئەكس ئەتتۈرۈلگەن. مۇنداق ئەپسانىلەرنىڭ ئالاھىدە بىر تۈرى ئىنسان بالىسىنىڭ نۇردىن تۆرىلىشى توغرىسىدىكى ئەپسانىدۇر.

تۈركىي تىللىق خەلقلەردە قەھرىمانلارنىڭ نۇردىن تۆرىلىشىگە دائىر ئەپسانىلەر خېلى كۆپ. بۇ ئەپسانىلەر ھەققىدە ئەتراپلىق تەتقىقاتلار ئېلىپ بېرىلدى.

ئۇيغۇرلاردىكى ئوغۇزخان، بۆكۈخان ۋە ئەرگىنەقۇن ھەققىدىكى ئەپسانىلەر ئومۇمىي تۈركىي خەلقلەر تارىخىدا ئالاھىدە ئورۇن تۇتىدىغان ئىپتىدائىي ئەپسانىلەر بولسىمۇ، لېكىن بۇ ئەپسانىلەرنىڭ يازما تارىخقا ئېلىنىشى 10 ــ ئەسىردىن كېيىنكى ئىش بولغاچقا، بۇلار يەنىلا ئەڭ دەسلەپكى يازما مەلۇمات ھېسابلانمايدۇ. بىزنىڭ تەكشۈرۈشىمىزچە، تاڭ سۇلالىسى دەۋرىدە يازما خاتىرىگە ئېلىنغان ئەنلۇشەن ھەققىدىكى خاتىرە تۈركىي خەلقلەردىكى نۇردىن تۆرىلىشكە دائىر ئەڭ دەسلەپكى يازما خاتىرە ھېسابلىنىدۇ. بۇنى ئەينى زاماندا ئەن لۇشەنگە زامانداش بولۇپ ئۆتكەن مۇلكىي ئەمەلدار ياۋرۇنېڭ ئەينى چاغدا ئۆز كۆزى بىلەن كۆرگەن ھەم تەكشۈرۈپ تەھقىقلىگەن ماتېرىياللارنى توپلاپ ئۈچ جىلدلىق «ئەن لۇشەن قىسسىسى» دېگەن ئەسەرنى يېزىپ چىققان. بۇ ئەن لۇشەن ھەققىدىكى بىرىنچى قول ماتېرىيال بولۇپلا

قالماي، ئەن لۇشەننىڭ جەمەتى ـ نەسەبى ئۇچۇنمۇ قىممەتلىك ماتېرىيال ھېسابلىنىدۇ.

جۇڭگو تارىخىدا ئۇزۇن سەلتەنەت سۈرگەن سۇلالىلەرنىڭ بىرى بولغان تاڭ سۇلالىسىدە 755 ـ يىلى ئەن لۇشەن، شى سى ـ مىڭ توپىلىڭى پارتلىدى. سەككىز يىل داۋاملاشقان يېغىلىقتا جۇڭگونىڭ ئىجتىمائىي ئىگىلىكى ئۇزۇل ـ كېسىل ۋەيران بول ـ دى. تاڭ سۇلالىسىمۇ زاۋاللىققا يۈزلەندى. توپىلاڭنىڭ باشلىقى ئەن لۇشەن ھەققىدە كېيىنكى چاغلاردا يەنى خانلار ئالمىشىپ، سۇلالىلەر يەڭگۈشلەنگەندىن كېيىنكى زامانلاردا يېزىلغان «كونا تاڭنامە» «يېڭى تاڭنامە»، «ئەلنى ئىدارە قىلىش ئۆرنەكلىرى» قا ـ تارلىق مەشھۇر ئەسەرلەردە مەخسۇس تەرجىمىھاللار تۇرغۇزۇلغان بولسىمۇ، يەنىلا ئەن لۇشەننىڭ زامانىدىشى ياۋرۇنىڭ يازغان «ئەن لۇشەن قىسسىسى» بۇ ھەقتىكى بىرىنچى قول ماتېرىيال ھېساب ـ لىنىدۇ.

مەزكۇر كىتابتىكى ئەن لۇشەننىڭ نەسەبى ۋە تۇغۇلۇشى ھەققىدىكى ئەپسانە مۇنداق:

«ئەن لۇشەن يىڭجۇلۇق شالغۇت غۇزلاردىن بولۇپ، ئەسلىي ئىسمى ئاتلاغسان. ئۇنىڭ ئاتىسى تۈركلەرنىڭ ئاشىدېل ئۇرۇقىدىن بولۇپ، ئەسلىدە بىر پېرىخۇن ئىكەن. ئۇنىڭ ئوغلى بولمىغاچقا، ئاتلاغسان ئۇرۇش تەڭرىسىگە تېۋىنىپتۇ، ئەن لۇشەن مانا مۇشۇ تەڭرىدىن ئاپىرىدە بوپتۇ. ئەن لۇشەن تۇغۇلغان كېچىسى ئالەم قىزىل نۇرغا پۈركىنىپتۇ، ئەتراپتىكى هايۋانلار ھۇۋلاپ ـ ھۆكىرىشىپ كېتىپتۇ، كۆككە قاراپ تۇرغانلار ئاقار يۇلتۇزدەك ئۇچقۇنلارنىڭ ئانا ياتقان چېدىر ئۈستىگە چۇشۇۋاتقانلىقىنى كۆ ـ رۈپتۇ. بۇ ئاجايىپ ئىش خېلى بىر مەزگىللەرگىچە داۋاملىشىپ ـ تۇ. ئانا بۇنى تەڭرىنىڭ كارامىتى دەپ قاراپ تۇغۇلغان ئوغلىغا ئۇرۇش تەڭرىسى ئاتلاغساننىڭ ئىسمىنى قويۇپتۇ. تۈركلەر ئۇ ـ رۇش تەڭرىسىنى ئاتلاغسان دەپ ئاتايدىكەن. ئۇ دادىسىدىن كىـ ـ چىك يېتىم قالغاچقا، ئانىسى بىلەن تۈركلەر ئارىسىدا چوڭ

بوپتۇ».

مانا مۇشۇنىڭدىن كېيىنكى بايانلار ئەن لۇشەننىڭ ئۆسۈپ يېتىلىش جەريانى، ئۇرۇشلاردا تاۋلىنىپ ھەربىي ۋەزىپە ئۆتىشى ھەمدە تاڭ سۇلالىسىدە مۇھىم ھەربىي ئەمەلدار دەرىجىسىگە كۆتۈرۈلۈپ توپىلاڭ كۆتۈرۈش ۋە باستۇرۇلۇش جەريانلىرى تەپسىلىي بايان قىلىنغان.

ئەن لۇشەننىڭ نەسەبى ۋە تۇغۇلۇشى ھەققىدىكى بۇ ئەپسانە ئۇيغۇر ۋە باشقا تۈركىي خەلقلەر ئەپسانىشۇناسلىقىدا ناھايىتى ئاز ئۇچرايدىغان قىممەتلىك ماتېرىياللارنىڭ بىرى. بولۇپمۇ ئەن لۇشەننىڭ نۇردىن تۆرىلىشى ۋە تۈركلەرنىڭ ئۇرۇش تەڭرىسىنى «ئاتلاغسان» دەپ ئاتايدىغانلىقى ھەققىدىكى مەلۇمات مۇشۇ تۇغرىدىكى يېگانە ئۇچۇر ھېسابلانسا كېرەك.

# تۈركلەرنىڭ يارالمىش ئەپسانىلىرى ۋە يوسۇنلىرى

ئىسمائىل مەگىلىك

كۆك تۈركلەر ئېلىمىزنىڭ شىمالىدا ياشىغان مىللەتلەرنىڭ بىرى. ئۇلار مىلادىيە 6 ـ ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىلىرىدا كۈچلۈك كۆك تۈرك خانلىقىنى قۇرۇپ [1]، 8 ـ ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىلىرىدا مەملىكىتىمىزنىڭ تارىخ سەھنىسىدىن چېكىنگەنگە قەدەر، ئىلگىرى ـ كېيىن بولۇپ 200 يىلدىن ئارتۇق ھۆكۈم سۈردى. بۇ جەرياندا ئۇلار ئېلىمىزنىڭ شىمالىنى بىرلىككە كەلتۈرۈش ۋە ئېچىش جەھەتتە زور تۆھپە كۆرسىتىپلا قالماستىن، شەرق بىلەن غەرب ئوتتۇرىسىدىكى سىياسىي، ئىقتىسادىي مۇناسىۋەت ۋە مەدەنىيەت ئالماشتۇرۇش جەھەتلەردىمۇ ئاجايىپ زور تۆھپىلەرنى قوشقانىدى.

ئېلىمىزنىڭ قەدىمكى تارىخىي ئەسىرى «جۇنامە»دە تۈركلەرنىڭ كېلىپ چىقىشى ۋە ئۆرپ ـ ئادەتلىرى توغرىسىدا قىزىقارلىق مەلۇماتلار بېرىلگەن بولۇپ، بۇ مەلۇماتلار بىزنىڭ پايدىلىنىشىمىزغا ۋە شۇ ئاساستا يەنىمۇ ئىلگىرىلىگەن ھالدا تەتقىق قىلىشىمىزغا ئەرزىيدۇ.

«جۇنامە. تۈركلەر ھەققىدە قىسسە»دە تۈركلەرنىڭ كېلىپ چىقىشىدىن تارتىپ خانلىق قۇرۇشقىچە بولغان جەريان تۆۋەندىكىدەك بايان قىلىنىدۇ:

تۈركلەر ئەسلىدە ھۇنلارنىڭ ئايرىم بىر نەسلىدىن بولۇپ، ئۆز فامىلىلىرىنى ئاشنا دەپ ئاتاپ، ئۆز ئالدىغا ئايرىم قەبىلىلەرنى تەشكىل قىلغان. كېيىن قوشنا خانلىق تەرىپىدىن مەغلۇپ

قىلىنىپ، پۈتۈن نەسلى بويىچە قىرىپ تاشلانغان. ئۇلاردىن پەقەت ئەمدىلا 10 ياشقا كىرگەن بىر كىچىك بالىلا تىرىك قالغان. لەشكەرلەرنىڭ ئۇنى ئۆلتۈرۈۋېتىشكە قولى بارماي پۇتىنى كېسىۋېتىپ، ئاندىن سازلىققا تاشلىۋەتكەن. بىر چىشى بۆرە ئۇنى تېپىۋېلىپ گۆش بىلەن باققان، بالا چوڭ بولغاندىن كېيىن، بۇ ئىككىسى ئوتتۇرىسىدا جىنسىي مۇناسىۋەت يۈز بېرىپ، نەتىجىدە بۆرە ھامىلىدار بولۇپ قالغان. ھېلىقى خانلىقنىڭ خانى بۇ بالىنىڭ تېخى ھايات ئىكەنلىكىنى ئاڭلىغاندىن كېيىن، ئۇنى كۆز-دىن يوقىتىش ئۈچۈن يەنە ئادەم ئەۋەتكەن. ئۇنى ئۆلتۈرۈشكە ئەۋەتىلگەن ھېلىقى كىشى ئۇنىڭ يېنىدا بىر بۆرىنىڭ تۇرغانلىقىنى كۆرۈپ، ئۇنىمۇ ئۆلتۈرمەكچى بولغاندا، بۆرە شۇ ھامان قېچىپ، قوچۇ خانلىقىنىڭ شىمالىدىكى تاغقا بېرىۋاپتۇ. تاغ ئوتتىدە بىر ئۆڭكۈر بولۇپ، ئۆڭكۈر ئىچىدە ئەتراپى پۈتۈنلەي تاغلار بىلەن ئورالغان، ئايلانمىسى نەچچە يۈز چاقىرىم كېلىدىغان، بولۇق ئۆسكەن ئوت - چۆپلەر بىلەن قاپلانغان بىر تۈزلەڭلىك بار ئىكەن. بۆرە مۇشۇ جايدا پاناھلىنىپ يېتىپ 10 ئوغۇل تۇغۇپتۇ. بۇ ئوغۇللار چوڭ بولغاندىن كېيىن، ئۆڭكۈرنىڭ سىرتىغا چىقىپ، ئۆيلۈك - ئوچاقلىق بولۇشۇپتۇ. خوتۇنلىرى ھامىلىدار بولۇپ، بالىلار تۇغۇلۇپتۇ. شۇنىڭدىن ئېتىبارەن ھەر بىر ئوغۇل ئۆز ئالدىغا ئايرىم فامىلە ئىشلىتىشكە باشلاپتۇ. شۇلارنىڭ ئىچىدىكى بىرسى ئاشنا دېگەن فامىلىنى ئىشلەتكەنىكەن. ئۇلارنىڭ ئەۋلادلىرى ئۇزلۇكسىز كۆپىيىپ، نەچچە يۈز تۈتۈنگە يېتىپتۇ. ئارىدىن بىر قانچە ئەۋلاد ئۆتكەندىن كېيىن، ئۇلار كەيىنى - كەينىدىن ئۆڭكۈردىن چىقىپ، رورانلارغا بېقىندى بولۇپ ياشاپتۇ ھەمدە ئالتۇنتاغ (ئالتاي تېغى)نىڭ جەنۇبى تەرىپىگە ئورۇنلىشىپ، رورانلار ئۈچۈن تۆمۈر تاۋلىغۇچى قۇل بولۇشۇپتۇ. ئالتۇنتاغنىڭ شەكلى دۇبۇلغىغا ئوخشايدىكەن، كىشىلەر ئادەتتە دۇبۇلغىنى «تۈرك» دەپ ئاتايدىكەن، مانا مۇشۇ سەۋەبتىن ئۇلار تۈرك دېگەن بۇ سۆزنى ئۆزلىرىنىڭ نامى قىلىشىپتۇ.

يەنە بەزىلەرنىڭ ئېيتىشىچە، تۈركلەرنىڭ ئەجدادلىرى ئەسلىدە «شۇ» ئېلىدىن كېلىپ چىققان بولۇپ، ھۇنلارنىڭ شىمالى قىسمىدا ياشايدىكەن. بۇ قەبىلىنىڭ ئاقساقىلىنىڭ ئىسمى ئاپام بىرۇك بولۇپ، بۇلار جەمئىي 17 ئاكا - ئۇكا ئىكەن. بۇلارنىڭ ئىچىدە ئېركىن نىشىدۇ ئىسىملىك بىرسى بۆرىدىن تۇغۇلغانكەن. ئاپام بىرۇك قاتارلىقلار تۇغۇلۇشىدىنلا ئەقىل - پاراسەتسىز بولغانلىقتىن، خانلىق ئاخىر مۇنقەرىز بولۇپتۇ. ئېركىن نىشىدۇنىڭ مىجەز - خاراكتېرى تۇغۇلۇشىدىنلا ئۆزگىچە ئىكەن، ھەتتا بوران - يامغۇرنىمۇ چاقىرىپ كېلەلەيدىكەن. ئۇ ئىككى خوتۇن ئېلىپتۇ، بىرسى ياز ئىلاھىنىڭ قىزى، يەنە بىرسى قىش ئىلاھىنىڭ قىزى ئىكەن. ئۇلار ھامىلىدار بولۇپ، ئوخشاش بىرلا ۋاقىتتا تۆت ئوغۇل تۇغۇپتۇ. ئۇلارنىڭ ئىچىدە بىرسى ئاققۇغا ئايلىنىپ كېتىپتۇ، يەنە بىرسى ئاپار دەرياسى بىلەن كەم دەرياسى ئارىلىقىدا دۆلەت قۇرۇپ، نامىنى قىرغىز دەپ ئاتاپتۇ. يەنە بىرسى كۆك دەرياسى بويىدا دۆلەت قۇرۇپتۇ. يەنە بىرسى كۆك يىش تېغىغا ماكانلىشىپتۇ. بۇ تاغنى ماكان قىلغانلار نىشىدۇنىڭ چوڭ ئوغلى ئىكەن. بۇ تاغدا يەنىلا ئاپام بىرۇكنىڭ قەۋمى ياشايدىكەن. بۇ جايدا يەنە دائىم قىرو ئۈششۈكى پەيدا بولىدىكەن. چوڭ ئوغۇل ئۇلارغا ئوت كەشىپ قىلىپ بېرىپ، قەھرىتان سوغۇقتىن ئامان - ئېسەن ئۆتۈۋېلىشى ئۈچۈن ئىمكانىيەت يارىتىپ بېرىپتۇ. مۇشۇ ئىش سەۋەبىدىن كۆپچىلىك بىردەك چوڭ ئوغۇلنى ئۆزلىرىگە باشلىق قىلىپ سايلاپ، «تۈرك» دەپ ئاتىشىپتۇ. تۇغلۇق شات دېگەن مانا مۇشۇ كىشى ئىكەن. تۇغلۇق 10 خوتۇن ئېلىپتۇ، تۇغۇلغان بالىلارنىڭ ھەممىسى قەبىلە نامىنى ئۆزلىرىگە فامىلە قىلىشىپتۇ. ئاشىنا بولسا ئۇنىڭ كىچىك خوتۇنىدىن تۇغۇلغان ئوغۇل ئىكەن. تۇغلۇق شات ئۆلگەندىن كېيىن، 10 خوتۇندىن تۇغۇلغان ھەرقايسى بالىلار ئۆزلىرى ئىچىدىن بىرسىنى باشلىق سايلىماقچى بولۇشۇپ، ھەممىسى بىر تۈپ چوڭ دەرەخنىڭ ئاستىغا يىغىلىشىپتۇ. ئاد-

ـدىن ئۇلار: كىمدىكىم مۇشۇ دەرەخنىڭ بويىنى بويلاپ ئەڭ ئېـ-
گىزگە سەكرىيەلىسە شۇ باش بولسۇن، دەپ كېلىشىم تۈزۈپتۇ.
ئاشنانىڭ ئوغلى گەرچە كىچىك بولسىمۇ، لېكىن ئەڭ ئېگىزگە
سەكرەپتۇ، شۇنىڭ بىلەن ھەر قايسى ئوغۇللار ئۇنى ئۆزلىرىگە
باشلىق قىلىپ سايلاپ ئاشنا شات دەپ ئاتاپتۇ.

ئاشنا شاتتىن كېيىنكىسى تارىختا تۇمەن قاغان دەپ ئاتالغان
بولۇپ، بۇ چاغدا تۈرك قەبىلىلىرى كۈندىن كۈنگە كۈچىيىشكە
باشلىغانىدى. مىلادىيە 545 ـ يىلى شىمالىي جۇ پادىشاھلىقىنىڭ
تەيزۇ خانى ۋېيتەي ئايۇچۈەنلىڭ غۇز ئاننوپانتونى تۈركلەرگە
ئەلچى قىلىپ ئەۋەتتى. مىلادىيە 546 ـ يىلى تۇمەنمۇ ئەلچى ئە-
ۋەتىپ سوۋغا ـ سالام تەقدىم قىلدى. ئاردىن ئۇزۇن ئۆتمەيلا
تۇمەن تېلې قەبىلىلىرى ئۈستىگە يۈرۈش قىلىپ، 50 مىڭ تۈ-
تۈندىن ئارتۇق تېلې ئاھالىسىنى ئۆزىگە قوشۇۋالدى. 551 ـ يىلى
1 ـ ئايدا تۇمەن قوشۇن تارتىپ چىقىپ رورانلارغا قارشى يۈرۈش
قىلىپ، روران خانى ئاناغاينى ئۆزىنى ئۆلتۈرۈۋېلىشقا مەجبۇر
قىلدى، شۇنىڭ بىلەن تۇمەن ئۆزىنى ئېل قاغان دەپ ئاتىدى. بۇ
قەدىمكى ھۇنلارنىڭ تەڭرىقۇتى بىلەن ئوخشاش ئىدى. ئايالىنى
خاتۇن دەپ ئاتىدى. بۇمۇ قەدىمكى ھۇنلار تەڭرىقۇتىنىڭ ئالچىسى
بىلەن ئوخشاش ئىدى. تۇمەن ئۆلگەندىن كېيىن، ئوغلى كۇلۇگ
تەختكە ئولتۇردى. ئۇ ئېل ئىشىگ قاغان دەپ ئاتالدى. كۇلۇگ
ئۆلگەندىن كېيىن، ئۇنىڭ ئىنىسى ئېركىن تەختكە چىقىپ مۇ-
قان قاغان دەپ ئاتالدى.

ئېركىننىڭ يەنە بىر ئىسمى يەندۇ ئىدى. ئېيتىلىشىچە ئۇ-
نىڭ بەدەن تۈزۈلۈشى ۋە قىياپىتى ئۆزگىچە بولۇپ، يۈزىنىڭ
كەڭلىكى بىر چىدىن ئاشىدىكەن، تېرىسى قىپقىزىل بولۇپ،
كۆزلىرى خۇددى رەڭدار ياقۇتتەك چاقناپ تۇرىدىكەن. مىجەزى
چۇس ھەم قەيسەر بولۇپ، ئۆمرىنىڭ كۆپ قىسمىنى ھەربىي يۈ-
رۈشلەردە ئۆتكۈزگەنىكەن.

ئېركىن غەربكە يۈرۈش قىلىپ ئېفتالىتلارنى مەغلۇپ قىلد-

غان، شەرققە يۈرۈش قىلىپ قىتانلارنى قوغلىۋەتكەن. شىمالدا قىرغىزلارنى ئۆزىگە قوشۇۋالغان، شۇ ئارقىلىق سەددىچىنىنىڭ شىمالىدىكى ھەر قايسى خانلىقلارنى قورال كۈچى بىلەن ئۆزىگە بويسۇندۇرغان. نەتىجىدە ئۇنىڭ زېمىنى شەرقتە لياۋخې دەرياسى-نىڭ غەربىدىن غەربتە ئابىسكۇن دېڭىزى(بۈگۈنكى كاسپىي دې-ڭىزى — ت)غىچە بولغان 10 مىڭ چاقىرىمدىن ئارتۇق ئارىلىق-نى، جەنۇبتا قۇملۇقنىڭ شىمالىدىن، شىمالدا بايقال كۆلىگىچە بولغان 5000 — 6000 چاقىرىم يەرنى ئۆز ئىچىگە ئالغان غايەت زور خانلىقنى شەكىللەندۈرگەن.

يۇقىرىدا بايان قىلىنغانلىرى تۈركلەرنىڭ كېلىپ چىقىشى-دىن تارتىپ خانلىق قۇرۇشىغىچە بولغان ئارىلىقتىكى ئەھۋاللاردۇر.

ئەمدى قەدىمكى تۈركلەرنىڭ ئۆرپ - ئادىتى توغرىسىدىكى ئەھۋاللارغا كەلسەك «جۇنامە. تۈركلەر ھەققىدە قىسسە»دە تۆۋەن-دىكىدەك بايان قىلىنىدۇ:

تۈركلەر ئادەتتە چاچلىرىنى ئۆرۈمەيتتى، كىيىملىرىنىڭ پەشلىرى سول تەرەپكە ئېچىلاتتى، كىگىز ئۆيلەردە ئولتۇراتتى. سۇ ۋە ئوتلاق قوغلىشىپ، كۆچۈپ - قونۇپ يۈرۈشەتتى. ئاساس-لىقى چارۋىچىلىق ۋە ئوۋچىلىق بىلەن شۇغۇللىناتتى. قېرىلارنى پەس كۆرۈپ، قىران يىگىتلەرنى ئەتىۋارلايتتى. قائىدە - يوسۇن دېگەنلەر بىلەن كارى يوق ئىدى، بەئەينى قەدىمكى زاماندىكى ھۇنلارنىڭ ئۆزى ئىدى. تۈركلەرنىڭ قاغانى دەسلەپ تەختكە چى-قىدىغان چاغدا ئۇنىڭ يېقىنلىرى ۋە مۇھىم ۋەزىرلىرى ئۇنى كىگىزگە ئولتۇرغۇزۇپ، قۇياشقا قاراپ توققۇز قېتىم ئايلان-دۇراتتى. ھەربىر قېتىم ئايلانغاندا ۋەزىردىن تۆۋەن دەرىجىلىك-لەرنىڭ ھەممىسى ئۇنىڭغا تەزىم بەجا كەلتۈرەتتى. تازىم قىلىش ئاياغلاشقاندىن كېيىن، قاغاننى يۆلەپ ئاتقا مىنگۈزۈپ، شايى پوتا بىلەن ئۇنىڭ بوينىنى نەپسى ئۈزۈلۈپ قالمىغۇدەك دەرىجىدە مە-لۇم ۋاقىت بوغقاندىن كېيىن، ئاندىن قويۇۋېتىپ دەرھال ئۇنىڭ-دىن: «قانچە يىل قاغان بولالايسىز؟» دەپ سورايتتى. بۇچاغدا قا-

غان تېخى ئەس ـ ھوشىنى تولۇق يىغىپ بولالمىغانلىقى ئۈچۈن زادى قانچە يىل قاغان بولالايدىغانلىقى توغرىسىدا ئېنىق بىر نەرسە دەپ بېرەلمەيتتى. ۋەزىردىن تۆۋەندىكىلەر ئۇنىڭ ئاغزىدىن چىققان سۆزلەرگە ئاساسلىنىپ تۇرۇپ، تەختتە ئولتۇرۇش ۋاقتىنىڭ ئۇزۇن ياكى قىسقا بولىدىغانلىقىنى ئىسپاتلىشاتتى. قاغاندىن كېيىنكى چوڭ ئەمەلدارلار يابغۇ دېيىلەتتى. ئۇنىڭدىن كېيىنكىسى ئېلتەبىر، ئۇنىڭدىن كېيىنكىسى تۇدۇن دەپ ئا-تىلاتتى. بۇلاردىن تۆۋەندە يەنە 28 دەرىجىگە ئايرىلغان ئۇششاق ئەمەلدارلار بار ئىدى. ئۇلارنىڭ ھەممىسى ئۆز مەنسەپلىرىنى ئەۋلادتىن ئەۋلادقا مىراس قالدۇراتتى. ئۇرۇش قوراللىرىدىن ساداق (ئوقيا)، نەيزە، قىلىچ قاتارلىقلار بار بولۇپ، قىسقا شەمشەرنى زىننەت بۇيۇمى ئورنىدا يانلىرىغا ئېسىپ يۈرۈشەتتى. بايراقلىرىغا زەر يىپ بىلەن بۆرىنىڭ باش سۈرىتىنى كەشتىلىۋالاتتى. مۇلازىمەتچى ۋە مۇھاپىزەتچى ئەسكەرلەرنى بۆرە دەپ ئاتىشاتتى. بۇنداق دېيىشتىكى ئاساسلىق سەۋەب: ئۆزلىرىنىڭ بۆرىدىن تۆرەلگەنلىكىنى ئۇنتۇپ كەتمەسلىك ئۈچۈن بولسا كې-رەك. ئۇلار ئەسكەرلىككە ئېلىنغان ئادەم ۋە باج ئورنىدا يىغىۋې-لىنغان تۇرلۇك چارۋا ماللارنىڭ سانىنى ياغاچقا ئويۇپ قوياتتى ھەمدە ئۇنى ئالتۇندىن ياسالغان بىر تال ئوقيا ئۇچى بىلەن قو-شۇپ موم بىلەن پېچەتلىگەندىن كېيىن، ئۈستىگە تامغا بېسىپ، ئۆز ئارا كېلىشىم ئورنىدا ساقلىشاتتى.

ئۇلارنىڭ جازا قانۇنىدا ئاسىيلىق قىلغۇچىلارغا، ئادەم ئۆل-تۈرگەن ۋە باشقىلارنىڭ ئايالىغا باسقۇنچىلىق قىلغۇچىلارغا، ئات چۇشەيدىغان چىدەر ئوغرىلىغۇچىلارغا ئۆلۈم جازاسى بېرىلەتتى. باشقىلارنىڭ قىزىنى ئاياغ ئاستى قىلغۇچىلارغا نۇرغۇن مال ـ مۈلۈك جەرىمانە قويۇپ، قىزنى خوتۇنلۇققا ئېلىشقا بۇيرۇتتى. ئادەمنى ئۇرۇپ يارىلاندۇرغۇچىلارغا ئەھۋالىنىڭ ئېغىر ـ يېنىك-لىكىگە قاراپ، مال ـ مۈلۈك جەرىمانە قويۇلاتتى، ئات ۋە باشقا ھەرخىل نەرسە ـ كېرەكلەرنى ئوغرىلىغۇچىلاردىن 10 ھەسسى-

ـدىن ئارتۇق تۆلـەم تۆلـتىۋېلـىناتتى.
ئادەم ئۆلگەندىن كېيىن، چېدىرنىڭ ئىچىگە ياتقۇزۇپ قـو-يۇلاتتى. ئاندىن ئۆلگۈچىنىڭ ئۇرۇق ـ تۇغقانلىـرى ھەر قايسىسى ئۆز ئالدىغا قوي ۋە ئاتلارنى قۇربانلىق قىـلىپ، ئۇ نـەرسىلەرنـى چېدىرنىڭ ئالدىغا تىزىپ، نەزىر ـ چىراغ ئۆتكۈزەتتى ھەمدە ئات-قا مىنىپ چېدىر ئەتراپىنى يەتتە قېتىم ئايلىناتتى. ھەربىر ئاي-لىنىپ چېدىرنىڭ ئىشىكى ئالدىغا كەلگەندە پىچاق بىلەن يۈزلى-رىنى تىلىپ، هازا ئېچىشاتتى. يۈزلىـرىدىن ئاقـقان قانلار كـۆز ياشلىرى بىلەن ئارىلىشىپ كېتەتتى. بۇ ئىش ئۇدا يەتتـە قېتـىم تەكرارلانغاندىن كېيىن، ئاندىن بولدى قىلىشاتتى، تاللانغان كۈن يېتىپ كەلگەندە، ئۆلگۈچىنىڭ ھايات چېغىـدا مىنگەن ئېتـى ۋە ئىشلەتكەن نەرسىلىرى بىلەن قوشۇپ كۆيدۈرگەندىـن كېيىـن، ئۇنىڭ جەسەت كۈلىنى مۇۋاپىق مەزگىلگە (پەسىلگـە) كەلگەنـدە ئاندىن دەپنە قىلاتتى. ئەتىيازدا ياكى يازدا ئۆلگەن ئادەمنى ئـوت ـ چۆپ ۋە دەل ـ دەرەخلەرنىڭ يوپۇرماقلىرى سارغىيىپ چۈشۈشكە باشلىغاندا، كۈزدە ياكى قىـشتا ئۆلـگەن ئادەمنـى بولسا، گـۈل ـ چېچەكلەر تازا ئېچىلغان چاغدا ئاندىن قەبرە كولاپ دەپنە قىـلات-تى. دەپنە قىلىنىدىغان كۈنى ئۆلگۈچىنىڭ ئۇرۇق ـ تۇغقانلىـرى خۇددى دەسلەپ ئۆلگەن چاغدىكىگە ئوخشاش يەنە نەزىر ـ چىـراغ ۋە ئات بەيگىسى ئۆتكۈزۈپ، يۈزلىـرىنى تىـلىشاتـتى. دەپنە مـۇرا-سىمى ئاياغلاشقاندىن كېيىن، قەبرە ئۈستىگە تاش قوپۇرۇپ بەل-گە قىلىپ قوياتتى. قوپۇرۇلغان تاش سانىنىڭ ئـاز ـ كۆپلـۈكـى ئۆلگۈچىنىڭ ھـايات چېغـىدا ئۆلتـۈرگەن ئادەم (دۈشمـەن ـــ ت) سانىغا ۋەكىللىك قىلاتتى. بۇنىڭدىن باشقـا يەنە قۇربـانلىق قى-لىنغان قوي ۋە يىلقىلارنىڭ باشلىرىنى قەبرە تېشىنىڭ ئۈستى-گە قويۇپ قوياتـتى. بۇ كۈنـى ئەر ـ ئايالـلارنىڭ ھەمـمىسى ئـەڭ ئېسىل كـىيىملىرىنى كـىيىشىپ دەپنە مۇراسىمى ئۆتكۈزۈلگـەن جايغا يىغىلىشاتتى، ياش يىگىتلەر ئۆزلىـرىگە يارىـغان قىزلارنـى كۆرسە، قايتىپ بارغاندىن كېيىن قىز تەرەپكە ئەلچى ئەۋەتىپ،

توي قىلىشقا پۈتۈشەتتى. ئاتا ـ ئانىلىرى ئادەتتە قارشىلىق بىلـ ـدۈرمەيتتى. ئاتىسى، ئاكىسى، تاغىسى ئۆلسە، ئوغلى قاتارلىقلار ئۆزلىرىنىڭ ئۆگەي ئانىسىنى، هامىسىنى ياكى يەڭگىسىنى ئۆز ئەمرىگە ئالاتتى. بىراق چوڭلارنىڭ كىچىكلەرنىڭ تۇل قالغان ئا ـ ياللىرىنى ئېلىشىغا يول قويۇلمايتتى.

گەرچە داۋاملىق كۆچۈپ ـ قونۇپ يۈرۈشسىمۇ، لېكىن هەر ـ قايسىسىنىڭ ئۆزلىرىگە تەئەللۇق يەرلىرى (ئوتلاقلىرى) بولاتتى. قاغان دائىم دېگۈدەك ئۆتۈكەن تېغىدا تۇراتتى. ئۇنىڭ ئوردىسىـ ـنىڭ ئىشىكى شەرققە قارىتىپ ئېچىلغانىدى، بۇ ئېهتىمال قۇ ـ ياشنىڭ شەرقتىن چىقىدىغانلىقىنى هۆرمەتلىگەنلىك بولسا كېـ ـرەك. قاغان هەر يىلى قول ئاستىدىكى ئاقسۆڭەكلەرنى ئەگەشتۈ ـ رۈپ، ئەجدادلىرى تۇرغان ئۆڭكۈرگە كېلىپ، نەزىر ـ چىراغ ئۆتكۈزەتتى. 5 ـ ئاينىڭ ئوتتۇرىلىرىغا كەلگەندە يەنە باشقىلار ـ دىن سۇ يىغىپ كېلىپ، كۆك تەڭرىگە ئاتاپ نەزىر ـ چىراغ ئۆتـ ـكۈزەتتى. ئۆتۈكەن تېغىدىن 500 چاقىرىم يىراقلىقتا، يىراق ـ تىنلا كۆزگە چېلىقىدىغان بىر ئېگىز تاغ بولۇپ، ئۇنىڭدا هېچ ـ قانداق گىياھ ئۈنمەيتتى، تۈركلەر بۇ تاغنى بوز تەڭرى دەپ ئا ـ تىشاتتى. بۇ خۇاشيا (خەنزۇ) تىلىدا يەر ئىلاهى دېگەنلىك ئىدى. تۈركلەرنىڭ يېزىقى غۇزلارنىڭكىگە ئوخشاپ كېتەتتى. لېكىن كالېندارچىلىقتىن خەۋىرى يوق بولۇپ، پەقەت ئوت چۆپلەر كۆ ـ كىرىشكە باشلىغان چاغنى يىلنىڭ باشلىنىشى هېسابلايتتى.

ئىزاهاتلار:

① مەرھۇم تارىخشۇناس ئەنۋەر بايتۇر: «شىنجاڭدىكى مىللەتلەرنىڭ تارىخى» دېگەن ئەسىرىدە: «بۇ چاغدا تۈركلەرنىڭ ‹كۆك› دېگەن نامى بىلەن ئاتىلىشى ئاساسەن ئۇلارنىڭ ئەنئەنىۋى شامان دىنى ئېتىقادى بويىچە ئا ـ سىيا تۈركىي قەبىلىلىرىنىڭ شەرقىدە ياشىغانلىقى، شۇنداقلا ئۇلارنىڭ كۆك تەڭرىگە ئېتىقاد قىلىدىغانلىقى ۋە كۆك بۆرىنى ئۇلۇغلايدىغانلىقى بىلەن مۇناسىۋەتلىك بولسا كېرەك» دەپ يازىدۇ.

② «جۇنامە» (周 书) تاڭ سۇلالىسى دەۋرىدە لىڭ خۇدېفېن قاتار ـ

لىقلار تەرىپىدىن يېزىلغان تارىخىي ئەسەر بولۇپ، جەمئىي 50 جىلدتىن تەركىب تاپقان. مەزكۇر كىتاب تاڭ تەيزۇڭ (لى شىمىن)نىڭ جېنگۇەن 10 ـ يىلى (مىلادىيە 636 ـ يىلى) يېزىلىپ پۈتكەن بولۇپ، ئۇنىڭدا ئا- ساسلىقى شىمالىي جۇ سۇلالىسىنىڭ تارىخى بايان قىلىنىدۇ. بۇ كىتاب بىزنى ئېلىمىزنىڭ شىمالىدا باش كۆتۈرۈپ، كېيىنكى مەزگىللەردىكى قۇدرەتلىك كۆك تۈرك خانلىقىنى قۇرغان تۈركلەرنىڭ ئېتنىك مەنبەسى ۋە ئۆرپ ـ ئادەتلىرى توغرىسىدا ئەڭ دەسلەپكى بىرىنچى قول ماتېرىيال بىلەن تەمىنلەيدۇ.

# ئۇچ ۋىلايەت ئىنقىلابى مەزگىلىدىكى پوچتا ـ تېلېگراف ئەھۋالى

رېشىت راخمان

1944 ـ يىلى 11 ـ ئاينىڭ 12 ـ كۈنى ئۇچ ۋىلايەت ۋاقىتلىق ھۆكۈمىتى قۇرۇلغانلىقى جاكارلانغاندىن كېيىن، 12 ـ ئاينىڭ 12 ـ كۈنى ھۆكۈمەتنىڭ ھەر قايسى ئىدارىلىرى تەسىس قىلىندى. شۇ قاتاردا غۇلجا پوچتا ـ تېلېگراف ئىدارىسىمۇ قۇرۇلدى. جاۋىت مۇسابايېف ئىدارە باشلىقى، مالىك بېكتېمىروف، مۇھەممەتجان ئېلىيېفلار مۇئاۋىن ئىدارە باشلىقى بولۇپ تەيىنلەندى. پوچتا ـ تېلېگراف ئىدارىسىدە كاتىبات باشقارمىسى، پوچتا باشقارمىسى ۋە تېخنىكا باشقارمىسى تەسىس قىلىندى.

ئۇچ ۋىلايەت ئىنقىلابىنىڭ تەرەققىياتىغا ئەگىشىپ، تارباغاتاي، ئالتاي ۋىلايەتلىرىدە ۋىلايەتلىك پوچتا ـ تېلېگراف ئىدارىسى، ناھىيىلەرنىڭ ھەممىسىدە دېگۈدەك ناھىيىلىك پوچتا ـ تېلېگراف ئىدارىسى قۇرۇلدى. شىنجاڭ تىنچلىق بىلەن ئازاد بولغانغا قەدەر ئىلى ۋىلايىتىنىڭ قورغاس، سۈيدۈڭ، نىلقا، توققۇزتارا، قىزىلكۈرە (تېكەس)، كۈنەس، موڭغۇلكۈرە، سۇمۇل (چاپچال)، بۆرتالا، جىڭ، ئارشاڭ ناھىيىلىرى، تارباغاتاي ۋىلايىتىنىڭ چاغانتوقاي، تولى، دۆربىلجىن، ساۋەن، شىخو، قوبۇقسار ناھىيىلىرى، ئالتاي ۋىلايىتىنىڭ بۇرۇلتوقاي، بۇرچىن، قابا، جېمەنەي، كۆكتوقاي، چىڭگىل ناھىيىلىرىدە پوچتا ـ تېلېگراف ئىدارىسى قۇرۇلدى.

ئۇچ ۋىلايەت ئىنقىلابى مەزگىلىدىكى پوچتا ـ تېلېگراف ئورگانلىرىدا سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ پوچتا تۈزۈمى يۈرگۈزۈلۈپ،

پوچتا بىلەن تېلېگرافنى بىرلەشتۈرۈش يولغا قويۇلغان. ئورگانلارنىڭ ھەممىسى ھۆكۈمەتكە تەۋە ئىدى. غۇلجا پوچتا ـ تېلېگراف ئىدارىسى ۋاقىتلىق ئىنقىلابىي ھۆكۈمەت مالىيە نازارىتىنىڭ قارىمىقىدا بولۇپ، ئۆز ئالدىغا ھېسابات يۈرگۈزمەيتتى. كىرىمىنىڭ ھەممىسى يۇقىرىغا تاپشۇرۇلاتتى، چىقىم ھۆكۈمەت مالىيىسىدىن قەرز بېرىلەتتى.

ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابى مەزگىلىدىكى پوچتا ـ تېلېگراف ئورۇنلىرى خەت ـ ئالاقە (ئاددىي خەت ھەم زاكاز خەت)، پوسۇلكا (خالتا)، گېزىت ـ ژۇرنال تارقىتىش ۋە سوۋېت ئىتتىپاقىغا ئەۋەتىلىدىغان خەلقئارا خەت ـ ئالاقە قاتارلىق كەسپلەرنى بېجىرەتتى.

ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابى مەزگىلىدىكى پوچتا ـ تېلېگراف ئورۇنلىرى ھەرخىل قائىدە ـ تۈزۈم ۋە كەسپىي جەھەتتىكى ئىشلاردا، ئاساسەن جۇڭگونىڭ پوچتا تۈزۈمىنى، مەمۇرىي باشقۇرۇش جەھەتلەردە سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ مۇناسىۋەتلىك باشقۇرۇش تۈزۈملىرىنى قوللىناتتى.

ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابى ھۆكۈمىتى بىلەن گومىنداڭ دائىرىلىرىنىڭ ئېلىپ بارغان تىنچلىق سۆھبىتى نەتىجىسىدە 1946 ـ يىل 7 ـ ئاينىڭ 1 ـ كۈنى شىنجاڭ ئۆلكىلىك بىرلەشمە ھۆكۈمەت قۇرۇلدى. شۇنىڭدىن كېيىنكى مەزگىل ئىچىدە ئۈچ ۋىلايەت بىلەن گومىنداڭ ھۆكۈمرانلىقىدىكى رايونلار ئوتتۇرىسىدا پوچتا ـ تېلېگراف ئالاقىسى يولغا قويۇلدى. بۇ مەزگىلدە ئۈچ ۋىلايەت تەۋەسىدىكى پوچتا ـ تېلېگراف ئورۇنلىرىنىڭ خىراجەتلىرى شىنجاڭ ئۆلكىلىك پوچتا ـ تېلېگراف باشقۇرۇش ئىدارىسىدىن چىقىم قىلىپ بېرىلدى. پوچتىغا ئىشلىتىلىدىغان جەدۋەل، ھۆججەت، تالون قاتارلىق كەسپىي ماتېرىياللارمۇ شىنجاڭ ئۆلكىلىك پوچتا ـ تېلېگراف باشقۇرۇش ئىدارىسىدىن تەمىنلەپ بېرىلدى ۋە جۇڭگونىڭ پوچتا تۈزۈمى ھەم باھا ئۆلچەملىرى قوللىنىلدى.

ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابى مەزگىلىدىكى پوچتا ـ تېلېگىراف ئورۇنلىرىنىڭ ھەق ھېسابلاش تۈزۈمى ۋە پوچتا ماركىسى جە ـ ھەتتىن ئالغاندا، ئۈچ ۋىلايەت ۋاقىتلىق ئىنقىلابى ھۆكۈمىتى 1945 ـ يىل 1 ـ ئايدا 100 دوللار، 300 دوللار، 500 دوللار ۋە 1000 دوللارلىق ۋاقىتلىق ھۆكۈمەت ئاقچىسى تارقاتقان بولۇپ، ئۇنىڭ خەجلىنىش قىممىتى ئەسلىدىكى گومىنداڭ ئاقچىسى بى ـ لەن ئوخشاش ئىدى. بۇ چاغدا ئۈچ ۋىلايەت تەۋەسىدىكى پوچتا ـ تېلېگراف ئورۇنلىرى ئاي ـ يۇلتۇز سۈرىتى چۈشۈرۈلگەن قىم ـ مىتى بەش دوللار، ئون دوللارلىق پوچتا ۋە باج ئىشلىرىدا ئوخ ـ شاش ئىشلىتىشكە بولىدىغان بىر يۈرۈش پوچتا ماركىسى تارقات ـ قان، ئۇنىڭ قىممىتى 1945 ـ يىلىنىڭ باشلىرىدىكى جۇڭخۇا مەملىكەتلىك پوچتا ئىدارىسىنىڭ ھەق ھېسابلاش ئۆلچىمىگە مۇۋاپىق كېلەتتى.

1945 ـ يىل 9 ـ ئاينىڭ 15 ـ كۈنى ئۈچ ۋىلايەت ۋاقىتلىق ئىنقىلابىي ھۆكۈمىتى گومىنداڭنىڭ 15 خىل پوچتا ماركىسى ـ نىڭ ئۈستىگە ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىي ھۆكۈمىتىنىڭ تامغىسىنى باسقاندىن كېيىن باھاسىنى ئۆرلەتمەي ئۈچ ۋىلايەت پوچتا مار ـ كىسىغا تەڭلەشتۈرۈپ ئىشلىتىش توغرىسىدا قارار چىقاردى.

1947 ـ يىلى 5 ـ ئايدا بىرلەشمە ھۆكۈمەت پارچىلىنىپ، ئۈچ ۋىلايەت ۋەكىللىرى غۇلجىغا قايتىپ كەتتى. شۇنىڭدىن كې ـ يىن ئۈچ ۋىلايەت تەۋەسى بىلەن گومىنداڭنىڭ ھۆكۈمرانلىقىدى ـ كى رايونلار ئوتتۇرىسىدىكى پوچتا ـ تېلېگراف ئالاقىسى يەنە ئۈزۈلۈپ قالدى. بۇ چاغدا ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابى ھۆكۈمىتى گو ـ مىنداڭ ئاقچىسىنىڭ بازاردىكى كۈچى ئاجىزلاپ، پۇل پاخاللىقى كېلىپ چىقىۋاتقان ئەھۋالغا تاقابىل تۇرۇش ئۈچۈن، ئۆز ئالدىغا ئاقچا ۋە پوچتا ماركىسى تارقىتىپ، پوچتا باھاسىنى تەڭشەشنى قارار قىلدى.

1948 ـ يىل 1 ـ ئاينىڭ 18 ـ كۈنى ئىلى ۋالىي مەھكە ـ مىسىنىڭ نامىدا پوچتا باھاسىنى تەڭشەش توغرۇلۇق بۇيرۇق

ئېلان قىلىندى. يەنى ئادەتتىكى خەتنىڭ ھەر 20 گرامىغا 150 دوللاردىن ھەق ئېلىش، 20 گرامدىن ئېشىپ كەتسە 100 دوللار قوشۇپ ھېسابلاش، زاكاز خەتنىڭ ھەر 20 گرامى ئۈچۈن 300 دوللار ھەق ئېلىش، ئېشىپ كەتكەن قىسمى ئۈچۈن يەنە 200 دوللار قوشۇپ ھەق ئېلىش، گېزىت ـ ژۇرنالنىڭ ھەربىر سانى-نىڭ تارقىتىش ھەققى ئۈچۈن بەش دوللار ھەق ئېلىش، پوسۇلكا (خالتا) ئۈچۈن ئۈچ ۋىلايەت دائىرىسى ئىچىدە ئون كىلوگرامنى ئاخىرقى چەك قىلىپ، ھەر بىر كىلوگرامغا ھەر كىلومېتىر ئۈچۈن بەش دوللار ھەق ئېلىش بەلگىلەندى.

ئۈچ ۋىلايەت تەۋەسىدىكى پوچتا ـ تېلېگراف ئورۇنلىرى 1949 ـ يىلى 2 ـ ئايدا «ئەمگەكچىلەر» ناملىق بىر يۈرۈش جەمئىي تۆت پارچە پوچتا ماركىسى تارقاتتى. ئۇنىڭ بىرىنچىسىگە زىيالىيلارنىڭ سۈرىتى چۈشۈرۈلگەن بولۇپ، قىممىتى 50 دوللار، ئىككىنچىسى ئەسكەرلەرنىڭ سۈرىتى چۈشۈرۈلگەن بولۇپ، قىممىتى 100 دوللار، ئۈچىنچىسىگە پوچتالىيونىنىڭ سۈرىتى چۈشۈرۈلگەن بولۇپ، قىممىتى 200 دوللار، تۆتىنچىسىگە كۆمۈركان ئىشچىلىرىنىڭ سۈرىتى چۈشۈرۈلگەن بولۇپ، قىممىتى 500 دوللار ئىدى.

ئۈچ ۋىلايەت تەۋەسىدىكى پوچتا ـ تېلېگراف ئورۇنلىرى شىنجاڭ ئازاد بولغانغا قەدەر مۇكەممەل تامغا ئىشلىتىپ ئۈلگۈرەلمىگەن بولۇپ، 1946 ـ يىلدىن باشلاپ ئانچە ئۆلچەملىك بولمىغان ياغاچ تامغا ئىشلىتىلىپ كەلگەن.

ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابى مەزگىلىدىكى پوچتا يوللىرى غۇلجا شەھىرىنى مەركەز قىلغان ھالدا ئەتراپقا تارالغان بولۇپ، غۇلجا شەھىرى بىلەن ياماتۇ ئارىلىقىدا كۈندىلىك پوچتا يوللانمىلىرى ئات بىلەن توشۇلاتتى. ياماتۇدا پوچتا يوللانمىلىرىنى ئالماشتۇرۇش بېكىتى بولۇپ، ئۇ يەردە توققۇز تارا، كۈنەس، قىزىلكۆرە، موڭغۇلكۆرەلەرنىڭ پوچتا يوللانمىلىرى ئالماشتۇرۇلاتتى. موڭغۇلكۆرە ئۆز پوچتا يوللانمىلىرىنى قىزىلكۆرەگە ئەۋەتىپ ئال-

ماشتۇرۇپ كېتەتتى. غۇلجا شەھىرى بىلەن سۇمۇل ئارىلىقىدا يەنە بىر پوچتا يولى بولۇپ، سۇمۇل ناھىيىسىنىڭ كۆندىلىك يوللانمىلىرى ئات بىلەن يەتكۈزۈلەتتى. غۇلجا شەھىرى بىلەن قورغاس ـ سۇيدۇڭ ئارىلىقىدىكى كۈندىلىك پوچتا يوللانمىلىرى ئاپتوموبىل بىلەن توشۇلىدىغان بولۇپ، ئۇ، سۇيدۇڭ، قورغاسقا ئەۋەتىلىدىغان پوچتا يوللانمىلىرىنى يەتكۈزەتتى. غۇلجا شەھىرى بىلەن مازار ئارىلىقىدا يەنە بىر پوچتا يولى بولۇپ، نىلقا ناھىيىسىنىڭ پوچتا يوللانمىلىرى شۇ يەردە ئالماشتۇرۇلاتتى. غۇلجا شەھىرى بىلەن شىخو ئارىلىقىدىكى پوچتا يوللانمىلىرى ئاپتوموبىل بىلەن توشۇلىدىغان بولۇپ، ئارشاڭ ناھىيىسىنىڭ پوچتا يوللانمىلىرى سەنتەي ئالماشتۇرۇش بېكىتىدە، بۆرتالانىڭ پوچتا يوللانمىلىرى ۋۇتەي ئالماشتۇرۇش بېكىتىدە ئالماشتۇرۇلاتتى. ئوخشاشلا جىڭ، شىخو، تارباغاتاي، ئالتايغا بارىدىغان ۋە ئۇ يەرلەردىن كېلىدىغان پوچتا يوللانمىلىرىمۇ شۇ يەردە ئالماشتۇرۇلاتتى. شىخو بىلەن ماناس ئارىلىقىدىكى پوچتا يوللانمىلىرى ئادەتتە مۇقىم بەلگىلىمە بويىچە يەتكۈزمەستىن، كۆپىنچە ۋەزىيەتكە ئىجرا قىلىش ئۈچۈن چىققان ھەربىي ئاپتوموبىللار ئارقىلىق توشۇلاتتى.

# ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابى مەزگىلىدىكى «جىنايەت قانۇنى» توغرىسىدا

قۇددۇس ئابدۇسەمەت

1944 ـ يىلى 9 ـ ئايدا شىنجاڭدىكى ئۇيغۇر، قازاق مىللىتىنى ئاساس قىلغان ھەر مىللەت خەلقى نىلقا ناھىيىسى ۋە غۇلجا شەھىرىدە گومىنداڭنىڭ ھۆكۈمرانلىقىغا قارشى قوراللىق قوزغىلاڭ كۆتۈردى. شۇ يىلى 11 ـ ئايدا غۇلجا شەھىرى ئازاد قىلىنىپ، ۋاقىتلىق ئىنقىلابىي ھۆكۈمەت قۇرۇلغانلىقى تەنتەنە بىلەن جاكارلاندى. ۋاقىتلىق ئىنقىلابىي ھۆكۈمەت قۇرۇلۇپلا، ئىچكى ئىشلار نازارىتى، تەپتىش نازارىتى، يۇقىرى سوت مەھكىمىسى، مالىيە نازارىتى، سەھىيە نازارىتى، دىنىي ئىشلار نازارىتى، ھەربىي تەمىنات ئىدارىسى، ترانسپورت ئىدارىسىگە ئوخشاش ئورگانلار تەسىس قىلىندى. بۇ ئىنقىلاب پۈتۈن شىنجاڭدىكى، خۇسۇسەن ئىلى، تارباغاتاي، ئالتايدىن ئىبارەت ئۈچ ۋىلايەت دائىرىسىدىكى ھەر مىللەت خەلقىنىڭ بىردەك قوللىشىغا ئېرىشكەنلىكى ئۈچۈن، قىسقىغىنە ۋاقىت ئىچىدىلا ھەرقايسى سەپلەردە زور غەلىبىلەر قولغا كەلتۈرۈلۈپ، تارباغاتاي، ئالتاي ۋىلايەتلىرىمۇ ئارقا ـ ئارقىدىن ئازاد قىلىندى. شىنجاڭ تارىخىدا «ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابى» دەپ ئاتالغان بۇ ئىنقىلاب «جۇڭگو يېڭى دېموكراتىك ئىنقىلابىنىڭ بىر قىسمى» بولۇپ قالدى.

ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابى ۋاقىتلىق ھۆكۈمىتى قۇرۇلغاندىن كېيىن، يېڭىدىن دۇنياغا كەلگەن خەلق ھاكىمىيىتىنى قوغداش ۋە مۇستەھكەملەش، خەلق قوراللىق كۈچلىرىنى كۈچەيتىپ، گومىنداڭ كۈچلىرىنىڭ ھۇجۇمىنى چېكىندۈرۈش، ئىتتىپاقلى-

شىشقا تېگىشلىك بارلىق كىشىلەر بىلەن ئىتتىپاقلىشىپ دۆش-
مەننى يوقىتىش، گومىنداڭ ھۆكۈمرانلىق قىلغان ۋاقىتتا بۇ-
زۇلغان جەمئىيەت تەرتىپىنى تېزدىن تۈزەپ، پۇقرالارنىڭ دې-
موكراتىيە - ئەركىنلىك ھوقۇقىنى تەمىن ئېتىش، جەمئىيەت-
نىڭ سىياسىي، ئىقتىسادىي ۋە ئىجتىمائىي جەھەتتىكى مۇقىم-
لىقىنى قولغا كەلتۈرۈش ۋە ساقلاش ئۈچۈن، ئۈچ ۋىلايەت ئىن-
قىلابى ۋاقىتلىق ھۆكۈمىتىنىڭ ئالىي ئەدلىيە مەھكىمىسى تە-
رىپىدىن «جىنايەت قانۇنى» تۈزۈپ چىقىلدى ھەم 1945 - يىلى
5 - ئاينىڭ 13 - كۈنى ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابى ۋاقىتلىق ھۆكۈ-
مىتى تەرىپىدىن تەستىقلىنىپ ئېلان قىلىندى. بۇ «جىنايەت قا-
نۇنى» جەمئىي يەتتە باب، 111 ماددىدىن تۈزۈلگەن بولۇپ، ئاخى-
رىغا ئىزاھلىق چۈشەندۈرۈش بېرىلگەن. تۆۋەندە بۇ قانۇننىڭ بە-
زى مۇھىم مەزمۇنلىرىنى قىسقىچە تونۇشتۇرۇپ ئۆتىمەن.

**پۇقرالارنىڭ ھوقۇقى ۋە مەجبۇرىيىتى**

«جىنايەت قانۇنى» دا ئالدى بىلەن پۇقرالارنىڭ ھوقۇقى ۋە
مەجبۇرىيەتلىرى ئوتتۇرىغا قويۇلغان بولۇپ، ھەر بىر پۇقرانىڭ
ھۆكۈمەت تەرىپىدىن بېرىلگەن ھوقۇققا تولۇق ئىگە بولۇشى ھەم
بۇ ھوقۇقنى توغرا تۇتۇشى، ھۆكۈمەتنىڭ ئەمرى بويىچە بەلگى-
لەنگەن پۇقرالىق مەسئۇلىيىتىنى سادىقلىق بىلەن ئادا قىلىشى
تەلەپ قىلىنغان.

پۇقرالارنىڭ ھوقۇقىغا كەلسەك، «جىنايەت قانۇنى» دا ئالدى
بىلەن ھەرقايسى مىللەتلەر، ئەر - ئاياللار ئوخشاشلا ھۆكۈمەتنىڭ
پۇقراسى ھېسابلىنىدىغانلىقى، ئۇلارنىڭ ھۆكۈمەتتە بىر كىشى-
لىك ئاۋازغا ئىگە ئىكەنلىكى ئېنىق ئوتتۇرىغا قويۇلغان. بۇ
پۇقرالارنىڭ سايلاش - سايلىنىشتىن ئىبارەت دېموكراتىك ھو-
قۇقى ئىدى. پۇقرالارنىڭ مەجبۇرىيىتىگە كەلسەك، «جىنايەت قا-
نۇنى»دا ھۆكۈمەت پۇقراسى بولغان ھەربىر كىشىنىڭ ھۆكۈمەت-
نىڭ ئومۇمىي ئەمىر - پەرمانلىرىنى ئۆز ۋاقتىدا ئىجرا قىلى-
شى ھەمدە ھۆكۈمەت تەرىپىدىن سېلىنغان ئالۋان - ياساقلارنى

ئۆز ۋاقتىدا تۆلىشى شەرت، دەپ بەلگىلەنگەن؛ يەنە بىر تەرەپ-تىن، ھۆكۈمەتنىڭ ئەمىر - پەرمانلىرىغا بويسۇنمىغانلار ھۆكۈ-مەت ۋە خەلق مەنپەئەتىگە زىيان يەتكۈزگەنلەر قاتارىدا بىرتەرەپ قىلىنىپ، ئۇلارغا جەرىمانە قويۇلىدىغانلىقى ھەم ئۇلارنىڭ جاۋابكارلىققا تارتىلىدىغانلىقى بەلگىلەنگەن. بۇ ئارقىلىق ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابى ۋاقىتلىق ھۆكۈمىتىنىڭ ئەمىر - پەرمانلىرى-نىڭ خەلق ئاممىسى ئىچىدە ۋاقتىدا ئورۇندىلىشىغا قانۇن جە-ھەتتىن ئاساس سېلىنغان.

«جىنايەت قانۇنى»دا: «ئومۇمىي خەلقنىڭ ھوقۇقى (قايىسى مىللەت بولۇشىدىن قەتئىينەزەر) باراۋەر، ئىككىنچى بىر كىشى-گە بىگۇناھ ئازار بەرگەنلەر ياكى بىرەر نەرسە دەپ قارا چاپلى-غانلار جاۋابقا تارتىلىدۇ» دەپ بەلگىلەنگەن. بۇ بەلگىلىمىدە قانۇن ئالدىدا ھەممە كىشىنىڭ باراۋەر ئىكەنلىكى، پۇقرالارنىڭ كىشى-لىك ئىززەت - ھۆرمىتىگە، قانۇنىي ھوقۇقىغا ۋە ئەركىنلىكىگە دەخلى - تەرۇز يەتكۈزگەن ۋە يەتكۈزۈشكە ئۇرۇنغانلارنىڭ قانۇ-نىي جازاغا تارتىلىدىغانلىقى ئېنىق كۆرسىتىلگەن.

**جىنايى ئىشلارنىڭ سورىلىشى**

«جىنايەت قانۇنى» دا جىنايى ئىشلارنى زىيانكەشلىككە ئۇچ-رىغان كىشى خەت ئارقىلىق ئەرز قىلغاندىن كېيىن تەكشۈرۈش بەلگىلەنگەن، ئەرز قىلغۇچىنىڭ ئۆزى تۇرۇشلۇق شەھەر، مەھەل-لىنى، نېمە ئىش توغرىسىدا ئەرز بېرىدىغانلىقىنى، جىنايەت قايسى جايدا، قانداق تەرتىپتە سادىر بولغانلىقىنى، گۇۋاھچىلار-نىڭ ئىسىم - فامىلىسى، تۇرار جايىنى ئېنىق يېزىپ، ئاخىرىدا قول قويۇشى، يىل، ئاي، كۈننى ئېنىق ئەسكەرتىشى تەلەپ قى-لىنغان. قانۇندىكى بەلگىلىمىلەرگە ئاساسەن، دەۋاگەر ئەرز قىل-غاندىن كېيىن جىنايەت ئۆتكۈزگۈچىنىڭ ئەنزىسى تۇرغۇزۇلات-تى، بۇنى تەكشۈرۈپ ئېنىقلاشقا سوراق ئورۇنلىرى (ساقچى ئىدارىسى، ھاكىم ئىدارىسىنىڭ تەكشۈرۈش بۆلۈملىرى) مەسئۇل بولاتتى. تەكشۈرۈش نەتىجىسىدە، جىنايەت ھۆكۈمىگە لايىق تې-

پىلسا، سوراق قىلىغان كىشى شۇ ئەنزە توغرىسىدا ئۆزىنىڭ پىكرىنى ۋە جىنايەتنىڭ مەزمۇنىنى يېزىپ باشلىقىغا تەستىقلاتـ قاندىن كېيىن سوتقا ئەۋەتىپ بېرەتتى. سوت ئورۇنلىرى يۇقىرىـ قى ئەھۋاللارنى ئەتراپلىق تەكشۈرۈپ، ئەرز قىلغۇچى ۋە ئەيىبـ لەنگۈچىگە مۇناسىۋەتلىك كىشىلەرنى چاقىرىپ، ئۇلاردىن ئەھۋالنى يۈزمۇيۈز تۇرۇپ سوراپ ئېنىقلىغاندىن كېيىن، ئاندىن ھۆكۈم چىقىراتتى.

ھەق تەلەپ ئىشلىرى ھەقىقىي ھۆججەتلىك ئىسپاتلار بىلەن بولسا، تەكشۈرۈش ئىشى يۈرگۈزۈلمەي، دەۋاگەر، جاۋابكار ۋە گۇۋاھچىلار چاقىرتىلىپ سورالغاندىن كېيىن، شۇ كۈنىلا ھۆـ كۈم چىقىرىلاتتى. ھۆكۈمنىڭ ئاخىرىغا ھەر ئىككى تەرەپنىڭ 14 كۈن ئىچىدە نارازىلىق ئەرزى بېرىش ھوقۇقى بولىدىغانلىقى ئەسكەرتىلەتتى. نارازىلىق ئەرز بېرىلسە ئەنزە ئالىي ئەدلىيە مەھكىمىسىگە ئەۋەتىپ بېرىلەتتى. ھۆججەتسىز پۇل دەۋا ئىشلىـ رى، مىراس، نىكاھ، مەسچىت، مەدرىسە ماجىرالىرى قانۇندىكى بەلگىلىمىلەر بويىچە مەھكىمە شەرئىيگە ئەۋەتىلىپ، شۇ ئورۇن ئارقىلىق ھەل قىلىناتتى (دىنىي ئىشلار نازارىتى قارىمىقىدا جايلاردا شەرئىەت مەھكىمىلىرى تەسىس قىلىنغانىدى). ئومۇمەن ئېيتقاندا، «جىنايەت قانۇنى» دا جىنايەتكە دائىر ئەرزلەرنى بىر تەرەپ قىلىش، جىنايەت ئەنزىلىرىنى ئېنىقلاش، جىنايەت ئۆتـ كۈزگۈچىنى تۇتۇپ تۇرۇش، قاماش، قامالغۇچىنى تەرگەۋ قىلىپ تەكشۈرۈش ۋە جىنايەتچىلەرگە جازا ھۆكۈم قىلىشقا ئوخشاش ئىشلارنىڭ قانۇنىي رەسمىيەت ـ تەرتىپلىرى ساقچى ئىدارىسى، ھاكىم ئىدارىسىنىڭ تەكشۈرۈش بۆلۈمى، سوت مەھكىمىسى، ئەدلىيە مەھكىمىسى، تۈرمە قاتارلىق ئورگانلارنىڭ ۋەزىپىسى، ھوقۇق دائىرىسى ۋە ئىش تەرتىپلىرى توغرىسىدا ئەتراپلىق، كونكرېت بەلگىلىمىلەر تۈزۈلگەن ھەمدە بۇ بەلگىلىمىلەر قانۇن تەلىپى بويىچە قاتتىق ئىجرا قىلىنغانىدى.

**سىياسىي جىنايەت**

«جىنايەت قانۇنى» دا ئۈچ ۋىلايەت دائىرىسىدە جاسۇسلۇق نىيىتىدە ھۆكۈمەتنىڭ مۇھىم كىشىلىرىگە سۈيىقەست قىلىش ئۈچۈن كەلگۈچىلەر، ئىككى ھۆكۈمەت ئوتتۇرىسىدا يامان نىيەت بىلەن سۆز توشۇغۇچىلار، ئوت قويغۇچىلار، زەھەر تاشلىغۇ- چىلار، ئادەم ئۆلتۈرگۈچىلەر، ھۆكۈمەت مەخپىيەتلىرىنى ۋە ئاخ- باراتىنى ئوغرىلىغۇچىلار، يامان نىيەت بىلەن تىل بىرىكتۈرۈپ، ھۆكۈمەتنىڭ مۇھىم ئورۇنلىرىغا بۇزغۇنچىلىق قىلغۇچىلار، ئامما ئارىسىدا ئاغزاكى ۋە تەشۋىق ۋەرەقىلىرى ئارقىلىق تەتۈر تەشۋىق تارقاتقۇچىلار، يامان نىيەتتە كۆپلەپ قورال - ياراغ ۋە ئوق - دورا ساقلىغۇچىلار سىياسىي جىنايەتچى دەپ قارىلىپ، ئۇلارغا جىنايى قىلمىشىنىڭ ئېغىر - يېنىكلىكىگە قاراپ جازا ھۆكۈم قىلىش بەلگىلەنگەن. مەسىلەن: «جىنايەت قانۇنى» دىكى ئالاقىدار بەلگىلىمىلەر بويىچە، ئىككى ھۆكۈمەت ئوتتۇرىسىدا يامان نىيەت بىلەن خەت - سۆز توشۇغۇچىغا سەككىز يىللىق؛ خەلق ئارىسىدا تەتۈر تەشۋىق تارقاتقۇچىغا سەككىز يىللىق قاماق جازاسى بېرىلەتتى؛ شۇ تەرىقىدىكى جىنايەتنى بىر نەچچە كىشى تىل بىرىكتۈرۈپ سادىر قىلسا، ئۆلۈم جازاسى بېرىلەتتى؛ يامان نىيەتتە كۆپلەپ قورال - ياراغ، ئوق - دورا ساقلىغۇچىلارغا ئۆ- لۈم جازاسى بېرىلەتتى.

**ئوغرىلىق جىنايىتى**

ئوغرىلىق جىنايىتى «جىنايەت قانۇنى» نىڭ 2 - بابى بو- لۇپ، 14 ماددىدىن تەركىب تاپقان. ئۇنىڭدا ئوغرىلىق جىنايىتى ئۆتكۈزگەنلەرگە جىنايىتىنىڭ ئېغىر - يېنىكلىكىگە قاراپ، قا- نۇننىڭ ئالاقىدار ماددىلىرى بويىچە پەرقلىق جازا بېرىش بەلگى- لەنگەن؛ بىردىن ئۈچكىچە چوڭ چارۋا ئوغرىلىغانلارغا بىر يىلدىن يەتتە يىلغىچە قاماق جازاسى بېرىش، بۇ جىنايەتنى ئىككىنچى قېتىم تەكرارلىسا، ئىككى يىلدىن يەتتە يىلغىچە قاماق جازاسى بېرىش؛ ئۈچتىن بەشكىچە چوڭ چارۋا ئوغرىلىغانلارغا ئىككى

يىلدىن يەتتە يىلغىچە قاماق جازاسى بېرىش، بۇ جىنايەتنى ئىككىنچى قېتىم تەكرارلىسا، ئۈچ يىلدىن يەتتە يىلغىچە قاماق جازاسى بېرىش؛ بەشتىن ئونغىچە چوڭ چارۋا ئوغرىلىغانلارغا بۇ جىنايەتنى ئىككىنچى قېتىم تەكرارلىسا، تۆت يىلدىن يەتتە يىلغىچە قاماق جازاسى بېرىش؛ كۆپلەپ مال ئوغرىلىغانلارغا ئوغرىلانغان مال سانىغا قاراپ بەش يىلدىن سەككىز يىلغىچە قاماق جازاسى بېرىش؛ بىرنەچچە كىشى تىل بىرىكتۈرۈپ كۆپلەپ مال ئوغرىلىسا ھەم مال ئىگىسىگە زىيان ـ زەخمەت يەتكۈزسە، ئۇلارغا يەتتە يىللىق قاماق جازاسىدىن ئۆلۈم جازاسىغىچە جازا بېرىش ھەمدە مال ئىگىسىنىڭ مىلىنى ئەينى بىلەن قايتۇرغۇزۇش، ئەگەر مالنىڭ ئەينى بولمىسا، مالنىڭ قىممىتىنى ھېسابلاپ پۇل ـ مال تۆلىتىش بەلگىلەنگەن؛ بۇنى ھەق تەلەپ ئىشى بويىچە ئەمەس، جىنايەت ئىشى بويىچە بىرتەرەپ قىلىش كۆرسىتىلگەن.

ئوغرىلىقنى كەسىپ قىلغۇچىغا، ئوغرىلانغان مال مىقدارىغا قاراپ، «جىنايەت قانۇنى» دا بەلگىلەنگەن جازانى تولۇق قوللىنىش كۆرسىتىلگەن، ئۇلار ئاز ھەم ئۇششاق ـ چۈششەك مال ئوغرىلىسا، ئالتە ئايدىن يەتتە يىلغىچە قاماش، بۇ جىنايەتنى ئىككىنچى قېتىم تەكرارلىسا، بىر يىلدىن يەتتە يىلغىچە قاماش بەلگىلەنگەن؛ قورال ئىشلىتىپ ئوغرىلىق قىلغۇچىلارغا «جىنايەت قانۇنى» نىڭ قانۇنسىز تۈردە يوشۇرۇن قورال ساقلاش جىنايىتىگە دائىر ماددىسى بىلەن ئوغرىلىق جىنايىتىگە دائىر ماددىسى بويىچە ئۆلۈم جازاسى بېرىش بەلگىلەنگەن؛ تام تېشىپ مال ـ مۈلۈك ئوغرىلىغۇچىلارنى مال ـ مۈلۈك ئىگىسىگە يەتكۈزگەن زىيىنىغا قاراپ جازالاش، بۇ خىل جىنايەتنى بىرقانچە كىشى تىل بىرىكتۈرۈپ شەكىللەندۈرسە ھەم مال ـ مۈلۈك ئىگىسىگە زىيان ـ زەخمەت يەتكۈزسە (يەنى جىنايەت ئۆتكۈزۈش جەريانىدا مال ـ مۈلۈك ئىگىسىنى ئۇرسا، باغلاپ قويسا، سولاپ قويسا ھەم قەبىھ ۋاسىتىلەرنى قوللانسا)، ئۇلارغا يەتتە يىللىق قاماق جازاسىدىن

ئۆلۈم جازاسىغىچە جازا بېرىش بەلگىلەنگەن؛ «جىنايەت قانۇنى» دا يەنە جەلىگورلۇك (يانچۇقچىلىق، ئالدامچىلىق) قىلغۇچىلارنى جازالاشقا دائىر كونكرېت بەلگىلىمىلەرمۇ تۈزۈلگەن.

ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابى ۋاقىتلىق ھۆكۈمىتى يەنە جەمئىيەت تەرتىپىنى ياخشىلاش، ئىگىلىكنى خاتىرجەم راۋاجلاندۇرۇش، ئاھالىلەرنىڭ ئامانلىقىغا كاپالەتلىك قىلىش ئۈچۈن مەخسۇس قانۇنلارنى تۈزگەن ۋە يولغا قويغاندىن باشقا، زۆرۈر تېپىلغاندا، ئايرىم قارارلارنىمۇ چىقىرىپ، ئۇنى ئۆز دائىرىسىدە ئىجرا قىلدۇرغاندى. مەسىلەن: ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابى ۋاقىتلىق ھۆكۈمىتىنىڭ 1946 ـ يىل 1 ـ ئاينىڭ 12 ـ كۈندىكى 198 ـ سانلىق بۇيرۇقىدا مۇنداق قارار چىقىرىلغان: «كېيىنكى كۈنلەردە شەھەر ۋە يېزا ـ قىشلاقلاردا جىنايەتكار ئۇنسۇرلار ئاكتىپ رەۋىشتە ھەرىكەتلىنىشكە باشلىغانلىقى سېزىلمەكتە، بۇ ئۇنسۇرلار ئاڭلىق ياكى ئاڭسىز رەۋىشتە دۆلەت بايلىقىغا زىيان يەتكۈزۈش بىلەن بىرلىكتە ئايرىم پۇقرالارنىمۇ ۋەيرانچىلىققا ئۇچراتماقتا. جىنايەتچى ئۇنسۇرلارنىڭ يەنىمۇ ئاكتىپلىشىپ كېتىشىنى توسۇش ۋە ئوغرىلىقنى يوق قىلىش مەقسىتى بىلەن ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابى ۋاقىتلىق ھۆكۈمىتى قارار قىلىدۇ:

1) ئوغرىلىقنى كەسىپ قىلىۋالغان تۈزۈلمەس ئوغرى ئۇنسۇرلار، تەشكىلىي رەۋىشتە بۇلاڭچىلىق قىلغۇچى گۇرۇھلارنىڭ باشلىقلىرى ۋە قورال بىلەن باسقۇنچىلار دۆلەت ئىقتىسادىغا زىيان سالغۇچى بولۇپ ھېسابلىنىپ، سىياسىي جىنايەتچىلەر قاتارىدا جاۋابكارلىققا تارتىلسۇن. بۇ ئىشقا ئىچكى ئىشلار نازارىتىنىڭ بارلىق كۈچى سەپەرۋەرلىككە كەلتۈرۈلسۇن. تەرگەۋ ئىشلىرى ئىككى ھەپتە ئىچىدە پۈتتۈرۈلۈپ، ھۆكۈم چىقىرىش ئىشى ئىلى ۋىلايىتىدە ئالىي ئەدلىيە مەھكىمىسىگە، تارباغاتاي ھەم ئالتاي ۋىلايەتلىرىدە ۋىلايەتلىك ئەدلىيە مەھكىمىلىرىگە تاپشۇرۇلسۇن.

2) ئۇشبۇ قارارنىڭ 1 ـ ماددىسىدا كۆرسىتىلگەن جىنايەتچىلەر ئۈستىدىكى تەرگەۋ ئىشلىرى ئالىي ئەدلىيە مەھكىمىسى

تەرىپىدىن تاپشۇرۇۋېلىنغان كۈندىن باشلاپ ئۈچ كۈن ئىچىدە پۈتتۈرۈلسۇن، ئوغرىلىقنى كەسىپ قىلىۋالغان تۈزەلمەس ئۇزسۇرلارغا، تەشكىللىي رەۋىشتە ئوغرىلىق قىلغۇچىلارغا، ئادەم ئۆلتۈرۈش ياكى باشقا زورلۇق ئۇسۇللىرىنى قوللىنىپ تەشكىللىي رەۋىشتە بولغان بۇلاڭچىلىققا ئىشتىراك ئەتكۈچىلەرگە ئالىي جازا — ئۆلۈم جازاسى بېرىلسۇن، قالغان ئوغرىلارغا ئۈچ يىللىق قاماق جازاسىدىن تارتىپ ئالىي جازاغىچە جازا بېرىلسۇن.

3) ئۇشبۇ قارارنىڭ 2 ـ ماددىسىغا بىنائەن ئالىي جازاغا ھۆكۈم قىلىنغان جىنايەتچىلەرنىڭ ھۆكۈم قارارلىرى ۋىلايەتلىك ئورۇنلاردا ۋالىي تەستىقىدىن ئۆتكۈزۈلسۇن، شۇنداقلا ئۇ جىنايەتچىلەردىن ئەپۇ قىلىش[①] توغرۇلۇق ھېچبىر ئىلتىماس قوبۇل قىلىنمىسۇن، بۇلارنىڭ ماللىرىدىن ئائىلىلىرىگە بىرئاز مىقداردا قالدۇرۇلۇپ، قالمىش ماللىرى مۇسادىرە قىلىنسۇن. ئوغرىلىۋېلىنغان ماللىرى تەكشۈرۈلگەندىن كېيىن ئىگىلىرىگە قايتۇرۇلسۇن.

4) ئۇشبۇ قارارنىڭ 2 ـ ماددىسىغا بىنائەن ھۆكۈم قىلىنىپ قاماققا ئېلىنغانلار ئېغىر خىزمەتكە سېلىنسۇن، قېچىپ كەتكەنلەرگە قاتتىق جازا قوللىنىلسۇن، بۇ ھوقۇقلار ئىچكى ئىشلار نازارىتىگە تاپشۇرۇلسۇن.

5) ئوغرىلىق ھەم بۇلاڭچىلىق جىنايەتلىرى توغرىسىدا تەرگەۋ يۈرگۈزۈش ھەم ھۆكۈم چىقىرىشتا پەقەت ئۇشبۇ قارار قوللىنىلسۇن.

6) بارلىق ئىدارە خىزمەتچىلىرىگە ۋە پۇقرالارغا جىنايەت ئۈستىدىكى ئوغرىلارنى تۇتۇپ، ئوغرىلانغان ماللىرى بىلەن بىرلىكتە ساقچى ئىدارىلىرىگە تاپشۇرۇشقا ھوقۇق بېرىلسۇن.

7) ئۇشبۇ قارار گېزىتكە ئېلان قىلىنىپ، خەلق مەجلىس-

---

① ئەپۇ قىلىش ئىلتىماسى — جىنايەتچىگە قانۇن بويىچە جازا بېرىلگەندىن كېيىن، جىنايەتچىنىڭ يۇقىرى ئورگانغا ئۆزىگە بېرىلگەن جازانى يېنىكلىتىش، كەچۈرۈم قىلىش، قايتا تەكشۈرۈش توغرىسىدا ئىلتىماس قىلىشى ئەپۇ قىلىش ئىلتىماسى دېيىلەتتى.

لىرىدە ئوقۇلۇپ چۈشەندۈرۈلسۇن.
8) ئۇشبۇ قارار كېيىنتكە ئېلان قىلىنغان كۈندىن ئېتىبارەن قوللىنىلسۇن ھەمدە بۇ قارار ئېلان قىلىنغان ۋاقىتتا ئىش تەۋ-گەۋ دەۋرىدە ياكى ئەدلىيە مەھكىمىسىدە قارىلىۋاتقان 2 ـ ماددىدا كۆرسىتىلگەن جىنايەتچىلەرمۇ ئەيىبلەنسۇن.

خىزمەت ئۇستىدىكى جىنايەتلەر

ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابى ۋاقىتلىق ھۆكۈمىتىنىڭ كادىرلىرى، ئىشچى ـ خىزمەتچىلىرىدىن خىزمەتتىكى قولايلىق پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ ھۆكۈمەت پۇلىنى ئورۇنسىز سەرپ قىلغۇچىلار، ھۆكۈمەت پۇلىنى يوقىتىپ قويغۇچىلار، ھۆكۈمەت خىزمىتىگە سۇسلۇق قىلىپ تەشكىلگە زىيان كەلتۈرگۈچىلەر، باشقىلارنىڭ ئىشىنى پۈتتۈرۈپ بېرىش ھېسابىغا پارا ئالغانلار، پارا بەرگۈچىلەر، ھۆكۈمەت ئىدارىلىرىنىڭ ئابرۇيىنى تۆككۈچىلەر، باشقا كىشىلەرنىڭ ئۈستىدىن يالغان ئەرز بەرگۈچىلەر، ئۆز خىزمىتىگە تايىنىپ ھۆكۈمەتنىڭ مال ـ مۈلكىنى شەخسىي پايدىسىغا ئېلىۋالغانلار، گۇرۇھ بولۇپ تىل بىرىكتۈرۈپ يۇقىرىقى جىنايەتنى سادىر قىلغۇچىلار، قۇۋلۇق، ئالدامچىلىق ئۇسۇللىرى بىلەن ھۆكۈمەت ۋە شەخسلەرنىڭ مال ـ مۈلكىنى ئېلىۋېلىشقا ئۇرۇنغۇچىلارنىڭ ھەممىسى «جىنايەت قانۇنى» دا خىزمەت ئۇستىدە جىنايەت ئۆتكۈزگۈچىلەر ھېسابلىناتتى. بۇ خىلدىكى جىنايەتلەرنى ئۆتكۈزگۈچىلەر قىلمىشىنىڭ ئېغىر ـ يېنىكلىكى، تەشكىلگە ۋە شەخسكە كەلتۈرگەن زىيىنىنىڭ ئاز ـ كۆپلۈكى، تەسىرىنىڭ چوڭ ـ كىچىكلىكى ھەمدە پوزىتسىيىسىنىڭ ياخشى ـ يامانلىقىغا قاراپ «جىنايەت قانۇنى» نىڭ ئالاقىدار ماددىلىرى بويىچە جاۋابقا تارتىلىپ جازالىناتتى. مەسىلەن: ھۆكۈمەت خىزمىتىنى ئىشلەپ تۇرۇپ، ھۆكۈمەت پۇلىنى ئورۇنسىز سەرپ قىلغۇچىلارغا ئورۇنسىز سەرپ قىلىنغان پۇل مىقدارىغا قاراپ بىر يىلدىن يەتتە يىلغىچە قاماق جازاسى بېرىلەتتى؛ ھۆكۈمەت پۇلىنى قەستەن يوقاتقانلارنىڭ جىنايىتى گۇۋاھچىلار بىلەن ئىس-

پاتلانسا، بۇ جىنايەت شۇ كىشىلەر تەرىپىدىن تەكرارلانغان بولسا ياكى يوقالغان پۇل مىقدارى كۆپ بولسا، ئۇلارغا ئېغىر جازا، ھەتتا ئۆلۈم جازاسى بېرىلەتتى. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، يو-قالغان پۇل پۇل يوقاتقۇچىنىڭ خۇسۇسىي مۈلكىدىن ئۇندۇرۇۋې-لىناتتى. يۇقىرىدىكى جىنايەت «جىنايەت قانۇنى» دا خىزمەتكە سەل قاراش نەتىجىسىدە تۇغۇلغان جىنايەت دەپ بېكىتىلگەنىدى. كادىر، ئىشچى - خىزمەتچىلەر ئۆز ۋەزىپىسىنى سۇسلۇق قىلىپ ياخشى ئورۇندىمىسا، بۇ جىنايەتنى قەستەن سادىر قىلغان بولسا، ئۇلارنىڭ خىزمەتكە يەتكۈزگەن تەسىرىگە ۋە خىزمەت دەرىجىسىدە-گە قاراپ جاۋابقا تارتىلىپ، بىر يىلدىن سەككىز يىلغىچە قاماققا ھۆكۈم قىلىناتتى؛ ئەگەر خىزمەتچى خادىملار ئۆزئارا تىل بىرى-رىكتۈرۈپ ھۆكۈمەت خىزمىتىگە سۇسلۇق قىلسا، ئۇلار خىز-مەتكە يەتكۈزگەن تەسىرىگە ۋە خىزمەت دەرىجىسىگە قاراپ قانۇن بويىچە ئېغىر جازالىناتتى؛ مۇشۇ خىلدىكى جىنايەتنى خىزمەت ھوقۇقىغا تايىنىپ قايتا تەكرارلىسا، ئۇلار ئىككى ھەسسە ئاشۇ-رۇپ جازالىناتتى؛ خىزمەتتىكى خادىملار شەخسلەرنىڭ ئىشىنى پۈتتۈرۈپ بېرىش ھېسابىغا پارا ئالغان بولسا، ئۇلارغا پارا ئالغان پۇلنىڭ سانىغا ۋە خىزمەت دەرىجىسىگە قاراپ بىر يىلدىن بەش يىلغىچە قاماق جازاسى بېرىلەتتى، بۇ خىلدىكى ئىشلار شۇ كى-شىلەر تەرىپىدىن ئىككىنچى قېتىم تەكرارلانسا ياكى پارا ئالغان پۇل سانى كۆپ بولسا، ئېغىرلىتىپ جازا بېرىلەتتى؛ پارا ئالغۇ-چى پارا ئالغانلىقىنى ۋاقتىدا تېگىشلىك ئورۇنغا مەلۇم قىلغان ھەمدە ئالغان نەرسىلىرىنى مەھكىمىگە تاپشۇرغان بولسا، مەزكۇر كىشى جاۋابكارلىقتىن ئاقلىنىپ، پارا بەرگۈچىگە «جىنايەت قا-نۇنى» بويىچە بىر يىلدىن بەش يىلغىچە قاماق جازاسى بېرىلەت-تى؛ ئەگەر پارا بەرگۈچى ۋە ئۇنى قوبۇل قىلغۇچىنى باشقا ئادەم پاش قىلسا، پارا بەرگۈچى ۋە پارىنى قوبۇل قىلغۇچىغا ئوخشاشلا بىر يىلدىن بەش يىلغىچە قاماق جازاسى بېرىلەتتى ھەمدە پارا ئالغان پۇل ئومۇمنىڭ ھېسابىغا ئېلىناتتى.

خىزمەتچى خادىملار ئىككىنچى بىر كىشىنىڭ ئۇستىدىن يالغان ئەرز بەرسە، ئەرزنىڭ يالغانلىقى ھەقىقەتەن ئىسپاتلانسا، قانۇن بويىچە تەنقىد جازاسى ھەم ئالتە ئايدىن بىر يىلغا قەدەر قاماق جازاسى بېرىلەتتى؛ بىرقانچە خىزمەتچى ئۆزئارا تىل بىرىكتۇرۇپ باشقا بىراۋنىڭ ئۇستىدىن يالغان ئەرز بەرسە، بەرگەن ئەرزنىڭ مەزمۇنىغا قاراپ ئايرىم ـ ئايرىم ھالدا بەش يىلغىچىلىك قاماق جازاسى بېرىلەتتى. خىزمەتچى خادىملار ئۆز خىزمىتىگە تايىنىپ ئومۇمنىڭ مال ـ مۈلكىنى ئۆزىنىڭ شەخسىي مەنپەئەتى ئۈچۈن ئېلىۋالغان بولسا، ئېلىۋېلىنغان مال ـ مۈلۈكنىڭ مىقدارىغا ۋە شۇ كىشىنىڭ خىزمەت دەرىجىسىگە قاراپ، ئېلىۋېلىنغان مال ـ مۈلۈك قايتۇرۇپ ئېلىنغاننىڭ سىرتىدا، ئۇلارغا توققۇز ئايدىن ئۈچ يىلغىچىلىك قاماق جازاسى بېرىلەتتى. ئەگەر مۇشۇنداق جىنايەتنى بىرقانچە كىشى تىل بىرىكتۇرۇپ قىلغان بولسا، ئۇلارغا بىر يىلدىن تۆت يىلغىچە قاماق جازاسى بېرىلەتتى.

**ھۆكۈمەتنىڭ ئەمر ـ پەرمانلىرىغا بويسۇنمىغانلارغا بېرىلىدىغان قانۇنىي جازا**

«جىنايەت قانۇنى» نىڭ بۇ قىسمىدا، ئاساسەن، ھەربىي خىزمەتكە چاقىرىشقا بويسۇنمىغۇچىلار[①] ھەربىي خىزمەتتىن قاچقۇچىلار، قېچىشقا ياردەم بەرگۈچىلەر، ھەربىي خىزمەتتىن قۇتۇلۇش ئۈچۈن ئۆزىنى ھەربىي خىزمەت ئىشلەشكە يارىمايدىغان قىلىپ قويغۇچىلار، ھۆكۈمەت ئىدارىلىرىدىن كەلگەن ئەمىر ـ

① ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابى ۋاقىتلىق ھۆكۈمىتى ئىنقىلاب غەلىبىسىنى مۇستەھكەملەش ئۈچۈن، مۇنتىزىم مىللىي ئارمىيە قۇرۇشنى قارار قىلغان، شۇنداقلا 1945 ـ يىلى 1 ـ ئاينىڭ 5 ـ كۈنى ئۆتكۈزگەن 4 ـ سانلىق يىغىن قارارىنىڭ 7 ـ ماددىسىغا ئاساسەن، مۇنتىزىم قوشۇن تەشكىل قىلىشتىن بۇرۇن ھەربىي ئىدارە قۇرۇشنى بەلگىلىگەن. شۇنىڭ بىلەن ئىلگىرىكى پارتىزانلار شتابى ھەربىي ئىدارىگە ئۆزگەرتىلگەن. 2 ـ ئاينىڭ 2 ـ كۈنى ئۆتكۈزۈلگەن ئىنقىلابىي ۋاقىتلىق ھۆكۈمەتنىڭ 19 ـ سانلىق يىغىنىدا ھەربىي سەپكە چاقىرىش قانۇنى ماقۇللىنىپ ئېلان قىلىنغان. ئۇنىڭدا: «ناھىيە، شەھەرلەردە ھەربىي خىزمەت ئىدارىلىرى قۇرۇلىدۇ، يېشى 18 دىن 22 گىچە بولغان يۇقرالار مىللەت ئايرىماي ھەربىي سەپكە چاقىرىلىدۇ، ھەربىي خىزمەت مۇددىتى ئۈچ يىل بولىدۇ» دەپ بەلگىلەنگەن.)

پەرمانلارنى ئۆز ۋاقتىدا ئورۇندىماي سەل قارىغۇچىلار، جازا ھوۋ-كۇم قىلىنىپ تۈرمىگە ئېلىنغاندىن كېيىن قاچقانلار، تۈرمىدىن قېچىشقا يول كۆرسەتكۈچىلەر، تۈرمىدىن قېچىش ۋاقتىدا ھوۋ-كۈمەت مال ـ مۈلكىگە ۋە خىزمەتچى خادىملارغا زىيان يەتكۈز-گەنلەر، ھۆكۈمەت تەرىپىدىن مەنئى قىلىنغان زەھەرلىك بوۋ-يۇملار (ئەپيۇن، كۆكنار، نەشە ۋە باشقىلار) نى ئىشلىگۈچىلەر ۋە بۇ خىلدىكى زەھەرلىك چېكىملىكلەرنى چەككەنلەر، ساتقانلار، تېرىغانلار، بىر دۆلەتتىن يەنە بىر دۆلەتكە رۇخسەتسىز ئۆتكەن-لەر، ئۆز ئالدىغا رۇخسەتسىز قورال ـ ياراغ، ئوق ـ دورا ساقلى-غۇچىلار، سوراق ئورۇنلىرىدا باشقا بىراۋ ئۈستىدىن غەرەزلىك ھالدا يالغان گۇۋاھلىق بەرگۈچىلەر، ئۇرۇش ۋاقىتلىرىدا شەخ-سىي پايدىنى كۆزلەپ ئولجا ئالغۇچىلارنى ھۆكۈمەتنىڭ ئەمىر ـ پەرمانلىرىغا بويسۇنمىغۇچىلار دەپ قاراپ، قانۇن بويىچە جازالاش بەلگىلەنگەن. مەسىلەن: «جىنايەت قانۇنى» دىكى بەلگىلىمىلەرگە ئاساسەن، ھەربىي سەپتىن قاچقۇچىلارغا ئۈچ ئايدىن بىر يىلغىـ-چە قاماق جازاسى بېرىش؛ ھۆكۈمەتنىڭ يۇقىرى دەرىجىلىك ئىدارىلىرىدىن كەلگەن مۇھىم ئەمىر ـ پەرمانلارنى ۋاقتىدا ئو-رۇندىماي، سۇسلۇق قىلغانلارغا ۋە ئۇنىڭغا بويسۇنمىغانلارغا ئىككى يىلغىچە قاماق جازاسى بېرىش؛ تۈرمىدىن قاچقۇچىلارغا، تۈرمىدىن قېچىش جەريانىدا تۈرمىنى بۇزۇپ ياكى تۈرمە تاملىرى-نى تېشىپ، ھۆكۈمەت مال ـ مۈلكىگە ھەمدە شەخسلەرنىڭ هايا-تى ۋە مال ـ مۈلكىگە زىيان كەلتۈرگەنلەرگە قىلمىشىغا قاراپ ئالتە ئايلىق قاماق جازاسىدىن ئۆلۈم جازاسىغىچىلىك جازا ھوۋ-كۇم قىلىش؛ تۈرمىدىن قېچىش جەريانىدا تۈرمىدىكى باشقا جىنا-يەتچىلەرنىمۇ ئازدۇرۇپ بىللە ئېلىپ قېچىپ كەتكەنلەرگە بۇرۇن-قى قاماق مۇددىتىگە قوشۇپ، بىر يىللىق قاماق جازاسىدىن ئۆ-لۈم جازاسىغىچىلىك جازا ھۆكۈم قىلىش. ھۆكۈمەت خىزمەتچىد-لىرىدىن ھۆكۈمەت مەنئى قىلغان نەشە، ئەپيۇن، كۆكنار قاتارلىق زەھەرلىك نەرسىلەرنى تېرىغان، ياسىغان، ساتقان ۋە چەككەنلەر-

گە، قىلمىشنىڭ ئېغىر ـ يېنىكلىكىگە قاراپ، بىر يىلدىن ئىككى يىلغىچە قاماق جازاسى بېرىش ۋە ئۇ كىشىنى ھۆكۈمەت خىزمىتىدىن بوشىتىش بەلگىلەنگەن؛ بىر دۆلەتتىن ئىككىنچى بىر دۆلەت زېمىنىغا قانۇنسىز ئۆتكەنلەرگە ئالتە ئايدىن ئىككى يىلغىچە قاماق جازاسى بېرىش ھەمدە باجنى بىر ھەسسىدىن بەش ھەسسىگىچە ئۆستۈرۈپ جەرىمانە قويۇش؛ مۇشۇ ئىشنى شۇ كىشى يەنە تەكرارلىسا، ئىككى يىلغىچە قاماق جازاسى بەرگەننىڭ سىرتىدا، ئېلىپ ماڭغان بارلىق ماللىرىنى مۇسادىرە قىلىش بەلگىلەنگەن. ھۆكۈمەتنىڭ رۇخسىتىنى ئالماي قورال ـ ياراغ، ئوق ـ دورا ساقلىغانلارغا بىر يىلغىچىلىك، بىر نەچچە كىشى تىل بىرىكتۈرۈپ كۆپلىگەن قورال ـ ياراغ، ئوق ـ دورا ساقلىغانلارغا ئۈچ يىلغىچىلىك قاماق جازاسى ھۆكۈم قىلىش؛ سوراق ئورۇنلىرىدا باشقىلارغا سۈيىقەستلىك مەقسەت بىلەن يالغان گۇۋاھلىق بەرگەنلەرگە، باشقىلارغا تۆھمەت قىلىپ ھۆكۈمەت ئىدارىلىرىگە ئەرز بەرگەنلەرگە قىلمىشىغا قاراپ مۇۋاپىق جازا بېرىش؛ ئورۇش ۋاقىتلىرىدا ئۆزىنىڭ خۇسۇسىي پايدىسىنى كۆزلەپ ئولجا ئالغانلارغا بىر يىلغىچە قاماق جازاسى بېرىش ھەمدە ئۇلارنىڭ ئولجا ئالغان ماللىرىنى پۈتۈنلەي ھۆكۈمەت ئىلكىگە ئۆتكۈزۈۋېلىش بەلگىلەنگەن.

**يالغان ھۆججەت ياساش جىنايىتى**

«جىنايەت قانۇنى» دا گۇرۇھ بولۇپ تىل بىرىكتۈرۈپ، يالغان ھۆججەت بىلەن ھۆكۈمەت قارىمىقىدىن مال ـ مۈلۈك ئالغانلار، يالغان پۇل ياسىغانلار، ھۆكۈمەت تەرىپىدىن پۇل ھېسابىدا چىقىرىلغان چەكنى بۇزغانلار، چەك قىممىتىنى ئۆزگەرتكەنلەر، ئوردېن، ھەربىي كىيىم بەلگىلىرى قاتارلىقلارنى يالغاندىن ياسىغانلارنى يالغان ھۆججەت ياساش جىنايىتىنى شەكىللەندۈرگۈچىلەر دەپ ھېسابلاپ قانۇن بويىچە جازالاش بەلگىلەنگەن. بۇ ئارقىلىق يالغان ھۆججەت ياساپ ئومۇمنىڭ مەنپەئىتىگە زىيان يەتكۈزگۈچىلەرگە ئۇنۇملۇك زەربە بېرىلگەن. مەسىلەن: بىرنەچ-

چە كىشى ئۆزئارا تىل بىرىكتۈرۈپ يۇقىرىدىكى جىنايەتنى سادىر قىلسا، ئېغىرلىتىپ چارە كۆرۈلگەن، ئۇلارنىڭ يالغان ھۆججەت بىلەن ئالغان مال ـ مۈلكى ناھايىتى كۆپ بولسا تېخىمۇ ئې-غىرراق جازا بېرىش؛ ھىيلە ـ مىكىر بىلەن ئىدارە باشلىقلىرى-نىڭ كۆزىنى بوياپ ھۆججەت ئېلىپ مال ـ مۈلۈك ئالغۇچىلارغا ئالغان مال ـ مۈلۈكنىڭ مىقدارىغا ھەمدە مال ئالغۇچىنىڭ ئەھۋالىغا قاراپ ئۈچ ئايغىچە قاماق جازاسى بېرىش، ئەگەر شۇ يول بىلەن ئالغان مال ـ مۈلۈكنىڭ مىقدارى ناھايىتى كۆپ بول-سا، ئۈچ يىلغىچە قاماق جازاسى بېرىش بەلگىلەنگەن. «جىنايەت قانۇنى» دا يەنە ھۆكۈمەت پۇلىغا ئوخشىتىپ يالغان پۇل ياسىغۇ-چىلارغا بەش يىللىق قاماق جازاسىدىن ئۆلۈم جازاسىغىچە جازا بېرىش، ھۆكۈمەت پۇل ھېسابىدا چىقارغان چەكنى بۇزغۇچىلار، چەك قىممىتىنى ئۆزگەرتكۈچىلەرنى دۆلەت مالىيە كۆچىگە زىيان يەتكۈزگۈچىلەر دەپ ھېسابلاپ، بەش يىلغىچە قاماش، ئەگەر چەكنى ئۆزگەرتكۈچى بولىدىغان زىياننى بىلىپ تۇرۇپ قەستەن ئىشلىگەن بولسا، ئۇنىڭغا ئىككى يىللىق قاماق جازاسىدىن ئۆ-لۈم جازاسىغىچە جازا بېرىش، ئوردېن، ھەربىي كىيىم بەلگىلىرى قاتارلىقلارنى يالغاندىن ياسىغۇچىلارغا بىر ئايدىن ئىككى يىلغى-چە قاماق جازاسى بېرىش بەلگىلەنگەن.

**تۇرمۇشقا قارشى جىنايەتلەر**

«جىنايەت قانۇنى» دا تۇرمۇشقا قارشى جىنايەتلەرنىڭ دائى-رىسى كەڭرەك بەلگىلەنگەن. مەسىلەن: سۇيىقەست بىلەن ئادەم ئۆلتۈرگۈچىلەر، ئۆزئارا تىل بىرىكتۈرۈپ ئادەم ئۆلتۈرگۈچى-لەر، جېدەل ـ ماجىرا سەۋەبى بىلەن سوقۇشۇپ ئادەم ئۆلتۈرگۈ-چىلەر، ساقچى ۋە ئەسكەرلەردىن بەلگىلەنگەن پوست ئورنىدا تۇ-رۇپ سەۋەنلىك بىلەن بىراۋنى ئېتىپ ئۆلتۈرگۈچىلەر، بەلگى-لەنگەن پوست ئورنىدىن يۆتكىلىپ يۇقىرىدىكى جىنايەتنى شە-كىللەندۈرگۈچىلەر، ئەسكەر ياكى ساقچىلاردىن ئۆزىنىڭ قورالى-نى باشقا بىرىسىگە بېرىپ، ۋەقە سادىر قىلىشىغا سەۋەبچى بول-

غانلار، ئىككى كىشى ئوتتۇرىسىدا خاتا ھالدا ئۆلۈم ھادىسىسى كۆرۈلۈشىگە سەۋەبچى بولغۇچىلار، ئات ياكى ھارۋىسى بىراۋنى بېسىۋېتىپ ياكى ئىككىنچى بىر نەرسىگە نىشان قىلىپ ئاتقان نەرسىسى قارشى تەرەپتىكى ئادەمگە تېگىپ كېتىپ، ئادەمنىڭ ئۆلۈشىگە سەۋەبچى بولغانلار، ئۆچ ئېلىش يولى بىلەن ھاراق يا - كى زەھەر بېرىپ ئادەم ئۆلتۈرگۈچىلەر، بىراۋنىڭ ئائىلىسىنى يامان غەرەز بىلەن بۇزغۇچىلار ۋە ئۇنىڭ بىلەن ئۆلۈم ھادىسىسى - نى كەلتۈرۈپ چىقارغۇچىلار، مەنسەپپەرەستلىك قىلىپ ئادەم ئۆلتۈرگۈچىلەر قاتارلىقلار تۇرمۇشقا قارشى جىنايەت سادىر قىلغۇچىلار ھېسابلىنىپ، ئۇلارغا قانۇن بويىچە ھەر خىل قاماق جازاسىدىن ئۆلۈم جازاسىغىچە جازا بېرىش بەلگىلەنگەن. تۇر - مۇشقا قارشى جىنايەتلەرگە زەربە بېرىش ئارقىلىق، سۇيىقەست بىلەن ئادەم ئۆلتۈرىدىغان، كىشىلەرنىڭ ئىناق ئائىلىسىنى بۇ - زىدىغان ۋە باشقا ۋاستىلەر بىلەن خەلقنىڭ تىنچ ھاياتىغا خەۋپ يەتكۈزىدىغان قىلمىشلارغا قانۇن جەھەتتىن چەك قويۇلۇپ، خەلق ئاممىسىنىڭ جىسمانىي ئەركىنلىكى ۋە كىشىلىك ئىززەت ـ ھۆرمىتى ھەقىقىي تۈردە قوغدالغان. مەسىلەن: ئۆچ ئېلىش مەقسىتىدە قەستەن ئادەم ئۆلتۈرگۈچىگە بەش يىلدىن يەتتە يىل- غىچە ئۆلۈم جازاسىغىچە جازا بېرىش؛ تىل بىرىكتۈرۈپ ئادەم ئۆلتۈرگۈچىلەرگە بەش يىلدىن ئۆلۈم جازاسىغىچە جازا بېرىش؛ ئۆچ ئېلىش يولى بىلەن ھاراق ياكى زەھەر بېرىپ ئادەم ئۆلتۈر - گەنلەرگە بەش يىلدىن يەتتە يىلغىچە قاماق جازاسى بېرىش؛ بۇ جىنايەتنى بىر نەچچە كىشى تىل بىرىكتۈرۈپ ئۆتكۈزسە، ئۇلارغا ئۆلۈم جازاسى بېرىش؛ بىراۋنىڭ ئۆيىنى بۇزغان، ئەر ـ خوتۇن ئارىسىدا ماجىرا تۇغدۇرغانلارغا بەش يىلغىچە قاماق جازاسى بې- رىش؛ يۇقىرىقى جىنايەت تۈپەيلىدىن ئەر ياكى ئايال ئۆلسە، باش جىنايەتچىگە ئۆلۈم جازاسى بېرىش؛ ئۇشبۇ ئىشقا يول كۆرسەتـ- كۈچى، ئارىدا سۆز توشۇغۇچىغا ئۈچ يىلدىن بەش يىلغىچە قاماق جازاسى بېرىش بەلگىلەنگەن؛ بىرنەچچە كىشى تىل بىرىكتۈرۈپ

ئۈچ ئېلىش يولى بىلەن بىراۋنى ئورۇپ ئۆلتۈرسە، باش جىنا-يەتچىگە ئۆلۈم جازاسىغىچىلىك جازا بېرىش؛ ياردەملەشكۈچىگە جىنايىتىگە قاراپ يەتتە يىلغىچە قاماق جازاسى بېرىش بەلگى-لەنگەن.

**باسقۇنچىلىق جىنايىتى**

«جىنايەت قانۇنى» دا زورلۇق قىلىپ ئاياللارنىڭ نومۇسىغا تېگىش، بىرنەچچە ئادەم بىر ئايالغا باسقۇنچىلىق قىلىش، زورلۇق بىلەن قىزلارنىڭ نومۇسىغا تېگىش، تورلۇك ئۇسۇللارنى قوللى-نىپ نارەسىدە قىزلارنىڭ نومۇسىغا تېگىش، ئەر بىلەن ئايالنى تېپىشتۇرۇپ دەللاللىق قىلىش قاتارلىق قىلمىشلار باسقۇنچىلىق جىنايىتى ھېسابلىنىپ، بۇ خىل جىنايەتنى ئۆتكۈزگۈچىلەرنى قانۇن بويىچە جاۋابقا تارتىپ جازالاش بەلگىلەنگەن. مەسىلەن: زورلۇق بىلەن ئاياللارنىڭ نومۇسىغا تەگكۈچىنى ئۈچ يىلدىن يەتتە يىلغىچە قاماققا ئېلىش، بىرنەچچە كىشى زورلۇق بىلەن بىر ئايالغا باسقۇنچىلىق قىلسا، ئۇلارنى بەش يىلدىن يەتتە يىل-غىچە قاماققا ئېلىش، باسقۇنچىلىق قىلىش نەتىجىسىدە ئايال ئۆ-لۈپ قالسا، جاۋابكارغا ئۆلۈم جازاسىغىچىلىك جازا ھۆكۈم قى-لىش بەلگىلەنگەن؛ ئالدامچىلىق يولى بىلەن قىزلارنىڭ نومۇسى-غا تەگكۈچىلەرنى ئۈچ يىلدىن بەش يىلغىچە قاماققا ئېلىش، نا-رەسىدە قىزلارغا باسقۇنچىلىق قىلغانلار ھەم نارەسىدە قىزلارنى باشقا يوللار بىلەن ئالداپ نومۇسىغا تەگكەنلەرگە يەتتە يىلدىن ئۆلۈم جازاسىغىچە جازا ھۆكۈم قىلىش، ئەر بىلەن ئايالنى تې-پىشتۇرۇپ دەللاللىق قىلغۇچى (ئۆي بەرگۈچى)غا بەش يىلغىچە قاماق جازاسى ھۆكۈم قىلىش بەلگىلەنگەن؛ زىناخورلۇقنى كە-سىپ قىلىپ تېنىنى ساتقۇچىغا تۆت يىلغىچە قاماق جازاسى بې-رىش، ئالدامچىلىق ئۇسۇلىنى قوللىنىپ، بالاغەتكە يەتمىگەن ۋە-توي قىلمىغان ئوغۇل بالىلارنى ئۆزىگە قارىتىپ نومۇسىغا تەگ-كۈچىگە يەتتە يىلغىچە قاماق جازاسى بېرىش، زورلۇق ۋاسىتى-لىرىنى قوللىنىپ، بەچچىۋازلىق (ئەرئەرنىڭ نومۇسىغا تېگىش)

قىلغۇچىغا ئۆلۈم جازاسىغىچە جازا ھۆكۈم قىلىش، ئەرلىك ۋىجدانىنى يوقىتىپ، تېنىنى ئىختىيارى بىلەن ساتقۇچىنى تۆت يىلغىچە قاماش بەلگىلەنگەن.

ئۈچ ۋىلايەت دائىرىسىدە «جىنايەت قانۇنى» نىڭ يۇقىرىدىكى ماددىلىرىنى ئىجرا قىلىش ئارقىلىق جەمئىيەتتىكى بۇزۇقچىلىقلارغا قاتتىق زەربە بېرىلىپ، خوتۇن ـ قىزلارنىڭ ۋە باللار-نىڭ قانۇنىي ھوقۇق ـ مەنپەئىتى ئۈنۈملۈك تۈردە قوغدالغان، بۇ جەمئىيەت تەرتىپىنى ياخشىلاشتا مۇھىم رول ئوينىغان.

# يەكەن ئۇيغۇر مەدەنىي ئاقارتىش ئۇيۇشمىسى توغرىسىدا

ياقۇپ ئەمەت، رەھمىتۇللا ياقۇپ

1935 ـ يىلى شىنجاڭدىكى مەدەنىي ئاقارتىش ھەرىكىتىنىڭ يۇقىرى دولقۇنىدا يەكەندىمۇ ئۇيغۇر مەدەنىي ئاقارتىش ئۇيۇشمىسى قۇرۇلۇپ، باشقا جايلاردىكى ئۇيغۇر ئۇيۇشمىلىرىغا ئوخشاش ئۇيغۇر خەلقىنىڭ مەدەنىي تۇرمۇشىنى جانلاندۇرۇش، مەرىپەتنى يۈكسەلدۈرۈش يولىدا نۇرغۇن خىزمەتلەر ئىشلەندى. بۇ تۆھپىلەر بىزنىڭ مەدەنىيەت تارىخىمىزدىن ئورۇن ئالغۇسى.

1935 ـ يىلى يەكەن، زەرەپشان ناھىيىلىرى ئاساس قىلىنغان ھالدا «يەكەن ئۇيغۇر مەدەنىي ئاقارتىش ئۇيۇشمىسى» قۇرۇلدى. شۇنىڭ بىلەن مائارىپ، ئەۋقاپ (ۋەخپە ئىشلىرى) ئىدارىلىرى ئۇيغۇر ئۇيۇشمىسى تەركىبىگە قوشۇۋېتىلدى. شۇنىڭدىن باشلاپ تەشۋىقات، مەدەنىيەت ـ مائارىپ، ئىجتىمائىي پاراۋانلىق ئىشلىرىنى ئۇيۇشما ئۆز ئۈستىگە ئالدى. مۇھەممەت ئابدۇللاخان خوجا ئۇيغۇر ئۇيۇشمىسىنىڭ رەئىسى بولدى (بۇ ۋاقىتتا مۇھەممەت ئابدۇللاخان خوجا مۇپتى ئىدى). ئۇيۇشمىنىڭ تەشۋىقات، مائارىپ ئىشلىرىغا جالال مەخسۇم، مۇھەممەت ئىمىن ئىسلامىيلار مەسئۇل بولدى.

1936 ـ يىلى يەكەن ئۇيغۇر ئۇيۇشمىسى رەستە سۆگەت ساراي يېنىدىكى سەپەر ئاخۇنۇم مەدرىسىسىگە ئورۇنلىشىپ، 1943 ـ يىلىنىڭ ئاخىرىغىچە شۇ يەردە ئىش بېجىردى. ئۇيغۇر ئۇيۇشمىسىغا ئىلگىرى ـ كېيىن بولۇپ مۇھەممەت ئابدۇللاخان خوجا، توختى سېيىتجان، قەمەرىدىن ئەپەندى، ئابدۇقادىر سىدىق، ئاب-

دۇراخمان ھاجىم، مۇھەممەت شېرىپ ئابدۇرېھىم، ئابدۇرېشىت يۇسۇپلەر رەئىس بولدى. مىر ئادىلجان، مۇھەممەت ئىمىن توختىنياز، رابجان بابايېفلار باش كاتىپ بولدى.

1939 ـ يىلىدىن كېيىن قەشقەر ۋىلايەتلىك ئۇيغۇر ئۇيۇشمىسى قەشقەر دارىلمۇئەللىمىندە تەربىيىلەنگەن بىر تۈركۈم كادىرنى يەكەنگە ئەۋەتتى. ئۇلاردىن ئابدۇقادىر سىدىق يەكەن ئۇيغۇر ئۇيۇشمىسىنىڭ رەئىسى بولدى. ئابدۇرېشىت يۇسۇپ مەدەنىيەت بۆلۈمىنىڭ مۇدىرى، ئەمەت ھۇسەيىن مائارىپ مۇپەتتىشى، مەتنىياز ھاجىم باش بوغالتېر بولدى. ئۇيغۇر ئۇيۇشمىسىدا تەشكىلات، تەشۋىقات، مەدەنىيەت، مالىيە، بوغالتېرلىق بۆلۈملىرى تەسىس قىلىندى. ئۇلارنىڭ قارىمىقىدا مائارىپ، مالىيە مۇپەتتىشلىكى، ئەۋقاپ، زاپخوز، ئەدەبىيات ـ ئىجادىيەت بۆلۈملىرى ۋە سانايى نەفىسە (سەنئەت ئۆمىكى) بار ئىدى.

1942 ـ يىلى يەكەن يېڭى شەھەر بىلەن كونا شەھەر (زەرەپشان) ناھىيىلىرى بىرلەشتۈرۈلۈپ، يەكەن ناھىيىسى تەسىس قىلىندى. شۇنداقلا يەكەن، قاغىلىق، پوسكام، مەكىت ناھىيىلىرىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان ھالدا يەكەن ۋىلايىتى بولدى. شۇنىڭ بىلەن ئەسلىدىكى يەكەن ۋە زەرەپشان ناھىيىلىرىنى ئاساس قىلغان ناھىيىلىك ئۇيغۇر مەدەنىي ئاقارتىش ئۇيۇشمىسى يەكەن ۋىلايەتلىك ئۇيغۇر ئۇيۇشمىسى قىلىپ ئۆزگەرتىلدى.

ئۇيغۇر ئۇيۇشمىسى خىزمەت نىزامىغا ئاساسەن 25 نەپەر ھەيئەت ئەزاسىنى ۋە ئۇيۇشما ئەزالىرى ۋەكىللىرىنى قاتناشتۇرۇپ ئىككى يىلدا بىر قېتىم سايلام ئۆتكۈزەتتى. سايلامدا ئۇيۇشمىنىڭ رەئىس، مۇئاۋىن رەئىس، باش كاتىپ، ئىجرائىيە ھەيئەت ئەزالىرى، تەپتىش ھەيئەتلىرى سايلاپ چىقىلاتتى. سايلامغا باشقا ناھىيىلەرنىڭ ئۇيغۇر ئۇيۇشمىلىرىدىنمۇ ۋەكىل تەكلىپ قىلىپ قاتناشتۇرۇلاتتى.

1944 ـ يىلى ۋىلايەتلىك ئۇيغۇر ئۇيۇشمىسىنىڭ 2 ـ نۆۋەتلىك سايلىمىغا يەكەننىڭ خىزمەتلىرىنى كۆزدىن كەچۈرۈشكە

كەلگەن ئۆلكىلىك ھۆكۈمەتنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى بۇرھان شەھىدى قاتناشقانىدى. ئۇيۇشما ئىجرائىيە ھەيئەت ئەزالىرىنىڭ يىغىنى ئايدا بىر قېتىم ئېچىلىپ، ئۇيۇشمىنىڭ خىزمەتلىرى، چىقىمى، ئىجرائىيە ھەيئەتلىرىنىڭ ۋەزىپىلىرىنى مۇزاكىرە قىلىپ، ئالاقىدار ئىشلارغا تەستىق سالاتتى. ئۇيغۇر ئۇيۇشمىسىنىڭ 60 تىن ئارتۇق رەسمىي ئىشچى - خىزمەتچىسى (سەنئەت ئۆمىكىنىڭ ئارتىستلىرىمۇ شۇنىڭ ئىچىدە) بار ئىدى. ئۇلارغا ئايلىق بېرىلەتتى.

1943 - يىلى ۋىلايەتلىك ئۇيغۇر ئۇيۇشمىسى رەستە سۆگەت سارايىنىڭ ئورنىغا ئىككى قەۋەتلىك ئىشخانا بىناسى سېلىپ، 1950 - يىلىنىڭ ئاخىرىغىچە شۇ بىنادا ئىشلىدى. يەكەندە تۇنجى سېلىنغان بۇ ئىككى قەۋەتلىك بىنادا ئىشخانا، ئامبار، ياتاق، ئاشخانا، زال، رەپېتىسخانا، مەتبەئەخانا، قىرائەتخانا، ماگىزىن قاتارلىق 70 ئېغىزلىقتىن ئارتۇق ئۆي بار ئىدى. ئۇ چاغدا ۋىلايەتلىك باجخانىمۇ مۇشۇ بىنادا ئىش بېجىرەتتى.

يەكەن ئۇيغۇر ئۇيۇشمىسى قۇرۇلغاندىن كېيىن ئىجتىمائىي پاراۋانلىق، مەدەنىي ئاقارتىش ئىشلىرى ئاجايىپ جانلىنىپ كەتتى.

1937 - يىلى ئۇيغۇر ئۇيۇشمىسى يەكەن دارىلئاجىزىنىنى قۇرۇپ، ئىگە - چاقىسىز، قېرى، ئاجىز كىشىلەرنى يىغدى. دارىئاجىزىن گۈلباغ يېزىسىغا قاراشلىق ھەزرىتىپىر كەنتىدىكى يۇنۇس ۋاڭ مەدرىسىسىگە ئورۇنلاشتى. بۇنىڭدىن ئىلگىرى يەكەننىڭ ياركوچا دېگەن مەھەللىسىدە «قەلەندەرخانا» دەپ ئاتىلىدىغان بىر ئورۇن بار ئىدى. ئۇنىڭ باشلىقى بارات شاكىيۇ ئىدى. بۇ «قەلەندەرخانا»دا 30 — 40 قېرى، ئاجىز، باش پاناھسىز ئەر - ئايال غېرىبلار بار ئىدى. دارىلئاجىزىن قۇرۇلغاندىن كېيىن، بۇ كىشىلەرنىمۇ ئۆز قوينىغا ئالدى. دارىلئاجىزىن قول ھۈنەرۋەنچىلىك، موزدۇزلۇق، خام - تاغار توقۇش، ساتىراشلىق، ناۋايلىق، ئوتياش تېرىش، چارۋا بېقىش قوشۇمچە كەسىپلىرىنى يولغا قويۇپ، بۇلارنىڭ تاماق، ياتاق، يازلىق - قىشلىق كىيىم - كېچەك

لازىمەتلىكلىرىنى ھەل قىلدى. دارىلئاجىزىنغا يىغىلغان كىشى-
لەر ئىقتىسادارىغا قاراپ مۇۋاپىق كەسىپكە ئورۇنلاشتۇرۇلدى.
ئۇلار مۇقىم تەمىناتتىن بەھرىمەن بولغاندىن سىرت، قىلغان
ئىشىغا قاراپ قوشۇمچە ھەق ئالدى. تۇل ئەر - ئاياللار مۇۋاپىق
ئۆي - ئوچاقلىق قىلىنىپ تۇرمۇشتا خاتىرجەم قىلىندى. بۇنىڭ
تەسىرى بىلەن ئىلگىرى دارىلئاجىزىندىن قېچىپ كەتكەنلەرمۇ
ئۆزلۈكىدىن قايتىپ كەلدى. 1946 - يىلى دارىلئاجىزىندىكى
ئادەم سانى 250كە يەتتى. ئىمىن خان خوجا دارىلئاجىزىنغا باش-
لىق بولدى.

1938 - يىلىدىن باشلاپ ناھىيە بويىچە ساۋاتسىزلىقنى تۈ-
گىتىش تەشۋىق - تەرغىباتى قانات يايدۇرۇلۇپ، مۇناسىۋەتلىك
سەنئەت نومۇرلىرى تەييارلاندى. مەكتەپ، ئوقۇتقۇچىلارغا ساۋات-
سىزلىقنى تۈگىتىش ۋەزىپىسى ھۆددىلەپ بېرىلىپ، ساۋاتسىز-
لىقنى تۈگىتىش كەچكۇرسلىرى ئېچىلدى. بىر يىل ئىچىدە 24
مىڭ كىشىنىڭ ساۋاتى چىقىپ، 2 - سىنىپ سەۋىيىسىگە يەت-
كۈزۈلدى.

يەكەن ئۇيغۇر ئۇيۇشمىسىنىڭ سەنئەت - تەشۋىقات بۆلۈمى
جەمئىيەتنىڭ مەدەنىي تۇرمۇشىنى قاندۇرۇش ئۈچۈن ئىدارە -
جەمئىيەت، تىجارەتچىلەردىن گېزىت، ژۇرناللارغا 500 دىن ئار-
تۇق مۇشتىرى قوبۇل قىلدى ۋە گېزىت، ژۇرناللارنى تارقىتىش
خىزمىتىنى ئىشلىدى. ئۇيۇشما بۇنىڭغا بىرلەشتۇرۇپ «مەدەنىيەت -
مائارىپ خەۋىرى» ژۇرنىلىنى چىقاردى. «نۇرلۇق گېزىتى» ھەپ-
تىدە بىر سان گېزىت چىقىرىپ، پۇلسىز تارقاتتى.
قىرائەتخانا قۇرۇلۇپ، ھەرخىل گېزىت، ژۇرنال، نەزەرىيە، ئىلىم -
پەن، سەھىيە ئىشلىرىغا دائىر كىتابلار، شاخمات، دامكا، بىليارت
قاتارلىقلار ئۇ يەرگە قويۇلۇپ، خەلقنى مەنىۋى جەھەتتىن ئو-
زۇقلاندۇرۇش، مەدەنىي پائالىيەتلەر بىلەن شۇغۇللىنىش سورۇنى
ھازىرلاندى.

1939 - يىلى ئۇيغۇر ئۇيۇشمىسى يەكەن كونا شەھىرىنىڭ

شەھەر ئىچىدىكى ھەيدەرباغ دېگەن يەردە 100 مودىن ئارتۇق يەر-گە باغچا بىنا قىلىپ، تەجرىبىلىك باغۋەن نۇسرىتىللاجاننى تەكلىپ قىلىپ، ئىككى يىلغا يەتمىگەن ۋاقىت ئىچىدە ھەرخىل گۈل - گىياھ، مەنزىرە دەرەخلىرىنى ئۆستۈرۈپ، كىشىنىڭ زو-قى كەلگىدەك ساياھەت باغچىسىغا ئايلاندۇردى. باغچا ئىچىدە ياز-لىق كۇلۇب، تەنتەربىيە مەيدانى ياسالدى. ئىستىراھەت ئورۇن-دۇقلىرى، بىليارت، شاخمات، دامكىلار قويۇلدى. قىرائەتخانا، چايخانا، ئاشخانا ئېچىلدى. بۇ باغچا ئەينى چاغدا «مىللەتلەر باغ-چىسى» دەپ ئاتالغانىدى. ھازىر بۇ باغچا «خەلق باغچىسى» دەپ ئاتىلىپ، تېخىمۇ رەتكە سېلىنىپ، كېڭەيتىلىپ، ئاجايىپ گۈ-زەللىشىپ كەتتى.

ئۇيغۇر ئۇيۇشمىسى ئۆز قارىمىقىغا ئۆتكۈزۈپ ئالغان «قوچ-قار ئاتا» دىكى قارىخانىنى كېڭەيتىپ، كىچىك دائىرىلىك بىر چايخانا قۇردى. چايخانا ئەتىرگۈل بىلەن قاپلانغان بولۇپ، گۈل-لۈك ئوتتۇرىسىغا سازەندىلەر ئورۇنلىشىپ ساز، ناخشىلارنى ياڭ-رىتىپ تۇرىدىغان گۈزەل، كۆڭۈللۈك كەچلىك ئارامگاھقا ئايلان-دى. چايخانا ئىچىگە يازلىق، قىشلىق كۇلۇبلار سېلىنىپ، كىنو، تىياتىرلار قويۇلۇپ تۇردى.

1938 - يىلى ئۇيغۇر ئۇيۇشمىسى قەشقەر ساۋسىن تورگ (سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ قەشقەردىكى تىجارەت ئورنى) بىلەن سودا كېلىشىمى تۈزۈپ، ئۇيۇشما تېرە - ئۈچەيلەرنى يىغىپ، ئۇلارغا ئۆتكۈزۈپ بېرىپ، لازىملىق تۇرمۇش بۇيۇملىرىغا ئالماشتۇردى. 1939 - يىلى كىنو ئاپپاراتى، ماتور، ئۈسكۈنىلەرنى كىرگۈزۈپ، ئۇيۇشما ئۆز ئالدىغا كىنو قويۇدىغان بولدى. مېخانىك تاش مۇ-ھەممەت ئىككى كىشىنى شاگىرت ئېلىپ ئۆگىتىپ، ئابدۇسېلىم ماموتنى كىنو مېخانىكى قىلىپ يېتىشتۈردى.

يەكەندىكى خانلىق مەدرىسىنىڭ مۇدەررىسى ھەلىمدىن ئاخۇ-نۇم شەھەر ئىچىدىن بالا قوبۇل قىلىپ، مەكتەپ ئېچىپ، خەلققە تايىنىپ پارتا - ئورۇندۇق تەييارلاپ، مۇنتىزىم سائەتلىك ئوقۇش

تۇزۇمىنى يولغا قويۇپ، ئىملا، خۇش خەت، ھىساب، غەزەل، قۇر-ئان ئوقۇش قائىدىلىرى قاتارلىق دەرسلەرنى ئۆتكەن.
1934 - يىلى يەكەندىكى شۋېت (سوۋېت دوختۇرخانىسىدا) ئوقۇۋاتقان 30 نەچچە ئوغۇل بالا قايتۇرۇپ كېلىنىپ، ھەلىمدىن ئاخۇنۇمنىڭ مەكتىپىگە بېرىلدى. شۇنىڭغا ئەگىشىپ يەكەندە كونا دىنىي مەكتەپلەردىن پەرقلىنىدىغان مەكتەپلەر بارلىققا كەلدى. ساراي كۆلدە ئارتۇق ھاجىمنىڭ، قوچقار ئاتىدا ئىمىن قارى ئاخۇنۇمنىڭ، مانجۇ كۆل ئىچكىرىدىكى خەندەكتە كەرىم ئاخۇن خەلپىتىمنىڭ، يېڭى بازاردا ماموت ئاخۇن خەلپىتىمنىڭ قارىخانا ۋە دىنىي مەكتەپلىرىدە كونىچە ئوقۇش ئۇسۇلى ئۆزگەر-تىلىپ، باللار سەۋىيىسىگە قاراپ ئايرىلىپ، پارتا - ئورۇن-دۇقلاردا دەرس ئۆتۈلىدىغان بولدى.
1933 - يىلدىن باشلاپ چەت ئەلگە چىقىپ كەلگەن، قەش-قەردە ئوقۇغان، نەزەر دائىرىسى كەڭ كىشىلەردىن مۇھەممەت ئابدۇللاخان خوجا، جالالخان مەخسۇم، ئېلىشقۇدىن مۇھەممەت ئىمىن ئىسلامى، موللائاخۇن خەلپىتىم قاتارلىق كىشىلەر يېڭى پەننىي مەكتەپ ئېچىش جەھەتتە ئىزدەندى. ئۇلار يەكەندىكى ئاب-دۇسادىق ئەلەم ئاخۇنۇمنىڭ مەدەت بېرىشى، غۇلام ھەسەنجان، غۇلام ھۇسەيىنخان دېگەن كىشىلەرنىڭ ياردىمى بىلەن 1934 - يىل كونا شەھەر مانجۇكۆل بېشىدىكى گۈيسۇن ئىمىن بەگنىڭ ھويلىسىدا پەننىي مەكتەپ ئېچىپ، نامىنى «مەتلەئىل ئىرفان» دەپ ئاتىدى. مۇھەممەت ئابدۇللاخان خوجا مەكتەپ مۇدىرى، غۇلام ھەسەنجان، غۇلام ھۇسەيىنخان، مۇھەممەت ئىمىن ئىسلا-مى، جالالخان مەخسۇم، ئۆمەر ئېلى داموللام، ئارتۇق ھاجى داموللاملار ئوقۇتقۇچى بولدى. ئانا تىلى، ئىملا، خۇش خەت، ھې-ساب، جۇغراپىيە، تارىخ، غەزەل، تەنتەربىيە، سەھىيە دەرسلىرى ئۆتۈلدى. بىرەر يىل ئىچىدە مەكتەپكە كېلىپ ئوقۇيدىغانلار كۆ-پىيىپ كەتكەنلىكتىن، ئورۇن تارلىق قىلىپ، مەكتەپ كوناشە-ھەر جامە مەسچىت يېنىدىكى ئەڭلىكچى كوچىسىدىكى تۆرەمنىڭ

مەدرىسىسىگە يۆتكەلدى (هازىرقى كونا شەھەر 1 ـ باشلانغۇچ مەكتەپ ئورنى). «مەتلەئىل ئىرفان» مەكتىپى بۇ جايغا يۆتكىلىپ كەلگەندىن كېيىن، ئوقۇغۇچى ۋە سىنىپ تېخىمۇ كۆپەيدى. مۇ-ھەممەت ئابدۇللاخان خوجىنىڭ ئۆز خىراجىتى ۋە شەھەر خەلقى ياردەم قىلغان مەبلەغ بىلەن مەكتەپنىڭ ئېھتىياجىنى قامداش مۇمكىن بولمىغاچقا، شۇ يىلى مائارىپ ئىدارىسى، ئەۋقاپ ئىدا-رىسى (ۋەخپە يەرلەرنىڭ كىرىمىنى باشقۇرىدىغان ئورۇن)، سە-ھىيە ئىدارىسى تەسىس قىلىندى. مۇھەممەت ئابدۇللاخان خوجا مائارىپ ئىدارىسىگە، ئارتۇق هاجى ئەۋقاپ ئىدارىسىگە، ئىبۋىپ ئابدۇراخمان خوجا سەھىيە ئىدارىسىگە مۇدىر بولدى.

«يەكەن ئۇيغۇر مەدەنىي ئاقارتىش ئۇيۇشمىسى» قۇرۇلغاندىن كېيىن، شەھەر ئىچىدىكى «ئارتۇقىيە»، «كىرىمىيە»، «ئىمىنىد-يە»، «مەھمۇدىيە» ۋە «هاشىمىيە» دەپ ئاتىلىدىغان يېڭىچە دىنىي مەكتەپلەرنىڭ ئوقۇغۇچىلىرى بىلەن باشقا قارىخانا، مەھەللىۋى دىنىي مەكتەپلەرنىڭ ئوقۇغۇچىلىرى ئۇيغۇر ئۇيۇشمىسى قارىمىد-قىدىكى يېڭىچە باشلانغۇچ مەكتەپكە قوبۇل قىلىندى. يېرىم يىل-غا يەتمەيلا بۇ مەكتەپتە سىنىپ 18 ــ 20گە ، ئوقۇغۇچى 1500گە يەتتى.

1939 ـ يىلى ئۇيغۇر ئۇيۇشمىسىنىڭ تەشكىلىي ئاپپاراتى تولۇقلىنىپ، مەدەنىيەت بۆلۇمىدە تۆت نەپەر مائارىپ مۇپەتتىشى تەيىنلەندى. ئۇلار دەسلەپكى قەدەمدە يېزىلاردىكى ئاز كەم 200 باشلانغۇچ مەكتەپنى تەكشۈرۈپ، 91 گە قىسقارتىپ، مۇدىر، بو-غالتىر، زاپخوز تەيىنلىدى. چوڭراق مەكتەپلەرگە ئىلمىي مۇدىر تەيىنلىدى. مائارىپ خىزمىتىگە بولغان رەھبەرلىك كۈچەيتىل-دى. مالىيە ئىشلىرى رەتكە سېلىندى. سىنىپ، ياتاق، ئىشخانا بىنالىرى ياخشىلىنىپ، تەنتەربىيە مەيدانلىرى ياسالدى. تەنتەر-بىيە مۇئەسسەسىلىرى، پارتا ـ ئورۇندۇقلار تولۇقلاندى.

ئوقۇش سۈپىتىنى ياخشىلاش مەقسىتىدە ھەر يىلى قەشقەر ۋىلايىتىدىكى تەنتەربىيە كۇرسىغا خىزمەتتىكى ئوقۇتقۇچىلاردىن

ۋە يۇقىرى يىللىق سىنىپ ئوقۇغۇچىلىرىدىن بولۇپ 50 ـ 60 كىشى ئەۋەتىپ تەربىيىلەندى. قىشلىق، يازلىق تەتىل پۇرسىتىدىن پايدىلىنىپ ئۆز ئورنىدا كۇرس ئېچىلىپ ئوقۇتقۇچىلار تەربىيىلەندى.

1944 ـ يىلى يەكەندە ئالتە ئايلىق كۇرس ئېچىلىپ، 100دىن ئارتۇق ئوقۇتقۇچى تەربىيىلەندى. 1947 ـ يىلى يەنە كۇرس ئېچىلىپ، يەكەن، قاغىلىق، مەكىت، پوسكام ناھىيىلىك ئۇيغۇر ئۇيۇشمىلىرىنىڭ قارىمىقىدىكى مەكتەپلەردىن 400گە يېقىن ئوقۇتقۇچى كۇرسقا قاتناشتى. بۇ كۇرسقا ئۇيۇشما رەئىسى ئابدۇرېشىت يۇسۇپ مۇدىر، يەكەن دارىلمۇئەللىمىنىنىڭ مۇدىرى ئابدۇلباقى ئابباسوپ ئىلمىي مۇدىر بولدى. كۈندىلىك ئىشلارغا رەھمىتۇللا ياقۇپ مەسئۇل بولدى.

يەكەن ناھىيىلىك ئۇيغۇر ئۇيۇشمىسىنىڭ قارىمىقىدا دەسلەپتە توققۇز سىنىپلىق كوناشەھەر ناھىيە باشقۇرۇشىدىكى باشلانغۇچ مەكتەپ، ئۈچ سىنىپلىق يېڭى شەھەر خەنزۇ باشلانغۇچ مەكتىپى بار ئىدى. ئوقۇغۇچىسى 450تىن ئاشاتتى. 1940 ـ يىلى ئۇيغۇر ئۇيۇشمىسى شەھەر ئىچىدىكى ئون سىنىپلىق ئوغۇللار مەكتىپىنى مۇئەللىملىرى دارىلمۇئەللىمىنى پۈتكۈزگەن، بىنالىرى، تەنتەربىيە مۇئەسسەسلىرى تولۇقلانغان، قورۇسى يېڭىلانغان بولۇش شەرتى بىلەن ئۆتكۈزۈپ ئالدى. ئاندىن گەيشاڭ قازان بازىرى مەدرىسىسى يېنىغا سەككىز سىنىپلىق ئوغۇللار مەكتىپى (ھازىرقى گەيشاڭ مەكتەپ)، ئالتۇن خانلىق مەدرىسە يېنىغا (1935 ـ يىلى قاسىمخان باي سالغان مەكتەپتە) بەش سىنىپلىق قىزلار، ئىككى سىنىپلىق چوكانلاردىن تەركىب تاپقان قىزلار مەكتىپىنى قۇردى. قىزلار مەكتىپىگە ئابىدە مامۇت مۇدىر، خەيرىنىسا مەترىھىم ئىلمىي مۇدىر بولدى. شۇنىڭ بىلەن يەكەندە ئايالлار تۇنجى قېتىم مائارىپ ساھەسىگە قەدەم قويدى.

بۇ مەزگىلدە ئۇيۇشما قارىمىقىدىكى باشلانغۇچ مەكتەپ 93كە، ئوقۇغۇچىسى 22 مىڭغا يەتتى.

1942 ـ يىلى ئۇيغۇر ئۇيۇشمىسىنىڭ ئىجرائىيە رەئىسى ئابدۇقادىربەگ مىشا يېزىسى شامالباغ كەنتىنىڭ چاجاڭ دېگەن يېرىدە ئۆز خىراجىتى بىلەن سەككىز سىنىپلىق بىر مەكتەپ سالدۇردى.

1943 ـ يىلى يەكەن ئۇيغۇر ئۇيۇشمىسى ھەزرىتىپىر كەنتى مىشا ئۆستەڭ بويىدىكى تۆت گېكتار يەردە يەكەن دارىلمۇئەللىمىننى قۇرۇشقا باشلاپ، 1944 ـ يىلى بەش سىنىپلىق دارىلمۇئەللىمىننى پۈتكۈزۈپ دەرس باشلىدى. مەكتەپ قۇرۇلۇشىغا ئەينى چاغدىكى ھېساب بويىچە 200 مىڭ يۈەن سەرپ قىلىندى.

1944 ـ يىلى يەكەن ئۇيغۇر ئۇيۇشمىسى قارىمىقىدا ئون سىنىپلىق دارىلئېيتام قۇرۇلدى. ئۇنىڭدا ئاز كەم 400 باش پاناھسىز، يېتىم بالا يىغىپ ئوقۇتۇلدى. ئاز كەم 20 ئوقۇتقۇچى، ئىشچى ـ خىزمەتچى بار ئىدى. بالىلارنىڭ تاماق، ياتاق، كىيىم ـ كېچەكلىرى ھەقسىز بېرىلگەندىن تاشقىرى، ئۇلارنىڭ قىزىقىشىغا قاراپ ھەرخىل ھۈنەر كەسپلەر ئۆگىتىلەتتى.

ئۇيغۇر ئۇيۇشمىسىنىڭ تەشۋىقات بۆلۈمى قارىمىقىدا سانايى نەفىسە، ئىجادىيەت بۆلۈمچىسى، كىنوخانا، قىرائەتخانا، باغچا قاتارلىق ئورۇنلار بار ئىدى.

1936 ـ يىلى رەستىدىكى سودىگەر ياشلار ئۇيۇشۇپ، ئابدۇراخمان خوجىنىڭ ھويلىسىدا ئەدەبىيات ـ سەنئەت گۇرۇپپىسى تەشكىللىگەن.

1937 ـ يىلى ھاجى نۇرۇللا، يۈسۈپ زىيا، زىيائىدىن قارىم قاتارلىقلارنى تايانچ قىلغان ھالدا ئۇيغۇر ئۇيۇشمىسىنىڭ قارىمىقىدا سانايى نەفىسە قۇرۇلدى. سانايى نەفىسە دەسلەپتە ئۆزبېكىستان سەھنىلىرىدە ئوينالغان سەھنە ئەسەرلىرىنى ئوينىدى. كېيىنچە يېڭى ئىجادىي نومۇرلارنى سەھنىگە ئېلىپ چىقتى. 1941 ـ يىلى ئايال ئارتىس ئونغا يەتتى. سانايى نەفىسىنىڭ ئادىمى 40قا يېتىپ، چوڭ دراملارنى سەھنىگە ئېلىپ چىقالايدىغان بولدى. ئابدۇقادىر يۈسۈپ ئۆمەك باشلىقى بولدى. مۇھەممەت پالتا، ئاب-

دۇقادىر مۇھەممەدىن، رەھمەتۇللا ياقۇپلار ئاساسلىق رول ئوينىدى. سانايى نەفىسە «چىمەنگۈل»، «شاھ ئەلى كىچىسى»، «كۆرەش قىزى»، «غېرىب ـ سەنەم»، «پەرھاد ـ شىرىن»، «رابىيە ـ سەئىدىن»، «قانلىق داغ» دراممىلىرىنى ۋە ياپون جاھانگىرلىكىگە قارشى بىرلىك سەپ، ئالدىنقى سەپكە ياردەم بېرىش مەزمۇنىدىكى نومۇرلارنى ئوينىدى.

يەكەن، زەرەپشان ناھىيىلىرىنىڭ ئورۇنلاشتۇرۇشى بىلەن سانايى نەفىسە 1940 ـ يىل 12 ـ ئاينىڭ ئاخىرىدىن 1941 ـ يىل 2 ـ ئايغىچە ئىككى ناھىيىنىڭ 16 رايونىدا «مىللىتىق يىغىش» تەشۋىقاتى يۈزىسىدىن سەييارە ئويۇن قويدى.

يەكەن ۋىلايەتلىك ئۇيغۇر مەدەنىي ئاقارتىش ئۇيۇشمىسى ئۇيغۇر يېڭى مائارىپى ۋە مەدەنىيەت، ئەدەبىيات ـ سەنئەت ئىشلىرى ئۈچۈن مۇستەھكەم ئاساس سېلىپ بەردى. ھازىر يەكەننىڭ مەدەنىيەت ـ سەنئەت ئىشلىرى كۈندىن ـ كۈنگە جۇش ئۇرۇپ راۋاجلانماقتا.

# شىنجاڭدا تېلېگراممىنىڭ بارلىققا كېلىشى

## رىشىت راخمان

خەن ۋە تاڭ سۇلالىسى دەۋرلىرىدىن باشلاپلا شىنجاڭدا پوچ-تا يوللىرى ئېچىلغان، شىنجاڭنىڭ ئىچكىرى بىلەن بولغان ئا-رىلىقى بەك ئۇزۇن بولغانلىقى ئۈچۈن، ئىلگىرى ھۆكۈمەتنىڭ ئەمىر - پەرمانلىرى پوچتا بېكەتلىرى ئارقىلىق يەتكۈزۈلەتتى، بۇنىڭ سۈرئىتى بەك ئاستا ئىدى.

1871 - يىل 7 - ئاينىڭ 4 - كۈنى چاررۇسىيە قوشۇن چىقىرىپ دۆلىتىمىزنىڭ ئىلى رايونىنى بېسىۋالدى. بۇ چاغدا چىڭ ھۆكۈمىتى ھېچنېمىدىن خەۋىرى يوقتەك بىخارامان تۇرۋەردى.

8 - ئاينىڭ 28 - كۈنى چاررۇسىيىنىڭ بېيجىڭدا تۇرۇش-لۇق ئەمەلدارلىرى زۇڭلى يامۇل مەھكىمىسىگە بۇ ئىشنى رەس-مىي ئۇقتۇرغان بولسىمۇ، ئەمما چىڭ ھۆكۈمىتى يەنىلا ئۇنىڭغا ئىشەنمەي، بۇنداق ئىشنىڭ يۈز بېرىشى مۇمكىن ئەمەس، دېگەن قاراشتا تۇرىۋەردى. 10 - ئاينىڭ 12 - كۈنىگە كەلگەندىلا، ئاندىن چىڭ ھۆكۈمىتى بۇ جەھەتتە ئىشەنچلىك خەۋەرگە ئىگە بول-دى. لېكىن بۇ چاغدا چىڭ ھۆكۈمىتى ئەسكىرىي كۈچىنى تەش-كىللەپ ۋەتەننىڭ بىرلىكىنى قوغداش ئىشىدا كېچىككەنىدى. 1892 - يىلى چاررۇسىيە يەنە ئۆكتەملىك بىلەن ئەسكەر چىقىر-رىپ شىنجاڭنىڭ پامىر (تاشقورغان) رايونىنى ئىگىلىۋالدى. چىڭ ھۆكۈمىتى ئۈرۈمچىدىن بېيجىڭغىچە بولغان 8000 چاقىر-رىمدىن ئارتۇق مۇساپە ۋە قەشقەردىن ئۈرۈمچىگىچە بولغان 4000 چاقىرىملىق ئۇزۇن مۇساپىدە خەت - ئالاقىلەرنى پوچتا ئارقىلىق توشۇغاندا، خەۋەرلەرنىڭ بەك كېچىكىپ، مۇھىم ئۇ-

چۇرلارنى ۋاقتىدا ئىگىلەشكە مۇمكىن بولمايدىغانلىقىنى ھېس قىلغان. شۇنىڭ بىلەن 1893 ـ يىلى شىنجاڭنىڭ مۇپەتتىشى چىڭ ھۆكۈمىتىگە شىنجاڭدا سىملىق تېلېگىرام لىنىيىسى قۇ ـ رۇلۇشى ئېلىپ بېرىشنى تەستىقلاپ بېرىشنى ئىلتىماس قىلـ ـ غان. شۇ مۇناسىۋەت بىلەن چىڭ ھۆكۈمىتى شىنجاڭنىڭ سىمـ ـ لىق تېلېگرام لىنىيىسى قۇرۇلۇشى ئۈچۈن 280 مىڭ سەر كۈ ـ مۈش پۇل ئاجرىتىپ بەرگەن. شۇنىڭدىن باشلاپ ئۈرۈمچىنى مەركەز قىلغان ھالدا، گەنسۇنىڭ لەنجۇ شەھىرىگىچە بولغان شەرقىي لىنىيە ئىلىغىچە بولغان غەربىي لىنىيە، چۆچەككىچە بولغان غەربىي شىمال لىنىيىسى، قەشقەرغىچە بولغان جەنۇبىي لىنىيىدىن ئىبارەت سىملىق تېلېگرام يوللىرى ئېچىلغان. شۇ ـ نىڭ بىلەن ئۆلكە بويىچە ئۈرۈمچى شەھىرىدە تېلېگىرامما باش ئىدارىسى، قومۇل، تۇرپان، شىخۇ، جىڭ، غۇلجا، چۆچەك، قارا ـ شەھەر، كۇچا، ئاقسۇ، قەشقەر... قاتارلىق جايلاردا تېلېگرام شۆبە ئىدارىلىرى ۋە تېلېگىراممىا ئىشخانىلىرى قۇرۇلغان.

1894 ـ يىلدىن باشلاپ شىنجاڭ بويىچە تېلېگىرامما كەسپى قانات يايدۇرۇلغان. ئەمما ئۇزۇن مۇددەتكىچە «كىرىم ـ چىقىمغا يەتمەيدىغان» ئەھۋال مەۋجۇت بولۇپ تۇرغاچقا، چىڭ ھۆكۈمىتى ھەر يىلى 30 مىڭ سەر كۈمۈش پۇل ياردەم بېرىپ تۇرغان.

1894 ـ يىلدىن 1909 ـ يىلىغىچە بولغان مەزگىلدە شىنجاڭدىكى سىملىق تېلېگىرامما لىنىيىسىنىڭ ئومۇمىي ئۇ ـ زۇنلۇقى 9956 چاقىرىمغا يەتكەن. كېيىن چىڭ ھۆكۈمىتىنىڭ تەستىقلىشى بىلەن ماناستىن ئالتايغىچە بولغان،ئومۇمىي ئۇزۇنـ ـ لۇقى 1299 چاقىرىم كېلىدىغان سىملىق تېلېگىرامما لىنىيىسى ئېچىلغان. شۇ يىلى يەنە قۇمۇلدىن باركۆلگىچە بولغان بىر تار ـ ماق لىنىيەمۇ ئېچىلغان. 1920 ـ يىلغا كەلگەندە، پۈتۈن شىنـ ـ جاڭدا ئېچىلغان سىملىق تېلېگىرامما يوللىرىنىڭ ئومۇمىي ئۇ ـ زۇنلۇقى 10 مىڭ 814 چاقىرىمغا يەتكەن.

1923 ـ يىلدىكى ئىستاتىستىكىغا قارىغاندا، شۇ يىلى پۇ ـ

تون ئۆلكە بويىچە يوللانغان ئومۇمىي تېلېگرامما 27 مىڭ 123 پارچىغا، ئومۇمىي خەت سانى (خەنزۇچە خەت ھېسابىدا) 1 مىليون 115 مىڭ 260قا يەتكەن.

3191 ـ يىلى چارروسىيىنىڭ قەشقەردە تۇرۇشلۇق كونسۇلـ. خانىسى روسىيە چېگرىسى ئىچىدىكى ئىركوتسكىدىن قەشقەرـ. گىچە بولغان ئارىلىقتا ئۇزۇن يوللۇق تېلېگراممـا ۋە تېلېفون لىنىيىسى ئېچىشنى تەلەپ قىلغان. شىنجاڭنىڭ شۇ چاغدىكى دۇبەنى ياڭ زېڭشىن بېيجىڭ خارجىي ئىشلار مىنىستىرلىكىگە بۇ ئىشنى مەلۇم قىلغاندا مىنىستىرلىق قوشۇلمىغان. كېيىن چارروسىيىنىڭ بېيجىڭدىكى ئەلچىخانىسىمۇ بۇ ئىشنى رەت قىلغان. شۇنىڭدىن كېيىن جۇڭگو ھۆكۈمىتى ئۆزى راسخوت چىقىرىپ، قەشقەردىن ئىركوتسكىغىچە بولغان ئارىلىقتا ئومۇـ. مىي ئۇزۇنلۇقى 510 چاقىرىم كېلىدىغان تېلېگراممـا لىنىيىسى ئاچقان. بۇ قۇرۇلۇش 1917 ـ يىلى 12 ـ ئايدا پۈتكەن. شۇ ئارـ. قىلىق جۇڭگو بىلەن روسىيە تۇتاشتۇرۇلغان. شۇنىڭ بىلەن تېـ. لېگرام خەۋەرلىرى روسىيە ۋە قەشقەرنىڭ ھەر قايسى جايلىرىغا يەتكۈزۈلىدىغان بولغان.

شىنجاڭنىڭ زېمىنى كەڭ، قار ـ بورانلىرى دەھشەتلىك بولغانلىقى ئۈچۈن، تېلېگراممـا سىم ياغاچلىرى دائىم ئۆرۈلۈپ، سۇنۇپ كېتەتتى. شۇڭا چىڭ ھۆكۈمىتى قارار چىقىرىپ تېـ. لېگراممـا سىم يوللىرىنى ھەر ئۈچ يىلدا بىر قېتىم كىچىك رېـ. مونت قىلىش، ھەر بەش يىلدا بىر قېتىم چوڭ رېمونت قىلىشنى بەلگىلىگەن.

شىنجاڭدا سىمسىز تېلېگراممـا ئەسلىھەلىرىنىڭ قۇرۇلۇشى 1918 ـ يىلىدىن باشلانغان. شىنجاڭنىڭ ئىچكىرى بىلەن بولغان ئارىلىقى ناھايىتى ئۇزۇن بولغاچقا، خەۋەرلىشىش ئىشلىرىدا سىملىق تېلېگراممـا ئەسلىھەلىرى ئىشلىتىلسە، سىم تۈۋرۈكلەر ناھايىتى كۆپ كېتەتتى. بۇنىڭ تەننەرخى ناھايىتى يۇقىرى بولاتتى. ئەگەر سىم تۈۋرۈكلەر تەبىئىي ئاپەت ۋە ئادەملەرنىڭ

بۇزغۇنچىلىقىغا ئۇچرىسا، خەۋەرلىشىش ئىشلىرى ئۈزۈلۈپ قې-
لىپ، چوڭ ئىشلارغا تەسىر يېتەتتى. شۇ سەۋەبتىن شىمالىي
مىللەتچىلەر ھۆكۈمىتى ياڭ زېڭشىن بىلەن مەسلىھەتلىشىپ،
شىنجاڭدا ھەم سىملىق تېلېگراممۇ ھەم سىمسىز تېلېگراممۇ لا-
يىھىسى ئېچىش ئۈچۈن، ئۈرۈمچى بىلەن قەشقەر ئارىلىقىدا
سىمسىز تېلېگرامما قوبۇل قىلىش ۋە تارقىتىش ئەسلىھەسى
ئورناتماقچى بولغان.

1918 - يىلى شىمالىي مىللەتچىلەر ھۆكۈمىتىنىڭ قاتـ-
ناش مىنىستىرلىقى ئەنگلىيىنىڭ ماكونىن سىمسىز تېلېگرامما
شىركىتى بىلەن 200 مىڭ فوندستىرلىڭ (ئەنگلىيە پۇلى) قىم-
مىتىدە كېلىشىم ئىمزالاپ، 1920 - يىلىدىن باشلاپ لەنجۇ -
ئۈرۈمچى - قەشقەر ئارىلىقىدا 25 كىلوۋاتلىق نۇرلۇق توك كۈ-
چى سىمسىز تېلېگرامما تارقىتىش ۋە قوبۇل قىلىش ئاپپاراتى
ئورناتقان. ئەنگلىيە بىلەن تۈزۈلگەن توختامدا يەنە، سىمسىز تې-
لېگرام ئىشلىرىغا سەرپ قىلىنىدىغان ماتېرىياللارنىڭ ھەممى-
سىنى ئەنگلىيە ماكونىن شىركىتى چىقىرىدۇ، ئاپپاراتلارنى
قۇراشتۇرۇش ئىشلىرىغا ئەنگلىيە مۇتەخەسسىسلىرى مەسئۇل
بولىدۇ، دەپ بەلگىلەنگەن. شۇنداق قىلىپ 1920 - يىل 11 -
ئايدىن 1923 - يىل 5 - ئايغىچە ئىلگىرى - كېيىن بولۇپ
لەنجۇ، ئۈرۈمچى، قەشقەر قاتارلىق جايلاردا سىمسىز تېلېگرامما
ئاپپاراتلىرى ئورنىتىلغان.

ئۈرۈمچى سىمسىز تېلېگرامما ئىستانسى قۇرۇلغاندىن كې-
يىن، بېيجىڭ بىلەن خەۋەرلىشىش سىنىقى ئېلىپ بارغاندا،
بېيجىڭدىن ئۈرۈمچىگە كەلگەن ئاۋاز دولقۇنى ئىنچىكە ۋە تۆۋەن،
ئۈرۈمچىدىن بېيجىڭغا بارغان ئاۋاز دولقۇنى توم ۋە ئاجىز بول-
غان، نەتىجىدە ئۈرۈمچى بىلەن بېيجىڭ ئوتتۇرىسىدىكى ئالاقى-
نىڭ ئۈنۈمى تۆۋەن بولغان. كېيىن ئۈرۈمچى ئىستانسىسى لياۋ-
نىڭ ئىستانسىسى بىلەن ئالاقىلىشىپ كۆرگەندە، ئاۋاز دولقۇنى
ناھايىتى ياخشى بولغان، شۇنىڭدىن كېيىن شىنجاڭدىن بېيجىڭ-

غا تارقىتىدىغان تېلېگراممىلار لياۋنىڭ ئىستانسىسى ئارقىلىق تارقىتىلىدىغان بولغان.

قەشقەرگە سىمسىز تېلېگرامما ماشىنىسى ئورنىتىلغاندىن كېيىن، ھىندىستاننىڭ شىمالىي چەفۇ رايونى بىلەن ئالاقىلە-شىپ كۆرگەندە، ئاۋاز دولقۇنى ناھايىتى ئوچۇق بولغان، ئەمما ئۈرۈمچى بىلەن ئالاقىلەشكەندە ئاۋاز ئوچۇق چىقمىغان. بۇ چاغدا ئەنگلىيىدىن تەكلىپ قىلىنغان دوكلىل خاسپېر ئىسىملىك ئىككى نەپەر مۇتەخەسسىسمۇ بۇ جەھەتتىكى توسالغۇنى تېخنىكا جەھەتتىن ھەل قىلالماي ھىندىستانغا كەتكەن. كېيىن بۇ مەسى-لىنى جۇڭگو مۇتەخەسسىسلىرى ھەل قىلغان، بۇنىڭ بىلەن دۆ-لەت ئىچىدىكى تېلېگرامما ئىستانسىسلىرىنىڭ خەۋەر تارقىتىش ئىشلىرى راۋاجلانغان. 1932 ـ يىلىغا كەلگەندە شىنجاڭ ئۆلكى-لىك ھۆكۈمەت شاڭخەيدىن 250 ۋاتلىق سىمسىز تېلېگرامما ئاپپاراتىدىن بىرنى سېتىۋېلىپ، ئۇنى ئۈرۈمچىگە ئورۇنلاشتۇ-رۇپ، تەييۈەن ئىستانسىسى بىلەن ئالاقىلىشىپ كۆرگەندە، ئۈنۈ-مى ياخشى بولغان. شۇڭا بۇ مەزگىلدە شىنجاڭدىن ئىچكىرىگە ئەۋەتىلىدىغان تېلېگراممىلارنىڭ ھەممىسى تەيۈەن ئارقىلىق ماڭدۇرۇلىدىغان بولغان.

1933 ـ يىلى «12 ئاپرېل» سىياسىي ئۆزگىرىشىدىن كېيىن جىن شۇرېن تەختتىن چۈشۈپ، شېڭ شىسەي «شىنجاڭ دۇبەنى» بولغاندىن كېيىن، ئۇ، سىمسىز تېلگېرامما ئارقىلىق خەۋەرلە-شىش ئىشلىرىنىڭ مۇھىملىقىنى چۈشىنىپ، سوۋېت ئىتتىپا-قىدىن ماشىنا شەكلىدە ياسالغان تېلېگرامما ئاپپاراتىدىن تۆتنى سېتىۋېلىپ، ئۇلارنى ئۈرۈمچى، قەشقەر، ئىلى، خوتەن قاتارلىق جايلارغا ئورۇنلاشتۇرغان. كېيىن ئۈرۈمچىنىڭ غەربىي شىمال يولىغا 1000 ۋاتلىق سىمسىز تېلېگرامما ئاپپاراتىدىن بىرنى ئورۇنلاشتۇرغان، كىشىلەر ئۇنى «چوڭ ئىستانسا» دەپ ئاتاشقان.

1943 ـ يىلى شېڭ شىسەي گومىنداڭغا ئېغىپ كەتكەندىن كېيىن، گومىنداڭ ھۆكۈمىتى چۇڭچىڭ سىمسىز تېلېگرامما

مۇتەخەسسىسلىرى بىلەن بىللە 4000 ۋاتلىق سىمسىز تېلېگراممىا ئاپپاراتىدىن بىرنى ئەۋەتىپ، ئۇنى مەخپىي ھالدا قىزىلتاغ ئېغىزىدىن ئورۇنلاشتۇرۇپ، چۇڭچىڭ بىلەن بىۋاسىتە ئالاقىلىشىشتا ئىشلەتكەن. شۇنىڭدىن باشلاپ كىشىلەر سىياھەت قىلىدىغان قىزىلتاغ رايونى ھېچقانداق ئادەمنىڭ كىرىشىگە رۇخسەت قىلىنمايدىغان، چەكلەنگەن رايونغا ئايلىنىپ قالغان.

جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى شىنجاڭدىكى ھەرمىللەت خەلقىنىڭ ئازادلىق ئىشلىرى ئۈچۈن تولىمۇ كۆڭۈل بۆلدى ۋە ئۇنى قوللىدى. 1946 ـ يىلى 11 ـ ئايدا يولداش دۇڭ بىۋۇ جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسىنىڭ نەنجىڭدا تۇرۇشلۇق ئىش بېجىرىش ئورنىدا، شىنجاڭ ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىنىڭ رەھبەرلىرىدىن بىرى بولغان ئابدۇكېرىم ئابباسوپنى قوبۇل قىلىپ، ئۇنىڭدىن ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىنىڭ ئەھۋالىنى، ئۇلارنىڭ جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسىگە بولغان مۇھەببەتتى توغرىسىدىكى تونۇشتۇرۇشلىرىنى ئاڭلىغان ھەم ئۇنىڭغا دۆلەتنىڭ ئىچكى ۋەزىيىتىنى تەھلىل قىلىپ بەرگەن. شۇنداقلا پارتىيىنىڭ سىياسەت ـ ستراتېگىيىسى، خەلق ئازاتلىق ئارمىيىسىنىڭ قۇرۇلۇش پرىنسىپى، ھەربىي ستراتېگىيىسى قاتارلىقلارنى تونۇشتۇرغان. كېيىن ئۈچ ۋىلايەت ۋەكىللىرىنىڭ تەلىپىگە ئاساسەن، پارتىيە ئەزاسى پىڭ گوئەننى بىر دانە سىمسىز تېلېگراممىا ئاپپاراتى بىلەن بىللە ئابدۇكېرىم ئابباسوپقا قوشۇپ ئۈچ ۋىلايەت رايونغا خىزمەتكە ئەۋەتكەن. لېكىن تېلېگرامما ئىستانسى چاستوتىسىنىڭ يېتىشمەسلىكى تۈپەيلىدىن، يەنئەن بىلەن بىۋاسىتە ئالاقىلىشالمىغان. شۇنداق بولسىمۇ شىنخۇا ئاگېنتلىقىنىڭ مۇھىم خەۋەرلىرى، ماۋزېدوڭ قاتارلىق رەھبەرلەرنىڭ نەزەرىيە، نۇقتىئىنەزەرلىرى تېلېگرامما ئىستانسىسى ئارقىلىق ئۈچ ۋىلايەت رايونغا ئۈزلۈكسىز يەتكۈزۈلۈپ تۇرغان. بۇنداق خەۋەرلەر ئۈچ ۋىلايەتنىڭ گېزىت ـ ژۇرناللىرىدا ئېلان قىلىنىپ، ئۈچ ۋىلايەت

ئىنقىلابى ئۇچۇن چوڭ تەسىر كۆرسەتكەن.

1949 ـ يىلى 8 ـ ئاينىڭ 15 ـ كۈنى جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى مەركىزىي كومىتېتى يولداش دېڭ لىچۈننى مەركىزىي كومىتېتنىڭ ئالاقىچىسى سالاھىيىتى بىلەن ئەۋەتكەندىن كېيىن، ئىلى ئالاھىدە رايونىدا «لىچۈن» ئىستانسىسى دەپ ئاتىلىدىغان تېلېگرامما ئىستانسىسى قۇرۇلۇپ، ئۈچ ۋىلايەت ھۆكۈمىتىنىڭ مەركەز بىلەن بىۋاستە ئالاقىلىشىپ تۇرۇشى ئەمەلگە ئاشۇرۇلغان.

# «جوڭخوا مىنگو تامغىسى»نى ئويۇشتا كېرىيىنىڭ ئېسىل قاشتېشىنى ئىشلىتىش جەريانى

لو شاۋۋېن

1928 ـ يىل 6 ـ ئاينىڭ 15 ـ كۈنى، نەنجىڭ ھۆكۈمىتى شىمالغا يۈرۈش قىلىشتا غەلىبىگە ئېرىشىپ، دۆلەتنى بىرلىككە كەلتۈرۈش ئىشقا ئاشقانلىقىنى جاكارلىدى. «دۆلەتنىڭ ئوبرازىنى ئىچكى قىسىمدا ۋە چەت ئەللەردە توغرا شەكىللەندۈرۈش» ئۈچۈن «جوڭخوا مىنگو تامغىسى»نى يېڭىدىن ئويۇش بەلگىلەندى. بۇ تامغىنى ئويۇشقا ئىشلىتىلىدىغان قاشتېشىغا شىنجاڭنىڭ كېرىيە ناھىيىسىدىن چىقىدىغان، «دۇنيادا ئاز ئۇچرايدىغان ئېسىل قاشتېشى» ئىشلەتمەكچى بولغاندا، بۇنى جىن شۇرېن ھۆكۈمىتى تەقدىم قىلغانىدى. بۇ ھەقتە مۇنداق بىر كىچىككىنە ھېكايىمۇ بار ئېدى.

شىنخەي ئىنقىلابى مۇۋەپپەقىيەت قازانغاندىن كېيىن، جوڭخوا مىنگو ۋاقىتلىق ھۆكۈمىتى 1912 ـ يىلى 1 ـ ئاينىڭ 1 ـ كۈنى نەنجىڭدە قۇرۇلدى. كېيىن، يۈەن شىكەي شىمالىي مىلىتارىستلارنىڭ كۈچىگە ۋە جاھانگىرلارنىڭ مەدەت بېرىشىگە تايىنىپ، بېيجىڭدا جوڭخوا مىنگونىڭ ۋاقىتلىق بۈيۈك زۇڭتۇڭلۇق ۋەزىپىسىنى قولغا كىرگۈزىۋالدى. ئۇنىڭدىن كېيىن خۇڭشيەن شەرمەندىچىلىكى، مىلىتارىستلارنىڭ تەپرىقىچىلىك قىلىشى، شىمالغا يۈرۈش قىلىش ئۇرۇشى يۈز بېرىپ، توپ ـ توغرا 16 يىل مالىمانچىلىق كۆرۈلدى، 1928 ـ يىلىغا كەلگەندىلا دۆلەتنىڭ بىرلىككە كەلگەنلىكى جاكارلاندى. مەنچىڭ ھۆكۈمىتى ۋاقتىدىكى مۇستەبىت پادىشاھلىق دۆلەتنىڭ «دۆلەت تامغىسى»

نى ئىشلىتىشكە، ئەلۋەتتە بولمايتتى. يۈەن شىكەي ھاكىمىيەتنى قولغا كىرگۈزۈۋالغان مەزگىلدە، «دۆلەت تامغىسى نىزامى» نى بەلگىلىگەن بولۇپ، بۇنىڭدا «جۇڭخۇا مىنگو تامغىسى»، «مەنسەپ- كە تەيىنلەش تامغىسى»، «مەنسەپ ـ مەرتىۋە ئاتا قىلىش تامغى- سى»دىن ئىبارەت ئۈچ دانە دۆلەت تامغىسى بار ئىدى. يۈەن شى- كەينىڭ سىپسىق نامى جاھانغا پۇر كەتكەچكە، بۇ تامغىلارنى ئىش- لىتىشكىمۇ بولمايتتى، شۇنىڭ بىلەن يېڭى تامغا ئويۇش قارار قىلىندى. ئېلىمىزنىڭ تارىخىي ئەنئەنىسى بويىچە، چىن سۇلا- لىسى زامانىسىدا خېي ھەزرەتلىرى تەقدىم قىلغان ئېسىل قاش- تېشىدىن دۆلەت تامغىسى ئويۇش ئىشى داۋاملاشقاندىن بۇيان، دۆلەت تامغىسى ئويۇشقا كۆپىنچە قاشتېشى ئىشلىتىلىپ كەلگە- نىدى، بۇ قاشتاشلىرىنىڭ ئىچىدە كېرىيە قاشتېشى ئەڭ داڭلىق ئىدى. جۇڭخۇا مىنگونىڭ يېڭى تامغىسىنى ئويۇشقا ئىشلىتىلى- دىغان قاشتېشى، ئادەتتە، شىنجاڭدىن ئېلىناتتى. شۇ يىلى 7 ـ ئايدا شىنجاڭ ئۆلكىسىنىڭ رەئىسى قوشۇمچە چېگرا مۇداپىئە دۇبەنى ياڭ زېڭشىن شىنجاڭ ئۆلكىلىك روسچە سىياسىي قانۇن مەكتىپى ئوقۇغۇچىلىرىنىڭ تۇنجى نۆۋەتلىك ئوقۇش پۈتتۈرۈش مۇراسىمىدا ئۆتكۈزۈلگەن زىياپەتكە قاتناشقاندا باشقىلار تەرىپى- دىن ئۆلتۈرۈلدى. ئۆلكىلىك ھۆكۈمەت مەمۇرىي ئىشلار نازارىتى- نىڭ نازىرى جىن شۇرېن ھەربىي ئىشلار نازارىتىنىڭ نازىرى، خارىجىي ئىشلار مەھكىمىسىنىڭ ئالاھىدە خادىمى پەن ياۋنەن قا- تارلىق 20 نەچچە ئادەمنى ئۆلتۈرۈپ، شىنجاڭنىڭ ھەربىي ـ سىياسىي چوڭ ھوقۇقىنى قولغا كىرگۈزۈۋېلىپ، شۇ ھامان ئۆلكىنىڭ ۋاقىتلىق رەئىسى ۋە باش قوماندانى نامى بىلەن ئېلان چىقاردى، نەنجىڭ ھۆكۈمىتىگە ئارقا ـ ئارقىدىن بىر نەچچە قې- تىم تېلېگراما يوللاپ، پەن ياۋنەننىڭ «7 ـ ئىيۇل سىياسىي ئۆزگىرىشى»نى قوزغىغان جىنايەتلىرىنى ۋە سىياسىي ئۆزگى- رىشنىڭ جەريانىنى مەلۇم قىلدى. نەنجىڭ ھۆكۈمىتى جىن شۇ- رېننىڭ سۆزلىرىگە قۇلاق سالماي، ھەقىقىي ئەھۋالنى تەكشۈرۈپ

كۆرۈشنى قارار قىلدى. نەنجىڭ ھۆكۈمىتى 7 ـ ئاينىڭ 23 ـ كۈ ـ
نى لىيۇ ۋېنلۇڭ (لىيۇ ۋېنلۇڭ شۇ چاغدا شىنجاڭ مائارىپ نازارى ـ
تىنىڭ نازىرى بولۇپ، ئۇنى ياڭ زېڭشىن شىنجاڭ ئەھۋالىنى
دوكلات قىلىش ئۈچۈن نەنجىڭگە ئەۋەتكەن)نى شىنجاڭدىن ھال
سوراش ئەلچىلىكىگە تەيىنلەپ، دەرھال شىنجاڭغا قايتىپ كې ـ
تىپ، كېيىنكى ئىشلارنى بىر تەرەپ قىلىشقا بۇيرۇدى ھەمدە
گەنسۇنىڭ باش بۇغى لىيۇ يۇ فېنغا شىنجاڭدا يۈز بەرگەن «7 ـ
ئىيۇل سىياسىي ئۆزگىرىشى»نى «پات ئارىدا ئۇزۇل ـ كېسىل
تەكشۈرۈپ دەرھال جاۋاب بېرىش» توغرىسىدا تېلېگىراممىا بەر ـ
دى. ئەينى چاغدا لىيۇ يۇفېن «7 ـ ئىيۇل سىياسىي ئۆزگىرى ـ
شى»دە جىن شۇرېن تەرەپتە تۇرغانلىقىنى ئېيتقان بولسىمۇ، لې ـ
كىن يەنە شىنجاڭدا «جىن XX ھاكىمىيەتنى تۇتۇپ تۇرالمايدۇ»،
«پىشقان ۋە ئابرۇيلۇق زاتنى ئەۋەتىپ بۇيەرنىڭ ئىشلىرىنى يى ـ
غىشتۇرۇپ، ۋەزىيەتكە ماسلىشىپ، سەگەكرەك بولۇش» لازىملى ـ
قىنى كۆرسەتتى. 10 ـ ئايدا، نەنجىڭ ھۆكۈمىتى يەنە بەي چۇڭ ـ
شىنىڭ قوشۇن باشلاپ شىنجاڭغا كىرىشىنى پىلانلىدى. نەنجىڭ
ھۆكۈمىتى 8 ـ ئاينىڭ 26 ـ كۈنى، جىن شۇرېننى شىنجاڭنىڭ
«ۋاقىتلىق مۇۋەققەت رەئىسى» لىكىگە تەيىنلىگەندىن باشقا، خې ـ
لى ۋاقىتقىچە رەسمىي رەئىسلىككە تەيىنلىمىدى. نەنجىڭ ھۆكۈ ـ
مىتى يېڭى تامغا ئويدۇرۇش ئۈچۈن، ئېسىل قاشتېشى ئىزدەۋات ـ
قان چاغدا، شىنجاڭنىڭ «ئېسىل قاشتېشىنىڭ ماكانى» ئىكەنلى ـ
كىنى بىلەتتى ھەمدە شاڭخەيدە ئۆتكۈزۈلگەن دۆلەت ماللىرى
كۆرگەزمىسىگە شىنجاڭنىڭ ئېسىل قاشتېشى قويۇلغانلىقى ئې ـ
نىق بولسىمۇ، قاشتېشى تېپىش ئىشى توغرىسىدا جىن شۇرېن
بىلەن مەسلىھەتلىشىشنى ئەپ كۆرمىدى. ئەگەر بۇ ئىش توغرى ـ
سىدا جىن شۇرېن بىلەن مەسلىھەتلەشسە، ئەمەلىيەتتە، جىن
شۇرېننىڭ شىجاڭنىڭ ھاكىمىيىتىنى باشقۇرىدىغانلىقىنى ئې ـ
تىراپ قىلىپ قويغان بولاتتى. بىراق باشقا جايدىن ئىزدەلگەن
بولسىمۇ، بىر نەچچە ئايغىچە مۇنداق قاشتېشى تېپىلمىدى.

جىن شۇرېن «7 ـ ئىيۇل سىياسىي ئۆزگىرىشى»دىن كېيىن، ھەرخىل ئۆزگىرىشكە تاقابىل تۇرۇشنىڭ تەييارلىقىنى ئالىبۇرۇن تولۇق قىلىپ قويغانىدى، ئۇ، چيەن تۇڭ، لۇ شياۋزۇلارنى شىنجاڭنىڭ نەنجىڭدە تۇرۇشلۇق ئىش بېجىرىش باشقارمىسىغا ھەر جەھەتتىكى مۇناسىۋەتنى راۋانلاشتۇرۇشقا ئەۋەتكەندىن سىرت، ئۆزىنىڭ شىنجاڭ ئارمىيىسىنى تىزگىنلىشىنى كۈچەيتىپ، شىنجاڭدىكى كېڭەش ئەزالىرىنى، موڭغۇل، قازاق، ۋاڭ ـ بەگلىرىنى، ھەرخىل ئۇيۇشمىلارنى ۋە گومىنداڭ مەركىزىي كومىتېتى تېخى ئېتىراپ قىلمىغان «شىنجاڭ ئۆلكىلىك پىرقە»نى بىر نەچچە قېتىم نەنجىڭ ھۆكۈمىتىگە جىن شۇرېننى ئۆلكە رەئىسلىكىگە، قوشۇمچە باش قوماندانلىققا رەسمىي تەيىنلىسىكەن، دەپ ئىلتىماس سۇنۇشقا سەپەرۋەر قىلدى ھەمدە چېگرىنى توسۇشنى كۈچەيتىپ، باشقا ئارمىيە ۋە ئىچكى ئۆلكىدىكى خادىملارنىڭ چېگرىدىن كىرىشىنى چەكلەشنى پىلانلىدى، يەنە چېگرا ئەھۋالى دېگەن بىر نېمىنى توقۇپ چىقىپ، نەنجىڭ ھۆكۈمىتىگە تەھدىت سالدى. ئىش تەرەققىي قىلىپ مۇشۇ دەرىجىگە يەتكەندە، نەنجىڭ ھۆكۈمىتى شىمالغا يۈرۈش قىلىشنىڭ ئەمدىلا ئاياغلىشىپ، دۆلەتنى بىرلىككە كەلتۈرۈشنى مۇستەھكەملەش خىزمىتىنىڭ تېخى ئىنتايىن مۇشكۈللىكىنى، ئۇنىڭ ئۈستىگە، شىنجاڭنىڭ چەت، ياقا رايون ئىكەنلىكىنى، باشقۇرۇشمۇ تەس ئىكەنلىكىنى كۆزدە تۇتۇپ، «7 ـ ئىيۇل سىياسىي ئۆزگىرىشى»نى «ئۇزۇل ـ كېسىل تەكشۈرۈش» ئىشىنى تاشلاپ قويۇشقا مەجبۇر بولدى ھەمدە سىياسىي ئۆزگىرىش بولۇپ تۆت ئايدىن كۆپرەك ۋاقىت ئۆتكەندىن كېيىن، يەنى 11 ـ ئاينىڭ 17 ـ كۈنى جىن شۇرېننى شىنجاڭ ئۆلكىسىنىڭ رەئىسلىكىگە رەسمىي تەيىنلىدى، لېكىن شىنجاڭنىڭ ھەربىي ئىشلىرىنى باشقۇرىدىغان چېگرا مۇداپىئە دۇبەنىنىڭ ئورنىنى بوش قالدۇردى. شۇنداق قىلىپ، نەنجىڭ ھۆكۈمىتى بىلەن شىنجاڭنىڭ مۇناسى-

ۋىتى دەسلەپكى قەدەمدە «نورماللاشتى». 12 ـ ئاينىڭ 19 ـ كۈ-
نى، ئەنجىڭ شەھىرىنىڭ باشلىقى ليۇ جىۋېن شىنجاڭنىڭ نەز-
جىڭدە تۇرۇشلۇق ۋەكىللىرى چيەن تۈڭ، لۇ شياۋزۇ ۋە جاڭ
فېڭجيۇ قاتارلىقلارغا زىياپەت بەردى، قانۇن چىقىرىش پالاتاسى-
نىڭ باشلىقى خۇخەنمىن، ئەدلىيە مەھكىمىسىنىڭ باشلىقى ۋاڭ
پاڭخۇي قاتارلىقلار زىياپەتكە قاتناشتى. ليۇجىۋېن زىياپەت ئۈس-
تىدە چيەن تۈڭ قاتارلىقلارغا ئېسىل قاشتېشى تېپىپ، يېڭىدىن
دۆلەت تامغىسى ئويۇش ئىشىنى ئېيتتى. بۇ چاغدا شىنجاڭمۇ
ئەنجىڭ ھۆكۈمىتى بىلەن ئەپلىشىپ قېلىشنى ئارزۇ قىلىپ،
شاڭخەيدە ئۆتكۈزۈلگەن دۆلەت ماللىرى كۆرگەزمىسىدە شىنجاڭ-
دىن ئەۋەتىلگەن كېرىيىنىڭ تىك تۆت تەرەپلىك قاشتېشىنى
تامغا ئويۇش ئۈچۈن ئىشلىتىشكە سوۋغا قىلىدىغانلىقىنى بىل-
دۈردى، شەھەر باشلىقى ليۇجىۋېن بىلەن پالاتا باشلىقلىرى خۇ،
ۋاڭلار بۇ گەپنى ئاڭلاپ قالتىس خۇشال بولۇپ، بۇنىڭدىن تولىمۇ
مەمنۇن بولدى. شۇنىڭ بىلەن، دۇنيادا ئاز ئۇچرايدىغان كېرىيە-
نىڭ بۇ ئېسىل قاشتېشى «جۇڭخۇا مىنگو تامغىسى»نى ئويۇشقا
ئىشلىتىلىدىغان بولدى.

بۇ ئېسىل قاشتېشى مىنگو ھۆكۈمىتىنىڭ تامغا ئويۇش
ئىدارىسىگە ئەۋەتىلگەندىن كېيىن، ئىدارە باشلىقى جۇ جۇڭلياڭ
ئالاقىدار خادىملارنى ئۇيۇشتۇرۇپ ئېھتىيات بىلەن لايىھىلەپ،
تامغا ئويۇشقا ئۇستا تامغىچىلارنى بەلگىلىدى. ئۇلار ئۈچ ئاي
ئالتە كۈن سەرپ قىلىپ، تامغا ئويۇش خىزمىتىنى 1929 ـ
يىل10 ـ ئۆكتەبىر بايرىمىدىن بىر كۈن ئىلگىرى تاماملىدى.
«جۇڭخۇا مىنگو تامغىسى» ناھايىتى نەپىس ئويۇلغان بولۇپ، ئۇ-
نىڭغا كۈن، ئاي، يۇلتۇزلار ۋە رىۋايەتلەردىكى ھەرخىل ھايۋانلار-
نىڭ شەكلى چۈشۈرۈلگەن. تامغا ئويۇلۇپ بولغاندىن كېيىن، ئۇ-
نىڭ ئېگىزلىكى 9.2 سانتىمېتىر، ئېغىرلىقى 92 سەر، يەتتە
مىسقال، رەڭگى زۇمرەتتەك يېشىل بولغان. شۇ چاغدا مىنگو

ھۆكۈمىتىنىڭ رەئىسى جياڭ جيېشى بۇنى كۆرۈپ ئىنتايىن مەمنۇن بولغان ھەمدە تامغىچىلارنىڭ تۆھپىسىنى تەقدىرلەش ئۈچۈن، ئۇلارغا 100 يۈەن مۇكاپات بېرىشنى بۇيرۇغان. بۇ تامغا مىنگو ھۆكۈمىتىنىڭ بۇيرۇقىغا ئاساسەن، 1929 ـ يىلى 10 ـ ئاينىڭ 10 ـ كۈنىدىن باشلاپ ئىشلىتىلگەن.

# تەڭرىتاغنىڭ شىمالىدىكى ئادەم سۈرەتلىك تاش ھەيكەللەر

## ئىسمائىل جېلىل

تەڭرىتاغنىڭ شىمالىدىكى موڭغۇلكۈرە، تېكەس، كۈنەس، نىلقا، توققۇزتارا، قورغاس، ئارىشاڭ، تولى، دۆربىلجىن قاتارلىق ناھىيىلەردە قەدىمكى ئىنسانلارنىڭ تۇرمۇش شارائىتى ۋە ئۆرپ ـ ئادىتى تەسۋىرلەنگەن ئادەم سۈرەتلىك تاش ھەيكەللەر (بالباللار) ۋە تاشقا ئويۇلغان نەپىس، سىپتا قىياتاش رەسىملىرى بار. ئىپ-گىزلىكى ئىككى مېتىرچە كېلىدىغان بۇ تاش تۈۋرۈكلەردە كە-مەر باغلىغان ئادەملەرنىڭ ئوبرازى نەپىس سەنئەت شەكلى ئارقى-لىق روشەن ئىپادىلەپ بېرىلگەن. ئۇلار ئېلىمىزنىڭ مەدەنىيەت مىراسلىرى ئىچىدىكى ئالاھىدە تىپ بولۇپ، ھەر تەرەپلىمە تەت-قىقات قىممىتىگە ئىگە.

بۇ خىل ئادەم سۈرەتلىك تاش ھەيكەللەر سابىق سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ ئوتتۇرا ئاسىيا قىسمى ۋە موڭغۇلىيە خەلق جۇم-ھۇرىيىتى دائىرىسىدە كەڭ تارقالغان بولسىمۇ، لېكىن تەكشۈ-رۈشلەرگە ۋە ئېلان قىلىنغان ماتېرىياللارغا ئاساسلانغاندا، مەم-لىكىتىمىزدە پەقەت شىنجاڭدىلا بار. ئىچكى موڭغۇل ئاپتونوم رايونىنىڭ شىلىنغول ئايمىقىدىمۇ ئادەم سۈرەتلىك تاش ھەيكەل-لەر بار، دەپ ئاڭلىغان بولساقمۇ، تا ھازىرغىچە بۇ ھەقتە رەسمىي خەۋەرنى كۆرمىدۇق. بۇ خىلدىكى تاش ھەيكەللەر يايلاقتىكى كۆچمەن تۇرمۇشتىكى چارۋىچىلارنىڭ قويۇق مىللىي ئالاھىدى-لىككە ئىگە مەدەنىيىتى ھېسابلىنىدۇ.

تاش ھەيكەللەر، كۆپىنچە، تاش تاۋۇت ياكى تاش دۆۋىلەنگەن

قەبرىلەر بىلەن قويۇلغان، تاش ھەيكەل بۇنداق قەبرىلەرنىڭ ئال-دىدا بىر خىل ئالاھىدە بەلگە بولۇش رولىنى ئوينىغان.
ئارخېئولوگىيە خادىملىرى 1956 - يىلى 9 - ئايغىچە تەڭ-رىتاغنىڭ شىمالىدىكى بەزى رايونلاردا نۇقتىلىق ئارخېئولوگىيىلىك تەكشۈرۈش ۋە قېزىش خىزمەتلىرىنى ئىشلەپ، ئالتە ئو-رۇندىكى 11 تاش ئادەمنى تەكشۈردى، ئۇلار ئىگىلىگەن مەلۇمات-تىن قارىغاندا، ئىلى ۋادىسىدىن ئالتايغىچە بولغان يايلاقلاردا 70 ئورۇندا ئادەم سۈرەتلىك تاش ھەيكەل ۋە ھەر خىل قىياتاش رە-سىملىرىنىڭ بارلىقى، شىنجاڭ بويىچە 200 نەچچە تاش ھەيكەل بارلىقى ئېنىقلاندى. بۇلار ئالتاي ۋىلايىتىدە ئەڭ كۆپ، ئۇنىڭدىن قالسا، ئىلى، بورتالا، شەرقىي شىنجاڭ قاتارلىق جايلارغا تارقال-غان، تاش ھەيكەللەرگە مۇناسىۋەتلىك قەدىمكى مىللەت ۋە تارىد-خىي ئەھۋاللارنى، شۇنداقلا شىنجاڭنىڭ يايلىقىنىڭ كەڭلىكىنى، تاغ - دالىلىرىنىڭ ھەر تەرەپكە سوزۇلغانلىقىنى، تېخى ئادەم قە-دىمى يەتمىگەن بوشلۇقلارنىڭ بارلىقىنى ھېسابقا ئالغاندا، تارىخ-تىن قېپقالغان تاش ھەيكەللەرنىڭ سانى ھەرگىز بۇلا ئەمەس، شۇڭا بۇ جەھەتتە داۋاملىق ئىزدىنىشكە توغرا كېلىدۇ.
تېكەس ۋادىسىدىكى ئوتلاقلاردا تىك تۇرغان ئادەم سۈرەتلىك تاش ھەيكەللەرنى كۆپ ئۇچراتقىلى بولىدۇ، بۇ تاش ھەيكەللەرنىڭ بەزىلىرى ناھايىتى چوڭ بولۇپ، ئېگىزلىكى ئىككى مېتىردىن ئاشسا، بەزىلىرى (تېكەسنىڭ قۇشتاي، قاراغانتى قاتارلىق جاي-لىرىدىكى تاش ھەيكەللەر) كىچىكرەك بولۇپ، بىر مېتىردىن ئېگىزرەك كېلىدۇ؛ بەزى تاش ھەيكەللەر ناھايىتى نەپىس ياسالغان بولۇپ، تۆۋەنكى قىسمىغا خەت ئويۇلغان. ئادەم سۈرەتلىك تاش ھەيكەللەر مەيلى چوڭ، مەيلى كىچىك، نەپىس ياكى ئاددىي قىلىپ ياسالغان بولسۇن، ئومۇمىي كۆرۈنۈشى بىر خىل بولۇپ، يالاڭ-باشتاغ (بەزىلىرىنىڭ باش كىيىمى باردەك قىلىپ ياسالغان)، يۈ-زى چوڭ، پېشانىسى كەڭ، بۇرۇتى بار، بېلىگە كەمەر باغلىغان، سول قولىدا كەمەرگە ئېسىلغان خەنجەرنى تۇتۇۋالغان ۋە ئوڭ

قولىدا جامنى مەيدىسىگە تىرەپ تۇتۇپ تۇرغان ھالەتتە تۇرىدۇ.

تارىخىي خاتىرىلەردە يېزىلىشىچە، قەدىمكى زاماندىكى تۈركلەر ئۆزلىرىنىڭ ئۆرپ ـ ئادەتلىرىگە ئاساسەن، ئادەم ئۆلسە، تاۋۇتىنى كىگىز ئۆينىڭ ئالدىغا توختىتىپ قويۇپ، ئات، كالا، قوي سويۇپ نەزىر ـ چىراغ ئۆتكۈزگەندىن كېيىن، مۇۋاپىق كۈننى تاللاپ دەپنە قىلاتتى ۋە قەبرە ئۈستىگە خادا تاش ئورنىتىپ، ئۇنىڭغا شۇ يەرگە دەپنە قىلىنغۇچىنىڭ رەسىمىنى سىزىپ قوياتتى، «ئۆلگۈچى ھايات ۋاقتىدا قانچە ئادەم ئۆلتۈرگەن بولسا،ئۇنىڭ قەبرىسى ئۈستىگە شۇنچە خادا تاش تىزىپ قوياتتى ۋە بۇ خادا تاشلارغا ئۇنىڭ جەڭ مەيدانىدا كۆرسەتكەن قەھرىمانلىق ئىش ئىزلىرىنى يېزىپ قوياتتى»①. تېكەس ۋادىسىدىكى تاش ھەيكەللەر ئاشۇ خىلدىكى خاتىرە تاشلاردىن بولۇپ ھېسابلىنىدۇ.

بۇنىڭدىن باشقا، يەنە موڭغۇلكۈرە ناھىيىسىنىڭ يايلاقلىرىغا قويۇلغان تاش ئادەملەر خېلى كۆپ سالماقنى ئىگىلەيدۇ. 1) شوتىدىكى ئادەم سۈرەتلىك تاش ھەيكەل موڭغۇلكۈرە ناھىيىسىنىڭ شوتا يېزىسىغا جايلاشقان. ئۇ جەمئىي ئۈچ دانە بولۇپ، ئۇنىڭ ئىككىسى ئاقسۇ يېزىسىنىڭ غەربىي جەنۇبىدىن بەش كىلومېتىر يىراقلىقتىكى يايلاقنىڭ ئوتتۇرىسىدا بىر ـ بىرىگە پاراللېل (جەنۇب ـ شىمال) ھالەتتە ئورۇنلاشقان، ئارىلىقى يېرىم چاقىرىم كېلىدۇ، ھەر ئىككىسىنىڭ يۈزى شەرققە قارىغان بولۇپ، ئادەتتىكى تىك چاسا شەكىلدىكى ئۇزۇن تاشنى ئويۇپ ياسالغان، شىمالدىكىسىنىڭ يۈزىنىڭ كەڭلىكى 32 سانتىمېتىر، ئۇزۇنلۇقى 48 سانتىمېتىر كېلىدۇ، يۈزىدە ساقال ـ بۇرۇتى بار. جەنۇبتىكىسىنىڭ يۈزىنىڭ كەڭلىكى 35 سانتىمېتىر، ئۇزۇنلۇقى 40 سانتىمېتىر كېلىدۇ. يەنە بىرى شوتا يېزىسىنىڭ غەربىي شىمالىدىن تەخمىنەن يەتتە كىلومېتىر يىراقلىقتىكى يايلاقنىڭ ئوتتۇرىسىدا، يۈزىنىڭ كەڭلىك 22 سانتىمېتىر، ئۇزۇنلۇقى 26 سانتىمېتىر كېلىدۇ، ياسىلىش شەكلى ئالدىنقى ئىككى تاش

ھەيكەلگە ئوخشاپ كېتىدۇ. 2) كىچىك خونۇقايىدىكى ئادەم سۈ-
رەتلىك تاش ھەيكەل موڭغۇلكۈرە ناھىيە بازىرىنىڭ شەرقىي جە-
نۇبىدىن بەش كىلومېتىر يىراقلىقتىكى يايلاقنىڭ ئوتتۇرىسىغا
جايلاشقان. ئۇ پەقەت بىر دانە بولۇپ، ئېگىزلىكى 2.3 مېتىر،
كەڭلىكى 35 سانتىمېتىر كېلىدۇ، بەدىنىنىڭ كەڭلىكى 50
سانتىمېتىر كېلىدۇ، يۈزى شەرققە قاراپ تۇرىدۇ، ئوڭ ـ سول
قوللىرى مەيدىسىگە، ئوڭ قولىغا جام (قەدەھ) تۇتقۇزۇلۇپ، چې-
چى ئۆششاق ئۆرۈلۈپ ئارقىسىغا تاشلىۋالغاندەك ياسالغان، دۈم-
بىسىگە قوپالراق قىلىپ، بىر نەچچە قۇر سوغدىچە يېزىق ئويۇل-
غان. بۇنداق يېزىق ئويۇلغان ئادەم سۈرەتلىك تاش ھەيكەل شىن-
جاڭدا پەقەت مۇشۇ بىر ئورۇندا بولۇپ، ئىنتايىن يۇقىرى قىم-
مەتكە ئىگە. 3) يېسىن بېزىرىدىكى ئادەم سۈرەتلىك تاش ھەيكەل
موڭغۇلكۈرە ناھىيىسىنىڭ كۆپىرت تېغىدىكى يايلاقتا جايلاشقان.
ئۇ پەقەت بىر دانە بولۇپ، ئېگىزلىكى 70 سانتىمېتىر، كەڭلىكى
20 سانتىمېتىر كېلىدۇ، ساقال ـ بۇرۇتىنى تەستە پەرق ئەتكى-
لى بولىدۇ، يۈزى شەرققە قاراپ تۇرىدۇ، ياسىلىش شەكلى بىر
ئاز قوپال، ھېچ قانداق بەلگە ئويۇلمىغان، ئارقىسىدا ئۇششاق تاش
پارچىلىرى دۆۋىلەنگەن بولۇپ، قارىماققا، قەبرىنىڭ ئالدىدىكى
ھەيكەلدەك كۆرۈنىدۇ. شۇڭا ئۇ «قەبرە ئالدىدىكى ئادەم سۈرەتلىك
تاش ھەيكەل» دەپمۇ ئاتىلىدۇ. 4) ئاغىيازدىكى ئادەم سۈرەتلىك
تاش ھەيكەل موڭغۇلكۈرە ناھىيىسىدىكى ئاغىياز تاغ ئېغىزىغا
جايلاشقان. ئۇ جەمئىي ئىككى دانە بولۇپ، بىر ـ بىرىگە پاراللېل
ھالەتتە (جەنۇب ـ شىمال) ئورۇنلاشقان، جەنۇبتىكى بىلەن شى-
مالدىكىسىنىڭ ئارىلىقى 700 مېتىر ئەتراپىدا كېلىدۇ. شىمال-
دىكى تاش ھەيكەل تىك ئۇزۇن چاسا شەكىلدىكى تاشقا ئويۇپ يا-
سالغان، ئېگىزلىكى 1.4 مېتىر، كەڭلىكى 47 سانتىمېتىر كې-
لىدۇ، كۆز، قۇلاق، ئېغىز، بۇرۇنلىرى خېلى سىپتا ياسالغان،
سول قولىدا جامدەك بىر نەرسە بار. جەنۇبتىكى تاش ھەيكەلنىڭ

ئېگىزلىكى 1.1 مېتىر، كەڭلىكى 28 سانتىمېتىر، قېلىنلىقى 26 سانتىمېتىر كېلىدۇ، يۈز شەكلىنى ئارانلا پەرق ئەتكىلى بولىدۇ. 5) خودخۇردىكى ئادەم سۈرەتلىك تاش ھەيكەل موڭغۇلكۈرە ناھىيىسىنىڭ ئاقسۇ يېزىسىدىكى خودخۇر دېگەن جايغا جايلاشقان. ئۇ جەمئىي ئىككى دانە بولۇپ، بىر ـ بىرىگە پاراللېل ھالەتتە (جەنۇب ـ شىمال) ئورۇنلاشقان، يۈزلىرى شەرققە قاراپ تۇرىدۇ، ئىككىسىنىڭ ئارىلىقى تەخمىنەن 500 مېتىر كېلىدۇ. شىمالدىكىسىنىڭ ئېگىزلىكى 1.3 مېتىر، كەڭلىكى 30 سانتىمېتىر كېلىدۇ، ئېغىز ـ بۇرۇن، كۆز ـ قۇلاقلىرى خېلى سىپتا ياسالغان. شۇڭا بۇ ئايالنىڭ ھەيكىلى دەپ قارالغان. جەنۇبتىكىنىڭ ئېگىزلىكى 98 سانتىمېتىر، كەڭلىكى 36 سانتىمېتىر، قېلىنلىقى 25 سانتىمېتىر كېلىدۇ. بۇ ئەرنىڭ ھەيكىلى دەپ قارالغان. موڭغۇلكۈرە ناھىيىسىدىكى ئادەم سۈرەتلىك تاش ھەيكەللەرنىڭ يىل دائىرىسى ھەققىدە يەكۈن چىقىرىش بىر ئاز قىيىن بولسىمۇ، ئەمما ياسىلىش شەكلى ۋە سىپتىلىقى جەھەتتىن ئۇلارنىڭ ئوتتۇرىسىدا مەلۇم ئورتاق ئالاھىدىلىك بار، بۇ، بىزنىڭ مەزكۇر ئادەم سۈرەتلىك تاش ھەيكەللەرنىڭ يىل دائىرىسىنى ئېنىقلىشىمىزغا بەلگىلىك يارەم بېرىدۇ.

بۇ تاش ھەيكەللەرنىڭ يىل دائىرىسىگە كەلسەك، ئاتاقلىق ئارخېئولوگ پروفېسسور خۇاڭ ۋېنبى ئەپەندى، ئىلى رايونىدا ئارخېئولوگىيىلىك تەكشۈرۈش ئېلىپ بارغاندا، بۇ ئادەم سۈرەتلىك تاش ھەيكەللەرنىڭ ئالاھىدىلىكىگە ئاساسەن، ئۇلارنى «ئېھتىمال 7 ـ، 10 ـ ئەسىرلەرگە ئائىت مەدەنىيەت مىراسى بولسا كېرەك، تۈركلەر 8 ـ ئەسىرنىڭ ئالدى ـ كەينىدە ئىلى، ئىسسىق كۆل ئەتراپلىرىغا تارقالغانلىقى ئۈچۈن، ئىلى ئۇلارنىڭ سىياسىي مەركىزى ھېسابلىناتتى. شۇڭا ئۇلارنىڭ تارىخىي ئىزلارنى قالدۇرۇشى شۈبھىسىز ئىدى» [②] دەپ قارىغان. دەرۋەقە، قەدىمكى تۈركلەرنىڭ ئۆرپ ـ ئادىتىدە «ئۆلگۈچىنىڭ قەبرىسى

ئالدىغا تاش تىكلەپ قويۇش، قەبرىگە دۆۋىلەنگەن تاشنىڭ قانچە
كۆپ بولۇشى ئاشۇ ئۆلگۈچىنىڭ هايات ۋاقتىدا ئۆلتۈرگەن دۈش-
مەن سانىنى بىلدۈرۈشى، قاغانلارنىڭ چېدىر ئىشىكىنىڭ شەرق-
قە قارىتىلىشى، ئەتىگىنى چېدىر ئىشىكىدىن چىققاندا قوياشقا
تەزىم قىلىش» ③ قاتارلىق ئادەتلەر مەۋجۇت ئىدى. بۇ، يۇقىرىدى-
كى ئادەم سۈرەتلىك تاش هەيكەللەرنىڭ «يۈزلىرىنىڭ شەرققە قا-
رىتىپ قويۇلۇشى» ئالاهىدىلىكلىرىگە تامامەن ئۇيغۇن كېلىدۇ.
بۇنىڭدىن سىرت، ئادەم سۈرەتلىك تاش هەيكەللەر يالغۇز شىنجاڭ
چېگرىسى ئىچىگىلا تارقىلىپ قالماستىن، بەلكى روسىيىنىڭ
سىبىرىيە، ئالتاي رايونى ۋە موڭغۇلىيىنىڭ بىر قىسىم جايلىرى-
غىمۇ تارقالغان. «سوۋېت ئالىمى يېپچىنخاۋا ئالتاي تاغلىق رايو-
نىدىكى تاش هەيكەللەرنى تەتقىق قىلىش نەتىجىسىگە ئاساسەن،
ئۇلارنىڭ يىل دەۋرىنى7 ـ 10 ـ ئەسىرلەر دەپ مۇقىملاشتۇرغان
هەمدە ئۇلارنى ئالتاي، ئورخۇن تۈركلىرىدىن دەپ كۆرسەتكەن» ④.
يۇقىرىقىلارغا ئاساسلانغاندا، موڭغۇلكۈرە ناهىيىسىدىكى ئادەم
سۈرەتلىك تاش هەيكەللەرنى دەسلەپكى قەدەمدە7 ـ 10 ـ ئەسىر-
لەردىكى تۈركلەرگە ئائىت مەدەنىيەت مىراسلىرى دەپ ئېيتىشقا
بولىدۇ.

شىمالىي شىنجاڭنىڭ يايلاقلىرىدىكى ئادەم سۈرەتلىك تاش
هەيكەللەر ۋە يېزىقلار «يىپەك يولى»نىڭ شىمالىي تۈگۈنىگە
جايلاشقان رايونلارنىڭ سودا ـ سېتىق، مەدەنىيەت ئالاقىسى،
سىياسىي، ئىقتىسادىي ئەھۋاللىرىنى تەتقىق قىلىشتا تۈركلەر-
نىڭ شىنجاڭدىكى پائالىيىتىنى تەتقىق قىلىشتا، بولۇپمۇ تەڭرى-
تاغنىڭ شىمالىدا ئۆتكەن قەدىمكى خەلقلەرنىڭ تارىخىنى ئۆگى-
نىش ۋە يېزىپ چىقىشتا بىزنى ناهايىتى قىممەتلىك ئارخېئو-
لوگىيىلىك ماتېرىيال بىلەن تەمىن ئېتىدۇ.

**ئىزهات:**

① «تۈرك ۋە تاتار تارىخى» 17 ـ بەت.

② خۇاڭ ۋېنبى: «شىنجاڭدىكى ئارخېئولوگىيىلىك تېپىلمىلار — ئىلى رايونىنى تەكشۈرۈش»، «ئارخېئولوگىيە ژۇرنىلى (خەنزۇچە) 1960 ـ يىللىق 2 ـ سان.
③ «جۇنامە» 3 ـ كىتاب 910 ـ بەت.
④ پوتاپوف: «جەنۇبىي ئالتايلىقلارنىڭ ئېتنىك مەنبەسى توغرىسىدا قىسقىچە بايان»، «مىللەتلەر تارىخىغا ئائىت تەرجىمە توپلىمى» خەنزۇچە نەشرى 100 ـ بەت.

# ياۋروپا ـ ئاسىيا مىللەتلىرىنىڭ 7 ـ ئەسىردىن بۇرۇنقى چوڭ كۆچۈشلىرى

ك. سىگلىد (ۋېنگرىيە)

ئۇرال تېغى بىلەن ئۇرال دەرياسى ياۋروپا ـ ئاسىيا قىتئەـ لىرىنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى تەبىئىي چېگرىنى شەكىللەندۈرىدۇ، گەرچە ئۇرال تېغى 1500 كىلومېتىر ئۇزۇنلۇقتا سوزۇلغان بولـ سىمۇ، تاغنىڭ ئىككى تەرىپىدىكى ئاھالىلەر ئۇچۇن ئېيقاندا، ئۇ ھالقىپ ئۆتكىلى بولمايدىغان توسالغۇ بولۇپ قالمىدى، ئۇرال تېغىنى توغرىسىغا كېسىپ ئۆتمىدىغان مىللەتلەرنىڭ كۆچۈشى ھەمىشە يۈز بېرىپ تۇردى. لېكىن بۇ كۆچۈشلەرنىڭ كۆلىمى ئانچە زور ئەمەس، ئىلگىرىلىشىمۇ تېز ئەمەس ئىدى. چۈنكى ئۇرال تېغىنىڭ كۆپ قىسمى ياۋروپا ـ ئاسىيا قۇرۇقلۇقىنىڭ شىمالىي قىسمىدىكى ئورمانلىق رايونى ئىدى، ئورمان رايونىدىـ كى بېلىقچىلىق، ئوۋچىلىق بىلەن شۇغۇللىنىدىغان مىللەتلەر ۋە يىغىمچىلىق بىلەن شۇغۇللىنىدىغان مىللەتلەرنىڭ تۇرمۇش ئادىتىنى ئۆزگەرتىشكە ناھايىتى ئۇزۇن ۋاقىت كېتەتتى.

بۇ ئورمان ـ يايلاق رايونى ياۋروپا، غەربىي جەنۇبىي سىبىـ رىيە ئورمان رايونى ۋە ئۇنىڭ جەنۇبىدىكى چەكسىز كەتكەن دالانى يەنى ۋېنگرىيە ئېگىزلىكىدىن موڭغۇلىيە، سەددىچىن سىپـ ىلىنىڭ جەنۇبىدىكى كەڭ كەتكەن رايوننى بىرلەشتۈرۈپ تۇراتتى.

پۈتۈن جەنۇبىي ئۇكرائىنا بىلەن دون دەرياسى، ۋولگا دەرياـ سىدىن تاكى ساراتوف، كۇيبىشېۋقىچە بولغان ئارىلىقنىڭ شىماـ لىي قىسمىدىكى تۈز تەكشى رايونمۇ بۇ چەكسىز كەتكەن ئورمان ـ دالا رايون دائىرىسىگە كىرەتتى. ئۇنىڭ جەنۇبىي قىسمىنى دون دەرياسى، ۋولگا دەرياسى، كاما دەرياسى ۋە كاۋكاز تاغلىرى بۆلۈـ

ۋەتكەندى. دون دەرياسىنىڭ يۇقىرى ئېقىمىمۇ مۇشۇ ئورمان ـ دالا رايونىنىڭ دائىرىسىگە كىرەتتى. ۋولگا دەرياسى، كاما دەريا ـ سى، بېلايا دەرياسى تۆۋەن ئېقىمىنىڭ ئارىلىقىدىكى رايونىنىڭ شەرقىگىمۇ ئورمان ھەم دالا تارقالغاندى. ۋولگا دەرياسىنىڭ تۆ ـ ۋەن ئېقىمىنىڭ شەرقىدىكى قازاق دالاسى ناھايىتى چەكسىز بو ـ لۇپ، ئۇ ياۋروپا دالاسىدىن ئاسىيا قىتئەسىنىڭ ئالتاي رايونى ـ غىچە سوزۇلۇپ باراتتى. جەنۇبى يەنە كاسپى دېڭىزى بىلەن تۇ ـ تىشىپ تۇراتتى، شەرقتە بولسا ئارال دېڭىزى، بالقاش كۆلى ھەم ئامۇ دەرياسى، سىر دەريا ئارىلىقىدىكى قۇرغاق رايون بىلەن تۇ ـ تىشىپ كېتەتتى، ئۇنىڭ كۆپ قىسمى بۈگۈنكى تۈركمەنىستان چېگرىسىدا ئىدى.

ئالتاي تېغى بىلەن تەڭرىتاغ ئارىلىقىدىكى جوڭغارىيە تاغ ئېغىزى يەنە قازاق دالاسى ھەم قۇملۇقنىڭ شىمالىدىكى موڭغۇل دالاسى بىلەن تۇتىشىپ كېتەتتى، قۇملۇقنىڭ جەنۇبى، جوڭگو ـ نىڭ غەربىي شىمال رايونى، خۇاڭخې دەرياسىنىڭ ئىككى قىرغى ـ قىمۇ كۆچمەن چارۋىچىلىققا مۇۋاپىق كېلىدىغان تۈز كەتكەن رايون ئىدى.

گەرچە غەربكە كۆچۈشتە قىيىنچىلىق قاتمۇقات، يەنە بىر قانچە دەريانى كېسىپ ئۆتۈش كېرەك بولسىمۇ، ئەمما دالا خەلقى ئۈچۈن ئېيتقاندا، بۇلارمۇ ھالقىپ ئۆتۈشكە بولمايدىغان توسالغۇ بولالمىدى. ياۋروپا، ئاسىيا يايلاق مىللەتلىرىنىڭ كەڭ كۆلەمدى ـ كى كۆچۈش ئەھۋاللىرى يۈز بېرىپلا قالماي، بەلكى بۇلار دائىم دېگۈدەك قىسقا ۋاقىتتىلا تاماملىناتتى. تۈرك ۋە موڭغۇل ئىم ـ پېرىلىرى تازا گۈللەنگەن دەۋردە پۈتكۈل ياۋروپا ـ ئاسىيا يايلى ـ قى پۈتۈنلەي بىر ئىمپېرىيىنىڭ ھۆكۈمرانلىقى ئاستىدا بولۇش تارىخىمۇ بولغاندى.

تارىخىي خاتىرىلەردە يايلاقنىڭ كۆپ قىسمىنى ئەڭ بۇرۇن ئىگىلىگەنلەر مىلادىيىدىن 28 ئەسىر بۇرۇنقى كۆچمەن چارۋىچى مىللەت سىممېريانلار ئىدى. ئۇلار شەرقىي جەنۇبىي ياۋروپادا پا ـ ئالىيەت ئېلىپ بارغان ھىندى ـ ياۋروپا مىللەتلىرىگە تەۋە سې ـ

رس ـ فىركياكلار ئىدى. سىمىرىيانلاردىن ھىندى ـ ياۋروپا تىل سىستېمىسى ئىران تىل گۇرۇپپىسىدىكى ئىسكىفلار مىلا۔ دىدىن بۇرۇنقى 8 ـ ئەسىردىن مىلادىيىدىن بۇرۇنقى 3 ـ ئە۔ سىرگىچە ياپلاق غەربىي يەنى ياۋروپا قىسمىنى ئىگىلىگەنىدى. ئۇلارنىڭ ماكانلاشقان جايى تا قازاق دالاسىنىڭ ئوتتۇرا، غەربىي قىسمىغىچە سوزۇلۇپ، توپتوغرا ئارال دېڭىزى ۋە سىر دەرياسى۔ نىڭ شىمالىي قىسمىغىچە باراتتى. شۇنداقلا ئىران تىلىدا سۆز۔ لىشىدىغان ساكلارمۇ بار ئىدى. ئۇلار كېيىن شەرقتىكى پامىر ئويمانلىقى ۋە تەڭرىتاغ رايونلىرىغا كۆچتى. ئۇلارنىڭ ئىچىدىكى يەنە بىر قىسمى شەرقىي شىمالدىكى ئالتاي تاغلىرى بىلەن سايان چوققىسى ئارىلىقىنىڭ غەربىي جەنۇبىدىكى سىبىرىيە ئورمان ـ ياپلاق رايونىغا كۆچتى. ياۋروپا ـ ئاسىيا دالاسىدىكى ئىران تى۔ لىدا سۆزلىشىدىغان ھەر قايسى كۆچمەن مىللەتلەرنىڭ يۇنانچە ئومۇمىي ئاتالمىسى «ئىسكىفلار» ئىدى، پارس تىلىدا«ساكلار» دەپ ئاتىلاتتى. ياپلاقنىڭ غەربىي جەنۇبىي قىسمى يەنى جۇڭگونىڭ غەربىي شىمال قىسمىنى مىلادىيىدىن بۇرۇنقى 2 ـ ئەسىرگىچە توخرىلار تىزگىنلەپ كەلگەنىدى. ئۇلار ھىندى ـ ياۋروپا تىل سىستېمىسىغا مەنسۇپ بولسىمۇ، ئەمما ئىران تىل گۇرۇپپىسىغا تەۋە ئەمەس ئىدى.

مىلادىيىدىن بۇرۇنقى 3 ـ ئەسىردە ئىسكىفلارنىڭ ئىچىدىكى سارماتلار كارپات تاغلىرى بىلەن سىر دەرياسى ئارىلىقىدىكى ياپلاقتا يەنە پەيدا بولدى. 4 ـ ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىلىرىغا كەلگەن۔ دە، ئۇلار ئىسكىفلارنىڭ ماكانلاشقان جايى — ئوتتۇرا ۋە غەربىي دالانى يەنە ئىگىلىدى. ئارال دېڭىزى بىلەن كاۋكاز تاغلىرى ئا۔ رىلىقىدىكى شەرقىي ئوتلاق ئائورسىلار (Aorsi) نىڭ ھۆكۈمراز۔ لىقىدا ئىدى، مىلادىيە 340 ـ يىلدىن باشلاپ، ئالانلار تەرىپىدىن تىزگىنلەندى، ئۇلار ئائورسىلارنىڭ ئەۋلادى ئىدى. ھۇنلارنىڭ غەربكە كۆچۈشى دۇنيا تارىخىدا ناھايىتى زور تەسىر قوزغىدى. ئۇلار تەخمىنەن مىلادىيە 370 ـ يىلى ئالانلارنىڭ يېرىگە كې۔ لىپ، ئىران تىل گۇرۇپپىسىدىكىلەرنىڭ ياپلاقنى تىزگىنلىشى۔

نى ئاخىرلاشتۇرۇپ، ياۋروپا تارىخىدىكى «مىللەتلەرنىڭ كۆچۈ-شى» نى باشلىۋەتتى.

ياۋروپا تارىخىدا ھۇنلارنىڭ دەۋران سۈرۈشى مىلادىيە 370 — يىلدىن 470 — يىلغىچە بىر ئەسىر داۋام قىلالىغان بولسىمۇ، ئەمما ئۇلارنىڭ ئىسمى بىر قانچە ئەسىردىن كېيىنمۇ ۋىزانتىيە ۋە غەربنىڭ تارىخ كىتابلىرىدا يەنىلا كۆرۈنۈپ تۇردى. شۇڭلاشقا 9 — ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىلىرى يەنە بىر كۆچمەن چارۋىچى مىللەت ئاۋارلار ئىسكىفلارنىڭ بۇرۇنقى ماكانلاشقان جايىدىن ياۋروپاغا كۆچۈپ كەلگەندە، غەربنىڭ كاھىنلىرى ئۇلارنى يەنىلا «ھۇنلار» دەپ ئاتىغانىدى. ئۇلار يەنە ئۈچ ئەسىردىن كېيىنكى 9 — ئەسىر-دە ئاۋار پادىشاھلىقى يوقالغاندىن كېيىن شەرقىي ياۋروپادا پەيدا بولغان ھازىرقى ۋېنگىرلارنى «ھۇن» دەپ ئاتىدى. بىر يېرىم ئە-سىردىن كېيىن كۆچمەن چارۋىچى ۋېنگىرلار خرىستىيان دىنىغا ئېتىقاد قىلدى، شۇندىن كېيىن ئۇلار موناخلارنىڭ پەرھىز تۇ-تۇشتەك تۇرمۇش ئادىتىنى يېتىلدۈردى. غەرب كاھىنلىرى ئارد-سىدا ۋېنگىرلارنى ئىسكىفلار دەيدىغان كۆز قاراش ياكى ئۆتكەنكى بىر قانچە ئەسىردە ۋېنگىرىيىدە دائىم دېگۈدەك تىلغا ئېلىنىدىغان ئىسكىتىيە ھۇنلىرى دەيدىغان كۆز قاراش ناھايىتى كەڭ تارقال-غان. شۇنداق قىلىپ، ئاتىلار ۋە ئاۋارلاردىن كېيىن ۋېنگىرلار 3 — قېتىم ياۋروپانى بويسۇندۇردى. 16 — ئەسىردە ئۇرال رايونىدىكى ئوگۇرلار ۋە ئوستياك تىلىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان ۋېنگىرىيە تىل گۇرۇپپىسى بارلىققا كېلىشكە باشلىدى. لېكىن ۋېنگىرىيە تىلشۇ-ناسلىرى يەنىلا فونېتىكىلىق ترانسكرىپسىيە قائىدىسىنى قول-لىنىپ، فىن — ئوگۇر تىل گۇرۇپپىسىدىكى ھەر قايسى تىللار-نىڭ مەنبەسى ئوخشاش ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلاش ھەم ھەر قايسى تىل بۆلەكلىرى ئوتتۇرىسىكى مۇناسىۋەتنى تەپسىلىي بايان قىد-لىش بىلەن چەكلەندى. ھەتتا 14 — ئەسىرنىڭ ئاخىرىغا كەلگەن-دە ۋېنگىرىيىدە بەزىلەر ۋېنگىرلارنىڭ ئەجدادى ئىسكىتىيە ھۇنلى-رى دەيدىغان كۆز قاراشتا يەنىلا چىڭ تۇرغانىدى. ئەينى ۋاقىتتا بۇ خىل پەرەز يەنىلا ئىلمىي كۆز قاراش دەپ قارىلىپ كەلگەنىدى.

بىز ئىگىلىگەن تارىخىي ماتېرىياللارغا ئاساسلانغاندا، ۋولگا دەريا ۋادىسىدىكى ئورمان ـ ئوتلاق رايونىدىكى ۋېنگرلار هۇنلار بىلەن بىرلىكتە غەربكە كۆچكەن ئەمەس. شۇڭلاشقا مىلادىيە 370 ـ يىللىرى ئۇلار ئوتلاق رايونىغا كۆچۈپ كەلگەن ئەمەس. لېكىن ئۇلار هۇن دۆلىتى يوقالغاندىن كېيىنلا ( مىلادىيە 430 ـ يىلى) ياۋروپاغا تويتوغرا كۆچۈپ كەلگەن ئون ئوغۇرلار (Onoghurs) بىلەن بىۋاسىتە مۇناسىۋەت باغلىغان. ياۋروپانىڭ بەزى تىللىرىدا ۋېنگرلار يەنە «ئون ئوغۇر» دەپمۇ ئاتالغاندى. بۇ-نىڭدىن بىز يۇقىرىقى خۇلاسىنى چىقاردۇق. ئون ئوغۇر ۋە باشقا ئوغۇرلار (Oghur) ياۋروپاغا كۆچۈپ كەلگەندىن كېيىن، دالا تا-رىخىدا يېڭى سەھىپە ئاچتى، هۇنلارنىڭ ياۋروپا ـ ئاسىيادا 500 يىلدىن كۆپرەك داۋاملاشقان تارىخى شۇنىڭ بىلەن ئاخىرلاشتى. ئاسىيادا قېلىپ قالغان هۇنلارمۇ 5 ـ ئەسىردە يېڭى سۇلالە قۇ-رۇپ، باشقا مىللەتلەر بىلەن بىللە تۇرمۇش كەچۈردى، ئۇزۇن ئۆتمەي جۇڭگونىڭ شىمالىدىكى باشقا مىللەتلەرنىڭ ئىچىگە سى-ڭىپ كەتتى. ئون ئوغۇرلارنىڭ غەربكە كۆچۈشىنىڭ كېيىن هۇنلارنىڭ جۇڭگونىڭ شىمالىدا قوزغىغان ئۇرۇشى بىلەن هېچ-قانداق مۇناسىۋىتى يوق، بەلكى ئۇ قۇملۇقنىڭ غەربىدە يۈز بەر-گەن بەزى چوڭ ئىشلار بىلەن مۇناسىۋەتلىك، ئاۋارلار بۇنىڭدا ناهايىتى مۇھىم رول ئوينىغان.

ۋېنگرىيىنىڭ دەسلەپكى تارىخىي نۇقتىئىنەزەرىنى ئاساس قىلىپ، هۇنلارنىڭ غەربكە كۆچۈشى ھەم يۇقىرىدا بايان قىلىنغان غەربكە كۆچكەندىن كېيىن پەيدا بولغان چوڭ ئىشلىرىنى ئىنـ-چىكىلەپ تەكشۈرۈشتە بۇ نۇقتا تولىمۇ مۇھىم، چۈنكى يۇقىرىقى ئەھۋاللار ۋېنگرلارنىڭ دالاغا كىرىشىدىكى تارىخىي ئارقا كۆرۈ-نۈشنى بەلگىلىگەندى. خەلقئارادىكى تارىخشۇناسلارنىڭ مىللەت-لەرنىڭ كۆچۈشىنى تەتقىق قىلغىنىغا خېلى ئۇزۇن بولدى، ۋاھا-لەنكى ئۇلار پەقەت ياۋروپا بىلەن مۇناسىۋەتلىك بولغان قىسمى-نىلا ئېنىقلىيالىدى. كۆچۈشتىن بۇرۇنقى قازاق دالاسى ھەم شەرقتىكى رايونلار، يەنى ئىچكى قۇرۇقلۇق ئاسىيا يايلىقىغا

دائىر بەزى تارىخىي ماتېرىياللار بولسىمۇ، لېكىن بۇ تارىخىي ما-تېرىياللار ئىنچىكىلەپ تەھلىل قىلىنىشقا، ئىزاھلاشقا يەنىلا بەرداشلىق بېرەلمەيتتى. مەزكۇر كىتاب رايونىغا مۇناسىۋەتلىك ھۆججەتلىك تارىخىي ماتېرىياللارنى ئىنچىكىلەپ تەكشۈرۈشنى ، ھۇنلار، ئون ئۇغۇرلار، ساۋىر (Savir) لار ھەم ئاۋارلارنىڭ ئېتى-نىڭ مەنبەسى ھەم ئۇلارنىڭ كۆچۈش يولى، بولۇپمۇ بۇ توغرىدى-كى ئەڭ يېڭى تەتقىقات نەتىجىلىرىگە دىققەت قىلىشنى مەقسەت قىلىدۇ.

ھۇنلارنىڭ غەربكە كۆچۈپ ياۋروپاغا كېلىشى ئۇلارنىڭ 500 يىلدىن كۆپرەك تارىخىنىڭ ئاخىرلىشىشىدىن ئىبارەت، خالاس. ھۇن تارىخىنىڭ ئاساسىي قىسمى، يەنى مىلادىيە 370 - يىلدىن بۇرۇنقى ئەھۋالى خەنزۇچە تارىخىي ماتېرىياللاردا ناھايىتى كۆپ تىلغا ئېلىنىدۇ، ئەينى دەۋردە ئۇلار «ھۇن» دەپ ئاتىلاتتى. مىلا-دىيىدىن بۇرۇنقى 3 - ئەسىردە ھۇنلار قۇملۇقنىڭ شىمالى ۋە جەنۇبىدا دۆلەت قۇردى. شۇندىن باشلاپ ئۇلار، بىر تەرەپتىن، جەنۇبتىكى خەن سۇلالىسىگە ھۇجۇم قىلسا، يەنە بىر تەرەپتىن، يەنە جۇڭگونىڭ غەربىي شىمالىدىكى ئاز سانلىق مىللەتلەرگە ھۇجۇم قىلدى. جۇڭگونىڭ قەدىمكى تارىخچىلىرى بۇ توغرىدا تەپسىلىي خاتىرە قالدۇرغان، ئۇنىڭ ئىچىدە ھۇنلارنىڭ موڭغۇل ئېگىزلىكىدىن يۇرۇش قىلىپ، ئۆزىنىڭ غەربىدىكى غەربىي جە-نۇبىي سىبىرىيىنى تىزگىنلەش ئۈچۈن كۆپ قېتىم ئۇرۇنغانلى-قى ئالاھىدە تىلغا ئېلىنىدۇ. 18 - ئەسىرگە كەلگەندە غەرب دىن تارقاتقۇچىلىرى جۇڭگونىڭ بىر قىسىم تارىخىي ئەسەرلىرىنى ياۋروپاغا ئېلىپ كەلدى، بۇ ئەينى ۋاقىتتا ۋېنگرلارنىڭ قاتتىق قىزىقىشىنى قوزغىدى. بەزىلەر جۇڭگو تارىخلىرىدا خاتىرىلەنگەن ھۇنلاردىن ياكى ئاسىيادىكى ھۇنلاردىن ۋېنگرلارنىڭ ئەجدادىنى تېپىشقا ئۇرۇندى.

مىلادىيىدىن بۇرۇنقى 174 - يىلى ھۇنلار يەنە جۇڭگونىڭ غەربىي شىمالىدىكى توخرىلارغا كەڭ كۆلەملىك ھۇجۇمنى باش-لىغۇەتتى. بۇ قېتىمقى ئۇرۇش يەنە ئىچكى قۇرۇقلۇق ئاسىيا بىلەن

قازاق دالاسىنىڭ 500 نەچچە يىللىق (مىلادىيە 350 ـ يىلغىچە) تارىخىغا ھەم جۇغراپىيىلىك مۇھىتىغا تەسىر قىلدى ۋە ئۇنى بەلگىلىدى، توخرىلار غەربكە كۆچۈپ، تەڭرىتاغ رايونىغا كېلىشكە مەجبۇر بولدى، مىلادىيىدىن ئىلگىرىكى 129 ـ يىلى ئۇلار بىر قىسىم ساكلارنى ئۆزىگە قوشۇپ، ئامۇ دەرياسى، سىر دەرياسىنى توغرىسىغا كېسىپ ئۆتۈپ، سوغدىيانا ۋە باكتىرىيىنى ئىگىلىدى. ئەينى دەۋردىكى سوغدىلار بۈگۈنكى بۇخارا، سەمەرقەنت ۋە زەرەپشان دەريا ۋادىلىرىدا پائالىيەت ئېلىپ بېرىۋاتاتتى. توخرىلار بولسا، ئافغانىستاننىڭ شىمالى، ئامۇ دەرياسى رايونىدا يەنى سوغدىلارنىڭ دەل جەنۇبىدا پائالىيەت ئېلىپ بېرىۋاتاتتى، توخرىلار ھۇجۇم قىلىشتىن ئىلگىرى، سوغدىلار يۇنانلىقلارنىڭ تىزگىنلىشىدە ئىدى، يۇنانلىقلارنىڭ ئەجدادى ئىسكەندەر زۇلقەرنەيىن شەرققە يۈرۈش قىلغاندا ئەشۇ جايدا ماكانلاشقانىدى. توخرىلارنىڭ تەھدىتى بىلەن تاجاۋۇز قىلىپ كىرگەن كۆچمەن چارۋىچى مىللەتلەر ۋە كۇشان خانلىقى ئافغانىستاننىڭ شەرقىي شىمالىدا ئۆز ھۆكۈمرانلىقىنى ئورناتتى. كۇشانلىقلار مىلادىيە 3 ـ ئەسىرگىچە ئىران بىلەن ھىندىستان ئارىلىقىدىكى رايونلارنى يەنىلا تىزگىنلەپ تۇراتتى. شۇڭلاشقا بۇ مىللەتلەرنىڭ تاجاۋۇزىغا مۇناسىۋەتلىك تەپسىلىي خاتىرىلەر جۇڭگونىڭ تارىخ كىتابلىرىدىمۇ ۋە يۇنان تارىخچىلىرىنىڭ ئەسەرلىرىدىمۇ چېلىقمايدۇ.

ئەپسۇسلىنارلىق يېرى شۇكى، جۇڭگونىڭ تارىخ كىتابلىرى بىلەن يۇناننىڭ تارىخىي ماتېرىياللىرىدا توخرىلارنىڭ غەربكە كۆچۈپ باكتىرىيىگە بارغانلىقى بايان قىلىنغاندا، ھەر قايسى مىللەتلەرنىڭ تىلغا ئېلىنغان ئىسىملىرى ئوخشاش ئەمەس، بۇ تارىخچىلارنىڭ بۇ تارىخىي ماتېرىياللاردىن پايدىلىنىشىغا قىيىنچىلىق تۇغدۇرماقتا.

مەزكۇر كىتابنىڭ 1 ـ قىسمىدا، ئاساسەن تېخىچە ھەل بولمىغان بەزى مەسىلىلەر ئۈستىدە توختىلىمەن. ئۇنىڭ ئاساسىي مەزمۇنى: مىللەتلەرنىڭ كۆچۈشىنىڭ ئاخىرقى باسقۇچىدا توخرىلار ۋە ساكلاردىن سىرت ئاسلار (Asi) نىڭ سوغدىلار،

توخرىلار قاتارلىق كۆچمەن چارۋىچى مىللەتلەردە ئوينىغان رولى ناھايىتى مۇھىم، بەزىدە ھەتتا ھەل قىلغۇچ رول ئوينىدى. ئاسلار جۇڭگونىڭ تارىخ كىتابلىرىدا «كانجۇت» دەپ تىلغا ئېلىن-غان خەلقلەردۇر. بۇ دۆلەتنىڭ ئورنى سىر دەرياسىنىڭ ئوتتۇرا ئېقىمىنىڭ شىمالىدىكى رايونلار بىلەن چۇ دەريا ۋادىسى ۋە جە-نۇبىي قازاق دالاسىنىڭ تۇتاشقان يېرىدە ئىدى.

ئاسلار كانجۇتتىن ئاتلىنىپ جەنۇبتىكى باكتىرىيىگە قاراپ كېڭىيىپلا قالماي، مىلادىيە 1 ـ ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىلىرىغا كەل-گەندە، غەربتىكى ۋولگا دەرياسى بىلەن كاۋكاز رايونلىرىغا قاراپ-مۇ كېڭەيدى. بۇ قېتىمقى غەربكە كۆچۈش بىزنى ھەتتا كافكاز-دىكى كۆچمەن چارۋىچى ئالانلار ئىچىدىن ئاسلارنىڭ ئىسمىنى تېپىش ئىمكانىيىتىگە ئىگە قىلىدۇ. ئاسلار كېيىن يەنە ئەس (As) دەپمۇ ئاتالدى. بۇ ۋېنگر تىلىدا «ياس (Jasz)» دېيىلىدۇ. ۋېنگرىيىنىڭ تارىخىي ماتېرىياللىرىدىن ئوتتۇرا ئەسىردە بىر قىسىم ئاسلارنىڭ غەربكە كۆچۈپ ۋېنگرىيىگە كەلگەنلىكىنى كۆرگىلى بولىدۇ، ئۇلارنىڭ ئىسمىلا ئۇلارنىڭ ماكانلاشقان جايى-نى كۆرسىتىپ بېرىدۇ. ۋېنگرىيىدە يېقىندا «قىسقىچە ياس، لاتىن تىلى سۆزلۈكى» نەشر قىلىندى. شۇنىڭدىن ۋېنگرىيىدىكى ياسلار بىر قانچە ئەسىر ئىلگىرى يەنىلا قەدىمكى ئالان تىلىغا ئوخشاپ كېتىدىغان ئىران تىلى بىلەن سۆزلىشىدىغانلىقىنى كۆرۈۋالايمىز.

مىلادى 2 ـ ئەسىردىن 3 ـ ئەسىرگىچە بولغان ئارىلىقتىكى قازاق دالاسىنىڭ تارىخىنى تەتقىق قىلىشتىكى بىردىنبىر تارى-خىي ماتېرىيال خەنزۇچە ۋە پارسچىدىكى كانجۇتقا مۇناسىۋەتلىك تارىخىي ماتېرىياللاردۇر. بۇنىڭدىن بىز ھەتتا مىلادىيە 350 ـ يىلدىن ئىلگىرى قۇملۇقتا پائالىيەت ئېلىپ بېرىۋاتقان ھۇنلار-نىڭ كانجۇت رايونىغا ئىككى قېتىم كىرگەنلىكىنى كۆرەلەيمىز. 1 ـ قېتىمى مىلادىيىدىن ئىلگىرىكى 43 ـ يىلدىن 36 ـ يىل-غىچە بولغان ئارىلىقتا بولۇپ، ئەينى ۋاقىتتا ئۇلار كانجۇتنىڭ شەرقىدە مەۋجۇت بولغان ۋاقتى ئانچە ئۇزۇن بولمىغان بىر دۆ-

لەتنى قوۋرغان؛ 2 ـ قېتىمى مىلادىيە 91 ـ يىلى بولۇپ، بۇ هۇنلارنىڭ ئاسىيا ئىچكى قۇرۇقلۇقىدىن مەغلۇپ بولۇپ غەربكە كۆچۈپ قازاق دالاسىنىڭ جەنۇبىغا كەلگەن ۋاقتىغا توغرا كېلىدۇ. شۇنىڭ بىلەن هۇنلار خەنزۇچە تارىخىي ماتېرىياللاردىن يەنە بىر قېتىم غايىب بولىدۇ. مىلادىيە 370 ـ يىلى ياۋروپاغا تاجاۋۇز قىلىپ كىرگەن هۇنلار مىلادىيە 91 ـ يىلى قازاق دالاسى ۋە ئۇنىڭ ئەتراپىدا ئورۇنلاشقان رورانلارنىڭ كېيىنكى ئەۋلادىدۇر. مىلادىيە 350 ـ يىلى شەرقتىن قىلىنغان هۇجۇم قازاق دالاسىدىكى هۇنلارنى داۋاملىق غەربكە كۆچۈشكە مەجبۇر قىلدى. بۇ قېتىمقى كۆچۈشكە مۇناسىۋەتلىك تەپسىلاتلار هۇن تارىخىدىلا ئەمەس، بەلكى پۈتۈن قازاق دالاسىنىڭ تارىخىنى تەتقىق قىلىشتىمۇ ناهايىتى مۇجمەل. بۇ جەهەتتە بىزنىڭ هەل قىلىشىمىزغا تېگىشلىك نۇرغۇن مەسىلىلەر بار، ئۇلارنىڭ ئىچىدە ئەڭ مۇهىم مەسىلە: زادى قايسى مىللەت ئەڭ ئاخىرقى قېتىم هۇنلارنى قازاق دالاسىدىن ۋاز كېچىشكە مەجبۇر قىلدى؟ مىلادىيە 350 ـ يىلى هەم ئۇنىڭدىن كېيىنكى يىللاردا قازاق دالاسىنىڭ جەنۇبىدىكى سوغدىيانا بىلەن باكتىرىيىدە يەنە قانداق ئۆزگىرىشلەر بولدى؟ بىز ئىگىلىگەن تارىخىي ماتېرىياللاردا هەقىقەتەنمۇ بىر كۆچمەن چارۋىچى مىللەتنىڭ تاجاۋۇز قىلىپ كىرگەنلىكى تىلغا ئېلىنىدۇ، لېكىن بۇ تاجاۋۇز قىلىپ كىرگەن مىللەتنىڭ ئېتنىك مەنبەسى ياكى تاجاۋۇز قىلىپ كىرگەندىن كېيىنكى ئاشۇ ئەسىردە بۇ جايدا يۈز بەرگەن چوڭ ئىشلار تا هازىرغىچە ئېنىقلانمايۋاتىدۇ. ئەمما ئۈمىدمۇ يوق ئەمەس. مەزكۇر كىتابنىڭ ئاخىرقى بىر قانچە بابىدا تارىخچىلار ئورتاق ئېتىراپ قىلغان تارىخىي ماتېرىياللار بايان قىلىنىدۇ، ئۇنىڭ ئىچىدە بىز بۇرۇنلا ئىگىلىگەن تارىخىي ماتېرىياللار بار، شۇنداقلا يېڭىدىن ئېلان قىلىنغان تارىخىي ماتېرىياللارمۇ بار، يەنە قەدىمكى پۇللار، ئادەم ئىسىملىرى ۋە يەر ناملىرىغا دائىر تەتقىقات ماتېرىياللىرى بار، بۇلارغا ئاساسەن، مىلادىيە 350 ـ يىلى ئالتاي تاغلىرىدىن كەلگەن كۆچمەن چارۋىچى مىللەت ئاۋار ـ هۇن (Avar ـ Hun) قەبىلە ئىتـ

تىپاقىنى تەشكىللىگەنلىكى، مۇشۇ كۆچمەن چارۋىچى مىللەتنىڭ قازاق دالاسىدىكى ھۇنلارنى غەربىي ياۋروپاغا كۆچۈشكە مەجبۇر قىلغانلىقى ئىسپاتلىنىدۇ. ئەمما ئاۋار ـ ھۇنلار غەربكە كۆچكەن ھۇنلارغا ئەگەشمىدى، بەلكى قازاق دالاسىدىن جەنۇبقا قاراپ ئىلـ ـگىرىلەپ، سىر، ئامۇ دەريالىرىدىن ئۆتۈپ سوغدىلار بىلەن ئافغاـ ـنىستاننىڭ شەرقىي شىمالىدىكى شۇ چاغدىكى توخارىستانغا كۆـ ـچۈپ باردى. شۇنىڭ بىلەن ئۇلار يەنە بۇرۇن كۇشان سۇلالىسىنىڭ ئورنىنى ئالغان كىدارىت (Kidarite) سۇلالىسى ئافغانىستاننىڭ غەربىگە سۈرۈلۈشكە مەجبۇر قىلدى. شۇندىن ئېتىبارەن ئەتراپـ ـتىكى مىللەتلەرنىڭ تارىخىي ماتېرىياللىرىدا ئۇلار دائىم دىگىۇـ ـدەك توخارىستاننىڭ يېڭى ئورنى دەپ خاتىرىگە ئېلىندى. ئۇلار ئاۋار (avar) ياكى ھۇنلار (Hyon, chon, Huns) دەپ ئاتالدى. مىلادىيە 467 ـ يىلىدىن كېيىن پارسلار ئافغانىستاننىڭ غەربىـ ـدىكى كىدارىت سۇلالىسىنى يوقاتتى، ئاۋار ـ ھۇنلارنىڭ ئۆزىمۇ يېڭى سۇلالىنىڭ ھۆكۈمرانلىقىنى قوبۇل قىلدى، ئۇ بولسىمۇ ئابداللار (Heftals ئىفتال، ئىپتالىت) نىڭ ھۆكۈمرانلىقى ئىدى. 467 ـ يىلىدىن 557 ـ يىلغىچە يەنى ئاۋار ـ ھۇنلار پادىشاھلىـ ـقىنىڭ ئاخىرقى باسقۇچىدا ئابداللارنىڭ نامى ئاستىدا ئاۋار ـ ھۇنلار تىلغا ئېلىندى.

يايلاق تارىخى نۇقتىئىنەزىرىنى ئاساس قىلغاندا، ئەتراپتىكى ھەر قايسى مىللەتلەرنىڭ ھۆججەتلىرىدە توخارىستاندىكى ئاۋار ـ ھۇنلارنىڭ ئىسمى ساقلىنىپ قالغانلىقى خاتىرىلەنگەن، بۇ نۇقتا ناھايىتى مۇھىم، خەنزۇچە تارىخىي ماتېرىياللاردىكى ھۇنلار بىـ ـلەن غەربتىكى ھۇنلارنىڭ بۇ خىل شەكىلدە خاتىرىگە ئېلىنىشى سان جەھەتتىن ئالغاندا ئىككىنچى ئورۇننىڭ ئوتتۇرىسىغا توغرا كېلىدۇ، بۇ نامنىڭ ئىككى خىل شەكلىنىڭ ئوخشاش مەنبەدىن كېلىپ چىققانلىقىدىن گۇمانلىنىشقا بولىدىغانلىقىنى ئىسپاتلايدۇ.

ئەگەر بىز خەنزۇچە تارىخىي ماتېرىياللار بىلەن ۋىزانتىيىـ ـنىڭ تارىخىي ماتېرىياللىرىنى سېلىشتۇرۇپ كۆرسەك، ئاۋار ـــ ھۇن قەبىلە ئىتتىپاقىنىڭ ئېتنىك مەنبەسى ئۈستىدە تېخىمۇ

كۆپ تونۇشقا ئىگە بولىمىز. بىر خەنزۇچە تارىخىي ماتېرىيالدا تەخمىنەن 350 ـ يىلى باكتىرىيىگە كىرگەن ئاۋار ـ هۇنلار «رۇەنرۇەن» (juanjuan) دەپ ئاتالغان. بىزگە مەلۇمكى، 4 ـ ئە-سىردە هۇن ۋە سيانپىلاردىن كېيىن ئىچكى قۇرۇقلۇق ئاسىيا-دىكى قۇملۇقتا قۇرۇلغان دۆلەت «رووران» دەپ ئاتالغان. بۇ ھەقتە خەنزۇچە تارىخىي ماتېرىياللاردا تەپسىلىي خاتىرىلەر قالدۇرۇل-غان. ۋىزانتىيىلىكلەر ئىچكى قۇرۇقلۇق ئاسىيادىكى بۇ چوڭ مىللەتنىڭ ياۋروپاغا كۆچۈپ كەلگەن قەبىلىلىرىنى ئاۋارلار (Avars) دەپ ئاتىغان. ئۇلار توغرىسىدىكى بىر قەدەر ئېنىق با-يانلاردىن شۇنى كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇكى، بۇ ئاۋارلارنىڭ ئىككى چوڭ قەبىلە ئىتتىپاقىنى تەشكىل قىلغانلىقى ناھايىتى روشەن. ئۇلارمۇ «ئاۋار ۋە هۇن» دەپ ئاتالغان.

دېمەك، هۇن ئىمپېرىيەسى يىمىرىلگەندىن كېيىنمۇ هۇنلار پۈتۈنلەي يوقىلىپ كەتمىگەن. يۇقىرىدا بايان قىلىنغاندەك، 1 ـ ئەسىردىن 350 ـ يىلغىچە بىر قىسىم هۇنلار يەنىلا قازاق دالاسىدا قېلىپ، ئاندىن ئۇ يەردىن ياۋروپاغا كۆچكەن، باشقا قە-بىلىلەر بولسا موڭغۇل ئېگىزلىكىدىكى رورانلار ئىچىگە سىڭىپ كەتكەن ھەم ئاۋار بىلەن بىرلىكتە رورانلارنىڭ ئىككى چوڭ بۆ-لىكىنى تەشكىل قىلغان.

يۇقىرىدىكى بايانلاردىن بىز شۇنى كۆرۈۋالايمىزكى، هۇنلار بىلەن باشقا كۆچمەن چارۋىچى مىللەتلەرنىڭ غەربكە كۆچۈشىنىڭ باش ـ ئايىغىنى بىلىش ئۈچۈن، قازاق دالاسىنىڭ تارىخى، جۇغراپىيە ئەھۋالىغا باغلىنىشلىق ئەھۋاللارنى ئىگىلەشكە، ھېچبولمىغاندا، ئۇنىڭ ئومۇمىي ئەھۋالىنى ئىگىلەشكە توغرا كېلىدۇ.

خەلقئارا ئىلىم ساھەسىدىكىلەر ھەم بىزنىڭ پېشقەدەملىرى-مىز بۇ مەسىلە ئۈستىدە نۇرغۇن قىممەتلىك تەتقىقاتلارنى ئېلىپ باردى. لېكىن يەنىلا تېخىمۇ ئىلگىرىلىگەن ھالدا ئىزدىنىشقا توغرا كېلىدۇ. مۇشۇ دەۋردە كانجۈت ئاتالغۇسىنىڭ ناھايىتى چوڭ ئۆزگىرىشلەرنى ئۆز بېشىدىن ئۆتكۈزگەنلىكى، ئوخشاش

دەۋرلەردىكى خەنزۇچە ۋە پارسچە تارىخىي ماتېرىياللارغا ئا-
ساسلانغاندا، كانجۇتنىڭ ئورنى سىر دەرياسىنىڭ شىمالىي قىر-
غىقىدىكى جەنۇبىي قازاق دالاسىغا توغرا كېلىدىغانلىقى بىزنىڭ
تەتقىقاتىمىزغا قىيىنچىلىق تۇغدۇرۇۋاتقان ئاساسىي سەۋەب ھې-
سابلىنىدۇ. ئەمما 7 ـ ئەسىردىكى خەنزۇچە تارىخىي ماتېرى-
ياللاردا سىر دەرياسىنىڭ جەنۇبىدىكى سوغدىلار «كانجۇت» دەپ
ئاتالغان. بىز ئىگىلىگەن تارىخىي ماتېرىياللاردا 6 ـ ئەسىردىكى
سوغدىلارمۇ ئۆزلىرىنى «كانجۇت» دەپ ئاتىغان، بۇ، پەقەت مەنى-
دىكى ئۆزگىرىش بولسا كېرەك. ئېھتىمال، توخرىلارنىڭ كۆچۈ-
شىگە مۇناسىۋەتلىك تارىخىي ماتېرىياللار بۇ ئۆزگىرىشنى يېشىپ
بېرىشى مۇمكىن. مۇشۇ تارىخىي ماتېرىياللارغا ئاساسلانغاندا،
مىلادىيىدىن بۇرۇنقى 129 ـ يىلى توخرىلار غەربكە كۆچكەن
ۋاقتىدا، ئاسلار يەنى كانجۇتلار سىر دەرياسىنىڭ جەنۇبىغا قاراپ
كېڭەيگەن. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، سوغدىلار ۋە توخرىلار
ئاسلارنىڭ تىزگىنلىشىدە بولۇپ قالغانىدى. ئەگەر كانجۇت ئاتال-
غۇسىنىڭ مەنە ئۆزگىرىشىگە سەل قارالسا، كانجۇتلار توغرىسى-
دىكى بارلىق تارىخىي ماتېرىياللار سوغدىلارغا تەۋە بولۇپ كېتى-
دۇ، شۇنىڭ بىلەن سىر دەرياسىنىڭ شىمالىي قىرغىقىدىكى كان-
جۇتلارنىڭ پائالىيىتى توغرىسىدىكى ئەڭ مۇھىم تارىخىي ماتېرى-
يال ئىز ـ دېرەكسىز يوقىلىدۇ. ھەر بىر دەۋردىكى كانجۇتلار بى-
لەن سوغدىلارنى پەرقلەندۈرمىگەندە، سىر دەرياسىنىڭ شىمالىي
قىرغىقىدىكى ئاسلار بىلەن كانجۇتلار مۇناسىۋىتىنىڭ يۈز بېرى-
شىنى ئىسپات قىلىدىغان تارىخىي ماتېرىياللارنى يەنىلا ئىزاھ-
لىغىلى بولماي قالىدۇ، مۇشۇنداق بولغاندا، كانجۇت بىلەن سوغ-
دىلار ئارىلاشتۇرۇۋېتىلىپ، مۇناسىۋەتلىك تارىخىي ماتېرىياللار-
دىن توغرا پايدىلانغىلى بولماي قالىدۇ. ئەمما بۇ تارىخىي ماتېرى-
ياللار توخرىلار كۆچۈش ۋاقتىدا يۈز بەرگەن سوغدى ۋە توخا-
رىستاندىكى ئاسلار بىلەن كېيىن كاۋكازدا پەيدا بولغان ئاسلارنىڭ
ئېتنىك مەنبەسىنىڭ دەل ئوخشاش ئىكەنلىكىنى يەنە بىر قېتىم
ئىسپاتلايدۇ. پەقەت كانجۇت ۋە سوغدىلارغا مۇناسىۋەتلىك تارى-

خىي ماتېرىياللارنى پەرق ئەتكىلى بولمىغاچقا، بۇ تارىخىي ماتېرى-
ياللارنى يىللار تەرتىپى بىلەن رەتكە تىزىش ياكى ئۇلارنىڭ ئور-
نىنى بېكىتىش قىيىنغا توختىمايدۇ. بۇ تارىخىي ماتېرىياللارنىڭ
ياردىمى بىلەن مىلادىيىدىن بۇرۇنقى 2 ـ ئەسىردىن مىلادىيە 4 ـ
ئەسىرگىچە بولغان ئارىلىقتىكى جەنۇبىي قازاق دالاسىنىڭ تارى-
خى ۋە جۇغراپىيە ئەھۋالىنى ئېنىقلىغىلى بولىدۇ.

350 ـ يىلىدىن كېيىن هۇنلار جەنۇبىي قازاق دالاسىدىن
ياۋروپاغا كۆچۈپ كەلدى، ئاۋار ـ هۇنلارمۇ ئافغانىستاننىڭ شەر-
قىي شىمالىغا كۆچۈپ باردى، ياۋروپا ـ ئاسىيا يايلىقىنىڭ ئوت-
تۇرا قىسمىدا يەنە يېڭى ۋەزىيەت بارلىققا كەلدى. بۇ ۋاقىتتا
كانجۇتلار مۇستەقىللىقىنى يوقاتقانىدى، ئۇلارنىڭ جەنۇبىي قازاق
دالاسىدىكى ئورنىنى شىمالىي قازاق دالاسى بىلەن ئېرتىش دەريا
ۋادىسىدىكى كۆچمەن چارۋىچى تۇرالار (دىڭلىڭلار) ئالىدىغان
ئىگىلىگەنىدى. ئەتراپتىكى قەبىلىلەر تۇرالارنىڭ چوڭ قەبىلە
ئىتتىپاقىنىڭ غەربىي تارمىقىنى تەشكىل قىلدى. خەنزۇچە تا-
رىخىي ماتېرىياللارغا ئاساسلانغاندا، ئۇلارنىڭ ئاساسىي قەبىلىسى
هۇنلارنىڭ شىمالىدىكى موڭغۇل ئېگىزلىكىدە پائالىيەت ئېلىپ
باراتتى. كېيىن، خەنزۇچە تارىخ كىتابلىرىدا تۇرالارنىڭ ئۈچ چوڭ
قەبىلىسى پەرق ئېتىلىشكە باشلىدى، 350 ـ يىلىدىن كېيىن ئېر-
تىش دەريا ۋادىسىدىكى غەربىي تارماق جەنۇبقا قاراپ كېڭىيىپ
جەنۇبىي قازاق دالاسىنى ئىگىلىدى، بۇ جاي ئەسلى غەربكە كۆچ-
كەن هۇنلارنىڭ يېرى ئىدى. شىمالىي تۇرالار بايقال كۆلىنىڭ
جەنۇبى، شەرقىي جەنۇبى ۋە غەربىي جەنۇبىدىكى ناهايىتى كەڭ
رايونلارنى ئىگىلىدى. جەنۇبىي تۇرالار قۇملۇقتىن هالقىپ ئۆ-
تۈپ، جەنۇبىي خۇاڭخې ۋادىسىغا ئورۇنلاشتى ھەمدە 4 ـ ئەسىرگە
كەلگەندە «تۇرا» دېگەن ئاتالغۇ خەنزۇچە تارىخىي ماتېرىياللاردىن
تەدرىجىي يوقالدى. كېيىن تېلې (Tie le) قەدىمكى ئوقۇلۇشى
(Tereg, Tiglig) دېگەن ئاتالغۇ يەنە بارلىققا كېلىپ، يەنىلا بۇ-
رۇن بۇ يەردە پائالىيەت ئېلىپ بارغان قەبىلىلەرنى كۆرسەتتى.
تېلې كېيىن يەنە تىگلىگ، تېرېگ (Tereg, Tiglig) كە ئۆزگەر-

دى. خەنزۇچە تارىخ كىتابلىرىدا جەنۇبىي تۇرالار «قاڭقىل تۇرا-لىرى» دەپ ئاتالدى، مەنىسى ئېگىز چاقلىق هارۋىدا ئولتۇرىدى-غان «تۇرالار دېگەن بولىدۇ. ئۇلار قىسقارتىلىپ «قاڭقىللار» دەپ ئاتالدى، بۇ ئاتالغۇ قاڭقىللار بىلەن بىر ۋاقىتتا كېيىنكى تىلىك (Tilik) لەرنى كۆرسەتكەنلىكتىن، شۇبھىسىزكى، تۇرالار، تىلىگ ۋە قاڭقىللارنىڭ ھەممىسى ئوخشاش بىر قەبىلىنى كۆرسىتىدۇ.

تېلېلارنىڭ تەخمىنەن 350 ـ يىلى ئاۋار ـ هۇنلارنىڭ ئور-تاق قوزغىغان بىر ئۇرۇشتىلا جەنۇبىي قازاق دالاسىغا كۆچۈپ كەلگەنلىكىنى چۈشەندۇرۇپ بېرىدىغان هېچقانداق تارىخىي ماتې-رىيال يوق. بىز ئىگىلىگەن تارىخىي ماتېرىياللاردا پەقەت سىر دەرياسىنىڭ شىمالىي قىرغىقى، جەنۇبىي قازاق دالاسىغا كۆچكەن تىگلىگلەر غەربكە كۆچكەن هۇنلارنىڭ ئورنىنى تەخمىنەن 350 ـ يىلى ئەتراپىدا ئىگىلىگەنلىكىلا كۆرسىتىلىدۇ. ئۇلارنىڭ ئىچى-دىكى بەزى تىگلىگ قەبىلىلىرى 460 ـ يىلىغا كەلگەندە يەنە غەربكە كۆچۈپ قارا دېڭىز ۋە كافكازغا كەلگەن ۋاقىتىدىلا ئاندىن تىگلىگلەرنىڭ دىققىتىنى قوزغىدى، يۇناننىڭ تارىخىي ماتېرى-ياللىرىدىكى مۇنازىرە تەلەپ قىلمايدىغان نۇرغۇن پاكىتلارغا ئا-ساسەن، بىز ھەتتا غەربىي تىگلىگلەرنىڭ ئىسمىنىڭ ئوغۇر (Oghur) ئىكەنلىكىنىمۇ بىلەلەيمىز.

شۇڭلاشقا 350 ـ يىلى جەنۇبىي قازاق دالاسىنى ئىگىلىگەن تىگلىگلەر ئوغۇرلاردۇر. بۇ جايدىكى سىر دەرياسىغا يېقىن بولغان باكات (Bakath) شەھرى سوغدىلارنىڭ توپتوغرا شىمالىغا توغرا كېلەتتى، بۇ ئەسلى ئوغۇزلارنىڭ شەھرى ئىدى، لېكىن ئۇنىڭغا سوغدىچە ئات قويۇلغان. بۇ شەھەر كېيىن يەر تەۋرەشتە ۋەيران بولدى.

قۇملۇقتا پائالىيەت ئېلىپ بېرىۋاتقان رورا 460 ـ يىلى يە-نە بىر قانچە قېتىملىق كەڭ كۆلەملىك هۇجۇم قوزغىدى، شۇنىڭ بىلەن تەڭرىتاغ رايونىدا مىللەتلەرنىڭ 2 ـ قېتىملىق كۆچۈش دولقۇنى قوزغالدى. رورانلارنىڭ بۇ قېتىمقى غەربكە كۆچۈشى خەنزۇچە تارىخىي ماتېرىياللاردىن سىرت، ۋىزانتىيە هۆججەتلى-

ـرىدىمۇ تىلغا ئېلىنىدى. بۇ ئىككى خاتىرىدىن كۆرۈۋېلىشقا بولىـ
دۇكى، روورانلارنىڭ قوملۇقنىڭ شىمالىدىن قوزغىغان ھۇجۇمى
بىرىنچى بولۇپ ساۋىرلارغا تەسىر قىلدى. كېيىنكىسىنىڭ ئورـ
نىنى تەگرىتاغنىڭ غەربىي قىسمى ۋە ئىلى دەريا ۋادىسىدىن
ئىزدەشكە توغرا كېلىدۇ. غەربكە كۆچۈپ قازاق دالاسىغا كېلىشـ
كە مەجبۇر قىلىنغان ساۋىرلار بۇ جايدا پائالىيەت ئېلىپ بېرـ
ىۋاتقان ئەسلىدىكى ئوغۇرلارنى يەنە قوغلىدى. ئوغۇرلار يەنە
غەربكە قاراپ كۆچۈپ ۋولگا دەرياسىدىن ئۆتۈپ، قارا دېڭىزنىڭ
يېنىدىكى دالانى كېسىپ ئۆتۈپ، ياۋروپانىڭ ئوتتۇرا قىسمىغا
بۇرۇن كۆچۈپ كەلگەن ھۇنلارنىڭ يېرىگە ئورۇنلاشتى. تەخمىنەن
463 ـ يىلى ئۇلار ياۋروپاغا كەلگەن ۋاقىتتا ئاتىللا ۋاپات بولغان
بولۇپ (453 ـ يىلى)، ياۋروپادىكى ھۇن دۆلىتىمۇ يىمىرىلىۋاتـ
قان مەزگىل ئىدى. ئوغۇرلار ياۋروپاغا بارغان ئون ئوغۇرلارنىڭ
بىر تارمىقى ئىدى. ۋېنگرچە بۇ ئاتالغۇ كۆپچىلىك ياۋروپا تىللىـ
رىدا ئۇچرايدۇ.

ساۋىرلار 506 ـ يىلى ئوغۇرلارنىڭ غەربكە كۆچكەن يۆنىـ
لىشى بويىچە كافكازنىڭ شىمالىدىكى ياۋروپا يايلاق بەلبېغىغا
كۆچۈپ كەلدى. ساۋىرلار تاكى 558 ـ يىلىغىچە كافكازنى تىزـ
گىنلەپ تۇردى. تارىخىي ماتېرىياللاردا بارسىل (Barsils) لارمۇ
شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا تىلغا ئېلىنىدۇ. بىز ئىگىلىگەن تاـ
رىخىي ماتېرىياللار بويىچە قارىغاندا، ئۇلارمۇ ئوغۇرلارغا تەۋە قەـ
بىلە ئىكەن.

506 ـ يىلى ساۋىرلار غەربكە كۆچۈپ كەلگەندىن كېيىن،
كۇۋالىتا (Khoalita) لىقلار جەنۇبىي قازاق دالاسىدا كانجۇتـ
لۇقلارنىڭ ئورنىدا يەنە بىر دۆلەتنى قۇردى. ئۇلارنىڭ ئىسمىـ
دىنلا كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇكى، كۇۋالىتالىقلار كانجۇتلۇق ئىران
مىللىتىنىڭ ئەۋلادى بولسا كېرەك. كۇۋالىتالىقلار سىر دەرياسىـ
نىڭ ئوتتۇرا ۋە تۆۋەن ئېقىملىرىنى بويلاپ شىمالغا قاراپ تەـ
سىرىنى كېڭەيتتى. ئۇلارنىڭ شەھەرلىرى دەل دالاغا يېقىن جايدا
ئىدى. شۇڭلاشقا كۇۋالىتا دەۋرىنىڭ ئاخىرىغىچە بۇ شەھەرلەر

شەھەرلەردىكى ئىرانلىقلار بىلەن يايلاقتىكى كۆچمەن چارۋىچى مىللەتلەر ئوتتۇرىسىدا نەرسە ئالماشتۇرىدىغان سودا مەركىزى بولۇپ كەلدى. 8 ـ ئەسىرگە كەلگەندە شەرق تەرەپنىڭ ئىسلام-لىشىش ۋاقتىدا بۇ شەھەرلەردىكى ئىران ـ تۈرك تىلىدا سۆزلە-شىدىغان ئاھالىلەر ئىسلام دىنىغا ئېتىقاد قىلدى. كېيىن بۇ شەھەرلەر ئىسلام دىنىنى تارقىتىدىغان مەركەز بولۇپ قالدى. 10 ـ ئەسىردىكى ئەرەب جۇغراپىيىشۇناسلىرى كۋالىتالىقلارنى يەنىلا تىلغا ئالغانىدى، ئۇلار ئىسلاملاشقاندىن كېيىن ئۆزىنىڭ مۇستە-قىللىقىنى يوقىتىپ، يەنە كۋالىس (khwalis)، كالىس (khalis) لىقلار دەپ ئاتالدى. مۇستەقىللىقىنى يوقاتقاندىن كېيىن، بۇرۇن گۈللەنگەن شەھەرلەر چۆلدەرەپ قالدى. بۇ ئۆز نۆۋىتىدە، ئاھالى-نىڭ ئۇزلۇكسىز كۆچۈشىنى كەلتۈرۈپ چىقاردى. 10 ـ ئەسىردە كۋالىسلار شەرقىي ياۋروپانىڭ ھەرقايسى جايلىرىدا ئازدۇر ـ كۆپتۇر پەيدا بولۇپ، بورۇنقى ئورۇنلىرىنى ئىگىلىدى. سىر دەرياسىنىڭ ئالدىنقى شەھەرلىرىنىڭ ئاھالىسى قەھرىمان ۋە جەڭگە ماھىر بولۇپ، ئۇزۇن مۇددەت غەربىي جەنۇبى سىبىرىيىنىڭ سودىسىنى تىزگىنلەپ كەلگەن ئۇستا سودىگەرلەر ئىدى. ئۇلار يايلاقتىن ئۆتكەن سودا كارۋانلىرىدىن چېگرا بېجى ھەم ئۇندىن بىر ئۇلۇش باجنى يىغاتتى. سودا كارۋانلىرى دائىم دېگۇدەك ھەرخىل قىممەت باھا نەرسىلىرىنى رەنىگە قويۇپ قالدۇراتتى. شۇڭلاشقا 10 ـ ئەسىردە قازار قاغان (Khazar Qaghan)نىڭ 12 مىڭ كىشلىك قوشۇنى «كۋالىس ـ قازار (Khazars ـ Khwalis)مۇسۇلمانلىـ-رىدىن تەشكىل تاپقانىدى. ئەينى ۋاقىتتىكى پەچەنەك (Pechenegs) لەرنىڭ ئىچىدىمۇ بۇنداق ئۇرۇش ئەسىرلىرى بار ئىدى. شۇڭلاشقا ۋېنگرىيىدىكى كۋالىس (كالىز) لار (kaliz , khwalis) نىڭ مالىيە ۋە سودا ئىشلىرىغا ماھىر بولۇشى ئەجەب-لىنەرلىك ئىش ئەمەس. 7 ـ، 8 ـ ئەسىرلەردىكى ئوردىنىڭ پۇل قويۇش ئورنىنىڭ باشلىقلىرى، تاموژنا ئەمەلدارلىرى، باجگىرلار ھەم پۇل تېگىشىش سودىگەرلىرىنىڭ ھەممىسى ئۇلاردىن كېلىپ چىققانىدى. بۇنىڭدىن سىرت، ۋېنگرىيىنىڭ جەنۇبىدا تۇرۇشلۇق

كۋالسىلار ۋېنگرىيە قوشۇنلىرىنىڭ زاپاس كۈچى ئىدى، بۇ كىد-
تابىنىڭ ئەڭ ئاخىرقى بىر قانچە بابىدا ئاۋارلارنىڭ 3 ـ قېتىملىق
غەربكە كۆچۈشى بايان قىلىنىدۇ. ئاۋارلار 557 ـ يىلى ئوغۇرلار
ۋە ساۋىرلارنىڭ كۆچۈش يۆنىلىشى بويىچە ۋولگا بويىدىن ياۋ-
روپاغا كۆچۈپ كەلدى. 550 ـ يىلى ئىچكى قۇرۇقلۇق ئاسىيادا
يۈز بەرگەن نۇرغۇن ئۆزگىرىشلەر شۇنىڭ بىلەن مۇناسىۋەتلىك
ئىدى. تۈركلەر بۇ چاغدا ئالتاي تېغىنىڭ شىمالىدا ياشاۋاتاتتى،
ئۇلار ئاۋارلارغا قارام قەبىلە ئىدى. 546 ـ يىلى تۈركلەر 1 ـ
بولۇپ تىلىگ ( تېگرېك) لارنى بويسۇندۇردى، 550 يىلىدىن
كېيىن ، ئۇلار بۇرۇن ئۆزىگە ھۆكۈمران بولغان رورانلارنى يو-
قاتتى. شۇنداق قىلىپ، تۈركلەر ئىچكى قۇرۇقلۇق ئاسىيانى پۈ-
تۈنلەي تىزگىنلىدى. ئۇزۇن ئۆتمەي، ئۇلار يەنە پارسلار بىلەن
ئىتتىپاق تۈزۈپ، 557 ـ يىلى ئابداللارغا ھۇجۇم قىلدى.
ئابداللار ئىككى تەرەپتىن بولغان ھۇجۇمغا بەرداشلىق بېرەلمىد-
دى، ئۇلارنىڭ ئافغانىستاندىكى ھۆكۈمرانلىقى شۇنىڭ بىلەن ئا-
خىرلاشتى. بەزى ئاۋار ـ ھۇنلار مۇشۇ ئىشتىن بۇرۇنراق غەربكە
بېرىپ يوشۇرۇنۇپ ، 557 ـ يىلى قىشتا ۋولگا دەرياسىدىن ئۆت-
تى. ئۇلارنىڭ ئەلچىسى كافكاز تاغلىرىدىن ئۆتۈپ، 558 ـ يىلى-
نىڭ بېشىدا ۋىزانتىيە ئىمپېرىيەسىگە يېتىپ كەلدى، شۇنىڭدىن
كېيىنكى بىر قانچە يىلدا ئاۋارلارنىڭ كۈچى يەنە قۇدرەت تاپتى.
ئۇلار ۋىزانتىيە بىلەن ئىتتىپاق تۈزگەندىن كېيىن، ۋولگا دەر-
ياسى بىلەن كافكاز تاغلىرى ئارىلىقىدا پائالىيەت ئېلىپ بې-
رىۋاتقان كۆچمەن چارۋىچى مىللەتلەرنى بويسۇندۇردى، ئۇنىڭ
ئىچىدە ئون ئوغۇر ۋە ساۋىرلار بار ئىدى.

تەخمىنەن 567 ـ يىلى ئاۋارلارنىڭ ئەڭ قورقۇنچلۇق رەقى-
بى بولغان تۈركلەر تۆپە ـ تۆپىلەپ كېلىشكە باشلىدى. بۇ چاغدا
ئاۋارلار يا ئىسون يىلىنىڭ ئالدىدىكىگە ئوخشاش مەغلۇپ بولۇپ
قولغا چۈشۈش، يا يىراق جايغا بېرىپ يوشۇرۇنۇشتىن ئىبارەت
ئىككى خىل تاللاشقا دۇچ كەلدى. ئۇلار كېيىنكى يولنى تاللاپ،

دون دەرياسىدىن ئۆتۈپ، غەربتىن بىر پاناھ جاي تېپىپ، تۈرك-لەرنىڭ ھۇجۇمىدىن ساقلانماقچى بولدى.

ۋولگا دەرياسى، دون دەرياسى بىلەن كافكاز ئارىلىقىدىكى كۆچمەن مىللەتلەرنى تۈركلەر تىزگىنلىدى. ئۇلارنىڭ ئىچىدە ئوغۇرلار ئۆزلۈكىدىن تەسلىم بولدى، باشقا مىللەتلەر، مەسىلەن: ئون ئوغۇرلار ۋە ئالانلار قوراللىق كۈچ ئارقىلىق تەسلىم بولدى.

تۈركلەر ئۈچۈن ئېيتقاندا، بۇ قېتىمقى يىراققا يۈرۈش قىلىش ھەرگىزمۇ تاسادىپىي ئىش ئەمەس ئىدى. ئۇلار بويسۇندۇ-رۇلغان ساۋىر، ئوغۇر ۋە ئون ئوغۇر قەبىلىلىرىنى بىرلەشتۈرۈپ قۇدرەتلىك خازار ئىتتىپاقىنى قۇردى، ئۇ يەنە غەربىي تۈركلەر-گە قارىدى. خەنزۇچە تارىخىي ماتېرىياللاردا خازار خانلىقىنىڭ غەربىي تۈركلەرگە بېقىندى ئىكەنلىكى ناھايىتى ئوچۇق خاتىرد-لەنگەن ، ئەرمىنىيە تارىخىي ماتېرىياللىرىدىمۇ ئىككى دۆلەتنىڭ مۇناسىۋىتى تەپسىلىي خاتىرىلەنگەن.

603 ـ يىلى تىللىگ قەبىلىلىرى قوزغىلاڭ كۆتۈردى، غەر-بىي تۈركلەرنىڭ ئىچكى قۇرۇقلۇق ئاسىياسىدىكى خازارىيە (khazaria) گە بولغان ھۆكۈمرانلىقى شۇنىڭ بىلەن ئاخىرلاش-تى، خەنزۇچە تارىخىي ماتېرىياللاردا قايتىدىن مۇستەقىل بولغان تىللىگلەرنىڭ ئەينى ۋاقىتتا بىر قانچە قەبىلە ئىتتىپاقلىرىنى قۇرغانلىقى، شەرقتىكى قەبىلىلەرنىڭ يەنىلا بۇرۇنقىدەك موڭغۇل ئېگىزلىكىنىڭ شىمالىدا پائالىيەت ئېلىپ بارغانلىقى خاتىرد-لەنگەن. 350 ـ يىللىرى جەنۇبىي قازاق دالاسىدا كۆچۈپ يۈرگەن ئوتتۇرا تىللىگ قەبىلىلىرىنىڭ ناھايىتى ئاز قىسمى ئەمدى بۇ جايدا قېلىپ قالدى، كۆپ قىسمى غەربتىكى ياۋروپاغا كۆچۈپ كەلدى، يەنە خەنزۇچە تارىخىي ماتېرىياللارغا ئاساسلانغاندا، ئۇلار كافكازنىڭ شىمالى، قارا دېڭىزنىڭ شەرقىي قىرغىقىدىكى كېرچ بوغىزى ھەم ۋىزانتىيە ئىمپېرىيىسىنىڭ قىرىم يېرىم ئارىلى رايونلىرىدا پائالىيەت ئېلىپ بارغان، پۈتكۈل دالا تارىخى نۇقتىد-ئىنەزەرىنى ئاساس قىلغاندا، بۇ نۇقتا بەك مۇھىم: خەنزۇچە ما-

تېرىيالالاردا خاتىرىلەنگەن ئورۇن دەل كوبان دەرياسى رايونىغا توغرا كېلىدۇ. ئەنە شۇ ۋىزانتىيە ماتېرىياللىرىغا ئاساسلانغاندا، 603 ـ يىلدىن كېيىن ئوغۇر ـ بۇلغارلار ياكى تېخىمۇ ئوچۇق قىلىپ ئېيتقاندا، ئون ئوغۇرلار خازارلارنىڭ ھۆكۈمرانلىقىدىن قۇتۇلغاندىن كېيىن بۇ جايدا كوبان ـ ئوغۇر ـ بۇلغار دۆلىتىنى قۇرغان.

ۋاقىت ۋە جۇغراپىيىۋى ئورۇننىڭ بىرلىكىدىن قارىغاندا، «ئوغۇر» دېگىنىمىز خەنزۇچە تارىخىي ماتېرىياللاردا تىلغا ئېلىنغان «تىللىگ» قەبىلىلىرىنىڭ ئەڭ غەربتىكى كافكاز تارمىقىدىن ئىبارەت. بۇ خۇلاسىگە باشقا خەنزۇچە تارىخىي ماتېرىياللاردىنمۇ ئىسپات تاپقىلى بولىدۇ. خەنزۇچە تارىخىي ماتېرىياللاردا خاتىرىلىنىشىچە، تىللىگلەرنىڭ ئەڭ دەسلەپكى ئىسمى «ئۇيغۇر» (Wu－hu) ئىدى. ئۇنىڭ 7 ـ ئەسىردىكى ئوقۇلۇشى «ئوغۇر» ئىدى.

خەنزۇچە تارىخىي ماتېرىياللارغا ئاساسلانغاندا، ئوغۇر ۋە ئۇيغۇر (Uyghur) قەبىلىلىرى موڭغۇل ئېگىزلىكىدە شەرقىي تىللىگ قەۋمىنى ئۇيۇشتۇرغان، بۇ قەبىلىلەر تۈرك تىلىدا سۆزلىشىدىكەن، بىزنىڭ تىللىگلەرنى ئەڭ دەسلەپكى تۈركچە سۆزلىشىدىغان قەبىلىلەر دېيىشىمىزمۇ قىلچە ئاساسسىز ئەمەس. غەربىي تىللىگلەر 460 ـ يىلى ياۋروپاغا كۆچۈپ كەلدى، ئۇلار «ئوغۇر» دەپ ئاتىلاتتى. ئۇلار توغرىسىدىكى خەنزۇچە ماتېرىياللارغا ئاساسلانغاندا، ئۇلارنىڭ تارىخىنى مىلادىيىدىن ئىلگىرىكى 3 ـ ئەسىرگە ئاپىرالايمىز.

ئەڭ ئاخىردا ئوغۇرلارنىڭ تىلى ھەققىدە توختىلىمەن، بەزى تارىخىي، جۇغراپىيىلىك ماتېرىياللارغا ئاساسلانغاندا، بۇخىل ئالاھىدە ئۆزگەرگەن تۈرك تىلىنى ياۋروپاغا ئوغۇرلار تارقاتقان بولۇشى ئېھتىمالغا يېقىن. بۇ خىل تۈرك تىلىدا «r» نىڭ ئورنىغا «Z»، «I» نىڭ ئورنىغا «S» ئىشلىتىلىدۇ. بۇلغارلار بويسۇندۇرۇلۇشتىن بۇرۇن ناھايىتى كۆپ قوبۇل قىلىنغان بۇلغار ـ

تۈرك ئاتالغۇلىرىمۇ ئوغۇر ـ بۇلغار تىللىرىدىن كەلگەن.

650 ـ يىلى قازارلار كۇبان ـ ئوغۇر ـ بۇلغارلارنى يەنە بىر قېتىم بويسۇندۇردى. شۇنىڭدىن كېيىنكى يىرىم ئەسىردە ئۇلار ئەرەبلەرنىڭ جەنۇبتىن كافكازغا قىلغان ھۇجۇمىنى مۇۋەپپەقىيەتلىك ھالدا تارمار قىلدى، قازاق دالاسىدىكى ئوغۇزلارنى ئوۋشلۇق توسىدى ھەمدە ئۇرال دەرياسى بويىدا كۆچمەن تۇرمۇش كەچۈردى.

(«ئوتتۇرا ئەسىر ياۋروپا ـ ئاسىيا تەتقىقاتى»نىڭ 1983 ـ يىللىق 3 ـ سانىغا بېسىلغان)

«مىللەتلەر تەرجىمە مەجمۇئەسى» نىڭ 1991 ـ يىللىق 2 ـ سانىدىن مۇھەممەدىن ۋېلەم تەرجىمىسى

# ھۇنلارنىڭ سىياسىي تۈزۈمى ئۈستىدە مۇلاھىزە

مو رېننەن

بەزىلەر «قەدىمكى ھۇنلاردا ھېچقانداق ئىجتىمائىي تۈزۈم بولمىغان، ئۇلار ئائىلىنى بىرلىك قىلىپ ئات، كالا، قوي ۋە تۆگە، ئېشەكلەرنى ھەيدەپ يۈرۈپ، يايلاقتا كۆچمەن تۇرمۇش كەچۈرەتتى» دەپ قارايدۇ. ھۇنلارنى چېچىلاڭغۇ بەدۋىلەر توپى دەپ قاراش قەدىمكىلەرنىڭ بىر تەرەپلىمە كۆز قارىشى ئىدى. بەزى تارىخچىلار بۇ خىل قاراشقا ۋارىسلىق قىلماقتا. مەزكۇر ماقالەدە ھۇنلارنىڭ ئىجتىمائىي تەشكىلاتلىرى ۋە ھاكىمىيەت قۇرۇلمىسى ھەمدە ھۇنلارنىڭ سىياسىي تۈزۈمىنىڭ بەلگىلىرى ھەققىدە مۇھاكىمە يۈرگۈزمەكچىمەن، بۇلار ھۇنلار تارىخىنى تەتقىق قىلىشتا ئەھمىيەتلىك بولسا كېرەك.

**1. ھۇنلارنىڭ ئىجتىمائىي تەشكىلاتلىرى ۋە ھاكىمىيەت قۇرۇلمىسى**

ھۇنلار مەملىكىتىمىزنىڭ شىمالىدا چارۋا ـ مال بېقىپ كۆچۈپ يۈرۈپ ياشىغان مىللەت بولۇپ، شيا سۇلالىسى دەۋرىدىن جۇنچيۇ، يېغىلىق دەۋرلىرىگىچە ئىپتىدائىي ئۇرۇقداشلىق جەمئىيىتى مەزگىلىدە تۇرغان، مىلادىيىدىن ئىلگىرىكى 209 ـ يىلى سىنىپىي جەمئىيەتكە قەدەم قويۇپ دۆلەت قۇرغان.

ھۇنلارنىڭ ھەربىي قۇللۇق تۈزۈمىدىكى دۆلىتىدە ئۇرۇق، قەبىلە تەشكىلاتلىرى ئۇزۇن مەزگىل ساقلىنىپ كەلگەن. ھۇنلار «چېدىر» نى ئاساسىي بىرلىك قىلاتتى. «كېيىنكى خەنىامە. ھۇنلار تەزكىرىسى» دە ئېيتىلىشىچە، «چېدىر جۇڭگودىكى ئائىلە بىلەن ئوخشىشىپ كېتەتتى». بىر قانچە «چېدىر» بىر بارگاھنى تەشكىل قىلاتتى. بىر نەچچە بارگاھ بىر ئۇرۇقنى تەشكىل قىلاتتى. بىر قانچە ئۇرۇق بىر قەبىلىنى تەشكىل قىلاتتى. بىر

قانچە قەبىلە قوشۇلۇپ بىر قەبىلىلەر ئىتتىپاقىنى تەشكىل قىلاتتى. ئۇرۇق، قەبىلىلەرنىڭ ئاقساقاللىرى ئۆز قەبىلىسىنىڭ مەنپەئەتىنى قوغدايتتى، ئۆزىگە قاراشلىق چېدىرلارغا باشلامچىلىق قىلىپ بىرلىكتە كۆچۈپ يۈرۈپ مال ـ چارۋا باقاتتى. كۆچۈش يوللىرى ۋە يايلاقلار قەبىلىلەر بويىچە ئايرىلاتتى. ھەربىر قەبىلىنىڭ ئۆز ئالدىغا زېمىنى بولاتتى (« كېيىنكى خەننامە. ھۇنلار تەزكىرىسى».) ھەرقانداق بىر ياخشى يايلاقمۇ ھەددىدىن زىيادە ئات، كالا، قوي ۋە تۆگىلەرنى سىغدۇرۇپ كېتەلمىگەچكە، ھەر قايسى ئۇرۇق، قەبىلىلەر ئۆزلىرىگە تەۋە يايلاق دائىرىسىدىلا ياشاشقا مەجبۇر ئىدى. ئەگەر باشقا قەبىلىلەرنىڭ يايلىقىغا تاجاۋۇز قىلىپ كىرسە ماجىرا يۈز بېرىپ، قوراللىق توقۇنۇش پەيدا بولاتتى. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، يەككە ئائىلىلەرنىڭ كۆچى ئاجىز بولغاچقا، ئۇرۇق، قەبىلىلەرنىڭ ھىمايىسى بولمىسا، ھەر ۋاقىت ياۋلارنىڭ ھۇجۇمىغا ئۇچرىشى مۇمكىن ئىدى ياكى بولمىسا تەبىئىي ئاپەتلەرگە تاقابىل تۇرالمايتتى. شۇنىڭ بىلەن ھايات كەچۈرۈشكە ئامالسىز قالاتتى. بەزىلەر ھۇنلارنىڭ ئۇرۇق تۈزۈمى تۈزۈلەر بىلەنلا چەكلەنگەن، «ئادەتتىكى چارۋىچىلار ۋە قۇللاردا پەقەت ئائىلىلا بار بولۇپ ئۇرۇق مەۋجۇت ئەمەس ئىدى»، چۈنكى «ئادەتتىكى چارۋىچىلارنىڭ ئۇرۇقداشلىقى كۆچمەن چارۋىچىلىق ۋە ئۇرۇشنىڭ بېسىمى بىلەن ئائىلىلەرگە پارچىلىنىپ كېتەتتى ياكى ئۇ چارۋىچىلار يەككە ـ يېگانە ھالدا ھەر قايسى جايلاردا ئېقىپ يۈرەتتى» دەپ قارايدۇ. بۇلارمۇ ئاساسى يوق گەپ. بىر قىسىم ئۇرۇق، قەبىلىلەرنىڭ ئەزالىرى ئۇرۇشنىڭ تەسىرىدە چېچىلىپ، يۇرت ـ ماكانلىرىدىن ئايرىلىپ قالسىمۇ، لېكىن ئۇلار ئەسلىدىكى ئۇرۇق ياكى قەبىلىسىگە قايتىپ كېلىشكە تىرىشاتتى. تارىخنامىدە خاتىرىلىنىشىچە: ئىچىغسە تەڭرىقۇت خەن سۇلالىسىنىڭ سانغۇنلىرىدىن ۋېي چىڭ، خو چۈبىڭلار تەرىپىدىن مەغلۇپ قىلىنىپ ئۇنىڭ قەبىلىسىدىكىلەر تارقاپ كېتىدۇ. بىر مەزگىلدىن كېيىن ئۇلار ئارقا ـ ئارقىدىن قايتىپ كېلىپ، «قايتىدىن قوۋم بولۇپ ئۇيۇشىدۇ» («خەننامە. ھۇنلار تەزكىرى-

سى»)، بۇ دەل شۇنىڭ مىسالىدۇر. چېچىلىپ كەتكەن چارۋىچىلار ئەسلىدىكى ئۇرۇق، قەبىلىلەرگە قايتىپ كېلىشكە ئامالسىز بولسا، بويسۇندۇرغۇچىلار ياكى باشقا قەبىلىلەرنىڭ تەركىبىگە ئۆتۈپ، يېڭى ئۇرۇق، قەبىلە تەشكىللىگەن.

باتۇر تەڭرىقۇت ئۇرۇق، قەبىلىلەرنىڭ مۇشۇنداق ئىجتىمائىي تەشكىلاتلىرىغا نىسبەتەن بىر يۈرۈش مەمۇرىي، ھەربىي ئورگانلارنى قۇرغان. ھۇن يىگىتلىرىنى «چەۋەنداز»لار قوشۇنى قىلىپ تەشكىللىگەن. تەخمىنەن بىر چېدىردىن بىردىن چەۋەنداز بولۇپ، 10 «چېدىر» دىن بىر بارگاھ تەشكىللىنەتتى ھەم ئۇلارغا بىر ئونبېشى يېتەكچىلىك قىلاتتى. ئونبېشى ھەم ئاساسي قاتلامدىكى ھەربىي ئەمەلدار ھەم بىر بارگاھنىڭ مەمۇرىي باشلىقى ھېسابلىناتتى. تەخمىنەن 10 بارگاھتىن 100 چەۋەنداز تاللىنىپ، ئۇلارغا يۈزبېشى رەھبەرلىك قىلاتتى، يۈز بېشى ئۇرۇقنىڭ مەمۇرىي، ھەربىي باشلىقى ھېسابلىناتتى. 10 ئۇرۇقنىڭ چەۋەندازلىرىدىن 1000 ئاتلىق ئەسكەر چىقاتتى، ئۇلارغا مىڭبېشى رەھبەرلىك قىلاتتى. مىڭبېشىمۇ قەبىلىنىڭ مەمۇرىي، ھەربىي باشلىقى ھېسابلىناتتى. 10 قەبىلىنىڭ چەۋەندازلىرىدىن بىر تۈمەن چەۋەنداز تەشكىللىنەتتى، ئۇلارغا تۈمەن بېشى يېتەكچىلىك قىلاتتى، ئۇلار قەبىلىلەر ئىتتىپاقىنىڭ مەمۇرىي، ھەربىي باشلىقى ئىدى. مودۇ (باتۇر تەڭرىقۇت) ھەرقايسى قەبىلىلەرنى بىرلىككە كەلتۈرگەندە ئۇنىڭ قول ئاستىدا 24 تۈمەنبېشى بار ئىدى. ئۇ ھۇنلارنىڭ قۇللۇق تۈزۈمىدىكى دۆلىتىنىڭ يۇقىرى مەمۇرىي، ھەربىي ئاقساقىلى ئىدى. مەمۇرىي ھەربىي تەشكىلىي قۇرۇلما ھەققىدە «تارىخنامە. ھۇنلار تەزكىرىسى» دە ناھايىتى ئېنىق مەلۇماتلار بار. ئۇنىڭدا ئېيتىلىشىچە باتۇر تەڭرىقۇت «ئوڭ تۇغ قان، سول تۇغ قان، سول قول قان، ئوڭ قول قان، ئوڭ چوڭ سەركەردە، سول چوڭ سەركەردە، ئوڭ چوڭ تۇتۇقبەگ، سول چوڭ تۇتۇقبەگ ئوڭ تۇتۇنبەگ، سول تۇتۇنبەگ، ئوڭ قۇتبېگى، سول قۇتبېگى تەسىس قىلدى. بۇلار ئومۇمەن 24 باشلىق بولۇپ، بۇلارنىڭ قوشۇنلىرى «تۈمەن چەۋەندەز» دەپ ئا-

تىلاتتى. بۇ 24 باشلىقنىڭمۇ ھەرقايسىسىنىڭ ئۆز ئالدىغا تەسىس قىلىغان مىڭبېشى، يۈز بېشى، ئونبېشى، كىچىك قان، ۋەزىر، تۇ-تۇقبەگ، تۇتۇن بېگى، قۇتقۇبەگ قاتارلىق ئەمەلدارلىرى بولاتتى. بەگلەرنى تەڭرىقۇت تەيىنلەيتتى. ئۇلارنىڭ دەرىجىسىنىڭ يۇقىرى ـ تۆۋەنلىكى ئەمەلىي ھوقۇق ۋە كۈچ ـ قۇۋۋىتىنىڭ يۇقىرى ـ تۆۋەنلىكىگە، تەۋەسىدىكى كىشىلەرنىڭ ئاز ـ كۆپلۈكىگە قاراپ بەرقلىنەتتى («كېيىنكى خەننامە. ھۇنلار تەزكىرىسى»). بۇلارنىڭ ئىچىدە سول قول تۇغ قاننىڭ ھوقۇقى ھەممىدىن چوڭ ئىدى. مىڭبېشىدىن تۆۋەن بولغان ئوتتۇرا ـ تۆۋەن دەرىجىلىك مەمۇ-رىي، ھەربىي باشلىقلارنى ھەرقايسى بەگلەر تەيىنلەيتتى. باتۇر تەڭرىقۇت ھۆكۈمرانلىق قىلىشقا ھەم باشقۇرۇشقا قولايلىق بو-لۇشى ئۈچۈن، ئۆزىگە تەۋە بولغان كەڭرى زېمىننى ئۈلۈش، ئوت-تۇرا، سول دەپ ئۈچ چوڭ مەمۇرىي، ھەربىي رايونغا بۆلگەن. مەركىزىي قىسىمنى ئۆزى بىۋاستە باشقۇرغان. سول تەرەپكە سول تۇغ قان، ئوڭ تەرەپكە ئوڭ تۇغ قان ھۆكۈمرانلىق قىلغان. «تارىخنامە. ھۇنلار تەزكىرىسى» دە ئېيتىلىشىچە «ھەرقايسى سول قانات بەگ، سەركەردىلەر شەرق تەرەپكە جايلاشقان بولۇپ، تەۋە زېمىنى توپتوغرا شاڭگۇ ۋىلايىتىگىچە باراتتى، شەرقتە خۇرخى، چاۋشيەنلەر بىلەن تۇتىشاتتى. ئوڭ قانات قانلار غەرب تەرەپكە جايلاشقان بولۇپ، زېمىنى شاڭجۇن ۋىلايىتىنىڭ غەربىدىكى توخرى، دى، چياڭلارغا تۇتىشاتتى. تەڭرىقۇتنىڭ ئوردىسى بولسا دەيجۇن، يۈنجۇڭ ۋىلايەتلىرىگە ئۇدۇل جايلاشقانىدى». ھۇنلارنىڭ مەمۇرىي رايونلىرىنىڭ بۇنداق ئوڭ، ئوتتۇرا، سول دەپ ئايرىلى-شى ھەرگىز ئۇلارنىڭ ئۆز ئالدىغا ھۆكۈمرانلىق قىلىشىدىن دې-رەك بەرمەيتتى. چۈنكى چوڭ ھوقۇق يەنىلا تەڭرىقۇتنىڭ قولىدا بولۇپ، ئوڭ قانات، سول قانات بەگ، سەركەردىلەر ئۇنىڭ ئەمرى ۋە پەرمانىغا بويسۇناتتى. ئېنگېلس مۇنداق دەيدۇ: «دۆلەتنىڭ قە-دىمكى ئۇرۇق تەشكىلىگە ئوخشىمايدىغان يېرى شۇكى، ئۇ (دۆ-لەت) ئىگىدا پۇقرالار رايونلار بويىچە ئايرىلىدۇ». ھۇنلار گەرچە قەدىمكى ئۇرۇق، قەبىلە شەكلىنى ساقلاپ قالغان بولسىمۇ،

پۇقرالارنى رايونلار بويىچە بۆلۈپ باشقۇرغانلىقى ناھايىتى روشەن، مانا بۇ دەل دۆلەتنىڭ مەۋجۇت ئىكەنلىكىنىڭ بىر ئالامىتى.
ھۇنلار دۆلەت ھاكىمىيىتىدە ھەر دەرىجىلىك مەمۇرىي، ھەربىي ئورگانلاردىن سىرت يەنە مەركەزدە ھەر قايسى ۋەزىر، بەگلەردىن تەركىب تاپقان تۆرىلەر قۇرۇلتىيى تەسىس قىلىغان. بۇ قۇرۇلتاي يىلدا ئۈچ قېتىم چاقىرىلىپ، چوڭ ـ چوڭ ھەربىي ۋە سىياسىي ئىشلار مۇزاكىرە قىلىناتتى. «ھەر يىلى نورۇز ئېيىدا ھۇن باشلىقلىرى تەڭرىقۇتنىڭ ئوردىسىدا باش قوشۇپ نەزىر ـ چىراغ قىلاتتى. 5 ـ ئايدا تاۋاپگاھ (خەنزۇچە لۇڭچىڭ) غا يىغىلىپ چوڭ مەرىكە ئۆتكۈزۈپ، ئاتا ـ بوۋىلىرى، ئاسمان ـ زېمىن، ئەرۋاھلارغا سېغىنىپ تاۋاپ قىلاتتى. كۈزدە ئاتلار سەمىرىگەندە ئورمان سەيلىسى ئۆتكۈزەتتى («خەننامە. ھۇنلار تەزكىرىسى»). قەدىمدە نەزىر ـ چىراغ بىلەن سىياسىي پائالىيەتلەر بىر ـ بىرىگە زىچ بىرلىشىپ كەتكەنىدى. ئالاھىدە جىددىي ئەھۋاللار يۈز بەرگەندە تەڭرىقۇت يەنە ۋاقىتلىق يىغىن ئاچاتتى. تۆرىلەر قۇرۇلتىيى ئەسلىدە ئىپتىدائىي جەمئىيەتتىكى ھەربىي دېموكراتىيە تۈزۈمىدىكى قەبىلە ئاقساقاللىرى يىغىنىنى ئۆزگەرتىپ قىلىغان بولۇپ، ئەينى يىللىرى ئۇنىڭدا قەبىلىلەر ئىتتىپاقىنىڭ بارلىق چوڭ ئىشلىرى توغرىسىدا قارار چىقىرىش ھوقۇقى بولاتتى. قەبىلىلەر ئىتتىپاقىنىڭ ئاقساقاللىرىمۇ شۇ قۇرۇلتايدا سايلام ئارقىلىق ۋۇجۇتقا چىقاتتى. شۇ ۋاقىتلاردىكى تۆرىلەر قۇرۇلتىيى گەرچە تەڭرىقۇدقا مەلۇم دەرىجىدە تەسىر كۆرسىتىپ، ھوقۇق كۈرىشى داۋامىدا بەلگىلىك رول ئوينىغان بولسىمۇ، بىراق ئۇ ئادەتتە تەڭرىقۇتنىڭ مەسلىھەت بېرىش ئورگىنىدىن ئىبارەت ئىدى. «تارىخنامە. ھۇنلار تەزكىرىسى» دىكى خاتىرىلەرگە قارىغاندا، توڭگۇسلار ھۇنلارنى بوزەك ئېتىپ ئۇلاردىن تۇمەنخاندىن قالغان تۇلپارنى سوراپ باتۇرغا ئەلچى ئەۋەتىدۇ. باتۇر تۆرىلەر قۇرۇلتىيى ئېچىپ، مەسلىھەت سالغاندا بارلىق ئەمەلدارلار : « تۇلپار ئات ھۇن ئېلىنىڭ تەۋەررۈك ئېتى، بېرىلمىسۇن» دېيىشىدۇ. توڭگۇسلار ھۇن تەڭرىقۇتىنىڭ ئالچىسىنى

بەرسۇن دېگەندە، مەنسەپدارلار غەزەپلىنىپ: «توڭگۇسلار يولسىز-لىق قىلىپ ئالچى سوراپتۇ، ئۇلارنىڭ ئەدىپىنى بېرەيلى» دەپ ۋارقىرىشىپتۇ. بىراق باتۇر تەڭرىقۇت بۇلارغا قۇلاق سالماي، تۇلپار ۋە ئالچىنى توڭگۇسلارغا بېرىۋېتىپتۇ. بۇ قارار باتۇر تەڭرىقۇتنىڭ توڭگۇسلارنى بىخۇدلاشتۇرۇش ھىيلىسى بولسىمۇ، تۆرىلەر قۇرۇلتىيىنىڭ سىياسىي ئىشلاردا ھۆكۈم قىلىش ھوقۇ-قىنىڭ قالمىغانلىقىنى چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇ. تەڭرىقۇتنىڭ ۋارىسىغا كەلسەك، ۋارىسلىق ئەۋلادتىن - ئەۋلادقا مىراس بولۇپ قالاتتى، تۆرىلەر قۇرۇلتىيىدا سايلانمايتتى.

ھۇنلارنىڭ مەمۇرىي، ھەربىي ئىشلىرىغا مەسلىھەت بېرىدى-غانلار قاتارىدا تەڭرىقۇتنىڭ ئالچىسى بار ئىدى. «خەننامە. ھۇنلار تەزكىرىسى» دە خاتىرىلىنىشچە، ھۇنلار پىلاڭ چېلاڭ شەھرىدە ليۇ باڭنى قورشىۋالغاندا، ليۇباڭ تەرەپ ئالچىغا پارا بېرىدۇ. باتۇر تەڭرىقۇت «ئالچىنىڭ پىكرىنى قوبۇل قىلىپ، قورشاۋدىن بىر بۆلۈكنى ئېچىپ بەرگەن»، شۇنداق قىلىپ ليۇ باڭنى قاچۇرۇ-ۋەتكەن. يەنە بىر خاتىرىگە قارىغاندا، قوغشار تەڭرىقۇت ئېغىر كېسەلگە گىرىپتار بولۇپ سەكراتقا چۈشۈپ قالغاندا، يېڭى تەڭ-رىقۇت تەيىنلەش توغرىسىدا كېڭەش ئۆتكۈزۈلگەن، كېڭەشكە ئا-قىل ئالچى بىلەن چولڭ ئالچى قاتنىشىپ، تەڭرىقۇتقا پىكرىنى بايان قىلىشىدۇ. تەڭرىقۇتنىڭ ئەتراپىدا يەنە بىر تۈركۈم «باخ-شى»لار بولۇپ، ئۇلار نەزىر - چىراغ پائالىيىتى ئارقىلىق ھەر-بىي ۋە سىياسىي ئىشلارغا ئارىلىشاتتى. شۇنداقلا ئۇلار مەركىزىي ھۆكۈمەتنىڭ مۇھىم ئەزالىرىدىن ئىدى. «تارىخىي خاتىرىلەر»دە خاتىرىلىنىشچە، خەن سۇلالىسى قوشۇن چىقىرىپ ھۇنلارغا جازا يۈرۈشى قىلغاندا، تەڭرىقۇت بۇ خەۋەرنى ئاڭلىغاندىن كېيىن «باخشىلارنى ھەرقايسى يول ۋە دەريالارغا قوي، كالىلارنى كۆمدۇ-رۇپ، ھۇجۇمغا كېلىۋاتقان چېرىكلەرنى قاغاشقا بۇيرۇغان» («خەننامە. غەربىي يۇرت تەزكىرىسى»). يەنە «خەننامە» دە خاتى-رىلىنىشچە، سەركەردە ۋېيلۈي قالدۇرۇق سانغۇن لى گۇاڭلى بىلەن مەنسەپ تالىشىپ قالغاندا، تۇڭگۇس باخشىلار بىلەن تىل

بىرىكتۈرگەن، «تۈگكۈسلار ئىلگىرى ھەربىي نەزىر ـ چىراغ ئۆتكۈزگەن چاغلىرىدا، دائىم قالدۇرۇق سانغۇن قولىمىزغا چۈ-شۈپ قالسا، ئۇنى قۇربانلىق قىلىمىز دېيىشەتتى، ئەمدى نېمىش-قا شۇنداق قىلمايدۇ؟ دەپ ئاۋۋال تەڭرىقۇتنىڭ چىشىغا تەگكەن». مانا بۇنىڭدىن «باخشىلار»نىڭ رولىنى بىلىۋالغىلى بولىدۇ.

تەڭرىقۇتنىڭ ئوردىسىدا مەخسۇس مۇھاپىزەتچىلىك ۋەزى-پىسىنى ئۈستىگە ئالغان قاراۋۇل نەۋكەرلەر تەشكىلى بار ئىدى. «تارىخىي خاتىرىلەر»دە خاتىرىلىنىشىچە، ھۇن مەنسەپدارلىرى قاتارىدىكى كەپتاۋۇل، كاھبەگ، تۇتۇقبەگ دېگەندەك مەنسەپلەرنى بەزىلەر خۋاشيالار (يەنى خەنزۇلار)دىكى مەنسەپلەردىن ئۇلگە قى-لىپ قوللانغان دەپ قارىدۇ. كەپتاۋۇل (كىچىك ئىشىك ئاغىسى) مەخسۇسلا خانىنىڭ تۇرالغۇسىنى قوغدايدۇ ھەم جەڭلەرگىمۇ قات-نىشىدۇ. تۇتۇق بەگ «ياردەمچى ئەمەلدارلارنى، ھەربىي مەنسەپدار ۋە چېرىكلەرنى باشقۇرىدۇ» («خەننامە. مەنسەپ ۋە ئەمەللەر ئىسملىكى»). كەپتاۋۇل، كاھبەگ (تۇتۇقبەگ)نىڭ جىق ياكى ئاز بولۇشى شۇنى چۈشەندۈرىدۇكى، تەڭرىقۇتنىڭ كۈندىلىك تۇرمۇ-شىنى قوغداپ تۇرىدىغان مەخسۇس پاسىبانلار ۋە قوروقچىلار تە-سىس قىلىنغان. «خەننامە. ھۇنلار تەزكىرىسى»دە ئېيتىلىشىچە، تەڭرىقۇت ئوردىسىدا نامدار بەگلەردىن تارتىپ، ئۇنىڭدىن تۆۋەن دەرىجىلىك خادىملار 200دىن كۆپرەك بولاتتى». مانا بۇ نۇرغۇن «خادىم» تەڭرىقۇتنىڭ خاس نەۋكەرلىرى ئىدى.

ھۇنلار ھاكىمىيىتى پۇقرالارغا ئالۋان سېلىپ باج يىغاتتى. «تارىخىي خاتىرىلەر. ھۇن تەزكىرىسى»دە ئېيتىلىشىچە ھۇنلار ھەر يىلى كۈزدىكى چوڭ مەرىكىدە نەزىر ـ چىراغ قىلىپ دۆلەت ئىشلىرىنى كېڭەشكەندىن سىرت يەنە ئادەم ۋە چارۋىلارنىڭ ھې-سابى ئېلىناتتى يەنى مەرىكىدە ھەرقايسى قەبىلىلەردىكى نوپۇس ۋە چارۋىلارنىڭ كۆپىيىش ۋە ئازىيىش ئەھۋالى تەكشۈرۈپ شۇ-نىڭغا ئاساسەن ئۇلاردىن ئېلىنىدىغان باج ۋە ئالۋان ـ سېلىقنىڭ سانى بېكىتىلەتتى. سىماچيەننىڭ ئېيتىشىچە، «تەڭرىقۇتنىڭ قۇتبەگلىرى ئۇنىڭ ھاكىمىيەت ئىشلىرىنى بىرتەرەپ قىلىشىغا

ياردەملىشەتتى». بۇ گەپنى شۇي فۇيۇەن مۇنداق شەرھىيلىگەن: « قۇتبەگ تەڭرىقۇتنىڭ يېقىن ۋەزىرلىرىدىن بىرى بولۇپ، ئۇلار-نىڭ ھۆكۈمرانلىقىدا قەبىلىلەر بولمايدۇ (ھېچقانداق قەبىلىگە ھۆكۈمرانلىق قىلمايدۇ.) لېكىن سۇيۇرغال قىلىپ بېرىلگەن زې-مىنى بار» («تارىخىي خاتىرىلەر»دىكى ئىزاھاتلار توغرىسىدا تەت-قىقات 110 ـ جىلد.) ئەمدى زېمىنىمۇ، ھۆكۈمرانلىق قىلىدىغان ئەمىلىمۇ بولمىغان قۇتبەگلەرگە كەلسەك، ئۇلارنىڭ «ھۆكۈمەت ئىشلىرىغا ياردەملىشىشى» باج ـ سېلىق يىغىش ۋە ئۇلارنى باش-قۇرۇشتىن ئىبارەت بولۇشى مۇمكىن. خەن ۋېندى زامانىسىدا يەن بەگلىكىدىن ھۇنلارغا ئەل بولغان جۇڭ خاڭيۈ «تەڭرىقۇتقا سول قول، ئوڭ قول تەرەپلەرنى تۈرلەرگە بۆلۈپ ئېلىش ئارقىلىق ئۆ-زىنىڭ قول ئاستىدىكى ئاممىدىن باج يىغىۋېلىشنى ئۆگەتكەن» («تارىخىي خاتىرىلەر. ھۇنلار تەزكىرىسى»). بۇ يەردىكى خەنزۇچە « 疏记» دېگەن سۆز (تۈرلەرگە بۆلۈپ دەپتەرگە ئېلىش دېگەن مەنىدىكى سۆز ئىدى. بەزىلەر ھۇنلارنىڭ ئوردىسىدا ئوڭ، سول قول دەپتەرچى بەگلەر ( 疏计) تەيىنلەنگەن» دېيىشىدۇ. ھۇنلار-نىڭ باج ـ سېلىق تۈزۈمى بىر قەدەر ئاددىي، قوپال بولۇپ، جۇڭ خاڭيۈ خەن بەگلىكىدىكىلەرنىڭ باج ـ سېلىق يىغىشتىكى ئۇ-سۇل ۋە تەجرىبىلىرىنى ھۇنلارغا ئۆگىتىپ، ئۇلارنىڭ باج ـ سېلىق تۈزۈمىنىمۇ تەدرىجىي مۇكەممەللەشتۈرگەن.

سوت بىلەن تۈرمە دۆلەت ھاكىمىيىتىنىڭ مۇھىم تەركىبىي قىسمى. «تارىخىي خاتىرىلەر. ھۇنلار تەزكىرىسى»دە خاتىرىلىنى-شىچە، ھۇنلار تۆرىلەرنىڭ مال ـ مۈلكىنى كاپالەتكە ئىگە قى-لىش، جەمئىيەتنىڭ مۇقىملىقىنى ساقلاش ئۈچۈن، قانۇندا مۇنداق بەلگىلىگەن: « تىغ (پىچاق) بىلەن كىشىنىڭ بىر غېرىچ-تىن ئارتۇق يېرىنى زەخىملەندۈرگۈچىلەرگە ئۆلۈم جازاسى بې-رىلىدۇ. ئوغرى ئۆيگە ئوغرىلىققا كىرگەن بولسا، جىنايىتى يې-نىكلەرنىڭ ئوشۇقى چېقىلىدۇ. جىنايىتى ئېغىرلارغا ئۆلۈم جازاسى بېرىلىدۇ». يەنە بىر خاتىرىگە قارىغاندا، ھۇنلار «چە-ۋەنداز»لارنىڭ جەڭ قىزغىنلىقىغا ئىلھام بېرىش ئۈچۈن «ئې-

ـرىشكەن غەنىيمەتلەرنى ئۆزگە بېرىش، قولغا چۈشكەن ئادەمـ ـلەرنى قۇل قىلىش» نى بەلگىلىگەن. «خەننامە. ۋاڭ ماڭ تەزكىـ ـرىسى» دە مەزمۇنى ئېنىق بولمىغان بىر قانۇن (يەنى قۇش ۋە مەرۋايىتلارنى تەگرىقۇتقا قالدۇرۇش قانۇنى)مۇ قەيت قىلىنغان. هۇنلارنىڭ قانۇننى ئىجرا قىلىشتا سوت ۋە تۈرمىلىرىمۇ بولغان. «كېيىنكى خەننامە. جەنۇبىي هۇنلار هەققىدە قىسسە» دە ئېيتىـ ـلىشىچە، باشقا ئۇرۇقتىن بولغان بەگلەردىن قۇيانلار سول قول، لانلار ۋە شۇيبۇلار ئوڭ قول بەگ بولۇپ، دەۋا ـ دەستۇر، سوراق ۋە تۈرمىگە ئالاقىدار ئىشلارنى باشقۇراتتى. جىنايەتچىلەرنى قاـ ـمايدىغان قاماقخانىلار بار ئىدى. لېكىن «قاماق مۇددىتى 10 كۈندىن ئاشمايتتى. پۈتۈن دۆلەت بويىچە مەھبۇس بىر نەچچىدىن ئاشمايتتى. بۇنداق بولۇشىنى كۆچمەن چارۋىچىلىقنىڭ خاراكـ ـتېرى بەلگىلىگەن بولۇپ، هۇنلار يېزا ئىگىلىك دۆلەتلىرىدىكىـ ـدەك قاماق جازاسىنى ئەڭ مۇهىم جازا ۋاسىتىسى قىلىپ قوللاذـ ـمايتتى. هۇنلارنىڭ مەهبۇسلارنى قاماشتا ئىشلىتىدىغان قورالـ ـلىرى ۋە مەهبۇس هارۋىسى بار ئىدى. «خەننامە. هۇنلار تەزكىـ ـرىسى»دە ئېيتىلىشىچە، خەن سۇلالىسىنىڭ ئەلچىسى هۇنلاردىن چېن لياڭ، جوڭ دەي قاتارلىق خائىنلارنى خەن خانلىقىغا ئۆتـ ـكۈزۈپ بېرىشنى ئۆتۈنگەندە، «تەگرىقۇت بۇ تۆتەيلەننى ۋە ئۇلارـ ـنىڭ قول ئاستىدىكى كاللا كېسەرلەردىن تارتىپ خوتۇن ـ بالىـ ـلىرىغىچە 27 كىشىنىڭ هەممىسىنى تۇتۇپ، قوللىرىغا كويزا، پۇتلىرىغا ئىشكەل سېلىپ، مەهبۇسلار هارۋىسىغا سېلىپ، كەلـ ـگەن ئەلچىلەرگە تاپشۇرۇپ بەرگەن».

هۇنلارنىڭ باشقا قوشنا دۆلەتلەر بىلەن بولغان مۇناسىۋىتى ناهايىتى قويۇق ئىدى. خاتىرىلەرگە قارىغاندا، هۇنلار ئۆزلىرىنىڭ مۆتىۋەرلىرىنى خەن سۇلالىسىغا ئەۋەتىپ تۇراتتى»، «هەرەمبېگى شى فېڭنى مەكتۇپ بىلەن ئەلچىلىككە ئەۋەتكەن»، «رەهمەت ئېيتىپ يوگەن ئەۋەتكەن»، «ياساقبەگلەرنى مىننەتدارلىقنى بىلـ ـدۈرۈشكە ئەۋەتىپ تۇراتتى» («تارىخىي خاتىرىلەر. هۇنلار تەزكىـ ـرىسى») دە ئەنە شۇنداق خاتىرىلەر بار. هۇن تەگرىقۇتىمۇ ئۆز

ئوردىسىدا چەت ئەللەردىن كەلگەن ئەلچىلەرنى قوبۇل قىلاتتى. بۇنداق سورۇنلارغا رىياسەتچىلىك قىلىدىغان ئەمەلدارلار «سا-ھىبخان» دەپ ئاتىلاتتى (خەننامە. ھۇنلار تەزكىرىسى.) مېھ-مانلارنى كۈتۈۋالغاندا زىياپەت بېرىلەتتى. زىياپەتتە شائىرلار شېئىر ئوقۇيتتى. ھەزىلكەشلەر ئويۇن كۆرسىتەتتى. بۇ ئىشلار ئەسلىدىنلا بىرەرسىنىڭ باشقۇرۇشىغا موھتاج ئىدى. «تارىخىي خاتىرىلەر»، «خەننامە» قاتارلىق كىتابلاردىكى ھۇنلارغا ئائىت با-يانلاردا تەگرىقۇتنىڭ خەن خانلىقى ئوردىسىغا يازغان دىپلوماتىك ئالاقىنامىلىرى توغرىسىدا خاتىرىلەر بار. بۇ ئالاقىلەرنىڭ سۆز - جۈملىلىرى مەغرۇر ھەم جايىدا بولۇپ، بۇلارنىڭ ماھىر قەلەم-كەشلەرنىڭ قولىدىن چىققانلىقىدا گەپ يوق. ئۇنىڭدىن باشقا، خەن ئوردىسى بىلەن غەربىي يۇرت ئەللىرى ئوتتۇرىسىدىكى تىل - يېزىق ئالاقىلىرىدە تەرجىمە ۋە يېزىقچىلىق ئىشلىرىمۇ مەخسۇس كەسپىي خادىملارغا موھتاج ئىدى. «خەننامە. خۇشئامەتچىلەر تەزكىرىسى»دە «تەگرىقۇت دۆگشيەننى كىچىك (گەپنى چۈشەن-مەپتۇ) دەپ تىلماچلاردىن سورىدى» دېگەندەك خاتىرىلەر بار. «زىمىن تەۋەلىكىنى ئايرىش دەستۇرى» دا «خەن خانىدانلىقى بى-لەن ھۇن دۆلىتى قۇت بىتەرچى باسقان...» دېگەن گەپلەر بار. بەزىلەرنىڭ تەھقىقلەپ ئىسپاتلىشىچە «قۇت بىتەرچى» دېگەن سۆز دىپلوماتىك ئالاقىنامىلەرنى يازىدىغان، تەرجىمە قىلىدىغان، خۇش قەلەم بىلەن كۆچۈرىدىغان مۇلكىي خادىم ئىكەن. ھۇنلار-نىڭ تاشقى بۆلۈملىرىدە شۇنداق مۇلكىي خادىم ناھايىتى كۆپ بولسا كېرەك.

ھۇنلار ئىستېلا قىلىنغان قەبىلە ۋە دۆلەتلەرگە باشقىچە سىياسەت قوللىناتتى. شىرۇ، پۇلۇي دېگەن ئىككى قەبىلە خەلقى «زودى» (سول يەر) ۋە ئوك ئاۋۇدى (ئوڭ ئەسكى يەر) دېگەن جايلارغا مەجبۇرىي كۆچۈرۈلۈپ، ھۇن بەگلىرى تەرىپىدىن بىۋا-سىتە ھۆكۈمرانلىق قىلىنغان ۋە قۇل قىلىنغان. بۇنداق ئەھۋال ناھايىتى ئاز بولغان. كۆپ ساندىكى ئىستېلا قىلىنغان دۆلەتلەردە ئۇلارنىڭ ئۆز ھاكىمىيىتى ۋە رەھبەرلىرىنى ساقلاپ قېلىشقا يول

قوياتتى. هۇنلار پەقەت ۋاكالەتچىلەرنى ئەۋەتىپ ئۇلارغا نازارەت- چىلىك قىلىپ، ئۇلارنىڭ بېقىندىلىق مەجبۇرىيەتلىرىنى ئادا قىلغۇزاتتى.

هۇنلار ئۆز ئېلىنىڭ ئىچىدە قۇللار، ئادەتتىكى پۇقرالارنى ئېكسپلاتاتسىيە قىلىپ قۇلدارلارنىڭ هۆكۈمرانلىقىنى قوغدايت- تى. سىرتتىكى قارام بېقىندى ئەللەرنى تالان - تاراج قىلىپ، ھەرقايسى ئەللەردىكى خەلقلەرنىڭ قارشىلىقىنى باستۇراتتى. ئۇلار ئارمىيە، سوت، تۈرمە قاتارلىق دۆلەت ئاپپاراتلىرىنى قۇر- غانىدى. ئېنگېلس ئېيتقان دۆلەت، قەبىلىلەرنىڭ ئىككىنچى تۈرلۈك ئالاھىدىلىككە ئوخشمايتتى. يەنى ئۇلاردا «ئۆزلۈكىدىن قورالىق كۈچ بولۇپ ئۇيۇشىدىغان ئاھالىلەرگە بىۋاسىتە ئۇيغۇن كەلمەيدىغان»، «ئاممىۋى ھاكىمىيەت تۈزۈلمىسى» شەكىللەنگە- نىدى. غەربتىكى بەزى كىشىلەر ھۇنلاردا دۆلەت بار - يوقلۇقىنى بىلگىلى بولمايدۇ. «ئۇلار پەقەت ھەربىي دېموكراتىيە باسقۇچىدا تۇرۇۋاتقان قەبىلىلەر ئىتتىپاقى ئىدى» دەپ قارايدۇ. ناھايىتى ئېنىقكى بۇ خىل قاراش پۈت تىرەپ تۇرالمايدۇ.

**2. ھۇنلارنىڭ سىياسىي تۈزۈمىنىڭ ئالاھىدىلىكى**

ھۇنلارنىڭ دۆلەت ھاكىمىيىتى ھۇن قۇلدار تۆرىلىرىنىڭ ئىستىبلاچىلىق ئۇرۇشلىرى داۋامىدا قۇرۇلغان بولغاچقا، دەسلە- پىدىلا تۆرىلەرنىڭ دىكتاتۇرىزم خاراكتېرىنى ئالغانىدى. بۇ ھۇن ھاكىمىيىتىنىڭ بىرىنچى ئالاھىدىلىكى، يېقىنقى يىللاردىن بې- رى، ئىلىم ساھەسىدە قەدىمكى شەرقتىكى ھەرقايسى دۆلەتلەردى- كى تۆرىلەر دىكتاتۇرىسى ھەققىدىكى بەس - مۇنازىرىلەر قىزىپ كەتتى. ئۇلارنىڭ ئىچىدە تۈپتىن ئوخشىمايدىغان ئىككى خىل پىكىر بار. بىرىنچى خىلى، قەدىمكى شەرق دۆلەتلىرىدىكى ھەر- قايسى تۆرىلەر دىكتاتۇرىسى چوڭ دەريا - ئېقىنلار ۋادىسىدىكى ئېكىنزارلىق مەدەنىيىتى سۇ ئىنشائاتىغا موھتاج، ھالبۇكى سۇ ئىنشائاتلىرىنىڭ قۇرۇلۇشى ۋە باشقۇرۇلۇشىدا مەركەزلەشكەن ھاكىمىيەت تۈزۈلمىسى بولمىسا بولمايدۇ. ھوقۇق مەركەزگە مەركەزلەشكەن ھاكىمىيەت قۇرۇلمىسى جەزمەن تۆرىلەر دىكتا-

تۇرىسىنى شەكىللەندۇرىدۇ. شۇڭا تۈرلەر دىكتاتۇرلىقىدىكى
سىياسىي تۇزۇم شەرق دۆلەتلىرىدە ئەزەلدىن بار ئىدى. بەزى
كىشىلەر بۇ خىل قاراشقا قارشى پىكىردە، ئۇلارنىڭ قارىشىچە
قەدىمكى تۈرلەر دىكتاتۇرلىقىدىكى ئىمپېرىيە شەرق ھەم غەرب
دۆلەتلىرىنىڭ ھەممىسىدىلا بولۇپ ئۆتكەن. ئۇنىڭ مەيدانىغا كې-
لىشى قۇللۇق جەمئىيەتتىكى سىنىپىي كۈرەشلەرنىڭ كۈنسايىن
كەسكىنلەشكەنلىكىنىڭ نەتىجىسى. دىكتاتۇرچىلىق مەدەنىيەت
دەۋرى باشلانغاندىلا پەيدا بولغان ئەمەس. مەيلى غەرب ياكى شەرق
بولسۇن، ھەممىسىلا كىچىك بەگلىكلەردىكى قۇلدار ئاقسۆڭەكلەر
جۇمھۇرىيەتلىرى ياكى قۇلدارلار دېموكراتىيىسىدىكى شەھەر دۆ-
لەتلىرى باسقۇچىنى بېشىدىن ئۆتكۈزگەن «قۇللۇق تۇزۇمىدىكى
شەھەر دۆلىتى» باسقۇچى قەدىمكى قۇللۇق تۇزۇمىدىكى دۆلەتلەر
بېسىپ ئۆتىدىغان باسقۇچتۇر. مانا شۇنىڭدىن كېيىنلا دىكتاتۇ-
رىچى ئىمپېرىيىلەر شەكىللەنگەن. مېنىڭچە، بۇ ئىككى خىل
قاراش ئوخشاشلا بىر تەرەپلىمىلىككە ئىگە. بۇلارنىڭ ئىككىلى-
سىدە ياۋروپا، ئاسىيادىكى يىراق كۆچمەن مىللەتلىرىنىڭ تارىخى
نەزەرگە ئېلىنمىغان. ئالدىنقىسىدا چوڭ دەريا ـ ئېقىنلارنىڭ
دىكتاتۇرچى دۆلەتلەرنىڭ شەكىللىنىشىدىكى رولى زىيادە تە-
كىتلەنگەن. ھۇنلار چوڭ قۇملۇقنىڭ جەنۇبى ۋە شىمالىدا ياشى-
غان، ئۇنداقتا، قانداقمۇ دىكتاتۇرلىق ئىمپېرىيە تۇزۇمىنى شە-
كىللەندۇرەلىسۇن؟ سۇ ئىنشائاتى ۋە سۇغىرىش ئىشلىرى بەزى
رايونلاردىكى ھوقۇق مەركەزلەشكەن ھاكىمىيەتنىڭ
شەكىللىنىشى بىلەن مەلۇم دەرىجىدە باغلىنىشى بولسىمۇ، لې-
كىن ئۇ دىكتاتۇرىنىڭ شەكىللىنىشىنىڭ زۆرۈر شەرتى ئەمەس،
ئىككىنچى خىل قاراشتا، قۇللۇق جەمئىيەتتىكى سىنىپىي كۈ-
رەشنىڭ جىددىيلەشكەنلىكىدىن دىكتاتۇرا ئىمپېرىيالىزمىدىكى
ئاقسۆڭەكلەر ھاكىمىيىتىنىڭ شەكىللىنىشى چۈشەندۈرۈلگەن.
بۇنىڭدىنمۇ ئالدىراپ يەكۈن چىقىرىشقا بولمايدۇ، ھۇنلار ئوت ـ
سۇ قوغلىشىپ ياشايدۇ، ئۇلارنىڭ كۆچمەن چارۋىچىلىق ئىگىلى-

كىنىڭ تەرەققىياتىدا، سىنىپلار ئايرىلىپ چىققاندىن كېيىن، ھوقۇقدار ھۇن تۆرىلىرى ئىچكى جەھەتتە قۇللار ۋە ئاددىي پۇقرالارنى باستۇرسا، سىرتقا نىسبەتەن كېڭەيمىچىلىك ئۇرۇشى قوزغاپ، قۇللارنى ۋە بايلىقلارنى بۇلاپ ـ تالىشىمۇ ھوقۇق مەر-كەزگە مەركەزلەشكەن ھاكىمىيەتكە موھتاج ئىدى. ھۇن تۆرىلىد-رىنىڭ كېڭەيمىچىلىك غەرىزى كۈچلۈك ئىدى. ئۇلار ئەمدىلا ئىپتىدائىي جەمئىيەتتىن ئايرىلىپ، ھەربىي دېموكراتىيە تۈ-زۈلمىسى شەكىللەنگەندىلا، بۇلاڭچىلىقنى شەرەپ دەپ بىلىدىغان ئادىتى بار ئىدى. «ئۇلار ناھايىتى روشەن ھالدا ئۇرۇشنى ئۆزلىد-رىنىڭ كەسپى قىلغان» ئىدى («خەننامە. ھۇنلار تەزكىرىسى») شۇنىڭ بىلەن بىرگە بىپايان قۇملۇق، يايلاقلاردا كۆچمەن چارۋى-چىلىق قىلىدىغان ھۇنلار قار ـ بوران، تومۇز ئىسسىق قاتارلىق تەبىئىي ئاپەتلەرنىڭ ھۇجۇمىغا ئۇچراپ تۇراتتى. بەزىدە يەنە يات قەۋملەرنىڭ تاجاۋۇزىغىمۇ ئۇچراپ تۇراتتى. ھۇن قۇلدارلىرى ئاجىز چارۋىچىلىق ئىگىلىكىنى تولۇقلاش، تەرەققىي قىلدۇرۇپ گۈللەندۈرۈش ئۈچۈن گۈللەنگەن ـ باياشات ئوتتۇرا تۈزلەڭلىك ۋە غەربىتىكى رايونلارغا كۆز تىككەنىدى. ئۇلارنىڭ دۆلەت ئاپ-پاراتلىرى بىر تەرەپتىن قۇللار ۋە ئاددىي پۇقرالارنىڭ قارشىلىد-قىنى باستۇرسا، يەنە بىر تەرەپتىن ھەرقايسى قەبىلىلەرنى تەش-كىللەپ ۋە قوزغاپ، سىرتقا قارىتا ئىستىلاچىلىق قىلاتتى. ھۇنلارنىڭ دۆلەت قۇرغۇچىسى باتۇر تەڭرىقۇت قورال كۈچى بىد-لەن ھەرقايسى قەبىلىلەرنى بىرلىككە كەلتۈردى ھەمدە ئىلگىرى ـ ئاخىر بولۇپ ئون نەچچە قەبىلە ۋە بەگلىكنى بويسۇندۇردى. ھۇنلار دۆلىتى شەكىللەنگەن ۋاقىتتا ناھايىتى زور زېمىنغا ئىگە بولۇپ، بەزى شەھەر دۆلەتلىرىگە ئوخشاش بىرقەدەر ئۇزاق تەرەق-قىيات باسقۇچىنى بېسىپ ئۆتۈپ، سىنىپىي كۈرەشلەر جىددىيد-لەشكەندىن كېيىن، تۆرىلەر دىكتاتۇرىلىقىدىكى ئىمپېرىيە يولد-غا قەدەم قويغان ئەمەس. شەھەر دۆلەتلىرى دىكتاتۇرىلىق تۈزۈ-مىدىن بۇرۇن بار ئىدى دېگەنگە كەلسەك، شەرق ۋە غەربتىكى

ھەر قايسى جايلاردا بىر قەدەر ئومۇمىيۈزلۈك ئەھۋال بولسىمۇ، لېكىن پۈتۈنلەي ئۇنداقمۇ ئەمەس. ھۇنلار ئىزچىل تۈردە تۆرىلەر دىكتاتۇرىسىنى يۈرگۈزۈپ كەلگەن تۇرسا، ئۇلاردا قاچانمۇ قۇلدارلار دىكتاتۇرىسى ۋە ياكى جۇمھۇرىيەت تۈزۈمىدىكى شەھەر دۆلىتى بولغان بولسۇن؟

ھۇنلاردا سىياسىي تەشكىلاتلار بىلەن ئارمىيە تەشكىلى بىر-لىشىپ كەتكەن بولۇپ، يېزا ئىگىلىك دۆلەتلىرىدىكىدەك ئارمىيە بىلەن ھۆكۈمەت ئايرىۋېتىلگەن ئەمەس ئىدى. بۇ ھۇنلار سىياسىي تۈزۈمىنىڭ ئىككىنچى ئالاھىدىلىكى، ھۇنلار ئىپتىدائىي جەمئىيەتتىكى ئۇرۇق، قەبىلە تەشكىلىنى ساقلاپ قالغان بولۇپ، بۇ ئارقىلىق چارۋىچىلارنى تەشكىللەيتتى. شۇنىڭغا مۇناسىپ ھالدا تەسىس قىلىنغان ئونبېشى، يۈزبېشى، مىڭبېشى، تۈمەن-بېشى قاتارلىقلار ھەر دەرىجىلىك مەمۇرىي ئەمەلدارلار، شۇنداقلا ھەربىي قوماندانلار ئىدى. ھۇنلاردىن ئىبارەت بۇ بىر پۈتۈن مىل-لەت بىر غايەت زور ھەربىي گازارما بولۇپ، ئۇنىڭ ئارمىيە بىلەن ھاكىمىيەت ئارىلىشىپ كەتكەن تەشكىلىنى چارۋىچىلىق ئىگى-لىكىنىڭ خاراكتېرى بەلگىلىگەن.

ھاكىمىيەت قۇرۇلمىسى ئەپچىل، ماسلىشىشچانلىقى كۈچ-لۈك بولۇش مانا بۇ ھۇنلارنىڭ سىياسىي تۈزۈمىنىڭ ئۈچىنچى ئالاھىدىلىكى. ھۇنلارنىڭ ھەر دەرىجىلىك مەمۇرىي، ھەربىي ئە-مەلدارلىرى مەيلى ئادەتتە جەڭ قىلغاندا بولسۇن، ئۆز قەبىلىسى-دىكىلەردىن ئايرىلمايدۇ. ئۇلار ئىش بېجىرىشتە، تەڭرىقۇتنىڭ بۇيرۇقىغا باقاتتى. تەڭرىقۇت بىر بۇيرۇق چۈشۈرسىلا، ھەرقايسى ئەمەلدارلار بۇنى ئاڭلاپلا ھەرىكەتكە كېلەتتى. جۇڭ خاڭيۈ ھۇنلارنىڭ سىياسىي تۈزۈلمىسى ھەققىدە «قائىدە - يوسۇنلار ئاددىي بولسا، ئۇنى ئىجرا قىلىش ئاسان بولىدۇ. خان - ۋەزىر-لەر ئارىسىدىكى ئەدەپ - قائىدە ئاددىي بولسا، ئىناقلىق ئۇزاق داۋاملىشىدۇ. بۇ يەردە ئەلنىڭ سىياسىي ئىشلىرى بىر گەۋدىلى-شىپ كەتكەن» دەيدۇ («خەننامە. ھۇنلار تەزكىرىسى»).

يايلاق چاۋىچىلىق ئىگىلىكى تۈزلەڭلىك دېھقانچىلىق ئىگىلىكىگە ئوخشىمايدۇ. كۆچمەن چارۋىچى دۆلەتنىڭ سىياسىي تۈزۈمىمۇ دېھقانچىلىق ئىگىلىكىدىكى دۆلەتلەرنىڭ سىياسىي تۈزۈمىگە ئوخشىمايدۇ. ھۇنلار قەبىلە تەشكىلىنى ساقلاپ قالغان. ئارمىيە بىلەن ھاكىمىيەت بىر گەۋدىلىشىپ كەتكەن. ھەربىي دىكتاتۇرلۇق تۈزۈم ئالاھىدىلىكى بىرقەدەر كۈچلۈك. ئۇنىڭ ھاكىمىيەت تەرەققىياتىنى ھەددىدىن ئارتۇق يۇقىرى مۆلچەرلەشكە بولمايدۇ. لېكىن بەزى ئالىملارنىڭ كۆچمە چارۋىچىلىق ئىگىلىكىنىڭ ئالاھىدىلىكىنى چۈشەنمەي، ھۇنلارنى تەشكىلسىز ياۋائىيلار توپى دېيىشى پۈتۈنلەي خاتا.

«خۇنەن پېداگوگىكا ئۇنىۋېرسىتېتى ئىجتىمائىي پەنلەر ئىلمىي ژۇرنىلى»نىڭ 1990 ـ يىللىق 4 ـ سانىدىن تەرجىمە قىلغۇچى: ئالىمجان ھاشىر

# «ئىلمىي تەكشۈرۈش ئۈمكى ئاسىيا ئىچكىرلىكىدە» ناملىق كىتابتىكى ئۇيغۇر فولكلورى ۋە مۇزىكا مەدەنىيىتىگە دائىر مەلۇماتلار

هۇسەيىن كېرىم

ئۇيغۇر فولكلورى ۋە ئۇيغۇر مۇزىكا مەدەنىيىتى ياۋروپا ئالىملىرىنىڭ دىققىتىنى تارتقان مۇھىم ساھەلەرنىڭ بىرى. 19 ــ ئەسىرنىڭ 2 ــ يېرىمىدىن باشلاپ، ياۋروپادىكى بىر قانچە دۆلەتلىك ئاكادېمىيە ۋە مۇزېيلاردىن ئېكسپېدىتسىيىچىلەر ۋە سەيياھلار شىنجاڭغا كېلىپ ئارخېئولوگىيىلىك چارلاش ۋە ئىلمىي تەكشۈرۈش پائالىيەتلىرىنى ئېلىپ بارغان. ئۇلارنىڭ ئىچىدىكى بىر قىسىم ئالىملار ئارخېئولوگىيىلىك تەكشۈرۈش ماتېرىياللىرىدىن سىرت يەنە ئۇيغۇرلارنىڭ فولكلور ۋە مۇزىكا مەدەنىيىتىگە دائىر ماتېرىياللارنىمۇ توپلاپ، ئۆز دۆلەتلىرىگە قايتقاندىن كېيىن، مەخسۇس ئىلمىي ئەسەرلەرنى نەشر قىلدۇرغان. ئۇلارنىڭ ئەسەرلىرى مۇزىكا مەدەنىيىتىنىڭ ئومۇمىي مەنزىرىسىنى ئەكس ئەتتۈرۈپ بېرەلمىسىمۇ، لېكىن ئەينى دەۋردىكى ئۇيغۇر مەدەنىي ھاياتىنى چۈشىنىش ۋە ياۋروپالىقلارنىڭ نەزەرىدىكى ئۇيغۇر مەدەنىيىتىنىڭ ئورنىنى چۈشىنىشتە يەنىلا قىممەتلىك ماتېرىيال ھېسابلىنىدۇ.

19 ــ ئەسىرنىڭ 50 ــ يىللىرىدىن 90 ــ يىللىرىغا قەدەر بولغان 40 يىل جەريانىدا چارروسىيە ئالىملىرىدىن چوقان ۋەلىخانوف (1835 ــ 1865 )، رادلوف (1837 ــ 1918)، پېتروۋسكى (1837 ــ 1908)، پانتۇسوف (1849 ــ 1909)، كاتانوف (1862 ــ 1922) ۋە فرانسۇز ئالىمى دۇتروئىل (1890 ــ ؟)، شىۋېتسىيىلىك ئالىم سېۋېن ھېدىن (1865 ــ 1952) قاتارلىق

ئالىملار ئۇيغۇرلار ئارىسىدا كەڭ كۆلەملىك ئىلمىي تەكشۈرۈش بىلەن شۇغۇللاندى. ئەتراپلىق بىلىم قۇرۇلمىسىغا ئىگە بۇ ئالىملارنىڭ ئۇيغۇرشۇناسلىق ئىلمىنىڭ شەكىللىنىشىگە قوشقان تۆھپىسى ناھايىتى زور.

چارروسىيە دەۋرىدىكى بەزى رۇس شەرقشۇناسلىرى ئۇيغۇر فولكلور بايلىقى ۋە مۇزىكا مەدەنىيىتى ھەققىدە مەلۇمات بەرگەندىن كېيىن، ياۋروپا ئىلىم ساھەسى شۇندىلا ئۇيغۇر مەدەنىيىتى توغرىسىدا دەسلەپكى چۈشەنچىگە ئىگە بولدى. روسىيىدە شەكىللەنگەن ئۇيغۇرشۇناسلىق ۋە ئۇنىڭ تەتقىقات مېۋىلىرىنىڭ تەسىرى نەتىجىسىدە فرانسۇز ئالىمى دۇترەئىل 19 ـ ئەسىرنىڭ ئاخىرلىرى شىنجاڭغا كېلىپ ئۇيغۇر فولكلورى ۋە مۇزىكىسى ھەققىدە ئىلمىي تەكشۈرۈش ئېلىپ باردى.

دۇترەئىل 1890 ـ يىلى فرانسىيە مائارىپ مىنىستىرلىقىنىڭ ئورۇنلاشتۇرۇشى بىلەن مەخسۇس بىر تەكشۈرۈش ئۆمىكى تەشكىللەپ، پارىژدىن يولغا چىقىپ تاشكەنت، ئوش ئارقىلىق قەشقەرگە كەلگەن. قەشقەردىن يەنە خوتەن، نىيە، كېرىيە ۋە چەرچەنگىچە بارغان. ئۇنىڭدىن كېيىن، ئۇلار تاغ ئاتلاپ شىزاڭغا كىرگەن. بىراق ئويلىمىغان يەردىن دۇترەئىل تاڭبۇدا دېگەن يەردە باشقىلار تەرىپىدىن پاجىئەلىك تۈردە ئۆلتۈرۈلگەن. دۇترەئىل ئۆلتۈرۈلگەندىن كېيىن، ئۇنىڭ ئېكسپېدىتسىيە ئەترىتىگە گرېنارد يېتەكچىلىك قىلىپ چىڭخەينىڭ شىنىڭ شەھىرىگە بارغان. دۇترەئىل خوتەن رايونىدا تەكشۈرۈش ئېلىپ بېرىۋاتقان مەزگىللەردە مىلادىيە 6 ـ، 7 ـ ئەسىرلەرگە تەئەللۇق قارۇشتىدىچە ۋەسىقىلەر ۋە باشقا مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرىنى يىغقان. ئۇلار يەنە ئاسترونومىيىلىك كۆزىتىش ئارقىلىق خوتەننىڭ جۇغراپىيىلىك ئورنىنى مۇئەييەنلەشتۈرگەن.①

دۇترەئىل ئەنە شۇ خوتەندىكى ئىلمىي تەكشۈرۈش مەزگىلىدە «ئىلمىي تەكشۈرۈش ئۆمىكى ئاسىيا ئىچكىرىلىكىدە» ناملىق كىتابىنى يازغان. گرېنارد فرانسىيىگە قايتقاندىن كېيىن دۇترە-

ئىلىنىڭ بۇ كىتابىنى 1895 ـ يىللىرى ئارىلىقىدا تولۇقلاپ نەشرگە تەييارلىغان. 1898 ـ يىلى كىتاب نەشر قىلىنغان. كىتابتىكى مەلۇماتقا قارىغاندا، دوترويىل خوتەندە توّت ئاي تەكشۇرۇش ئېلىپ بارغان بولۇپ، ئەنە شۇ قىسقىغىنە جەرياندا ئالىم كىتابىغا ئۇيغۇر مەدەنىيىتىگە دائىر خېلى كوّپ ماتېرىياللارنى كىرگۈزۈشكە ئۈلگۈرگەن. كىتاب فرانسۇز تىلىدا بولغاچقا، ئۇنىڭدىن تولۇق پايدىلىنىش ئىمكانىيىتى بولمىدى. شۇنداق بولسىمۇ، باشقىلارنىڭ ھەمدە مۇناسىۋەتلىك لۇغەتلەرنىڭ ياردىمىدە كىتاب مەزمۇنىدىن خەۋەردار بولدۇم ھەمدە كىتاب مەزمۇنىنى ئوقۇرمەنلەرگە يەتكۈزۈش مەقسىتىدە بۇ ئاددىي ماقالىنى تەييارلىدىم.

دۇترويىلنىڭ «ئىلمىي تەكشۈرۈش ئۆمىكى ئاسىيا ئىچكىرىلىكىدە» ناملىق كىتابى توۋەندىكى بىر قانچە ماۋزۇ بويىچە بايان قىلىنغان.

1. چىنى تۈركىستان ئاھالىلىرى 2. ئابدۇراخمان خوجا داستانى 3. بەگ قۇلى بەگ داستانى 4. مەخمۇتجان داستانى 5. خەلق چوّچەكلىرى 6. ئارخېئولوگىيىلىك ماتېرىياللار ... يۇقىرىقى ئۈچ داستان ۋە دۇترويىل خەلق ئارىسىدىن يىغىۋالغان ئالتە چوّچەكنىڭ تېكىستى توّركىيچە بېرىلگەندىن سىرت، ئاستىغا فرانسۇزچە تەرجىمىسى بېرىلگەن. بۇ ئۇيغۇر ئەدەبىياتى تارىخىدا ئۇيغۇر خەلق داستانلىرى ۋە چوّچەكلىرىنىڭ تۇنجى قېتىم فرانسۇز تىلىغا تەرجىمە قىلىنىپ نەشر قىلىنىشى ھېسابلىنىدۇ.

يەرلىك ئاھالىلەرگە مۇناسىۋەتلىك بابتا ئۇيغۇر مۇزىكا مەدەنىيىتىگە ئائىت مەلۇماتلار خاتىرىلەنگەن بولۇپ، بۇ 19 ـ ئەسىرنىڭ 2 ـ يېرىمىدىكى ئۇيغۇر مۇزىكا مەدەنىيىتىگە ئائىت قىممەتلىك مەلۇمات ھېسابلىنىدۇ. دۇترويىل يالغۇز ئۇيغۇر مۇزىكىلىرى ھەققىدە مەلۇمات بېرىپلا قالماستىن يەنە ئۇنى سەمەرقەنت، قوقان رايونىدىكى ئوّزبېك مۇزىكىلىرى بىلەن سېلىشتۇرغان ئاساستا، مۇستەقىل تەتقىقات ئېلىپ بارغان. ئاپتور ئۇيغۇر مۇزىكىلىرىغا ناھايىتى يۇقىرى باھا بېرىپ، ئۇنىڭ ئوّز-

بىلەن مۇزىكىلىرىدىن ئۇستۇن تۇرىدىغانلىقىنى مۇئەييەنلەشتۈر-
گەن.
ئاپتور يەنە مۇشۇ بابتا «سارغايدى ئويۇنى»ئويناۋاتقان ئۇي-
غۇرلارنىڭ سىزما رەسىمىنى بېرىش بىللە بىللەن يەنە 19 ـ ئە-
سىرنىڭ 2 ـ يېرىمىدا ئاساسلىقى خوتەن رايونىدىكى ئۇيغۇرلار
ئىشلىتىپ كېلىۋاتقان توققۇز خىل چالغۇ ئەسۋاب — راۋاب،
ھەشتار، ساتار، تەمبۇر، سۇرناي، دۇتار، ساپايى، نەغمە دېپى، قا-
لۇنلارنىڭ سىزما رەسىمىنى بەرگەن. بۇلار ئەينى ۋاقىتتىكى
ئۇيغۇر ئون ئىككى مۇقامىنىڭ تەرەققىيات تارىخى، ئىجراچىلى-
قى، تارقىلىشى، مىللىي چالغۇ ئەسۋابلار ھەمدە فولكلورغا مەن-
سۇپ بولغان خەلق ناخشا ـ مۇزىكىلىرىنىڭ تارىخىنى تەتقىق
قىلىشتا ناھايىتى مۇھىم ماتېرىيال مەنبەسى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ .
بۇ ساھەگە قىزىققۇچى تەتقىقاتچىلارنىڭ پايدىلىنىشى ئۈچۈن
مەزكۇر كىتابتا خاتىرىلەنگەن مۇزىكا مەدەنىيىتىگە ئائىت بەزى
بايانلارنى سۇنىمەن:
«خەلق ناخشىسى دەپ ئاتىلىدىغان بەزى ناخشىلارنى كۆپىن-
چە كىشىلەر چۈشەنمەيدۇ، ئەمما بۇ ھەر ئىككى رايون (شىنجاڭ
ۋە غەربىي تۈركىستان) دا ئومۇملاشقان. مەن ئىگىلىگەن بەزى
ناخشىلارنى چىنى تۈركىستاننىڭ ھەممە شەھەرلىرىدە يەنى خو-
تەندىن تارتىپ تۇرپان ـ ئىلىغىچە بولغان ھەممە يەردە ئاڭلىغى-
لى بولىدۇ...
بۇ ‹تارانچى ناخشىلىرى› توپلىمىدىكى بىر قاتار ناخشىلارنى
نېمە ئۈچۈن قايتا ئىزدەپ تاپقانلىقىمنىڭ سەۋەبىدۇر. بۇ ناخ-
شىلار توپلىمى 1890 ـ يىلى پېتېربورگتا نەشر قىلىنغان. بۇ
يەردىكىلەر ئۆزلىرىنىڭ يەرلىك ناخشىلىرىنىڭ بارلىقىغا ئىشەن-
مەيدۇ. يېڭى غەزەل ـ ناخشىلار ئاقسۇ ياكى ئىلىدىن تارقىلىپ
بارغان، تارانچىلارنى شۇ ناخشىلارنىڭ ئىجادچىسى دەپ قارايدۇ.
ئۇلارنىڭ سازەندىلىرىنىڭ داڭقى قەشقەر سازەندىلىرىنىڭ داڭقى-
دىن تۆۋەن تۇرىدۇ... بەزى كەسپىي سازەندىلەر ئۈچ ياكى تۆتتىن
بىر گۇرۇپپا بولۇپ، تەكلىپ قىلىنغان كىشىلەرنىڭ ئۆيلىرىگە

بىرىپ ناخشا ئېيتىدۇ ياكى مازار سەيلىسىدە كۆپچىلىك ئالدىدا ناخشا ئېيتىدۇ. ئۇلارنىڭ چالغۇ ئەسۋابلىرى پەقەت ناخشىغا تەڭكەش قىلىش ئۇچۇنلا ياسالغان. قەشقەر، يەكەن، خوتەننىڭ سازەندىلىرى مۇزىكا تالانتى بىلەن داڭلىق، ئۇندىن باشقا ئۇلار-نىڭ ناخشىسىنىڭ ئىنتوناتسىيىسى بىزگە نىسبەتەن ئېيتقاندا، ناھايىتى يۇقىرى ياكى كۈچلۈك. شەك ـ شۈبھىسىزكى، ئۇلارنىڭ سەنئىتى سەمەرقەنت ياكى قوقاندىكى سارتلار سەنئىتىدىن يۇقىرى. ئېنىقىنى ئېيتقاندا، سەمەرقەنت، قوقانلىقلارنىڭ ناخشىلىرى بەئەينى قۇترىغان مۈشۈكنىڭ مىياڭلىغىنىغا ئوخشايدۇ. ئۇ ناخشىلارنىڭ مېلودىيىسى ناھايىتى ئاددىي بولۇپ، ئۇسلۇب ئۇ-چۇنلا ئىجاد قىلىنغان. ئۇنىڭ ئىچىدىكى بەزىلىرى بىر خىل غە-لىتە شەكىللەر ئارقىلىق كىشىگە قەدىمكى فرانسىيىنىڭ خەلق ناخشىلىرىنى ئەسلىتىدۇ. ئۇلارنىڭ ئاز بىر قىسمى بىرلا ئا-ھاڭدا بولۇپ زېرىكىشلىك. كۆپ قىسمى شوخ، جانلىق بولۇپ، قايغۇ ـ ھەسرەت ۋە خىيالىي تۇيغۇ ھېسسىياتنى تولۇق ئىپادى-لەيدىغان ناخشىلار قاتارىغا كىرىدۇ».[2] يۇقىرىقى بايانلاردىن دۇت-روئىلنىڭ ئەينى ۋاقىتتىكى ئۇيغۇر خەلق ناخشىلىرىنى پانتۇ-سوف يازغان «تارانچى ناخشىلىرى» دېگەن كىتابتىكى ناخشىلار بىلەن سېلىشتۇرۇپ تەتقىقات ئېلىپ بارغانلىقىنى كۆرۈۋالغىلى بو-لىدۇ.

دۇتروئىلنىڭ ئۇيغۇر مۇزىكا مەدەنىيىتى ھەققىدىكى يۇقىـ-رىقى قىممەتلىك بايانلىرى قازاق ئالىمى چوقان ۋەلىخانوفنىڭ 1858 ـيىلى جەنۇبىي شىنجاڭغا قىلغان ساياھىتىدە يازغان «مۇزىكا جەھەتتە كىچىك بۇخارالىقلار (قەشقەرنى ئاساس قىلغان جەنۇبىي شىنجاڭ رايونىدىكى ئۇيغۇرلار ـــ ئا) پۈتۈن ئوتتۇرا ئاسىيالىقلار ئىچىدە ھۆرمەتكە سازاۋەر»[3] دېگەن يۇقىرى باھا-سىنىڭ يەنە بىر قېتىم پاكىتلار ئارقىلىق ئىسپاتلىنىشىدىن ئى-بارەت.

يۇقىرىقىلار دۇتروئىلنىڭ «ئىلمىي تەكشۈرۈش ئۆمىكى ئاسىيا ئىچكىرلىكىدە» ناملىق كىتابى ھەققىدە بېرىلگەن يۈزەكى ئۇچۇردىن ئىبارەت. بۇ ئەسەرنى تولۇق تەتقىق قىلىش تېخى بۇ-نىڭدىن كېيىنكى مۇھىم بىر ئىلمىي خىزمەتتىن ئىبارەت.




**ئىزاھاتلار:**

① ۋېي چاڭخۇڭ، خې خەنمىن تۈزگەن : «چەت ئەل ئېكسپېدىتسىيە-چىلىرىنىڭ غەربىي يۇرتتا قىلغان ساياھەت خاتىرىلىرى» 1994 ـ يى-لى خەنزۇچە نەشرى، ئۈرۈمچى، 333 ـ بەت.

② ي. ل. دۇتروئىل، دې. رىنس : «ئىلمىي تەكشۈرۈش ئۆمىكى ئاسىيا ئىچكىرلىكىدە» 1898 ـ يىلى، پارىژ، فرانسۇزچە نەشرى.

③ چوقان ۋەلىخانوف : «چوقان ۋەلىخانوف تاللانما ئەسەرلىرى» 1958 ـ يىلى، ئالمۇتا، رۇسچە نەشرى، 498 ـ ، 499 ـ بەتلەرگە قارال-سۇن.

# خوجاغىياسىددىننىڭ «شاھرۇخ ئەلچىلىرىنىڭ شەرققە سەپەر خاتىرىسى» ناملىق كىتابى

ئەركىن ئەرشىدىن

پۈتكۈل ئوتتۇرا ئاسىيا ۋە شەرقىي ئاسىيانى ئىگىلىگەن قۇدرەتلىك تۆمۈرىيلەر خاندانلىقى 1405 - يىل 2 - ئاينىڭ 18 - كۈنى ئەمىر تۆمۈر يېشىدا ئۆلگەندىن كېيىن پارچىلىنىپ كەتتى، ئارىدا نۇرغۇن پاراكەندىچىلىكلەر بولۇپ ئۆتكەندىن كېيىن، ئەمىر تۆمۈرنىڭ ئوغلى باھادىر مىرزا شاھرۇخ دادىسىنىڭ تەختىگە ۋارىسلىق قىلدى (1405 — 1447). بۇ مەزگىلدە ئاقساق تۆمۈر بەرپا قىلغان بۇ بۈيۈك خاندانلىقنىڭ ئىلگىرىكى سەلتەنەتلىك ھەيۋىتى يوقىلىپ، تۆمۈرىيلەر خاندانلىقى دېگەن ناملا قالغانىدى، خاندانلىقتا قاراشلىق ۋىلايەت ۋە رايونلار ئۆز ئالدىغا بۆلۈنمە ۋەزىيەتنى شەكىللەندۈرگەن بولۇپ، پۈتكۈل خاندانلىق ئىنتايىن ئېغىر قالايمىقانچىلىق ئىچىدە قالغانىدى. باھادىر مىرزا شاھرۇخ خاندانلىقنىڭ ۋەزىيىتىنى تۇراقلاشتۇرۇش ئۈچۈن، ئىچكى جەھەتتە ھەرقايسى ۋىلايەتلەردىكى قېرىنداشلىرى بىلەن يارىشىش يولىدا نۇرغۇن تىرىشچانلىقلارنى كۆرسەتتى، تاشقى جەھەتتە بولسا، قوشنا ئەللەر بىلەن بولغان مۇناسىۋەتنى ياخشىلاشقا تىرىشتى، بولۇپمۇ شەرقتىكى چوڭ ئەل مىڭ سۇلالىسى بىلەن بولغان مۇناسىۋەتنى ياخشىلاشقا ئالاھىدە ئەھمىيەت بەردى. مىڭ سۇلالىسىنىڭ پادىشاھى يۇڭلې بۇنىڭغا ئاكتىپ پوزىتسىيىدە بولۇپ، ئارقا - ئارقىدىن تۆمۈرىيلەر خاندانلىقىغا ئەلچىلەر ئۆمەكلىرى ئەۋەتتى، جۈملىدىن مىڭ سۇلالىسىنىڭ ئوردا ئەمەلدارى چېن چېڭ 1415 - يىلى غەربىي يۇرتقا ئەلچى-

لىككە بېرىپ قايتقاندىن كېيىن، «غەربىي يۇرتقا قىلىنغان سەپەر خاتىرىلىرى» ناملىق مەشھۇر ئەسىرىنى يازدى. چېن چېڭ ئەلچىلىكتىن قايتىپ تۆت يىلدىن كېيىن، يەنى 1419 ـ يىلى تۆمۇرىيلەر خانىدانلىقىنىڭ خانى باھادىر مىرزا شاھرۇخ مىڭ سۇلالىسىگە كاتتا ئەلچىلەر ئۆمىكى ئەۋەتتى. تۆمۇرىيلەر ئەۋلادلىرى ۋە ھەرقايسى ۋىلايەتلەرنىڭ ئەمەلدارلىرىدىن تەركىب تاپقان بۇ ئەلچىلەر ئۆمىكى ئىچىدە خوجاغىياسىدىن ئىسىملىك بىر شەخس بار ئىدى. بۇ شەخس شاھرۇخنىڭ 3 ـ ئوغلى مىرزا بايسۇنقۇرنىڭ ۋىلايىتىدىن كەلگەن بولۇپ، ئۇستا رەسسام ۋە يېزىقچىلىقتا كامالەتكە يەتكەن ئادەم ئىدى. خوجاغىياسىدىن يول بويى كۆرگەن ـ ئاڭلىغانلىرىنى بىر ـ بىرلەپ خاتىرىلەپ ماڭدى ۋە ئېلىگە قايتىپ بارغاندىن كېيىن، «شاھرۇخ ئەلچىلىرىنىڭ شەرققە سەپەر قىلىش خاتىرىسى» دېگەن كىتابنى يېزىپ چىقتى. بۇ سەپەر خاتىرىسى چېن چېڭنىڭ «غەربىي يۇرتقا قىلىنغان سەپەر خاتىرىلىرى» بىلەن بىر قاتاردا تۇرىدىغان ئەسەر بولۇپ، 15 ـ ئەسىردىكى ئوتتۇرا ئاسىيانىڭ تارىخ، جۇغراپىيە ئەھۋاللىرىنى تەتقىق قىلىشتا مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە.

خوجا غىياسىدىننىڭ سەپەر خاتىرىسى ناھايىتى كەڭ دائىرىلىك بولۇپ، ئۇنىڭدا تەبىئىي مەنزىرىلەر، جۇغراپىيىلىك مۇھىت، سىياسىي، ئىقتىسادىي ئەھۋال، مىللەت، قەبىلە، دىن، ئۆرپ ـ ئادەت قاتارلىقلار تەپسىلىي خاتىرىلەنگەن. بۇ سەپەر خاتىرىسىدىن مەزكۇر ئەلچىلەر ئۆمىكىنىڭ «يىپەك يولى»نىڭ شىمالىي لىنىيىسىنى بويلاپ مېڭىپ مىڭ سۇلالىسىگە يېتىپ بارغانلىقىنى كۆرۈۋالغىلى بولىدۇ. سەپەر خاتىرىسىدە بايان قىلىنىشىچە، ئەلچىلەر ئۆمىكى 1419 ـ يىلىنىڭ ئاخىرلىرى باھادىر مىرزا شاھرۇخ خانىنىڭ پايتەختى ھىراتتىن يولغا چىقىپ، بەلخ ئارقىلىق سەمەرقەنتكە يېتىپ بارىدۇ ھەمدە سەمەرقەنتكە كېلىپ، قايتىش ئالدىدا تۇرۇۋاتقان مىڭ سۇلالىسىنىڭ ئەلچىلىرى بىلەن ئۇچرىشىدۇ ۋە ئۇلار بىلەن بىرلىكتە شەرققە داۋاملىق

سەپەر قىلىدۇ. ئۇلار يول بويى تاشكەنت، تالاس، قۇز ئوردۇ قاتار-
لىق شەھەرلەرنى بېسىپ ئۆتۈپ، شەرقىي چاغاتاي خانلىقى (مو-
غۇلىستان ئېلى) چېگرىسى ئىچىگە كىرىدۇ ۋە سۇلتان ئۇۋەيس
خاننىڭ قىزغىن كۈتۈۋېلىشىغا مۇيەسسەر بولىدۇ. ئۇلار سەپىرد-
نى داۋاملاشتۇرۇپ، كۈنەس دەرياسىدىن ئۆتۈپ، گۈزەل يايلاق
يۇلتۇزغا كىرىدۇ ۋە خوتۇن سۇمۇل (هازىرقى خېجىڭ ناهىيە-
سى)، كۇمۇش، توقسۇنلاردىن ئۆتۈپ، تۇرپانغا كىرىدۇ، تۇرپاندا
بىر مەزگىل دەم ئالغاندىن كېيىن، قاراغوجا شەھىرىگە بارىدۇ.
ئۇلار داۋاملىق شەرققە قاراپ مېڭىپ، 5 - كۈنى قومۇلغا يېتىپ
بارىدۇ، قومۇلدىن يولغا چىقىپ، ئون كۈن يول يۈرۈپ، قاش قو-
ۋۇق (يۈمېن)قا يېتىپ بېرىپ، ئەينى ۋاقىتتا ئوتتۇرا تۈزلەڭ-
لىككە كىرىدىغان مۇھىم ئېغىز بولغان بۇ جايدىكى ئەمەلدارلار-
نىڭ قىزغىن كۈتۈۋېلىشىغا مۇيەسسەر بولىدۇ. ئۆمەك بۇ يەردە
قائىدە بويىچە چېگرىدىن كىرىش رەسمىيىتىنى بېجىرىدۇ، تول-
دۇرۇلغان جەدۋەلدىن ئۆمەكتىكى ئادەم سانىنىڭ 510 ئىكەنلىكى
مەلۇم بولىدۇ. ئۇلار چېگرىدىن كىرىش رەسمىيەتلىرىنى بېجە-
رىپ بولۇپ، جيايۈگۈەن قوۋۇقى ئارقىلىق ئاخىرقى مەنزىل
خانبالىق (بېيجىڭ)قا قاراپ ماڭىدۇ. ئۆمەك خانبالىقتا بىر مەز-
گىل تۇرغاندىن كېيىن، ھىراتقا قايتىدۇ. ئۆمەك قايتىش سەپە-
رىدە، 1422 - يىل 1 - ئايدا جيايۈگۈەن قوۋۇقىدىن يولغا چى-
قىپ، هازىرقى شىنجاڭ چېگرىسى ئىچىگە كىرىدۇ. ئۇلار ئەسلى-
دە كەلگەن يولى بىلەن قايتماقچى بولىدۇ، ئەمما بۇ چاغدا شەر-
قىي چاغاتاي خانلىقى ئىچىدە ماجىرا يۈز بەرگەنلىكتىن، جەنۇبقا
بۇرۇلۇپ، دەشتىئاتا (دۇنخۇاڭ) ئارقىلىق تەكلىماكان قۇملۇقىنى
بويلاپ، چەرچەن، خوتەن، يەكەن، قەشقەر قاتارلىق شەھەرلەرنى
بېسىپ ئۆتۈپ، پامىردىن ئېشىپ ئەنجانغا كېلىدۇ، ئەنجاندا ئىك-
كىگە بۆلۈنۈپ، بىر قىسمى سەمەرقەنتكە قايتىدۇ، خوجاغىياسى-
دىننى ئۆز ئىچىگە ئالغان يەنە بىر قىسمى جەنۇبقا قاراپ مېڭىپ،
بەدەخشان، بەلختىن ئۆتۈپ، 1422 - يىل 9 - ئايدا ھىراتقا قاي-

تىپ كېلىدۇ.

خوجاغىياسىدىن شاھرۇخ ئەلچىلەر ئۆمىكىنىڭ شەرققە بې-رىش ـ كېلىش سەپىرىدىكى خاتىرىلەشكە تېگىشلىك دەپ قارال-غان ھەربىر ئىشنى ئەستايىدىل خاتىرىلەپ ماڭغان. شۇڭا «شاھ-رۇخ ئەلچىلىرىنىڭ شەرققە سەپەر خاتىرىسى» بىزنى ناھايىتى قىممەتلىك ماتېرىياللار بىلەن تەمىن ئېتىدۇ. خوجاغىياسىدىن بۇ سەپەر خاتىرىسىدە ئەينى ۋاقىتتىكى تۇرپان، قومۇل قاتارلىق جايلاردا ھەر خىل دىنلارنىڭ تارقىلىش ئەھۋالىنى تەپسىلىي خا-تىرىلىگەن. مۇشۇ مەزگىلدە بۇددا دىنىنىڭ غەربىي يۇرتتىكى ئاخىرقى مۇقەددەس جايى بولغان تۇرپان، قومۇل رايونلىرىغا ئىسلام دىنىنىڭ تارقالغانلىقىغا دائىر ماتېرىياللار ئانچە كۆپ ئەمەس، خوجاغىياسىدىننىڭ سەپەر خاتىرىسى بۇ جەھەتتە بەلگى-لىك يىپ ئۇچى بىلەن تەمىن ئەتتى. ئۇنىڭ سەپەر خاتىرىسىدىن ئەينى ۋاقىتتا تۇرپان، قومۇل رايونلىرىدا بىرقىسىم مۇسۇلمانلار پەيدا بولغان بولسىمۇ، كۆپ قىسىم ئاھالىنىڭ يەنىلا بۇددا دىنى-غا ئېتىقاد قىلىدىغانلىقىنى كۆرۈۋالغىلى بولىدۇ. خوجاغىياسى-دىن مۇنداق دەپ يازىدۇ: «بىز تۇرپان دېگەن دىيارغا كەلدۇق. بۇ يەردىكى ئاھالىلەرنىڭ كۆپ ساندىكىلىرى غەيرىي دىندىكىلەر بو-لۇپ، بۇتقا ئېتىقاد قىلىدىكەن. ئۇلارنىڭ بۇتخانىلىرى ناھايىتى-مۇ كۆركەم ۋە ھەيۋەتلىك ئىكەن. بۇتخانا ئىچىدە بۇتلار ناھايىتى كۆپ بولۇپ، بىرقىسمى يېڭى ياسالغان، بەزىلىرى كونا بۇت ئى-كەن. ئېتىكاپنىڭ ئالدىدا بىردىن ئۇلار ئالاھىدە ھۆرمەتلەيدىغان بۇدساتۋا ـــ ساكيامۇنىنىڭ ھەيكىلى بار ئىكەن». «بىز قومۇل دېگەن شەھەرگە كەلدۇق، بۇ شەھەردە ئەمىر پەخرىدىن ناھايىتى-مۇ ھەيۋەتلىك بىر مەسچىت سالدۇرغانىكەن. مەسچىتنىڭ قار-شىسىدا غەيرىي دىندىكىلەرنىڭ سالغان ناھايىتىمۇ چوڭ بىر بۇتخانىسى بار ئىكەن. بۇتخانىنىڭ ئىچىدە ناھايىتىمۇ چوڭ بىر بۇت بار ئىكەن. بۇ چوڭ بۇتنىڭ ئوڭ، سول تەرەپلىرىدە نۇرغۇن ئۇششاق بۇتلار بار ئىكەن. چوڭ بۇتنىڭ ئالدىغا سەنئەت جەھەتتە

ناھايىتىمۇ نەپىس قۇيۇلغان ئون ياشلار چامىسىدىكى بىر بالى-
نىڭ مىس ھەيكىلى ئورنىتىلغانىكەن. بۇتخانىنىڭ تاملىرىغا
سىزىلغان تام رەسىملىرى ناھايىتىمۇ نەپىس سىزىلغان بولۇپ،
بۇ رەسىملەرنىڭ كۆركەم ـ رەڭدارلىقى بۇ رەسىملەرنىڭ ناھايى-
تىمۇ پىشقان ماھىر رەسساملارنىڭ قولىدا سىزىلغانلىقىنى مانا
مەن دەپ كۆرسىتىپ تۇرىدۇ. بۇتخانىنىڭ ئىككى قاناتلىق دەرۋا-
زىسىغا ئىككى ئالۋاستىنىڭ بىر ـ بىرىگە ئېتىلىشقا تەييار
تۇرغان كۆرۈنۈشتىكى رەسىملىرى سىزىلغانىكەن. ماڭلى تۆمۈر
بايىر دېگەن چېچەن ياش يىگىت قومۇلنىڭ ھاكىمى ئىكەن».
يۇقىرىقى بايانلار تۇرپان، قومۇل رايونلىرىدا ئىسلام دىنى ئۆزد-
نىڭ ھەقىقىي ھۆكۈمرانلىقىنى ئورنىتىشتىن ئاۋۋال بىر ـ بى-
رىگە ئوخشىمايدىغان ئىككى خىل دىنىنىڭ ۋاقتىنچە بىرلىكتە
مەۋجۇت بولۇپ تۇرغانلىقىنى چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇ.

خوجاغىياسىدىنىڭ بۇ سەپەر خاتىرىسى بىزنى يەنە 14 ـ
ئەسىردىن 15 ـ ئەسىرگىچە بولغان ئارىلىقتا شەرقىي چاغاتاي
خانلىقىنىڭ تەڭرىتاغنىڭ شىمالىي ۋە جەنۇبىدىكى رايونلاردا ئې-
لىپ بارغان پائالىيەتلىرى ھەققىدىمۇ نۇرغۇن تارىخىي يىپ ئۇ-
چى بىلەن تەمىنلەيدۇ. مەسىلەن: سۇلتان ئۇۋەيس خاننىڭ پائالى-
يەتلىرى ۋە ئاقساق تۆمۈرنىڭ شەرقىي چاغاتاي خانلىقىغا باستۇ-
رۇپ كىرىش ۋەقەلىرى ھەممە مۇشۇ دەۋردىكى موڭغۇللارنىڭ
مەركىزىي پائالىيەت رايونلىرى قاتارلىقلار.

# كۇرە چېگرا ھەربىي رايونى ۋە سۇيدۇڭ ناھىيىسىنىڭ مائارىپ تەرەققىياتى تارىخىدىن ئۇچۇر

(1910 ـ يىلدىن 1950 ـ يىلغىچە)

## توختى ئىبراھىم

كۇرە چېگرا ھەربىي رايونىدىكى مىللىي مائارىپ

1910 ـ يىلى مەملىكەت بويىچە كۆتۈرۈلگەن ئىنقىلاب بورىنىنىڭ تەسىرىدە شىنجاڭ بويىچە تۇنجى قېتىم كۇرەدە نيو ـ يىشيا جاڭجۇننىڭ قوماندانلىقىدا قوراللىق ئىنقىلاب ۋۇجۇدقا چىقىپ، ئىستىبدات، چىرىك ھەربىي خاندانلىق ھۆكۈمرانلىقى ئاغدۇرۇپ تاشلاندى. شۇنىڭ بىلەن كۇرەدىكى ھەر مىللەت خەل ـ قىنىڭ مائارىپ ۋە مەدەنىيەت ئىشلىرى فېئوداللىق ساپ دىنىي رامكىدىن بىرقەدەر پەننىيلەشكەن يېڭى دەۋرگە قەدەم قويدى، يە ـ نى كونا فېئوداللىق تۈس ئالغان دىنىي مائارىپ بىلەن بۇرژۇئا مائارىپىنىڭ ئۇندۇرمىسىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان مائارىپ، ئوقۇش ـ ئوقۇتۇش ئىشلىرى ۋۇجۇدقا كەلدى. ئۇلار تۆۋەندىكىچە:

1. يېڭى مەھەللە مەكتىپى. بۇ مەكتەپ 1910 ـ يىلنىڭ ئال ـ دىلىرىدا سالاھىددىن ئاخۇن، ھەسەن ھاجىم، كېرىم شاڭيۇلار تەرىپىدىن يېڭى مەھەللە مەسچىتى ئورنىغا سېلىندى ۋە شۇلار ـ نىڭ باشقۇرۇشىدا بولدى. ئارقىدىنلا مامۇت ئاخۇنباي، روزى ئا ـ خۇنباي، ئىبراھىم شاڭزۇڭ، ھېيىت قۇلبەگ، خۇدابەردى باي، ئىبراھىم ئاخۇنباي، غازى شاڭيۇم، قاسىم ھاجىم قاتارلىق يۇرت مۆتىۋەرلىرى ئارىباغ مەھەللىدە بىر مەكتەپ، دەريا كوچىدا بىر مەكتەپ تەشكىل قىلدى. بۇ مەكتەپلەرنىڭ ھەرقايسىسىدا بىردىن چوڭ قوش سىنىپ بولۇپ، ھەربىر سىنىپتا ئاز كەم 60 بالا ئو ـ

قۇدى. بۇ ئەينى ۋاقىتتىكى كۇرەدىكى ئۇيغۇر ۋە باشقا مۇسۇلمان خەلقلەرنىڭ سانىغا نىسبەتەن خېلى كۆپ ئوقۇغۇچى ئىدى. بۇ مەكتەپلەردە توختى خەلپەت، ئىمىنقارى، ئىمىن ئەپەندىلەر مۇئەللىم بولدى. ئەينى زاماننىڭ ئەھۋالىغا نىسبەتەن ئېيتقاندا، بۇ مەكتەپلەر ساۋات چىقىرىشنى ئاساس قىلغان دىنىي مەكتەپلەر بولۇپ، «نورۇز»، «مەرھابا» قاتارلىق شېئىرلار ۋە تۆت ئەمەل قوشۇمچە ئۆتۈلەتتى.

2. 1912 ـ يىلى كۇرە چوڭ مەسچىتى ئورنىدا ئاستى ـ ئۈستى تاختايلىق، يورۇق دېرىزىلىك قىلىنغان بىر مەكتەپ قۇرۇلدى. بۇ مەكتەپ تۇردى قازى ئاخۇنۇمنىڭ تەشەببۇس قىلىشى، كۇرە شاڭۋۇخۇي (سودا كېڭىشى) دىكى كەنجىباي دوما ۋە مۆتىۋەرلەردىن ماموت ئاكا (قازاق)، كېرىم شاڭيو، ماموت شاپتۇللارنىڭ ماددىي ياردىمى بىلەن قۇرۇلغان، ساۋات چىقىرىشنى ئاساس قىلغان، چوڭ بىر سىنىپلىق دىنىي مەكتەپ ئىدى. مەكتەپ قۇرۇلۇپ تۇنجى قېتىم 70 تىن ئارتۇق بالا قوبۇل قىلىندى، مەكتەپ مۇدىرلىقىنى مەرىپەتپەرۋەر سەيدۇللا ھاجىم ئۈستىگە ئالدى، سەيدۇللا ھاجىم، ماموت تۇردى، توختىئاخۇن خەلپەتلەر ئوقۇتقۇچىلىق قىلدى. ئەينى زاماندا قەغەز، دەپتەر، قەلەم دېگەنلەر بولمىغاچقا، ئوقۇغۇچىلار قومۇش قەلەمنى قاراسىياغا چىلاپ، تاش تاختا، كالىنىڭ تاغىقى، ياغاچ تاختىلارغا يېزىپ ئۆگىنەتتى ياكى تاش تاختىغا تاش قەلەم بىلەن يازاتتى. ئوقۇغۇچىلار ساۋاتسىزلار، باشلانغۇچ سەۋىيىدىكىلەر، ئوتتۇرا سەۋىيىدىكىلەر دەپ ئۈچ دەرىجىگە ئايرىلاتتى، يېڭى كىرگەنلەر ئەرەب ئېلىپبەسى، ھەپتىيەكتىن دەرس باشلايتتى، ئوتتۇرا دەرىجىلىكلەر سوپى ئاللايار، خوجا ھاپىز، قۇرئاننىڭ ئۇششاق سۈرىلىرىدىن دەرس ئالاتتى. كېرىم شاڭيو بالىلارنى كالا تاغىقى ۋە ياغاچ تاختىلاردىن خالاس قىلىش ئۈچۈن، چارروسىيىنىڭ شەمەي دېگەن يېرىگە بېرىپ، 100 دانە تاش تاختا ئېلىپ كېلىپ، ئوقۇغۇچىلارنى ھەقسىز تەمىنلىدى. كېيىن خوتەنگە ئادەم ئەۋەتىپ، خوتەن قەغىزى

سېتىۋېلىپ، ئۇنىڭدىن دەپتەر ياساپ ئوقۇغۇچىلارنى تەمىنلىدى.
نەتىجىدە ئوقۇش سۈرئىتى تېزلىشىپ، ئۇنۇم يۇقىرى كۆتۈرۈلـ
دى، شېئىر، ئالۇ ـ قوشۇ (ھېساب) دەرسلىرى ئۆتۈلۈشكە باشـ
لىدى. ئوقۇغۇچىلار ئارىسىدىن شېئىر يازىدىغانلار، رەسىم سىـ
زىدىغانلار، ھۆسنخەتچىلەر بىخ ئۇرۇپ چىقتى. مەسىلەن: مەشـ
ھۇر رەسسام، خەتتات مەرھۇم سىدىق ئاكا، شۇ چاغدىكى دىنىي
شائىرلاردىن ئىسمائىل خەلپىتىم، ئەمەت قارىملار، كۆزگە كۆـ
رۈنگەن ۋەتەنپەرۋەر زىيالىيلار ۋە مائارىپچىلاردىن سەيدۇللا، ئابـ
دۇراخمان ئاكا، ئىسمائىل خەلپەت، ئەمەت خەلپەت، مۇھەممەت
ئىمىن لوزۇلك، ئابدۇرېھىم، بەكرى غازى، ئابدۇكېرىم باي، ئىدـ
رىس، ئابدۇراخمان بولۇس قاتارلىقلار مۇشۇ مەكتەپتە يېتىشىپ
چىققان. پېشقەدەم شائىرلىرىمىز ئىجاد قىلغان نورۇز ۋە يېڭى
يىل ھەققىدىكى شېئىرلار خەلق سازەندىلىرىنىڭ ئاھاڭغا سېلىـ
شى بىلەن كۈرەدىكى مەكتەپلەردە نورۇز بايرىمى ۋە باشقا مۇھىم
خاتىرە كۈنلىرىدە ئېيتىلىدىغان مەكتەپ مارشىغا ئايلاندى. ھەر
يىلى نورۇز بايرىمىدا ئوقۇغۇچىلار ئوقۇتقۇچىلار بىلەن بىللە
رەتلىك تىزىلىپ، ئوقۇشقا دالالەت قىلىدىغان خەتلەر يېزىلغان
قەغەزنى تاياقلارغا قىستۇرۇپ، نورۇز ناخشىسىنى ياڭراق ئېيـ
تىپ، دەريا بويى، يامبۇلاق بېشى دېگەن يەرلەرگە سەيلىگە چىقاتـ
تى. بەزى بالىلارنىڭ ئاتا ـ ئانىلىرىمۇ بىللە چىقاتتى، ئۇ يەردە
پەللىگە يۈگۈرۈش، چېلىشىش، پوڭزەك، ۋاللەي ئويۇنلىرى ئويـ
نىلاتتى، بالىلار ھېكايە ئېيتىشاتتى. يول بويى بالىلار ئوقۇشقا
سەپەرۋەر قىلىناتتى.

بۇ مەكتەپ مۇشۇ يوسۇندا راۋاجلىنىپ خېلى مۇكەممەللەشـ
تى. مەكتەپ قارىمىقىدا بىر دارىلمۇئەللىمىن سىنىپى تەسىس
قىلىنىپ، ئۇنىڭغا دەسلەپكى دەرسلىكلەرنى تۈگەتكەنلەردىن ئون
نەچچە ئوقۇغۇچى قوبۇل قىلىندى. بۇ سىنىپنى پۈتتۈرگەنلەرنىڭ
بەزىلىرى مۇدەررىس، قازى، مۇپتى، ئىمام قاتارلىق ۋەزىپىلەرنى
ئۆتىدى، يەنە بەزىلىرى تۈركىيە، پاكىستان، تېھران، سەمەرقەند
قاتارلىق جايلارغا چىقىپ ئوقۇدى. مەسىلەن: مۇشۇ سىنىپنى

پۈتتۈرگەنلەردىن توختىئاخۇن خەلپىتىم تۈركىيىدە ئوقۇپ قايـ-
تىپ كېلىپ، كۆرەدە مۇدەررىسلىك قىلدى. ئۇنىڭ تەشەببۇسى
بىلەن قارا دوسكىدا دەرس ئۆتۈش يولغا قويۇلدى. مەكتەپتە يەنە
بىر بارابان گۇرۇپپىسى، ئىزچىلار قوشۇنى تەشكىللەندى. ئىز-
چىلار قوشۇنى كالتە قىزىل، ئاق ئەگرى يولluq ئىزچى كالتىكى
تۇتۇپ، ئوقۇغۇچىلار قوشۇنىنىڭ ئالدىدا ماڭاتتى. ئۇلار ئاساسەن
تەرتىپنى قوغداش ئىشلىرىغا مەسئۇل ئىدى.

مەكتەپنىڭ ئوقۇش - ئوقۇتۇش ئىشلىرىنىڭ يۇكسىلىشى
بىلەن تۈزۈملىرىمۇ مۇكەممەللەشتى. مەسىلەن: ئوقۇشتا ياخـ-
شىلار ھۆرمەتكە سازاۋەر بولۇپ، خەلپىتىمنىڭ تۆرىدىن ئورۇن
ئېلىپ دەرس ئالاتتى. ناچارلار، بىئەدەپلەر، ناشايان ئىش قىلـ-
غانلار، ئاتا - ئانا ۋە ئۆزىدىن چوڭلارغا ھۆرمەتسىزلىك قىلغانلار
پەلەققە بېسىلاتتى، ئېسىلىپ چىۋىقلىناتتى ھەتتا دەررە ئۇرۇلۇپ
جازالىناتتى.

3. 1919 - يىلى ئۆكتەبىر ئىنقىلابىنىڭ غەلىبە ساداسى
ياڭراۋاتقان چاغلاردا يار بويىدا خەلق تىلىدا «شۆتاڭ» (بىلىم يۇر-
تى) دەپ ئاتىلىدىغان بىر مەكتەپ قۇرۇلدى. بۇ مەكتەپتە دىرىزد-
لىرى ئەينەكلىك، ئاستى - ئۈستى سىرلانغان، يورۇق، ئازادە
قىلىپ ياسالغان بىرلا سىنىپ بار ئىدى، مەكتەپ ئالدىغا «ئەلـ-
ۋەخپۇ، لايەبەيئۇ ۋەلايەتەمۇلكۇ» (مەنىسى: مۇشۇ ۋەخپىنى باھالاپ
سېتىپ ئېلىشقا بولمايدۇ، ئۆز ۋەخپىسىگە قوشۇۋېلىشقا بولمايـ-
دۇ، بۇ نەق مەكتەپ مۈلكىدۇر) دېگەن ۋىۋىسكا ئېسىلغانىدى. بۇ
ئەينى ۋاقىتتىكى باشقا مەكتەپلەرگە قارىغاندا پەننىي بىلىمنى
ئاساس قىلغان مەكتەپ ئىدى. بۇ مەكتەپنى تۇردى قازى ئاخۇ-
نۇمنىڭ رىياسەتچىلىكىدە مەرىپەتپەرۋەر كېرىم شاڭيۇ ياساپ
چىقتى. مەكتەپتە تۇنجى قېتىم تەكلىپ بويىچە تاتار زىيالىيسى
رەپىق ئەپەندى بىلەن ئايالى نەسىمە كېلىپ مۇئەللىم بولدى،
دەسلەپتە 60 تىن ئارتۇق قىز - ئوغۇل ئوقۇغۇچى قوبۇل قىـ-
لىندى، بۇ كۆرە تارىخىدا تۇنجى قېتىم قىزلارنىڭ مەكتەپكە قو-
بۇل قىلىنىشى ئىدى. ئوغۇللارغا رەپىق ئەپەندى، قىزلارغا نەسىـ-

مە دەرس بەردى. دەسلەپتە ھېساب (ئەمەللەر)، تارىخۇلئىسلام (ئىسلام تارىخى)، تارىخۇلئەنبىيا (پەيغەمبەرلەر تارىخى). خوجا ھاپىز، ناۋايى شېئىرلىرى، سۇبىتىل ئاجىزىن، تىل دەرسلىرى ئۆتۈلدى، ئوقۇغۇچىلارنىڭ ساۋاتى چىققاندىن كېيىن باشقا دەرسلەر ئۆتۈلدى. بۇلاردىن باشقا چوڭلارنىڭ كەچلىك كۇرسى ئېچىلىپ، نۇرغۇنلىغان ئوتتۇرا ياش ئەر ـ ئاياللار ئوقۇپ ساۋات-لىق بولدى. مەكتەپنىڭ داڭقى تارقىلىپ، ھەرقايسى جايلاردىن ئوقۇغۇچىلار كېلىپ، تونۇش ـ بىلىش ۋە ئۇرۇق ـ تۇغقانلىرى-نىڭ ئۆيىدە يېتىپ ئوقۇدى. شۇ تەرىقىدە ئۈچ يىل داۋام قىلدى، كېيىن ئوقۇتقۇچىلىرىنىڭ كېتىپ قېلىشى بىلەن توختاپ قالدى.

4. «نۇرىيە» مەكتىپى. بۇ مەكتەپنىڭ قۇرۇلۇشى 1934 ـ يىلى باشلىنىپ، 1935 ـ يىلى پۈتتۈرۈلدى. مەكتەپكە ئاستى ـ ئۈستى تاختايلىق، ئەينەك دېرىزىلىك، ئازادە، يورۇق بولغان ئال-تە سىنىپ ۋە بىر زال سېلىندى. مەكتەپ قۇرۇلۇشتىن بۇرۇن مەرىپەتپەرۋەر زاتلاردىن مۇھەممەت ئىمىن لوزۇڭ، سىدىق ئى-مىن، بەكرى غازى، خۇدا بەردى باي، ئابدۇللا شەيخ زامان، ئاب-دۇراخمان ئىبراھىم ھاجى، ئابدۇكېرىم ئىمام قاتارلىقلار ئەزا بولغان مەكتەپ قۇرۇلۇش ھەيئىتى تەشكىل قىلىنىپ، خۇدا بەر-دى باي رەئىسلىككە سايلاندى. ھەيئەت قۇرۇلغاندا ھېچقانداق ئەمگەك كۈچى، ئىقتىساد ۋە ماددىي ئەشيا يوق ئىدى. ھەيئەتنىڭ كەڭ ئامما ئىچىدە چوڭقۇر تەشۋىقات ئېلىپ بېرىشى بىلەن ئاز كۈن ئىچىدىلا نۇرغۇن ئىقتىساد جۇغلاندى، پىدائىي ئەمگەك كۈچلىرى توپلاندى. كۇرەدىكى كۆكتاتچىلىقنى ئاساس قىلىدىغان «تۇڭىيېخې» («گۇڭسۇيەندى» دەپمۇ ئاتىلىدۇ) شىركىتى مەكتەپ قۇرۇلۇشى ئۈچۈن خەنزۇ تامچى ئۇستىلارنى ئالاھىدە ياردەمگە ئەۋەتتى. كۇرەدىن 20 كىلومېتىر يىراقتىكى تېكىلىخان دېگەن يەردىن تاش، ئون كىلومېتىر يىراقتىكى كونا كۇرە خارابىلىرى-دىن ياغاچ، خىشلار توشۇپ كېلىندى. كۇرەدىكى ھارۋىكەش ۋە ھارۋىسى بارلىكى ئادەم سەپەرۋەرلىككە كېلىپ، بىر ھەپتە ئى-

چىدىلا مەكتەپ قۇرۇلۇشىغا يېتەرلىك ماتېرىياللارنى ھەقسىز توشۇپ ئەكىلىپ تەق قىلىپ قويىدى.
مەكتەپنىڭ قۇرۇلۇش تەييارلىقى جىددىي كېتىۋاتقان پەيتتە غۇلجىدىكى «ياردەم» شىركىتىنىڭ باشلىقى سېتىۋالدى باي ئا-كىنىڭ باشچىلىقىدا كۇرە چوڭ يار ئۈستىگە سېلىنىدىغان تۈنجى زامانىۋى كۆۋرۈك قۇرۇلۇشى باشلاندى. بۇ كۆۋرۈك ئىلى يولى بىلەن كۇرە ئىچىنى تۇتاشتۇرىدىغان مۇھىم تۈگۈن ئىدى شۇنداقلا ئۇ ئاشۇ مەكتەپكىمۇ تۇتاش ئىدى. كۆۋرۈك پۈتكەندىن كېيىن، ئىلى ۋىلايىتىنىڭ ۋالىيسىنىڭ قاتنىشىشى بىلەن تەنتەنىلىك ھالدا كۆۋرۈك پۈتۈش مۇراسىمى ئۆتكۈزۈلدى. مۇراسىم ئاخىرىدا سېتىۋالدى باي قاتارلىق شىركەت مەسئۇللىرى كۆۋ-رۈك قۇرۇلۇشىدىن ئاشقان ھەر خىل ماتېرىياللارنى مەكتەپ قۇ-رۇلۇشىغا ئىئانە قىلدى.
شۇ يىلى كۇرە رايونلۇق ئۇيغۇر ئۇيۇشمىسى قۇرۇلۇپ، ئۆزد-نىڭ ئاقارتىش، مەدەنىيەت ـ مائارىپ ۋە باشقا پائالىيەتلىرىنى باشلىۋەتتى. ئۇيۇشما ئاساسىي نىشانىنى مەكتەپ قۇرۇلۇشىغا قارىتىپ، خەلقتىن ئالىدىغان بارلىق ئۆشرە ـ زاكاتلارنى مەكتەپ قۇرۇلۇشىغا تەقدىم قىلدى. مەكتەپ قۇرۇلۇشى ئۈچۈن ئالاھىدە مەبلەغ توپلاش كومىسسىيىسى تەشكىل قىلدى. كومىسسىيە رە-ئىسى خۇدا بەردى باي ۋە سىدىق ئىمىنلارنىڭ يېتەكچىلىكىدە خەلقتىن ئىئانە توپلاش ھەرىكىتى ئېلىپ بېرىلدى. چارۋىدارلار چارۋا، دېھقانلار، كاسىپلار پۇل، ياغاچ ماتېرىيال، ئاشلىق، ماي ياردەم بەردى. ئەنە شۇ مەبلەغلەر بىلەن سوۋېت ئىتتىپاقىدىن مىڭلىغان سىزىقلىق دەپتەر، قېرىنداش، سىيا، بور، ئوقۇش كى-تابلىرى سېتىۋېلىنىپ، كەمبەغەل باللارغا تارقىتىپ بېرىش ئۈچۈن تەييارلاندى. ئۈچ ئوقۇغۇچى ئولتۇرالايدىغان پارتىدىن 60 ى، 60 تىن ئورۇندۇق، سەككىز ئايلانما دوسكا ياسىتىل-دى. ئوقۇغۇچىلارغا «12 ـ ئاپرېل» بايرىمىدا كىيىش ئۈچۈن كۆك گاباردىنىدىن بىر خىل كىيىم تىكتۈرۈلدى. شۇنداق قىلىپ 1934 ـ يىل 4 ـ ئايدا باشلانغان مەكتەپ قۇرۇلۇشى 1935 ـ يىل

6 ـ ئايدا غەلىبىلىك پۈتتۈرۈلدى. مەكتەپ قۇرۇلۇش ھەيئىتى كۈرەدە قەد كۆتۈرگەن بۇ ئىلىم ـ پەن باغچىسىغا «نۇرىيە» (نۇر چاچقۇچى ئورۇن) دەپ نام بېرىپ، ۋىسۇسكا ئاستى، 9 ـ ئايدا تەنتەنىلىك ھالدا مەكتەپ پۈتۈش، ئوقۇش باشلاش مۇراسىمى ئۆتكۈزۈلدى. مۇراسىمغا ۋىلايەتلىك مائارىپ ئىدارىسىنىڭ باشلىقى سۇلتان ئەپەندى قاتارلىق رەھبەرلەر، ھەرقايسى جايلارنىڭ ۋەكىللىرى ۋە مۆتىۋەرلەردىن بولۇپ 1000 دىن ئوشۇق كىشى قاتناشتى.

ۋىلايەتلىك مائارىپ ئىدارىسىنىڭ قوشۇلۇشى بىلەن مەكتەپ مۇدىرلىقىنى تۈركىيىدە ئوقۇپ كەلگەن توختىئاخۇن ئەپەندى ئۈستىگە ئالدى. 1937 ـ يىلى ئۈرۈمچى دارىلمۇئەللىمىننى پۈتتۈرۈپ كەلگەن يۇسۇپجان ئەپەندى، كېيىن ئابدۇكېرىم ھاجىيېۋ، ساۋۇتوم قاتارلىقلار ئۈستىگە ئالدى. 1919 ـ يىلى كۈرە شۆتاڭغا مۇئەللىم بولغان رەپىق ئەپەندى ۋە نەسىمەلەر سۇيىدۈڭدىن قايتىپ كېلىپ، ئاساسلىق مۇئەللىمىلىكنى ئۈستىگە ئالدى. ساھىپجامال، ياسىن ئىمىن، ئابدۇكېرىم، توختى ئەپەندى، سىدىق ئەپەندى، ساۋۇت ئەپەندى قاتارلىقلار مۇئەللىملىك قىلدى. دەرس سېتكىسى ۋە پروگرامما ئىلى ۋىلايەتلىك مائارىپ ئىدارىسىنىڭ كۆرسەتمىسى بويىچە يولغا قويۇلدى. 1 ـ سىنىپتىن 6 ـ سىنىپقىچە ئۆتۈلىدىغان ئاساسىي دەرسلەر ئانا تىلى، ھېساب، ئومۇمىي ساۋات، تەبىئىي جۇغراپىيە، سىياسەت، گىمناستىكا قاتارلىقلار بولۇپ، قوشۇمچە دىنىي دەرس كىرگۈزۈلدى. 1936 ـ يىلى 2 ـ مەۋسۇمدە ئوقۇتقۇچىلارنىڭ يېتىشمەسلىكىنى نەزەردە تۇتۇپ، ئەڭ ئەلا ئوقۇغۇچىلاردىن توختى ئىبراھىم، ياسىن، ئابدۇللا قاتارلىقلار ياردەمچى مۇئەللىملىككە قوبۇل قىلىندى. ئۇلار بىر تەرەپتىن دەرس ئالسا، يەنە بىر تەرەپتىن 1 ـ سىنىپلارغا دەرس بەردى. ھەتتا كەچ كۇرسلاردا ساۋاتسىزلارنىڭ ساۋادىنى چىقىرىشقا قاتناشتى.

ئۇيغۇر ئۇيۇشمىسى ئوقۇش يېشىدىكىلەرنىڭ ئېھتىياجىنى

نەزەردە تۇتۇپ، ئۇيۇشمىنىڭ خىراجىتى بىلەن ئۈچ سىنىپ ئاچتى.
مەكتەپ مۇدىرىيىتى ۋە ئۇيغۇر ئۇيۇشمىسى ئوقۇتقۇچىلار قوشۇنىنىڭ سۈپىتىنى ئۆستۈرۈش ئۈچۈن، 1936 ـ يىلى يازلىق تەتىلدە توختى ئىبراھىم، ئابدۇللا، سۇلايمان قاتارلىق ياردەمچى ئوقۇتقۇچىلارنى سۆيدۈگدىكى «خەيرىيە» مەكتىپىدە تۇنجى قېتىم ئېچىلغان مۇئەللىملەر كۇرسىغا قاتناشتۇرۇپ، ئىقتىدارلىق مۇ-ئەللىم قىلىپ يېتىشتۈردى. 1937 ـ يىلى يازلىق تەتىلدە ئىلى ۋىلايەتلىك مائارىپ ئىدارىسى تەرىپىدىن ھەيرانباغ رۇس مەكتى-پىدە ئېچىلغان مۇئەللىملەر كۇرسىغا ياسىن ئەپەندى، ئابدۇرې-ھىم ئەپەندى، داۋۇت ئەپەندى، توختى ئەپەندى، ئابدۇللا ئەپەندى-لەرنى ئەۋەتىپ ئوقۇتتى. ئەينى ۋاقىتتا بۇ كۇرسقا پېشقەدەم زى-يالىيلاردىن ھاشىر ئەپەندى، يۇنۇس ئەپەندى، ئابدۇرېھىم ئەيسا، داموللا رازىيېڧ قاتارلىقلار دەرس ئۆتەتتى. بىرقانچە قېتىملىق كۇرس تەربىيىسى ئارقىلىق ئوقۇتقۇچىلار قوشۇنىنىڭ سۈپىتى ئۆستۈرۈلگەنلىكتىن، مەكتەپنىڭ ئوقۇش ـ ئوقۇتۇش ئىشلىرىدا بۇرۇلۇش ھاسىل قىلىندى، مەكتەپتە دىنىي بېسىم ئاجىزلى-شىپ، پەنلىشىشكە داغدام يول ئېچىلدى.
ئۇيغۇر ئۇيۇشمىسىنىڭ يېتەكچىلىكىدە 1936 ـ يىلى قىش پەسلىدىن باشلاپ ساۋات چىقىرىش كەچكۇرسلىرى كەڭ يولغا قويۇلدى، 1936 ـ يىلدىن 1942 ـ يىلغا قەدەر ھەر يىلى 100 دىن ئوشۇق كىشىنىڭ ساۋاتى چىقىرىلدى. بولۇپمۇ كۇرە دۆدۈ يامۇلىدا ئېچىلغان دارىلمۇئەللىمنى بىلەن ھەمكارلىشىۋېلىپ، خەلقنىڭ ساۋاتىنى چىقىرىش، ئويۇن قويۇش پائالىيىتى قانات يايدۇرۇلدى.
«نۇرىيە» مەكتىپى يوقلۇقتىن بارلىققا كېلىپ، تەدرىجىي راۋاجلىنىپ، تولۇقسىز ئوتتۇرا سىنىپلار تەسىس قىلىندى. ئو-قۇغۇچىلار سانىمۇ كۆپىيىپ 500 گە يەتتى. كۆچلۈك، قابىلى-يەتلىك ھەر مىللەت ئوقۇتقۇچىلار قوشۇنى ۋۇجۇدقا كەلدى. مەكتەپتە مۇنتىزىم بارابان ئەترىتى، ئىزچىلار ئەترىتى تەشكىل قىلىنىپ، ئوقۇغۇچىلارنى بىر خىل كىيىندۇرىدىغان پائالىيەت

قانات يايدۇرۇلدى.
1942 ـ يىلىنىڭ ئاخىرىدىن ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىغا قەدەر گومىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرى ھۆكۈمرانلىق قىلغان مەزگىللەردە مەكتەپنىڭ تەرەققىياتى قاتتىق بوغۇلۇپ، كونا دەرس سىستېمىلىرى ئۆزگىرىپ، ئوقۇش ـ ئوقۇتۇش ئىشلىرى ناچارلاشتى. ئوقۇتقۇچىلار، ئوقۇغۇچىلار ئازىيىپ كەتتى. بەختكە يارىشا 1945 ـ يىلى 1 ـ ئايدا كۆرە ئازاد قىلىنغاندىن كېيىن، شۇ يىلىلا مەكتەپ تولۇق ئەسلىگە كېلىپ دەرس باشلاندى. باھاۋۇدۇن ناسىرلار مۇئەللىملىككە كەلدى. مەكتەپنىڭ تەرەققىيات ئېھتىياجىغا ئاساسەن، مەكتەپنىڭ غەربىي تەرىپىدىكى مەسچىتكە يانداپ يەنە بەش ئېغىزلىق سىنىپ ۋە ئىشخانا سېلىندى. قىز ـ ئوغۇللار ئارىلاش ئوقۇدى.
يۇقىرىقى مەكتەپلەر كۆرە ھەتتا ھەرقايسى ناھىيە، ۋىلايەت، ئوبلاست ۋە ئۆلكە ئۈچۈن نۇرغۇنلىغان قابىلىيەتلىك كىشىلەرنى يېتىشتۈرۈپ بەردى. ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىنىڭ نۇرغۇنلىغان تالانتلىق كوماندىر، جەڭچى، لېيتېنانت، دوختۇرلىرىمۇ مۇشۇ مەكتەپتىن يېتىشىپ چىقتى. خېلى كۆپلىگەن ئوقۇغۇچىلار ئالىي بىلىم يۇرتلىرىغا بېرىپ، بىلىم ئاشۇرۇپ كەلگەندىن كېيىن تېگىشلىك مەسئۇل خىزمەتلەرنى ئىشلىدى. مەسىلەن:
1) مۇھەممەت ئەخمىدى (ئاپتونوم رايونلۇق رەھبىرى مېتاللىق ئىدارىسىنىڭ باشلىقى).
2) ئوبۇلقاسىم كەرىموف (ئاپتونوم رايونلۇق مېتېئورولوگىيە ئىدارىسىنىڭ باشلىقى).
3) توختى ئىبراھىم (ئوبلاستلىق مائارىپ ئىدارىسىنىڭ مەسلىھەتچىسى).
4) ياسىن ھەسەن (غۇلجا شەھەرلىك تۇرۇبا سۇيى شىركىتىنىڭ دىرېكتورى).
5) مۆمىن (سۇيدۇڭ ناھىيىلىك ساقچى ئىدارىسىنىڭ باشلىقى).
6) موللاخۇن (سۇيدۇڭ ناھىيىلىك ئاشلىق ئىدارىسىنىڭ

باشلىقى).
7) سەيدۇللا (سۈيدۇڭ ناھىيىلىك سودا ئىدارىسىنىڭ باشلىقى).
8) تاھىر (يۇقىرى دەرىجىلىك ئوقۇچى).
9) مۇھەممەت قاسىم (سۈيدۇڭ ناھىيىسىنىڭ ھاكىمى).
10) مۇھەممەت ئاقباش (سۈيدۇڭ ناھىيىلىك دېھقانلار جەمئىيىتىنىڭ رەئىسى).
11) ساۋۇت قاسىم (غۇلجا شەھەرلىك خەلق ئىشلىرى ئىدارىسىنىڭ باشلىقى).
12) ئابدۇكېرىم كەرىموف (قىزىلسۇ قىرغىز ئاپتونوم ئوبلاستلىق دوختۇرخانا باشلىقى).
13) ئابدۇراخمان قاسىم («1 - ئىيۇل» توقۇمىچىلىق فابرىكىسىنىڭ باشلىقى).

**سۈيدۇڭ ناھىيە بازىرىدىكى مائارىپ تەرەققىياتىنىڭ ئەھۋالى**

سۈيدۇڭ ناھىيىسى (ھازىرقى قورغاس ناھىيىسى) مەدەنىيەت، مائارىپ، ئاقارتىش ئىشلىرى ئەڭ بۇرۇن ۋۇجۇدقا كېلىپ، مەرىپەت بۇلىقىغا ئايلانغان جايلارنىڭ بىرى.

1. 1927 - يىلى سوۋېت ئىتتىپاقى قازاقىستان جۇمھۇرىيىتىنىڭ ياركەنت يېزىسىدىن قېچىپ كەلگەن تاھىر ئەپەندى بىلەن پىدا ئەپەندىلەر بىرلىشىپ، سۈيدۇڭ ناھىيىسىدە تۇنجى قېتىم يېڭىچە مەكتەپ ئاچتى. بۇ مەكتەپ خۇراپىي دىنىي كۈچلەرنىڭ قارشىلىقىغا قارىماي قەد كۆتۈرۈپ سۈيدۇڭ ئاسمىنىنى يورۇتتى. مەكتەپ دەسلەپ ھازىرقى پاختا زاۋۇتى رېمونتخانىسىدىكى ئىككى ئېغىزلىق ئۆيدە ئېچىلدى. ئاز كەم 35 ئوقۇغۇچى قوبۇل قىلىندى. بۇ ئوقۇغۇچىلارنىڭ ھەممىسى دىنىي مەكتەپلەردىكى خەلپىتىملەردىن دەرس ئېلىپ، بىر ئاز ئىملا ساۋاتى چىقىپ قالغانلار ئىدى. بۇ مەكتەپتە ئاساسەن، ئانا تىلى، ھېساب، تەبىئەت، جۇغراپىيە دەرسلىرى ئۆتۈلدى، دىنىي دەرس قوشۇمچە ئۆتۈلدى، ھەر كۈنى تۆت سائەت دەرس ئۆتۈش تۈزۈمى يولغا قويۇلدى. ئوقۇتقۇچىلارنىڭ ئىش ھەققى ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئوقۇش بەدەل پۇلىدىن ھەل قىلىندى، ئوقۇغۇچىلار ھەر پەيشەنبە

كونى «پەيشەنبىلىك» تاپشۇراتتى. بۇ مەكتەپ 1932 ـ يىلىنىڭ ئاخىرىغا قەدەر تۆت يىل داۋام قىلدى. نۇرغۇنلىغان ياشلار تەربىيىلەندى، بەزىلىرى ئاپرېل ئۆزگىرىشىدىن كېيىن ئېچىلغان مەكتەپلەردە مۇئەللىم بولدى. باھاۋۇدۇن، ياسىن خۇدا بەردى، ھاجى مۇھەممەت قاتارلىق ئوقۇغۇچىلار 1937 ـ يىلى ئۇرۇمچىدە ئېچىلغان دارىلمۇئەللىمىن مەكتەپلىرىگە بېرىپ بىلىم ئېلىش ئىمكانىيىتىگە ئىگە بولدى.

2. «نەمۇنە» مەكتىپى. بۇ مەكتەپ ئەڭ دەسلەپ 1928 ـ يىلدىن 1930 ـ يىلغىچە تاھىر خەلپىتىمىنىڭ تەشەببۇسى بىلەن، ھەسەن قازىم مەسچىتىنىڭ ئارقا تەرىپىدىكى پاكار، كەڭرەك بىر ھۇجرىغا ياسالغان، دىنىي دەرس ئاساس قىلىنىدىغان، بىر چوڭ سىنىپلىق مەكتەپ ئىدى. ئوقۇغۇچىلار يەرگە كۆمۈپ مىقلانغان ئورۇندۇق، ئۇستەلدە ئولتۇرۇپ دەرس ئالاتتى (بۇ مەكتەپتە مەنمۇ بىر يىل ئوقۇغانىدىم). 1931 ـ يىلى خەلقنىڭ ماددىي ياردىمى ۋە قوللىشى بىلەن، كونا بىر ئويمانلىقنىڭ (دەڭنىڭ) ئىچىگە ئىككى قەۋەتلىك، سەككىز سىنىپلىق بىر مەكتەپ سېلىندى. دەسلەپتە 1 ـ قەۋەتتە ئوقۇش باشلاندى، كېيىن ئوقۇغۇچىلارنىڭ كۆپىيىشى بىلەن 2 ـ قەۋەتتىمۇ دەرس ئۆتۈلدى. شۇ چاغدا مەكتەپنىڭ باش مۇئەللىملىكىنى مۇھەممەتخان ئەپەندى ئۈستىگە ئالدى، ئۇنىڭ ئايالى زەينەپ خانىممۇ ئوقۇتقۇچىلىق قىلدى. كېيىن سەيدى ھەزرەت دېگەن كىشى شاگىرتلىرى ئابدۇماناپقارى (تاتار)، ئابلىكىمقارى (ئۆزبېك)لار كېلىپ ئوقۇتقۇچى بولدى. مەكتەپنىڭ نامى تارقالغاندىن كېيىن، غۇلجىدىن باقەم، تۇرسۇن ئەپەندىلەر، كېيىنچە ھۇسەيىن، مايى شېكەر (تاتار) ئەپەندىلەر كېلىپ دەرس بەردى. بۇ چاغدا مەكتەپتە 1 ـ سىنىپتىن ئىككىسى، 2 ـ سىنىپتىن ئىككىسى، 3 ـ سىنىپتىن ئۈچى، 4 ـ سىنىپتىن بىرى تەسىس قىلىنغان بولۇپ، ئوقۇغۇچىسى 150 تىن ئاشاتتى. مۇھەممەتخان خەلپىتىم دىنىي دەرس بەردى، ئابلىز مۇھەممىدى باش مۇئەللىملىكنى ئۈستىگە ئالدى. ھېساب، ئانا تىلى، تەبىئەت، جۇغراپىيە قاتارلىق دەرسلەر ئۆتۈلدى. ھا-

زىرقى ئاتاقلىق زىيالىيلاردىن ئابدۇرېشىت ھەلىموف، ئىسمائىل ئەخمەت، مامۇت تېلىۋاي، ئابلىز مۇھەممىدى، ئابدۇخالىق، سابىت ئەخمىدى، ئىسمائىل سېيىت، ياسىن خۇدابەردى، مەتىمىن



«خەيرىيە مەكتىپى» سۈرەتنى نۇرمۇھەممەت دۆلەتى تەمىنلىگەن

ئۆمەروف قاتارلىقلار دەسلەپتە مۇشۇ «نەمۇنە» مەكتىپىنى پۈتتۈرۈپ، ئاندىن «خەيرىيە» مەكتىپىدە ئوقۇپ يېتىشىپ چىقتى. «خەيرىيە» مەكتىپى قۇرۇلۇپ رەسمىي ئوقۇش باشلىغاندىن كېيىن، «نەمۇنە» مەكتىپى شۆبە مەكتەپكە ئايلاندى.

3. «خەيرىيە» مەكتىپى. 1932 ـ يىلى ئاتۇش ناھىيىسىنىڭ تىجەن دېگەن يېرىدىن كەلگەن ئابدۇرېھىم ئۇستام ئاكىسى توختىئاخۇن ئۇستام بىلەن بىرلىشىپ، چىنەباغ مەھەللىسىدە ھەشەمەتلىك مەسچىت سالدۇرۇپ، سۈيدۇڭ خەلقى ئارىسىدا ئالاھىدە شۆھرەت قازاندى. چىنەباغ مەسچىتىنىڭ پۈتۈش مۇناسىۋىتى بىلەن سۈيدۇڭ خەلقى ھوشۇر مۇھەممەت ئاكىنىڭ يېتەكچىلىكىدە بىر زامانىۋى مەكتەپ قۇرۇشقا ئاتلاندى. بۇ ئاز سانلىق مىللەتلەردىن تۇنجى قېتىم موللا ھېلىم ئاكا ھاكىم بولغان چاغ ئىدى. موللا ھېلىم ئاكا، ھوشۇر مۇھەممەت، شاياخۇن، سەلەي

ئاخۇن، باھاۋۇدۇن ئابلا خوجايېۋ، ھەسەن قازى، توقسۇن ھاجى، كەنجىھاجى قاتارلىق يۇرت مۆتىۋەرلىرىنىڭ يېتەكچىلىكىدە مەكـ-تەپ قۇرۇلۇشىغا ئىئانە توپلاش پائالىيىتى ۋە ماددىي تەييارلىق ئىشلىرى ئومۇميۈزلۈك باشلىنىپ كەتتى. 1934 ـ يىلى 4 ـ ئايدا ئىمىن پەرەڭ (بۇ كىشى ئىلگىرى سوۋېت ئىتتىپاقىغا چىققان چاغلىرىدا بىناكارلىق ۋە نەققاشلىق ئىشلىرى بىلەن شۇغۇللانغان) ئابدۇرېھىم ياغاچچى، توختىئاخۇن ئۇستام، ھەبىـ-بۇللا ۋە موللاق تامچىلار ۋە نەچچە ئون ئىشچىغا باشلامچىلىق قىلىپ، قۇرۇلۇشنى باشلىۋەتتى. ئۇلارنىڭ تاماق ۋە ئۇسسۇزلۇقـ-لىرىنى مەھەللىدىكى جامائەت ئۈستىگە ئالدى. 1935 ـ يىلى مەكتەپنىڭ ياغاچچىلىق، تامچىلىق قۇرۇلۇشى پۈتتى. ياز ئايلىـ-رىدا غوجىئاخۇن مەشچى سىرچىلىق ئىشىنى، توختى ياغاچچى ئەينەك قويۇش ئىشىنى پۈتتۈردى. پارتا ـ ئورۇندۇق، دوسكىلار 1934 ـ، 1935 ـ يىللىرى قىش پەسلىدە ياسىلىپ بولدى. ئىككى تارتمىلىق ئۈستەلدىن ئالتىسى، بىر كىشىلىك ئورۇنـ-دۇقتىن 15 ى، ئۆرە پۈتلۈق دوسكىدىن سەككىزى، تۆت كىشىـ-لىك پارتىدىن 60 ى، ئۈچ كىشىلىك ئورۇندۇقتىن 60 ى، ئىشـ-كاپتىن ئىككىسى ياسىتىلدى. 9 ـ ئايدا سەككىز سىنىپ، بىر چوڭ زال، بىر ئىشخانىدىن تەركىب تاپقان ئىككى قەۋەتلىك مەكتەپ بىناسى قەد كۆتۈردى، ئەتراپىغا قوروق تام سوقۇلدى.

1935 ـ يىل 9 ـ ئايدا مەكتەپنىڭ پۈتۈش، ئوقۇش باشلاش مۇراسىمى تەنتەنە ۋە داغدۇغا ئىچىدە ئۆتكۈزۈلدى. مۇراسىمغا ئىلى ۋىلايىتىنىڭ ۋە ھەرقايسى ناھىيىلەرنىڭ ۋەكىللىرى قاتـ-ناشتى. ئوقۇش باشلىغان دەسلەپكى چاغلاردا 200 دىن ئوشۇق ئوقۇغۇچى قوبۇل قىلىنىپ، بەش سىنىپتا دەرس ئۆتۈلدى. ئوـ-قۇغۇچى قوبۇل قىلىش تەشۋىقاتىغا ئۇيغۇر ئۇيۇشمىسى يېتەكـ-چىلىك قىلدى. ياسىن خۇدابەردى، غەبى ھەسەنوف، ئابلىز مۇـ-ھەممىدى، باھاۋۇدۇن ئابلا خوجايېۋ قاتارلىقلار تەشۋىقات خىزـ-مىتى ئىشلىدى. ئابابەكرى ئەپەندى مەكتەپنىڭ تۇنجى قېتىملىق مۇدىرلىقىنى ئۈستىگە ئالدى. 36 ـ يىللىرى سوۋېت ئىتتىپاـ

قىدىن كەلگەن خەمىت ھەكىموف، ئاندىن كېيىن ياسىن خۇدا-بەردى، ھاجىيېۋ قاتارلىقلار ئۇستىگە ئالدى. ياسىن ھاجى، روزەم مۇھەممەدى، ياسىن موللا، مۇھەممەتخان، ئابدۇرېشىت ھەلىموفلاردىن تەركىب تاپقان مەكتەپ باشقۇرۇش مەمۇرىي كومىتېتى قۇرۇلۇپ، ئومۇمىي ئىشلارنى باشقۇردى. ئابابەكرى، خەمىت ھەسەكىموف، سەيدىن ھەزرەت، قۇربان نىياز، ئۇيغۇر ئۇيۇشمىسىدىن ئەۋەتىلگەن باقەم، تۇرسۇن مۇھەممەتخان قاتارلىقلار ئوقۇتقۇچىلىق قىلدى. شۇ چاغدا ئۆتۈلگەن دەرس تۈرى: 1) دىنىي بىلىم (قۇرئان، ھەدىس، ئېتىقاد، ئىبادەت، مۇئامىلەت). 2) ئانا تىلى بىلىمى (ئۇيغۇر تىلى، ئىنشا، ئىملا، سەرف تۈركىي، نەھۋى تۈركىي، ئەدەبىيات). 3) چەت تىلى بىلىمى (رۇسچە، خەنزۇچە). 4) پەننىي بىلىملەر (ھېساب، كەسىر، سىياسەت، جۇغراپىيە، تەبىئەت). 5) تارىخ بىلىمى (تارىخى ئىسلام، تارىخ ئومۇمىي، ئۇيغۇر تارىخى). 6) باشقا دەرسلەر (مىللىي ئاھاڭ، قول ئىشى، ئەخلاق، گىمناستىكا) قاتارلىقلاردىن ئىبارەت بولدى.

1937 ـ، 1938 ـ يىللىرى يازلىق تەتىلدە مۇشۇ مەكتەپنىڭ 2 ـ قەۋىتىدە ئوقۇتقۇچىلار كۇرسى ئېچىلىپ، ھەرقايسى ۋىلايەت ۋە ناھىيىلەردىكى شۆبە مەكتەپلەرگە ئاز كەم 40 ئوقۇتقۇچى تەربىيىلەپ بېرىلدى. بۇ كۇرسقا خەمىت ھەكىموف، ھۇسەيىن ئەپەندى، مۇھەممەتخان ئەپەندى قاتارلىقلار دەرس بەردى. داۋۇت تۇرەخمەت، سۇلايمان تۇرەخمەت، يۇسۇپ ساقال، غەبى ھەسەنوف، خۇدا بەردى، ئابلاخان، ئايشەم ھاجى، زۆرەم يۇنۇس، پاتەم سادىق (يېتىم پاتەم)، خەلىپەم ئابدۇكېرىم قاتارلىق ئوقۇتقۇچىلار يېتىشىپ چىقىپ، ھەرقايسى شۆبە مەكتەپلەردە ئوقۇتقۇچىلىق قىلدى. 1939 ـ يىلى ئايال ئوقۇتقۇچىلارنى تەربىيىلەش ئۈچۈن ئايشەم ھاجى، پاتەم سادىق، خەلىپەملەر ئىلى مىللەتلەر گىمنازىيىسىگە ئوقۇشقا ئەۋەتىلدى، ئۇلار ئۈچ يىل ئوقۇپ، ئوقۇشنى تولۇق پۈتتۈرۈپ سۈيدۈڭگە قايتىپ كەلگەن چاغلاردا «خەيرىيە»، «نەمۇنە» مەكتەپلەردە ئوتتۇرا سىنىپ ئېچىلدى. ئوتتۇرا سىنىپتا ئالگېبرا، گېئومېتىرىيە، فىزىكا، خىمىيە پەنلىرى ئۆتۈلدى.

سۈيدۇڭ مائارىپ تارىخىدا بىرىنچى قەدەمدە ئاياللارنى تەربىيىلەش ئىشى باشلاندى. سەھنە ئەسەرلىرىدە ئاياللار رولىنى ئەرلەر ئويـ-ناپ چىقىشنىڭ ئورنىغا، ئاياللار رولىنى ئاياللار ئېلىپ چىقىدىـ-غان بولدى.

ئۇيغۇر ئۇيۇشمىسىنىڭ تەشەببۇسى ۋە ياردىمى بىلەن «خەيـ-رىيە» مەكتىپىدە سانايى نەفىسە قۇرۇلۇپ، بىر مەھەل جىددىي تەييارلىقتىن كېيىن، مەكتەپ مۇدىرى ياسىن خۇدابەردىنىڭ بىۋاسىتە رىياسەتچىلىكى، ئوقۇتقۇچىلارنىڭ رولغا چىقىشى بىـ-لەن، ناھىيىدە تۇنجى قېتىم «ھۆرلىقا ـ ھەمراجان» دىرامىسى ئوينالدى؛ ئارقىدىنلا يەنە بىرقانچە كلاسسىك دىرامىلار ۋە كونـ-سېرتلار ئوينىلىپ، قىزغىن ئالقىشقا سازاۋەر بولدى؛ خەلق ئاـ-رىسىدا سۈيدۈڭدە ئەدەبىيات ـ سەنئەت بۆلىقى ـــ «خەيرىيە» مەكتەپ، دېگەن گەپ تارقالدى.

1936 ـ، 1937 ـ يىللىرى تۇنجى قېتىم مۇشۇ مەكتەپتە ئوقۇش پۈتتۈرۈش دىپلومى (شاھادەتنامە) تارقىتىلدى. شاھادەتـ-نامىلەر غۇلجىدىكى «يۈسۈپ تاش مەتبەسى»دە بېسىلدى.

1937 ـ يىلىنىڭ ئاخىرىدا سۈيدۈڭ ناھىيىلىك مائارىپ ئىدارىسى قۇرۇلۇپ، ھېزىمخان تارانچى دېگەن كىشى باشلىق بولغاندىن كېيىن، مەكتەپ ھۆكۈمەت باشقۇرۇشىغا ئۆتۈپ، ئوـ-قۇتقۇچىلارنىڭ ئىش ھەققى مائارىپ ئىدارىسى تەرىپىدىن تارقىـ-تىلدى. دەرس سېتكىسى ۋە دەرس پروگراممىلىرىنى مائارىپ ئىدارىسى سوۋېت پروگراممىلىرى بويىچە تۈزۈپ بەردى.

4. «يېڭى قەدەم» مەكتىپى. بۇ مەكتەپ خەلق تەرىپىدىن 1940 ـ يىلىنىڭ باشلىرىدا كونا لەڭگەر بازىرىنىڭ ئەتراپىغا قۇـ-رۇلدى. مەكتەپتە بىرقانچە باشلانغۇچ سىنىپ ئېچىلدى، ئەمما گومىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرى ھۆكۈمران ئورۇنغا ئۆتكەنگە قەدەر داۋام قىلىپ تارقاپ كەتتى.

5. لاستاي مەكتىپى. بۇ مەكتەپ قازاق قېرىنداشلارنى ئاساس قىلىپ قۇرۇلغان بولۇپ، بىرلا قوش سىنىپتىن ئىبارەت ئىدى.

سۈيدۈڭ ناھىيىسىدىكى مەكتەپلەر قۇرۇلغاندىن تارتىپ

ئۆلكە ئازادلىقىغا قەدەر جەمئىيەتتىكى ھەر ساھە ئۇچۇن نۇرغۇن-لىغان كەسىپ ئەھلى ۋە يارامىلىق كىشىلەرنى يېتىشتۈرۈپ بەر-دى. ئۇلارنىڭ ۋەكىللىرى تۆۋەندىكىچە:

1) ياسىن خۇدابەردى (ئاپتونوم رايونلۇق ئەدەبىيات - سەن-ئەتچىلەر بىرلەشمىسىنىڭ سابىق رەئىسى).

2) ئابلىز رەخىموف (خەلق ئىشلار نازارىتىنىڭ نازىرى).

3) ئەخمەت ساقىيېف (ئاپتونوم رايونلۇق تاشيول ئىدارىسى-نىڭ باشلىقى).

4) ياسىن كېرىم (ئاپتونوم رايونلۇق كۆمۈر سانائەت نازارى-تىنىڭ نازىرى).

5) ۋاھاپ خېلىل (شىنجاڭ سانائەت ئىنستىتۇتىنىڭ پرو-فېسسورى).

6) ئابلىز مۇھەممىدى (ئاپتونوم رايونلۇق خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ مۇئاۋىن مۇدىرى).

7) داۋۇت تۇرەخمەت (ئاتاقلىق يازغۇچى، سوۋېت ئىتتىپا-قىدا ۋاپات بولدى).

8) مۇھەممەت ئىمىن ئۆمەروف (مىللىي ئارمىيىدە سىياسىي رەھبەر بولغان).

9) ئابدۇللا شاياخۇنوف (مىللىي ئارمىيىدە پولك دەرىجىلىك ھەربىي ئەمەلدار بولغان).

10) ئوسمانقارى (ئاپتونوم رايونلۇق ئىسلام دىنى جەمئىيە-تىنىڭ باش كاتىپى).

12. ھەسەن داۋۇت (ئۈرۈمچى شەھىرى يېڭى شەھەر رايونلۇق سىياسىي كېڭەشنىڭ رەئىسى).

سۇيدۇڭدىكى مەكتەپلەردە ئوقۇپ ئازادلىقتىن كېيىن يېتى-شىپ چىققان نۇرمۇھەممەت دۆلەتى، غوپۇر ھاپىز، مۇھەممەت قا-دىر، مىجىت ئەپەندى، مۇھەممەت رېھىم قاتارلىق نەچچە 100 لى-گەن كادىر، زىيالىي، ئوقۇتقۇچىلار ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ ھەر-قايسى جايلىرىدا ھېلىھەم ئۆز ئەجرىنى سىڭدۈرمەكتە.

# تارباغاتاي ۋىلايىتىنىڭ ئازادلىقتىن ئىلگىرىكى سەنئەت ئىشلىرىغا نەزەر

غەيرەت ئەخمەت

تاھىر تاشبايېۋ

تارباغاتاينىڭ 20 ـ ئەسىرنىڭ بېشىدىن باشلانغان يېڭىچە مائارىپى تارباغاتاينىڭ ئەدەبىيات ـ سەنئەت ئىشلىرىنىڭ تەرەققىياتىنى ئىلگىرى سۈرۈشتە تۈرتكىلىك رول ئوينىدى. تارباغاتاينىڭ ئەدەبىيات ـ سەنئەت ئىشلىرى چۆچەك شەھىرىنى ئاساس قىلىپ تەرەققىي قىلدى. 20 ـ ئەسىرنىڭ 20 ـ يىللىرىغا كەلگەندە چۆچەك شەھىرىدە ئەدەبىيات ـ سەنئەت ئىشلىرى ئائىلە ـ مەھەللىلەردىن سەھنىگە يۈزلەندى. 1925 ـ يىلى «بىزنىڭ تاۋۇش» گېزىتىنىڭ نەشر قىلىنىشى سەھنە ئەسەرلىرىنىڭ خەلق ئاممىسى بىلەن يۈز كۆرۈشۈشى ئۈچۈن ئىمكانىيەت يارىتىپ بەردى.

1930 ـ يىللاردا چۆچەك شەھىرىدىكى ئوتتۇن بازىرىدا ياغاچ سەھنە ياسىلىپ خەمىت ھېكىمى، پەرىدە ئەلىيېۋا، قەمبەرخانىم، گۈلبەھرەم، نىياز ئىسھاقى، ئەبەيدۇللا باسىت، ئەخمەتجان سەيپۇللىن قاتارلىقلار تۇنجى قېتىم «بىرى سېنىڭ ـ بىرى مېنىڭ» ناملىق درامىنى سەھنىدە ئوينىدى. 1934 ـ يىلى ئەتىيازدا چۆچەكتىكى ئۇيغۇر، تاتار، ئۆزبېك ياشلىرىدىن تەركىب تاپقان سەنئەت كۇرژۇكى تەشكىل قىلىندى. كۇرژۇكقا خەمىت ھېكىمى رەھبەرلىك قىلدى. كۇرژۇك ئەبەيدۇللا باسىت يازغان «ئانارخان» درامىسىنى سەھنىدە ئوينىدى. پەرىدە ئەلىيېۋا ئانارخان رولىنى، خەمىت ھېكىمى يىگىت رولىنى ئالدى (خەمىت

ھېكىمى بىلەن پەرىدە ئەلىيېۋا چۆچەكتىكى تۇران مەكتىپىنى پۈتتۈرگەن بولۇپ، ئىككىسى ئەر ـ خوتۇن ئىدى). پەرىدە ئېلىيېۋانىڭ ئەسلىمىسىدە: «شۇ چاغلاردا خەمىت ھېكىمى ماڭا تەرىپىيە بېرىپ: درامىنىڭ ئاساسىي مەزمۇنى خوتۇن ـ قىزلارنىڭ ئەركىن نىكاھلىنىشى ۋە ئۇلارنى ئىنسانىي ھوقۇققا ئىگە قىلىش ئۈچۈن بولغان كۈرەشتىن ئىبارەت. بىز خوتۇن ـ قىزلارنىڭ ئازادلىقى ئۈچۈن كۈرەش قىلىشىمىز لازىم دەيتتى» دەپ يازىدۇ.

1936 ـ يىلغا كەلگەندە سەنئەت كۇرژۇكى تەرەققىي قىلىپ سانايىنەفىسە ئۇيۇشمىسى بولۇپ قۇرۇلدى. ئادىمى ئون نەچچىدىن 40 ـــ 50 كە يەتتى. ئۇيۇشما رەھبەرلىرى نىياز ئىسھاقى، ئاۋۇت ھاجى، مىرتۆمۈر جامالى، ئابدۇخالىق ئەپەندىلەر بولۇپ، ئۇلار دراما ئىشلىرىغا بىۋاستە قاتناشتى. شۇ يىللاردا چۆچەك سەھنىلىرىدە يەنە ئەبەيدۇللا باستى يازغان، زالىم بەگ ۋە شاڭيولارنىڭ ھوقۇقىدىن پايدىلىنىپ ئۈچ ـ تۆت خوتۇنلۇق بولۇۋالىدىغان زوراۋانلىقى تەسۋىرلەنگەن «پارىخور شاڭيو» ناملىق دراما سەھنىدە ئوينىلىپ خەلق ئاممىسىنىڭ ئالقىشىغا ئېرىشتى. نەتىجىدە ئارتىس، دراماتورگلار جانلىنىپ، خەمىت ھېكىمى يازغان «ئەخمەت سەرراپ»، «سۆلەت»، «شەرمەندىلەر»، «جەلىگۈر» (يانچۇقچى)، «پىرىخون»، «ئانارخان» (قايتا ئىشلەنگەن) قاتارلىق ئوپېرا، دراما، كومېدىيىلەرنى سەھنىگە ئېلىپ چىقتى. يېقىنقى زامان ئۇيغۇر ئەدەبىياتىنىڭ ئاساسىنى سالغۇچى زۇنۇن قادىر يازغان «غۇنچەم»، «گۈلنىسا» قاتارلىق دراملارمۇ ئەينى زاماندا چۆچەك سەھنىلىرىدە ئوينالدى.

شۇنى ئالاھىدە تىلغا ئېلىش زۆرۈركى، سەيپىدىن ئەزىزى 1937 ـ يىلى سابىق سوۋېت ئىتتىپاقىدىكى ئوقۇشنى تاماملاپ چۆچەككە خىزمەتكە كەلدى. ئۇ چۆچەكتە ئىشلىگەن مەزگىلدە تارباغاتاينىڭ سەنئەت ئىشلىرىنى تەرەققىي قىلدۇرۇش يولىدا نۇرغۇن تەشكىلاتچىلىق خىزمىتى ۋە جاپالىق ئەمەلىي خىزمەتلەرنى ئىشلەپ، ناھايىتى مۇھىم رول ئوينىغانىدى. بۇ يەردە سەيپىدىن ئەزىزىنىڭ «ئۆمۈر داستانى»دىن تۆۋەندىكى نەقىلنى بې-

رىپ ئۆتۈشنى لايىق تاپتۇق. بۇ ئۇنىڭ خىزمىتىنىڭ مەلۇم تەرد-
پىنىلا كۆرسىتىپ بېرىدۇ:

«چۆچەكتە خىزمەت قىلغان مەزگىلدە مېنىڭ كۆپرەك ۋاقىت
سەرپ قىلىپ قاتناشقان بىر ئىشىم سەنئەت، مەدەنىي ئاقارتىش
خىزمىتى بولدى. ئۇ ۋاقىتلاردا ئۆلكە ۋە ۋىلايەتلەردە، ناھىيىلەر-
دە ھەر مىللەتنىڭ مەدەنىي ئاقارتىش ئۇيۇشمىلىرى بولاتتى. بۇ
ئۇيۇشمىلار ئۆشرە ـ زاكات كىرىمى بىلەن مەكتەپ باشقۇرغاندىن
باشقا، كۆچىگە قاراپ سەنئەت ئىشلىرىنىمۇ قىلاتتى. مەن چۆ-
چەككە بارسام سانايىنەفىسە دېگەن بىر ئۆمەك بار ئىكەن، لېكىن
كۈچى ئاجىز ئىكەن. بىزنىڭ بارغان ۋاقتىمىز دەل مۇشۇنداق
ۋاقىتقا توغرا كەپتۇ. بىزنى كۆرۈپ ئۇيۇشمىنىڭ رەئىسىدىن
تارتىپ ئامبارچىسىغىچە بىزگە يېقىنلاشتى، بولۇپمۇ ھەۋەسكار
ئارتىسلار بىزگە تېخىمۇ يېپىشتى. ئۇ ۋاقىتتا سوۋېتتە ئوقۇپ
كەلگەنلەرنىڭ ‹تاشكەنتچىلەر› دېگەن نامى بار ئىدى. چۆچەككە
بارغان بىز ئۈچ تاشكەنتچىدىن ئۇلارنىڭ چوڭ ئۈمىد كۈتكەنلىكى
كۆرۈنۈپ تۇراتتى. ئۇزاق ئۆتمەي مېنى ئۇيغۇر ئۇيۇشمىسىغا باش
كاتىپلىققا سايلىدى. رەئىس بىر چالا ساۋات ئادەم ئىكەن، ئۇ-
نىڭغا جىقراق ياردەم قىلىشقا توغرا كەلدى. ئۇندىن باشقا مەن
كۆپچىلىكنىڭ ياردىمى بىلەن سانايىنەفىسە ئىشلىرىغا قاتناشتىم.

ئۇيغۇر سەنئىتىنى تەرەققىي قىلدۇرۇش، چۆچەك سەھنى-
سىدە باشقا مىللەتلەردىن ئۆتۈپ كېتىش، دېگەن قارارغا كەلدۇق.
تاتارلاردىن ئۆتۈشىمىز قىيىن ئىدى. ئۆزبېكلەر، تاتارلار خېلى
مۇرەككەپ ئويۇنلارنى قويىدىكەن، بولۇپمۇ تاتارلار ئىچىدە ھە-
ۋەسكار زىيالىيلار جىقكەن، ئۇنىڭ ئۈستىگە سەيپۇللىن دېگەن
مەخسۇس ئوقۇغان بىر رېژىسسورى بار ئىكەن، ئۇنىڭ رولى چوڭ
ئىكەن. بىز: ‹تاتارلارغا يېتىشىپ ئېشىپ كېتىش› دېگەنگە كۆ-
زىمىز يەتمىسىمۇ، غەيرەت بىلەن مۇشۇ قارارنى قىلدۇق. ئاۋۋال
ئادەم سانىنى كۆپەيتتۇق، ئۇيغۇر زىيالىيلىرى، ئوقۇتقۇچىلار،
ئاندىن قالسا موزدوزلار، ساتىراشلار، سەيپۇڭلار ۋە ئائىلىدىكى-
لەردىن سەنئەتتىن بىرئاز خەۋىرى بار، ئانچە ـ مۇنچە دۇتار ـ

راۋاپ چېلىپ ناخشا ئېيتالايدىغان، ئۇسسۇل ئوينىيالايدىغانلارنى توپلىدۇق. ئۇلارنى مۇزىكىچى، كونسېرتچى قىلىپ ئىككىگە بۆلدۇق. كېيىنرەك بىزنىڭ ئۆمىكىمىز يالغۇز كونسېرتچى بولۇپلا قالماستىن، دراممۇ ئوينايدىغان دەرىجىگە يەتتى. ھەممىمىز ھەۋەسكارلار بولغانلىقتىن، ئىشتىن تاشقىرى كەچقۇرۇن مەشغۇلات قىلاتتۇق. ئىشتىن چۈشكەندىن كېيىنلا ئۇيۇشمىغا يىغىلىپ، سائەت 10 ــ 11 ــ گىچە، ئالدىراش ۋاقىتلاردا ئۇنىڭدىنمۇ ئۇزاق ئىشلەيتتۇق، گاھىدا يەكشەنبە كۈنلىرىمۇ دەم ئالمايتتۇق. ھەۋەسكار دېسە ھەۋەسكارنىڭ تازا ئۆزى بولدۇق. ھېچكىمگە تەشۋىق قىلىش ھاجەت ئەمەس ئىدى، ھەممەيلەندە دېگۈدەك بىر خىل ئاكتىپ، ھەرىكەتچان سەنئەتكە بېرىلىش كەيپىياتى كۆرۈنۈپ تۇراتتى.

كېيىنرەك ئايىمنىمۇ مەكتىپىدىن سوراپ كەچلىكى ھەردىكىتىمىزگە قاتناشتۇردۇق. ئۇلارنىڭ گىمنازىيىسى مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرىنىڭ كونسېرتلىرىنى قويۇپ تۇراتتى، ئۇنىڭدا ئايىم ئۇسسۇل، ناخشىلارغا چىقاتتى، قارىساق ئۇلارنىڭ ماھارىتى يامان ئەمەس. كېيىن مەكتەپ رەھبەرلىكىنىڭ تەلىپى بويىچە مەن ئۇلارغا بىر پەردىلىك «18 ــ سېنتەبىر» ناملىق سەھنە كىتابى يېزىپ بەردىم ھەم ئۇنى قويۇشقا ياردەم قىلدىم، ئۇنىڭ مەزمۇنى ياپونغا قارشى ئۇرۇش ۋاقتىدا شەرقىي شىمال تاغلىرىدىكى ئايال پارتىزانلارنىڭ كۈرىشى ئىدى. ئۇنىڭ ئىچىدە ئايىم مۇھىم راق رولغا چىقىپ، خېلى تۈزۈك ئوينىدى. شۇ ۋاقىتلاردا بىز «قانلىق داغ» ناملىق سەھنە كىتابىنى قويماقچى بولۇپ، ئۇنىڭدىكى ئاساسىي رول روشەنگۈل ئۈچۈن ئارتىسكا تاپالمايۋاتاتتۇق، ئايىمنى مەكتىپىدىن سوراپ ئەكېلىپ شۇ رولغا قاتناشتۇردۇق. بىرىنچى قېتىم درامىغا قاتنىشىشىغا قارىماستىن، ئۇ خېلى ياخشى ئوينىدى. شۇنىڭ بىلەن سانايىنەفىسىمىزگە قوشۇۋالدۇق.

سەنئەت ئىشلىرىمىز كۈندىن ــ كۈنگە تەرەققىي قىلىشقا باشلىدى. 1938 ــ يىلىنىڭ ئاخىرىدا كونسېرتتا خېلى ئىلگىرىلەشتىن باشقا، بايىقى «قانلىق داغ» دراممىسىنى قويدۇق. 1939 ــ

يىلىدىن باشلاپ بىرقانچە سەھنە كىتابلىرىنى قويدۇق. مەسى-
لەن: «شانلىق غەلىبە» (ياپونغا قارشى ئۇرۇش تېمىسىدا)، «چا-
قىرىلمىغان مېھمانغا سوۋغا» (ياپونغا قارشى ئۇرۇش تېمىسىدا)،
«باي ۋە مالاي» (ھەمزە ھېكىمزادىنىڭ ئەسىرى، بۇ ئەسەرنى مەن
شىنجاڭ شارائىتىغا مۇۋاپىقلاشتۇرۇپ بىر ئاز ئۆزگەرتكەنىدىم)،
«ئانارگۇل»، «ئارشىن مال ئالان» (تەييار قىلىپ قويالماي قال-
دۇق) ۋە «ئىككى بايغا بىر مالاي» ھەم «خىيالىي دوختۇر» قاتار-
لىق سەھنە ئەسەرلىرىنى قويدۇق. 1941 ـ يىلىغا كەلگەندە خېلى
تەرەققىي قىلىپ، باشقا مىللەت سانايىنەفىسەلىرىدىن ئۆتۈپ، تا-
تارلارغا يېتىشىپ قالدۇق. ئاخىرى 1942 ـ يىلى بولسا كېرەك،
«ئىككى بايغا بىر مالاي» دېگەن ئەسەرنى (بۇ ئىتالىيىنىڭ مەش-
ھۇر دراماتورگى كارلو گولدونىنىڭ ئەسىرى بولۇپ، خېلى داڭقى
چىققان ئەسەر ئىدى) قويغاندىن كېيىن بىز ئۆزىمىزنى تاتارلار-
دىن ئېشىپ كەتتۇق دەپ ھېسابلىدۇق. بۇنى بىزلا ئەمەس تاتار
رېژىسسور سەيپۇللىنىڭ ئۆزى ئىقرار قىلغانىدى. چۆچەكتىكى
سوۋېتلىكلەر (كونسۇلخانا خادىملىرىدىن باشقا «ساۋسىن تورگ»
دەپ ئاتالغان سودا ئورنىنىڭ خادىملىرى قوشۇلۇپ سوۋېتلىكلەر
خېلى جىق بولىدىغان)نىڭ تەلىپى بىلەن ئۇلارغا مەخسۇس قويۇپ
بەردۇق. سوۋېتلىكلەردىمۇ خېلى ياخشى ئىنكاس چىقتى. ئۇلار
چۆچەكتە بۇ ئەسەرنىڭ مۇشۇنچىلىك سەۋىيىدە قويۇلۇشىغا ئى-
شەنمەيتتىكەنمىش.

مەن بۇلارنى ئېيتىش بىلەن ئۆزۈمنى، ئاشۇ بىزنىڭ ھە-
ۋەسكار ئارتىسلىرىمىزنى ماختىۋالماقچى ئەمەس، شۇنى ئېيتىش
كېرەككى، بىزنىڭ يازغان ۋە قويغان ئەسەرلىرىمىز، كونسېرت-
لىرىمىز ھازىرقى سەۋىيە بىلەن ئۆلچىگەندە خېلى تۆۋەنلىكىدە
گەپ يوق، ئەمما ئاشۇ ۋاقىتتا، شۇ شارائىتتا، شۇ موزدوز، سا-
تىراشلار ۋە ھەۋەسكار زىيالىيلاردىن تەركىب تاپقان ئىشتىن
سىرتقى سەنئەتچىلەر بىلەن ئاشۇنداق خېلى چوڭ ـ چوڭ ئەسەر-
لەرنى شۇ سەۋىيىدە قويالىشىمىز ئاسان ئىش ئەمەس ئىدى. ئۇ-
نىڭ ئۈستىگە ئاساسەن ئۆزىمىز يازغۇچى، ئۆزىمىز رېژىسسور،

ئۆزىمىز سەھنە دېكراتسىيىچى، ئۆزىمىز ئارتىس ھەم مۇزىكانىت ھەم كونسېرتچى، ھەم درامىچى، ھەم سەھنىدە قويالىغۇچى ئىدۇق. ئىش قىلىپ قولدىن كەلگەننى ئايىماي قىلىدىغان بىر ئاكتىپ كوللېكتىپ ئىدۇق. بۇنداق قىلىشتىن ئالىدىغان چوڭ ئىقتىسادىي مەنپەئەت يوق. تاپقان كىرىمىنىڭ ئۈچتىن بىر قىسمىنى ئارتىسلارغا بۆلۈپ بەرسەكمۇ بۇ ھېچنېمىگە ئەرزىمەيتتى. پۇل ئۈچۈن دەپ سەنئەتكە قاتناشقان بىرەركىمنىمۇ كۆرگىلى بولمايتتى. بۇ ئۆمىكىمىز راستىنى بىلەن ئېيتقاندا، ھەقىقىي ھەۋەسكار، چوڭ يۈرەك، كۈرەشچان بىر ئۆمەك ئىدى. ھازىرقى شارائىتنى تارازا قىلىپ ئەمەس، ئۆز ۋاقتىدىكى شارائىتتىن تۇرۇپ بۇ سانايىنەفىسەگە ۋە ھەۋەسكار سەنئەت خادىملىرىغا يۇقىرى باھا بېرىش كېرەك، ئەلۋەتتە.

چۆچەك ئۇيغۇر سەنئىتىنىڭ ئاشۇنداق نەتىجىلىك پائالىيىتىنىڭ پۈتۈن ئۆلكىگە تەسىرى زور بولغان، شۇ ئۆمەكتە يېزىلىپ سەھنىگە قويۇلغان بىرنەچچە سەھنە كىتابى ئۆلكىلىك ئۇيغۇر ئۇيۇشمىسى تەرىپىدىن بېسىلىپ ئۆلكە بويىچە تارقىلىپ بىرقانچە جايلاردا سەھنىگە قويۇلغانىدى.»

1936 ـ يىل 10 ـ ئايدا خەمىت ھېكىمى، پەرىزە خانىملار ئۆلكىلىك ھۆكۈمەتكە يۆتكەلدى، بۇ چاغدا چۆچەك سەھنىلىرىنىڭ ئاساسلىق ئارتىسلىرى قەمبەرخان ۋە ئۇنىڭ سىڭلىسى گۈلبەھرەملەر بولۇپ قالدى. 1940 ـ يىلى قەمبەر خانىم بىلەن گۈلبەھرەم ئۆلكىلىك ئۇيغۇر ئۇيۇشمىسىغا يۆتكەپ كېتىلدى.

تارباغاتاي ئەدەبىيات ـ سەنئىتىنىڭ يەنە بىر گۈللىنىش دەۋرى ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابى چۆچەكتە غەلىبە قىلغاندىن كېيىن باشلاندى. 1945 ـ يىل 8 ـ ئاينىڭ 6 ـ كۈنى تارباغاتاي ۋىلايەتلىك مائارىپ ئىدارىسى قارىمىقىدا مەدەنىيەت بۆلۈمى قۇرۇلدى، سۇلتان قاناپىن بۆلۈم باشلىقى بولدى. 8 ـ ئاينىڭ 8 ـ كۈنى مائارىپ ئىدارىسى 7 ـ نومۇرلۇق بۇيرۇق ئېلان قىلىپ، مىرئابدۇللانى چۆچەك خەلق كۇلۇبىنىڭ باشلىقلىقىغا تەيىنلىدى. 10 ـ

ئاينىڭ 3 ـ كۈنى ئۇيغۇر، قازاق، ئۆزبېك، تاتار، رۇس قاتارلىق مىللەتلەرنىڭ ئۆز ئالدىغا ئىشتىن سىرتقى سەنئەت كۇرژۇكلىرى قۇرۇلدى ھەمدە ھەرقايسى مىللەتلەرنىڭ بىرلەشكەن تىياتىر كۇرژۇكى تەشكىل قىلىندى، كۇرژۇكقا غابىتجان باشلىق، ھەر ـ قايسى سەنئەت كۇرژۇكلىرىنىڭ باشلىقلىرى مۇئاۋىن باشلىق بولدى. ئۇيغۇر كۇرژۇكىغا باھاۋۇدۇن نۇرى، قازاق كۇرژۇكىغا كەرىم سالىموف، ئۆزبېك كۇرژۇكىغا تاجى مەھمۇت، تاتار كۇر ـ ژۇكىغا ئابابەكرى ئوسمانى، رۇس كۇرژۇكىغا مىروينىدوۋنا باش ـ لىق بولدى. دەل مۇشۇ چاغدا دۆربىلجىن، شىخو ناھىيىلىرىدىمۇ دراما، سەنئەت كۇرژۇكلىرى قۇرۇلدى. 1946 ـ يىل 1 ـ ئاينىڭ 14 ـ كۈنى ئۇيغۇر كۇرژۇكىغا پاتىگۈل خانىم، قازاق كۇرژۇكىغا ئامىنا خۇسەينىۋا، ئۆزبېك كۇرژۇكىغا ھەمرايى خانىم، تاتار كۇرژۇكىغا مەغمۇرە خانىم، رۇس كۇرژۇكىغا ئا. مىۇيىشۇۋا مۇ ـ ئاۋىن باشلىق بولدى. شۇ كۈنى يەنە كىتاب يېزىقچىلىق ھەيئىتى تەسىس قىلىندى، ئابدۇقادىر زۇنۇنى باشلىق، پۇزەيىل ئىسلام، دۇبېك شالغىنبايېف، ئابابەكرى ئوسمانى مۇئاۋىن باشلىق بول ـ دى. شۇ يىلى 6 ـ ئاينىڭ 18 ـ كۈنى تارباغاتاي ۋالىي مەھكى ـ مىسى قارىمىقىدا ھەر مىللەت تىلىدىكى سەھنە ئەسەرلىرىنى تەكشۈرۈپ باھالاش ھەيئىتى تەسىس قىلىندى، پۇزەيىل ئىسلام، دۇبېك شالغىنبايېف، ئابدۇقادىر زۇنۇنى، ئابابەكرى ئوسمانى، مەھمۇتجان ئىلھامجانوف، خىسام باۋىن، تېلمۇھەممەت ئەخمەتوف قاتارلىقلار رەھبەر بولدى. ھەيئەت 10 باب، 33 ماددىلىق نىزام ـ نامە تۈزۈپ چىقتى. ئۇ مەزگىللەردە سەنئەت ئۆمىكىنىڭ ئەزالى ـ رى ئىشتىن سىرتقى خادىملار بولۇپ، مەخسۇس ئادەم ئورۇنلاش ـ تۇرۇلمىغان. چالغۇ ئەسۋابلىرى ۋە دېكىراتسىيە بۇيۇملىرى چۆچەك، دۆربىلجىن خەلق كۇلۇبلىرى ۋە ھەرقايسى ناھىيىلەر ـ نىڭ مائارىپ ئىدارىلىرىدە بولۇپ، كۇرژۇكلار ئورتاق ئىشلىتەت ـ تى. سەھنە كىيىملىرىنى ئارتىسلار ئۆزلىرى تەييارلايتتى. تاربا ـ غاتاي ۋىلايەتلىك ۋالىي مەھكىمىسى چالغۇ ئەسۋابلىرىنى تو ـ لۇقلاش ئۈچۈن 1948 ـ يىلى مالىيىدىن پۇل ئاجرىتىپ، سوۋېت

ئىتتىپاقىدىن بىر يۈرۈش دۇخوۋوي مۇزىكا (17 كىشىلىك)، 20 ماندالىن، 20 گىتتار، 10 بالالايكا، 10 دۇتار، 10 دومبۇرا كىرگۈزدى.

ئارتىس تەربىيىلەش ئىشى ئىشتىن سىرت ئېلىپ بېرىلدى. ۋىلايەتلىك مائارىپ ئىدارىسىنىڭ سەنئەت بۆلۈمى 1946 ـ يىل 3 ـ ئايدا غۇلجىدىن مۇزىكا ئوقۇتقۇچىلىرىنى تەكلىپ قىلىپ، چۆچەك شەھىرىدە ئۇچ ئايلىق ئۇيغۇر، ئۆزبېك مۇزىكانتلىرىنى تەربىيىلەش كۇرسى ئاچتى. 1947 ـ يىل 4 ـ ئايدا ۋىلايەتلىك ئاياللار جەمئىيىتى ئىككى ئايلىق ئۇيغۇر، قازاق، ئۆزبېك، تاتار مىللىي ئۇسسۇلى كۇرسى ئاچتى. 1948 ـ يىلى ۋىلايەتلىك سەنئەت ئۆمىكىنىڭ رۇس بۆلۈمچىسى بىر ئايلىق تانسا كۇرسى ئاچتى. شۇ يىلى 10 ـ ئايدا ۋىلايەتلىك ياشلار تەشكىلاتى ئىككى ئايلىق دۇخوۋوي مۇزىكا ۋە تارلىلىق چالغۇ كۇرسى ئاچتى. 1949 ـ يىل 6 ـ ئاينىڭ 16 ـ كۈنىدىن باشلاپ ۋىلايەتلىك «ئىتتىپاق» كومىتېتى باشچىلىقىدا ئۇچ ئايلىق ئۇيغۇرچە مۇزىكا، ئۇسسۇل كۇرسى ئاچتى. 1949 ـ يىل 6 ـ ئايدىن 1950 ـ يىل 3 ـ ئاينىڭ ئاخىرىغىچە ۋىلايەت بويىچە تۆت سىنىپ، 110 ئادەمگە ئۇچ ئايلىقتىن مىللىي مۇزىكا، تارلىلىق چالغۇ كۇرسى ئاچتى. كۇرس ۋاقتى جۈمە كۈنى كەچ سائەت 6 دىن 10 غىچە بولدى. كۇرسانتلاردىن ھەق ئېلىنمىدى، كۇرس خىراجىتىنى كۇرسنى تەشكىللىگۈچى ئورۇنلار ئۈستىگە ئالدى.

ۋىلايەت رەھبەرلىرى ئارتىسلارنى ھەر خىل ئۇسۇللار بىلەن رىغبەتلەندۈرۈپ تۇردى. مەسىلەن: ۋالىي باسباي بىر قېتىملىق كونسېرت كېچىلىكىدە تۇرانقىز ئىسىملىك ناخشىچىنىڭ «ئوقۇ ـ ئوقۇ ئالغا باس» دېگەن ناخشىسىنى ئاڭلاپ، «ياخشى ناخشا ئېيتتىڭ، نادانلىق بىز بىلەن كەتسۇن» دەپ، نەق مەيداندا 200 دوللار بىلەن مۇكاپاتلىدى. مۇئاۋىن ۋالىي مەنسۇر روزىيېف 1946 ـ يىل 4 ـ ئاينىڭ 23 ـ كۈنى چۆچەك ئۇيغۇر سەنئەت كۇرژۇكىنىڭ «خىيالىي دوختۇر» ناملىق دراممىسىنى كۆرگەندىن كېيىن 28 ـ كۈنى «خەلق ئاۋازى» گېزىتىدە تەبرىكنامە ئېلان

قىلىپ، دىرامىنىڭ ياخشى ئورۇندالغانلىقىنى تەبرىكلەپ، ئار-تىسلارنى رىغبەتلەندۈردى. 1946 ـ يىل 1 ـ ئاينىڭ 12 ـ كۈنى ۋالىي مەھكىمىسى 39 ـ نومۇرلۇق قارار چىقىرىپ، سەنئەت ئىشلىرىدا ئەمگەك سىڭدۈرگەن غابىتجان ھاكىمى، مىرتۆمۈر جامالى، مەغمۇرە ئابدۇلېتىپىۋا، ئابدۇلئەزىز تىللايېۋ، كەرىم ئەپەندى، سابىر مەخمىيتوف، زۇبەيدە ئاشىماخۇن قىزى، بۇبىخان روزاخۇن قىزى، پاتاناش توتاش، خەبىبە سوپاخۇن قىزىدىن ئىبا-رەت 10 كىشىنىڭ ھەر بىرىنى 500 دوللار بىلەن مۇكاپاتلىدى. 1947 ـ يىل 5 ـ ئايدا يەنە 27 ئارتىس، مۇزىكانت، يازغۇچىنى تەقدىرلىدى. 1949 ـ يىل 9 ـ ئايدا ۋىلايەتلىك «ئىتتىپاق» كو-مىتېتى قۇرۇلغانلىقىنىڭ بىر يىللىقى مۇناسىۋىتى بىلەن 28 ئارتىس، مۇزىكانت ۋە يازغۇچى تەقدىرلەندى.

1945 ـ يىل 7 ـ ئاينىڭ 31 ـ كۈنى تارباغاتاي ۋىلايىتى ئازاد بولغاندىن كېيىنكى ئەدەبىيات ـ سەنئەت ئىشلىرى ھۆكۈ-مەتنىڭ زور كۈچ بىلەن قوللىشى ئارقىسىدا تەشكىللىك راۋاجلاندى. 1945 ـ يىل 4 ـ ئاينىڭ 8 ـ كۈنى «بىزنىڭ تا-ۋۇش» گېزىتى نەشر قىلىنغان كۈندىن باشلاپ مەخسۇس ئەدەبى-يات بېتى تەسىس قىلىنىپ، ھەر مىللەت تىلىدىكى ئەدەبىي ئە-سەرلەر ئېلان قىلىندى. شۇ يىلى 12 ـ ئايدا ۋىلايەتلىك مائارىپ ئىدارىسى ئەسلىدىكى ھەرقايسى مىللەتلەر مەدەنىي ئاقارتىش ئۇ-يۇشمىلىرىدىن ئۆتكۈزۈۋالغان كىتابلارنى رەتلەپ، ھەر مىللەت تىل ـ يېزىقىدىكى 82 دراما كىتابىنى ۋالىي مەھكىمىسىنىڭ تەشۋىقات بۆلۈمىگە ئۆتكۈزدى. 1946 ـ يىل 1 ـ ئاينىڭ 20 ـ كۈنى ۋالىي مەھكىمىسى 22 كلاسسىك ئەدەبىي ئەسەرنى ھەر مىللەت سەنئەت كۈرۈزۈكلىرىنىڭ سەھنىلەشتۈرۈپ ئوينىاپ چىد-قىشى ئۈچۈن تەستىقلىدى ھەمدە دۇبېك شالغىنبايېۋ، يۇسۇپ-بېك مۇخلىسوف، ئىلمۇھەممەت ئەخمەتوف، خەيرۇلبەشەر تويد-كىن، ئابدۇقادىر زۇنۇنى، ئەخمەتقالى سېيىتبايېۋ قاتارلىق زىيا-لىيلارنى زامان تەلىپىگە ئۇيغۇن كېلىدىغان سەھنە ئەسەرلىرىنى ئىجاد قىلىشقا تەشكىللىدى. شۇ يىلى 2 ـ ئاينىڭ 4 ـ كۈنى

قازاق سەنئەت كۆرژۆكى «قىز جىبېك» ئوپېراسىنى سەھنىگە ئېلىپ چىقىپ تۇنجى سەھنە پەردىسىنى ئاچتى. 4 ـ ئاينىڭ 23 ـ كۈنى ئۇيغۇر سەنئەت كۆرژۆكى «خىيالىي دوختۇر» دراممىسىنى ئوينىدى. 4 ـ ئاينىڭ 26 ـ كۈنى ئۆزبېك سەنئەت كۆرژۆكى «تىكەنلى گۈللەر» تىياتىرىنى، 5 ـ ئاينىڭ 23 ـ كۈنى شىخو ناھىيىسىدىكى ئۇيغۇر ـ قازاق سەنئەت ئۆمىكى قازاقچە «شوغا» دراممىسىنى، ۋىلايەتلىك سەنئەت ئۆمىكىنىڭ تاتار كۆرژۆكى 9 ـ ئاينىڭ 6 ـ كۈنى چۆچەك خەلق كۇلۇبىدا «شاتاشقانلار» (چېتىلـ غانلار) تىياتىرىنى، 10 ـ ئاينىڭ 18 ـ كۈنى «ئۆز سۆزلى قىز» دراممىسىنى ئوينىدى. شۇ يىلى چۆچەك شەھىرىدە 32 مەيدان تىـ ياتىر قويۇلدى، 5 مەيدان كونسېرت كېچىلىكى، 8 مەيدان تانسا كېچىلىكى ئۆتكۈزۈلدى. دۆربىلجىن ناھىيەسىدە 10 مەيدان، شىخو ناھىيەسىدە 2 مەيدان، ساۋەن ناھىيەسىدە 2 مەيدان، چاـ غانتوقاي ناھىيەسىدە 3 مەيدان تىياتىر ۋە كونسېرت كېچىلىكى ئۆتكۈزۈلدى. 1947 ـ يىلى ۋىلايەت بويىچە 39 مەيدان تىياتىر، 13 مەيدان كونسېرت قويۇلدى. 1948 ـ يىلى ۋىلايەت بويىچە 150 مەيدان تىياتىر، 15 مەيدان كونسېرت قويۇلدى. 1946 ـ يىلدىن 1950 ـ يىلنىڭ ئاخىرىغىچە ۋىلايەت بويىچە 312 مەيدان تىياتىر قويۇلدى، ئۇنى كۆرگۈچىلەر 176 مىڭ ئادەم (قېتىم)گە يەتتى. 210 مەيدان كونسېرت قويۇلدى، ئۇنى كۆرگۈچىلەر 147 مىڭ 650 ئادەم (قېتىم)گە يەتتى.

بۇنىڭدىن سىرت مەخسۇس ئۆمەك تەشكىللىنىپ ماناس ئالدىنقى فرونتىغا، شىخو ـ ساۋەن ناھىيىلىرىدىكى مىللىي ئارمىيە قىسىملىرىغا ھال سوراش يۈزىسىدىن كونسېرت قويۇپ بېرىپ تۇرۇلدى. مەكتەپلەردە تەشكىللەنگەن سەنئەت ئۆمەكلىرى ساۋاتسىزلىقنى تۈگىتىش، ئەتىيازلىق تېرىلغۇغا تەييارلىق قىـ لىشقا دائىر ئىجتىمائىي تەشۋىقات ھەرىكەتلىرىدە «1 ـ ماي» خەلقئارا ئەمگەكچىلەر بايرىمى، «8 ـ مارت» خەلقئارا ئاياللار بايرىمى، «1 ـ ئىيۇن» خەلقئارا بالىلار بايرىمى، «12 ـ نويابىر» مىللىي ئازادلىق ئىنقىلابى غالىبىيەت كۈنى قاتارلىق

بايرام، خاتىرە كۈنلىرىدە كوچىلاردا، مەكتەپلەردە ھەر خىل مەزمۇندىكى كونسېرت نومۇرلىرى كۆرسىتىپ تۇرۇلدى. شۇ يىللاردا ھەر يىلى بىر ـ ئىككى قېتىم مەكتەپلەر ئارا سەنئەت كۆرىكى ئۆتكۈزۈلۈپ باھالىنىپ تەقدىرلىنىپ تۇرۇلدى. 1946 ـ يىل 12 ـ ئاينىڭ 25 ـ 27 ـ كۈنلىرى ئۆتكۈزۈلگەن تۇنجى قېتىملىق مەكتەپلەر ئارا سەنئەت كۆرىكىدە مەھمۇد كاشغەريي نامىدىكى ئۇيغۇر قىزلار مەكتىپىدىن مەريەم دېكلاماتسىيە قىلىپ، 89.4 نومۇر بىلەن 1 ـ، گۈلەندەمىيە مەكتىپىنىڭ ئوقۇغۇچىسى مەريەم ئومارىۋا 87.3 نومۇر بىلەن 2 ـ، نەمۇنە مەكتەپ ئوقۇغۇچىسى تالغەت خەسەنوف 87 نومۇر بىلەن 3 ـ بولدى.

باشلانغۇچ مەكتەپلەر بويىچە گۈلەندەمىيە مەكتىپى باشلانغۇچ سىنىپىنىڭ ئوقۇغۇچىسى خەمىدە 91.6 نومۇر بىلەن 1 ـ، يېڭى قەدەم مەكتىپىنىڭ ئوقۇغۇچىسى نۇراخۇن 90.2 نومۇر بىلەن 2 ـ، ئۇيغۇر ئوغۇللار مەكتىپىنىڭ ئوقۇغۇچىسى ئىبراھىم 88.2 نومۇر بىلەن 3 ـ بولدى. ھەرقايسى مەكتەپلەردىن ناخشا مۇسابىقىسىگە 10 دىن ئوقۇغۇچى قاتنىشىپ، مەھمۇد كاشغەريي نامىدىكى ئۇيغۇر قىزلار مەكتىپى 94.9 نومۇر بىلەن 1 ـ، گۈلەندەمىيە مەكتىپى بىلەن ئۇيغۇر ئوغۇللار مەكتىپى 2 ـ، مەرىپەت مەكتىپى 3 ـ بولدى.

كونسېرت مۇسابىقىسىدە مەھمۇد كاشغەريي نامىدىكى ئۇيغۇر قىزلار مەكتىپى 95 نومۇر بىلەن 1 ـ، مەرىپەت مەكتىپى 92.5 نومۇر بىلەن 2ـ، ئۇيغۇر ئوغۇللار مەكتىپى 90.8 نومۇر بىلەن 3 ـ بولدى. ھەرقايسى تۈرلەر بويىچە ماددىي مۇكاپات بېرىلدى.

1949 ـ يىل 3 ـ ئايدا «ئىتتىپاق» ۋىلايەتلىك كومىتېتى چۆچەكتىكى ھەرقايسى مىللەت سەنئەت كۆرۈژۈكلىرى، ۋىلايەتلىك ئاياللار جەمئىيىتى، خەنزۇ مەدەنىي ئاقارتىش ئۇيۇشمىسى قاتناشقان 3 ـ نۆۋەتلىك سەنئەت كۆرىكى ئۆتكۈزدى. كۆرەكتە ۋىلايەتلىك ئاياللار جەمئىيىتى «ئارشىن مال ئالان» كومېدىيە-

سىنى، ئۇيغۇر سەنئەت كۇرژۇكى «نوزۇگۇم» ئوپېراسىنى، خەنزۇ مەدەنىي ئاقارتىش ئۇيۇشمىسى «كۇن چىقتى» دىرامىسىنى، تاتار سەنئەت كۇرژۇكى «تاھىر ـ زۆھرە» ئوپېراسىنى، قازاق سەنئەت كۇرژۇكى «قوزى كۆرپېش ـ بايان سۇلۇ» دىرامىسىنى، ئۆزبېك سەنئەت كۇرژۇكى «تىكەنلى گۇللەر» دىرامىسىنى سەھنىگە ئېلىپ چىقتى. رۇس سەنئەت كۇرژۇكى ئويۇن تەييارلىمىغانلىقتىن بىر قېتىم تانسا كېچىلىكى، بىر قېتىم كونسېرت كېچىلىكى ئۆتكۈزۈپ بەردى. باھالاشتا تاتار كۇرژۇكى بىرىنچى، ئۇيغۇر كۇرژۇكى ئىككىنچى، ئۆزبېك كۇرژۇكى بىلەن قازاق كۇرژۇكى ئۈچىنچى، ۋىلايەتلىك ئاياللار جەمئىيىتى تۆتىنچى، خەنزۇ مەدەنىي ئاقارتىش ئۇيۇشمىسى بەشىنچى بولدى.

ئارتىسلارنى باھالاشتا تاتار كۇرژۇكىدىن مەخسۇت مۇناسىپوف، رەفىخ مۇناسىپوف، مىرتۆمۈر جامالى، مۇنىرە بېكباسوۋا، ئەخمەت كابايېف؛ ئۇيغۇر كۇرژۇكىدىن تۇرانىمىز، ئابدۇرېھىم روزاجى، ئابدۇرېھىم ئەخمىدى، سەمەت ئىسمائىل، ساپۇرا مەھمۇدىۋا؛ ئۆزبېك كۇرژۇكىدىن تاجى مۇھەممەت، غابىدجان خاكىموف، فاتىخا ھاكىمجانوۋا، مىرئىسمائىل مىرزاھىتبايېف؛ قازاق كۇرژۇكىدىن نۇرقاسىم، تىلېمىش شەرىپوۋا، مىرزاسادىق، سېيىتقازى؛ ۋىلايەتلىك ئاياللار جەمئىيىتىدىن باغىزا بەكباسوۋا، ئىسمائىل ئىبراھىموف، خەمىت ئارسلانوف؛ خەنزۇ مەدەنىي ئاقارتىش ئۇيۇشمىسىدىن سونىيا خانىم، جىڭ جىچېڭ، نەن خېمىڭ، ۋاڭ جىيى؛ رۇس كۇرژۇكىدىن سويتىنىكوف، ت. بيويېنوۋا، ۋىنوگراتوۋا قاتارلىقلار تۆت دەرىجە بويىچە تەقدىرلەندى.

ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابى مەزگىلىدە ھەرقايسى ناھىيىلەردىكى ھەر مىللەتتىن تەركىب تاپقان سەنئەت ئۆمەكلىرى، ئىنقىلابچىل ياشلار تەشكىلاتىنىڭ يەرلىك كومىتېتلىرى، مەكتەپلەر سەنئەت كۆرەكلىرىنى ئۆتكۈزۈپ تۇردى. 1947 ـ يىلى 6 ـ ئايدا ئىنقىلابچىل ياشلار تەشكىلاتىنىڭ چاغانتوقاي ناھىيىلىك كومىتېتى ناھىيىدىكى ئىدارە ـ ئورۇنلارنى، 1 ـ، 2 ـ، 3 ـ رايونلۇق ئىنقىلابچىل ياشلار تەشكىلاتى كومىتېتلىرىنى سەنئەت

كۆرىكى ئۆتكۈزۈشكە تەشكىللىدى. 1948 ـ يىل 2 ـ ئايدا دۆربىلجىن ناھىيىسىدىكى ئىدارە ـ ئورۇنلار، ئىنقىلابچىل ياشلار تەشكىلاتىنىڭ 1 ـ، 2 ـ، 3 ـ، 4 ـ، 5 ـ رايونلۇق كومىتېتلىرى، شەھەر ئىچىدىكى مەكتەپلەر، مىللىي ئارمىيە- نىڭ دۆربىلجىندە تۇرۇشلۇق قىسىملىرى ۋە ئۇيغۇر ـ قازاق، ئۆزبېك، رۇس سەنئەت ئۆمەكلىرى قاتناشقان ئەدەبىيات ـ سەنئەت كۆرىكى ئۆتكۈزدى. كۆرەكتە ناھىيىلىك 5 ـ رايون ئىنقىلابچىل ياشلار تەشكىلاتى «غېرىپ ـ سەنەم» ئوپېراسىنى، ئۇيغۇر ـ ئۆزبېك سەنئەت ئۆمىكى «پەرھات ـ شىرىن» دراما- سىنى، قازاق سەنئەت ئۆمىكى «قاسقىرباي» كومېدىيىسىنى، مىللىي ئارمىيىنىڭ دۆربىلجىندە تۇرۇشلۇق « VI » پولكى ئىن- قىلابچىل ياشلار تەشكىلاتى ئەزالىرى «پارتىزان» دراماسىنى، ئۇيغۇر ئوغۇللار مەكتىپى بىلەن ئۇيغۇر قىزلار مەكتىپى «نادانلىقنىڭ بالاسى» كومېدىيىسىنى، قازاق ئوغۇللار مەكتىپى بىلەن قازاق قىزلار مەكتىپى «سەلىقا ـ سەمىن» نى سەھنىگە ئېلىپ چىقتى.

ھازىر قولىمىزدا بار ماتېرىياللارغا ئاساسلانغاندا 1945 ـ يىلدىن 1950 ـ يىلغىچە بولغان ئارىلىقتا تارباغاتاي ۋىلايىتى تەۋەسىدە سەھنىدە قويۇلغان كونسېرت ۋە سەھنە ئەسىرى 52 بولۇپ، ئۇلار ئۇيغۇر، قازاق، ئۆزبېك، تاتار، رۇس، خەنزۇ تىل- لىرىدا ئورۇندالغان.

ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابى مەزگىلىدە ئىنقىلابچىل ياشلار تەشكىلاتى تارباغاتاي ۋىلايەتلىك كومىتېتى قارىمىقىدا ئەدەبىيات ـ سەنئەت كۇرژۇكى تەشكىل قىلىنىپ، مەخسۇس تېمىلاردا ئەدە- بىي ئىجادىيەت بىلەن شۇغۇللاندى. ئىجاد قىلىنغان ئەسەرلەر «خەلق ئاۋازى» گېزىتىنىڭ «ئەدەبىيات سەھەرى» سەھىپىسىدە ۋە «ئىنقىلابچىل ياشلار»، «خەلقچى» گېزىتلىرىدە ۋە «بىرلىك» ژۇرنىلىدا ئېلان قىلىندى. 1945 ـ يىل 3 ـ ئايدا گېزىت ـ ژۇرناللاردا ئېلان قىلىنغان ئەسەرلەر ئاساسىدا «ئەدەبىيات سە-

ھەرى»ناملىق توپلام چىقىرىلدى، توپلامغا ئۇيغۇر، قازاق، ئۆزبېك، تاتار تىللىرىدا يېزىلغان 70 نەچچە پارچە شېئىر ۋە ھېكايە كىرگۈزۈلدى.

ئىنقىلابچىل ياشلار تەشكىلاتىنىڭ تارباغاتاي ۋىلايەتلىك كومىتېتى 1945 ـ يىل 1 ـ ئايدىن 4 ـ ئاينىڭ ئاخىرىغىچە ۋىلايەت بويىچە دراما يېزىش مۇسابىقىسى ئۆتكۈزدى ھەمدە باھالاش كومىتېتى قۇرۇپ ئەسەرلەرنى باھالىدى، باھالاشتا ئىككى ئەسەر 1 ـ دەرىجىلىك مۇكاپاتقا ئېرىشىپ، 600 مىڭ دوللار بىلەن، ئۈچ ئەسەر 2 ـ دەرىجىلىك مۇكاپاتقا ئېرىشىپ، 400 مىڭ دوللار بىلەن، تۆت ئەسەر 3 ـ دەرىجىلىك مۇكاپاتقا ئېرىشىپ، 300 مىڭ دوللار بىلەن مۇكاپاتلىدى. دەرىجىگە توشمىغان ئەسەرلەرگە رىغبەتلەندۇرۇش يۈزىسىدىن قەلەم ھەققى بېرىلدى.

ئەينى يىللاردا تارباغاتاي ۋىلايىتىدە مەلۇم خاتىرە كۈنلەرنى خاتىرىلەشتىمۇ ئەدەبىيات ـ سەنئەت پائالىيەتلىرى ئۇيۇشتۇرۇپ تۇرۇلدى. مەسىلەن: 1946 ـ يىل 5 ـ ئاينىڭ 29 ـ كۈنىدىن 6 ـ ئاينىڭ 2 ـ كۈنىگىچە ساۋەن ناھىيەسىنىڭ نيۇجۇنزى دېگەن يېرىدە ساۋەن ناھىيەسى ئېرەنقابىرغا تاغلىق رايونىنىڭ ئازاد بولغانلىقىنىڭ بىر يىللىقىنى تەبرىكلەش پائالىيىتى ئۆتكۈزۈلدى، پائالىيەتكە 3500 ئادەم قاتناشتى. ساۋەن ناھىيەسىنىڭ ئايال ئاقىنى ماغاۋىيا قاتارلىق بىر توپ ئاقىن ئۆلەڭ ئېيتىشتى. ئاخىرىدا گېنېرال پالىنوف، ساۋەن ناھىيەسىنىڭ ھاكىمى قالىبېك ماغاۋىيا قاتارلىق ئۈچ ئاقىننى مۇكاپاتلىدى. بەزى چاغلاردا ھۆكۈمەت ئاقىنلارنى تەشكىللەپ مىللىي ئارمىيە قىسىملىرى ۋە ئالدىنقى سەپتىكى جەڭچىلەردىن ھال سوراش پائالىيىتى ئۆتكۈزدى.

## ئاممۇۋى باغ سەيلىسى

ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابى مەزگىلىدە ھەر خىل خاتىرە كۈنلەر،

ھېيت ـ بايراملاردا ئاما تەشكىللىنىپ باغلاردا، داللاردا ئاممىۋى كۆڭۈل ئېچىش پائالىيەتلىرى ئۆتكۈزۈلۈپ تۇردى، بۇ ـ ئاممىۋى باغ سەيلىسى دەپ ئاتىلاتتى. 1946 ـ يىل 5 ـ ئاينىڭ 1 ـ كۈنى ئىنقىلابچىل ياشلار تەشكىلاتى چۆچەك، دۆربىلجىن، شىخو، ساۋەن، چاغانتوقاي ناھىيىلىرىدە تۇنجى نۆۋەتلىك ئاممىۋى باغ سەيلىسى ئۆتكۈزدى. شۇ كۈنى چۆچەك خەلق باغچىسىغا 2000 دىن ئارتۇق ئاما يىغىلىپ كۆڭۈل ئېچىش پائالىيىتى ئۆتكۈزۈلدى، ھەرقايسى مىللەتلەرنىڭ سەنئەت كۈرژۈكلىرى 21 مەيدان كونسېرت قويدى. خەنزۇ مەدەنىي ئاقارتىش ئۇيۇشمىسى ئۈچ مەيدان قونچاق ئويۇنى كۆرسەتتى. مەكتەپ يېشىغا توشمىغان باللارنىڭ سالامەتلىكى تەكشۈرۈلۈپ، ساغلام باللار مۇكاپاتلاندى. بۇنداق پائالىيەتلەر ھەر يىلى يازدا تۆت ـ بەش قېتىم ئۆتكۈزۈپ تۇرۇلدى.

## كارناۋال

كارناۋال ـــ نىقاپ ئويۇنى. بۇ غەرب ئەللىرىنىڭ بىر خىل كۆڭۈل ئېچىش پائالىيىتى بولۇپ، 20 ـ ئەسىرنىڭ باشلىرىدا رۇسلار ئارقىلىق چۆچەككە كىرگەن. بۇ ئويۇن ئاساسلىقى يېڭى يىل، روژدېستۋا، «8 ـ مارت» ئاياللار بايرىمى قاتارلىق بايرام كۈنلىرى ئوينىلىدىغان ئويۇندىن ئىبارەت. ئىنقىلابچىل ياشلار تەشكىلاتىنىڭ ۋىلايەتلىك كومىتېتى، ۋالىي مەھكىمىسىنىڭ ئىجتىمائىي ئىشلار بۆلۈمى، ۋىلايەتلىك ئاياللار جەمئىيىتى بۇ ئويۇننى ھەر يىلى ئىككى ـ ئۈچ قېتىم تەشكىللەپ تۇردى. 1945 ـ يىل 2 ـ ئاينىڭ 31 ـ كۈنى ۋالىي مەھكىمىسىنىڭ ئىجتىمائىي ئىشلار بۆلۈمى تۇنجى قېتىم 500 ئادەم قاتناشقان كارناۋال كېچىلىكى ئۆتكۈزدى. كارناۋال كېچىلىكىدە ۋىلايەتلىك سەنئەت ئۆمىكى دۇخوۋوي مۇزىكا ۋە تارلىلىق چالغۇلار ئارقىلىق ھەر خىل مۇزىكىلارنى ئورۇندىدى، ئويۇنغا قاتناشقۇچىلار بۆرە،

ئېيىق، يولۋاس، قوي، ئۆچكە، ئات، كالا، توشقان قىياپىتىدىكى نىقاپلارنى كىيىپ تانسا ۋە ئۇسسۇل ئوينىدى.

## ساما ئۇسسۇلى

ساما ئۇسسۇلى ئۇيغۇرلارنىڭ ئەنئەنىۋى سەنئەت تۈرى بولۇپ، ھېيت كۈنلىرىدە كوللېكتىپ ئوينىلىدۇ، ساماغا ناغرا، سۇناي تەڭكەش قىلىنىدۇ. ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابى مەزگىلىدە چۆچەكتىكى قەشقەر مەسچىتى قاتارلىق جايلارنىڭ ئالدىدىكى سەينادا ھېيت كۈنلىرى ساما ئۇسسۇلى ئوينىلىپ تۇردى. 1947 ـ يىل 10 ـ ئاينىڭ 2 ـ كۈنى ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىنىڭ ئەخمەتجان قاسىمى، سەيپىدىن ئەزىزى قاتارلىق رەھبەرلىرى چۆچەك شەھىرىگە خىزمەت تەكشۈرۈش ئۈچۈن كەلدى، 10 ـ ئاينىڭ 5 ـ كۈنى قۇربان ھېيت بولغاچقا، ھېيت نامىزى ئوقۇلۇپ بولغاندىن كېيىن ئەخمەتجان قاسىمى، سەيپىدىن ئەزىزى ئامما بىلەن بىللە ساماغا چۈشتى.

## مەشرەپ

مەشرەپ ئۇيغۇرلارنىڭ ئەنئەنىۋى كۆڭۈل ئېچىش پائالىيىتى، مەشرەپ چۆچەكتە ئۇزاق تارىخقا ئىگە. ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابى مەزگىلىدە توي ـ تۆكۈن، ھېيت ـ بايرام كۈنلىرى ئامما ئارىسىدا داۋاملىق مەشرەپ ئۆتكۈزۈلۈپ تۇراتتى. مەشرەپنى ھۆكۈمەتمۇ تەشكىللەپ تۇراتتى. مەسىلەن: 1945 ـ يىلى 8 ـ ئاينىڭ 18 ـ كۈنى كەچتە چۆچەك خەلق باغچىسىدا مىللىي ئارمىيىنىڭ ئەينى ۋاقىتتىكى باش قوماندانى پالىنوف چۆچەككە كەلگەندە ئۇنى قارشى ئېلىش يۈزىسىدىن 200 ئادەم قاتناشقان مەشرەپ كېچىلىكى ئۆتكۈزۈلدى. كېيىن ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابى

رەھبەرلىرى چۆچەككە خىزمەت تەكشۈرۈپ كەلگەندىمۇ دائىم مەشرەپ ئۆتكۈزۈپ تۇرۇلدى.

## شىخو

شىخو ــ خەنزۇلارنىڭ چاغان مەزگىلىدە ئوينايدىغان كول-لىكتىپ كۆڭۈل ئېچىش پائالىيىتى. بۇ ئەسلىدە خەنزۇلارنىڭ ئوتتا چوقۇنۇش ئادىتىدىن قېلىپ قالغان. بۇ ئويۇن ياغاچ پۇت ئويۇنى، ئەجدىھا ئويۇنى، شىر ئويۇنى، كېمە ھەيدەش ئويۇنى قا-تارلىقلار بىرلەشتۈرۈلۈپ شىخو ئويۇنى دەپ ئاتالغان. ئۇچ ۋىلايەت ئىنقىلابى مەزگىلىدە چۆچەكتىكى خەنزۇلار ھەر يىلى باھار باي-رىمىنىڭ 15 ـ كۈنى شىخو ئويۇنى كۆرسىتىشتىن سىرت «1 ـ ماي» خەلقئارا ئەمگەكچىلەر بايرىمى، «12 ـ نويابىر» ئازادلىق كۈنى قاتارلىق بايرام كۈنلىرىدىمۇ شىخو ئويۇنى كۆرسىتىپ تۇردى.

## قونچاق ئويۇنى

قونچاق ئويۇنى ــ خەنزۇلارنىڭ ياغاچ قونچاقنى ھەرىكەت-لەندۈرۈش ئارقىلىق مەلۇم سەھنە ئەسىرىنى تەسۋىرلەپ كۆرسى-تىش ئويۇنىدۇر. ئۇچ ۋىلايەت ئىنقىلابى مەزگىلىدە چۆچەك ۋىلا-يەتلىك خەنزۇ مەدەنىي ئاقارتىش ئۇيۇشمىسىنىڭ بىر قونچاق ئو-يۇنى ئۆمىكى بار ئىدى، بۇ ئۆمەك بايرام كۈنلىرى ئويۇن كۆر-سەتكەندىن سىرت، ئادەتتىكى چاغلاردىمۇ خەلق ئارىسىدا ئويۇن كۆرسىتىپ ئۇيۇشمىنىڭ خىراجەت مەسىلىسىنى ھەل قىلاتتى. 1949 ـ يىل 5 ـ ئاينىڭ 5 ـ كۈنى تۇنجى قېتىم ئۆتكۈزۈلگەن باللار بايرىمىدا ئۇچ مەيدان قونچاق ئويۇنى قويۇلغان، ئويۇننى 1965 ئادەم (قېتىم) كۆرگەن.

## تانسا

تانسا ــ 20 ـ ئەسىرنىڭ باشلىرىدىن باشلاپ چۆچەككە كەڭ تارقالغان ئاممىۋى كۆڭۈل ئېچىش پائالىيىتى. ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابى مەزگىلىدە چۆچەكتىكى ئىنقىلابچىل ياشلار تەشكىلا ـ تى، ئاياللار بىرلەشمىسى، ھەرقايسى مىللەتلەرنىڭ مەدەنىي ئا ـ

**1945 ـ 1949 ـ يىلىغىچە تارباغاتاي سەھنىلىرىدە ئوينالغان سەھنە ئەسەرلىرى**

| | نامى | قويۇلغان ۋاقتى | تۈرى | ئورۇندىغان ئۆمەك | تىلى | كۆلىمى |
|---|---|---|---|---|---|---|
| 1 | قىزجىبېك | 1946.2.4 | ئوپېرا | چۆچەك قازاق سەنئەت ئۆمىكى | قازاقچە | تۆت پەردە |
| 2 | خىيالىي دوختۇر | 1946.4.23 | دراما | چۆچەك ئۇيغۇر سەنئەت ئۆمىكى | ئۇيغۇرچە | |
| 3 | تىكەنلىك گۈللەر | 1946.5.23 | تىياتىر | چۆچەك ئۆزبېك سەنئەت ئۆمىكى | ئۆزبېكچە | |
| 4 | شوغا | 1946.5.23 | دراما | شىخو ئۆزبېك ـ قازاق دراما ئۆ ـ مىكى | «ئورتاق تىل»* | |
| 5 | شاتاش ـ قانلار | 1946.9.6 | تىياتىر | چۆچەك تاتار سەنئەت ئۆمىكى | تاتارچە | |
| 6 | ئۆز سۆز ـ لى قىز | 1946.10.8 | دراما | چۆچەك ئۆزبېك سەنئەت ئۆمىكى | ئۆزبېكچە | |
| 7 | بوزجىگىت | 1947.2.2 | ئوپېرا | چۆچەك قازاق سەنئەت ئۆمىكى | قازاقچە | |
| 8 | يۈسۈپ ــ ئەخمەت | 1947.2.27 | ئوپېرا | چۆچەك ئۇيغۇر سەنئەت ئۆمىكى | ئۇيغۇرچە | |
| 9 | سۆنگەن يۇلتۇزلار | 1947.4.4 | دراما | چۆچەك تاتار سەنئەت ئۆمىكى | تاتارچە | تۆت پەردە |

| | | | | | | |
|---|---|---|---|---|---|---|
| 10 | تۇرمىنىڭ مىگبىر كۆرۈنۈشى | 1947.8.26 | دراما | چۆچەك ئۇيغۇر سەنئەت ئۆمىكى | ئۇيغۇرچە | |
| 11 | جامىلا | 1947.12.16 | مۇزىكىلىق كومېدىيە | چۆچەك 4 ـ رايون ئىنقىلابچىل ياشلار تەشكىلاتى | قازاقچە | ئۈچ پەردە |
| 12 | ئىسسىق شامال | 1947.12.7 | دراما | چۆچەك رۇس سەنئەت ئۆمىكى | رۇسچە | |
| 13 | بۆگىنباي باتىر | 1947.12.25 | ئوپېرا | چۆچەك قازاق، تاتار سەنئەت ئۆمەكلىرى بىرلەشىپ ئورۇندىغان | «ئورتاق تىل» | ئون كۆرۈنۈش |
| 14 | قويچى كۆبىن | 1947.12.29 | دراما | چاغانتوقاي 2 ـ رايون ئىنقىلابچىل ياشلار تەشكىلاتى | قازاقچە | |
| 15 | ئىككى بايغا بىر مالاي | 1849.1.9 | كومېدىيە | چۆچەك ئۇيغۇر، ئۆزبېك سەنئەت ئۆمەكلىرى بىرلەشىپ ئورۇندىغان | «ئورتاق تىل» | |
| 16 | يوشۇرۇن مۇھەببەت | 1948.1.28 | دراما | چۆچەك 4 ـ رايون ئىنقىلابچىل ياشلار تەشكىلاتى | ئۇيغۇرچە | |
| 17 | باشماغىم | 1948.2.1 | كومېدىيە | چۆچەك 6 ـ رايون ئىنقىلابچىل ياشلار تەشكىلاتى | تاتارچە | |
| 18 | ئاسىل يار | 1948.2.3 | دراما | چۆچەك 2 ـ رايون ئىنقىلابچىل ياشلار تەشكىلاتى | تاتارچە | |

| | | | | | | |
|---|---|---|---|---|---|---|
| 19 | ئارشىن مال ئالان | 1948.2.20 | دراما | چۆچەك 5 ـ رايون ئىنقىلابىچىل ياشلار تەشكىلاتى | ئۇيغۇرچە | |
| 20 | باي بىلەن گاداي | 1948.2.27 | كومېدىيە | مىللىي ئارمىيىنىڭ چۆچەك «4 ـ پولكى» | قازاقچە | |
| 21 | سەت بولىدۇ قۇداغى | 1948.5.29 | كومېدىيە | ۋىلايەتلىك ئاياللار جەمئىيىتى | قازاقچە | |
| 22 | ئېرتارغىن | 1948.6.7 | ئوپېرا | چۆچەك قازاق سەنئەت ئۆمىكى | قازاقچە | |
| 23 | غۇنچەم | 1948.6.30 | مۇزىكىلىق دراما | چۆچەك ئۇيغۇر سەنئەت ئۆمىكى | ئۇيغۇرچە | |
| 24 | ئۆيلىنىش | 1948.9.30 | كومېدىيە | چۆچەك ئۇيغۇر سەنئەت ئۆمىكى | ئۇيغۇرچە | |
| 25 | نۇزۇگۇم | 1948.11.8 | دراما | چۆچەك ئۇيغۇر سەنئەت ئۆمىكى | ئۇيغۇرچە | |
| 26 | بىدنوسنى پاروك (كەمبەغەللىك ئەيىپ ئەمەس) | 1948.12.16 | دراما | چۆچەك رۇس سەنئەت ئۆمىكى | رۇسچە | |
| 27 | غېرىپ ـ سەنەم | 1942.2.2 | ئوپېرا | دۆربىلجىن 5 ـ رايون ئىنقىلابچىل ياشلار تەشكىلاتى | ئۇيغۇرچە | |
| 28 | تاھىر ـ زۆھرە | 1948.2.3 | ئوپېرا | دۆربىلجىن 3 ـ رايون ئىنقىلابچىل ياشلار تەشكىلاتى | ئۇيغۇرچە | |

| | | | | | | |
|---|---|---|---|---|---|---|
| | «ئورتاق تىل» | دۆربىلجىن ئۇيغۇر، ئۆزبېك ئۇيۇشمىسى | دراما | 1948.2.5 | پەرھات ـ شېرىن | 29 |
| | قازاقچە | دۆربىلجىن قازاق سەنئەت ئۆمىكى | كومېدىيە | 1948.2.6 | قاسقىر ـ باي | 30 |
| | ئۇيغۇرچە | مىللىي ئارمىيە دۆربىلجىن «4 ـ» پولكى | دراما | 1948.2.7 | پارتىزان | 31 |
| | ئۇيغۇرچە | دۆربىلجىن ئو ـ غۇللار ـ قىزلار مەكتىپى | كومېدىيە | 1948.5.2 | نادانلىق ـ نىڭ با ـ ھاسى | 32 |
| | خەنزۇچە | چۆچەك خەنزۇ ئۇيۇشمىسى | دراما | 1949.3 | كۈن چىقتى | 33 |
| | قازاقچە | چۆچەك قازاق سەنئەت ئۆمىكى | دراما | 1949.3 | قوزى كۆرپېش ـ بايان سۇلۇ | 34 |
| | ئۆزبېكچە | چۆچەك ئۆزبېك سەنئەت ئۆمىكى | كومېدىيە | 1946.10.13 | تۆت تەڭ ـ تەك | 35 |
| | قازاقچە | چاغانتوقاي 1 ـ رايون ئىنقىلاب ـ چىل ياشلار تەشكىلاتى | دراما | 1948.1.30 | ئىككى ئاشىق | 36 |
| | قازاقچە | چاغانتوقاي 2 ـ رايون ئىن ـ قىلابچىل ياشلار تەشكىلاتى | دراما | 1948.1.29 | قۇدىلىق ـ نىڭ ئاۋارىچى ـ لىقى | 37 |

| | | | | | | |
|---|---|---|---|---|---|---|
| 38 | يالقۇزلۇق ئوتلار | 1948.3.12 | دراما | چۆچەك 1 ـ رايون ئىنقىلابچىل ياشلار تەشكىلاتى | ئۇيغۇرچە | |
| 39 | غالىيابانۇ | 1948.3.25 | دراما | چۆچەك ئۆزبېك سەنئەت ئۆمىكى | ئۆزبېكچە | |
| 40 | زىڭگىرخان | 1948.3.29 | دراما | چاغانتوقاي يالپاقتال يېزىسى ياشلار تەشكىلاتى | قازاقچە | |
| 41 | جالبىر باتۇر | 1948.4.29 | دراما | چۆچەك قازاق سەنئەت ئۆمىكى | قازاقچە | |
| 42 | ئاي بىلەن چولپان | 1948.10.15 | ئوپېرا | دۆربىلجىن ئوغۇللار ـ قىزلار مەكتىپى | ئۇيغۇرچە | |
| 43 | لەيلى ـ مەجنۇن | 1949.10.20 | دراما | دۆربىلجىن ئوغۇللار ـ قىزلار مەكتىپى | ئۇيغۇرچە | |
| 44 | نەپسى قۇربانى | 1949.11.10 | دراما | دۆربىلجىن ئوغۇللار ـ قىزلار مەكتىپى | ئۇيغۇرچە | |
| 45 | قالىڭ مال | 1949.10.8 | دراما | چۆچەك قازاق سەنئەت ئۆمىكى | قازاقچە | |
| 46 | قىزغىنىش | 1946.2.20 | دراما | چۆچەك ئۇيغۇر سەنئەت ئۆمىكى | ئۇيغۇرچە | |
| 47 | ئاۋۇل سۇۋى بويىدا | 1946.2.12 | دراما | چۆچەك تاتار سەنئەت ئۆمىكى | تاتارچە | |

| | | | | | | |
|---|---|---|---|---|---|---|
| 48 | سەلىقا ـ سەمبىن | 1947.6.11 | دراما | چۆچەك قازاق سەنئەت ئۆمىكى | قازاقچە | |
| 49 | شاڭخەي قىزى | 1947.6.12 | دراما | چۆچەك ئۇيغۇر سەنئەت ئۆمىكى | ئۇيغۇرچە | |
| 50 | قونچاق ئويۇنى | 1948.5.1 | | چۆچەك خەنزۇ جەمئىيىتى | خەنزۇچە | |

قارتىش ئۇيۇشمىلىرى دائىم تانسا تەشكىللەپ تۇراتتى. 1946 ـ 1949 ـ يىللىرى چۆچەك، دۆربىلجىن، چاغانتوقاي ناھىيىلىرىدە رۇس مەدەنىي ئاقارتىش ئۇيۇشمىسى مەسئۇل بولۇپ ھەر يىلى بىر ـ ئىككى ئايلىق ئىشتىن سىرتقى تانسا كۇرسى ئاچقان. ھەر قېتىملىق كۇرسقا 100 دىن ئارتۇق ئادەم قاتناشقان.

«ئورتاق تىل» — ئەينى دەۋردە چۆچەكتىكى ئۇيغۇر، قازاق، ئۆزبېك، تاتار قاتارلىق تۈركىي تىللىق مىللەتلەرنىڭ ئۇزاق مۇددەتلىك ئىجتىمائىي ئالاقىسى داۋامىدا شەكىللەنگەن ۋە قوللىنىلغان، شۇ مىللەتلەر ئورتاق چۈشىنەلەيدىغان «چۆچەك ئورتاق تىلى»نى كۆرسىتىدۇ. «شىنجاڭ تەزكىرىچىلىكى» ژۇرنىلىنىڭ 2001 ـ يىللىق 2 ـ سانىدىكى «چۆچەك ئورتاق تىلى توغرىسىدا»غا قاراڭ (57 ـ بەت).

# تارباغاتاينىڭ دۆلىتىمىز قۇرۇلۇشتىن ئىلگىرىكى مەتبۇئات ئىشلىرى

## تاھىر تاشبايېف

تارباغاتاي ۋىلايىتىنىڭ مەتبۇئات ئىشلىرى توغرىسىدا سۆز ئېچىشتىن ئاۋۋال ئۇنىڭ مەدەنىيەت تارىخى، جۇملىدىن مائارىپىنىڭ تەرەققىياتى توغرىسىدا توختىلىشقا توغرا كېلىدۇ. 20 - ئەسىرنىڭ باشلىرىدىلا چۆچەك شەھىرىدە بىرمۇنچە يېڭىچە مەكتەپلەر ئېچىلىپ، يېڭىچە مائارىپ تەرەققىي قىلىشقا باشلىغان. 1911 - يىل 20 - سېنتەبىردە گۈلەندەم ئاۋىستاي ھەبىبۇللىنا چۆچەكتە تۇنجى قىزلار مەكتىپىنى ئېچىپ، شىنجاڭدا ئاياللار مائارىپىنىڭ تۇنجى ئىشىكىنى ئاچقانىدى. ئەمما ئەينى يىللاردا تارباغاتايدا مەتبۇئاتنىڭ بولماسلىقى يېڭىچە مائارىپنىڭ ئومۇملىشىپ تەرەققىي قىلىشىغا زور توسقۇنلۇق قىلدى. مۇشۇ قىيىنچىلىقنى ھەل قىلىپ، ئوقۇتۇش ماتېرىياللىرىنى ئۆزلىرى بېسىش ئۈچۈن، «تۇران» مەكتىپىنىڭ ئوقۇتقۇچىلىرىدىن ھېسام باۋىن، نىياز ئىسھاقىي قاتارلىق تەرەققىيپەرۋەر زىيالىيلارنىڭ باشچىلىقىدا، 1925 - يىلى سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ قازان شەھىرىدىن بىر يۈرۈش تاش مەتبەئە سايمانلىرى كىرگۈزۈلۈپ، مەكتەپلەرگە كېرەكلىك ئوقۇتۇش ماتېرىياللىرى بېسىپ تارقىتىلىپ، ئوقۇتۇش ماتېرىياللىرى مەسىلىسى ھەل قىلىنىدى. مانا بۇ مەتبۇئات ئىشلىرىنىڭ تارباغاتايدا باشلىنىشى ئىدى. «تۇران» مەكتىپىنىڭ ئوقۇتقۇچىلىرى نىياز ئىسھاقىينىڭ باشچىلىقىدا تاش مەتبەئەدىن پايدىلىنىپ ئەدەبىي ۋە سىياسىي ماقالىلەرنى بېسىپ زىيالىيلار ئىچىدە تارقىتىپ، ئۆزئارا پىكىر ئالماشتۇر-

دى. كېيىن ئۇلار مۇشۇ قەرەلسىز نەشر ئەپكارىنى «بىزنىڭ تاۋۇش» نامىدىكى ئۇيغۇرچە ھەپتىلىك گېزىتكە ئۆزگەرتىپ، ئۇنى قەرەللىك گېزىت دەرىجىسىگە كۆتۈردى. گېزىتكە نىياز ئىسھاقىي مەسئۇل مۇھەررىر، مىرىۇسۇپ ئەپەندى مۇھەررىر، فۇئات ئابدۇرېشىت خەت يازغۇچى بولدى. گېزىتتە ئۇيغۇر تىلى ئاساسىدىكى چۆچەك يەرلىك ئورتاق تىلى قوللىنىلدى.

«بىزنىڭ تاۋۇش» گېزىتى — شىنجاڭدا تۇنجى قېتىم نەشر قىلىنغان قەرەللىك گېزىت. 1930 — 1931 - يىللىرى «بىزنىڭ تاۋۇش» گېزىتىدە ئېلان قىلىنغان «سارتمۇ ياكى ئۇيغۇرمۇ؟» سەرلەۋھىلىك ماقالىدە ياڭ زېڭشىن، جىن شۇرېن ھاكىمىيىتىنىڭ شىنجاڭدىكى ئاز سانلىق مىللەتلەرنى ئېزىشىگە ۋە مىللىي كەمسىتىشىگە قارشى تۇرۇپ، ئۇيغۇر مىللىتىنىڭ ئەسلىدىكى ھەقىقىي نامىنى ئەسلىگە كەلتۈرۈش تەلەپ قىلىنغان. «بىزنىڭ تاۋۇش» گېزىتىدە قازاق ۋە باشقا قېرىنداش مىللەت زىيالىيلىرىمۇ ئۆز تىلىدا ماقالە يېزىپ، گېزىتنىڭ ياخشى نەشر قىلىنىشى ئۈچۈن ئۆز تۆھپىلىرىنى قوشقان. شۇڭلاشقا «بىزنىڭ تاۋۇش» گېزىتىنىڭ تەسىرى كېڭىيىپ، خەلق ئاممىسىنىڭ قولدىن - قولغا ئېلىپ ئوقۇيدىغان كۆچلۈك مەنىۋى ئوزۇقىغا ئايلانغان. خەلقنى «نادان تۇتۇش» سىياسىتىنى قوللانغان جىن شۇرېن ھۆكۈمىتى 1932 - يىلىنىڭ بېشىدا «بىزنىڭ تاۋۇش» گېزىتىنى مەجبۇرىي توختىتىۋېتىدۇ.

1933 - يىلى «12 - ئاپرېل» ئۆزگىرىشىدىن كېيىن، شېڭ شىسەي ئۆز ھاكىمىيىتىنى مۇستەھكەملەش ئۈچۈن ئاتالمىش «ئالتە سىياسەت»نى يولغا قويىدۇ، شۇنداقلا ئۇ «بىزنىڭ تاۋۇش» گېزىت ئىدارىسى ۋە «بىزنىڭ مەتبەئە» شىركىتىنى قۇرۇپ، «بىزنىڭ تاۋۇش» گېزىتىنى ئەسلىگە كەلتۈرۈپ، ئۇنى ھەپتىلىك گېزىت قىلىدۇ. 1934 - يىل 21 - مايدىن باشلاپ جەمئىيەتكە ئوچۇق تارقىتىدۇ. تارباغاتاي ۋىلايىتىدە تۇنجى پەيدا بولغان «بىزنىڭ تاۋۇش» گېزىتى شەھەر ۋە يېزىلاردا كەڭ تارقىتىلىپ،

ھەر مىللەت خەلقىنىڭ قىزغىن قارشى ئېلىشىغا ئېرىشىدۇ. نىياز ئىسھاقبېي، ھىسام باۋىن، مىرىيۇسۇپ مىرزاھىت قاتارلىق زىيالىيلار خەلق ئاممىسىنى يېڭىلىققا يېتەكلەش، ئىنقىلابقا، كۆرەشكە چاقىرىشتا گېزىتتىن ئىبارەت مۇشۇ بىر جانلىق قورالدىن ئەپچىللىك بىلەن پايدىلىنىدۇ.

«بىزنىڭ تاۋۇش» گېزىتى ئاياللار مائارىپىنىڭ ئومۇملىشىشى ئۈچۈن جامائەت پىكرى ھازىرلاپ، ئاتا ـ ئانىلارنىڭ خۇراپىي كۆز قاراشتىن ئازاد بولۇپ، قىزلىرىنى مەكتەپتە ئوقۇتۇشىنى تەشەببۇس قىلىپ، ئۇلارغا يېڭىچە مائارىپنىڭ ئەۋزەللىكىنى، دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق ساھەسىدىكى پەن ـ تېخنىكا نەتىجىلىرىنى تارباغاتايدا ئومۇملاشتۇرۇشنىڭ مۇھىملىقىنى جانلىق مىساللار بىلەن چۈشەندۈردى.

«بىزنىڭ تاۋۇش» گېزىتى كۆتۈرۈپ چىققان سىياسىي كۆز قاراش ۋە ئۇنىڭ رولىدىن كېلىپ چىققان ئىجتىمائىي تەسىردىن بىئارام بولغان شېڭ شىسەي ھۆكۈمىتى گېزىتنى يوقىتىشنىڭ غېمىگە چۈشىدۇ ـ دە، 1935 ـ يىلى چەت ئەلدىن مىق مەتبەئە ئۈسكۈنىلىرىنى كىرگۈزۈپ، چۆچەك شەھىرىدە گېزىت ئىدارىسى قۇرۇپ، خەنزۇچە ئۇيغۇرچە «شىنجاڭ گېزىتى»نىڭ «چۆچەك بېتى»نى نەشر قىلىپ، «بىزنىڭ تاۋۇش» گېزىتىنى قىرقىپ تاشلايدۇ. تەرەققىيپەرۋەر زىيالىيلار نىياز ئىسھاقبېينىڭ باشچىلىقىدا ئۇسۇلىنى ئۆزگەرتىپ، «چۆچەك ئۇيغۇر مەدەنىي ئاقارتىش ئۇيۇشمىسى» تارمىقىدا 1935 ـ يىلى ئىيۇلدىن باشلاپ «يېڭى شىنجاڭ» ژۇرنىلىنى نەشر قىلىپ تارقىتىدۇ.

1937 ـ يىلى چۆچەك «موڭغۇل ـ قازاق مەدەنىي ئاقارتىش ئۇيۇشمىسى»نىڭ قارمىقىدا داشجاپ قاتارلىق موڭغۇل زىيالىيلىرىنىڭ تىرىشچانلىق كۆرسىتىشى بىلەن شىنجاڭدىكى تۇنجى موڭغۇلچە گېزىت نەشر قىلىنىپ، شاپىگراپتا بېسىلىپ تارقىتىلىدۇ.

ئەكسىيەتچى ھۆكۈمەت 1938 ـ يىل 20 ـ مارت كۈنى نى-

ياز ئىسھاقبېگىنى قولغا ئېلىپ ۋەھشىيلىك بىلەن ئۆلتۈرىدۇ. «يېڭى شىنجاڭ» ژۇرنىلىنى قاتتىق نازارەت ئاستىغا ئېلىپ، «شىنجاڭ گېزىتى»نىڭ «چۆچەك بېتى»نى بىر مەزگىل شېڭ شىسەينىڭ سىياسىتى ئۈچۈن خىزمەت قىلدۇرىدۇ.

1943 ـ يىل 1 ـ يانۋار كۈنى چۆچەك شەھىرىدە گومىنداڭ چۆچەك ناھىيەلىك پىرقىسىنى قۇرۇش بىلەن تەڭ تېررورلۇق ھۆكۈم سۈرۈپ، خەلق ئاممىسى مەتبۇئات ئەركىنلىكىدىن مەھ- رۇم بولىدۇ.

1945 ـ يىل 31 ـ ئىيۇل كۈنى چۆچەك شەھىرى ئۈچ ۋىلا- يەت ئىنقىلابى ئارمىيىسى ۋە پارتىزانلار تەرىپىدىن تىنچلىق بىد- لەن ئازاد قىلىنىدۇ ۋە ئۈچ ۋىلايەت ۋاقىتلىق ھۆكۈمىتىنىڭ تارباغاتاي ۋىلايەتلىك ۋالىي مەھكىمىسى قۇرۇلىدۇ. ۋالىي مەھ- كىمىسى 4 ـ ئاۋغۇست دەرھال گېزىت ئىدارىسى قۇرۇپ، تاربا- غاتاي ۋىلايەتلىك ۋالىي مەھكىمىسىنىڭ نەشر ئەپكارى — «خەلق ئاۋازى» گېزىتىنى نەشر قىلىدۇ.

«خەلق ئاۋازى» گېزىتىدە چۆچەك يەرلىك ئورتاق تىلى ئا- ساس قىلىنىپ، قازاقچە، تاتارچە، ئۆزبېكچە تىللاردا يېزىلغان ماقالىلەر ئېلان قىلىنىدۇ. خەلق ئاممىسى مەدەنىيەت ـ مائارىپ سەۋىيىسىنى ئۆستۈرۈش ئۈچۈن، گېزىتتە ھەر ھەپتىدە بىر قې- تىم مەخسۇس «ئوقۇتقۇچى» سەھىپىسى، كۈندە بىر قېتىم «ئەدە- بىيات تېڭى» سەھىپىسى، ئاياللارنىڭ جەمئىيەتتىكى ئورنىنى تىكلەش، خۇراپىي ئىللەتلەرنى يوقىتىش مەقسىتىدە 15 كۈندە بىر قېتىم «تارباغاتاي ئاياللىرى» سەھىپىسى ئېچىلىدۇ.

1945 ـ يىلى تارباغاتاي ۋالىي مەھكىمىسى «خەلق ئاۋازى» گېزىتىنى نەشر قىلىش بىلەن بىر ۋاقىتتا، موڭغۇل خەلقىنىڭ مەتبۇئات تەلىپىنى قاندۇرۇش ئۈچۈن گېزىت ئىدارىسىدە موڭ- غۇلچە گېزىت تەھرىر بۆلۈمى تەسىس قىلىپ، موڭغۇل تىلىدا گېزىت نەشر قىلىپ، شافىگراپتا بېسىپ تارقاتتى.

1949 ـ يىلى مارت، ئۈچ ۋىلايەت ھۆكۈمىتى ئىنقىلابىي

ياشلار تەشكىلاتىنىڭ تارباغاتاي ۋىلايەتلىك كومىتېتى قۇرۇلدى. كومىتېت تەشۋىقات خىزمىتىنى جانلاندۇرۇش ئۈچۈن شۇ يىلى 21 ـ سېنتەبىردىن باشلاپ ئىنقىلابچىل ياشلار تەشكىلاتى تارباغاتاي ۋىلايەتلىك كومىتېتىنىڭ نەشر ئەپكارى ـــ «ئىنقىلابچىل ياشلار» گېزىتىنى نەشر قىلدى. «ئىنقىلابچىل ياشلار» گېزىتى ھەپتىدە بىر سان چىقىرىلدى. گېزىتنىڭ 4 ـ بېتى مەخسۇس رۇس تىلىدا، قالغان بەتلىرى ئۇيغۇر تىلى ئاساسىدىكى چۆچەك يەرلىك ئورتاق تىلى ئاساسىدا نەشر قىلىندى.

«ئىنقىلابچىل ياشلار» گېزىتىدە ئەينى ۋاقىتتا ئابدۇكېرىم ئابباسوفنىڭ رەھبەرلىكىدە قۇرۇلغان «خەلق ئىنقىلابى پارتىيەسى» (H I P) نىڭ پروگراممىلىرىنى ھەر مىللەت ياشلىرى ئىچىدە تەشۋىق قىلىش قوشۇمچە ۋەزىپە قىلىنىپ، ياشلارغا ماركسىزم پرىنسىپلىرى، كوممۇنىستىك ئىدىيە ۋە سوتسىيالىستىك ئىنقىلابنىڭ مەقسىتى تونۇشتۇرۇلىدۇ. 1948 ـ يىلى ئىنقىلابچىل ياشلار تەشكىلاتىنىڭ تارباغاتاي ۋىلايەتلىك كومىتېتى گېزىت كىچىك بولغاچقا، ھەر مىللەت ياشلىرىنىڭ تەلىپىنى قاندۇرالمايۋاتقانلىقىنى نەزەرگە ئېلىپ، شۇ يىلى ئىيۇندىن باشلاپ گېزىتنى «ئىنقىلابچىل ياشلار» ژۇرنىلىغا ئۆزگەرتىدۇ ۋە ژۇرنالغا مەخسۇس تەھرىر ھەيئىتى قۇرىدۇ. «ئىنقىلابچىل ياشلار» ژۇرنىلى ئايلىق ژۇرنال بولۇپ، 16 فورماتلىق، ھەر بىر سانى 50 ـ 60 بەت ئەتراپىدا چىقىدۇ.

1945 ـ يىل 8 ـ ئۆكتەبىردە قازاق خەلقى قازاق تىلىدا گېزىت چىقىرىپ بېرىشنى تەلەپ قىلىدۇ. «خەلق ئاۋازى» گېزىتى ئىدارىسى بۇ ھەقتە ۋالىي مەھكىمىسىگە دوكلات يازىدۇ، مۇئاۋىن ۋالى قاسىماخۇن ئىسمايىلوف 9 ـ ئۆكتەبىردە ئۇشبۇ ئالاقىگە: «قازاق تىلىدا گېزىت چىقىرىش ئۇرۇشتىن كېيىن ھەل بولىدۇ. ھازىرقى ئورتاق تىلدىكى گېزىتىمىز ھەممىگە قولايلىق» دەپ جاۋاب بېرىدۇ. 1946 ـ يىلى بىتىم ئېلان قىلىنغاندىن كېيىن تارباغاتاي ۋىلايەتلىك ۋالىي مەھكىمە تارباغاتايدىكى

قازاق خەلقىنىڭ تەلپىگە ئاساسەن قازاق تىلىدا «دۆربىلجىن خەۋەرلىرى» ناملىق ھەپتىلىك گېزىتنى نەشر قىلىدۇ. بۇ، تار-باغاتاي ۋىلايىتىنىڭ تارىخىدا تۇنجى قېتىم نەشر قىلىنغان قازاق تىلىدىكى گېزىت بولۇپ، كەڭ خەلق ئاممىسىنىڭ قىزغىن قار-شى ئېلىشىغا ئىگە بولىدۇ.

1948 - يىلى 1 - ئاۋغۇستتا يولداش ئەخمەتجان قاسىمىنىڭ رەھبەرلىكىدە غۇلجا شەھىرىدە «شىنجاڭدا تىنچلىق ۋە خەلقچىل-لىقنى ھىمايە قىلىش ئىتتىپاقى» (تۆۋەندە قىسقارتىلىپ «ئىت-تىپاق» دېيىلىدۇ) قۇرۇلىدۇ. شۇ يىلى 9 - سېنتەبىردە «ئىتتى-پاق»نىڭ تارباغاتاي ۋىلايەتلىك تەشكىلىي ھەيئىتى قۇرۇلىدۇ. 21 - سېنتەبىردە «ئىتتىپاق» تارباغاتاي ۋىلايەتلىك كومىتېتى-نىڭ ئورگان گېزىتى — «خەلقچى» گېزىتىنى نەشر قىلىدۇ. گېزىتتە تارباغاتاي ۋىلايىتىدىكى مەتبۇئات ئىشلىرىنىڭ ئەنئە-نىسى قوبۇل قىلىنىپ، ئۇيغۇر تىلى ئاساسىدىكى چۆچەك يەرلىك ئورتاق تىلى ئاساس قىلىنىپ، ھەر مىللەت تىلىدىكى ماقالىلەر ئارىلاش بېسىلىدۇ.

«ئىتتىپاق» تارباغاتاي ۋىلايەتلىك تەشكىلىي ھەيئىتى پەقەت «خەلقچى» گېزىتىگىلا تايانغاندا ھەر مىللەت خەلقىنىڭ تەلپىنى قاندۇرغىلى بولمايدىغانلىقىنى نەزەرگە ئېلىپ، 1949 - يىلى 17 - فېۋرالدىن باشلاپ ئۆزىنىڭ ئايلىق نەشر ئەپكارى بولغان سىيا-سىي، ئىقتىسادىي، ئىجتىمائىي ۋە ئەدەبىي ژۇرنال — «بىرلىك» ژۇرنىلىنى نەشر قىلىدۇ. تارباغاتاي ۋىلايەتلىك ۋالىي مەھكىمە رۇس خەلقىنىڭ مەتبۇئات تەلپىنى قاندۇرۇش ئۈچۈن رۇس تى-لىدىكى ھەپتىلىك نەشر ئەپكارى — «دېموكرات» گېزىتىنى نەشر قىلىدۇ. 1945 - يىلى چۆچەك ئازاد بولغاندىن كېيىن ئۈچ ۋىلايەت ھۆكۈمىتى مەركىزىي ھۆكۈمەت نامىدا خەنزۇ تىلىدا گېزىت چىقىرىش ئۈچۈن چۆچەكتىكى خەنزۇچە مەتبەئە سايماز-لىرىنى غۇلجا شەھىرىگە يۆتكەپ كەتكەچكە، تارباغاتاي ۋالىي مەھكىمىسى خەنزۇ تىلىدا گېزىت - ژۇرنال نەشر قىلالمىغانى-

دى. 1949 ـ يىلى 1 ـ سېنتەبىردە ئېچىلغان «ئىتتىپاق» تاربا-
غاتاي ۋىلايەتلىك تەشكىلىي ھەيئەت ئەزالىرىنىڭ يىغىنىدا، تار-
باغاتايدىكى خەنزۇ قېرىنداشلارنىڭ مەتبۇئات تەلىپىنى قاندۇرۇش
ئۈچۈن، ۋىلايەتلىك تەشكىلىي ھەيئەتنىڭ خەنزۇ تىلىدىكى ھەپ-
تىلىك نەشر ئەپكارى — «团结报» (بىرلىك گېزىتى)نى ماي
مەتبەئەدە نەشر قىلىش قارار قىلىندۇ، «بىرلىك گېزىتى» 9 ـ
سېنتەبىر «ئىتتىپاق» ۋىلايەتلىك تەشكىلىي ھەيئەت قۇرۇلغانلى-
قىنىڭ بىر يىللىقىنى تەبرىكلەش مۇناسىۋىتى بىلەن رەسمىي
نەشر قىلىنىپ، تارقىتىلىدۇ.

دېمەك، ئەينى ۋاقىتتا تارباغاتاي ۋىلايىتىدە بەش خىل تىلدا
ئالتە گېزىت «خەلقچى»، «خەلق ئاۋازى»، «دېموكرات»، «دۆربىل-
جىن خەۋەرلىرى»، موڭغۇلچە گېزىت ۋە «بىرلىك گېزىتى»نىڭ
نەشر قىلىنغانلىقى تارباغاتايدا مەتبۇئات ئىشلىرىنىڭ خېلى تە-
رەققىي قىلغانلىقىنى چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇ.

تارباغاتاي ۋىلايەتلىك «خەلق ئاۋازى» مەتبەئەسى ھەر خىل
زاكازلارنى قوبۇل قىلغاندىن باشقا، مائارىپنى تەرەققىي قىلدۇ-
رۇش ئۈچۈن مەكتەپلەرگە لازىملىق ئوقۇتۇش قوراللىرىدىنمۇ
نەشر قىلىپ دەرسلىك مەسىلىسىنى ھەل قىلغان.

# 1949 ـ يىلدىن بۇرۇنقى ئۇچتۇرپان مائارىپى

## تۇرسۇن بارات

20 ـ ئەسىر دۇنيادا ئىلىم ـ پەن پارتلىغان دەۋر بولۇپ، ئۇ ئاتوم دەۋرى دەپ ئاتالسىمۇ، لېكىن شىنجاڭ جۈملىدىن ئۇچتۇرپان تېخى سوت ئۇيقۇسىدا بولۇپ، ھېچ نەرسىدىن خەۋەرسىز ئىدى. جۇڭگودا پادىشاھلىق تۈزۈمگە قارشى قوزغالغان 1911 ـ يىلدىكى شىنخەي ئىنقىلابىنىڭ تۈرتكىسى بىلەن ئۇچتۇرپاندا يېڭى مائارىپ دولقۇنى قوزغالدى. شۇ يىللاردا ھەر خىل يەرلىك مەنسەپدار، تەرجىمان يېتىشتۈرۈش ئۈچۈن ئۇچتۇرپان بازىرى، ئاقيار، ئاچتاغ، ئىماملىرىم، ياركۆۋرۈك، ئوتبېشى، يامانسۇ قاتارلىق سەككىز ئورۇندا ھۆكۈمەت راسخوتى بىلەن ئوقۇيدىغان سەككىز سىنىپلىق شۆتاڭ قۇرۇلدى. شۆتاڭدا ھەربىر سىنىپتا 30 دىن جەمئىي 240 بالا ئوقۇدى. دەرس خەنزۇ تىلىدا ئۆتۈلگەن بولۇپ، ئوقۇش مۇددىتى 3 ~ 5 يىلغىچە بولدى. بۇ خىل شۆتاڭدا ئوقۇش 1930 ـ يىلغىچە داۋاملاشتى.

1917 ـ يىلىدىكى ئۆكتەبىر ئىنقىلابىنىڭ توپ ئاۋازى سوۋېت قىرغىزىستان جۇمھۇرىيىتىگە قوشنا بولغان ئۇچتۇرپان خەلقىنىمۇ ئويغاتتى. ئوتتۇرا ئاسىيا، جۈملىدىن قىرغىزىستاندىكى ئاقارتىش ھەرىكىتىنىڭ تەسىرى تېخىمۇ زور بولدى. بۇنىڭ تەسىرى بىلەن 1920 ـ يىلى تۇنجى قېتىم مۇسا موللام ئاچقان دىنىي مەكتەپتە سودىگەر، ھۈنەرۋەنلەرنى ئاساس قىلغان يىگىرمە ساۋات چىقىرىش سىنىپى ئېچىلدى. بۇ سىنىپقا 103 ئوقۇغۇچى قوبۇل قىلىنغان بولۇپ، ئوقۇغۇچىلار ھەر كۈنى

بامدات نامىزىدىن يېنىپ ئىككى سائەت ئوقۇغان. كېيىنچە ئاب-دۇقادىر ئاقساقال قاتارلىق تەرەققىيپەرۋەر كىشىلەرنىڭ مەبلەغ توپلىشى ئارقىلىق ئابدۇقادىر ئاقساقالنىڭ شەھەردىكى ھويلى-سىدا تۆت سىنىپلىق پەننىي ئىپتىدائىي مەكتەپ قۇرۇلدى. ئۇ مەكتەپكە دەسلەپتە 150 ئوقۇغۇچى قوبۇل قىلىندى، شۇ دەۋردە ئۇچتۇرپاندا بىلىملىك ھېسابلانغان كىشىلەردىن زۇنۇن ھاجىم، ئابابەكرى خەلپىتىم، سوۋېتتىن كەلگەن قارىۋاي موللا دېگەن كىشىلەر ئوقۇتقۇچىلىققا تەكلىپ قىلىندى. بۇ مەكتەپ قۇرۇ-لۇپ ئۇزۇن ئۆتمەي يەتتە قىزلىرىم مازىرىنىڭ يېنىدا، قىرغىز زىيالى ئابلا موللىنىڭ يېتەكچىلىكىدە ئابلا موللا مەكتىپى، ئاقيار يېزىسىنىڭ قازغان كەنتىدە ياقۇپ داموللا مەكتىپى دەپ ئاتالغان خۇسۇسىيلار باشقۇرغان پەننىي مەكتەپ قۇرۇلدى. بۇ مەكتەپتە دىن دەرسى، تۆت ئەمەل، ئانا تىل، چوت، شېئىر، تەنتەربىيە دەرسلىرى ئۆتۈلدى. خۇسۇسىيلار باشقۇرغان بۇ مەكتەپلەر تاكى 1930 ـ يىلغىچە داۋاملاشتى.

1933 ـ يىل 4 ـ ئاينىڭ 12 ـ كۈنى شېڭ شىسەي تو-پىلاڭدىن توقاچ ئوغرىلاپ ھاكىمىيەت بېشىغا چىقتى. شۇنىڭ-دىن كېيىن ئالتە بۈيۈك سىياسەتنى ئوتتۇرىغا قويدى. شېڭ شىسەينىڭ بۇ ئالتە بۈيۈك سىياسىتى ئەينى يىللاردا شېڭ شىسەينى نىقابلاش رولىنى ئوينىغاندىن باشقا ئەسىرلەر بويى ئۇيقۇدا ياتقان ئۇچتۇرپان خەلقىنى ئويغىتىش، مائارىپقا، يېڭى ئىلىم ـ پەنگە يۈرۈش قىلىشقا ئۇندەش رولىنىمۇ ئوينىدى. 1933 ـ يىلىنىڭ 7 ـ، 8 ـ ئايلىرىدا ھاشىم ئاقساقال، تۇردا-خۇن خەلپىتىم، ئېلى ئەھمىدى، ياقۇپ سەئىدى رەئىسلىكىدى-كى ئۇيغۇر مەدەنىي ئاقارتىش ئۇيۇشمىسى قۇرۇلدى. بۇ ئۇيۇش-ما ھازىرقى ئۇچتۇرپان ناھىيىلىك 3 ـ باشلانغۇچ مەكتەپنىڭ ئورنىغا خىزمەت بىناسى، كۇلۇپ سېلىپ ھەر خىل مەدەنىي پا-ئالىيەتلەرنى قانات يايدۇردى. يۇرت مۆتىۋەرلىرى بىلەن مەسلى-ھەتلىشىپ، شۇ كەمگىچە ھېچكىم قىلىشقا پېتىنالمىغان مازار، مەسچىت، مەدرىسە ـ جامەلەرنىڭ ۋەخپە يەر كىرىمىنى ئۆشرە ـ

زاكات، قۇربانلىق ئۈچۈن سويۇلغان قويلارنىڭ تېرىسىنى يىغىپ باشقۇرۇپ، ئۇنىڭدىن كىرگەن كىرىمنى مەدەنىيەت مائارىپ ئىشلىرى ئۈچۈن سەرپ قىلىشنى قارار قىلدى. ئۇيغۇر ئۇيۇش-مىسى 1933 - يىل 9 - ئايدا بۇرۇنقى خۇسۇسىيلار ئاچقان مەكتەپنىڭ ئوقۇغۇچىلىرىدىن ياخشىلىرىنى تاللاپ، هازىرقى تاشقى سودا ئىدارىسىنىڭ ئورنىدا بىر سىنىپلىق يېڭىچە پەن-نىي مەكتەپ قۇردى. مەكتەپنىڭ نامىنى «سۇلتان سۇتۇق بۇغراخان مەكتىپى» دەپ ئاتىدى. بۇ مەكتەپ قۇرۇلۇپ ئۇزۇن ئۆتمەي ئاقسۇ دارىلمۇئەللىمىننىڭ قۇرغۇچىسى، ئاتاقلىق پېداگوك، شائىر مەمتىمىن قارى هاجى (سوپى زادە) ئۆز ئوقۇ-غۇچىلىرىدىن ئىبراهىم سامى (سامى ئەپەندى)، ئىبراهىم ئىد-رىس، ئەمەتخان، مىركېرەم، هاجى ياقۇپ قاتارلىقلار بىلەن بىرگە سۇلتان سۇتۇق بۇغراخان مەكتىپىگە كېلىپ، داغدۇغى-لىق ئىمتىهان ئېلىش ئارقىلىق، 28 ئوقۇغۇچىنى تاللاپ شۇ مەكتەپنىڭ ئىچىدە ئۈچ ئايلىق دارىلمۇئەللىمىن سىنىپى ئې-چىپ ئوقۇتقۇچى تەربىيىلىدى. بۇ مەكتەپنىڭ نامى «تۇرانىيە مەكتىپى» دەپ ئاتالدى. دارىلمۇئەللىمىن مەكتىپىنىڭ ئوقۇ-غۇچىلىرى 1933 - يىل 12 - ئايدا ئوقۇش پۈتتۈرۈپ يې-زىلاردا يېڭى مەكتەپ قۇرۇش بىلەن شۇغۇللاندى.

1933 - يىلدىن 1936 - يىلغىچە سۇلتان سۇتۇق بۇغرا-خان مەكتىپى (كېيىن سوۋىيى مەكتىپى دەپ ئاتالغان) ئىچى-دىكى دارىلمۇئەللىمىن سىنىپىدا تۆت قاتاردا ئوقۇغۇچى تەربى-يىلىنىپ، ئۈچتۇرپاننىڭ ئوقۇتقۇچى يېتىشمەسلىك قىيىنچى-لىقى هەل قىلىندى.

ئومۇمەن 30 -، 40 - يىللاردا ئۈچتۇرپاننىڭ مىللىي ما-ئارىپ ۋە ئىجتىمائىي مائارىپ ئىشلىرى خېلى يۈكسەلدى. با-لىلارلا مەكتەپتە ئوقۇپ قالماستىن بەلكى مەكتەپ قارىسى كۆرمىگەن ساۋاتسىزلارمۇ كەچلىك ساۋات چىقىرىش كۇرسلى-رىغا قاتناشتۇرۇلدى. بۇ دەۋردە ئۈچتۇرپاننىڭ ئاقيار، يامانسۇ، ئوتبېشى، باشئايماق، ناهىيە بازىرىدىن ئىبارەت بەش ئورۇندا

ھۆكۇمەت مەكتىپى قۇرۇلۇپ، سىنىپ 20 گە، ئوقۇتقۇچى 30 غا، ئوقۇغۇچى 1000 غا يەتتى. ئۇنىڭدىن باشقا ناھىيە بويىچە 37 ئورۇندا خەلق باشقۇرۇشىدىكى مەكتەپ قۇرۇلۇپ، سىنىپى 100 گە، ئوقۇتقۇچىسى 127 گە، ئوقۇغۇچى 3000 غا يەتتى. بۇنىڭدىن باشقا ناھىيە بازىرىدا يېتىم باللار ئۈچۈن ئىككى سىنىپلىق دارىلئېتام قۇرۇلۇپ، 60 ئوقۇغۇچى قوبۇل قىلىندى. بۇ باللارنىڭ ئوقۇش، تاماق، كىيىم ـ كېچەكنى ئۇيغۇر ئۇيۇشمىسى ئۈستىگە ئالدى. بۇ مەكتەپنىڭ ئوقۇ ـ ئوقۇتۇش، تەلىم ـ تەربىيە ئىشلىرى ناھايىتى جانلىق بولۇپ، ناھىيە بويىچە باشقا مەكتەپلەرگە ئۈلگە بولدى.

شېڭ شىسەي دەۋرىدە ئۈچتۇرپاندا ئۇيغۇر ئۇيۇشمىسى قۇرۇلۇپ، ئۇيغۇر مىللىي مائارىپى راۋاجلىنىپلا قالماستىن بەلكى 1936 ـ يىلى قىرغىز ـ قازاق ئۇيۇشمىسى قۇرۇلۇپ، قىرغىز مىللىي مائارىپمۇ زور كۆلەمدە تەرەققىي قىلدى. قىرغىز ـ قازاق ئۇيۇشمىسى قارمىقىدا رەئىس، كاتىبات، مەدەنىيەت ـ تەشۋىقات، تەشكىلات، مالىيە بۆلۈملىرى تەسىس قىلىنىپ، 30 غا يېقىن ئىشچى ـ خىزمەتچى ئىشلىدى. 1936 ـ يىلى قىرغىز ـ قازاق ئۇيۇشمىسى باشچىلىقىدا قاقشالدا تۆت مەركىزىي مەكتەپ قۇرۇلۇپ، يېڭى ئىلىمگە يۈرۈش قىلىندى. بۇ مەكتەپلەرگە بۇرۇن دىنىي مەكتەپلەردە ئوقۇغان ئوقۇغۇچىلار قوبۇل قىلىندى. 1937 ـ يىلى ئۈچتۇرپان، قاقشال، ئاقسۇ كوناشەھەردىكى تاغلاق، بوزدۆڭ قاتارلىق جايلاردىكى 30 ئورۇندا مەكتەپ قۇرۇلۇپ قىرغىز يېڭى مائارىپى تازا گۈللەنگەن. بۇ مەكتەپلەرگە سوۋېت قىرغىزىستاندىن ھەر خىل سەۋەبلەر بىلەن قايتىپ كەلگەن قىرغىز زىيالىيلار، يەرلىكتىكى بىلىملىك كىشىلەر ۋە ئەلا ئوقۇغان ئوقۇغۇچىلار ئوقۇتقۇچىلىققا تەكلىپ قىلىندى. 1938 ـ يىلدىكى ستاتىستىكىغا ئاساسلانغاندا، 13 ئورۇندا ھۆكۇمەت باشقۇرۇشىدىكى قىرغىزچە مەكتەپ، 17 ئورۇندا ئۇيۇشما باشقۇرۇشىدىكى قىرغىزچە مەكتەپ قۇرۇلغان.

ئۈچتۇرپاندا قۇرۇلغان ھۆكۇمەت ۋە ئۇيۇشما باشقۇرۇشىدى-

كى بارلىق مەكتەپلەردە سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ ئۆزبېكىستان، قىرغىزىستان جۇمھۇرىيەتلىرىدە تۈزۈلگەن ئانا تىلى، ھېساب، ئوقۇش كىتابى، ئېلىپبە، جۇغراپىيە، تارىخ، تەبىئەت، ھۆسنـ-خەت، بوتانىكا، زوئولوگىيە، ئاناتومىيە، تەنتەربىيە، شېئىر، رەسىم قاتارلىق دەرسلىكلەر ئاساس قىلىنىپ ئۆتۈلدى.

شېڭ شىسەينىڭ سوۋېت ئىتتىپاقى بىلەن دوست بولۇش سىياسىتى ھەم ستالىنىنىڭ 1925 ـ 1937 ـ يىلغىچە ئوتتۇرا ئاسىيا جۇمھۇرىيەتلىرىدىكى ئۇيغۇرلارغا يۈرگۈزگەن سىياسىـ-تىنىڭ تەسىرى بىلەن بىر قىسىم ئۇيغۇر زىيالىيلىرى شىنـ-جاڭغا جۇملىدىن ئوچتۇرپانغا قېچىپ كەلدى. بۇلارنىڭ بەزىلىـ-رى يېڭى تېخنىكا، يېڭى مەدەنىيەت ئېلىپ كەلدى. قىسقىسى بۇ زىيالىيلار كەلگەندىن كېيىن ئوچتۇرپاننىڭ مەدەنىيەت، ماـ-ئارىپ ئىشلىرى ناھايىتى يۈكسەلدى. مەكتەپلەرنىڭ ئوقۇ ـ ئوقۇتۇش ئىشلىرىمۇ جانلاندى.

ئىنقىلابىي قۇربان لىن جىلۇ 1942 ـ يىل 1 ـ ئاينىڭ 15 ـ كۈنىدىن 5 ـ ئاينىڭ ئوتتۇرىغىچە ئوچتۇرپاندا ھاكىم بولۇپ تۇرغاندا مائارىپ ۋە ساۋاتسىزلىقنى تۈگىتىش ئىشلىرىـ-غا ناھايىتى كۆڭۈل بۆلدى. بىرقىسىم ئوقۇغۇچىلارنى ئاقسۇ دارىلمۇئەللىمىنگە، بىرقىسىم كادىرلارنى ئاقسۇ دارىلمۇئەللىـ-مىنىنىڭ قىسقا مۇددەتلىك كۇرسلىرىغا ئەۋەتتى. ئۇيغۇر، قىرـ-غىز، خەنزۇ، خۇيزۇ ئۇيۇشمىسى، ساقچى ئىدارىسى، قارىخانا، دېھقانلار جەمئىيىتى، ناھىيە بازىرىدىكى مەكتەپ قاتارلىق ئوـ-رۇنلاردىن 13 ئادەم ئاجرىتىپ ناھىيىلىك ساۋات چىقىرىشقا رەھبەرلىك قىلىش كومىتېتى قۇردى. بۇ كومىتېت 46 تەشۋىـ-قات گۇرۇپپىسى قۇرۇپ كەڭ كۆلەمدە تەشۋىقات ئېلىپ باردى. 1942 ـ يىلى 2 ـ ئايدىكى ستاتىستىكىغا قارىغاندا، ناھىيە بويىچە 50 ئورۇندا ساۋات چىقىرىش مەكتىپى قۇرۇلۇپ، سىنـ-ىپى 114 كە، ئوقۇغۇچىسى 6437 گە يەتكەن، 46 مۇئەللىم ۋە ئامما ئىچىدىن 86 ئادەم بۇ كەچ كۇرسىنىڭ ئوقۇتۇش ئىشىـ-نى ئۈستىگە ئالغان. 1944 ـ يىلىغا كەلگەندە قىشلىق ساۋات

چىقىرىش پائالىيىتى تازا ئەۋجىگە كۆتۈرۈلدى. بۇ كۇرسلارنىڭ راسخوتىنى ئۆيۈشما چىقىرىش، كۇرسانتلار ئىگىسى توپلاش ئۇسۇلى بىلەن ھەل قىلغان.

30 ـ، 40 ـ يىللاردا ئۈچتۇرپاندا سوۋېت ئىتتىپاقى بىلەن بولغان سودا ـ سېتىق خېلى راۋاجلانغان بولۇپ، ھۆكۈمەت ۋە شەخسلەرنىڭ بولۇپ 23 چوڭ شىركەت بار ئىدى. بۇنىڭغا ماسلىشىپ ئىدارىلەرمۇ كۆپەيدى. يېزا ۋە ئىدارە ـ شىركەتلەرنىڭ بوغالتىرغا بولغان ئېھتىياجىنى قاندۇرۇش ئۈچۈن، 1939 ـ يىلى ۋە 1940 ـ يىلى ئىككى قارار بوغالتىرلىق كۇرسى ئېچىلىپ 30 ئادەم تەربىيىلەندى. پېشقەدەم بوغالتىر مەمتىمىن خالىق بۇ كۇرسقا دەرس بەردى. بۇنىڭ نەتىجىسى ناھايىتى ياخشى بولغاچقا جامائەتچىلىكنىڭ ۋە ئىدارىلەرنىڭ ياخشى باھاسىغا ئېرىشكەن.

1943 ـ يىل 7 ـ ئايدا شېڭ شىسەي ھاكىمىيەتتىن چۈشۈپ گومىنداڭ ھاكىمىيەت بېشىغا چىقىپ 1949 ـ يىل 9 ـ ئاينىڭ 25 ـ كۈنىگىچە بولغان ئالتە يىلدا ئۈچتۇرپاننىڭ مائارىپى زور دەرىجىدە چېكىندى. سوۋېت ئىتتىپاقىدىن كىرگەن دەرسلىكلەرنى ئىشلىتىش بىردەك چەكلەندى. مەلۇم كەسىپىي بىلىمگە ئىگە ئىلغار پىكىرلىك ئوقۇتقۇچىلار مەكتەپلەردىن ھەيدەپ چىقىرىلىپ گومىنداڭنىڭ ئادەملىرى ئوقۇتقۇچى بولدى. 1945 ـ يىلى گومىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرى «ياش ئۇچقۇنلار ئىتتىپاقى»نىڭ ئۈچتۇرپاندىكى ئەزالىرىنى قەتلى قىلىپ، مەشھۇر «19 ـ سېنتەبىر قانلىق ۋەقەسى»نى پەيدا قىلدى. بۇ ۋەقەنىڭ تەسىرى بىلەن ئۈچتۇرپاندىكى بىر قىسىم ئوقۇتقۇچىلار تەرەپ ـ تەرەپلەرگە قېچىپ كېتىپ، خېلى كۆپ مەكتەپ تاقالدى. 1949 ـ يىلنىڭ بېشىدىكى ستاتىستىكىغا قارىغاندا، ناھىيە بويىچە ھۆكۈمەت باشقۇرۇشىدىكى ۋە ئۆيۈشما باشقۇرۇشىدىكى مەكتەپ 12 گە، سىنىپ 69 غا، ئوقۇغۇچى 2237 گە، ئوقۇتقۇچى 77 گە چۈشۈپ قالغان. مائارىپ يوقىلىش گىردابىغا كېلىپ قالغان.

ئۈچتۇرپان گەرچە كىچىك ناھىيە بولسىمۇ، 1949 ـ يىلـ
دىن ئىلگىرى جەمئىي 100 ئورۇندا دىنىي مەكتەپ بار بولۇپ،
بۇنىڭدا 2000 تالىپ، 120 دىن ئارتۇق مۇدەررىس (مۇئەللىم)
بولغان.

1949 ـ يىلدىن بۇرۇن ئۈچتۇرپاندىكى مەكتەپلەر يىل
دەۋرىنىڭ ئوخشىماسلىقىغا قاراپ دىنىي مەكتەپ، «شۆتاڭ»،
«ئىپتىدائىي خۇسۇسىي پەننىي مەكتەپ»، «ھۆكۈمەت باشقۇرۇ-
شىدىكى مەكتەپ»، «دۆلەت خەلق مەكتىپى»، «ئۇيۇشما باشقۇ-
رۇشىدىكى مەكتەپ» دەپ بىرقانچە خىل نام بىلەن ئاتالغان.
«شۆتاڭ»، «دۆلەت خەلق مەكتىپى»، «ھۆكۈمەت باشقۇرۇشىدىكى
مەكتەپ»لەر خاراكتېر جەھەتتىن بىر مەكتەپ بولۇپ، ئوخشى-
مىغان دەۋرلەردە ئوخشاش بولمىغان ئۈچ خىل نام بىلەن ئاتال-
غان، لېكىن خەلق ئىچىدە بولسا شەنلى مەكتەپ دېگەن نام بى-
لەن ئومۇملاشقان.

ئۇزۇن زامانلاردىن بۇيان دىنىي مەكتەپلەرگە موللىلار
خۇسۇسىي ئىگىدارچىلىق قىلغان. ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ ئۆيلىرى،
مەسچىت، مەدرىسلەردە بالا ئوقۇتقان. بۇ خىل مەكتەپلەر ۋە
مولالارنىڭ چىقىمىنى ئەل ـ جامائەت ئۆشرە ـ زاكات، ۋەخ-
پە يەر كىرىمى، ھەر خىل سەدىقىلەردىن بەھرىمەن قىلىش
ھەمدە تالىپ، تالىپلەردىن پەيشەنبىلىك يىغىش ئۇسۇلى بىلەن
ھەل قىلغان. شۆتاڭ ۋە شەنلى مەكتەپلەرنىڭ ئوقۇش راسخوتى
بىلەن ئوقۇتقۇچىلارنىڭ ئىش ھەققىنى ھۆكۈمەت ئۈستىگە ئال-
غان. خۇيلى مەكتەپتىكى ئوقۇتقۇچىلارنىڭ ئىش ھەققىنى،
مەكتەپ راسخوتىنى مەدەنىي ئاقارتىش ئۇيۇشمىسى ئۈستىگە
ئالغان. بۇ ئۇسۇل تاكى 1950 ـ يىلغىچە داۋاملاشقان.

# قومۇل ئۇيغۇر مائارىپىنىڭ تەرەققىياتى

## ئەخمەت ئىمىن ھاجى جۇبەيرى

### قۇمۇلنىڭ ئىپتىدائىي مائارىپى

لېنىن ئېيتقاندەك، «ئىنسانىيەت ئەۋلادىنى تەربىيىلەش — ئومۇمىي ۋە مەڭگۈلۈك كاتېگورىيە». شۇڭا، تەلىم - تەربىيە تارىخى ئىپتىدائىي جەمئىيەتتىنلا باشلانغان. ئۇ ئىنسانلارنىڭ ئىشلەپچىقىرىش، تۇرمۇش ئەمەلىيىتى بىلەن گىرەلىشىپ كەتكەن بولىدۇ. جۇملىدىن ئۇيغۇر مائارىپىمۇ ناھايىتى ئۇزۇن تارىخقا ئىگە.

1408 - 1410 - يىللىرى قۇمۇلدىكى ئۇيغۇرلار ئىسلام دىنىنى قوبۇل قىلغاندىن كېيىن، ئىسلام دىنىنى ئاساس قىلغان ئۇيغۇر مەدەنىيىتى ۋە مائارىپى شەكىللىنىشكە باشلىغان. شەھەر، يېزىلاردا مەسچىت، مەدرىسە ۋە خۇسۇسىي دىنىي مەكتەپلەر ئېچىلغان. «تارىخى ئەمنىيە»دە: «بېشىر ۋاڭ ئىلىم - بىلىم ئىشلىرىنى تەرەققىي قىلدۇرۇش ئۈچۈن مەكتەپ، مەدرىسلەر بىنا قىلىپ، تالىپلارنى يېتىشتۈرۈپ، تېبابەتچىلىككە كۆڭۈل بۆلۈپ، مىللىي تېبابەتچىلىكنى يولغا قويغان. داۋالاش جەھەتتە ئادەتتىن تاشقىرى كۈچ چىقارغان. قومۇل خەلقى ئىچىدە ئالىملار، موللىلار، ساۋاتلىقلار كۆپ، ساۋاتسىزلار كەمدىن - كەم ئىكەن» دەپ خاتىرىلەنگەن.

1813 - 1866 - يىللىرى قومۇلنىڭ مەدەنىيەت مائارىپى ئىسلام دىنىنى ئاساس قىلغان ھالدا راۋاجلانغان. قومۇلنىڭ چاھارباغ، راھەتباغ، ئاستانە، قارا دۆۋە قاتارلىق چوڭراق يېزىلىرىدىكى دىنىي مەكتەپلەر بىرقەدەر داڭلىق ئىدى. ئۇلاردا دىن

ۋە ھېساب قاتارلىق دەرسلەر ئۆتۈلەتتى. 1940 ـ يىللارغىچە چاھارباغدا توختى ئاخۇن خەلپەت ئاچقان مەكتەپتە ناھايىتى كۆپ بالا ئوقۇغان. قۇمۇلنىڭ ھازىرقى ئۆلىمالىرىدىن ئوسمانشاھ ھاجى، ئەيسا قارى ھاجى، ئۆمەر قارىلار توختى ئاخۇن خەلپەتتىن تەلىم ئالغان. كېيىن توختى ئاخۇن خەلپەتنىڭ ئوغلى ئابلىز داموللام 1950 ـ يىللارغىچە بۇ مەكتەپتە ئوقۇتۇشنى داۋاملاشتۇرغان.

قومۇل شەھەر ئىچى (قومۇلنىڭ كونا شەھىرى)دىكى چوڭ مەدرىسلەردە يۇزلىگەن تالىپلار ئىلىم تەھسىل قىلغان. داڭلىق ئالىم، ئۆلىما، مۇدەررىسلەر ھەر خىل ئىلىملەردىن دەرس بەرگەن. ۋاڭ ئوردىسىدا كۇتۇپخانا بولۇپ، نۇرغۇن كىتابلار كۆچۈرۈپ ساقلانغان.

دىنىي مەكتەپلەردىكى موللا ـ خەلپەت، مۇدەررىسلەرنىڭ ئىش ھەققى تۇراقلىق ئەمەس ئىدى. بەزىلىرى ئوقۇغۇچىلار ئېلىپ كەلگەن پەيشەنبىلىك، ئازنىلىق... سوۋغا ـ سالاملار (ئوتۇن، نان، ئۇن، گۇرۇچ، ياغ، گۆش قاتارلىقلار) بىلەن ۋە ئاتا ـ ئانىلار ئېلىپ كەلگەن سوۋغىلار بىلەن رازى بولاتتى. چوڭراق مەكتەپلەرگە شۇ مەھەللە جامائىتى ياكى شۇ يەرلىك يۇرت چوڭلىرى، بايلار مەلۇم كۆلەمدە يەر ـ زېمىننى مەسچىت بىلەن مەكتەپكە بىرلىكتە ۋەخپە قىلىپ بېرەتتى. موللا ـ خەلپەتلەر شۇ يەرلەرنى تېرىپ، ھوسۇلنى تۇرمۇشىغا ۋە مەكتەپنىڭ ئوقۇتۇش لازىمەتلىكلىرىگە ئىشلىتەتتى. مەدرىسلەرگە بولسا ۋاڭلىقتىن تېرىلغۇ يەر، باغ ـ ۋاران ۋەخپە قىلىپ بېرىلەتتى، يەنە ۋاقتى ـ ۋاقتىدا مەدرىسنىڭ بەزى خىراجەتلىرى ئۈچۈن خەزىنىدىن چىقىم قىلىنىپ تۇراتتى.

قومۇلدىكى ئىسلام مائارىپى ئۈچىقى بولغان چوڭ مەدرىسلەردىن ئىككىسى ھازىرغىچە ساقلىنىپ تۇرماقتا. ئۇنىڭ بىرى قۇمۇل كونا مەدرىسە. بۇ مەدرىسە قومۇل شەھەر ئىچىنىڭ ئوتتۇرىسى بولغان ئازنا بازار مەھەللىسىگە جايلاشقان. ئۇ ھە-

جىرىيە 1252 ـ يىلى (مىلادىيە 1831 ـ يىلى) مۇھەممەت بىر-شىرۋاڭ تەرىپىدىن سالدۇرۇلغان. ھازىرغىچە 163 يىللىق تا-رىخقا ئىگە. مەدرىسە ئۆلى يەردىن بىرەر مېتىردەك ئېگىز كۆ-تۈرۈلۈپ سېلىنغان. ئۇنىڭ ئىچىدە چوڭ ـ كىچىك مەسچىت، ئىككى تەرىپىدە دەرسخانا ۋە تالىپلار تۇرىدىغان ھۇجرىلار بار. مەدرىسە ئىشىكىنىڭ ئالدىغا مەدرىسەنىڭ بىنا قىلىنىشى ھەق-قىدىكى تاش پۈتۈك ئورنىتىلغان. بۇ تاش پۈتۈك ھازىر مەزكۇر مەدرىسىدە ئىبراھىم ئاخۇننىڭ ئىگىدارلىقىدا ساقلانماقتا. «مە-دەنىيەت ئىنقىلابى» ۋە «داجەيدىن ئۆگىنىش» دولقۇنلىرىدا مەد-رىسىنىڭ بىرقىسمى چېقىۋېتىلگەن. ھازىر ئۇنىڭ ئاساسلىق قىسمى ساقلىنىپ تۇرىۋاتىدۇ. ئەينى زامانلاردا بۇ مەدرىسىدە بىلىملىك موللا، ئالىم ـ ئۆلىمالارنىڭ يېتەكچىلىكىدە يىلدا 300 دەك تالىپ ئىلىم تەھسىل قىلغان بولۇپ، ئوقۇتۇش ئىش-لىرى ئالاھىدە روناق تاپقان. تالىپلار يىراق ـ يىراقلاردىن كې-لىپ، ھۇجرىلاردا تۇرۇپ ئوقۇغان، ئېيتىشلارغا قارىغاندا، مۇ-شۇ مەدرىسىنىڭ مۇدەررىسلىرىدىن بىرى بولغان سەدەنشاھ ئا-خۇنۇم دەرس ئۆتكەندە قومۇل ۋاڭى شاھ مەخسۇتمۇ كېلىپ تىڭشىغان. شاھ مەخسۇت سەدەنشاھ ئاخۇنۇمنىڭ پاساھىتىدىن زوقلىنىپ مەدرىسىدىن قايتىپ چىقىپلا شەھەر سىرتىدىكى ئامراق باغنى مەدرىسىگە ۋەخپە قىلىپ بەرگەن ئىدى. بۇ باغ ھازىرقى ۋىلايەتلىك 1 ـ ئوتتۇرا مەكتەپ شەھەر ئىچى باشلان-غۇچ مەكتەپىنىڭ ئورنىغا توغرا كېلىدۇ.

1905 ـ يىلى (ھىجىرىيە 1341 ـ يىلى) شەھەر مەركىزى-دىكى كونا مەدرىسە كونىراپ كەتكەنلىكتىن شامەخسۇت ۋاڭ يېڭىدىن بىر مەدرىسە بىنا قىلماقچى بولىدۇ. ۋاڭنىڭ بۇيرۇقى بىلەن يۇسۇپ تەيجى مەسئۇل بولۇپ، ئابدۇلباسىت ھاجى، ئاب-دۇلھاپىز ھاجى، سوپى ھاجىلارنى تەشكىللەپ، لايىھىلەپ شەھەر ئىچىنىڭ غەربى جەنۇبىي سىگىرى (بۇرجىكى)دىكى ئورداخىي

مەھەللىسىگە يېقىن مەدرىسىنى سالدۇرغان. مەدرىسە ئىچىدە مەسچىت، چوڭ دەرسخانا، تالىپلار ئۈچۈن 20 دىن ئارتۇق ھوجرا، مەدرىسىگە ياندىش مۇدەررىس، شەيخ ئۆلىمالار ھەم پاراج (ئاشپەز)، باغۋەن، خىزمەتچى خادىملار ئۈچۈنمۇ يېتەرلىك ئۆي ــ ئىمارەت، داشخانا (ئاشخانا)لار سېلىنغان. مەدرىس دەرۋازىسىنىڭ جەنۇبىي تەرىپىدە مۇنار شەكىللىك ئېگىز پەشتاق سېلىنغان. پەشتاقنىڭ ئىچى ئايلانما پەلەمپەي بولۇپ، پەلەمپەي ئارقىلىق ئەڭ ئۈستىگە چىققىلى بولىدۇ. بۇرۇن مەزىنلەر پەشتاقتا ئەزان ئېيتاتتى. مەدرىسىنىڭ ئىچى، ھوجرىلارنىڭ ئالدى بىرقانچە تۈۋرۈكلەر بىلەن پېشايۋانلىق قىلىپ ياسالغان. يۇسۇپ تەيجى ئۇستا خەتتات ھەم سىرچىلىق، نەققاشلىقتىن خېلى خەۋىرى بولغاچقا، ئۇستىلار بىلەن بىرلىكتە ئۆزىمۇ قول سېلىپ، مەدرىسە ئىمارەتلىرىنى سىرلاش، نەقىشلەش ئىشلىرىغا قاتناشقان. مەدرىسە كەينىدىكى 50 مو ئەتراپىدىكى يەردە باغ بىنا قىلىنىپ، ئوردا تەرىپىدىن مەدرىسىگە ۋەخپە قىلىپ بېرىلگەن. مۇدەررىس، تالىپلارنىڭ خىراجىتى مۇشۇ باغنىڭ كىرىمى بىلەن تەمىن ئېتىلگەن. قومۇل يېڭى مەدرىسە پۈتكەندىن كېيىن داڭلىق ئالىم، موللىلار مۇدەررىس بولۇپ، ئوقۇتۇش ئىشلىرى تېخىمۇ جانلىنىپ كەتكەن. شۇ چاغدا مەدرىسىنىڭ داڭقىنى ئاڭلاپ قەشقەرنىڭ ئاتاقلىق ئۆلىمالىرىدىن بىرى مەدرىسىنى مۇبارەكلەپ نامە ئەۋەتكەن. نامىدە: «جاھان جام كۆللى زى جانغا، ئەجەل مەيدۇر، پەلەك ساقى، ۋە لېكىن قالغۇسىدۇر قىلسا خەيرات تائەبەت باقى» دەپ يېزىلغان. بۇ نەزمىنى يۇسۇپ تەيجى مەدرىس دەرۋازىسىنىڭ ئىچى تەرىپىنىڭ ماڭلىيىغا ھۆسنخەت بىلەن يېزىپ قويغانىكەن.

قومۇل مەدرىسلىرىدە يېقىنقى زامانلاردا ئىلگىرى ــ كېيىن بولۇپ، ناسىر ئەلەم، غىياسىدىن ئەلەم، يارمۇھەممەت ئەلەم، سەدەنشاھ ئەلەم ئاخۇنۇم، يۇنۇس ئەلەم، ھوشۇر قازى ئا

خۇنۇم، نامان قازى ئاخۇنۇم، ئارسلان شاھ ھاجى، سۇلايمان قا-زىبەگ، توختى ئاخۇن خەلپەت، شاۋان ئاخۇن، ئابدۇۋاھىت ھا-جى ئەلەم ئاخۇن قاتارلىق كىشىلەر مۇدەررىس بولغان. ئۇلارنىڭ نەتىجىسىگە قاراپ ئالدىغا بەش دادەن، كېيىنكىگە بىر دادەندىن ئاشلىق ھەق بېرىلگەن.

قومۇل مەدرىسىلىرىدە قۇرئان (ئىلمى تەجۋىد)، ھەدىس، فىقھە (دىنىي قانۇن)، ئىلمى نەھۋى (مورفولوگىيە، سىنتاك-سىس)، ئىلمى سەرپ، ئىلمى نۇجۇم (ئاسترونومىيە) قاتارلىق دەرسلەر تەسىس قىلىنغان. يەنە ناۋايى، خوجاھاپىز، سوپى ئاللايار، شامەشرەپ قاتارلىقلارنىڭ ئەسەرلىرى ئەدەبىيات دەرسى سۈپىتىدە ئوقۇلغان.

شۇ زامانلاردا قومۇلدىن ئىلگىرى - ئاخىر بولۇپ نۇرغۇن موللا، ئالىملار، جامائەت ئەربابلىرى، ئابىد قومۇلى، ھاپىز ھا-جى، يۇسۇپ غېرىبى قاتارلىق شائىرلار، ئېلىشاھبەگ، ھاپىز نىيازغا ئوخشاش تارىخچىلار ۋە زامانىمىزدىكى ئابدۇرېھىم ئۆت-كۈر، ئابدۇكېرىم خوجايېۋ قاتارلىق شائىر، ئالىم، تەرجىمانلار چىققان.

قومۇل كونا - يېڭى مەدرىسلىرىدە تاكى 1956 - يىللار-غىچىلا ئوقۇش داۋاملاشقان.

قومۇلدا يېڭى مەكتەپلەرنىڭ قۇرۇلۇشى

1930 - يىللارنىڭ باشلىرىدىكى قومۇل دېھقانلار قوزغى-لىڭى ۋە «12 - ئاپرېل سىياسى ئۆزگىرىشى»نىڭ تۈرتكىسىدە پۈتۈن شىنجاڭ دائىرىسىدە يېڭى مائارىپ دولقۇنى ئەۋجىگە كۆ-تۈرۈلدى. بۇ دولقۇن قومۇل دىيارىغىمۇ تەسىر كۆرسەتتى.

1922 - يىلدىن 1927 - يىلغىچە ئىككى قارار شۆتاڭ سىنىپ ئېچىلىپ، 60 نەپەر ئۇيغۇر بالىسى خەنزۇ تىلىنى ئۆ-گەنگەن.

1935 - يىلى پۈتۈن شىنجاڭدىكى مەدەنىي ئاقارتىش دول-

قۇنىغا ئەگىشىپ، قومۇلدىمۇ ئۇيغۇر مەدەنىي ئاقارتىش ئۇيۇش-
مىسى قۇرۇلدى. ئۇيغۇر ئۇيۇشمىسىنىڭ تەشەببۇسى بىلەن
1935 - يىلى قومۇل بازار 1 - باشلانغۇچ مەكتىپى قۇرۇلدى.
ھىندىستان قاتارلىق ئەللەردە ئوقۇپ كەلگەن دىنىي ئۆلىما
ئابدۇراخمان قارى ھاجى بازار بېشى مەكتەپكە مۇدىر بولدى.
ئۈچ سىنىپ ئوقۇغۇچى قوبۇل قىلىندى. تازا ئوقۇتقۇچى يې-
تىشمەي تۇرغاندا ئۈرۈمچىدە تېز يېتىشتۈرۈش كۇرسىدا تەربىيە-
لەنگەن ئادىل جامال، غوپۇرجان، مۇھەممەتجان قاتارلىق مۇئەل-
لىملەر قومۇلغا ئەۋەتىلدى. شۇنىڭ كەينىدىنلا 1936 - يىلى
قومۇل شەھەر ئىچىدىكى ساڭخىي مەھەللىسىدە شەھەر ئىچى
باشلانغۇچ مەكتىپى قۇرۇلدى. ئاقسۆڭەك ئادىل جامال مەكتەپ
مۇدىرى بولدى. ئۇنىڭدىن كېيىن ئابدۇرېھىم ئابلايېف، ئابلا
تۇرسۇن، ئىمىن ئەخمىدى قاتارلىق كىشىلەر مۇدىر بولدى.
1936 - يىلى بىرىنچى تۈركۈمدە تاشكەنت ئوتتۇرا ئاسىيا دۆ-
لەت ئۇنىۋېرسىتېتىنى پۈتكۈزگەن ياشلاردىن يۇنۇس ئىمىن،
سوپى تۇرانوف، تاھىر بوساقوف، ئابدۇرېھىم ئابلايېف، ھەبى-
بۇللا ئابلايېف، سۇۋۇر ئاخۇن، سەدەنشاھ، ئابلا تۇرسۇن، ھەم-
دۇللا قۇربان، مىجىت شاھىدىن، ئابلىمىت ئەزىموفلار قومۇلغا
قايتىپ كەلدى. ئىككىنچى تۈركۈمدە 1937 - يىلى ئابدۇراخمان
سەئىدى، ئابلىز قادىر، ئىسمائىل سەئىدى، ئىمىن ئەخمىدى،
ئابلا قارىلار تاشكەنتتىن ئوقۇش پۈتكۈزۈپ كەلدى. شۇ مەز-
گىللەردە قومۇلنىڭ ئاتاقلىق مائارىپچىسى ئېلى ھامۇتمۇ ئۈ-
رۈمچىدىن ئوقۇش پۈتكۈزۈپ كېلىپ، ئوقۇتقۇچىلار سېپىگە
قوشۇلدى، يەنە 1936 -، 1937 - يىللىرى ئۈرۈمچىدىن مۇ-
ھەممەت نىياز، ئەمەت روزى، پەتتاخان، ئىمىن مەخسۇدى، نۇر-
دىن ئېلى، ئابلا نوھى، توختايېف قاتارلىق مائارىپچىلار قومۇل-
غا ئەۋەتىلدى. ھىدايەتخان، ساھىپجامال، ئايشەمخان، خەيرىنى-
ساخان، چىنتاشخان قادىر قاتارلىق قىز - جۇۋانلار كونا ئەنئە-

نىلەرنى بۇزۇپ تاشلاپ، يۇزلىرىنى ئېچىۋېتىپ مائارىپچىلار سېپىگە كىرىپ كەلدى. شۇنىڭ بىلەن قومۇلنىڭ ئوقۇتقۇچىلار قوشۇنى كۆچىيىپ، يېڭى مائارىپ جۇش ئۇرۇپ راۋاجلىنىشقا باشلىدى. شۇنداقتىمۇ، بۇ ئوقۇتقۇچىلار تەرەققىي قىلىۋاتقان يېڭى مائارىپنىڭ ئېھتىياجىنى قاندۇرالماي، 1936 ـ يىلى قو ـ مۇل كونا مەدرىسىدە بىر قارار ئوقۇتقۇچى يېتىشتۈرۈش كۇر ـ سى ئېچىلىپ، 40 ئوقۇتقۇچى يېتىشتۈرۈلدى. ئادىل جامال كۇرسقا مەسئۇل بولدى. كۇرسانتلار ئوقۇش پۈتكۈزگەندىن كې ـ يىن، يېزىلارغا يۆزلەندۈرۈلۈپ، يېزىلاردىمۇ يېڭى مەكتەپلەر قۇرۇلدى.

1937 ـ يىلى ئۇيغۇر ئۇيۇشمىسى قارىمىقىدا مائارىپ ھەيئىتى تەسىس قىلىنىپ، ئۇنىڭ يېتەكچىلىكىدە ئاستانە، راھاتباغ، سۇمقاغا، توغۇچى، جىگدە، لاپچۇق، قارادۆۋە، دۇربە ـ جىن يېزىلىرىدا مەكتەپ ئېچىلدى. يەھيا ئېلىم، مەھمۇت ئە ـ ھەدى، ئابلىمىت نىياز، ئابدۇراخمان خامۇش قاتارلىق ئوقۇتقۇ ـ چىلار يېزىلارغا ئەۋەتىلدى. شۇ يىلى ئاراتۈرۈك، نوم، ئاداق، نېرىنكىر، تۇزكۆل، بارىكۆللەردىمۇ مەكتەپ ئېچىلدى. ئوقۇت ـ قۇچىلار قومۇلدىن ئەۋەتىپ بېرىلدى. قومۇلنىڭ تاغلىق يېزد ـ لىرىدىمۇ مەكتەپلەر ئېچىلدى. ئوقۇتقۇچى ـ ئوقۇغۇچى سانى ناھايىتى تېز كۆپەيدى. شۇ يىل ئۇيۇشما قارىمىقىدا 36 مەك ـ تەپ، 120 مۇئەللىم، 3000دەك ئوقۇغۇچى بار ئىدى. يېڭى ما ـ ئارىپ تەرەققىيات ئېھتىياجىغا ئاساسەن، 1942 ـ يىلى، 1948 ـ يىلى ئىككى قارار قىسقا كۇرس ئېچىلىپ داۋاملىق ئوقۇتقۇچى يېتىشتۈرۈلدى.

1947 ـ يىلى ئۇيغۇر ئۇيۇشمىسىنىڭ تەشكىللىشى بىلەن ئوتتۇرا دەرىجىلىك دارىلمۇئەللىملەر قۇرۇلۇپ، 35 ئوقۇغۇچى قوبۇل قىلىندى. قدىر، ئېلى ھامۇت، ئابدۇۋاھىت گاللار ئو ـ قۇتقۇچى بولدى. شۇ يىلى ئابدۇراخمان سەئىدى ئۆلكىلىك ما ـ

ئارىپ نازارىتى تەرىپىدىن دارىلمۇئەللىمىنگە مۇدىرلىققا تەيىنلەندى. 1949 ـ يىلى 75 ئوقۇغۇچى قوبۇل قىلىنىپ، ئۈچ سىنىپ بولدى.

بۇ مەكتەپلەردە ئەينى ۋاقىتتىكى كىشىلەرنىڭ ئېڭىغا ئاساسەن، دىنىي سىنىپلار يولغا قويۇلۇپ مولىلار تەكلىپ قىلىنىپ، تۆنجى يىلى مەخسۇس ياكى قوشۇمچە دىنىي دەرسلەر ئۆتۈلگەن. كېيىنكى يىللىرى تەدرىجىي ھالدا پۈتۈنلەي پەننىي دەرسلەر ئۆتۈلگەن. دەرسلىكلەر ئاساسەن سوۋېت ئىتتىپاقىدىن كىرگەن دەرسلىكلەر ئىشلىتىلگەن. يەنە بىرقىسىم دەرسلىكلەر ئۇرۇمچىدە تۈزۈلگەن.

**1935 ـ، 1936 ـ يىللىرى ئۇيۇشما قارىمىقىدىكى مەكتەپلەر**

ناھىيە باشقۇرۇشىدىكى مەكتەپلەر

| مەكتەپلەر | سىنىپ |  |  | ئوقۇغۇچى سانى | مەكتەپلەر | سىنىپ |  |  | ئوقۇغۇچى سانى |
|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|
|  | سانى | دىنىي | پەننىي |  |  | سانى | دىنىي | پەننىي |  |
| بازار 1 ـ باشلانغۇچ | 1 |  | 1 | 35 | ئارا تۈرك | 4 |  | 4 | 90 |
| بازار قىزلار مەكتىپى | 1 |  | 1 | 35 | باركۆل | 1 |  | 1 | 30 |
| شەھەر ئىچى مەكتىپى | 5 | 1 | 4 | 150 |  |  |  |  |  |
| جەمئىي مەكتەپ | 5 |  | جەمئىي سىنىپ | 12 | ئوقۇغۇچى |  |  |  | 340 |

# يېزىلاردىكى مەكتەپلەر

| مەكتەپلەر | سىنىپ سانى | سىنىپ دىنىي | سىنىپ پەننىي | ئوقۇغۇچى سانى | مەكتەپلەر | سىنىپ سانى | سىنىپ دىنىي | سىنىپ پەننىي | ئوقۇغۇچى سانى |
|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|
| بوغاز مەكتەپ | 2 | 1 | 1 | 60 | سۇمقاغا مەكتەپ | 2 | 1 | 1 | 60 |
| قاراتال مەكتەپ | 3 | 1 | 2 | 90 | شوپۇل مەكتەپ | 2 | 1 | 1 | 55 |
| چۆلتۇر مەكتەپ | 3 | 1 | 2 | 90 | خوتۇنتام مەكتەپ | 2 | 1 | 1 | 60 |
| دۆشتۇر مەكتەپ | 2 | 1 | 1 | 60 | باغداش مەكتەپ | 1 | | 1 | 30 |
| شامال چاھارباغ | 3 | 1 | 2 | 90 | ئېدىر مەكتەپ | 2 | 1 | 1 | 55 |
| راھەتباغ مەكتەپ | 4 | 1 | 3 | 160 | تۆمۈرتى مەكتەپ | 2 | 1 | 1 | 55 |
| ئاقيەر مەكتەپ | 2 | 1 | 1 | 80 | نېرناسى مەكتەپ | 1 | | 1 | 40 |
| لەڭگەر مەكتەپ | 2 | 1 | 1 | 80 | قوراي مەكتەپ | 2 | | 2 | 65 |
| دۆربەجىن | 4 | 1 | 3 | 160 | نېرىن مەكتەپ | 1 | | 1 | 30 |
| ساقا مەكتەپ | 2 | 1 | 1 | 60 | قۇرلۇق مەكتەپ | 1 | | 1 | 30 |
| تاشار مەكتەپ | 2 | 1 | 1 | 60 | تاراتى مەكتەپ | 1 | | 1 | 35 |
| قارا دۆۋە مەكتەپ | 4 | 1 | 3 | 160 | نېرىنكىر مەكتەپ | 1 | | 1 | 35 |

| | | | | | | | | | |
|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|
| لاپچۇق مەكـ-تەپ | 3 | 1 | 2 | 120 | تـۇركـۆل مەكتەپ | 1 | | 1 | 35 |
| تـوغـۇچـى مەكتەپ | 2 | 1 | 1 | 60 | نوم مەكتەپ | 2 | 1 | 1 | 50 |
| جىگدە مەكـ-تەپ | 2 | 1 | 1 | 60 | باي مەكتەپ | 2 | 1 | 1 | 50 |
| ئاستانە مەكـ-تەپ | 4 | 1 | 3 | 160 | ئاداق | 1 | | 1 | 30 |
| جـەمـئـىـي مەكتەپ | 32 | | | | سىنىپ | 66 | ئـوقـۇ-غۇچى | | 265<br>2 |

**قومۇل ئۇيغۇر مائارىپىنىڭ ئازادلىقتىن كېيىنكى تەرەققىياتى**

ئازادلىقتىن كېيىن ئەۋزەل ئىجتىمائىي شارائىت ۋە پارتىيىنىڭ مىللىي سىياسىتىنىڭ تۈرتكىسىدە، قومۇلدا ئۇيغۇر مائارىپى مىسلىسىز زور تەرەققىياتقا ئېرىشتى. قومۇل ئۇيغۇر مائارىپىنىڭ تۇنجى بۆشۈكلىرىدىن بىرى بولغان شەھەر ئىچى باشلانغۇچ مەكتىپىگىلا نەزەر سالساق، بۇ مەكتەپ 1936 ـ يىلدىن هازىرغا قەدەر 58 يىللىق جاپالىق ھەم شانلىق مۇساپىنى بېسىپ ئۆتتى. بۇنىڭ 13 يىلى ئازادلىقتىن ئىلگىرى بېسىلغان مۇساپە بولۇپ، ئاران 11 سىنىپ، 390 ئوقۇغۇچى قوبۇل قىلىپ، 240 ئوقۇغۇچى پۈتكۈزگەندى. ئازادلىقتىن كېيىن مەخمۇت ناماندىن تارتىپ، ئابدۇرېھىم ھاشىم، ياقۇپ پەتتۇل، قادىر تالىپلارغىچە كۆپلىگەن مەكتەپ مۇدىرلىرى ۋە 58 يىل داۋامىدا 154 نەپەر ئوقۇتقۇچى بۇ مەرىپەت بۆشۈكىگە يۈرەك قانلىرىنى سەرپ قىلغان، هازىر بۇ مەكتەپتە 1000 دىن ئارتۇق ئوقۇغۇچى، 80 گە يېقىن ئوقۇتقۇچى بار. مەكتەپنىڭ هازىرقى ئورنىنىڭ كۆلىمى 20 مو بولۇپ، 55 ئېغىزلىق سىنىپ، ئىشخانا، تەجرىبىخانىلارنى ئۆز ئىچىگە ئالغان ئوقۇتۇش بىناسى بار. تەجرىبە ۋە كۆرسەتمىلىك ئوقۇتۇش قوراللىرى

مۇكەممەل. بۇ مەكتەپ 58 يىللىق تارىخىدا بىرقانچە مىڭ ئوـ قۇغۇچىنى تەربىيىلەپ چىقاردى. ئۇلاردا ئوقۇغانلاردىن 35 كىـ شى مەركەز، ئاپتونوم رايون ۋە ئۇرۇمچى شەھىرى، قېرىنداش ۋىلايەت، ئوبلاستلاردا پارتىيە، ھۆكۈمەت ئورگانلىرى، كەسپىي ئورۇنلار ۋە ئالىي مەكتەپلەردە مەسئۇل خىزمەتلەرنى ئىشلەۋاـ تىدۇ. 155 كىشى پروفېسسور، دوتسېنت، لېكتور دەرىجىلىك ئۇنۋانلار بىلەن ھەرقايسى ساھەلەردە ئىشلەۋاتىدۇ، 225 كىشى ھەرقايسى ساھەلەردە بۆلۈم، باشقارما دەرىجىلىك ۋەزىپىلەرنى ئۆتەۋاتىدۇ.

ھازىر قومۇلدا باشلانغۇچ ۋە تولۇقسىز ئوتتۇرا مەكتەپ مائارىپى ۋىلايەت بويىچە ئومۇملىشىپ بولدى. ناھىيە (شەھەر)، يېزىلارنىڭ ھەممىسىدە (تاغلىق يېزىلاردىن باشقا) تولۇق ئوتـ تۇرا مەكتەپلەر بار. ۋىلايەتتە بىر مەركىزىي تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپ بار. ئۇنىڭدا 30 سىنىپ، 1500 ئەتراپىدا ئوقۇغۇچى، 180 دىن ئارتۇق ئوقۇتقۇچى، ئىشچى ـ خىزمەتچى بار. ئوقۇـ تۇش، خىزمەت ۋە تەجرىبىخانا ئۈچۈن مەخسۇس سېلىنغان ئۈچ بىناسى بار. تەجرىبە ۋە ئېلېكترلەشكەن ئوقۇتۇش ئۈسكۈنىلىـ رى مۇكەممەل بولۇپ، ھەر يىلى 300 گە يېقىن ئوقۇغۇچى يۇتكۈزۈپ چىقىدۇ.

قومۇلدا يەنە 1936 ـ يىلدىكى دارىلمۇئەللىمىن ئاساسىدا (1960 ـ يىلى ۋىلايەتلىك 1 ـ ئوتتۇرا مەكتەپ ۋە دارىلمۇئەلـ لىمىن بولۇپ ئايرىلغان) تەرەققىي قىلغان مۇكەممەل بىر سىدـ فەن مەكتەپ ۋە مائارىپ ئىنستىتۇتى، تېلېۋىزىيە ئۇنىۋېرسىـ تېتىنىڭ شۆبىسى، سەھىيە مەكتىپى، يېزا ئىگىلىك مەكتەـ پى، يېزا ئىگىلىك ماشىنىسازلىق مەكتىپى، تېخنىك ئىشچىلار مەكتىپى قاتارلىق ئالىي، ئوتتۇرا تېخنىكوم مەكتەپلەر بار.

**پايدىلانغان ماتېرىياللار**

1. «قومۇل شەھىرى تارىخ ماتېرىياللىرى» 1 ـ، 2 ـ قىسىم.

2. «قومۇل»، ئايشەم ئەخمەت تۈزگەن، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى نەشر قىلغان.
3. ئابدۇۋاھىت ھاجى ئەلەم ئاخۇننىڭ قول يازمىلىرىغا ئاساسەن ئوغلى ئىبراھىم ئاخۇن تەمىنلىگەن ماتېرىياللار.
4. پېشقەدەم مائارىپچى، سەنئەتكار مەرھۇم ئىبراھىم شاھى ساقلىغان قول يازمىلار.
5. «بوستاندىكى بۇلاق» ژۇرنىلى (قومۇل شەھەر ئىچى باشلانغۇچ مەكتەپ قۇرۇلغانلىقىنىڭ 50 يىللىقى مۇناسىۋىتى بىلەن مەخسۇس ئىشلەنگەن)
6. ئابلىز داموللامنىڭ ئەسلىمىسى.

# مەھمۇد كاشغەري نامىدىكى ئۇيغۇر قىزلار مەكتىپى

## تاھىر تاشباييڤ

20 ـ ئەسىر چۆچەككە يېڭىچە مائارىپنى ئېلىپ كىردى. 1901 ـ يىلى چۆچەكتىكى تۇنجى يېڭىچە مەكتەپ «ئۆمەرىيە مەكتىپى» قۇرۇلغاندىن باشلاپ، ھەر مىللەت تىلىدىكى يېڭىچە مەكتەپلەر كەينى ـ كەينىدىن ئېچىلىشقا باشلىدى. 30 ـ يىللارغا كەلگەندە شەھەر، يېزىلاردا بولۇپ 40 تىن ئارتۇق مەكتەپ بارلىققا كەلدى.

مەرىپەتپەرۋەر ئۇيغۇر خەلقىمۇ باشقا قېرىنداش مىللەتلەر بىلەن تەڭ ئۆزلىرىنىڭ يېڭىچە مائارىپىنى بارلىققا كەلتۈردى. 1932 ـ يىلى چۆچەك ھاكىمى مەنسۇر ھاجى، چۆچەك «تۇران» مەكتىپىنىڭ مۇدىرى ھېسام باۋىن، ئوقۇتقۇچى ۋە چۆچەك «نەشر ـ مائارىپ جەمئىيىتى»نىڭ رەئىسى نىياز ئىسهاقىي قاتارلىقلار مۇزاكىرىلىشىپ، چۆچەكتىكى ئۇيغۇر مەھەللىسىدە بىر قىزلار مەكتىپى ئېچىشقا كېلىشىدۇ. مەكتەپ نامىنى نۇرغۇن غۇلغۇلا ئارقىلىق ئۇلۇغ ئۇيغۇر ئالىمى مەھمۇد كاشغەرىنىڭ نامىدا ئاتاش قارار قىلىنغان بولسىمۇ، جىن شۇرېنىنىڭ مائارىپتىكى تېررورلۇق سىياسىتىنىڭ چەكلىمىسىگە ئۇچراشتىن ساقلىنىش ئۈچۈن، مەكتەپ نامى قىسقارتىلىپ «مەھمۇدىيە ئۇيغۇر قىزلار مەكتىپى» دەپ ئاتىلىدۇ. شۇنداق قىلىپ شۇ يىلى 9 ـ ئاينىڭ 1 ـ كۈنى چۆچەك توما كوچىسىدىكى مەھمۇد ھاجىنىڭ قورۇسىدىن ئۈچ ئېغىزلىق ئۆي ئىجارىگە ئېلىنىپ، ئىككى سىنىپلىق ئۇيغۇر قىزلار مەكتىپى ئېچىلىدۇ.

نىياز ئىسھاقىنىڭ چوڭ قىزى ماھىيە ئىسھاقىي تۇنجى بولۇپ مەكتەپ مۇدىرلىقىغا تەيىنلىنىدۇ. مەكتەپ خىراجىتى ئاممىدىن ئىئانە توپلاش ۋە «نەشر ـ مائارىپ جەمئىيىتى»نىڭ كىرىمىدىن ئاجرىتىش ئارقىلىق ھەل قىلىناتتى.

ئەينى ۋاقىتتا قىزلار مەكتىپىنى ئېچىش مۇتەئەسسىپ كۈچلەرنىڭ قاتتىق قارشىلىقىغا ئۇچرىغان بولسىمۇ، خەلقنىڭ يېڭىچە مائارىپقا بولغان ئىنتىلىشى ۋە باشقا مىللەتلەر بىلەن تەڭ باراۋەر تەرەققىي قىلىش ئارزۇسى مۇتەئەسسىپ كۈچلەر ئۈستىدىن غەلىبە قىلىدۇ. نەتىجىدە خەلق ئۆز پەرزەنتلىرىنى بەس ـ بەستە يېڭىچە مەكتەپلەرگە بېرىپ ئوقۇتىدۇ. مەكتەپ-تىكى ئوقۇغۇچىلار سانى تېز كۆپىيىپ، ئىجارىگە ئالغان سى-نىپلارغا پاتماي قالغاچقا، 1934 ـ يىلى خەلقتىن توپلانغان ئىئانە بىلەن ئايرىم بىر مەكتەپ سېلىنىدۇ. ئەينى ۋاقىتتا «نەشر ـ مائارىپ جەمئىيىتى» تەرىپىدىن چىقىرىلىدىغان «بىز-نىڭ تاۋۇش» گېزىتىنىڭ 1934 ـ يىل 9 ـ ئاينىڭ 28 ـ كۈ-نىدىكى سانىدا مەكتەپ سېلىشقا ئالاھىدە ئىقتىسادىي ياردەم بەرگەن ھاكىم مەنسۇر ھاجى ۋە ئىگەمبەردى خەلپەت قاتارلىق كىشىلەرگە گېزىت يۈزىدە رەھمەت ئېيتىلغان. مەكتەپ قۇرۇ-لۇشى شۇ يىلى پۈتۈپ ئوقۇش باشلانغان. بۇ چاغدا مەكتەپ كۆ-لىمى تېخىمۇ كېڭىيىپ، ئوقۇغۇچىلار سانى ئاشقانلىقتىن، ئو-قۇتقۇچى يېتىشمەسلىك مەسىلىسى كېلىپ چىققان. شۇڭا «نەشر ـ مائارىپ جەمئىيىتى» 1934 ـ يىلى 9 ـ ئاينىڭ 21 ـ كۈنى تۇران مەكتىپىدە يىغىن ئېچىپ، «مەھمۇدىيە ئۇيغۇر قىزلار مەكتىپى»نىڭ ئوقۇتقۇچى يېتىشمەسلىك قىيىنچىلىقى-نى ھەل قىلىش ئۈچۈن، تۇران مەكتىپىدە ئىككى ئايلىق ئو-قۇتقۇچى يېتىشتۈرۈش كۇرسى ئېچىش، كۇرستا تۇران مەكتە-پىنىڭ دەرس پروگراممىسىنى ئومۇملاشتۇرۇش، كۇرسنىڭ دەرس پروگراممىسىغا قوشۇمچە پسىخولوگىيە، مېتودىكا دەر-سىنى قوشۇپ ئۆتۈش قارار قىلىنىدۇ. بۇ دەرسلەرنى ئۆتۈشكە

نىياز ئىسهاقىي، تىل ـ ئەدەبىيات دەرسىنى ئۆتۈشكە ھېسام باۋىن، ماتېماتىكا دەرسىنى ئۆتۈشكە ئىبراھىم بېكبولات، تارىخ ۋە جۇغراپىيە دەرسىنى ئۆتۈشكە خېلىل، دىن دەرسى ۋە قىرا-ئەت ئۈچۈن سالىھ ھەزرەتلەر تەيىنلەنگەندىن سىرت، خەنزۇ تى-لى دەرسىگە مۇۋاپىق ئادەم تېپىش قارار قىلىنىدۇ. ئوقۇ ـ ئوقۇتۇش خىراجىتىنى ھاكىم مەنسۇر ھاجى ئۆز يېنىدىن تە-مىنلەيدىغانلىقىنى بىلدۈرىدۇ. دەرسلىكلەر سوۋېت ئىتتىپاقى-دىن كىرگۈزۈلۈپ، «بىزنىڭ تاۋۇش» نەشرىياتى شىركىتىدە كۆپەيتىپ بېسىلغان. بىرقىسىم دەرسلىكلەرنى ئوقۇتقۇچىلار ئۆزلىرى تۈزۈپ باستۇرغان.



مەھمۇد كاشغەري مەكتىپىنىڭ بىرقىسىم ئوقۇتقۇچىلىرى. تارتىلغان يىلى ئېنىق ئەمەس. ئالدىنقى رەت ئوڭدىن: 1. مۇنىرە ئابدۇلېتىپوۋا، 2. سەيپىدىن ئە-زىزى، 3. ماھىيە ئىسهاقىي، 4. مائارىپ مۇپەتتىشى، ئىسمى ئېنىق ئەمەس، 5. مېھرى مىرئىسمائىلوۋا، 2 ـ رەت ئوڭدىن: 1، مۇقەددەس غۇلامقارى؟، 2. مۇر-شىدە جامالى، 3. بەھرى رېھىمقان قىزى، 4. ئابدۇقادىر ئىمىنى، 5. مېرا، 6. پا-تىمە ئىمىنجان قىزى، 7. ؟؟

1935 ـ 1936 ـ يىللىرى تارباغاتاي ۋىلايەتلىك مائارىپ ئىدارىسى مەكتەپلەرنى نومۇر تەرتىپى بويىچە ئاتاشنى يولغا قو- يۇپ، «مەھمۇدىيە ئۇيغۇر قىزلار مەكتىپى»نى «تارباغاتاي ۋىلا- يەتلىك ئىپتىدائىي قىزلار مەكتىپى» دەپ ئاتىغان.

ئوقۇغۇچىلار سانى يىلسېرى كۆپىيىپ، ئەسلىدىكى مەك- تەپكە سىغىشماي قالغاچقا، 1945 ـ يىلى 9 ـ ئايدا ئۈچ ۋىلا- يەت ئىنقىلابى ۋاقىتلىق ھۆكۈمىتى تارباغاتاي ۋىلايەتلىك ۋالىي مەھكىمىسى مەكتەپ ئورنىنى ئەينى ۋاقىتتىكى ئىتتىپاق يولى 149 ـ قورۇدىكى چىڭخۋاڭمياۋ بۇتخانىسىغا يۆتكەشنى قارار قىلغان. مەكتەپ ئورنىنىڭ كۆلىمى 6720 كۋادرات مېتىر بو- لۇپ، ئۈچ ۋىلايەت ۋاقىتلىق ھۆكۈمىتىنىڭ پۇل ھېسابى بويى- چە 1 مىليون 600 مىڭ دوللار خىراجەت بىلەن مەكتەپ قىلىپ چىقىلغان.

ۋىلايەتلىك مائارىپ ئىدارىسى 1946 ـ يىل 3 ـ ئاينىڭ 10 ـ كۈنى ۋالىي مەھكىمىسىنىڭ تەستىقى بويىچە «مەھمۇدىيە مەكتىپى»نىڭ نامىنى «مەھمۇد كاشغەرىي نامىدىكى ئۇيغۇر قىزلار مەكتىپى» دەپ ئەسلىگە كەلتۈرۈشنى قارار قىلغان. شۇنىڭ بىلەن بۇ مەكتەپ ئۇلۇغ ئۇيغۇر ئالىمى مەھمۇد كاش- غەرىينىڭ نامى بىلەن ئاتالغان تۇنجى مەكتەپ بولۇپ قالغان.

1946 ـ يىل 10 ـ ئاينىڭ 2 ـ كۈنى ئەخمەتجان قاسىمى بۇ مەكتەپنى كۆزدىن كەچۈرگەن. ئۇ ئوقۇتقۇچىلار بىلەن ئۆت- كۈزگەن سۆھبىتىدە: «كىشىلىك جەمئىيەتتە، ئوقۇتقۇچىنىڭ مېھنىتىدىن پەخىرلىكرەك مېھنەت يوقتۇر. چۈنكى ئالىم، مۇ- تەخەسسىس، يازغۇچى، قوماندان، جەمئىيەت، دۆلەت ئەربابلىرى ۋە باشقىلارنىڭ ھەممىسى ئوقۇتقۇچى مېھنىتىنىڭ مەھسۇلى- دۇر... ياش ئۆسمۈرلەرگە بېرىلىدىغان تەربىيىنىڭ ئاساسىي مەقسىتى خەلق ئاممىسىنىڭ مەنپەئىتىنى قوغداشقا قارىتىلغان بولۇشى، ئوقۇتقۇچىلىرىمىز تەلىم ـ تەربىيىنىڭ سىياسىي يۆ- نىلىشىنى چۈشەنگەن بولۇشى لازىم» دېگەن. بۇ سۆز ئوقۇتقۇ- چىلار ئەمگىكىگە بېرىلگەن يۇقىرى باھا بولۇپلا قالماستىن،

بەلكى ئەينى ۋاقىتتا ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىنىڭ مائارىپ يۆنى-
لىشىنى ئېنىق بەلگىلەپ بەرگەن. شۇڭا «مەھمۇد كاشغەرىي
مەكتىپى» ۋە باشقا مەكتەپلەر بۇ سۆزنى چوڭ پىلاكاتلارغا يې-
زىپ مەكتەپ زالىنىڭ سەھنىسىگە ئېسىپ قويغان.
ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابى دەۋرىدە تارباغاتاي ۋىلايىتىنىڭ ما-
ئارىپ ئىشلىرى تېز تەرەققىي قىلغان. چۈنكى ئازادلىققا ئې-
رىشكەن ھەر مىللەت خەلقى نادانلىق سىرتمىقىدىن قۇتۇلۇشقا
تەقەززا بولۇپ، ئىختىيارىي ھالدا ئاكتىپلىق بىلەن مائارىپ
ئۈچۈن ئىئانە توپلىغان. ھۆكۈمەت تەرەپتىن ئۆشرە - زاكات
كىرىمىنىڭ بىرقىسمى مالىيە ئارقىلىق مائارىپقا ئاجرىتىپ
بېرىلگەندىن سىرت، ھەر يىلى ئوتتۇرا ھېساب بىلەن مالىيە
كىرىمىنىڭ 23.5 % ى مائارىپقا ئاجرىتىپ تۇرۇلغان. بولۇپ-
مۇ ئەينى يىللاردا ھەرقايسى مەكتەپلەرنىڭ قارىمىقىدا ئاتا -
ئانىلار كومىتېتى قۇرۇلغان، بۇ كومىتېت مەكتەپنىڭ تۇرلۇك
قىيىنچىلىقلىرىنى ھەل قىلىش ئۈچۈن زور تىرىشچانلىق
كۆرسەتكەن.
ۋىلايەتلىك مائارىپ ئىدارىسى تارباغاتاي ۋىلايەتلىك ۋالىي
مەھكىمىسىنىڭ تەستىقى بىلەن 1945 - يىل 12 - ئايدا شە-
ھەر ۋە يېزا مەكتەپلىرى قارىمىقىدا قۇرۇلغان ئاتا - ئانىلار
كومىتېتى ئۈچۈن ئايرىم - ئايرىم خىزمەت قوللانمىسى تۈزۈپ
ئېلان قىلدى.
مەھمۇد كاشغەرىي مەكتىپى 30 - يىللاردىكى ئىپتىدائىي
مەكتەپتىن تەرەققىي قىلىپ 40 - يىللارغا كەلگەندە مۇنتى-
زىملاشقان ئوتتۇرا مەكتەپ دەرىجىسىگە كۆتۈرۈلۈپ، ئوقۇغۇچى
200 دىن ئاشقان، مەكتەپنىڭ ئوقۇتۇش ئىشلىرى مۇنتىزىم
مەكتەپلەر قاتارىدا، پىلان بويىچە پروگراممىلار تولۇق ئورۇندى-
لىپ تۇرغان. ھەر خىل ئىجتىمائىي پائالىيەتلەرگە ئاكتىپ
قاتنىشىپ جەمئىيەتنىڭ ياخشى باھاسىغا ئېرىشىپ كەلگەن.
1946 - يىل 8 - ئايدا چۆچەكتە ئېچىلغان تارباغاتاي ۋىلايەت-
لىك ئوقۇتقۇچىلار يىغىنىدا، ۋىلايەتلىك ۋە ناھىيىلىك مائارىپ

بۆلۈملىرىنىڭ 1945 ـ 1946 ـ ئوقۇش يىلىدىكى خىزمەتلى-رىنى باھالاشتا «مەھمۇد كاشغەريي مەكتىپى» 2 ـ بولۇپ باھالانغان.



مەھمۇد كاشغەريي مەكتىپى (چۆچەك ۋىلايەتلىك 1 ـ ئىپتىدائىي قىزلار مەكتىپى)نىڭ ئوقۇتقۇچىلىرى. 1939 ـ يىلى تارتىلغان.

ئالدىنقى رەت ئوڭدىن: 1. مەكەن، 2. مۇنىرە ئابدۇلېتىپېۋا، 3. ئامىنە ئاپپاي، 4. ماھىيە ئىسھاقىي، 5. تابىئە ئىسھاقىي، 6. مۇرشىدە جامالى، 2. رەت ئوڭدىن: 1. نەسىمە، 2. پاتىمە ئىمىنجان، 3. بىبى غىما تۇنوۋا، 4. ؟؟، 5. ئۆلمەس.

1948 ـ يىل 8 ـ ئايدا 3 ـ قېتىملىق ئوقۇتقۇچىلار يىغىنى مۇناسىۋىتى بىلەن ھەرقايسى ناھىيىلىك مائارىپ بۆلۈملىرى بىلەن چۆچەك شەھەر ئىچى مەكتەپلىرى قاتناشقان كۆرگەزمە چۆچەكتە ئېچىلغان. «كۆرگەزمىگە ئوقۇغۇچى، ئوقۇتقۇچىلار ئۆزلىرى ئىشلىگەن دىئاگراما، خەرىتە، رەسىم، كارىكاتۇرا ۋە تام گېزىتلىرى قويۇلغاندىن سىرت، سۆيۈملۈك رەھبىرىمىز ئەخمەت ئەپەندى، خەلق قەھرىمانلىرى ۋە بۈيۈك پەن ئالىملىرىنىڭ ئالاھىدە ئۇستىلىق بىلەن سىزىلغان رەسىملىرى-

مۇ قويۇلغان بولۇپ، كۆرگۈچىلەرنى ئۆزىگە جەلپ قىلغان. بۇ قېتىمقى كۆرگەزمىنى باھالاشتا مەھمۇد كاشغەرىي نامىدىكى قىزلار مەكتىپىمۇ باشقا مەكتەپلەر قاتارىدا ئەلا باھالانغان. ئو-قۇتقۇچىلارنى باھالاشتا مەزكۇر مەكتەپ ئوقۇتقۇچىلىرىدىن نا-جىيە خانبابايېۋا ۋالىي مەھكىمىسىنىڭ تەقدىرنامىسى بىلەن، ساپۇرا مەخمۇدىۋا ۋىلايەتلىك مائارىپ ئىدارىسىنىڭ تەقدىرنامى-سى بىلەن مۇكاپاتلانغان. 1946 - يىل 12 - ئاينىڭ 25 - كۈنىدىن 27 - كۈنىگىچە ئۆتكۈزۈلگەن مەكتەپلەر ئارا سەنئەت كۆرىكىدە مەزكۇر مەكتىپىنىڭ ئوقۇغۇچىسى مەريەم 1 - بولدى، ساپۇرا مەخمۇدىۋا مۇنەۋۋەر ئارتىستكا بولدى. 1948 - يىلى يازدا ئۆتكۈزۈلگەن تەنھەرىكەت مۇسابىقىسىدە، «مەھمۇد كاشغەرىي مەكتىپى» ئەينى ۋاقىتتا چۆچەكتە تۇرۇشلۇق ئاتاق-لىق كومپوزىتور ئابدۇرېھىم ئەخمەدىگە مۇزىكا ئىشلىتىپ، ئو-قۇغۇچىلارنى ئايروپىلان شەكلىدە تىزىپ، مەلۇم ھەرىكەت كۆرسىتىپ مەيدانغا كىرگەندە پۈتكۈل مەيدان ئەھلى ھاڭ - تاڭ قالغان. مۇشۇ قېتىملىق مۇسابىقىدە «مەھمۇد كاشغەرىي مەكتىپى» 1 - بولغان. 1949 - يىلى مەكتەپلەرنى باھالاشتا «مەھمۇد كاشغەرىي مەكتىپى» 1 - بولۇپ باھالىنىپ، مۇدىرى مەريەم تۇردىبايېۋاغا «ساداقەت» مېدالى بېرىلگەن.

ئەينى ۋاقىتتا بۇ مەكتەپ ئەدەبىيات - سەنئەت، تەنتەربىيە تۈرلىرى بويىچە ئالدىنقى قاتاردىكى مەكتەپ بولۇپلا قالماستىن يەنە بۇ مەكتەپنىڭ ۋالىبول كوماندىسى 50 - يىللارنىڭ ئال-دىنقى يېرىمىدا شىنجاڭ بويىچە ئەڭ كۈچلۈك ئاياللار كوماندى-لىرىنىڭ بىرى بولغان. بۇ مەكتەپنىڭ سەنئەت كۇرژۇكىدا يېت-تىشىپ چىققان ئارتىسلاردىن ئىلى قازاق ئاپتونوم ئوبلاستلىق سەنئەت ئۆمىكىنىڭ داڭلىق ناخشىچىسى كامال، قازاقىستان خەلق ئارتىسى پەرىدە شەرىپوۋالارنى ئاتاپ ئۆتۈشكە بولىدۇ. مۇشۇ مەكتەپتە ئوقۇپ كېيىنكى چاغلاردا ھەرقايسى ساھەلەردە خىزمەت قىلغۇاتقان رىياللىلاردىن: شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى ئىلمىي باشقارمىسىنىڭ باشلىقى بولغان ئايشەم ئىمىنوۋا، شۇ

مەكتەپنىڭ ئوقۇتقۇچىسى مەيمۇنە ئىسھاقىي، بىئولوگىيە فاكۇلتېتىنىڭ ئوقۇتقۇچىلىرى مەريەم مەھمۇدوۋا، ئامىنە قاسىم، تارىخ فاكۇلتېتىنىڭ ئوقۇتقۇچىسى مۇختەبەر، پېداگوگىكا ئۇنىۋېرسىتېتى تارىخ ـ جۇغراپىيە فاكۇلتېتىنىڭ ئوقۇتقۇچىسى رەيھان قاسىم قاتارلىقلارنى «مەھمۇد كاشغەري مەكتىپى» ئۆز قوينىدىن ئۇچۇرغان لاچىنلار دېيىشكە بولىدۇ.



مەھمۇد كاشغەري مەكتىپىنىڭ ئەڭ ئاخىرقى ئوقۇتقۇچىلىرى. 1951 ـ يىلى تارتىلغان.

ئالدىنقى رەت ئوڭدىن: 1. نۇرنىسا سېيىتهاجىيېۋا، 2. مەريەم تۇردىبايېۋا، 3. مەرھەمەت بۇۋى ئاخۇنوۋا، 4. ساپۇرا سەئىدىۋا، 5. خالىدە ھەنەپى. 2 ـ رەت ئوڭدىن: 1. مەكەن، 2. مۇقەددەس ئوسمانوۋا، 3. سارا مەمتىلى، 4. زۆھرە ئىبراھىموۋا، 5. زويا، 3 ـ رەت ئوڭدىن: 1. پەۋزىيە بېرېشىۋا، 2. XX، 3. بەھرى خوجائەخمەت قىزى، 4. ئولىيا ساخارىستۇۋا، 5. رەيھان ئوسمانوۋا.

مەھمۇد كاشغەري نامىدىكى ئۇيغۇر قىزلار مەكتىپى ئۇيغۇر يېڭىچە مائارىپىنى ئومۇملاشتۇرۇش ۋە تەرەققىي قىلدۇرۇشتا، بولۇپمۇ ئۇيغۇر ئاياللار مائارىپىنى تەرەققىي قىلدۇ-

رۇشتا ئۆچمەس تۆھپىلەرنى قوشقان. ئۇ بىر ئىپتىدائىي قىزلار مەكتىپىدىن تەرەققىي قىلىپ ئوتتۇرا ۋە تولۇق ئوتتۇرا سىنىپ ئوقۇغۇچىلىرىنى تەربىيىلەيدىغان مەكتەپ دەرىجىسىگە كۆتۈرۈلگەن.

1947 ـ يىلى تارباغاتاي ۋىلايەتلىك مائارىپ ئىدارىسى چۆچەك شەھىرىدە تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپ ئېچىشقا تەييارلىق قىلىش ئۈچۈن مەھمۇد كاشغەرىي مەكتىپىدە 22 كىشىلىك ئوقۇتقۇچى تەربىيىلەش كۇرسى ئاچقان. 1947 ــ 1948 ـ ئوقۇش يىلىدا بۇ مەكتەپتە ئۈچ تولۇق ئوتتۇرا سىنىپ (ئۇيغۇر ئوغۇللار 6 ـ سىنىپى، ئۇيغۇر، قازاق ۋە باشقا مىللەت بالىلىرى ئارىلاش قىزلار 6 ـ سىنىپى، قازاق ئوغۇللار 6 ـ سىنىپى) ئېچىلغان. بۇ ئوقۇغۇچىلار بىلەن 1948 ـ 1949 ـ ئوقۇش يىلىدا باشقا مەكتەپلەردە ئېچىلغان تولۇق ئوتتۇرا سىنىپ ئوقۇغۇچىلىرى بىرلەشتۈرۈلۈپ چۆچەك گىمنازىيىسى ئەسلىگە كەلتۈرۈلگەن.

مەزكۇر مەكتەپ ئەينى يىللاردا ئوقۇتقۇچى يېتىشمەسلىك، ئوقۇتقۇچىلارنىڭ بىلىم قۇرۇلمىسى ياخشى بولماسلىق مەسىلىسىنى ھەل قىلىش ئۈچۈن يۇقىرى سەۋىيىلىك باشقا زىيالىيلارنى مەكتەپكە تەكلىپ قىلىپ دەرس ئۆتكۈزگەن. شۇ يىللاردا چۆچەك ۋە پۈتۈن شىنجاڭغا داڭلىق زىيالىيلاردىن سەيپىدىن ئەزىزى، نىياز ئىسھاقى، ھېسام باۋىن، خەمىت ۋەكىلى، مىر تۆمۈر جامالى قاتارلىق زىيالىيلار ھەر دائىم مەھمۇد مەكتىپىگە كېلىپ مۇناسىۋەتلىك دەرسلەرنى ئۆتۈپ تۇرغان.

بۇ مەكتەپكە 1932 ـ يىلدىن 1943 ـ يىلغىچە ماھىيە ئىسھاقى، 1943 ـ يىلدىن 1944 ـ يىلغىچە مۇھەببەت نەزەرىۋا، 1944 ـ يىلدىن 1945 ـ يىلغىچە مۇقەددەس غۇلامقارى، 1946 ـ يىلدىن 1947 ـ يىلغىچە مەرزىيە ئەخمەتتىۋا، 1947 ـ يىلدىن 1952 ـ يىلغىچە مەريەم تۇردىبايېۋا، 1952 ـ يىل 5 ـ

ئايدىن 9 ـ ئايغىچە ساپۇرا مەخمۇدىۋالار مۇدىر بولغان.
1950 ـ يىلى غەربىي شىمالدىكى بەش ئۆلكە بويىچە شىدـ ئەن شەھىرىدە ئۆتكۈزۈلگەن 3 ـ قېتىملىق ياشلار يىغىنىدا تارباغاتاي ۋىلايىتىدىن بارغان ئۈچ ۋەكىلنىڭ ئىككىسى مەھمۇد كاشغەرىي نامىدىكى ئۇيغۇر قىزلار مەكتىپىدىن سايلانغان. شۇ يىلى 9 ـ ئايدا مەكتەپ مۇدىرى مەريەم تۇردىبايېۋا بىلەن ئوـ قۇغۇچىلار ۋەكىلى پەرىدە شەرىپىۋا تارباغاتايدىكى ھەر مىللەت ياشلىرىنىڭ ئومىدىنى ئېلىپ شىئەن شەھىرىگە ئاتلىنىدۇ. ئاـ مەت كەلسە قوشلاپ كەپتۇ دېگەندەك ۋەكىللەر دەل شىئەنگە جەم بولۇپ قۇرۇلتاي ئېچىۋاتقان مەزگىلدە، چېخسلوۋاكىيىنىڭ پايتەختى پىراگا شەھىرىدە ئېچىلماقچى بولغان دۇنيا ياشلار فېستىۋالىغا ۋەكىل تاللاش ئىشىمۇ تەڭ ئېلىپ بېرىلىدۇ. شۇ چاغدىكى ۋەكىل تەقسىماتى بويىچە غەربىي شىمالدىكى بەش ئۆلكىدىن تۇنگان ياشلىرىغا ۋاكالىتەن بىر ۋەكىل تاللاش بېـ كىتىلگەن، قۇرۇلتايغا قاتناشقان تۇڭگان ياشلىرىنىڭ بىر ئېـ غىزدىن ماقۇللىشى بىلەن كاشغەرىي نامىدىكى ئۇيغۇر قىزلار مەكتىپىنىڭ پەخرى پەرىدە شەرىپىۋا بۇ فېستىۋالغا قاتنىشىش شەرىپىگە ئېرىشىدۇ.
1952 ـ يىلى تارباغاتاي ۋىلايەتلىك مائارىپ باشقارمىسى چۆچەكتىكى مەكتەپلەرنى تەرتىپكە سېلىپ، ھەرقايسى مىللەت مەكتەپلىرىدىكى ئوغۇللار سىنىپلىرىنى يىغىپ ۋىلايەتلىك 1 ـ ئوتتۇرا مەكتەپ قىلىپ قۇرۇپ چىقىدۇ ۋە يېڭىدىن مەكتەپ بىناسى سالىدۇ. ھەرقايسى مەكتەپلەردىكى قىزلار ئوتتۇرا سىـ نىپلىرىنى بىرلەشتۇرۇپ ۋىلايەتلىك 2 ـ ئوتتۇرا مەكتەپنى قۇرۇپ چىقىدۇ. باشلانغۇچ مەكتەپلەرنىمۇ بىرلەشتۇرۇپ رەت نومۇرى بويىچە ئاتاشنى يولغا قويىدۇ. شۇنىڭ بىلەن ئۇيغۇر ۋە باشقا مىللەتلەر مائارىپى ئۇچۇن 20 يىل تۆھپە قوشقان بۇ مەكتەپ ئۆزىنىڭ تارىخىي بۇرچىنى تاماملايدۇ.

بۇ مەكتەپتە ئوقۇپ ۋە ئىشلەپ جەمئىيەتكە تۆھپە قوشقان ۋە ھېلىھەم تىنىمسىز مېھنەت قىلىۋاتقان تۆھپىكارلار ئاز ئەمەس. شۇڭا ماقالىدا ھەر خىل يېتەرسىزلىك ۋە سەۋەنلىكلەر بولسا كەسىپداشلار ۋە شاھىتلارنىڭ تەنقىدىي پىكىر بېرىشىنى قىزغىن قارشى ئالىمەن.

بۇ ماقالىنى يېزىشتا مېنى قوللاپ قۇۋۋەتلىگەن ۋە ماتېرىيال بىلەن تەمىنلىگەن ھۆرمەتلىك ئۇستاز مەريەم ئاپپاي تۇردىبايېۋاغا چىن كۆڭلۈمدىن تەشەككۈر ئېيتىمەن.

# روسىيىدە ساقلىنىۋاتقان بىرقىسىم كۇسەنچە پۈتۈكلەر

تەلئەت ئوبۇلقاسىم

مەمەت ساۋۇت

قەدىمكى كۇسەن بەگلىكى تارىم ئويمانلىقى ئەتراپىدىكى ئەڭ قەدىمىي بەگلىكلەرنىڭ بىرى، ئۇ يىپەك يولىنىڭ تۈگۈنىگە جايلاشقان بولۇپ، جۇغراپىيىلىك ئورنى ئىنتايىن مۇھىم.

كۇسەن بەگلىكى ئۆزىنىڭ جۇغراپىيىلىك ئەۋزەللىكىدىن پايدىلىنىپ، ئۆزىنىڭ ئىقتىساد ۋە مەدەنىيىتىنى تەرەققىي قىلدۇرغان. ھەر خىل مەدەنىيەتلەر مانا مۇشۇ زېمىندا ئۇچرىشىپ، يەرلىك مەدەنىيەت بىلەن يۇغۇرۇلۇپ ئۆزگىچە مەدەنىيەت شەكىللەنگەن. بۇ ھال ئۇنىڭ كۈچىنى زورايتىپ، شۆھرىتىنى ئاشۇرغان. بۇ بەگلىك 4 ـ، 5 ـ ئەسىرلەردە كۈچىيىپ، تەسىر دائىرىسىنى قۇم (ئاقسۇ)، ئۇچ (ئۇچتۇرپان)، سەپەرباي (ئاقچى)، بۇگۇر قاتارلىق جايلارغا يەتكۈزگەن[1].

بۇددا دىنى كۇسەنگە تارقالغاندىن كېيىن، بۇ دىن بەگلىك ھۆكۈمرانلىرىنىڭ يۈكسەك دەرىجىدە ئەھمىيەت بېرىشىگە ئېرىشكەن، كۇسەن يىپەك يولىنىڭ شىمالىي بۆلىكىدىكى ئەڭ چوڭ بۇددا دىنى مەركىزىگە ئايلانغان. كۇسەنلىكلەر بۇددىزم سەنئىتىنىڭ يۈكسەك ئىپادىسى بولغان تام رەسىملىرىنى تەرەققىي قىلدۇرۇپ، ئوتتۇرا ئاسىيا بۇددىزم سەنئىتىدىكى ئالاھىدە بولغان كۇسەن ئۇسلۇبىنى ياراتقان. بۇددىزم قۇرۇلۇش سەنئىتى جەھەتتە كۇسەن ئۇسلۇبىدىكى چايتىيا (caitya) غارلىرىنى زور دەرىجىدە تەرەققىي قىلدۇرغان. كېيىن بۇ خىل قۇرۇلۇش سەن-

ئىتى شەرقىي كېڭىيىپ، قاراشەھەر، تۇرپان، دۇنخۇاڭلاردىكى مىڭئۆيلەرنىڭ قۇرۇلۇش سەنئىتىگىمۇ تەسىر كۆرسەتكەن.
گۈللەنگەن كۇسەن مەدەنىيىتىنىڭ نامايەندىسى بولغان كۇسەن بۇددىزمى 12 ـ ئەسىرنىڭ باشلىرىدا ئىسلامىيەتنىڭ بۇ يەرگە تارقىلىشى بىلەن ئۆتمۈشكە ئايلىنىپ، ئاستا ـ ئاستا ئۇزۇنتۇلۇپ خارابىلىككە ئايلاندى ۋە مەڭگۈلۈك ئۇيقۇغا كەتتى. 19 ـ ئەسىرنىڭ ئاخىرى ۋە 20 ـ ئەسىرنىڭ باشلىرىدا قوزغالغان ئوتتۇرا ئاسىيا ئېكسپېدىتسىيە قىزغىنلىقى بۇ خارابىلىكلەرنى ئۇيقۇدىن ئويغاتتى.
كۇچا تارىم ئويمانلىقىدىن تېپىلغان قەدىمكى ھۆججەتلەردە ئەڭ بۇرۇن تىلغا ئېلىنغان جاي بولۇپلا قالماي، ئوتتۇرا ئاسىيا ئېكسپېدىتسىيە قىزغىنلىقى پەيدا قىلغان ئوتلۇق ماكاندۇر. بۇ يەردىكى ئەجدادلىرىمىز قالدۇرۇپ كەتكەن مىڭئۆي ۋە باشقا خارابىلىكلەر 19 ـ ئەسىرنىڭ ئاخىرلىرىغا كەلگەندە چەت ئەل ئېكسپېدىتسىيىچىلىرى تەكشۈرۈش ئېلىپ بارىدىغان مەيدانغا ئايلىنىپ قالدى. روسىيە، فرانسىيە، گېرمانىيە، ئەنگلىيە، شىۋېتسىيە ھەتتا ئامېرىكا قاتارلىق دۆلەتلەردىكى ئارخېئولوگلار، تەۋەككۈلچىلەر، دىن تارقاتقۇچىلار، جۇغراپىيىشۇناسلار ۋە سەيياھلار ھەر خىل ناملار بىلەن بىرىنىڭ كەينىدىن بىرى بۇ يەرگە كېلىپ، زور تارىخىي قىممەتكە ئىگە مەدەنىي مىراسلارنى ئېلىپ كەتتى.
روسىيە بۇ قېتىمقى دولقۇندا ئەڭ كۆپ «ئولجا»غا ئېرىشكەن دۆلەت ھېسابلىنىدۇ. روسىيە شىنجاڭ بىلەن قوشنا بولغاچقا، ئۇزاقتىن بېرى شىنجاڭغا كۆز تىكىپ يۈرگەن ھەم ھەر خىل ناملاردا شىنجاڭغا كۆپ قېتىم ئەلچىلەر ئۆمىكى، تەكشۈرۈش ئەترىتى قاتارلىقلارنى ئەۋەتىپ، شىنجاڭنىڭ جۇغراپىيىلىك ئەھۋالى ۋە قېزىلما بايلىقلىرىنى تەپسىلىي تەكشۈرگەن. ئۇلارنىڭ بىرقىسمى شىنجاڭدىكى جۈملىدىن كۇچادىكى بىرقىسىم قەدىمىي خارابىلەرنى تەكشۈرۈشنى ئۆز خىزمىتىنىڭ مۇھىم كۆنتەرتىپىگە قويغان، بولۇپمۇ كۇسەنچە ھۆججەتلەرنى قېزىش،

يىغىۋېلىشقا ئالاھىدە كۆڭۈل بۆلگەن.
رۇسلارنىڭ كۇچاغا قاچان قەدەم باسقانلىقى توغرىسىدا ئېنىق مەلۇمات يوق، لېكىن قىزىل مىڭئۆي 38 ـ غار سول تەرەپ كارىدورىنىڭ تورۇسىغا يېزىلغان رۇسچە بېغىشلىمىدىكى «1873 ـ يىلى» دېگەن يىلنامە ـ مەزمۇنلارغا ھەم قىزىلقاغا مىڭئۆي 16 ـ غارنىڭ ئوڭ تەرەپ كارىدور ئىچكى تامنىڭ ئوتتۇرىسىغا ئويۇپ يېزىلغان «1879 ـ يىلى سېرگىي» دېگەن رۇسچە بېغىشلىمىلارغا قاراپ، رۇسلار ئەڭ كېيىن دېگەندىمۇ 1873 ـ يىلنىڭ ئالدى ـ كەينىدە كۇچادا مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرىنى قېزىش بىلەن شۇغۇللانغان دېگەن خۇلاسىنى چىقىرىشقا بولىدۇ.
ئەنگلىيىنىڭ ھىندىستاندا تۇرۇشلۇق قۇرۇقلۇق ئارمىيە ئوفىتسېرى خامىلتون بوۋېر 1890 ـ يىلى ئەنگلىيىنىڭ قەشقەردە تۇرۇشلۇق كونسۇلىنىڭ بۇيرۇقىغا بىنائەن، شوتلاندىيىلىك ئېكسپېدىتسىيىچى ئاندرېۋ داگلىشنى ئۆلتۈرگەن قاتىلنى ئىزدەپ كۇچاغا كېلىدۇ ۋە تاسادىپىي پۇرسەتتە سۇبېشى بۇددا ئىبادەتخانىسى خارابىسىدىن تېپىلغان، قېيىن دەرىخىنىڭ قوۋزىقىغا يېزىلغان قەدىمكى كۇسەن يېزىقىدىكى 51 بەتلىك قول يازمىنى قولغا چۈشۈرىدۇ. كېيىن بۇ قول يازمىنى نېمىس نەسلىدىن بولغان ئەنگلىيىلىك شەرقشۇناس، دوكتور ئاۋگۇستوس رودولوف خورنىل ئوقۇپ چىقىپ، بۇ ھەقتىكى نەتىجىلىرىنى «بېنگال ئاسىيا ئىلمىي جەمئىيىتى خەۋەرلىرى» (1890 ـ يىلى)دە ۋە «بېنگال ئاسىيا ئىلمىي جەمئىيىتى ژۇرنىلى»نىڭ 1891 ـ يىلدىكى 60 ـ سانىدا ئېلان قىلىدۇ. كۇسەن يېزىقىدىكى بۇ قول يازمىنىڭ مەزمۇنى دورىگەرلىك ۋە پېرىخونلۇققا ئائىت بولۇپ، دەۋرى مىلادىيە 4 ـ، 5 ـ ئەسىرلەرگە توغرا كېلىدۇ. بۇ قول يازما ھازىر «بوۋېر قول يازمىلىرى» دېگەن نامدا ئوكسفورد ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ بودلېيان كۇتۇپخانىسىدا ساقلانماقتا.
1891 ـ يىلى ئەنگلىيىلىك دىن تارقاتقۇچى ۋېبېر كۇچادىكى مەلۇم مىڭئۆي خارابىسىدىن تېپىلغان قول يازمىنى قولغا چۈشۈرىدۇ. 1892 ـ يىل 7 ـ ئايدا بۇ قول يازمىنى دوكتور

خورنلنغا ئەۋەتىپ بېرىدۇ. بۇ قولىيازما «ۋېبېر كىتابى» دەپ ئاتىلىدۇ. خورنلىنىڭ «ۋېبېر كىتابى ۋە ئوتتۇرا ئاسىيادىن تېپىلغان بىر تۇركۇم قەدىمكى ۋەسىقىلەر» دېگەن ماقالىسى «بېنگال ئاسىيا ئىلمىي جەمئىيىتى ژۇرنىلى»نىڭ 1893 ـ يىللىق 1 ـ سانىدا ئېلان قىلىنىدۇ. خورنلىنىڭ تەتقىقاتىغا ئاساسلانغاندا، بۇ قولىيازما ئوخشاش بولمىغان توققۇز پارچە ئەسەردىن تۈپلەنگەن، جەمئىي 76 ۋاراق بولۇپ، دەۋرى مىلادىيە 7 ـ ئەسىردىن ئىلگىرى بولۇشى مۇمكىن ئىكەن②.

بۇ ئىككى ئەسەر بايقالغاندىن كېيىن، ھەرقايسى ئەللەر، بولۇپمۇ رۇسلار كۇچادىكى مىڭئۆيلەرگە، ئەڭ مۇھىمى قەدىمكى قولىيازمىلارنى قولغا چۈشۈرۈشكە ئالاھىدە كۆڭۈل بۆلدى. بۇ ھەرىكەتتە ئەڭ بۇرۇن مەيدانغا چۈشكىنى روسىيىنىڭ قەشقەردە تۇرۇشلۇق باش كونسۇلى N . F . پېتروۋسكىي (1837 — 1908) بولۇپ ھېسابلىنىدۇ.

پېتروۋسكىي 1880 ـ يىللىرى ئەتراپىدا روسىيىنىڭ قەشقەردە تۇرۇشلۇق كونسۇلى بولۇپ تەيىنلەنگەندىن كېيىن، شىنجاڭنىڭ ھەرقايسى جايلىرىدىكى ئايغاقچىلىرى ئارقىلىق قەدىمكى قول يازمىلارنى قولغا چۈشۈرۈشكە باشلىدى. بولۇپمۇ «بوۋېر قول يازمىلىرى» بىلەن «ۋېبېر كىتابى» بايقالغاندىن كېيىن، پېتروۋسكىي دىققەت نەزىرىنى كۇچاغا مەركەزلەشتۈردى. بۇ جەرياندا كۇچادىكى غۇلام قادىرخان، ئەيساجان، ساھىپ ئەلى قاتارلىقلار مىڭئۆيلەردە قاتراپ يۈرۈپ يىغقان يازما يادىكارلىق ۋە باشقا بۇيۇملارنى قەشقەردىكى پېتروۋسكىيغا ئەۋەتىپ بېرىپ لايىقىدا پۇل تاپتى. 1892 — 1893 ـ يىللىرى پېتروۋسكىي روسىيە پەنلەر ئاكادېمىيىسىدىكى ئولدېنبۇرگقا 100 پارچىدىن ئارتۇق كۆسەنچە ھۆججەتنى ئەۋەتىپ بەردى. ئولدېنبۇرگ 1893 ـ 1903 ـ يىلغىچە «ئىمپېرىيە ئارخېئولوگىيە جەمئىيىتى شەرقشۇناسلىق بۆلۈمى خاتىرىسى»دە بۇ ھۆججەتلەرنىڭ فوتو سۈرىتى، ئوقۇلۇشى ۋە رۇسچە تەرجىمىلىرىنى ئېلان قىلدى.

پېتروۋسكي 1903 ـ يىلى قەشقەردىن ئايرىلغىچە شىنجاڭدىن يىغىۋېلىپ روسىيە پەنلەر ئاكادېمىيىسىگە ئەۋەتىپ بەرگەن ھۆججەت 582 پارچە بولۇپ، ئۇلاردىن 251 ى سانسكرىتچە ھۆججەت (كۆپىنچىسى كۇچا بىلەن خوتەندىن تېپىلغان)، 297 سى ئۇدۇن يېزىقىدىكى ھۆججەت (ئۇنىڭ 59 ى بۇددا دىنىغا ئائىت ھۆججەت، 238ى دىندىن خالىي ھۆججەت)، ئۇچى كۇسەن تىلىدىكى كەمتۈك ئەسەر، تۆتى تىبەتچە ھۆججەت، تۆتىنىڭ تىلى نامەلۇم③.

بۇ ھۆججەتلەر روسىيە پەنلەر ئاكادېمىيىسىگە ئەۋەتىلگەندىن كېيىن، ئولدېنبۇرگ روسىيە ئارخېئولوگىيە جەمئىيىتىدىن شىنجاڭ رايونىغا بىر تەكشۈرۈش ئەترىتى ئەۋەتىشنى تەلەپ قىلدى. نەتىجىدە بۇ جەمئىيەت 1906 ـ يىلى ئاكا ـ ئۇكا بېرېزوۋسكىيلاردىن تەشكىللەنگەن ئارخېئولوگىيە ئەترىتىنى تەكشۈرۈشكە ئەۋەتتى. ئۇلار قۇمتۇرا، قىزىل، قىزىلقاغا مىڭئۆيلىرىدە تەكشۈرۈشتە بولدى. قىزىلقاغا مىڭئۆيىنىڭ 27 ـ غار كارىدورىنىڭ سول تەرىپىدىكى تامغا يېزىلغان «بېرېزوۋسكىي 1906 ـ يىلى» دېگەن بېغىشلىمىدىن ئۇلارنىڭ مۇشۇ مىڭئۆيدە تەكشۈرۈشتە بولغانلىقىنى ھەم بۇ يەردىن بىرقىسىم نەپىس تام رەسىملىرىنى كەسكەنلىكىنى بىلىۋالالايمىز. ئۇلار بۇ قېتىمقى تەكشۈرۈشتە كۇچا رايونىدىن 31 پارچە ھۆججەت بايقىغان، ئۇنىڭ 24 ى سانسكرىتچە ھۆججەت، بىرى قەدىمكى ئۇيغۇرچە ـ خەنزۇچە قوش تىللىق ھۆججەت، بىرى خەنزۇچە باسما ھۆججەت، بىرى قەدىمكى ئۇيغۇرچە ـ براھمىچە قوش تىللىق ھۆججەت، بىرى براھما يېزىقىدا يېزىلغان خەنزۇچە ھۆججەت. ئۇلار بۇلاردىن باشقا يەنە سانى ئازراق، لېكىن تارىخي قىممىتى ناھايىتى يۇقىرى بولغان كۇسەنچە دىندىن خالىي ھۆججەتلەرنى بايقىغان④.

پېتروۋسكي ۋە ئاكا ـ ئۇكا بېرېزوۋسكىيلار كۇچا رايونىدىن توپلىغان ۋە تېپىپ چىققان مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرىنىڭ كۆپ قىسمى روسىيىدىكى ئاسىيا مۇزېيىدا ساقلانماقتا. 1913 ـ

يىلى فرانسىيىلىك سولۋايىن لېۋى مۇزېيىدىكى بىرقىسىم كۇسەنچە ھۆججەتلەرنى تەتقىق قىلدى ۋە رەتلەپ چىقتى. ئۇ ھۆججەتلەرنىڭ مۇتلەق كۆپ قىسمى دىنىي ھۆججەتلەر بولۇپ، نوقۇل ھالدا بۇددىزم ئەقىدىلىرى تەرغىب قىلىنغان بولماستىن، يەنە مانى دىنىغا ئائىت بىر پارچە ھۆججەت بولۇپ، ئۇمۇ بۇددىزم پرىنسىپى ئاساسىدا يېزىلغان. ھۆججەتلەر ئۇزۇن، كەڭرى يەرلىك قەغەزگە ياكى توغراق قوۋزىقىغا يېزىلغان.

1998 ـ يىلى فرانسىيە ئىنستىتۇتىنىڭ مەشھۇر توخار تىللىرى مۇتەخەسسىسى، ھىندىشۇناس ئالىم فىئورگىي پىنائۇلت ئاسىيا مۇزېيىدىكى كۇسەن تىلى (توخار تىلىنىڭ B دىيالېكتى)دىكى ھۆججەتلەرنى رەتلەۋېتىپ تاسادىپىي كۇسەن يېزىقىدا يېزىلغان بەش پارچە دىنىدىن خالىي ھۆججەتنى بايقاپ قالدۇ. بۇ بەش پارچە ھۆججەتنىڭ تۆت پارچىسىنى بېرېزوۋسكىي كۇچادىن تاپقان، يەنە بىر پارچىسىنى كۇچالىق ئۇيغۇرلار بۇددىزم خارابىلىرىدىن بايقاپ، قەشقەردىكى پېتروۋسكىيغا سېتىپ بەرگەن. بۇ ھۆججەتلەر بۇتخانا خاتىرىسى، سودا ـ سېتىق، مەمۇرىي دوكلات، بۇتخانىلارغا سەدىقە قىلىنغان مال ـ چارۋا تىزىملىكى، كارۋانلارنىڭ يول خېتى قاتارلىق مەزمۇنلاردا ئىدى. بۇ ھۆججەتلەر كۇسەننىڭ ئىجتىمائىي، ئىقتىسادىي ئەھۋالىنى تەتقىق قىلىشتا كەم بولسا بولمايدىغان تارىخىي ھۆججەتلەر بولۇپ، پىنائۇلتنىڭ دىققىتىنى قوزغىغان. شۇنىڭ بىلەن پىنائۇلت بۇ ھۆججەتلەرنى تەتقىق قىلىشقا كىرىشىپ، تەتقىقات نەتىجىسىنى 1998 ـ يىل 10 ـ ئايدا سانكت پېتېربورگدا چىقىدىغان «شەرق ھۆججەتلىرى» دېگەن توپلامنىڭ 4 ـ توم 4 ـ نومۇرلۇق خاتىرىسىدە ئېلان قىلدى⑤.

بۇ بەش پارچە ھۆججەتنىڭ قاچان، كىملەر تەرىپىدىن يېزىلغانلىقىنى بېكىتىش ناھايىتى قىيىن، لېكىن ئۇلاردا ئىلگىرىكى خەنزۇچە تارىخىي مەنبەلەردە كۆرۈلمىگەن كۇسەن بەگلىكىنىڭ ئۈچ قاغانى ۋە ئۇلارنىڭ يىلنامىلىرى تىلغا ئېلىنغان.

بىز مۇشۇلارغا ئاساسەن، بۇ ھۆججەتلەرنى ھېچ بولمىغاندا مىلادى-يە 7 ـ، 8 ـ ئەسىرلەر ئارىلىقىدا يېزىلغان دەپ پەرەز قىلىمىز.

تۆۋەندە بۇ بەش پارچە ھۆججەتنىڭ فوتو نۇسخىسى، ئوقۇلۇ-شى، ئىزاھاتى ۋە ئۇيغۇرچە تەرجىمىسىنى ئوقۇرمەنلەرگە سۇندۇق.

1 ـ **ھۆججەت:** كەڭلىكى 28.7 سانتىمېتىر، ئېگىزلىكى 36.8 سانتىمېتىر كېلىدىغان قەغەزگە قارا سىياھتا 14 قۇر قىلىپ يېزىلغان.

ئىزاھ: 1) ksumntsa بۇ ئادەتتە ksum دەپمۇ يېزىلىدۇ، كۇسەن جەمەتىنىڭ خان جەمەت يىلنامىسى. بۇ سۆز يەنە قىزىل-قاغا مىڭئۆيىنىڭ 25 ـ غارىغا يېزىلغان بېغىشلىمىدىمۇ ئۇچراي-دۇ. بەزىلەر بۇ يىلنامىنى تاڭ سۇلالىسى خانى تەيزۇڭنىڭ جىن-گۇەن يىلنامىسىنىڭ كۇسەن تىلىدىكى ئاھاڭ تەرجىمىسى بولۇ-شى مۇمكىن دەپ قارىغان. بىراق لېۋى، پېللىئوت قاتارلىقلار كۇچانىڭ شالدىراڭ كېچىكىدىن ئېلىپ كەتكەن ھۆججەت، تارشا پۈتۈك قاتارلىقلارنى تەتقىق قىلىپ، ksum يىلنامىسىنىڭ كۇ-سەن ھۆججەتلىرىدە كۆرۈلگەن ۋاقتىنىڭ تاڭ تەيزۇڭ 627 ــــ 649 ـ يىلغىچە قوللانغان جېنگۇەن يىلنامىسىدىن بۇرۇن ئىد-كەنلىكىنى بايقاپ، بۇ قاراشنى ئىلمىي ئاساستا رەت قىلىدۇ[6].

2) ksemarcune كسېمار جۇنا، كۇسەن خانلىرىدىن بىرى. ئۇنىڭ ئىسمى سانسكرىتچىدىن كۇسەن تىلىغا ئۆزلەشكەن بو-لۇپ، بۇ ھۆججەتتىن باشقا گېرمانىيىلىكلەر قىزىل مىڭئۆيدىكى نوم ساقلايدىغان غار (ھازىرقى 67 ـ غارنى كۆرسىتىدۇ، گېرما-نىيىلىكلەر بۇ غارنى قىزىل تورۇسلۇق غار دەپ ئاتىغان)دىن ئې-لىپ چىقىپ كەتكەن ھۆججەتلەردىمۇ ئۇچرايدۇ. ئۇنىڭدىن باشقا سۇبېشى بۇددا ئىبادەتخانىسىدىكى غارنىڭ تېمىغا يېزىلغان بې-غىشلىمىدىمۇ ئۇچرايدۇ[7].

كسېمارجۇنا دېگەن بۇ سۆزنىڭ قۇرۇلمىسىغا قارىغاندا بۇ خان كۇسەننىڭ ئەنئەنىۋى خان جەمەتىگە تەۋە ئەمەستەك قىلى-دۇ، چۈنكى بۇ ئىسمىدىكى arcun قارا شەھەرنىڭ قەدىمكى نامى

Agni بىلەن مۇناسىۋەتلىكتەكمۇ قىلىدۇ. بۇ خان ئىلگىرىكى خانلاردەك مەشھۇر بولمىغانمۇ ياكى تاڭ سۇلالىسى بىلەن ئەپ ئۆتمىگەنمۇ، تاڭ سۇلالىسى يىلنامىلىرىدە تىلغا ئېلىنمىغان. مۇشۇنىڭغا قاراپ بۇ خاننى كۆك تۈركلەر تەختكە چىقارغان خان بولۇشى مۇمكىن دەپ قىياس قىلىشقىمۇ بولىدۇ. بۇ خاننىڭ كۇسەنگە قاچان ھۆكۈمرانلىق قىلغانلىقىنى ئېنىقلاشمۇ ناھايىتى قېيىن.

ھۆججەتنىڭ تىلى ھەمدە سۇبېشى بۇددا خارابىسىدىكى بېغىشلىمىلارغا قاراپ، بۇ خان كۇسەنگە مىلادىيە 7 ـ ئەسىرنىڭ ئاخىرلىرى ھۆكۈمرانلىق قىلغان دەپ ئېيتالايمىز.

3) mewyai pikulne بۇ بارس يىلى دېگەنلىك بولىدۇ (mewya بارس، يولۋاس). كۇسەن تەۋەسىدىن تېپىلغان كۇسەنچە ھۆججەتلەردىن مەلۇم بولۇشىچە، كۇسەن خەلقى ناھايىتى بۇرۇنلا 12 مۆچەل كالېندارىنى ئىشلەتكەن. بۇ ھۆججەتلەردە بارس يىلى كۆرۈلگەن بولسا، كېيىنكى ھۆججەتلەردە قوي يىلى (sayye قوي) كۆرۈلىدۇ. دۇلدۇل ئوقۇر خارابىلىكى (قۇمتۇرا مىڭئۆيىنىڭ جەنۇبىدىكى بۇددا ئىبادەتخانىسى خارابىسى، ئۆگەن دەرياسى بۇ خارابىلىكنى ئىككىگە بۆلۈۋەتكەن. دەريانىڭ غەربىدىكى خارابىلىكنى يەرلىكلەر شاھتۇر دەپ ئاتايدۇ، ئۇ ھازىر توقسۇ ناھىيىسىگە تەۋە؛ شەرقىدىكى خارابىلىكنى ئۇچتۇر دەپ ئاتايدۇ، ئۇ كۇچا ناھىيىسىگە تەۋە)دىكى غار تېمىغا يېزىلغان بېغىشلىمىدا ئىت يىلى، سۇبېشى بۇددا ئىبادەتخانىسى خارابىلىكىدىكى ۋىھارا غارلىرىنىڭ تېمىغا يېزىلغان بېغىشلىمىدا ئات يىلى (yakwi ئات)، مايمۇن يىلى (moko skai مايمۇن)، كالا يىلى (okso كالا)، ئىت يىلى (wace ئىت) دېگەندەك مۆچەل ناملىرى ئۇچرايدۇ.

4) sankam ~ sanka بۇ كۇسەن تەۋەسىدە قوللىنىلغان ئېغىرلىق ئۆلچەم بىرلىكى، ئەنگلىيىلىك ئالىم بەيلېي بۇنى سانسكرىتچە samga دىن كېلىپ چىققان دەپ قارايدۇ.

5) moko ، ypay بۇلار كۇسەن تىلىدىكى ھۆججەتلەردە كۆپ

ئۇچرايدىغان ئەمەل ـ مەنسەپ نامى. بۇ يەردىكى moko بىر مە ـ
مۇرىي رايون ياكى خانلىقتا قاراشلىق مەلۇم سۇيۇرغال جاينى
باشقۇرغۇچى ئاقساقال دېگەنلىك. باشقا ھۆججەتلەردە mokom،
mokon ۋە mokonta شەكىللىرىدىمۇ ئۇچرايدۇ. ypay يەنە
yapok، yakone دېگەن شەكىللەردە ئۇچرايدۇ. بۇ كۆك تۈرك
مەنبەلىرىدىكى يابغۇ دېگەن نامغا يېقىنلىشىدۇ. كۇسەن بەگلىكى
ناھايىتى بۇرۇنلا شىمالدىكى چارۋىچى مىللەتلەر بىلەن قويۇق
مۇناسىۋەتتە بولغان، بولۇپمۇ غەربىي تۈركلەر دەۋرىگە كەلگەندە
بۇ خىل مۇناسىۋەت كۈچەيگەن ھەم غەربىي تۈركلەر ھامىيلىقىـ
دىكى چوڭ بەگلىكلەرنىڭ بىرى بولۇپ قالغان. 7 ـ ئەسىرنىڭ
باشلىرىدا كۇسەن خانى سۇۋارنا پۇسپا غەربىي تۈركلەرگە بېقىندـ
غان ھەم تۈركچە ئىشكەم باغا ئېلتەبىر دېگەن مەنسەپنى قوللانغان[8].

تەرجىمىسى:

ئۇلۇغ كۇسەن خانى كىسىمارجۇنانىڭ 2 ـ يىلى يولۋاس يىلى
9 ـ ئاينىڭ 4 ـ كۈنى خەلق ئىچىدىكى ئۇششاق چارۋىلارنىڭ
سانى ئېلىندى. بۇنىڭغا دائىر ئەھۋال مۇنداق: پېشقەدەم يابغۇلار ـ
دىن ساڭخاداسا (sanghadasa)، چاككارې (ccakkare) ۋە نۇۋې ـ
تاككلې (nwetakkle) قاتارلىقلارنىڭ تۆۋەندىكىدەك مال ـ چار ـ
ۋىلىرى ئازايغان يەنى ساڭخاداسا كۋانپې (kwanpe) غا قىرقىلـ
غان بىر تېكىنى 250 شانكام ئاشلىققا ساتقان. ساڭخاداسا يەنە
كامىل لېستان (camil lestane) غا ئىككى قېتىم قىرقىلغان
بىر تېكىنى 250 شانكام ئاشلىققا ساتقان. ساڭخاداسا بىلەن
چاككارې ئاۋال چاتىلې (catile) غا بىر قوچقار بەرگەن. ۋامسى
(wamssi) ساڭخاداساغا 200 شانكام ئاشلىققا بىر قوچقار تې ـ
گىشكەن. نۇېتاككلې ئىككى قوچقار سېتىۋالغان.

10 ـ ئاينىڭ 14 ـ كۈنى چاككارې بۇ يۇرتنىڭ يابغۇسى
راكتاكۇلى (raktakule) غا چىرايلىق تارالغان قوچقاردىن بىرنى
بەرگەن. يەنە شۇ كۈنى ئىشلەمچىلەر، قېرى ـ چۆرىلەر ئۆزلىرىـ
نىڭ قوي يۇڭى ۋە ئۆچكىسىنىمۇ ئۇنىڭغا بەرگەن. كىسىمارجۇنا ـ
نىڭ 3 ـ يىلى 5 ـ ئايدا نۇېتاككۇلې كىپپا (kippa) غا بىر تې ـ

كە بەرگەن. راكتاكولى بۇ چارۋىلارنى تولەم ھېسابىدا قەرزگە بەرگەن. ساڭخاداسا ليۋا (lyiwa) غا بىر قوچقىرىنى ئۇنىڭ ساغلىقىغا قويۇش ئۈچۈن ئارىيەت بېرىپ تۇرغان.

**2 ـ ھۆججەت:** كەڭلىكى 15.2 سانتىمېتىر، ئېگىزلىكى 28.3 سانتىمېتىر كېلىدىغان قەغەزگە قارا سىياھتا بەش قۇر قىلىپ يېزىلغان.

ئىزاھ:

1) بۇ ھۆججەتمۇ كۇسەن خانى كسىمارجۇنانىڭ ksum يىلى 11 ـ ئاي، 2 ـ يىلى 12 ـ ئايدا يېزىلغان بولۇپ، ئىككى ھۆججەت بىر قەغەزگە يېزىلغاندەك قىلىدۇ. ئەمەلىيەتتە بۇ ھۆججەتتىكى مەزمۇنلارمۇ سۇچىلىق قۇرۇلۇشى بىلەن تېرىقچىلىقتىن ئىبارەت ئىككى قىسىمغا ئايرىلغان.

2) muryesa دەريا، ئۆستەڭ دېگەن مەنىدە، ئادەتتە يەنە mury دېگەن قىسقارتىلغان شەكلىمۇ كۆپ ئۇچرايدۇ. بۇ سۆز سوغدى تىلىدىن كۇسەن تىلىغا كىرگەن بولۇشى مۇمكىن، چۈنكى سوغدى تىلىدىكى mwryy دېگەن سۆزنىڭمۇ قانال، ئۆستەڭ دېگەن مەنىسى بار.

3) war سۇ دېگەن مەنىدە.

4) swara تۆت دېگەن مەنىدە.

تەرجىمىسى:

11 ـ ئاينىڭ 30 ـ كۈنى چاككارى ئۆستەڭگە سۇ باشلىماقچى بولىدۇ. شۇڭا چاككارى يابغۇ راكتاكولىغا سۇ ئىنشائاتى ھەققى ئۈچۈن سىمىز ساغلىقتىن بىرنى بېرىدۇ. كسىمارجۇنانىڭ 2 ـ يىلى 12 ـ ئايدا يابغۇ ـ ئاقسۆڭەكلەر تېرىقچىلىق ئۈچۈن ئۇرۇق بۇيرۇتتى. ساڭخاداسا پوھلالارايىسى (pohlalaraiyse) غا [ئۇرۇقلۇق ئۈچۈن] تۆت قوي يەنى ئىككى چىشلىق قويدىن ئىككىنى، ساغلىقتىن بىرنى، قوچقاردىن بىرنى بېرىدۇ.

**3 ـ ھۆججەت:** كەڭلىكى 27.5 سانتىمېتىر، ئېگىزلىكى 40 سانتىمېتىر كېلىدىغان قەغەزگە قارا سىياھتا 17 قۇر قىلىپ يېزىلغان.

ئىزاھ:

1) yshkwa كۇسەن خانلىرىدىن بىرى، بۇ خاننىڭ نامى بۇ ھۆججەتتىن باشقا قىزىل مىڭئۆي 95 ـ غار ئۇدۇل تامنىڭ ئوت-تۇرا قىسمىغا ياغاچ كۆمۈر بىلەن يېزىلغان كۇسەن يېزىقىدىكى بېغىشلىمىدا ئۇچرايدۇ⑨.

2) cak چاك، كۇسەندە قوللىنىلغان ئۇزۇنلۇق بىرلىكى. ئۇنى قەدىمكى ئۇيغۇر تىلىدىكى چىغ سۆزى بىلەن سېلىشتۇ-رۇشقا بولىدۇ. بۇ سۆزلەر خەنزۇ تىلىدىكى 尺 دېگەن سۆز بىلەن مۇناسىۋىتى بارمۇ، بۇنى يەنىمۇ تەتقىق قىلىشقا توغرا كېلىدۇ.

3) santa كۇسەن تىلىدىكى sankram دېگەن سۆزنىڭ قىسقارتىلمىسى، سانسكرىتچە ئىبادەتخانا دېگەن مەنىنى بىلدۇ-رىدىغان sangharama دېگەن سۆزدىن كېلىپ چىققان.

4) kenek پاختا رەخت دېگەن مەنىدە. بۇ خىل رەخت قە-دىمكى ئۇيغۇرچە ھۆججەتلەردىكى كاناپ، بۆز دېيىلگەن رەختنىڭ ئۆزى.

تەرجىمىسى:

كۇسەن خانى yshkwa نىڭ ksum 14 ـ يىلى، قوي يىلى 9 ـ ئايدىكى كىرىم ـ چىقىم ئەھۋالى تۆۋەندىكىچە: ئۇششاق چار-ۋىلارنىڭ سانىنى ئازايتتىم. بۇ ئايلىق ساندا ئۇۋاسى (uwasi) بىر چىشلىق ساغلىق قوي ۋە ئىككى قوچقار، بىر ئۆچكە ئەكەل-گەن. پائىيتى (paiyti) بىر چىشلىق ساغلىق قوي بىلەن بىر پاقلاننى قەرز ھېسابىغا ئەكەلگەن. تېپكۋام (tepkwam) نىڭ ئاررۇسى بويىچە، مەن ئېرىك قويدىن بىرنى يەتتە چى پاختا رەختكە تېگىشتىم. 12 ـ ئايغا كەلگەندە بىر ساغلىق ئۆلۈپ قال-دى. چائۇسى (causi) تۆت ئۇششاق چارۋا ئېلىپ كەلدى. شانكى (sanke) ئۇششاق چارۋىلارنىڭ سانىنى ئالغىلى كەلدى. [ئۇ-نىڭغا] ئىككى قىرقىلغان مال يەنى بىر قوي، بىر تېكە بەردۇق. ساكۋاكى (sakwake) بىلەن شانكى ئىككى تېكە ئەكەلگەنىكەن، ئۇنىڭدىن بىرنى سويۇپ يېدۇق. ئاقساقال (يابغۇ)نىڭ بۇيرۇتمىسى

بىلەن ئۈچ قوي يەنى قىرى ساغلىقتىن بىرنى، پاقلاندىن ئىككى-نى ئەكەلگەن. سىما (sima) ئىككى تىكە ئېلىپ كەلدى. كىپپا (kippa) بىر تىكە ئېلىپ كەلدى. چائۇنكۋى (caunkwi) ئېرىك قويدىن ئىككىنى ئېلىپ كەلگەن. جىناسېنا (cinasene) بىر تې-كە ئەكەلگەن. يۇرت ئاقساقىلى بىر تىكە، ستىمپېنكۈلې (stwmpenkule) بىر ساغلىق ئەكەلگەن. ئۇششاق چارۋىلاردىن 13 ى ئۆلۈپ، يەتتىسى ئامان قالغان.

**4 ـ هۆججەت** كەڭلىكى 29.2 سانتىمېتىر، ئېگىزلىكى 39.8 سانتىمېتىر كېلىدىغان قەغەزگە قارا سىياھتا 12 قۇر قى-لىپ يېزىلغان.

ئىزاھ:

1) yase ياشى كۇسەن خانلىرىدىن بىرى بۇ هۆججەتتىن باشقا قىزىلقاغا مىڭئۆيى 25 ـ غارنىڭ كارىدورىغا يېزىلغان كۇسەن تىلىدىكى بېغىشلىمىدىمۇ بۇ قاغاننىڭ نامى ئۇچرايدۇ[10]. ئۇنىڭ ئۇستىگە بۇ بېغىشلىما كۇسەن خانى ياشىنىڭ ksum 22 ـ يىلى يەنى هۆججەت يېزىلىپ بىر يىلدىن كېيىن يېزىلغان.

2) patpikul بۇت يىلى دېگەن مەنىدە بولۇپ، ستۇپا (بۇددا مۇنارى) يىلى دەپ قوللىنىلىدۇ. بۇ يىل نامى يەنە قىزىل مىڭ-ئۆيىنىڭ 22 ـ غارىغا يېزىلغان بېغىشلىمىدىمۇ ئۇچرايدۇ. كۇسەن تىلىدا بۇتنى pat دەپ ئاتىغان. ئەمەلىيەتتە ستۇپا يىلىنىڭ كۇ-سەن رايونىدىكى هۆججەتلەردە تىلغا ئېلىنىشى بۇ خانلىقتا ئون ئىككى مۆچەل كالېنداردىن باشقا بۇددا دىنى كالېندارىنىڭمۇ قوللىنىلغانلىقىدىن دېرەك بېرىدۇ.

3) puwar ئوت دېگەن مەنىدە، يەنى pwara دېگەن شەكىل-دىمۇ ئۇچرايدۇ. كۆچمە مەنىسى تۇر، قارغۇ دېگەنلىك بولۇپ، ئۇ-نىڭ هېچقانداق دىنىي مەنىسى يوق. بەلكى هەربىي ئىشلاردا، يۇرت ئامانلىقىنى قوغداشتا بىر تۇردىن يەنە بىر تۇرغا خەۋەر يەتكۈزۈشتە يېقىلغان ئوتنى ۋە تۇرا، قارغۇنى كۆرسىتىدۇ.

4) arta چېگرا، چەك، پاسىل دېگەن مەنىدە.

تەرجىمىسى:

كۇسەن خانى ياشىنىڭ ksum 21 ـ يىلى، ستۇپا يىلى 8 ـ ئاينىڭ 21 ـ كۈنى يابغۇ ۋرائۇ (wrau) خانلىق چېگرىسىنى بويلاپ تۇرلارغا ئوت يېقىش ئۇچۇن تۆت بۆلۈك كىشىنى ئەۋەتتى. موكساراما (moksarama) تۇرىغا ئوت ياقىدىغانلار: شامنا (ş amna)، كېرېنتسىلى (kerant ş ile)، پاتامپارا (patampare)، چاتىلى (catile)، مىككىشونې (mikkisone)، شانكالې (ş ankale)، كېرچاپىشكې (kercapi ş ke)، كېپائۇتىلې (kepautile)، پۇتتامىترا (puttamitre) سوتاركانى (sotarkane)، مىترايىشا (mitraiy ş e)، ئوكتالې (oktale)، تارماسېنې (tarmasene)، كومپانتىشكې (kumpantiske) قاتارلىقلاردۇر؛ كۋانيې (kwanye) تۇرىغا ئوت ياققۇچىلار بولسا، چائۇكىلې (caukile)، پۇلۇشكې (puluske)، مالاككې (malakke)، ۋرائۇ (wrau)، كولتى (kolti)، پالامتتې (palamtte)، شىنكىشكې (ş inki ş ke)، ئورتوناكشكې (ortonak ş ke)، ماشۇتا (ma ş uta)، ئاپارشا ۋرائۇ (apar ş a wrau)، لارۇتتى (larutti)، كوپپې شالې (koppe ş ale)، چامىل (camil) قاتارلىقلاردىن ئىبارەت.

**5 ـ هۆججەت** كەڭلىكى 29 سانتىمېتىر، ئېگىزلىكى 19.6 سانتىمېتىر كېلىدىغان قەغەزگە سەككىز قۇر قىلىپ قارا سىياھتا يېزىلغان.

ئىزاھ:

بۇ هۆججەت مەلۇم شەھەر ياكى رايوننىڭ نوپۇس تىزىمى بولۇپ، ئۇنىڭدا 50 تىن ئارتۇق كۇسەنلىكنىڭ قايىسىنىڭ شەھەردە تۇرىدىغانلىقى، قايىسىنىڭ يېزىدا تۇرىدىغانلىقى تەپسىلىي خاتىرىلەنگەن.

تەرجىمىسى:

قالانقۇ (kalanku)، كەتسۇتايسى (ketsutaise)، كەرچاپىشكې (kercapi ş ke)، ساقۇنې (tsakune)، ساتيا ۋارما (satya warme)، چىترارپاشكا (citrarapa ş ka)، جىناپتا (cinaupte)،



چارروسىيىنىڭ قەشقەردە تۇرۇشلۇق كونسۇلى پېتروۋسكىي (سولدا)

شىنكىشكىي (sinki ş ke)، جالايىشكىي (calai ş ke)، تارماتتا (tarmatte)، ئېتتۇكانا (ettukane)، كوراككا (korakke)، راكتاتاسىي (raktatase)، مىكىچاندرىي (mikicandre)، ئەركانىچىشكا (arkanci ş ke) قاتارلىقلار يېڭى شەھەر كىشىلىرىدۇر. ياتىشكىي (yati ş ke)، ياتايىشى (yatai ş e)، تۇركانىي (turkane)، كۇمپانتىي (kumpante)، شتوئىلىي (ş tuile)، ساۋامىترىي (sawamitre)، قالانقۇ (kalanko)، چاسىنىي (casene) سۇمىترىي (sumitre)، راكتات (raktat) قاتارلىق كىشىلەر يېزىدا ئولتۇرىدىغان كىشىلەردۇر.


**پايدىلانغان ماتېرىياللار:**

① خاتانى لىيۇتكى: «غەربىي يۇرت بۇددىزمى»، 1999 ـ يىل سودا نەشرىياتى 180 ـ بەت.

② «شىنجاڭ مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى»، ئۇيغۇرچە 2004 ـ يىللىق 1 ـ سان، 81 ـ، 82 ـ بەتلەر.

③④ رۇڭ شىنجياڭ: «چەت ئەللەردىكى دۇنخۇاڭ، تۇرپان ھۆججەت-لىرى ھەققىدە كۆرگەن - بىلگەنلىرىم» جياڭشى خەلق نەشرىياتى 1996 - يىل 6 - ئاي نەشرى، 116 -، 118 - بەتلەر.

⑤ بۇ ماقالىدىكى ھۆججەتلەرنىڭ ئوقۇلۇشى ۋە تەرجىمىسى «Manuseripta orientalia . VOL . 4 NO . 4» ژۇرنىلىنىڭ 1998 - يىللىق 4 - توم 4 - نومۇرىغا ئاساسەن ئىشلەندى.

⑥ ⑩ گېئورگىي پىنائۇلت قاتارلىقلار تۈزگەن «پائۇل پېللىئوت-نىڭ كۇچا رايونىدىكى ئارخېئولوگىيىلىك تەكشۈرۈش خاتىرىسى. 8 - جىلد»تىكى 50 - سۈرەتكە، سۈپىتى - 34 - ھۆججەتكە قاراڭ، 1987 - يىلى فرانسىيە ئىنستىتۇتى نەشرى.

⑦ لېۋى، پېللىئوت: «توخار تىلى ئۈستىدە تەتقىقات»، فېڭ چېڭ-جۈن خەنزۇچىغا تەرجىمە قىلغان، جۇڭخۇا كىتاب ئىدارىسى، 1957 - يىلى، 14 - بەت.

⑧ سۇگىتيەن شۈنەن: «قەدىمكى تەڭرىتاغنىڭ تارىخ - جۇغراپىيە-سى ئۈستىدە تەتقىقات» (چېن جۇنمۇ خەنزۇچىغا تەرجىمە قىلغان) مەر-كىزىي مىللەتلەر ئىنستىتۇتى نەشرىياتى، 1987 - يىل 4 - ئاي، 328 - بەت.

⑨ گېئورگىي پىنائۇلت 1994 - يىل 9 - ئايدا قىزىل مىڭئۆيدى-كى كۇسەن يېزىقى يېزىلغان غارلارنى تەكشۈرۈپ، بۇ يېغىشلىمىلارنىڭ ئوقۇلۇشى ۋە ئىنگلىزچە تەرجىمىسىنى ئىدارىمىزنىڭ ماتېرىيال بۆلۈ-مىگە بىر نۇسخىدىن تەقدىم قىلغانىدى. بۇ يەردە شۇ ماتېرىياللاردىن پاي-دىلاندىم.

# «تۈركىي تىللار دىۋانى»دىكى بايانلاردىن ئۇيغۇرلارنىڭ 11 ـ ئەسىردىكى يېمەك ـ ئىچمەك مەدەنىيىتىگە نەزەر

خوجائەخمەت يۇنۇس

11 ـ ئەسىردە ئۆتكەن ئاتاقلىق ئۇيغۇر ئالىمى مەھمۇد كاشغەرىينىڭ ئىنسانلار مەدەنىيىتىگە قوشقان قىممەتلىك تۆھپىسى بولغان «تۈركىي تىللار دىۋانى» ناملىق مەشھۇر ئەسىرى تىلشۇناسلىقتا دائىر ئۆلمەس ئەسەر بولۇش بىلەن بىللە، تارىخ، جۇغراپىيە، ئىقتىساد، مەدەنىيەت، ھاكىمىيەت ئىشلىرى، ھەربىي ئىشلار قاتارلىق جەھەتلەردىمۇ ئوقۇرمەنلەرگە ئەتراپلىق ۋە سىستېمىلىق بىلىم بېرىدىغان مۇكەممەل قامۇس، مۇئەللىپنىڭ گېپى بويىچە ئېيتقاندا، «ئەبەدىي يادىكارلىق ۋە پۈتمەس ـ تۈگىمەس بىر بايلىق» (1 ـ توم 3 ـ بەت» ھېسابلىنىدۇ. جۈملىدىن 10 ـ ئەسىردىن 12 ـ ئەسىرگىچە بولغان ئارىلىقتا ئۆتكەن قاراخانىيلار سۇلالىسىنىڭ گۈللەنگەن ئىقتىسادى ۋە يۈكسەك مەدەنىي ھاياتىنىڭ مەھسۇلى بولغان بۇ ئەسەر ئۇيغۇرلارنىڭ شۇ مەزگىلدىكى ۋە ئۇنىڭدىن ئىلگىرىكى يېمەك ـ ئىچمەك مەدەنىيىتىنى تەتقىق قىلىشتا ئاساسلىنىدىغان مۇھىم مەنبە سانىلىدۇ.

بۇ ماقالىدە ئۇيغۇرلارنىڭ قەدىمكى زامان ۋە 11 ـ ئەسىردىكى يېمەك ـ ئىچمەك مەدەنىيىتى ئۈستىدە تۆۋەندىكى بەش جەھەتتە مۇھاكىمە يۈرگۈزۈلىدۇ.

**1. يېمەك ـ ئىچمەك مەنبەسى**

«تۈركىي تىللار دىۋانى»دا بايان قىلىنغان يېمەك ـ ئىچمەك تۆۋەندىكى يەتتە مەزمۇننى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ: 1) تارىخ

(بوغداي)، ئارپا، تۇتۇرقان (گۇرۇچ)، تۆگى (تېرىق)، قوناق (چۇژگۇن قوناق)، سۇ ياغ، قاغۇن (قوغۇن)، شېكەر قاتارلىق دېھقانچىلىق مەھسۇلاتلىرى ۋە ئۇلاردىن ئىشلىنىدىغان يېمەك ـ ئىچمەك تۈرلىرى؛ 2) ياغ، ئەت (گۆش)، سۇت، باغىر (جىگەر)، قارىن (قېرىن)، ئۇچەي، باش قاتارلىق چارۋىچىلىق مەھسۇلاتلىـ ـرى ۋە ئۇلاردىن ئىشلىنىدىغان يېمەك ـ ئىچمەك تۈرلىرى؛ 3) ئالما، تۇلۇگ ئەرۈك (شاپتۇل)، سارىغ ئەرۈك (ئۆرۈك)، قارا ئەـ ـرۈك (قارا ئۆرۈك)، ئۇزۇم، ياغاق (ياڭاق)، ئارمۇت (ئامۇت)، ئامـ ـشۇي (ئالگىرات)، ئۇژمە، ئەرۈك قاقى (ئۆرۈك قېقى)، ئارمۇت قاقى (ئامۇت قېقى)، قاق (شاپتۇل قېقى)، چىپىقان (چىلان)، يىگدە (جىگدە)، پىترىك (پىستە)، چەنىشتۇرۇك (جىنەستە)، بادام، شوغلۇ (ئىت ئۇزۇم) قاتارلىق ھۆل ـ قۇرۇق مېۋىلەر؛ 4) يۇند (ئات، ئۇد (كالا)، قوي، ئەچكۇ (ئۆچكە)، تاقاغۇ (توخۇ)، ئۆردەك، قاز (غاز)، بالىق (بېلىق)، يۇمۇرتغا (تۇخۇم)، بال (ھەـ ـسەل) قاتارلىق ئۆي ھايۋانلىرى، ئۆي قۇشلىرى، سۇ مەھسۇلاتـ ـلىرى ۋە شىرنە مەھسۇلاتلىرى؛ 5) سارمۇساق (سامساق)، ئوغلى (ئاق سەۋزە)، مۇرچ (قارامۇچ)، سىپۇت (يۇمغاقسۇت)، سوغۇن (پىياز، ياۋا پىياز)، تۇرما (تۇرۇپ)، چاغمۇر (چامغۇر)، تارماز (تەرخەمەك)، بۇرچاق (پۇرچاق)، يارپۇز (يالپۇز)، سۇنۇ (سىـ ـيادان)، بۇتۇگە (پىدىگەن)، ئىڭلاچ (كاۋاپ بىلەن يېيىلىدىغان تاغ ئوتى) قاتارلىق تېرىپ (تىكىپ) ئۆستۇرۇلىدىغان كۆكتاتلار ۋە ياۋا كۆكتاتلار؛ 6) ئوقيا، نەيزە ئېتىش ياكى تايغان، لاچىن، بۇركۇتلەر ئارقىلىق ئوۋلىنىدىغان ئارقار (ياۋا قوينىڭ چىشىـ ـسى)، كېيىك، توشقان قاتارلىق ياۋا ھايۋانلار گۆشى؛ 7) تۇز، يەم (تېتىتقۇ) قاتارلىق قوشۇمچە يېمەكلىكلەر.

**2. يېمەك ـ ئىچمەك تۈرلىرى**

كىتابقا ئۇزلۇگ مۇن (ياغلىق شورپا)، ئۇغۇت (بوغداي شاراـ ـبى ئېچىتقۇسى)، ئۇۋا (قاينىتىلغان گۇرۇچكە شېكەر ۋە مۇز سېلىپ تەييارلىنىدىغان سوغۇقلۇق غىزا) (1 ـ توم 121 ـ بەت)،

ئىپرۈك (قېتىق بىلەن سۈت ئارىلاشمىسى)، ئىگدۈك (سۈزمىگە ئوخشاش يېمەكلىك) (2 ـ توم 142 ـ بەت)، ئايران (قېتىق)، ئۈخاق (ئۆرۈك قېقىنىڭ شىرنىسى) (1 ـ توم 165 ـ بەت)، ئۈگرە، ئۈسپۆرى (قوقاستا پىشۇرۇلىدىغان يېمەكلىك)، ئۈزتىما (ئۈيۈتما، يەنى قېتىق)، ئاۋزۇرى (بۇغداي ۋە ئارپا ئۈنىدىن پىشۇرۇلىدىغان قوشۇقلۇق نان)، (1 ـ توم 197 ـ بەت)، توپ (بۇغداي ۋە ئارپىدىن تەييارلىنىدىغان بولدۇرۇلغان يېمەكلىك) (1 ـ توم 417 ـ بەت)، چۆپ (كەسمە)، سوغۇت (پىشلاق)، سوغۇت (ھېسىپ)، قۇرۇت، توقاچ، كۆمەچ، قىمىز، سۇرۇش (چۇرۇش)، قاغۇت (تېرىقتىن ئېتىلگەن تاماق)، سوقتۇ (ھېسىپنىڭ بىر خىلى) (1 ـ توم 543 ـ بەت)، سىنچۇ (بىر خىل نان)، ماندۇ (بىر خىل تۇرك سىركىسى) (بىرىنچى توم 548 ـ بەت)، بۇخسى (ئېچىتىلغان يېمەكلىك)، تۇزغۇ (يوللۇق يېمەكلىك) (بىرىنچى توم 553 ـ بەت)، سىركە (ئۈزۈم سىركىسى)، سۈزمە، قاتما (قاتلىما)، بەگنى (بۇغداي، تېرىق، ئارپىدىن ئىشلەنگەن ئىچىملىك) (1 ـ توم 565 ـ بەت)، تالقان، چۇقمىن (ھورنان)، كۆزمەن (كۆمەچ)، پۇسكەچ (كاكچا)، تۇتماچ (چۆپ)، تۇتغۇچ (ئىشتەي غىزاسى)، بەكمەس (شىرنە) تۇرمەك (تۇرمەل)، كۇرشەك (سۆك ۋە ياغدىن پىشۇرۇلىدىغان تاماق) (بىرىنچى توم 625 ـ بەت)، پۆشكەل (پوشكال)، توغرىل (قېزا)، بۇخسۇم (بوزا)، بۇلغاما (ياغسىز بۇلماق)، بۇلدۇنى (ئىچىگە ئۈزۈم سىلىنىپ تەييارلىنىدىغان يېمەكلىك) (1 ـ توم 640 ـ بەت)، قوغۇرماچ (قوماچ)، قاتۇرغان (قاتلىما)، سارماچۇق (قۇشقاچ تىلى ئاش)، يۇغا (قاتلىما نان)، يۇرگەمەچ (بىر خىل ھېسىپ)، قور (كۆنەلگە)، سىم سىمراق (باشتىن تەييارلىنىدىغان يېمەكلىك)، ساغ ياغ (سېرىق ماي)، قۇۋۇت (قورۇلغان تېرىق ئۈنىدىن تەييارلىنىدىغان تاماق)، قاياق (قايماق)، قىيما ئۈگرە (سۇيۇقئاشنىڭ بىر خىلى)، قۇيما (قۇيماق)، تو (بۇلماققا ئوخشاش پىشۇرۇلىدىغان بىر خىل ئۇن تاماق) (3 ـ توم 287 ـ بەت)، قارا ئەتمەك (ناننىڭ بىر خىلى)، قازى (قېزا)، لەتۇ (بىر خىل سۇيۇق تاماق) (3 ـ توم 426 ـ، 327 ـ بەتلەر)، سۆگلۇنـ

چۇ (كاۋاپ)، ئاغارتقۇ (بۇغداي يارمىسىدىن ياسالغان بوزىغا ئوخ-
شاش ئىچىملىك) (3 - توم 600 - بەت) قاتارلىق قەدىمكى
زاماندىكى ۋە 11 - ئەسىردىكى يېمەك - ئىچمەك تۈرلىرى كىر-
گۈزۈلگەن.

**3. يېمەك - ئىچمەك خام ئەشياسىنى ھازىرلاش جەريانى ۋە ساقلاش، قاچىلاش ئورۇن سايمانلىرى**

«تۈركىي تىللار دىۋانى»دا بايان قىلىنىشىچە، ئەجدادلىرى-
مىز بوز يەر ئېچىپ، ئارىق (ئېرىق - ئۆستەڭ) چېپىپ، ئاتىز
(ئېتىز) بىنا قىلغان، يەرنى ئاماچ (بوقۇسا)، ساپان ئارقىلىق
ھەيدەپ ۋە كەتمەن بىلەن چاناپ (1 - توم 73 -، 523 -، 579 -
بەتلەر)، تارىغ (ئاشلىق) تېرىغان، ئاشلىق پىشقاندىن كېيىن،
باشتار (ئورغاق) بىلەن ئورۇپ، ئۇد (ئۆكۈز) ئارقىلىق خامان
تەپكەن (1 - توم (48 -، 594 - بەتلەر)، ئاشلىقنى تاغار، يەمە-
چۇك (كىچىك قاپ)لەرگە قاچىلاپ، بۇغداينى ئورۇ (ئورا)غا، تې-
رىقنى ئۇگۈرلۈككە (تېرىق قويۇلىدىغان يەرگە)، باشقا ئاشلىقلار-
نى تارىغلىققا (ئاشلىق ئامبىرىغا) قويۇپ ساقلىغان (1 - توم
205 -، 535 -، 654 - بەتلەر، 3 - توم 64 - بەت)، بۇغداينى
ئەسكۇ (ئۆتكەرمە)دە تاسقاپ تازىلاپ، ئۇگىتچى (تۈگمەنچى)گە ئا-
پىرىپ ئۇن تارتقان (1 - توم 72 -، 174 - بەتلەر)، يارماش ئۇن
(يۇمشاق تارتىلغان ئۇن)نى كەندۇك (كۆندۈك)، ساسىق (ساپال
قاچا)، كەستەر (تەشتەك)لەرگە سېلىپ ساقلىغان (1 - توم 495 -،
597 -، 627 - بەتلەر، 3 - توم 54 - بەت)؛ بالىق (بېلىق)نى
ئىزدەك (ئىزدەم، يەنى چىۋىقتىن ياسالغان بېلىق تۇتىدىغان
تور)، ئارغاغ (قارماق) ئارقىلىق تۇتقان (1 - توم 157 -، 191 -
بەتلەر)؛ تۇزنى چاناق (ياغاچ تۇزلۇق)، تۇزلۇق (تۇز قاچىسى)قا
قاچىلىغان (1 - توم 495 -، 611 - بەتلەر).

**4. يېمەك - ئىچمەك تەييارلاش ۋە ئىستېمال قىلىشقا كېرەكلىك قازان - قومۇچ، ئەسۋاب - سايمان، قاچا - قۇچىلار**

«تۈركىي تىللار دىۋانى»دىكى يېمەك - ئىچمەك مەدەنىيىتى-
گە ئائىت بايانلاردىن مەلۇم بولۇشىچە، 11 - ئەسىردە قاراخا-

نىيلار سۇلالىسى تەۋەسىدىكى جايلارنىڭ مېتالچىلىق سانائىتى
خېلى تەرەققىي قىلغان. بۇنى «ئەگىش» (ئەگۈش) دېگەن سۆزگە
«داشقال، يەنى مەدەنلەرنى ئېرىتكەندە قېپقالغان چىقىرىندا» (1 ـ
توم 165 ـ بەت) دەپ بېرىلگەن ئىزاھاتتىن ۋە قۇرچ (قۇيۇچ، يە-
نى پولات)، تەمۇر (تۆمۈر)، ئالتۇن، باقىر (مىس) قاتارلىق مەدەن-
لەر ھەم بۇلاردىن ياسالغان ئۆچكۈچ (ئۈچ ئاياغ، يەنى تۆمۈر ئو-
چاق) (1 ـ توم 129 ـ بەت)، ئاشىچ (قازان)، ئەگدۇ (قىلىچ قىنى
ۋە شۇنىڭغا ئوخشاش نەرسىلەرنى ئويۇش ئۈچۈن ئىشلىتىلىدىغان
ئۈچى ئەگرى پىچاق)، قىلىچ، باشاق (ئوقيانىڭ ئوقى ۋە نەيزە
ئۇچىدىكى تۆمۈر)، كەتمەن، بالدۇ (پالتا)، كەركى (كەكە)، پىچەك
(پىچاق) (1 ـ توم 73 ـ، 168 ـ، 465 ـ، 490 ـ، 499 ـ، 5-
54 ـ، 560 ـ، 579 ـ بەتلەر)، سىبەك (سۆۋەك، يەنى تۈگمە-
نىڭ كېنى، تۈگمەن تېشىنى چۆگىلىتىدىغان تۆمۈر)، تەنگۈچ
(تۆمۈر ئوچاق ۋە شۇنىڭغا ئوخشاش يېرىم گەز ئېگىزلىكتىكى
ھەرقانداق نەرسە)، باشتار (ئورغاق)، قىرغاق (گۆش ۋە خېمىر
كېسىدىغان قىغراق) (1 ـ توم 505 ـ، 594 ـ بەتلەر، 3 ـ توم
520 ـ، 522 ـ بەتلەر)، ئۈچلۈچ (ئۈچلىرى بىر تۆمۈرگە بېكىت-
تىلگەن ئۈچ تال چىۋىقتىن قۇرۇلغان توشقان تۇزىقى) (1 ـ توم
128 ـ بەت) قاتارلىق ئۇرۇش، ئوۋچىلىق قوراللىرى، تۇرمۇش
بۇيۇملىرىنىڭ تىلغا ئېلىنغانلىقىدىن كۆرۈۋالغىلى بولىدۇ.
ئەجدادلىرىمىز يېمەك ـ ئىچمەك تەييارلاشتا سۇنى سۇسىق
(سوغا، يەنى ياغاچ چېلەك)، چۆگەك (ماتال، يەنى ياغاچ چېلەك)
بىلەن توشۇپ، سۇسغاق (ئۇسقاق) بىلەن ئۇسقان (1 ـ توم 495 ـ،
615 ـ بەتلەر، 2 ـ توم 424 ـ بەت)، سۈت ۋە قىمىزغا ئوخشاش
نەرسىلەرنى قاسۇق (تورسۇق، يەنى ئات تېرىسىدىن قىلىنغان تۇ-
لۇم)قا قاچىلىغان (1 ـ توم 497 ـ بەت)، گۆشنى ئەتلىككە (كا-
ناراغا) ئاسقان (1 ـ توم 137 ـ بەت)، ئۇننى تاڭ (ئەلگەك) بىلەن
تاسقاپ، تەگنە (تەڭنە)گە بېسىپ خېمىر يۇغۇرغان، يۇغۇرۇلغان
خېمىرنى چانچۇ (نوغۇچ)، يوغۇرغۇچ (يايغۇچ) ئارقىلىق ياسى-
غاچتا (يېسى تاختا، يەنى ئاشتاختىدا) يايغان (1 ـ توم 544 ـ،

566 ـ ، 642 ـ بەتلـەر، 3 ـ توم 50 ـ، 485 ـ بەتلـەر)، دورا ـ دەرمەكلەرنى سوقۇ (سوقا، يەنى هاۋانچـا)دا سوققان (3 ـ تـوم 313 ـ بەت)، قـازاندا پىشـۇرۇلغان تۇتـماچ (چۆپ)نى سـۇزۇشتە چوۋلـى (هۆل چىۋىقلاردىن چۆمۈچ شەكلىدە توقۇلغان چويلا) ئىشلەتكـەن (3 ـ توم 599 ـ بەت)؛ قامىچ (ساپلىق)، چۆمچە (چۆمۈچ) ئارقىـ لىق ئاياق (قاچا)، لاغۇن (ئىچى چۆچەككـە ئوخشـاش ئويۇلغـان، سۇت، قېتىق ئىچىلىدىغان ياغاچ ئاياق)، كـۆركە (ياغاچ تـاۋاق)، ساغراق (سۇ ئىچىلىدىغان قاچا)، چەلىك (پارپۇر، چىنە)لارغا ئۇسـۇلـۇپ (1 ـ تـوم 114 ـ، 466 ـ، 534 ـ، 544 ـ، 560 ـ، 615 ـ بەتلەر، ئۈچىنچى توم 506 ـ بەت)، ئىشكۇم (خـانتاختـا، يەنى تاماق ۋاقتىدا خاننىڭ ئالدىغا شىرە ئـورنىدا قويـۇلىدىغـان چوڭ ياغاچ شىرە)، تەۋسى (داستىخان، شىرە)لەرگە (1 ـ توم 145 ـ، 551 ـ بەتلەر) قويۇلغان تاماق، يېمەكلىكلەر ۋە ئىچىملىكلەرنـى شىش (تۇتماچ يېيىلىدىغان زىقچە، يەنى چوكا)، قاشۇق (قوشـۇق) بىلەن يېگەن ۋە ئىچـكەن (1 ـ توم 497 ـ بەت، 2 ـ تـوم 411 ـ بەت.

**5. ئاساسلىق يېمەك ـ ئىچمەك تۈرلىرىنى قىسقىچە تونۇشتۇرۇش**

«تۈركىي تىللار دىۋانى»دا 11 ـ ئەسىردە ۋە ئۇنىڭدىن ئىلگىـ رى قاراخانىيلار سۇلالىسى تەۋەسىدىكى جايلاردا ياشايدىغان ئـۇيـ غۇرلار ۋە باشقا تۈركىي خەلقلەر ئىستېمال قىلىدىغان ھەر خىـل تاماق ۋە يېمەك ـ ئىچمەك تۈرىدىن 80 نەچچىسى تىلغا ئېلىنـ غان. تۆۋەندە بۇلارنىڭ ئىچىدىكى هازىرمۇ كۈندىلىك تۇرمۇشىـ مىزدا ئىستېمال قىلىنىۋاتقان ئەتمەك (نان)، چۇقمىن (هـورـ نان)، قاتما (قاتلىما)، توقاچ، كۆزمەن (كۆمـەچ)، پۇسكەچ (كـاكـ چا)، تۇرمەك (تۇرمەل)، پۆشكەل (پوشكال)، قـوغۇرماچ (قومـاچ)، قـۇيما (قۇيـماق)، ئۇگرە، تـالقان، مـۇن (شـورپا)، قازى (قـېـزا)، ئايران (قېتىق)، سوغۇت (ھېسىپ)، قۇرۇت، قايا (قايماق)، سۇزـ مە، بۇلغاما (بۇلماق)، بۇخسـۇم (بوزا)، سۆگلـۇنچۇ (كاۋاپ)، قىـ مىز قاتارلىـق تاماق ۋە يېـمەك ـ ئىچـمەك تۈرلـىرىدىن سـىرت، ئۆزگىچىلىككە ئىگە، تارىخىي قىممىتى بار 10 تۈر قىسقىچە تو ـ

نۇشتۇرۇپ ئۆتۈلدى.

1) تۇتماچ

چۆپ، تۈركلەرنىڭ ئاتاقلىق تاماقلىرىدىن بىرى. بۇ تاماق زۇلقەرنەيىن ۋاقتىدا پەيدا بولغانىكەن. ئۇنىڭ جەريانى مۇنداق ئىكەن: زۇلقەرنەيىن قاراڭغۇلۇقتىن چىققاندا، ئەسكەرلىرىنىڭ ئوزۇقى تۈگەي دەپ قالغان. ئۇلار ئاچلىقتىن زۇلقەرنەيىنگە زارلىنىپ، «بىزنى ئاچ قويما» دېگەن مەنىدە «بىزنى تۇتما ئاچ» دەپ خىتاب قىلغان ۋە «بىزنى قويۇۋەت، يۇرتلىرىمىزغا كېتەيلى» دېگەن. زۇلقەرنەيىن دانىشمەنلەر بىلەن كېڭىشىپ، ئاخىرى مۇشۇ تاماقنى تاپقان. بۇ تاماق بەدەنگە قۇۋۋەت بېرىپ، يۈزنى قىزارتىدۇ ۋە قورساقتا ئۇزاق تۇرىدۇ. ئۇنىڭ ئۆزىنى يەپ، شورپىسىنىمۇ ئىچىدۇ. تۈركلەر بۇ تاماقنى كۆرۈپ، ئۇنى «تۇتماچ» دەپ ئاتىغان. بۇ سۆزنىڭ ئەسلى «تۇتما ئاچ» بولۇپ، ئىككى «ئېلىف»نىڭ بىر قىلىپ ئوقۇلۇشى نەتىجىسىدە «تۇتماچ» بولۇپ قالغان. بۇنىڭ مەنىسى «ئۆزۈڭنى ئاچ تۇتما، مۇشۇ تاماقنى قىلىپ يە» دېمەكتۇر. (1 ـ توم 590 ـ، 591 ـ بەتلەر)

2) قارا ئەتمەك

ناننىڭ بىر خىلى، بۇ مۇنداق تەييارلىنىدۇ: گۆش ئېزىلگۈچە پىشۇرۇلىدۇ، كېيىن ئۈستىگە سېرىق ياغ، شېكەر قۇيۇپ ئارىلاشتۇرۇلۇپ قويۇلغىچە قاينىتىلىدۇ، ئاندىن يېيىلىدۇ. (3 ـ توم 307 ـ بەت)

3) قاغۇت

تېرىقتىن قىلىنىدىغان بىر خىل تاماق. ئۇنى قىلىش ئۇسۇلى مۇنداق: تېرىق ئاۋۋال قاينىتىلىپ، كېيىن قۇرۇتۇلىدۇ، ئاندىن تۈگمەندە تارتىپ ئۇن قىلىنىدۇ. ئاندىن كېيىن ياغ ۋە شېكەر ئارىلاشتۇرۇلۇپ تۇغۇتلۇق ئاياللارغا بېرىلىدۇ (1 ـ توم 528 ـ بەت).

4) بۇخىسى

بىر خىل يېمەكلىكنىڭ ئىسمى. بۇ يېمەكلىك مۇنداق تەي-

يارلىنىدۇ: قايىنتىپ ئېلىنغان بۇغدايىنىڭ ئۈستىگە بادام مېغىـ ـزى سېلىنىدۇ، ئاندىن ھەسەل ۋە سۈت بىلەن قىلىنغان بۇلماقنى قۇيۇپ، شۇ پېتى ئىچىلىدۇ. تەييار بولغاندا بۇغدىيى يېيىلىـ ـدۇ، سۈيى ئىچىلىدۇ (1 ـ توم 551 ـ بەت).

5) سارماچۇق

قۇشقاچ تىلى ئاش، سۈيۇقئاشنىڭ بىر تۈرى. بۇنىڭ خېمىرى نوقۇت چوڭلۇقىدا كېسىلىدۇ. بۇ ئاش كېسەل ۋە شۇنىڭغا ئوخشاش كىشىلەرگە بېرىلىدۇ (1 ـ توم 683 ـ بەت).

6) سىم سىمراق

بىر خىل تاماق. باش پىشۇرۇلغاندىن كېيىن، ئۇششاق توغـ ـرىلىپ، دورا ـ دەرمەك ئارىلاشتۇرۇلۇپ بىر قاچىغا سېلىنىدۇ ۋە ئۈستىگە ئاچچىق قېتىق قويۇلۇپ، سىڭىشكەندىن كېيىن يېـ ـيىلىدۇ (3 ـ توم 187 ـ بەت).

7) قۇۋۇت

«قاغۇت» دەپمۇ ئېيتىلىدۇ. تۇغۇتتا خۇنسىرىغان خوتۇنلارغا بېرىلىدىغان تاماق. قورۇلغان تېرىق ئۇنى ياغ بىلەن شېكەرگە ئارىلاشتۇرۇلۇپ يېيىلىدۇ (3 ـ توم 223 ـ بەت).

8) ئۇسپۆرى

قوقاستا پىشۇرۇپ ئېلىنغاندىن كېيىن، توغراپ ياغقا سېـ ـلىنىپ، ئۈستىگە شېكەر سېپىپ يېيىلىدىغان يېمەكلىك (1ـ توم 192 ـ بەت).

9) ئۇغۇت

بۇغداي شارابى تەييارلاشقا ئىشلىتىلىدىغان بىر خىل ئېـ ـچىتقۇ. بۇ ئېچىتقۇ بىرمۇنچە دورا ـ دەرمەكلەردىن ئىبارەت بولـ ـۇپ، بۇ دورىلار ئارپا ئۇندۇرمىسىنىڭ ئۇنى بىلەن ئارىلاشتۇرۇـ ـلۇپ خېمىر قىلىنىدۇ، بۇ خېمىر كېسىپ كۇمىلاچ قىلىنىدۇ ۋە قۇرۇتۇلىدۇ. ئاندىن كېيىن بۇغداي بىلەن ئارپا قايىنىتىلىدۇ، ئاندىن ھېلىقى قۇرۇتۇلغان كۇمىلاچتىن بىر دانىسى ئوبدان يادـ ـچىلىپ، قايىنىتىلغان بۇغدايغا تەكشى سېپىلىدۇ، ئاندىن كېيىن،

بۇ بۇغداي پاكىز بىرنەرسىگە ئورىلىپ، ئۈچ كۈنگىچە دۈملەپ قويۇلىدۇ. ئۈچ كۈن توشقاندىن كېيىن، تېخىمۇ ئوبدان دۈملەنىپ يېتىلىشى ئۈچۈن كۈپكە سېلىنىپ، ئون كۈن ساقلىنىدۇ. ئېچىپ يېتىلگەندە، ئۈستىگە سۇ قۇيۇلىدۇ. تېرىپى سۈزۈۋېلىنغاندىن كېيىن قالغان سۇيۇقلۇق «بۇغداي شارابى» بولىدۇ (1 ـ توم 70 ـ 71 ـ بەتلەر).

10) ئىپرۈك

قېتىق بىلەن سۈت ئارىلاشمىسى. قۇرۇت ئېزىپ ئىچكەندىلىكتىن ئىچى قېتىپ قالغان ئادەمگە ئىچىنى سۈردۈرۈش ئۈچۈن ئىچكۈزۈلىدۇ (1 ـ توم 137 ـ بەت).

دېمەك، ئەجدادلىرىمىز 11 ـ ئەسىردە، ھەتتا ئۇنىڭدىن كۆپ ئەسىرلەر ئىلگىرىدىن تارتىپلا ئېرىق ـ ئۆستەڭ چېپىپ، تېرىقچىلىق بىلەن شۇغۇللىنىپ، ئاشلىق زىرائەتلىرى ۋە ھەر خىل كۆكتاتلارنى تېرىپ، مېۋىلىك كۆچەتلەرنى تىكىپ ئۆستۈرۈپ، ياۋايى ھايۋانلارنى ئوۋلاپ ۋە ئۆي ھايۋانلىرى، ئۆي قۇشلىرىنى بېقىپ، ئەينى ۋاقىتتىكى يېمەك ـ ئىچمەك مەدەنىيىتىگە مول مەنبە ھازىرلىغان. ئۇلار تۈجۈپىلەپ تەييارلىغان ھەر خىل تاماقلار ۋە يېمەك ـ ئىچمەكلەر مول ئوزۇقلۇق قىممىتى ۋە بەدەننى قۇۋۋەتلەندۈرۈش قىممىتىگە ئىگە بولۇپلا قالماي، سوغۇقلۇق ۋە دورىلىق رولىنىمۇ ئوينىغان. بۇ تاماقلار ۋە يېمەك ـ ئىچمەكلەر ھازىر تۈرى نەچچە يۈزگە يەتكەن ئۇيغۇر تائاملىرىنىڭ بارلىققا كېلىشىگە پۇختا ئاساس سېلىپ بەرگەن.

# پائۇل پېللىئوتنىڭ ئوتتۇرا ئاسىيا ئارخېئولوگىيىسىگە دائىر پائالىيىتى ۋە ئۇنىڭ تەتقىقات نەتىجىلىرى

تەلئەت ئوبۇلقاسىم



پائۇل پېللىئوت

پائۇل پېللىئوت دۇنيا بىردەك ئېتىراپ قىلغان خەنزۇشۇناس، شەرق تىللىرى مۇتەخەسسىسى، ئارخېئولوگ، شۇنداقلا دۇنخۇاڭشۇناسلىق ئىلمىگە ئاساس سالغۇچى ئالىم.

پائۇل پېللىئوت 1878 ـ يىل 5 ـ ئاينىڭ 28 ـ كۈنى پارىژدا بىر سودىگەر ئائىلىسىدە دۇنياغا كەلگەن. ئوتتۇرا مەكتەپنى پۈتتۈرگەندىن كېيىن، فرانسىيە دۆلەتلىك شەرق تىللىرى ئىنستىتۇتىغا كىرىپ خەنزۇ تىلى ئۆگەنگەن. ئوقۇش پۈتتۈرگەندىن كېيىن، ئېدۋارد چاۋاننىس، سىلۋائىن لېۋى، ھېنرى كوردىئور قاتارلىق ئالىملاردىن سانسكرىت تىلى، تۈرك تىلى، تىبەت تىلى ۋە قەدىمكى ئوتتۇرا ئاسىيا مەدەنىيەت تارىخىنى ئۆگەنگەن.

1898 ـ يىلى 20 ياشلىق پېللىئوت فرانسىيىدىن ئايرىلىپ، ئاسىيادىكى فرانسىيىنىڭ مۇستەملىكىسى بولغان ۋيېتنامغا بېرىپ، شۇيەردە يېڭىدىن قۇرۇلغان ھىندىچىنى قەدىمىي خارابىلىرىنى تەكشۈرۈش جەمئىيىتىدە ئىشلەيدۇ. 1900 ـ يىـ

لى بۇ جەمئىيەت خانويدا فرانسىيە يىراق شەرق ئىنستىتۇتى قىلىپ تەشكىللىنىدۇ. پېللىئوت مۇشۇ ئىنستىتۇتنىڭ ئەڭ ياش تەتقىقاتچىسى بولۇپ قالىدۇ.

1900 ـ يىل 3 ـ ئاينىڭ 15 ـ كۈنى فرانسىيە ھىندى ـ چىنى باش ۋالىيسىنىڭ بۇيرۇقىغا بىنائەن، فرانسىيە يىراق شەرق ئىنستىتۇتىنىڭ تۇنجى تۈركۈمدىكى تەكشۈرۈش ئۆمىكى ـ نى باشلاپ بېيجىڭغا بارىدۇ. بۇ ئەترەتنىڭ مەقسىتى خەنزۇ تى ـ لى ئۆگىنىشتىن باشقا، يىراق شەرق ئىنستىتۇتى كۇتۇپخانىسى ۋە مۇزېيى ئۈچۈن كىتاب ۋە يادىكارلىق سېتىۋېلىش ئىدى. ئۇلار سەككىز دۆلەت بىرلەشمە ئارمىيىسى بېيجىڭغا كىرگەن ـ دىكى قالايمىقانچىلىقتىن پايدىلىنىپ، خەنزۇ، تىبەت، موڭغۇل يېزىقىدىكى قول يازما ۋە رەسىملەرنى قولغا چۈشۈرىدۇ.

1901 ـ يىلى پېللىئوت خانويغا قايتىپ كېلىدۇ. شۇ يىلى 2 ـ ئاينىڭ 6 ـ كۈنى فرانسىيە يىراق شەرق ئىنستىتۇتىنىڭ پروفېسسورلۇقىغا كۆتۈرۈلىدۇ. 1902 ـ يىل 11 ـ ئاينىڭ 3 ـ كۈنىدىن 8 ـ كۈنىگىچە خانويدا يىراق شەرق تەتقىقاتى بويىچە 1 ـ قېتىملىق خەلقئارا ئىلمىي مۇھاكىمە يىغىنى چاقىرىل ـ غاندا پېللىئوت يىغىننىڭ كاتىبات باشلىقلىقىنى ئۆتەيدۇ. پېل ـ لىئوت 1904 ـ يىلى ھىندىچىنىدىن ئايرىلىشتىن بۇرۇن ۋيېتنام ۋە جۇڭگو مەدەنىيىتىگە دائىر خېلى كۆپ تەتقىقاتلارنى ئىشلەپ ئېلان قىلىدۇ (بۇ ھەقتىكى تەتقىقات نەتىجىسى قىس ـ قارتىلدى).

1904 ـ يىل 7 ـ ئايدا پېللىئوت ھىندىچىنى يېرىم ئا ـ رىلىدىن فرانسىيىگە قايتىپ كېلىدۇ. بۇ فرانسىيە ھۆكۈمىتى ئوتتۇرا ئاسىيادىكى مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرىنى بۇلاپ ـ تالاش نىسىۋىسىدىن ئورتاق بەھرىمەن بولۇش ئۈچۈن ئۇ جايلارغا بىر تەكشۈرۈش ئەترىتى ئەۋەتىشنى ئويلىشىۋاتقان چاغ ئىدى. پېل ـ لىئوتنىڭ فرانسىيىگە قايتىپ كېلىشى فرانسىيە ھۆكۈمىتى ـ نىڭ بۇ ئەترەت ئۈچۈن مۇۋاپىق، ھەرقايسى جەھەتلەردىن يې ـ تىلگەن ئەترەت باشلىقى تاللاش ئەندىشىسىنى ھەل قىلىدۇ. بۇ

ئەترەت پېللىئوت، جۇغراپىيىلىك ئۆلچەش، ئاسترونومىيىلىك تەكشۈرۈش ۋە تەبىئەت تارىخى جەھەتتىكى خىزمەتلەرگە مەس-ئۇل لۇئىس ۋايلانت، كەسپىي فوتوگراف چارلىز نۇئېتتىدىن ئىبارەت ئۈچ كىشىدىن تەركىب تاپىدۇ. ئۇلار بىر يىلغا يېقىن تەييارلىق قىلىش ئارقىلىق 1906 ـ يىل 6 ـ ئاينىڭ 15 ـ كۈنى يولغا چىقىدۇ. ئۇلار پويىزغا ئولتۇرۇپ 10 كۈندىن كې-يىن تاشكەنتكە يېتىپ كېلىدۇ، تاشكەنتتە يۈك ـ تاقلىرىنى ساقلاپ تۇرۇپ قالىدۇ. پېللىئوت مۇشۇ پۇرسەتتە شەرقىي تۈرك تىلىنى تېخىمۇ پىششىقلايدۇ. يۈك ـ تاقلىرى كەلگەندىن كې-يىن يەنە پويىزغا ئولتۇرۇپ، 8 ـ ئاينىڭ 11 ـ كۈنى ئەنجانغا 10 كىلومېتىر كېلىدىغان ئوشقا يېتىپ كېلىدۇ ۋە ئۇ يەردىن ئاتلىق قەشقەرگە ئاتلىنىدۇ. ئۇلار 74 ئاتتىن تەركىب تاپقان كارۋان بىلەن يولغا چىقىپ، تالدۇق داۋاندىن ئۆتۈپ، 9 ـ ئاي-نىڭ 1 ـ كۈنى قەشقەرگە يېتىپ كېلىدۇ.

قەشقەر پېللىئوتنىڭ قېزىش پائالىيىتىدىكى 1 ـ نىشانى ئىدى. ئۇلار قەشقەردە ئالتە ھەپتە تۇرىدۇ. بۇ مەزگىلدە ئۇلار قەشقەرنى جۇغراپىيە، ئارخېئولوگىيە ۋە تىلشۇناسلىق نۇقتىد-سىدىن تەكشۈرۈپ چىقىدۇ. ئۇلار تۇنجى قېتىم ئۈچ مىڭ-ئۆي غارىنى تەكشۈرىدۇ[1].

پېللىئوت قاتارلىقلار مىڭ-ئۆي مۇشەققەتتە غارغا كىرگەندە غارنىڭ ئەڭ بۇرۇنقى لاي يۇزىگە سىزىلغان تام رەسىملىرىنىڭ سويۇپ ئېلىۋېتىلىپ، يېڭىدىن سامانلىق لاي بېرىلىپ قايتىد-دىن رەسىم سىزىلغانلىقىنى بايقايدۇ. پېللىئوت بۇ ۋەقەنىڭ 1815 ـ يىللىرى ئەتراپىدا بولغانلىقىنى دەلىللەيدۇ[2]. نۇئېتتى رەسىملەرنى پۈتۈنلەي سۈرەتكە تارتىۋالىدۇ. پېللىئوت بىلەن ۋايلانت غارنىڭ ئېغىزى، ئوتتۇرا، ئارقا قىسىملىرى بىلەن سول، ئوڭ قىسىملىرىنىڭ ئېگىزلىكى، كەڭلىكى ۋە ئۇزۇنلۇ-قىنى، تام رەسىملىرىدىكى بېغىشلىمىلارنى تەپسىلىي خاتىرد-لەيدۇ.

ئۇلار ئۈچ مىڭئۆيدىن بىرنى تەكشۈرۈپ بولغاندىن كېيىن، ئۈچ مىڭئۆينىڭ ئىككى كىلومېتىرچە شەرقىدىكى چاقماق دەرياسىنىڭ جەنۇبىدىكى تۆگمەن خارابىسىنى تەكشۈرىدۇ. پېللىئوت بۇ خارابىلىكنى كۆزدىن كەچۈرۈۋاتقاندا تاسادىپىيلا بىراھمى يېزىقى يېزىلغان بىر دانە ياغاچ قوزۇق تېپىۋالىدۇ. بۇ پېللىئوتنىڭ قەشقەرگە قەدەم باسقاندىن بۇيان ئۇچراتقان ئەڭ قىممەتلىك يادىكارلىقى ھېسابلىناتتى. پېللىئوت بۇ يەردىن تېخىمۇ كۆپ يادىكارلىق تېپىش مەقسىتىدە 10 نەچچە ئادەم ياللاپ قازىدۇ. بىراق نەتىجە پېللىئوت ئويلىغاندەك بولمايدۇ، ئۇلار بۇ يەردىن نۇرغۇن ساپال بۇيۇم ۋە بىر دانە مىس كولدۇرما تاپىدۇ.

قەشقەرنىڭ شەرقىي شىمالىدىكى خانئۆي قەشقەردىكى ئەڭ مەشھۇر خارابىلىكنىڭ بىرى بولۇپ، پېللىئوت بۇيەرنى نۇقتىلىق قازىدۇ. بولۇپمۇ خانئۆي خارابىسىدىكى كەپتەرخانا، ساقالتام، ھاساتام، توققۇزھۇجرا خارابىلىرىدىن نۇرغۇن قەدىمىي پۇل، تارشا پۈتۈك ۋە لاي بۇتلارنى قېزىۋالىدۇ. 1906 ـ يىل 9 ـ ئاينىڭ 26 ـ كۈنى خانئۆيدىكى قېزىش ئاخىرلاشقاندىن كېيىن، مورىتىم، توپاتىم، توققۇل، ئاقىاش قاتارلىق جايلارنى تەكشۈرىدۇ. مورىتىمنى ئىككى كۈن قېزىش ئارقىلىق قۇلىقى ناھايىتى يوغان بىر ھەيكەل بىلەن نۇرغۇن ساپال بۇيۇم تاپىدۇ. ئاققاشتىكى قىزىلتىم، قاغاتىم بۇددا مۇنارى خارابىسىنىمۇ قازىدۇ. پېللىئوتنىڭ قەشقەر شەھىرى ئەتراپىدىكى بۇددىزم خارابىلىرىدىن تاپقان بۇيۇملىرى ھازىر پارىژدىكى گۇيمېت مۇزېيىدا ساقلانماقتا.

پائۇل پېللىئوت ئارخېئولوگىيە ئەترىتى 1906 ـ يىل 10 ـ ئاينىڭ 6 ـ كۈنى قەشقەردىن ئاتلىنىپ، ئۆردەكلىككە كېلىپ، بۇ يەردىن ناھايىتى ئاز ئۇچرايدىغان قاشتېشى بۇيۇملارنى يىغىۋالىدۇ. 10 ـ ئاينىڭ 28 ـ كۈنى مارالبېشىغا، 29 ـ كۈنى تۇمشۇققا كېلىدۇ. تۇمشۇق خارابىسىنى ئىلگىرى سۋېن ھېدىن تەكشۈرۈپ، ئۇنى ئىسلامىيەت دەۋرىدىكى خارابىلىك دەپ قاراپ

تاشلاپ كەتكەنىدى. شۇنىڭدىن كېيىن ھېچكىم بۇ يەرگە قەدەم باسمىغانىدى. پېللىئوتمۇ بىر تاسادىپىي پۇرسەتتە، ئۇ يەردە ئازغىنە توختىغان چاغدىلا بۇ خارابىلىكنى ئۇچرىتىپ قالغانىدى. ئۇ قامچىسىنىڭ سېپىدا ئانچە ـ مۇنچە كوچىلاپ بېقىش بىلەنلا ھەقىقىي قەندىھار ئۇسلۇبىدىكى كىچىك بۇتتىن بىرنى تېپىۋالىدۇ[3]. بۇ تاسادىپىي بايقاش ئۇنى ناھايىتى خۇش قىلىدۇ. شۇنىڭ بىلەن كۇچاغا قاراپ يولغا چىققان پېللىئوت يۇك ـ تاقلىرىنى چۇشۇرۇپ، تۇمشۇقتا رەسمىي قېزىشنى باشلايدۇ. بۇ خارابىلىك تۇمشۇق كەنتىگە ئانچە يىراق بولمىغان جايدا بولۇپ، يەرلىك خەلقلەر توققۇز ساراي دەپ ئاتايتتى، بىراق پېللىئوت بۇ خارابىلىكنى تۇمشۇق كەنتىنىڭ نامى بىلەن خەلقئاراغا تونۇشتۇرىدۇ.

تۇمشۇقتىكى قېزىشقا 25 ـــ 30 ئادەم ياللىنىدۇ. پېللىئوت خارابىلىكنىڭ تەكشىلىكتىكى كۆرۈنۈش خەرىتىسىنى سىزىپ چىقىدۇ. تۇمشۇقتىن تېپىلغان بۇيۇملار ئاساسەن لاي ھەيكەل، تام رەسىمى، ساپال بۇيۇم، قورال ـ سايمانلاردىن ئىبارەت بولۇپ، سانى كۆپ، تۈرى ھەر خىل ئىدى. لاي ھەيكەللەر شىنجاڭدىكى ئەڭ نادىر ھەيكەللەر بولۇپ، ئۇنىڭ ئىچىدە بۇت ھەيكىلى، بۇتساتۋا، ئىلاھ، يەرلىك خانلار ۋە پۇقرالارنىڭ ھەيكىلى بار ئىدى. بۇ يادىكارلىقلارنىڭ ھەممىسى پارىژدىكى گۇيمېت مۇزېيىدا ساقلانماقتا.

ئەترەت 1906 ـ يىل 12 ـ ئاينىڭ 15 ـ كۈنى تۇمشۇقتىن ئايرىلىپ، 1907 ـ يىل 1 ـ ئاينىڭ 2 ـ كۈنى كۇچاغا يېتىپ كېلىدۇ. ئۇ كۇچادىكى مىڭئۆيلەرنىڭ گېرمانىيە، روسىيە، ياپونىيە ئېكسپېدىتسىيىچىلىرى تەرىپىدىن قۇرۇقدىلىپ بولغانلىقىنى بىلىپ، قېزىش نۇقتىسىنى ئۇلارنىڭ دىققىتى چۈشمىگەن خارابىلەرگە قارىتىدۇ. ھاۋانىڭ سوغۇقلۇقىنى نەزەردە تۇتۇپ، كۇچادىكى تەكشۈرۈش پائالىيىتىنى 4 ـ ئايدا باشلاشنى ئويلىشىدۇ. ئۇ بۇ ۋاقىتلاردا قىزىل مىڭئۆينى كۆز-

دىن كەچۈرىدۇ. قىزىل مىڭئۆي كىلىشتە شالدىراڭ ئېقىنغا جايلاشقان قىزىل مىڭئۆيدىن قەدىمكى كۆسەن يېزىقى يېزىلغان 200 دىن ئارتۇق تارشا پۈتۈك تېپىلدى.[4]

پىلىلئوت قىزىل مىڭئۆي بىلەن قىزىلقاغا مىڭئۆيدىكى تەكشۈرۈشنى ئاخىرلاشتۇرغاندىن كېيىن، كۆپچىلىك قېزىش ئۆمىكى ئۆگەن دەرياسىنىڭ تۆۋەن ئېقىنىدىكى دۇلدۇل ئوقۇر بىلەن كۇچانىڭ شىمالىدىكى سۇبېشى خارابىسى ئىككەن-لىكىنى ئۇقتۇرىدۇ.

دۇلدۇل ئوقۇر خارابىسى (ھازىر بۇ خارابىلىكنى يەرلىك خەلق شاھتۇر، ئۇچتۇر دەپمۇ ئاتىشىدۇ - ئاپتور) ئۆگەن دەر-ياسىنىڭ تۆۋەن ئېقىنىغا جايلاشقان، ئۆگەن دەرياسى بۇ خارابى-لىكنى غەرب ۋە شەرقتىن ئىبارەت ئىككى قىسىمغا ئايرىۋەت-كەن. خارابىلىك قەدىمكى كۆسەن دۆلىتىنىڭ بۇددا ئىبادەتخا-نىسى بولۇپ، 8 -، 9 - ئەسىرلەرگە كەلگەندە خارابلاشقان. ئارخېئولوگىيە ئەترىتى 4 - ئاينىڭ 7 - كۈنى بۇ خارابىلىك-كە كېلىپ، قېزىش سۈرئىتى ۋە ئىش مىقدارىغا ئاساسەن، ھەر كۈنى يەرلىك كىشىلەردىن 25 كىشىنى ياللاپ ئىشلىتىدۇ. ئۇلار 1 - كۈنىلا لىققىدە براھما يېزىقى يېزىلغان بىر پارچە تاختاي، خەنزۇچە ئانچە تولۇق بولمىغان بىر ئەسەر ۋە بىر دانە ۋۇجۇ يارمىقى تاپىدۇ. 4 - ئاينىڭ 18 - كۈنى سۇزۇكلۇك دە-رىجىسى ئىنتايىن يۇقىرى بولغان كۆك رەڭلىك ئەينەك پارچى-سى، خەنزۇچە يېزىلغان بىر ھېساباتى دەپتىرىنى، ئەتىسى راھىبلارنىڭ ياتاق ئۆيىدىن نۇرغۇن ياغاچ ئويما، تام رەسىمى ۋە يازما ھۆججەتلەرنى بايقايدۇ. 4 - ئاينىڭ 24 - كۈنى بىر نوم ساقلايدىغان ئۆينى تېپىپ، بۇ ئۆيدىن ناھايىتى ياخشى ساقلانغان 718 پارچە قەدىمكى براھمى يېزىقىدىكى ئەسەرنى قېزىپ چىقىدۇ. بۇنىڭدىن باشقا كەمتۈك ئەسەرلەر ۋە ياغاچ قۇلۇپنىڭ ئاچقۇچىغا يېزىلغان تارشا پۈتۈكلەرنىڭ سانى تېخىمۇ كۆپ ئىدى. بۇ ھۆججەتلەر براھمى يېزىقىدا يېزىلغىنى بىلەن بەت

سانى قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىقىدا يېزىلغانىدى[5]. ئۇلار 4 ـ ئاي-
نىڭ 26 ـ كۈنى بىر ئەخلەت دۆۋىسىدىن بىر دانە مىس كۆر-
گۇ، ئۈچ دانە تۆمۈر تامغا، شىر سۈرىتى ۋە بۆكەن سۈرىتى
چۈشۈرۈلگەن قاشتېشى تامغا تاپىدۇ. 5 ـ ئاينىڭ 21 ـ كۈنى
ھەجمى چوڭ ھەم ياخشى ساقلانغان بىراھمى يېزىقىدىكى بىر
ئەسەرنى تاپىدۇ. يەنە بىر خارابىلىكتىن قاتار ئولتۇرغان بۇت-
نىڭ ھەيكىلى قاپارتما قىلىپ ئويۇلغان تۆت چاسا تاختاينى
تېپىۋالىدۇ. پېللىئوت بۇ بۇيۇمنى بۇددا ھەيكەللىرىنى كۆپەي-
تىپ باسىدىغان بۇيۇم ئىكەن دەيدۇ[6].

پېللىئوت 1907 ـ يىل 6 ـ ئاينىڭ 4 ـ كۈنى دۇلدۇل
ئوقۇردىكى قېزىش پائالىيىتىنى ئاخىرلاشتۇرۇپ، سۇ بېشى
خارابىسىگە ئاتلىنىدۇ. سۇبېشى بۇددا خارابىسى كۇچا ناھىيە-
سىنىڭ 16 كىلومېتىر شىمالىدىكى تاغلىق رايونغا جايلاشقان
بولۇپ، كۇچا دەرياسى بۇ خارابىلىكنى ئىككىگە بۆلۈۋەتكەن. بۇ
خارابىلىككە ئىلگىرى نۇرغۇن چەت ئەللىكلەر كەلگەن بولسى-
مۇ، لېكىن كەڭ كۆلەمدە قېزىلمىغان. پېللىئوت 6 ـ ئاينىڭ
6 ـ كۈنى سۇبېشى خارابىسىنى قېزىشنى باشلايدۇ. ئۇلار كۇ-
نىگە يەرلىك ئالتە كىشىنى ياللاپ قېزىشقا سالىدۇ. پېللىئوت
سۇبېشى خارابىسىنىڭ تەكشىلىك خەرىتىسىنى سىزىپ چىقى-
دۇ ھەم خارابىلىكتىكى غارلارنىڭ تاملىرىغا يېزىلغان كۆسەن
يېزىقىدىكى بېغىشلىمىلارنى ناھايىتى ئەپچىللىك بىلەن كې-
سىۋالىدۇ. 6 ـ ئاينىڭ 12 ـ كۈنى بىر مۇنارنىڭ ئاستىدىن
نەپىس رەسىملەر سىزىلغان، چېدىر شەكىللىك جەسەت كۆلى
قۇتىسىدىن 30 نى تېپىۋالىدۇ. يەنە بىر ئىبادەتخانا خارابىسى-
دىن بىر تەرىپىگە بىراھمى يېزىقى، يەنە بىر تەرىپىگە قەدىمكى
ئۇيغۇر يېزىقى يېزىلغان بىر ئەسەر، بىراھمى يېزىقىدا يېزىلغان
ئىككى پارچە ئەسەر، بىراھمى يېزىقى چۈشۈرۈلگەن نۇرغۇن
تارشا پۈتۈك تېپىۋالىدۇ[7]. پېللىئوت ھەر كۈنى دېگۈدەك ئار-
خېئولوگىيىلىك قېزىش ئەھۋالىنى خاتىرىلەپ قويىدۇ. نۇئۇتتى

سۈبېشى مىڭئۆيىدە نۇرغۇن سۈرەت تارتىدۇ. سۈبېشى مىڭئۆيى-دىكى تام رەسىملىرى ھازىر يامغۇر ۋە كۈن نۇرى سەۋەبىدىن بۇزۇلۇپ كەتكەن بولۇپ، پەقەت نوئۇتتى تارتقان سۈرەتلەرلا ئارخىپ سۈپىتىدە ساقلىنىپ كەلمەكتە.

سۈبېشى خارابىسىدىكى قېزىش ئاخىرلاشقاندىن كېيىن، ئۇلار كۇچانىڭ شىمالىدىكى تاغلىقتا تەكشۈرۈشتە بولىدۇ. ئۇلار 1907 ـ يىل 7 ـ ئاينىڭ 24 ـ كۈنىدىن 8 ـ ئاينىڭ 6 ـ كۈنىگىچە كۇچانىڭ شىمالىدىكى مىس كان، كۆمۈر كانلارنى تەكشۈرىدۇ. پېللىئوت ئۆزى كۇچادىن يۇلتۇز ۋادىسى-دىكى موڭغۇللار تەرەپكە بارىدىغان يولنى تەكشۈرۈپ چىقىدۇ. ئۇ 8 ـ ئاينىڭ 24 ـ كۈنى تەڭرىتاغدىكى يوللارنى تەكشۈرۈش-نى ئاخىرلاشتۇرۇپ كۇچاغا قايتىپ كېلىدۇ. ئەترەت 1907 ـ يىل 9 ـ ئاينىڭ 3 ـ كۈنى كۇچادىن ئايرىلىپ، 10 ـ ئاينىڭ 9 ـ كۈنى ئۈرۈمچىگە يېتىپ كېلىدۇ. ئۈرۈمچىدىكى بەزى ئۇقۇ-مۇشلۇق زاتلار پېللىئوتقا دۇنخۇاڭدىن تېپىلغان رەسىم، قول يازمىلارنى سوۋغا قىلىدۇ. پېللىئوت ئوتتۇرا ئەسىرگە ئائىت بۇ قول يازمىلارنى كۆرۈپ، ئۈرۈمچىدە ئۇزۇن تۇرۇشنى خالى-ماي، 12ـ ئاينىڭ 24 ـ كۈنى ئۈرۈمچىدىن دۇنخۇاڭغا ئاتلىنى-دۇ. تۇرپان، قومۇل، شاجۇلارنى بېسىپ ئۆتۈپ، 1908 ـ يىل 2 ـ ئاينىڭ 14 ـ كۈنى دۇنخۇاڭغا يېتىپ كېلىدۇ. ئۇلار دۇن-خۇاڭ مىڭئۆيىدىكى 182 غارغا نومۇر سېلىپ چىقىدۇ. غارلار-دىكى قەدىمكى يېزىقتا يېزىلغان بېغىشلىمىلارنى كۆچۈرۈۋالى-دۇ. نوئۇتتى 2000 پارچىدىن ئارتۇق سۈرەت تارتىدۇ. پېللىئوت ۋاڭ راھىبنى قايىل قىلىپ، 3 ـ ئاينىڭ 3 ـ كۈنى دۇنخۇاڭ-دىكى نوم ساقلاش غارىغا كىرىدۇ. ئۇنىڭ مۆلچەرلىشىچە غاردى-كى قول يازما 15 — 20 مىڭ پارچە ئەتراپىدا كېلەتتى. پېل-لىئوت شام يورۇقىدىن پايدىلىنىپ، كېچىككىنە بىر يەردە ئۈچ ھەپتە ۋاقىتنى خۇددى نەزەربەندكە چۈشۈپ قالغان ئادەمدەك قورقۇنچلۇق كەيپىيات ئىچىدە چاڭ ـ توزان ئاستىدا قالغان

قول يازمىلارنى كۆرۈش بىلەن ئۆتكۈزىدۇ[8]. ئۇ خەنزۇ تىلىدىن باشقا ئوتتۇرا ئاسىيادىكى قەدىمكى مىللەتلەر تىل ـ يېزىقىدا يېزىلغان ھەرقانداق نەرسىنى قويۇۋەتمەسلىك ئۈچۈن ئۇلارنىڭ ھەممىسىنى ئالدىم، دەيدۇ[9]. ئۇ شۇ غاردا ساقلىنىۋاتقان 500 كىلوگرام كېلىدىغان تىبەتچە ھۆججەتنىڭ ھەممىسىنى يۆتكەپ كېتىشكە ئامال قىلالمايدۇ، لېكىن شۇ ھۆججەتلەر ئىچىدىكى ئەڭ نادىرلىرىنى ۋە 11 توملۇق «گەنجۇر» نومىنى ئېلىپ كېتىدۇ. پېللىئوت غاردىكى ھۆججەت ئىچىدىن 6000 پارچىدىن كۆپرەك ھۆججەتنى، ئۇلاردىن باشقا تاڭ دەۋرىگە ئائىت رەسىم، تۇغ ـ ئەلەملەرگە سىزىلغان رەسىم، توقۇلما بۇيۇم، ياغاچ بۇيۇمدىن 200 نەچچىنى تالىلىۋالىدۇ.

پېللىئوت قاتارلىقلار 1908 ـ يىل 3 ـ ئاينىڭ 27 ـ كۈنى نوم ساقلاش غارىدىكى پائالىيىتىنى ئاخىرلاشتۇرۇپ، دۇنخۇاڭ مىڭئۆيىنى قايتا تەكشۈرۈشكە كىرىشىدۇ، 6 ـ ئاينىڭ 8 ـ كۈنى خىزمىتىنى ئاخىرلاشتۇرۇپ، شاجۇدىن ئايرىلىپ، بېيجىڭ ئارقىلىق فرانسىيىگە قايتىدۇ.

ئۇلار قىسقىغىنە ئىككى يىلدا شىنجاڭ ۋە دۇنخۇاڭدا كىشىلەر تەسەۋۋۇر قىلالىغۇدەك دەرىجىدە باقمىغان دەرىجىدە نەتىجىگە ئېرىشىپ، ئېكسپېدىتسىيە پائالىيىتىنى ئاخىرلاشتۇرىدۇ. شۇنىڭدىن كېيىن، پېللىئوتنىڭ تەتقىقات ھاياتىدا ئوتتۇرا ئاسىيا تەتقىقاتى ئۇنىڭ تەتقىقات نىشانى بولۇپ قالىدۇ.

1911 ـ يىلى فرانسىيە دۆلەتلىك شەرق تىللىرى ئىنستىتۇتى پېللىئوتنى ئوتتۇرا ئاسىيانىڭ تىل، تارىخ ۋە ئارخېئولوگىيىسىدىن لېكسىيە سۆزلىگۈچى پروفېسسورلۇققا تەكلىپ قىلىدۇ. ئۇ چاغدا ئۇ ئەمدىلا 33 ياشقا كىرگەنىدى. بىراق 1 ـ دۇنيا ئۇرۇشى مەزگىلىدە ئۇنىڭ تەتقىقاتى توختاشقا مەجبۇر بولىدۇ، چۈنكى 1914 ـ يىلى پېللىئوت ئەسكەرلىككە يىغىۋېلىنىپ، فرانسىيىنىڭ بېيجىڭدا تۇرۇشلۇق كونسۇلىنىڭ ھەربىي ئەمەلدارى قىلىپ ئەۋەتىلىدۇ. 1918 ـ يىلى سىبىرىيىنى

تەكشۈرۈشكە قاتنىشىدۇ. 1921 ـ يىلىلا فرانسىيە شەرق تىل-لىرى ئىنستىتۇتىغا قايتىپ كېلىپ تەتقىقاتىنى داۋاملاشتۇردۇ. ئۇ تەتقىقات بىلەن شۇغۇللىنىش بىلەن بىرگە شەرقشۇناسلىق ساھەسىدىكى مەشھۇر ژۇرنال «تۇڭباۋ» (Tong — pao) [10] نىڭ باش مۇھەررىرلىكىنى ئۈستىگە ئالىدۇ.

پائۇل پېللىئوت 1945 ـ يىل 10 ـ ئاينىڭ 26 ـ كۈنى راك كېسىلى بىلەن 67 يېشىدا پارىژدا ۋاپات بولدى. غەرب ئىلىم ساھەسىدىكى ئەربابلارنىڭ ئۇنىڭغا بەرگەن باھاسى كۆندىن كۈنگە ئېشىپ باردى. ئۇ 20 ـ ئەسىردىكى ئەڭ ئۇلۇغ جۇڭگوشۇناس، ئىنسانىيەت تارىخىدىكى ئەڭ تالانتلىق شەرق تىللىرى مۇتەخەسسىسى دېگەن ھۆرمەتلىك نامغا سازاۋەر بولىدۇ. چۈنكى ئۇ ياۋروپادىكى ئاساسلىق تىللارغا پۇختا بولغاندىن سىرت، يەنە خەنزۇ تىلى، سانسكرىت تىلى، تىبەت تىلى، تۈرك تىلى، موڭغۇل تىلى، پارس تىلى، قەدىمكى ئۇيغۇر تىلى، سوغدى تىلى، كۇسەن تىلى، تاڭغۇت تىلى ۋە ھىندى تىللىرىنى پىششىق بىلەتتى. دوۋىندا پېللىئوتنىڭ ۋاپاتىغا ئاتاپ «تۇڭباۋ»نىڭ 1948 ـ يىللىق سانىدا ئېلان قىلغان «پائۇل پېللىئوت» دېگەن ماقالىسىدە: «2 ـ دۇنيا ئۇرۇشى كەلتۈرۈپ چىقارغان بالايى ـ ئاپەتلەرگە سۇڭدىشىپ پائۇل پېللىئوتنىڭ ئالەمدىن ئۆتۈشى يىراق شەرق تەتقىقات ساھەسىدىكى ئەڭ چوڭ يوقىتىش بولدى. ئۇ دائىرىسى كەڭ بولغان جۇڭگوشۇناسلىقنىڭ ھەربىر ساھەسىدە ھەممىنى بېسىپ چۈشىدىغان ئۇستاز ئىدى...» [11] دەيدۇ.

پائۇل پېللىئوتنىڭ ھايات ۋاقتىدىكى تەتقىقات ساھەلىرى ھىندىچىنى، ئوتتۇرا ئاسىيا ۋە جۇڭگوغا مۇناسىۋەتلىك بولۇپ، كۆپلىگەن تەتقىقاتى ماقالە شەكلىدە ئېلان قىلىنغان.

**1. ئوتتۇرا ئاسىيا تەتقىقاتىغا دائىر ماقالىلىرى**

1) «ئىدىقۇت، خېجۇ (和州)، قوچو (火州) ۋە قاراخوجا ئۈستىدە تەتقىقات»، «ئاسىيا ئىلمىي ژۇرنىلى» 1912 ـ يىللىق سانى.

2) «تاڭ، يۈەن سۇلالىلىرى دەۋرلىرىدىكى ئوتتۇرا ئاسىيا ۋە شەرقىي ئاسىيادىكى خرىستىيان مۇرتلىرى» («تۇڭباۋ»، 1910 ـ يىلى).

3) «شاجۇ تۇتۇق مەھكىمىسىنىڭ خەرىتىسى ۋە پۇچاڭـ خەيدىكى كانجۇت خەلقى»، «ئاسىيا ئىلمىي ژۇرنىلى» 1916 ـ يىل.

4) «مانى دىنىنىڭ جۇڭگوغا تارقىلىشى توغرىسىدا تەتقىـ قات» (چاۋاننېس بىلەن بىرلىكتە يازغان)، «ئاسىيا ئىلمىي ژۇرنىلى» 1911 ـــ 1913 ـ يىللىرى.

5) «خەنزۇچە مەنبەلەردىن تۈرك نامىنىڭ كېلىپ چىقىشى ئۈستىدە ئىزدىنىش»، «تۇڭباۋ» 1915 ـ يىلى.

6) «كومانلار»، «ئاسىيا ئىلمىي ژۇرنىلى» 1920 ـ يىلى، 1 ـ توم.

7) «ۋېي سۇلالىسى تەپسىراتى. غەربىي رۇڭلار ھەققىدە قىسسە»دىكى دانا تۇتۇق تۇڭ جىفۇ»، «ئاسىيا ئىلمىي ژۇرنىلى» 1920 ـ يىلى.

8) «ئوتتۇرا ئاسىيادىكى قەدىمىي مىللەت ـــ سوبى»، «تۇڭباۋ» 1921 ـ يىلى.

9) «تۇيغۇنلار موڭغۇل تىللىق خەلق دېگەن قاراش ھەققىـ دە»، «تۇڭباۋ 1923 ـ يىلى.

10) «كۇچا، ئاقسۇ، ئۇچتۇرپانلارنىڭ قەدىمكى نامى توغـ رىسىدا»، «تۇڭباۋ» 1923 ـ يىلى.

11) «ئوتتۇرا ئاسىيا تارىخ ـ جۇغراپىيىسى توغرىسىدا ئو- مۇمىي تەتقىقات»، «تۇڭباۋ» 1928 ـــ 1929 ـ يىللار.

12) «جۇڭگو ۋەسىقىلىرىدىكى باميان («باميانىدىكى بۇددىزم خارابىلىرى» دېگەن مەجمۇئەگە بېسىلغان)، 1928 ـ يىلى.

13) «باميان تەتقىقاتىغا قوشۇمچە ئىزاھ»، «تۇڭباۋ» 1929 ـ يىلى.

14) «شۈەنزاڭ خاتىرىسىدىكى مىڭبۇلاق»، «تۇڭباۋ» 1930 ـ يىلى.

15) «ساك تىلىدىكى هۆججەتلەردە كۆرۈلگەن غەربىي يۇرت يەر ناملىرى»، «تۇڭباۋ» 1931 ـ يىلى.
16) «قەدىمكى ئۇيغۇرچە ۋەسىقىلەردە كۆرۈلگەن يەر ناملىرى»، «تۇڭباۋ» 1931 ـ يىلى.
17) «توخار تىلى ۋە كۇچا تىلى»، «ئاسىيا ئىلمىي ژۇرنىلى» 1934 ـ يىلى.
18) «توخار تىلى تەتقىقاتى»، «تۇڭباۋ» 1936 ـ يىلى.

**2. پائۇل پېللىئوتنىڭ 1906 ـ 1909 ـ يىللاردا ئوتتۇرا ئاسىيا ئېكسپېدىتسىيىسى توغرىسىدا يازغان خاتىرىلىرى**[12]

1) «ئېگىزلىك ئاسىيادىكى ئۈچ يىللىق ئېكسپېدىتسىيە خاتىرىسى»، «فرانسىيىگە قاراشلىق ئاسىيا كومىتېتى ژۇرنىلى» 1910 ـ يىلى.
2) «شىنجاڭنىڭ ئاھالىسى توغرىسىدىكى تەكشۈرۈش دوكلاتى»، «فرانسىيە سودا جۇغراپىيىسى ئىلمىي جەمئىيىتى ھىندىچىنى شۆبىسىنىڭ يىللىق مەجمۇئەسى» 1909 ـ يىلى.
3) «ئېگىزلىك ئاسىيانىڭ تارىخ ـ جۇغراپىيىسى ھەققىدە تەتقىقات»، پائۇل پېللىئوتنىڭ 1930 ـ يىل نەشر قىلىنغان «ئېگىزلىكتىكى ئاسىيا» دېگەن ئەسىرىگە كىرگۈزۈلگەن.
4) «قەشقەر ۋە تۇمشۇقتىكى ئارخېئولوگىيە خاتىرىسى»، بۇ ئەسەر 1964 ـ يىل پارىژدا نەشر قىلىنغان «تۇمشۇق» دېگەن ئەسەرنىڭ 2 ـ تومىغا كىرگۈزۈلگەن.
5) «قەشقەردىكى ئۈچ مىرىۋان خارابىسىنى تەكشۈرۈش خاتىرىسى»، 1906 ـ يىلى قەشقەردە يېزىلغان.
6) «كۇچادىكى ئارخېئولوگىيىلىك تەكشۈرۈش خاتىرىسى»، بۇ ماقالە 1982 ـ يىلى فرانسىيە ئىنستىتۇتى نەشر قىلغان «دۇلدۇل ئوقۇر ۋە سۇبېشى» دېگەن ئەسەرنىڭ 2 ـ تومىغا بېسىلغان.
7) «قۇم دېڭىزىدىكى سەپەر خاتىرىسى ـ قومۇلدىن دۇنخۇاڭغا بېرىش»، «جۇغراپىيە ئىلمىي ژۇرنىلى» 17 ـ جىلد، 1908 ـ يىل 6 ـ ئاي.

8) «دۇنخۋاڭ نوم غارىنى زىيارەت قىلىش خاتىرىسى»، فرانسىيە يىراق شەرق ئىنستىتۇتى ئىلمىي ژۇرنىلى» 1908 ـ يىل.

**3. جۇڭگو ـ چەت ئەل مۇناسىۋەت تارىخىغا دائىر تەتقىقات ماقالىلىرى**

(18 پارچە، قىسقارتىلدى)

**4. موڭغۇللار ۋە يۈەن سۇلالىسى تارىخى توغرىسىدىكى تەتقىقاتلىرى**

(سەككىز پارچە، قىسقارتىلدى)

**5. پائۇل پېللىئوت ۋاپات بولغاندىن كېيىن، ئۇنىڭ خانىمى گۇيمېت مۇزېيىغا تەقدىم قىلغان ئەسەرلەر**[13]

(27 پارچە، 11 پارچىسى قىسقارتىلدى)

1) «شىنجاڭنىڭ قەدىمدىن ھازىرغىچە بولغان جۇغراپىيەلىك ئەھۋالىغا دائىر خاتىرە»، 69 بەت، فرانسىيە يىراق شەرق ئىنستىتۇتىدا يېزىلغان.

2) «تىبەت»، 187 بەت.

3) «تاڭ دەۋرىدىكى تۇرپان رايونىدىكى يوللار»، 168 بەت، 2000 ـ يىلى فرانسىيە ئىنستىتۇتى نەشرى.

4) «بۇتساتۋا ۋە ئاۋالوكىسوۋارا ئىسىملىرىنىڭ ئەڭ قەدىمكى ترانسكرىپسىيىسى»، 11 بەت.

5) «ئاسىيانىڭ كىندىكى، دېگەن ئەسەردىكى غەربىي يۇرتنىڭ تارىخ ـ جۇغراپىيىسى»، 92 بەت.

6) «جۇڭگو مەتبەئەچىلىك تېخنىكىسىنىڭ كېلىپ چىقىشى»، 181 بەت، 1953 ـ يىلى فرانسىيە ئىنستىتۇتى نەشرى.

7) «بىرقانچە كىشى ۋە خەلق نامىنىڭ تۈركچە ئاتىلىشى»، 50 بەت.

8) «سانسكرىت تىلىدىكى Arya ۋە Arje»، تۆت بەت.

9) «ھۇنلاردىكى بىر ئەمەل نامى توغرىسىدا» سەككىز بەت.

10) «كۇسەن، قاراشەھەر، رائۇرۇكا (Rauruka)»، بۇ ئەسەرنىڭ بەت سانى 1 ـ 5، 39 ـ 182 بەت دېيىلگەن.

11) «14 ـ ئەسىرگە دائىر ئەرەبچە ـ موڭغۇلچە ۋە خەنزۇچە ـ موڭغۇلچە سۆزلۈك»، 287 ـ بەت.

12) «تارىخىي رەشىدىنىڭ تەرجىمىسى»، 105 بەت.

13) «ئالتۇن ئوردا خانلىقى تارىخىدىن خاتىرىلەر»، 151 بەت، توققۇز بەت ئىزاھات بار، 1953 ـ يىلى فرانسىيە ئىنىس-تىتۇتى نەشرى.

14) «قالماق تارىخىنىڭ شەرھىيسى»، 1919 ـ يىلى بادىر-لىسىنىڭ ئەسىرىگە يازغان باھاسى، 746 بەت، قوشۇمچە ئىزا-ھات، يەتتە پارچە رەسىم ۋە جەدۋەل بار. 1960 ـ يىلى فرانسىيە ئىنستىتۇتى نەشرى.

15) «موڭغۇل تىلىدىكى — bagul kokul، تۈرك تىلىدىكى — bo gtaq boqta ، توي قىلغان خانىملارنىڭ باتىلىۋالغان چىپ-چىنى كۆرسىتىدۇ»، 29 بەت، قوشۇمچە ئىزاھات بار.

16) «موڭغۇللارنىڭ مەخپىي تارىخى»، خەنزۇچە تەلەپپۇزىغا ئاساسەن موڭغۇل تىلىغا ئايلاندۇرۇلغان نۇسخىسى، فرانسىيە يىراق شەرق ئىنستىتۇتى، 1949 ـ يىلى نەشرى.

ئۇ پۈتۈن ھاياتىدا دۇنيا ئىلىم ساھەسىنى ھەيران قالدۇر-غۇدەك نەتىجىلەرنى قولغا كەلتۈردى، ئوتتۇرا ئاسىياغا دائىر تارىخ، مەدەنىيەت، تىل، ئارخېئولوگىيە تەتقىقاتىنى يۇقىرى پەللىگە كۆتۈرۈپ، كېيىنكى تەتقىقاتلار ئۈچۈن يېڭىچە ئۇسۇل ۋە ئاساس ھازىرلاپ بەردى. ئۇنىڭ تەتقىقات ئۇسۇلى، بىلىم قا-بىلىيىتى ۋە مەسىلىلەرگە تۇتقان ئەستايىدىل پوزىتسىيىسى تەتقىقاتچىلارغا ئىلھام بولغۇسى.

**قوشۇمچە:**

**پائۇل پېللىئوتنىڭ ئوتتۇرا ئاسىيا ئېكسپېدىتسىيە خاتىرىلىرىنىڭ رەت-لىنىش ۋە تەتقىق قىلىنىش ئەھۋالى**

پائۇل پېللىئوتنىڭ غەربىي يۇرت ۋە دۇنخۇاڭشۇناسلىق تەتقىقاتىدىكى ئەڭ مۇھىم تۆھپىلىرى ۋە يېزىپ ئېلان قىلغان ئەسەرلىرى بولماستىن، ئۇ ئوتتۇرا ئاسىيادىن ئېلىپ كەتكەن نادىر سەنئەت بۇيۇملىرى، دىنىي بۇيۇملار، قول يازما ۋە ئۇنىڭ

ئارخېئولوگىيە خاتىرىسى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. ئۇ ھايات چې-
غىدا بۇلارنى ئىلىم ساھەسىگە بىلدۈرۈشكە ئۈلگۈرمىگەنىدى.
شۇڭا ئۇلارنى رەتلەش، ئېلان قىلىش ئىشلىرى ئۇنىڭ شاگىرت-
لىرى بىلەن ئۇقۇغۇچىلىرىنىڭ زىممىسىگە يۈكلەنگەن بولغاچ-
قا، بۇ خىزمەت تا ھازىرغىچە ئىشلەنمەكتە. بىرقىسمى نەشر
قىلىنىپ دۇنيا جامائەتچىلىكى بىلەن يۈز كۆرۈشتى. بۇ خىز-
مەتلەرنى تۆۋەندىكى ئىككى باسقۇچقا ئايرىشقا بولىدۇ.
1. پائۇل پېللىئوت ئوتتۇرا ئاسىيا ئېكسپېدىتسىيە ئەترى-
تىنىڭ ماتېرىياللىرى بىلەن ئارخېئولوگىيە بۇيۇملىرىنى رەت-
لەش باسقۇچى.
2. دۇنيا ئۇرۇشى ئاخىرلاشقاندىن كېيىن، پېللىئوت ئوت-
تۇرا ئاسىيادىن يىغىپ كەلگەن يادىكارلىقلار ساقلىنىۋاتقان
گۇيمېت مۇزېيىنىڭ مۇدىرى گېئورگى سار بۇ يادىكارلىقلارنى
رەتلەش، ئۇلارغا دائىر ماتېرىياللارنى نەشر قىلىش ئىشلىرىنى
پېللىئوتنىڭ يېتۈك شاگىرتى لۇئىس ھامبىسقا ھاۋالە قىلغان.
بۇ خىزمەت فرانسىيە دۆلەتلىك پەن تەتقىقات مەركىزى بىلەن
فرانسىيە شەرق ئىنستىتۇتى ئوتتۇرا ئاسىيا تەتقىقات مەركىزى-
نىڭ ياردىمىگە ئېرىشتى. ھازىر «پائۇل پېللىئوت ئارخېئولو-
گىيە مەجمۇئەسى» دېگەن نامدا ئۇنىڭ ئىلمىي ئەمگىكىنىڭ
ئۇچتىن بىرقىسمى ئېلان قىلىندى. «مەجمۇئە» 27 تومغا ئاي-
رىلغان، ئۇلارنىڭ نامى تۆۋەندىكىچە[14] (بىرقىسمىلىرىنىڭ
نەشر قىلىنغان ۋاقتى كۆرسىتىلدى):
1 ـ توم: «تۇمشۇق. رەسىم قىسمى» فرانسىيە ئىنستىتۇ-
تى، 1961 ـ يىل نەشرى.
2 ـ توم: «تۇمشۇق. يېزىق قىسمى» فرانسىيە ئىنستىتۇ-
تى، 1964 ـ يىل نەشرى.
3 ـ توم: «كۇچادىكى خارابىلىك ـ دۇلدۇل ئوقۇر ۋە سۇ-
بېشى» (رەسىم قىسمى)، فرانسىيە ئىنستىتۇتى، 1967 ـ يىل
نەشرى.

4 ـ توم: «كۇچادىكى ئىبادەتخانا قۇرۇلۇشى: دۇلدۇل ئو-
قۇر ۋە سۇبېشى» (يېزىق قىسمى)، فرانسىيە ئىنستىتۇتى،
1982 ـ يىل نەشرى.
5 ـ توم: «كۇچا مىڭئۆيلىرى» (رەسىم قىسمى).
6 ـ توم: «كۇچا مىڭئۆيلىرى» (يېزىق قىسمى).
7 ـ توم: «كۇچا سۇرەتلىرى ۋە نەقىش بېزەكلىرى».
8 ـ توم: «كۇچادا بايقالغان قەدىمكى كۆسەن يېزىقىدىكى
ۋەسىقىلەر (ئاساسلىقى ياغاچ تارشا پۇتۇك) ۋە تامغا يېزىلغان
بېغىشلىمىلار»، فرانسىيە ئىنستىتۇتى، 1987 ـ يىل نەشرى.
9 ـ توم: «كۇچا رەسىمچىلىكى».
10 ـ توم: «دۇنخۇاڭ مىڭئۆي خاتىرىلىرى: بېغىشلىما ۋە
تام رەسىمى» (بۇ ئەسەر ئالتە قىسىمغا ئايرىلىپ ئايرىم ـ ئاي-
رىم نەشر قىلىنغان).
12 ـ توم: «دۇنخۇاڭ تەزكىرىسى ۋە ئابىدىلەر».
13 ـ توم: «گۇيمېت مۇزېيى ۋە دۆلەتلىك كۇتۇپخانىدا
ساقلانغان دۇنخۇاڭ يىپەك توقۇلما بۇيۇملىرى» فرانسىيە
ئىنستىتۇتى، 1970 ـ يىل نەشرى.
14) ـ توم: «گۇيمېت مۇزېيىدا ساقلانغان دۇنخۇاڭ كىمخاپ
تۇغ ـ ئەلەمگە سىزىلغان رەسىملەر» (يېزىق قىسمى)، فرانسى-
يە ئىنستىتۇتى، 1974 ـ يىل نەشرى.
15 ـ توم: «گۇيمېت مۇزېيىدا ساقلانغان دۇنخۇاڭ كىمخاپ
تۇغ ـ ئەلەمگە سىزىلغان رەسىملەر» (رەسىم قىسمى) فرانسى-
يە ئىنستىتۇتى، 1976 ـ يىل نەشرى.
16 ـ توم: «گۇيمېت مۇزېيىدا ساقلانغان دۇنخۇاڭ كىمخاپ
تۇغ ـ ئەلەمگە سىزىلغان رەسىملەر: بېغىشلىما ۋە خەرىتە».
17 ـ توم: «گۇيمېت مۇزېيىدا ساقلانغان دۇنخۇاڭ كىمخاپ
تۇغ ـ ئەلەمگە سىزىلغان رەسىملەر: ھەيكەللەر».
18 ـ توم: «گۇيمېت مۇزېيىدا ساقلانغان دۇنخۇاڭ كىمخاپ
تۇغ ـ ئەلەمگە سىزىلغان رەسىملەرنىڭ ئۇسلۇبى».

19 ـ توم: «دۇنخۇاڭ تاش ئويما رەسىملىرى».
20 ـ توم: «دۇنخۇاڭ ھەيكەلتاراشلىقى».
21 ـ ، 22 ـ، 23 ـ توم: «دۇنخۇاڭ تام رەسىملىرى» (رەسىم قىسمى).
24 ـ، 25 ـ، 26 ـ توم: «دۇنخۇاڭ تام رەسىملىرى» (يېزىق قىسمى).
27 ـ توم: «دۇنخۇاڭ توقۇلما بۇيۇملىرى» (رەسىم قىسمى).
2. پائۇل پېللىئوت ئېلىپ كەتكەن قەدىمكى قول يازمىلار ـ نى رەتلەش.
پېللىئوت ئېلىپ كەتكەن قەدىمكى قول يازمىلار ھازىر فرانسىيە دۆلەتلىك كۇتۇپخانا شەرق قول يازمىلىرى بۆلۈمىدە ساقلانماقتا.
1) خەنزۇ تىلىدىكى قول يازمىلار. قول يازمىلار ئىچىدە خەنزۇ تىلىدىكىسى بىرقەدەر كۆپ بولۇپ، كۆپىنچىسى دۇن ـ خۇاڭدىن ئېلىپ كېتىلگەن. بۇ ھەقتىكى تەتقىقات 1955 ـ يىلى باشلانغان. فرانسىيە ئىنستىتۇتى «فرانسىيە دۆلەتلىك كۇ ـ تۇپخانىدا ساقلىنىۋاتقان پائۇل پېللىئوت دۇنخۇاڭ خەنزۇچە قوليازمىلار كاتالوگى» دېگەن نامدا بەش توملۇق قىلىپ نەشر قىلدى، ئۇنىڭدا جەمئىي 4040 پارچە قوليازما بار.
2) دۇنخۇاڭدىن ئېلىپ كېتىلگەن تىبەتچە قوليازمىلار. بۇلارنى ماركېللىي لالۇ خانىم «فرانسىيە دۆلەتلىك كۇتۇپخانىدا ساقلىنىۋاتقان پائۇل پېللىئوت دۇنخۇاڭ تىبەتچە قوليازمىلار كاتالوگى» دېگەن نامدا ئۈچ توملۇق قىلىپ 1961 يىلى نەشر قىلدۇردى، ئۇنىڭدا جەمئىي 2216 پارچە تىبەتچە ھۆججەت بار.
3) قەدىمكى ئۇيغۇرچە قول يازمىلار. پېللىئوت ئېلىپ كەتكەن قەدىمكى ئۇيغۇرچە قول يازمىلارغا جەمئىي 25 نومۇر سېلىنغان بولۇپ، بۇ ۋەسىقىلەرنى خامىلتون رەتلەپ تەرجىمە قىلىپ ئېلان قىلدۇرغان. 1986 ـ يىلى فرانسىيە پېتىر نەش ـ رىياتى ئىككى توملۇق «9 ـ، 10 ـ ئەسىرلەردىكى دۇنخۇاڭ

قەدىمكى ئۇيغۇرچە ۋەسىقىلەر توپلىمى»نى نەشر قىلدى. بۇ توپلامغا پېللىئوت دۈنخۇاڭدىن ئېلىپ كەتكەن 24 پارچە قەدىمكى ئۇيغۇرچە ۋەسىقە بىلەن سىتەيىن دۈنخۇاڭدىن ئېلىپ كەتكەن 12 پارچە ھۆججەتمۇ كىرگۈزۈلگەن.

4) پېللىئوت دۈنخۇاڭدىن ئېلىپ كەتكەن سوغدىچە ھۆججەت 30 پارچە بولۇپ، ئۇلارنىڭ كۆپىنچىسىنى خامىلتون بىلەن ئەنگلىيىلىك شىمىس ۋىليام ئېلان قىلدى.

5) پېللىئوت دۇلدۇل ئوقۇر ۋە سۇبېشىدىن ئېلىپ كەتكەن سانسكرىتچە ھۆججەتلەرنىڭ بىرقىسمىنى فرانسىيىلىك ئالىم ب. پائۇلى سىستېمىلىق رەتلەپ، «پائۇل پېللىئوت غەربىي يۇرتتىن تاپقان سانسكرىتچە ۋەسىقىلەر» دېگەن نامدا ئېلان قىلدى (بۇ ماقالە «ئاسىيا ئىلمىي ژۇرنىلى»نىڭ 1957 — 1966 ـ يىلغىچە بولغان سانلىرىدا ئۇلاپ ئېلان قىلىندى).

6) پېللىئوت دۇلدۇل ئوقۇردىن ئېلىپ كەتكەن كۇسەن يېزىقىدىكى ۋەسىقىلەرنى فرانسىيىلىك كۇسەن تىلى مۇتەخەسسىسى گېئورگىي پىنائۇلتنىڭ رەتلىشىچە 2000 پارچىدىن ئاشىدىكەن.

ئىزاھلار:

① پېللىئوت 1906 ـ يىلى قەشقەردە تۇرغان چاغلىرىدا مەدداھلاردىن ئۈچ مىرىۋان ھەققىدىكى رىۋايەتنى ئاڭلاپ خاتىرىلىۋالغان. بۇ رىۋايەتنىڭ ئاساسىي مەزمۇنى مۇنداق: «رىۋايەت قىلىنىشىچە، ھارۇن بۇغراخان پالچىلارغا پال سالدۇرسا، قىزىنىڭ دۆ چېقىپ ئۆلىدىغانلىقى مەلۇم بوپتۇ. ھارۇن بۇغراخان [بۇ بەختسىزلىكتىن قۇتۇلۇش ئۈچۈن] چىندىن تاشچى كەلتۈرۈپ، ئۇلارغا تاغ قىياسىنىڭ ئوتتۇرىسىغا بىر تاش ئۆي قېزىشنى ئەمىر قىپتۇ. تاشچىلار ئۈچ مىرىۋاننىڭ ئىچىگە بىر ـ بىرىگە تۇتىشىدىغان 41 ئېغىز ئۆي ساپتۇ. قاغان مەلىكىنى ئۇ يەرگە ئاپىرىپ قويۇپتۇ. مەلىكىنىڭ ئۈزۈم يېگۈسى كەپتۇ. قاغان قول ئاستىدىكىلەرگە ئۈچ مىرىۋاندىن بەشكېرەمدىكى خانچىلاغىچە ئۈزۈن بىر سەپ بولۇپ، قولىدا ئۈزۈم يەتكۈزۈپ بېرىشكە

بۇيرۇپتۇ. مەلىكە كېنىزەكلىرى بىلەن ئۈچ مىرىۋاندا ئارام ئېلىۋاتقاندا
بىر كىشى بىر سېۋەت ئۆزۈمنى ئۇلارغا سۇنۇپتۇ. مەلىكە ئۆزۈمنى ئاپ-
تۇ ۋە كېنىزەكلىرىگە: قىزلار ئۆزۈم يەڭلەر، دەپتۇ. ئۆزى بىر تال ئۆ-
زۈمنى ئاغزىغا سېپتۇ، بىراق ئۆزۈم ئىچىگە يوشۇرۇنۇۋالغان بىر دۆ مە-
لىكىنىڭ تىلىنى چېقىۋاپتۇ، شۇنىڭ بىلەن مەلىكە ۋاپات بوپتۇ. شۇ-
نىڭدىن كېيىن ئۈچ مىرىۋان خەلقنىڭ قارشىلىقىغا ئۇچراپتۇ ھەم
ھەرقانداق بىر كىشى ئۇ يەرگە كېلىشكە پېتىنالماپتۇ. ھارۇن بۇغراخان
دەۋرىدە ئۇ يەرگە چىقىپ چۈشىدىغان شوتا بار بولۇپ، تەيپۇنەم زامانىدا
ئۇستۇن ئاتۇشتىكىلەر شوتىنى ئېلىپ كېتىپ، ئۇ يەرگە ئوت قويىۋېتىپتۇ.
شوتا ئېلىپ كېتىلگەندىن كېيىن، كىشىلەر ئاياغ باسماپتۇ»
(پېللىئوت: «ئۈچ مىرىۋان غارى، تۇگمەن خارابىسىنى تەكشۈرۈش»،
1906 ـ يىل 10 ـ ئاينىڭ 10 ـ كۈنى).

بۇ رىۋايەتنىڭ باشقا بىر ۋارىيانتىنى 1894 ـ يىلى قەشقەردە دىن
تارقىتىش بىلەن شۇغۇللانغان شۋېتسىيىلىك ئېرىك لارس خوگبېرىك
تۇنجى قېتىم خاتىرىلىگەن. شىنجاڭدا بۇنىڭغا ئوخشاش رىۋايەتلەر خې-
لى كۆپ.

② ⑨ گېلىڭ شېلىڭ: «پائۇل پېللىئوتنىڭ غەربىي يۇرت ئېكسپې-
دىتسىيىسى ۋە جۇڭگو يادىكارلىقلىرىنىڭ سىرتقا ئېقىشى» (دۇنخۇاڭدا
چاقىرىلغان نوم ساقلاش ئۆيى بايقالغانلىقىنىڭ 100 يىللىقى توغرىسى-
دىكى خەلقئارالىق يىغىندا ئوقۇلغان ماقالە)، 4 ـ، 13 ـ بەتلەر.

③ ⑧ پېتېر خوپكېرك: «يىپەك يولىدىكى ئەجنەبىي ئالۋاس-
تىلار»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى ئۇيغۇرچە نەشرى، 1993 ـ يىل 11 ـ
ئاي 2 ـ بېسىلىشى، 289 ـ، 292 ـ بەتلەر.

④ بۇ تارشا پۈتۈك ۋە قىسمەن قول يازمىلارنىڭ تەتقىقاتى ئۈچۈن
گېئورگى پىنائۇلت قاتارلىقلار تۈزگەن «پائۇل پېللىئوتنىڭ كۇچا رايو-
نىدىكى ئارخېئولوگىيىلىك تەكشۈرۈش خاتىرىسى»نىڭ 8 ـ تومىغا
قاراڭ. 1987 ـ يىل پارىژ.

⑫⑦⑥⑤ پائۇل پېللىئوت: «پائۇل پېللىئوت غەربىي يۇرت
ئېكسپېدىتسىيە خاتىرىسى»، گېڭ شېڭ خەنزۇچىغا تەرجىمە قىلغان،
يۈننەن خەلق نەشرىياتى 2001 ـ يىل نەشرى، 232 ـ، 243 ـ، 245 ـ
بەتلەر.

⑩ «تۇڭباۋ» ژۇرنىلى 1890 ـ يىلى گوللاندىيە لېيدىن ئۇنىۋېر-

ستېپتىسنىڭ تۇنجى خەنزۇشۇناس ئالىمى گۇستاۋ سىكلېگېل بىلەن فرانسىيىلىك خەنزۇشۇناس ھېنرى كوردىئېر چىقارغان نوپۇزلۇق ژۇر-نال. پائۇل پېللىئوت ۋاپات بولغاندىن كېيىن تۆت يىل چىقىشتىن توختاپ، 1948 ـ يىلى ئاندىن يەنە چىقىشقا باشلىغان. ھازىرغا قەدەر 100 يىلدىن ئارتۇق تارىخنى بېشىدىن كەچۈردى.

⑪⑭ لۇ فۇچېڭ، گو فېڭ: «جۇڭگو ـ چەت ئەللەردىكى مەشھۇر دۇنخۇاڭشۇناسلارنىڭ تەرجىمىھالى» گەنسۇ مائارىپ نەشرىياتى 1989 ـ يىل نەشرى، 27 ـ بەت.

⑬ لوئىس ھامبىس: «فرانسىيە موڭغۇلشۇناسلىقىنىڭ پېشىۋاسى — پائۇل پېللىئوت»، 456 ـ، 457 ـ بەتلەر.

# هازىرقى زامان ئۇيغۇر يېزىقىنىڭ تەرەققىيات جەريانى

ئابدۇرېشىت سابىت

هازىرقى زامان ئۇيغۇر يېزىقى ئۇزاق مۇددەتلىك تارىخىي تەرەققىيات جەريانىدا كۆپ قېتىم تۈزىتىش، تولۇقلاش، ئۆزگەرتىش، مۇستەھكەملەش ئارقىلىق ئۇيغۇر تىلىنىڭ فونېتىكىلىق خۇسۇسىيىتىگە ئۇيغۇنلاشقان، هازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلىنى تولۇق ئىپادىلەپ بېرەلەيدىغان، ھەر جەھەتتىن مۇكەممەل بولغان ئىجتىمائىي ئالاقە قورالىغا ئايلاندى.

ئۇيغۇر خەلقىنىڭ يېزىق قوللانغان تارىخى 2000 يىل ئەتراپىدا بولۇپ، ئۇيغۇرلار جەمئىيەت تەرەققىياتىنىڭ ھەرقايسى تارىخىي دەۋرلىرىدە ھەر خىل ئىجتىمائىي، تارىخىي سەۋەبلەر تۈپەيلىدىن ھەر خىل سىستېمىدىكى يېزىقلارنى قوللانغان، ئۇلارنىڭ ئىچىدە بىرقەدەر ئۇزۇن ھەم ئومۇميۈزلۈك قوللىنىلغانلىرىدىن سوغدى يېزىقى، ئورخۇن ـ يېنسەي يېزىقى، قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىقى، ئەرەب يېزىقى، چاغاتاي يېزىقى، ئەرەب ئېلىپبەسى ئاساسىدىكى ئۇيغۇر يېزىقى، سلاۋيان ئېلىپبەسى ئاساسىدىكى ئۇيغۇر يېزىقى (سوۋېت ئۇيغۇرلىرى ئارىسىدا 1947 ـ يىلدىن ھازىرغىچە قوللىنىلىۋاتىدۇ، شىنجاڭدىكى ئۇيغۇر خەلقى ئارىسىدا 1956 ـ يىلدىن 1958 ـ يىلغىچە سىناق تەرىقىسىدە يولغا قويۇلغان)، لاتىن ئېلىپبەسى ئاساسىدىكى ئۇيغۇر يېزىقى (ئاپتونوم رايونىمىزدا 1960 ـ يىلدىن 1964 ـ يىلغىچە سىناق قىلىنىپ، 1965 ـ يىلى 1 ـ ئايدىن 1982 ـ يىلىنىڭ ئاخىرىغىچە ئومۇميۈزلۈك قوللىنىلغان)، هازىرقى زامان ئۇيغۇر يېزىقىدىن ئىبارەت بىرقانچە خىل يېزىق بار. مەن

بۇ ماقالەمدە پەقەت هازىرقى زامان ئۇيغۇر يېزىقى ۋە ئۇنىڭ شەكىللىنىشى، ئۇيغۇر يېزىقىنىڭ ئىملا قائىدىسى ۋە هازىرقى زامان ئۇيغۇر يېزىقىنىڭ قوللىنىش دائىرىسى قاتارلىق مەسىلىلەر ئۈستىدە قىسقىچە توختىلىپ ئۆتىمەن.

### § 1. هازىرقى زامان ئۇيغۇر يېزىقى ۋە ئۇنىڭ شەكىللىنىشى

1920 ـ يىلى 9 ـ ئايدا غۇلجىدا ئابدۇلماتەئالى كامال دېگەن كىشى تەرىپىدىن تۈزۈلۈپ، هۈسەيىن يۇنۇس مەتبەسىدە بېسىلغان «عملى نماز» (ناماز ئەمەللىرى) دېگەن كىتابچە چاغاتاي يېزىقىدا نەشر قىلىنغان، 1936 ـ يىلى هاشىم گۆهەر باقى دېگەن كىشى تەرىپىدىن تۈزۈلۈپ، غۇلجىدا هۈسەيىن يۇنۇس مەتبەئەسىدە بېسىلغان، ئىلى ۋىلايەتلىك ئۇيغۇر ئاقارتىش ئۇيۇشمىسى تەرىپىدىن تارقىتىلغان «ئېلىپبە» دەرسلىكى هازىرقى زامان ئۇيغۇر يېزىقىدا نەشر قىلىنغان، ئۇنىڭدا ئەرەب تىلىدىن كىرگەن سۆزلەرنى يېزىشتا ئىشلىتىلىدىغان هەرپلەر قوللىنىلمىغان. 1935 ـ يىلدىن باشلاپ «شىنجاڭ گېزىتى» نەشر قىلىنغان بولۇپ، ئۇنىڭدا ئەرەب تىلىدىن قوبۇل قىلىنغان ئەرەبچە سۆز ـ ئاتالغۇلاردىلا يېزىلىدىغان « ث، ح، ذ، ص، ض، ط، ظ، ع » هەرپلىرى قوللىنىلغاندىن باشقا، ئۇيغۇر تىلىغا خاس سۆزلەردە ئۇيغۇر ئېلىپبەسى قوللىنىلغان. 1946 ـ يىلى شىنجاڭ ئۆلكىلىك مائارىپ نازارىتى تەرىپىدىن تۈزۈلۈپ، غۇلجا شەھىرىدە بېسىلغان باشلانغۇچ مەكتەپلەرنىڭ 1 ـ يىللىق سىنىپلىرى ئۈچۈن تۈزۈلگەن ئېلىپبەدە ئۇيغۇرچە سۆزلەر ئۈچۈن «ئا، ب، پ، ت، د، ر، ز، ژ، و (ۋ)، ئو (ئو، ئۇ، ئۆ، ئۈ)، م، ن، ل، س، ش، غ، ق، ئ، (ئې، ئى)، ك، گ، ج، چ، خ، ئە، ه، ي، ڭ»دىن ئىبارەت 27 هەرپ قوللىنىلغان.

مەركىزىي خەلق هۆكۈمىتى مەمۇرىي ئىشلار كېڭىشىنىڭ 1951 ـ يىلى 2 ـ ئاينىڭ 5 ـ كۈنى ماقۇللانغان مىللىي ئىشلار توغرىسىدىكى بىرقانچە قارارىنىڭ 5 ـ ماددىسىدا

مۇنداق بەلگىلەنگەنىدى: «مەمۇرىي ئىشلار كېڭىشىنىڭ مەدەنىيەت ـ مائارىپ كومىتېتىدا مىللەتلەر تىل ـ يېزىق تەتقىقاتىغا يېتەكچىلىك قىلىش كومىتېتى تەسىس قىلىنىدۇ. بۇ كومىتېت ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ تىل ـ يېزىق تەتقىقات خىزمىتىگە يېتەكچىلىك قىلىدۇ ۋە ئۇنى تەشكىللەيدۇ. يېزىقى يوق مىللەتلەرنىڭ يېزىق يارىتىشىغا ياردەم بېرىدۇ. يېزىقى مۇكەممەل بولمىغان مىللەتلەرنىڭ ئۆز يېزىقىنى پەيدىنپەي تولۇقلىشىغا ياردەم بېرىدۇ».

مەركىزىي خەلق ھۆكۈمىتى مەمۇرىي ئىشلار كېڭىشىنىڭ بۇ قارارىغا ئاساسەن، 1951 ـ يىلى 12 ـ ئاينىڭ ئاخىرىدا ئۆلكىلىك خەلق ھۆكۈمىتى مەدەنىي ـ مائارىپ ھەيئىتى يېنىدا شىنجاڭ ئۆلكىلىك ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ تىل ـ يېزىقىنى مۇزاكىرە قىلىپ، ئىسلاھ قىلىش ھەيئىتى تەشكىل قىلىندى. 1952 ـ يىلى ئۆلكىلىك خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ 10 ـ قېتىملىق ھەيئەتلەر مەجلىسىدە «شىنجاڭ مىللەتلەر تىل ـ يېزىقىنى مۇزاكىرە قىلىپ، يېتەكچىلىك قىلىش ھەيئىتى»نى قۇرۇپ چىقىش قارار قىلىنىپ، ئۆلكىلىك ھۆكۈمەتنىڭ ھەيئەت ئەزالىرى، باش كاتىپ، مۇئاۋىن باش كاتىپلارغا ئۇقتۇرۇلدى. ئۇقتۇرۇشنىڭ مەزمۇنى تۆۋەندىكىچە:

«شىنجاڭ ئۆلكىلىك خەلق ھۆكۈمىتى ھەربىر ھەيئەت ئەزالىرى، باش كاتىپ ۋە مۇئاۋىن باش كاتىپلارغا ئۇقتۇرۇش:

ئۆلكىمىزدىكى مىللەتلەرنىڭ تىل ـ يېزىقىنى تەرتىپكە سېلىش ۋە ئۇنى تەتقىق قىلىش ئۇچۇن، ئۆلكىلىك خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ 10 ـ قېتىملىق ھەيئەتلەر مەجلىسىدە شىنجاڭ مىللەتلەر تىل ـ يېزىقىنى مۇزاكىرە قىلىپ، يېتەكچىلىك قىلىش ھەيئىتى تەشكىل قىلىپ قۇرۇپ چىقىش قارار قىلىندى. ھەيئەتنىڭ مۇدىرلىقىغا دېڭ لىچۇن، مۇئاۋىن مۇدىرلىقىغا ئابدۇللا زاكىروف، قۇرمانئەلىلەر بەلگىلەندى. ھەيئەت ئەزالىقىغا ئەنۋەر خانبابا، سادىروف، داشجاپ، ماشياۋيۈك، ئابدۇقادىر، يۇ-

جەنلىڭ، كەي يىڭ، فۇۋېن، زىيا سەمەت، ئەنۋەر لوقمان، جاۋ دېلىن، تۇرەخمەتوف قاتارلىقلار بەلگىلەندى. تۇرەخمەتوف ھەي-ئەتنىڭ باش كاتىپلىقىنى، ليۇسخەن مۇئاۋىن باش كاتىپلىقىنى قوشۇمچە ئېلىپ باردۇ. ۋاقىپ بولۇشىڭىزلارنى سورايمىز. 1952 ـ يىل».

يېڭىدىن تەيىنلەنگەن ھەيئەت ئەزالىرى يىغىن ئېچىپ، يېڭى قۇرۇلغان ھەيئەتنىڭ خىزمەتلىرىنى مۇزاكىرە قىلدى. مۇشۇ يىغىندا ئالمۇتىدا ئىشلەپچىقىرىلغان «ئۇيغۇر ئەدەبىي تىلىنىڭ ئېلىپبەسى ئاساسىدىكى قىسقىچە ئىملا قائىدىلىرى»نى سىناق تەرىقىسىدە ئىشلىتىش قارار قىلىندى.

ئۆلكىلىك خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ قارىمىقىدا شىنجاڭ مىللەتلەر تىل ـ يېزىقىنى مۇزاكىرە قىلىپ، يېتەكچىلىك قىلىش ھەيئىتى قۇرۇلغاندىن كېيىن، بۇ ھەيئەت خىزمىتىنى ئۇيغۇر يېزىقىنى ئىسلاھ قىلىش، ئۇيغۇر ئەدەبىي تىلىنى قېلىپلاشتۇرۇشتىن باشلاپ، ئۈرۈمچىدىكى مەتبۇئات ـ نەشرىيات خادىملىرى، تىل ـ يېزىق خادىملىرى، ئالىي، ئوتتۇرا، باشلانغۇچ مەكتەپ ئوقۇتقۇچىلىرىنىڭ كۆپ قېتىم تەتقىق قىلىشى ۋە مۇھاكىمە قىلىشى ئارقىلىق ھازىرقى زامان ئۇيغۇر ئەدەبىي تىلىنىڭ ئېلىپبەسى ۋە ئۇيغۇر ئەدەبىي تىلىنىڭ قىسقىچە ئىملا قائىدىلىرىنىڭ لايىھىسىنى تۈزۈپ چىقىپ، 1953 ـ يىلى 10 ـ ئايدا ئۈرۈمچىدە ئۆتكۈزۈلگەن ئەدەبىيات ـ سەنئەتچىلەر قۇرۇلتىيىغا قاتناشقان ۋەكىللەر بىلەن مۇناسىۋەتلىك ئورۇنلارنىڭ مەسئۇللىرى قاتناشقان مەخسۇس تىل ـ ئىملا مەجلىسىنىڭ مۇزاكىرىسىدىن ئۆتكۈزدى. 1954 ـ يىل 3 ـ ئاينىڭ 17 ـ، 18 ـ كۈنلىرى شىنجاڭ مىللەتلەر تىل ـ يېزىقىنى مۇزاكىرە قىلىپ يېتەكچىلىك قىلىش ھەيئىتى مۇناسىۋەتلىك ئورۇنلاردىن ۋەكىل قاتناشتۇرۇپ چاقىرغان تىل ـ يېزىق خىزمىتى يىغىنى ئۇيغۇر ئەدەبىي تىلىنىڭ ئېلىپبەسى بىلەن ئۇيغۇر ئەدەبىي تىلىنىڭ ئىملا قائىدىلىرى لايىھىسىنى ئاخىر-

قى قېتىم مۇزاكىرە قىلىپ ماقۇللىدى. بۇ لايىھە سابىق شىنـ-
جاڭ ئۆلكىلىك خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ مەمۇرىي يىغىنىدا ماقۇل-
لىنىپ، 1954 ـ يىل 5 ـ ئاينىڭ 1 ـ كۈنىدىن باشلاپ پۈتۈن
شىنجاڭ بويىچە ئومۇميۈزلۈك قوللىنىش قارار قىلىندى.

ئۇيغۇر ئەدەبىي تىلىنىڭ بۇ ئېلىپبە جەدۋىلىدە ئۇيغۇر تى-
لىدا مۇستەقىل فونېما سۈپىتىدە قوللىنىلمايدىغان، پەقەت ئە-
رەب تىلىدىن ئۇيغۇر تىلىغا قوبۇل قىلىنغان سۆزلەرنى يېزىش-
تىلا ئىشلىتىلىدىغان « ث، ح، ذ، ص، ض، ط، ظ، ع »دىن ئىبارەت
سەككىز ھەرپ ئۇيغۇر ئېلىپبەسىدىن چىقىرىپ تاشلاندى،
شۇنداقلا ئۇيغۇر تىلىدا ناھايىتى كەڭ قوللىنىلىدىغان، ئۇيغۇر
يېزىقىدا كەم بولسا بولمايدىغان سوزۇق تاۋۇشلارنى ئىپادىلەي-
دىغان سەككىز فونېما ئۈچۈن ئالتە ھەرپ ـ «ئا ئە ئې ئى ئو
( o ، ө ) ئۇ (u، ü)» قوشۇلدى ھەم ئاتالغۇلارنى توغرا
ئىشلىتىش ھەققىدە بەزى پرىنسىپلار بېكىتىلدى. بۇ ئېلىپبە
بىلەن ئىملا قائىدىسى سابىق شىنجاڭ ئۆلكىلىك خەلق ھۆكۈ-
مىتىنىڭ قارارى بىلەن ئېلان قىلىندى. بۇ ئېلىپبە ھۆكۈمەت-
نىڭ قارارىغا ئاساسەن 1954 ـ يىل 5 ـ ئاينىڭ 1 ـ كۈنىدىن
باشلاپ پۈتۈن شىنجاڭ بويىچە بارلىق ئاخبارات، مەتبۇئات،
نەشرىيات ئورۇنلىرىدا، ھەر دەرىجىلىك پارتىيە ـ ھۆكۈمەت
ئورگانلىرىنىڭ خەت ـ ئالاقە، ھۆججەتلىرىدە، مەدەنىيەت، مائا-
رىپ ساھەلىرىدە ئومۇميۈزلۈك قوللىنىلدى.

1954 ـ يىلى شىنجاڭ ئۆلكىلىك خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ 4 ـ
ئاينىڭ 23 ـ كۈنىدىكى 21 ـ سانلىق ھەيئەتلەر مەجلىسى بى-
لەن 125 ـ سانلىق مەمۇرىي مەجلىسىدە قوبۇل قىلىنغان ھەم
خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ قارارى ئارقىلىق ئېلان قىلىنغان ئۇيغۇر
ئېلىپبەسى تۆۋەندىكىچە:

شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونى قۇرۇلغاندىن بۇيان، ئاپتو-
نوم رايونىمىزدىكى ئۇيغۇر ۋە باشقا مىللەتلەرنىڭ تىل ـ يې-
زىقلىرىنى قېلىپلاشتۇرۇش، ئۆلچەملەشتۈرۈش مەسىلىسى مۇ-

| № | ئايرىم ماللىكى شەكلى | باشتىن قوشۇلۇدىغان شەكلى | ئوتتۇرىدىن قوشۇلۇدىغان شەكلى | ئاخىرىدىن قوشۇلۇدىغان شەكلى | رۇس گرافىكىسى ئاساسىدىكى ھەرپلەر |
|---|---|---|---|---|---|
| 1 | ئا، ا | – | – | ـا | А а |
| 2 | ب | بـ | ـبـ | ـب | Б б |
| 3 | پ | پـ | ـپـ | ـپ | П п |
| 4 | ت | تـ | ـتـ | ـت | Т т |
| 5 | د | – | – | ـد | Д д |
| 6 | ئە، ە | – | – | ـە | Ә ә |
| 7 | ج | جـ | ـجـ | ـج | Җ җ |
| 8 | چ | چـ | ـچـ | ـچ | Ч ч |
| 9 | خ | خـ | ـخـ | ـخ | Х х |
| 10 | ھ | ھـ | ـھـ | ـھ | Һ һ |
| 11 | ئو، و | – | – | ـو | О о–өө |
| 12 | س | سـ | ـسـ | ـس | С с |
| 13 | ش | شـ | ـشـ | ـش | Ш ш |
| 14 | ر | – | – | ـر | Р р |
| 15 | ز | – | – | ـز | З з |
| 16 | ژ | – | – | ـژ | Ж ж |
| 17 | ۋ | – | – | ـۋ | В в |
| 18 | ئۇ، ۇ | – | – | ـۇ | Уу–Үү |
| 19 | ف | فـ | ـفـ | ـف | Ф ф |
| 20 | ق | قـ | ـقـ | ـق | Қ қ |
| 21 | ك | كـ | ـكـ | ـك | К к |
| 22 | ڭ | ڭـ | ـڭـ | ـڭ | Ң ң |
| 23 | ئې، ې | ئېـ، ېـ | ـېـ | ـې | Е е |
| 24 | ئى، ى | ئىـ، ىـ | ـىـ | ـى | И и |
| 25 | ي | يـ | ـيـ | ـي | Й й |
| 26 | غ | غـ | ـغـ | ـغ | Ғ ғ |
| 27 | گ | گـ | ـگـ | ـگ | Г г |
| 28 | ل | لـ | ـلـ | ـل | Л л |
| 29 | م | مـ | ـمـ | ـم | М м |
| 30 | ن | نـ | ـنـ | ـن | Н н |

ھەم كۆنتەرتىپكە قويۇلدى، بۇ جىددىي ۋەزىپىگە مۇۋاپىقلىشىش ئۈچۈن، پارتىيە ۋە خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ قارار قىلىشى بىلەن 1956 - يىلى شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق تىل - يېزىق تەتقىقات كومىتېتى قۇرۇلۇپ، ھۆكۈمەتنىڭ رەسمىي خىزمەت ئورگىنىغا ئايلاندى. بۇ ئورگان قۇرۇلغاندىن كېيىن، مىللەتلەر تىل - يېزىق خىزمىتى ساھەسىدە نۇرغۇن ئەمەلىي خىزمەتلەرنى ئىشلىدى. ئاپتونوم رايوننىڭ ئەينى ۋاقىتتىكى رەھبىرىي كادىرلىرى ۋە ئىلىم - پەن ساھەسىدىكى زاتلار ئەرەب ئېلىپبەسى ئاساسىدىكى ئۇيغۇر كونا يېزىقىنىڭ ئۆزۈندىن بۇيان ساقلىنىپ كەلگەن يېتەرسىزلىكلىرىنى تۈزىتىش ئۈچۈن، ئۇيغۇر، قازاق، قىرغىز، موڭغۇل، شىبە مىللەتلىرىنىڭ يېزىقىنى سلاۋيان ئېلىپبەسى ئاسا-

سىدىكى يېزىققا ئۆزگەرتىش ھەققىدە تەكلىپ، لايىھە، تەشەببۇسلارنى ئوتتۇرىغا قويۇشتى. بۇ تەكلىپ، لايىھىلەرنى ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتى مەخسۇس يىغىن ئېچىپ مۇزاكىرە قىلىشنى قارار قىلدى. بۇ قارارغا ئاساسەن 1956 ــ يىل 8 ــ ئاينىڭ 13 ــ كۈنىدىن 22 ــ كۈنىگىچە ئۈرۈمچىدە ئاپتونوم رايونلۇق 1 ــ قېتىملىق مىللەتلەر تىل ــ يېزىق ئىلمىي مۇھاكىمە يىغىنى چاقىرىلدى. يىغىنغا تەكلىپ بويىچە مەملىكەتلىك مىللەتلەر ئىشلىرى كومىتېتى، جۇڭگو پەنلەر ئاكادېمىيەسى تىل تەتقىقات ئورنى، مەركىزىي مىللەتلەر ئىنستىتۇتى قاتارلىق ئورۇنلاردىن بىرقىسىم ئالىملار، مۇتەخەسسىسلەر قاتناشتى، شۇنداقلا قازاقىستاننىڭ تىل ۋە مەدەنىيەت ۋەكىللەر ئۆمىكى تەكلىپ بويىچە كېلىپ قاتناشتى. يىغىنغا ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ پارتىيە ــ ھۆكۈمەت ئورۇنلىرى، مۇناسىۋەتلىك ئىدارە ــ جەمئىيەت، ئاممىۋى تەشكىلات، ئاخبارات، مەتبۇئات، نەشرىيات ئورۇنلىرى، ھەرقايسى ئاپتونوم ئوبلاست، ۋىلايەت، شەھەر، ئاپتونوم ناھىيە ۋەكىللىرى ۋە ھەر مىللەت زىيالىيلىرى، بىرلىكسەپ خادىملىرىدىن بولۇپ 300 گە يېقىن رەسمىي ۋەكىل ھەم ئالاھىدە تەكلىپ قىلىنغان ۋەكىل قاتناشتى.

يىغىندا جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق كومىتېتىنىڭ شۇجىسى ۋاڭ ئېنماۋ تەبرىك سۆزى سۆزلىدى، مەركىزىي مىللەتلەر ئىشلىرى كومىتېتى مەدەنىي ــ مائارىپ باشقارمىسىنىڭ باشلىقى، جۇڭگو پەنلەر ئاكادېمىيىسى ئاز سانلىق مىللەتلەر تىللىرىنى تەتقىق قىلىش ئورنىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى يىڭ يۇرېن «مىللەتلەر تىل ــ يېزىق خىزمىتىنىڭ ھازىرقى ئەھۋالى ۋە بۇ ھەقتە بىرنەچچە پىكىر»، جۇڭگو پەنلەر ئاكادېمىيىسى ئاز سانلىق مىللەتلەر تىللىرىنى تەتقىق قىلىش ئورنىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى پروفېسسور فۇماۋجى «يېزىق لايىھىسى ۋە ئۇيغۇر يېزىقىنىڭ ئىملاسىنى تۈزىتىش توغرىسىدا بىرنەچچە پىكىر»، جۇڭگو پەن-

لەر ئاكادېمىيىسىنىڭ تىل ئىشلىرى بويىچە مەسلىھەتچىسى، سوۋېت مۇتەخەسسىسى پروفېسسور گ. سېردىيۇچىنكو «شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىدىكى مىللەتلەرنىڭ تىل ۋە يېزىقلىرى ھەققىدە»، شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق مىللەتلەر تىل - يېزىق تەتقىقات كومىتېتىنىڭ مۇئاۋىن مۇدىرى ئەلقەم ئەختەم «شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق تىل - يېزىق تەتقىقات كومىتېتىنىڭ خىزمەت دوكلاتى» قاتارلىق تېمىلاردا دوكلات بەردى. يىغىنىنىڭ يېپىلىش مۇراسىمىدا ئاپتونوم رايوننىڭ رەئىسى سەيپىدىن ئەزىزى تىل - يېزىق مەسىلىلىرى توغرىسىدا سۆز قىلدى.

يىغىن جەريانىدا شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىمىزدىكى ئۇيغۇر، قازاق، قىرغىز، موڭغۇل، شىبە مىللەتلىرىنىڭ كونا يېزىقلىرىنى ئۆزگەرتىپ، سلاۋيان ئېلىپبەسى ئاساسىدىكى يېڭى يېزىققا كۆچۈش مەسىلىسى، مىللەتلەر تىللىرىنى قېلىپلاشتۇرۇش مەسىلىسى، ئۇيغۇر ئەدەبىي تىلى ۋە ئۇنىڭ ئاتالغۇلىرىنى ئىشلەش مەسىلىسى، شۇنداقلا تىل ساھەسىدە ئىشلەنگەن خىزمەتلەر، قولغا كەلتۈرۈلگەن نەتىجىلەر، ئىشلەشكە تېگىشلىك ۋەزىپىلەر مۇزاكىرە قىلىندى.

يىغىن ئاخىرىدا شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىدىكى مىللەتلەرنىڭ تىل - يېزىق ئىلمىي يىغىنىنىڭ قارارى ئوتتۇرىغا قويۇلدى ۋە ماقۇللاندى. شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق خەلق كومىتېتى ئۇيغۇر، قازاق، قىرغىز، موڭغۇل، شىبە مىللەتلىرىنىڭ يېزىقىنى ئۆزگەرتىش ۋە يېزىقى يوق مىللەتلەرنىڭ يېزىق يارىتىشىغا ياردەم بېرىش توغرىسىدا تۆت ماددىلىق قارار (1956 - يىل 12 - ئاينىڭ 31 - كۈنى كومىتېت ئەزالىرىنىڭ 13 - سانلىق مەجلىسىدە ماقۇللانغان)نى ئېلان قىلدى.

سلاۋيان ئېلىپبەسى ئاساسىدىكى بۇ بەش مىللەت يېزىق لايىھىلىرى ھەرقايسى مىللەت، ھەرقايسى ساھەلەر بويىچە سىناق قىلىنىپ، سىناق نەتىجىلىرىنى مۇستەھكەملەش ئاساسىدا

يەتتە يىلدىن ئون يىلغىچە قەدەممۇ قەدەم ئومۇملاشتۇرۇش قارار قىلىندى. 1956 ـ يىلى قوبۇل قىلىنغان سلاۋيان ئېلىپبەسى ئاساسىدىكى ئۇيغۇر يېزىقىنىڭ لايىھەسى تۆۋەندىكىچە:

| № | باسما شەكلى | يازما شەكلى | ئېيتىلىشى | ھازىرقى يېزىقتا | № | باسما شەكلى | يازما شەكلى | ئېيتىلىشى | ھازىرقى يېزىقتا |
|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|
| 1 | Аа | Аа | а | ئا | 18 | Нн | Нн | не | ن |
| 2 | Әә | Әә | ә | ئە | 19 | Ңң | Ңң | ңе | ڭ |
| 3 | Бб | Бб | бе | ب | 20 | Оо | Оо | о | ئو |
| 4 | Вв | Вв | ве | ۋ | 21 | Өө | Өө | ө | ئۆ |
| 5 | Гг | Гг | ге | گ | 22 | Пп | Пп | пе | پ |
| 6 | Ғғ | Ғғ | ғе | غ | 23 | Рр | Рр | ре | ر |
| 7 | Дд | Дд | де | د | 24 | Сс | Сс | се | س |
| 8 | Ее | Ее | е | ئې | 25 | Тт | Тт | те | ت |
| 9 | Жж | Жж | же | ژ | 26 | Уу | Уу | у | ئۇ |
| 10 | Җҗ | Җҗ | җе | ج | 27 | Үү | Үү | ү | ئۈ |
| 11 | Зз | Зз | зе | ز | 28 | Фф | Фф | фе | ف |
| 12 | Ии | Ии | и | ئى | 29 | Хх | Хх | хе | خ |
| 13 | Йй | Йй | й | ي | 30 | Ҳҳ | Ҳҳ | ҳе | ھ |
| 14 | Кк | Кк | ке | ك | 31 | Чч | Чч | че | چ |
| 15 | Ққ | Ққ | ққе | ق | 32 | Шш | Шш | ше | ش |
| 16 | Лл | Лл | ле | ل | 33 | ъ | ъ | ئايرىش بەلگىسى | ئ |
| 17 | Мм | Мм | ме | م | | | | | |

ئەسكەرتىش: ماقالىنىڭ تەلىپىگە ئاساسەن ئۇيغۇر يېزىقىنىڭ لايىھىسىلا بېرىلىپ، قالغان تۆت مىللەت يېزىقىنىڭ لايىھىسى بېرىلمىدى.

يىغىنىنىڭ قارارىغا ئاساسەن يۇقىرىدىكى بەش مىللەتنىڭ يېزىق لايىھىلىرى مەلۇم دائىرىدە سىناق قىلىنىۋاتقان مەزگىلدە 1957 ـ يىلى گوۋۇيۈەن لاتىن ئېلىپبەسى ئاساسىدىكى خەنزۇتىلىنىڭ فونېتىكىلىق ئېلىپبە لايىھىسىنى ئېلان قىلدى. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، جۇئېنلەي زۇڭلىنىڭ «نۆۋەتتىكى يېزىق ئىسلاھاتىنىڭ ۋەزىپىلىرى» دېگەن نۇتقى ئېلان قىلىندى. 1958 ـ يىلى 5 ـ ئايدا بېيجىڭدا مەملىكەتلىك مىللەتلەر تىل ـ يېزىق خىزمىتى يىغىنى چاقىرىلدى. يىغىندا «مەملىكىتىمىزدىكى ئاز سانلىق مىللەتلەر يېزىق ياراتماقچى بولسا ياكى يېزىقلىرىنى ئۆزگەرتمەكچى بولسا، پرىنسىپ جەھەتتىن لاتىن يېزىقى ئاساسىدىكى خەنزۇ تىلىنىڭ فونېتىكىلىق ئېلىپبە لايىھىسىنى ئاساس قىلىشى كېرەك» دېگەن پرىنسىپ

بەلگىلەندى. بۇنىڭ بىلەن سلاۋىيان يېزىقى ئاساسىدىكى يېزىق لايىھىلىرىنى سىناق قىلىش خىزمىتى ئۆزلۈكىدىن توختىدى.

1959 ـ يىلى 12 ـ ئايدا ئۈرۈمچىدە ئاپتونوم رايونلۇق 2 ـ قېتىملىق تىل ـ يېزىق ئىلمىي مۇھاكىمە يىغىنى چاقىرىلدى. يىغىندا خەنزۇ تىلىنىڭ فونېتىكىلىق ئېلىپبە لايىھىسى ئاساسىدىكى ئۇيغۇر يېڭى يېزىقىنىڭ لايىھىسى بىلەن قازاق يېڭى يېزىقىنىڭ لايىھىسى ھەم ئاتالغۇلارنى قوبۇل قىلىشنىڭ پرىنسىپلىرى مۇزاكىرە قىلىندى. بۇ ئىككى مىللەتنىڭ يېزىق لايىھىسىنى ئۈچ يىلدىن بەش يىلغىچە سىناق تەرتىقسىدە يۈرگۈزۈش ماقۇللاندى. تۆت يىل سىناق قىلىنغاندىن كېيىن 1964 ـ يىلى 4 ـ ئايدا ئۆتكۈزۈلگەن ئاپتونوم رايونلۇق 3 ـ نۆۋەتلىك خەلق قۇرۇلتىيىنىڭ 1 ـ سانلىق يىغىنى ئۇيغۇر، قازاق يېڭى يېزىقلىرىنىڭ لايىھىلىرىنى ماقۇللاپ، گوۋۇيۈەننىڭ تەستىقلاپ بېرىشىگە يوللىدى. بۇ لايىھىنى گوۋۇيۈەن 1964 ـ يىل 10 ـ ئاينىڭ 23 ـ كۈنى تەستىقلىدى. ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتى 1965 ـ يىل 1 ـ ئاينىڭ 1 ـ كۈنىدىن باشلاپ ئومۇميۈزلۈك قوللىنىش ھەققىدە بۇيرۇق ئېلان قىلدى. گوۋۇيۈەننىڭ تەستىقى ۋە ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ بۇيرۇقى بويىچە ئۇيغۇر يېڭى يېزىقى 1965 ـ يىلدىن 1982 ـ يىلنىڭ ئاخىرىغىچە 17 يىل ھەممە ساھەلەر بويىچە ئومۇميۈزلۈك يۈرگۈزۈلدى. بۇ مەزگىللەردە يۈرگۈزۈلگەن ئۇيغۇر يېڭى يېزىقىنىڭ ئېلىپبەسى تۆۋەندىكىچە:

يۇقىرىدىكى ئۇيغۇر يېڭى يېزىقىنىڭ لايىھىسى سىناق قىلىنغان ۋاقىتتىن ھېسابلىغاندا 20 يىلدىن ئارتۇق قوللىنىلغان بولسىمۇ، ئەينى ۋاقىتتىكى ۋەزىيەتنى تەھلىل قىلىش، يېزىق ئۆزگەرتىشنىڭ شەرت ـ شارائىتلىرىنى مۆلچەرلەشنىڭ يېتەرلىك بولماسلىقى، «سول»چىل خاتا لۇشيەننىڭ تەسىرى، يېزىق لايىھىلەشنىڭ ئۆزىدە بەزى مەسىلىلەرنىڭ ساقلانغانلىقى، شۇنىڭدەك ئەنئەنىۋى ئادەت كۈچىنىڭ تەسىرى سەۋەبلىك ئۇيغۇر

يېڭى يېزىقنى ئومۇملاش-
تۇرۇش ئۈچۈن، ماددىي
ۋە مەنىۋى جەھەتتىن نا-
ھايىتى زور كۈچ چىقى-
رىلغان بولسىمۇ، خەلق
ئۇنى قوبۇل قىلمىدى،
جەمئىيەتتە ئومۇملاشمى-
دى. ھەر ساھەدىكى خەلق
ئاممىسىنىڭ بۇ يېزىققا
نىسبەتەن پىكىر - تەلەپ-
لىرى كۈندىن - كۈنگە
كۆپىيىپ، ھەرقايسى سا-
ھەنىڭ خىزمەتلىرىگە مە-
لۇم دەرىجىدە تەسىر يەت-
تى. نەتىجىدە ئاپتونوم

1. Hərplər

§1. Uyqur yengi yeziqining elipbəsi tə-wəndikiqə:

| | | | | | | | |
|---|---|---|---|---|---|---|---|
| basma xəkli | Aa | Bb | Cc | Dd | Ee | Ff | Gg |
| yazma xəkli | Aa | Bb | Cc | Dd | Ee | Ff | Gg |
| nami | a | be | ce | de | e | ef | ge |
| basma xəkli | Hh | Ii | Jj | Kk | Ll | Mm | Nn |
| yazma xəkli | Hh | Ii | Jj | Kk | Ll | Mm | Nn |
| nami | ha | i | je | ke | el | em | ne |
| basma xəkli | Oo | Pp | Qq | Rr | Ss | Tt | |
| yazma xəkli | Oo | Pp | Qq | Rr | Ss | Tt | |
| nami | o | pe | qiu | ar | es | te | |
| basma xəkli | Uu | Vv | Ww | Xx | Yy | Zz | |
| yazma xəkli | Uu | Vv | Ww | Xx | Yy | Zz | |
| nami | u | ve | wa | xi | ya | ze | |
| basma xəkli | Ƣƣ | Ⱨⱨ | Ⱪⱪ | Əə | Ɵɵ | Üü | Ƶƶ |
| yazma xəkli | Ƣƣ | Ⱨⱨ | Ⱪⱪ | Əə | Ɵɵ | Üü | Ƶƶ |
| nami | ƣa | ⱨe | ⱪa | ə | ɵ | ü | ƶe |

رايونلۇق خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتى، ئاپتونوم رايون-
لۇق خەلق ھۆكۈمىتى كەڭ كۆلەمدە تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلىش،
خەلق ئاممىسىدىن پىكىر ئېلىش ئاساسىدا، ئاپتونوم رايونلۇق
5 - نۆۋەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ 1982 -
يىل 9 - ئاينىڭ 13 - كۈندىكى 17 - سانلىق يىغىنىنىڭ
قارارى، ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ 1982 - يىل
11 - ئاينىڭ 11 - كۈندىكى «ئۇيغۇر، قازاق كونا يېزىقلىرىنى
ئومۇميۈزلۈك يولغا قويۇش توغرىسىدىكى دوكلات›نى تارقاتقاز-
لىق ھەققىدىكى ئۇقتۇرۇشى» (ش ھ (1982) 283 - نومۇر-
لۇق)غا ئاساسەن، ئۇيغۇر يېڭى يېزىقنى قوللىنىش توختىتى-
لىپ، ئەرەب ئېلىپبەسى ئاساسىدىكى ئۇيغۇر كونا يېزىقى ئەس-
لىگە كەلتۈرۈلدى.

20 يىلغا يېقىن قوللىنىشتىن توختاپ قالغان ئەرەب ئې-
لىپبەسى ئاساسىدىكى ئۇيغۇر يېزىقى ئەسلىگە كېلىپ، ئو-

قوش، ئوقۇتۇش، مەتبۇئات، نەشرىيات ۋە خەت ـ ئالاقە، ھۆججەتلەردە قايتىدىن ئومۇمىيۈزلۈك قوللىنىلىشقا باشلىغاندىن كېيىن، ئىملادا بۇ يېزىقنىڭ بۇرۇن ھەل قىلىنمىغان ئېلىپبە جەدۋىلىگە ۋە ئىملا قائىدىسىگە مۇناسىۋەتلىك بەزى يېتەرسىزلىكلىرى گەۋدىلىك كۆرۈلۈشكە باشلىدى. بۇ مەسىلىلەرنى ھەل قىلىش يۈزىسىدىن، ئاپتونوم رايونلۇق مىللەتلەر تىل ـ يېزىق خىزمىتى كومىتېتى 1983 ـ يىلى 4 ـ ئايدا ھازىرقى زامان ئۇيغۇر ئەدەبىي تىلىنىڭ فونېما سىستېمىسى ۋە يېزىق ئەنئەنىسىگە ئاساسەن، كەڭ كۆلەمدە مۇھاكىمە قىلىش، پىكىر ئېلىش ئارقىلىق ھازىرقى زامان ئۇيغۇر ئەدەبىي تىلىنىڭ ئېلىپبەسىنى تۈزۈپ چىقتى. ئۇنىڭدا ئەرەب ئېلىپبەسى ئاساسىدىكى ئۇيغۇر يېزىقى شەكىللەنگەندىن تارتىپ ئۇيغۇر ئېلىپبەسىدە بولمىغان، ھازىرقى زامان ئۇيغۇر ئەدەبىي تىلىنى ئىپادىلەشتە كەم بولۇۋاتقان «ئۆ، ئۈ» ھەرپلىرى تولۇقلاندى، ئېلىپبە تەرتىپى يېڭىدىن بېكىتىلدى، ھەرپلەرنىڭ شەكلى، نامى مۇقىملاشتۇرۇلدى. ھازىرقى زامان ئۇيغۇر يېزىقىنىڭ بۇ ئېلىپبەسى ئاتونوم رايون بويىچە ئۆتكۈزۈلگەن تىل ـ يېزىق ئىلمىي مۇھاكىمە يىغىنىدا ماقۇللىنىپ، ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ 1983 ـ يىل 9 ـ ئاينىڭ 23 ـ كۈنىدىكى تەستىق ۋە 1984 ـ يىل 1 ـ ئاينىڭ 1 ـ كۈنىدىن باشلاپ ئومۇمىيۈزلۈك قوللىنىش ھەققىدىكى ئومۇمىي ئۇقتۇرۇشى بىلەن رەسمىي ئېلان قىلىندى. ئومۇمىي ئۇقتۇرۇش تۆۋەندىكىچە:

شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ ئۇيغۇر، قازاق، قىرغىز يېزىقلىرىنىڭ ئېلىپبەسىنى ئېلان قىلىش توغرىسىدىكى ئومۇمىي ئۇقتۇرۇشى

(ئايرىم ھۆججەت تارقىتىلمايدۇ)

«شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق 5 ـ نۆۋەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ ئۇيغۇر، قازاق كونا يېزىقلىرىنى ئومۇمىيۈزلۈك قوللىنىش توغرىسىدىكى قارارى» (شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كو-

مىتىپتىنىڭ (1983) 44 ـ نومۇرلۇق ھۆججىتى، 1982 ـ يىل 9 ـ ئاينىڭ 13 ـ كۈنى ماقۇللانغان)غا ئاساسەن، ئاپتونوم رايونلۇق مىللەتلەر تىل ـ يېزىق خىزمىتى كومىتېتى ئالاقىدار تەرەپلەردىكى مۇتەخەسسىسلەر، ئىلمىي خادىملار ۋە مىللەتلەر تىل ـ يېزىق خىزمىتى بىلەن شۇغۇللانغۇچىلارنى تەشكىللەپ، ئۇيغۇر، قازاق، قىرغىز يېزىقلىرىنىڭ ئېلىپبەسىنى يېڭىباشتىن مۇزاكىرە قىلىپ بېكىتتى. ھازىر ئۇنى ئېلان قىلىمىز.

بارلىق ئىدارە، مەكتەپ، كارخانا، كەسپىي ئورۇنلار ۋە ئاخبارات، نەشرىيات، مەتبۇئات تارماقلىرى ئۇيغۇر، قازاق، قىرغىز كونا يېزىقلىرىدا نەشر قىلىنىدىغان خەت ـ ئالاقە، گېزىت ـ ژۇرنال، كىتابلاردا 1984 ـ يىل 1 ـ ئاينىڭ 1 ـ كۈنىدىن باشلاپ بىردەك مۇشۇ ئېلىپبەنى ئۆلچەم قىلىدۇ.

ئۇيغۇر، قازاق، قىرغىز تىللىرىنىڭ ئىملا قائىدىلىرىنى ئايرىم تەييارلاپ ئېلان قىلىش خىزمىتى ئاپتونوم رايونلۇق مىللەتلەر تىل ـ يېزىق خىزمىتى كومىتېتىغا تاپشۇرۇلدى.

شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتى
1983 ـ يىل 9 ـ ئاينىڭ 23 ـ كۈنى

**ئۇيغۇر يېزىقىنىڭ ئېلىپبەسى**

1. ئۇيغۇر يېزىقىنىڭ ئېلىپبەسى ھازىرقى زامان ئۇيغۇر ئەدەبىي تىلىنىڭ فونېما سىستېمىسى ۋە يېزىق ئەنئەنىسىگە ئاساسەن تۈزۈلدى.

2. ئۇيغۇر يېزىقىنىڭ ئېلىپبەسى 32 ھەرپتىن تەركىب تاپتى. بۇ ھەرپلەرنىڭ شەكلى، نامى ۋە تەرتىپى تۆۋەندىكىچە:

| تەرتىپى | ئايرىم شەكلى | باشتىن قوشۇلىدىغان شەكلى | ئوتتۇرىدىن قوشۇلىدىغان شەكلى | ئاخىردىن قوشۇلىدىغان شەكلى | نامى |
|---|---|---|---|---|---|
| 1 | ئا، ا | | | ـا | ئا |
| 2 | ئە، ە | | | ـە | ئە |
| 3 | ب | بـ | ـبـ | ـب | بې |
| 4 | پ | پـ | ـپـ | ـپ | پې |
| 5 | ت | تـ | ـتـ | ـت | تې |
| 6 | ج | جـ | ـجـ | ـج | جې |
| 7 | چ | چـ | ـچـ | ـچ | چې |
| 8 | خ | خـ | ـخـ | ـخ | خې |
| 9 | د | | | ـد | دې |
| 10 | ر | | | ـر | رې |
| 11 | ز | | | ـز | زې |
| 12 | ژ | | | ـژ | ژې |
| 13 | س | سـ | ـسـ | ـس | سې |

| تەرتىپى | ئايرىم شەكلى | باشتىن قوشۇلىدىغان شەكلى | ئوتتۇرىدىن قوشۇلىدىغان شەكلى | ئاخىردىن قوشۇلىدىغان شەكلى | نامى |
|---|---|---|---|---|---|
| 14 | ش | شـ | ـشـ | ـش | شې |
| 15 | غ | غـ | ـغـ | ـغ | غې |
| 16 | ف | فـ | ـفـ | ـف | فې |
| 17 | ق | قـ | ـقـ | ـق | قې |
| 18 | ك | كـ | ـكـ | ـك | كې |
| 19 | گ | گـ | ـگـ | ـگ | گې |
| 20 | ڭ | ڭـ | ـڭـ | ـڭ | ڭې |
| 21 | ل | لـ | ـلـ | ـل | لې |
| 22 | م | مـ | ـمـ | ـم | مې |
| 23 | ن | نـ | ـنـ | ـن | نې |
| 24 | ھ | ھـ | ـھـ | ـھ | ھې |
| 25 | ئو، و | | | ـو | ئو (o) |
| 26 | ئۇ، ۇ | | | ـۇ | ئۇ (u) |
| 27 | ئۆ، ۆ | | | ـۆ | ئۆ (ө) |
| 28 | ئۈ، ۈ | | | ـۈ | ئۈ (ü) |
| 29 | ۋ | | | ـۋ | ۋې |
| 30 | ئې، ې | ئېـ، ېـ | ـېـ | ـې | ئې |
| 31 | ئى، ى | ئىـ، ىـ | ـىـ | ـى | ئى |
| 32 | ي | يـ | ـيـ | ـي | يې |

3. سوزۇق تاۋۇش ھەرپلىرىنىڭ ئۆز تەلەپپۇزى شۇ ھەرپلەرگە نام قىلىنىدى. ئۇ-زۇك تاۋۇش ھەرپلىرىگە شۇ ھەرپ ۋەكىللىك قىلغان تا-ۋۇشنىڭ ئاخىرىغا «ئې» قوشۇپ نام قىلىنىدى.

4. بۇرۇن ئىككى ھەرپ بىلەن ئىپادىلەنگەن تۆت لەۋ-لەشكەن سوزۇق تاۋۇش ئۈچۈن «ئو، ئۇ» ھەرپلىرىدىن باشقا «ئۆ، ئۈ» ھەرپلىرى قوشۇل-دى.

ئۇلار: ئوي (oy)، ئۇن (un)

ئۆي (θ y)، ئۈن (ün)

5. «ف، ژ» ھەرپلىرى پەقەت ئىملىقلار ھەم باشقا تىللاردىن قوبۇل قىلىنغان سۆز - ئاتالغۇلارنى ۋە كىشى ئى-سىملىرى، يەر ناملىرىنى يېزىشتا ئىشلىتىلىدۇ.

مەسىلەن: تۇف، سۇف، فاكچېن، فابرىكا، فاڭ يى، فېي-يېرباغ، فۇجيەن، فرانسىيە، پاژ - پۇژ، ۋىژىلداش، ژۇرنال، بۇرژۇئازىيە، پارىژ، ژدانوف.

6. سوزۇق تاۋۇش بىلەن باشلانغان بوغۇمنى ئالدىنقى بو-غۇمغا قوشۇپ يازغاندا، سوزۇق تاۋۇشقا ھەمزە (ئ) قويۇلىدۇ. مەسىلەن:

ئالدىنئالا، ئىنئام، تەلئەت، مەسئۇل، مەلئۇن، قەتئىي، سۇنئىي، بىئارام، رىئايە، تەبىئەت، ئىئانە، پېئىل، فېئودال، گېئولوگىيە، پاجىئە.

بۇ ئېلىپبە ئېلان قىلىنغاندىن كېيىن ھەرقايسى ساھەنىڭ

كەڭ قوللىنىشقا، خەلق ئاممىسىنىڭ قىزغىن ھىمايىسىگە ئې-
رىشكەن بولسىمۇ، ئەمەلىي قوللىنىش جەريانىدا ئىملاغا مۇنا-
سىۋەتلىك پرىنسىپلار ۋە بەزى كونكرېت قائىدىلەرنى تېخىمۇ
ئىلگىرىلىگەن ھالدا ئىلمىيلاشتۇرۇش، ئاممىۋىلاشتۇرۇش، تىل -
يېزىقىمىزنى ئۇچقاندەك تەرەققىي قىلىۋاتقان زامانىۋى پەن -
تېخنىكىنىڭ تەلىپىگە ئۇيغۇنلاشتۇرۇش ئۈچۈن، تىل - يېزىق
خادىملىرى، مەتبۇئات - نەشرىيات خادىملىرى، ئالىي، ئوتتۇرا
مەكتەپلەرنىڭ تىل ئوقۇتقۇچىلىرى بىرقىسىم ئىجابىي پىكىر-
لەرنى ئوتتۇرىغا قويۇشتى. بۇ پىكىر - تەكلىپلەرگە ئاساسەن،
ئاپتونوم رايونلۇق مىللەتلەر تىل - يېزىق خىزمىتى كومىتېتى
ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ تاپشۇرۇقى بويىچە ئۇي-
غۇر تىلىنىڭ يېزىق شەكلىنى يەنىمۇ ئىلگىرىلىگەن ھالدا قې-
لىپلاشتۇرۇپ، ئۇنىڭدىن ئۇنۇملۇك پايدىلىنىپ، پەن - تېخنى-
كا، مەدەنىيەت تەرەققىياتىنى ئىلگىرى سۈرۈش مەقسىتىدە،
ئۆتمۈشتىكى تەجرىبە - ساۋاقلارنى يەكۈنلەش، ئىملادىكى ساق-
لىنىۋاتقان مەسىلىلەرنىڭ سەۋەبلىرىنى تەھلىل قىلىپ مەۋجۇت
بولۇپ تۇرغان مەسىلىلەرنى يەنىمۇ ئىلگىرىلەپ ئىلمىيلىك بى-
لەن ئاممىۋىلىقنى تولۇق ئېتىبارغا ئالغان ھالدا سىستېمىلىق
ھەل قىلىش ئۈچۈن، مىللەتلەر تىل - يېزىق خىزمىتى كومى-
تېتى ھازىرقى زامان ئۇيغۇر ئەدەبىي تىلىنىڭ ئېلىپبەسى،
ئىملا قائىدىسى، ئىملا لۇغىتىنى تۈزۈش گۇرۇپپىسىنى تەش-
كىللىدى. بۇ گۇرۇپپا ھازىرقى زامان ئۇيغۇر ئەدەبىي تىلىنىڭ
ئېلىپبەسى، ئىملا قائىدىسى ۋە ئىملا لۇغىتىنىڭ تۈزىتىلگەن
لايىھىسىنى ئوتتۇرىغا قويدى. بۇ لايىھە 1984 - يىلى 9 -
ئايدا ئاپتونوم رايونىمىز بويىچە ئۆتكۈزۈلگەن ھازىرقى زامان
ئۇيغۇر ئەدەبىي تىلىنىڭ ئىملاسى ھەققىدىكى ئىلمىي مۇھاكى-
مە يىغىنىدا مۇزاكىرە قىلىنىپ ماقۇللاندى. ئۇنى ئۇيغۇر تىل -
يېزىقى بىلەن خىزمەت يۈرگۈزىدىغان بارلىق ئورۇنلار 1985 -
يىل 7 - ئاينىڭ 1 - كۈنىدىن باشلاپ ئىجرا قىلىش قارار قى-
لىندى. مەزكۇر ئېلىپبە تۆۋەندىكىچە:

## ھازىرقى زامان ئۇيغۇر ئېلىپبەسى

ھازىرقى زامان ئۇيغۇر ئېلىپبەسى 32 ھەرپتىن تەركىب تاپقان بولۇپ، بۇ ھەرپلەرنىڭ شەكلى، نامى ۋە تەرتىپى تۆۋەندىكىچە:

| تەرتىپى | يەككە شەكلى | باشتىن قوشۇلىدىغان شەكلى | ئوتتۇرىدىن قوشۇلىدىغان شەكلى | ئاخىرىدىن قوشۇلىدىغان شەكلى | نامى |
|---|---|---|---|---|---|
| 1 | ئا، ا | | | ـا (ـئا) | ئا |
| 2 | ئە، ە | | | ـە (ـئە) | ئە |
| 3 | ب | بـ | ـبـ | ـب | بې |
| 4 | پ | پـ | ـپـ | ـپ | پې |
| 5 | ت | تـ | ـتـ | ـت | تې |
| 6 | ج | جـ | ـجـ | ـج | جې |
| 7 | چ | چـ | ـچـ | ـچ | چې |
| 8 | خ | خـ | ـخـ | ـخ | خې |
| 9 | د | | | ـد | دې |
| 10 | ر | | | ـر | رې |
| 11 | ز | | | ـز | زې |
| 12 | ژ | | | ـژ | ژې |
| 13 | س | سـ | ـسـ | ـس | سې |
| 14 | ش | شـ | ـشـ | ـش | شې |
| 15 | غ | غـ | ـغـ | ـغ | غې |
| 16 | ف | فـ | ـفـ | ـف | فې |
| 17 | ق | قـ | ـقـ | ـق | قې |
| 18 | ك | كـ | ـكـ | ـك | كې |
| 19 | گ | گـ | ـگـ | ـگ | گې |
| 20 | ڭ | ڭـ | ـڭـ | ـڭ | ڭې |
| 21 | ل | لـ | ـلـ | ـل | لې |
| 22 | م | مـ | ـمـ | ـم | مې |
| 23 | ن | نـ | ـنـ | ـن | نې |
| 24 | ھ | ھـ | ـھـ | ـھ | ھې |
| 25 | ئو، و | | | ـو (ـئو) | ئو |
| 26 | ئۇ، ۇ | | | ـۇ (ـئۇ) | ئۇ |
| 27 | ئۆ، ۆ | | | ـۆ (ـئۆ) | ئۆ |
| 28 | ئۈ، ۈ | | | ـۈ (ـئۈ) | ئۈ |
| 29 | ۋ | | | ـۋ | ۋې |
| 30 | ئې، ې | ئېـ، ېـ | ـېـ، ـئېـ | ـې (ـئې) | ئې |
| 31 | ئى، ى | ئىـ، ىـ | ـىـ، ـئىـ | ـى (ـئى) | ئى |
| 32 | ي | يـ | ـيـ | ـي | يې |

ئەسكەرتىش:

(1) سوزۇق تاۋۇش ھەرپلىرىنىڭ ئۆز تەلەپپۇزى شۇ ھەرپلەرگە نام قىلىندى. ئۈزۈك تاۋۇش ھەرپلىرىگە شۇ ھەرپ ۋەكىللىك قىلغان تاۋۇشنىڭ ئاخىرىغا بىر «ې» تاۋۇشىنى قوشۇش بىلەن نام بېرىلدى.

(2) سوزۇق تاۋۇشلار سۆز ئوتتۇرىسىدا بوغۇم بېشى بولۇپ كەلگەندە، ئاخىردىن قوشۇلىدىغان شەكلىنىڭ ئىرناق ئىچىگە ئېلىنغىنى يېزىلىدۇ. مەسىلەن:

ئالدىنئالا، ئىنئام، بىئارام، ئىئانە، تەلئەت، تەبىئەت، پاجىئە، مەسئۇل، مەلئۇن، گېئولوگىيە، فېئودال، قەتئىي، سۈنئىي، پېئىل.

(3) «ف، ژ» ھەرپلىرى ئىملىقلارنى ھەم باشقا تىللاردىن قوبۇل قىلىنغان سۆز ـ ئاتالغۇلارنى ۋە كىشى ئىسىملىرى، يەر ـ جاي ناملىرىنى يېزىشتا قوللىنىلىدۇ.

مەسىلەن: تۇف، سۇف، فابرىكا، فرانسىيە، فېيىپرباخ، فاڭجېن، فاڭ يى، پاژ ـ پىۇژ، ۋىژىلدا، ژۇرنال، بۇرژۇئازىيە، پارىژ، ژدانوف.

سابىق سوۋېت ئىتتىپاقىدىمۇ ئۆكتەبىر ئىنقىلابىدىن كېيىن باشقا تۈركىي مىللەتلەر بىلەن بىر قاتاردا سوۋېت ئىتتىپاقىدىكى ئۇيغۇرلار قوللىنىۋاتقان ئەرەب ئېلىپبەسى ئاساسىدىكى كونا يېزىقنى تۈزىتىش، تولۇقلاش، ئۆزگەرتىش تەدبىرلىرى جىددىي ئېلىپ بېرىلدى. شۇ مۇناسىۋەت بىلەن 1925 ـ يىل 7 ـ ئاينىڭ 18 ـ كۈنى ئالمۇتىدا ئۇيغۇر زىيالىيلىرىنىڭ قاتنىشىشى بىلەن 1 ـ قېتىملىق تىل ـ يېزىق ئىلمىي مۇھاكىمە يىغىنى ئۆتكۈزۈلۈپ، شۇ ۋاقىتقا قەدەر قوللىنىلىپ كەلگەن ئەرەب ئېلىپبەسى قىسمەن ئىسلاھ قىلىنىپ، ئۇيغۇر تىلىنىڭ خۇسۇسىيەتلىرىگە دەسلەپكى قەدەمدە لايىقلاشقان 27 ھەرپتىن ئىبارەت ئېلىپبە قوللىنىلغان. مۇشۇ ئېلىپبە بىلەن 1 ـ سىنىپتىن 5 ـ سىنىپقىچە بولغان ئۇيغۇر مەكتەپلىرىنىڭ دەرسلىكلىرى نەشر قىلىنغان. بۇ ئېلىپبە ئۇ يەردىكى ئۇيغۇر خەلقىنىڭ ساۋاتىنى چىقىرىشتا مەلۇم ئىجابىي رول ئوينىغان.

1926 ـ يىلدىن باشلاپ قازاقىستان، ئۆزبېكىستان ۋە قىرغىزىستاندا تۇرۇشلۇق بىر تۈركۈم ئۇيغۇر زىيالىيلىرى، ئۇيغۇر مەكتەپلىرىنىڭ ئوقۇتقۇچىلىرى ئەرەب ئېلىپبەسى ئاساسىدىكى ئۇيغۇر يېزىقىنى لاتىن ئېلىپبەسى ئاساسىدىكى ئۇيغۇر يېزىقىغا ئۆزگەرتىش ھەققىدە تەكلىپ ـ پىكىرلەرنى ۋە ھەر خىل لايىھەلەرنى ئوتتۇرىغا قويۇپ، بىرقانچە قېتىم مۇھاكىمە قىلىشقان.

1928 ـ يىل 4 ـ ئاينىڭ 29 ـ كۈنىدىن 5 ـ ئاينىڭ 4 ـ كۈنىگىچە ئۆزبېكىستاننىڭ شۇ چاغدىكى پايتەختى سەمەرقەنت شەھىرىدە ئوتتۇرا ئاسىيا ھەم قازاقىستاندىكى ئۇيغۇر زىيالىيلىرىنىڭ قاتنىشىشى بىلەن 1 ـ قېتىملىق ئۇيغۇر تىل ـ يېزىق ئىلمىي مۇھاكىمە يىغىنى چاقىرىلغان. يىغىندا ئۇيغۇر يېزىقىنىڭ ئېلىپبەسى ۋە ئاتالغۇلار مەسىلىسى نۇقتىلىق

مۇزاكىرە قىلىنغان. 1930 ـ يىلى 5 ـ ئايدا ئالمۇتا شەھىرىدە 2 ـ قېتىملىق ئۇيغۇر تىل ـ يېزىق ئىلمىي مۇھاكىمە يىغىنى چاقىرىلغان. يىغىندا ئۇيغۇر يېزىقىنىڭ ئېلىپبەسى ۋە ئاتالغۇلار مەسىلىسى نۇقتىلىق مۇزاكىرە قىلىنغان. 1930 ـ يىلى 5 ـ ئايدا ئالمۇتا شەھىرىدە 2 ـ قېتىملىق ئۇيغۇر تىل ـ يېزىق ئىلمىي مۇھاكىمە يىغىنى چاقىرىلىپ، 1 ـ قېتىملىق يىغىننىڭ لاتىن ئېلىپبەسى ئاساسىدىكى يېزىققا كۆچۈش ھەققىدىكى قارارى ماقۇللانغان. بۇ ۋاقىتتا قوبۇل قىلىنغان لاتىن ئېلىپبەسىنى ئاساس قىلغان ئۇيغۇر ئېلىپبەسى تۆۋەندىكىچە:

a b c ç d e ə t g ơ h

i j k l m n ŋ o θ p

q r s ş u v x ɣ z ƶ f

بۇ لاتىن ئېلىپبەسى ئاساسىدىكى ئۇيغۇر ئېلىپبەسى 1946 ـ يىلغىچە قوللىنىلغان، ئۇ ئەرەب ئېلىپبەسىگە نىسبەتەن بەزى ئارتۇقچىلىقلارغا ئىگە بولسىمۇ، تېز سۈرئەتتە ساۋات چىقىرىپ خەلقنىڭ پەن ـ مەدەنىيەت سەۋىيىسىنى يۇقىرى كۆتۈرۈشتە، بولۇپمۇ سوتسىيالىستىك قۇرۇلۇش جەريانىدا بارلىققا كەلگەن يېڭى سۆز ـ ئاتالغۇلارنى، سوۋېت ئىنتېرناتسىئونال سۆزلىرىنى توغرا يېزىپ، توغرا تەلەپپۇز قىلىشتا مەلۇم يېتەرسىزلىكلەردىن خالىي بولالمىغان.

1947 ـ يىل 2 ـ ئاينىڭ 4 ـ كۈنىدىكى سابىق سوۋېت ئىتتىپاقى ئالىي سوۋېتىنىڭ قارارى بويىچە لاتىن ئېلىپبەسى ئاساسىدىكى ئۇيغۇر يېزىقى سلاۋيان ئېلىپبەسى ئاساسىدىكى يېڭى ئېلىپبەگە كۆچۈرۈلدى. رۇس ئېلىپبەسىنى ئاساس قىلىپ تۈزۈلگەن سوۋېت ئۇيغۇرلىرىنىڭ ئېلىپبەسى 41 ھەرپتىن ئىبارەت بولۇپ، ئۇنىڭدا رۇس ئالفاۋىتىدىكى 33 ھەرپ تولۇق

قوبۇل قىلىنغاندىن باشقا، ئۇيغۇر تىلىنىڭ ئۆزىگە خاس فونې-
مىلىرىنى ئىپادىلەش ئۈچۈن سەككىز ھەرپ قوبۇل قىلىنغان.
ئۇلار تۆۋەندىكىچە:

Уйгур алфавити вә һәриплириниң атлири.

| Басма түри | Язма түри | Һәрипләрниң ети | Басма түри | Язма түри | Һәрипләрниң ети |
|---|---|---|---|---|---|
| Аа | Аа | а | Оо | Оо | о |
| Әә | Әә | ә | Өө | Өө | ө |
| Бб | Бб | бе | Пп | Пп | пе |
| Вв | Вв | ве | Рр | Рр | эр |
| Гг | Гг | ге | Сс | Сс | эс |
| Ғғ | Ғғ | ғе | Тт | Тт | те |
| Дд | Дд | де | Уу | Уу | у |
| Ее | Ее | йе | Үү | Үү | ү |
| Ёё | Ёё | йо | Фф | Фф | эф |
| Жж | Жж | же | Хх | Хх | ха |
| Җҗ | Җҗ | җе | Һһ | Һһ | һа |
| Зз | Зз | зе | Цц | Цц | це |
| Ии | Ии | и | Чч | Чч | че |
| Йй | Йй | қисқа и | Шш | Шш | ша |
| Кк | Кк | ка | Щщ | Щщ | ща |
| Ққ | Ққ | қа | Ъъ | ъ | қаттиқлиқ бәлгүси |
| Лл | Лл | эл | Ыы | Ыы | ы |
| Мм | Мм | эм | Ьь | ь | юмшақлиқ бәлгүси |
| Нн | Нн | эн | Ээ | Ээ | э |
| Ңң | Ңң | эң | Юю | Юю | йу |
| | | | Яя | Яя | йа |

بۇ ئېلىپبە سابىق سوۋېت ئىتتىپاقىدىكى ئۇيغۇرلار ئارىسىدا ھازىرغىچە قوللىنىلماقتا.

## 2. ئۇيغۇر يېزىقىنىڭ ئىملا قائىدىسى

ئىملا قائىدىسى «توغرا يېزىش قائىدىسى» دېگەن سۆز بولۇپ، مەلۇم بىر ئەدەبىي تىلدا سۆزلىشىدىغان ھەم شۇ تىل ئارقىلىق ئالاقە قىلىدىغان كىشىلەرنىڭ توغرا يېزىشىنى تەمىن ئېتىدىغان ۋە ئۇلارنىڭ يېزىقتا ئورتاق ئەمەل قىلىشى زۆرۈر بولغان قائىدىلەر سىستېمىسىدۇر.

شىنجاڭدا پەننىي مەكتەپلەر قۇرۇلۇپ، زامانىۋى مەتبۇئاتچىلىق تەرەققىي قىلىشقا باشلىغاندىن كېيىنلا يېزىقنىڭ رولى كۈندىن - كۈنگە جارى قىلىنىشقا باشلىدى. ئۇيغۇر تىلىنى قېلىپلاشتۇرۇش ئۈچۈن، ئۇيغۇر يېزىقىنىڭ ئىملاسىنى مۇقىملاشتۇرۇش يولىدا نۇرغۇنلىغان ئىلمىي خىزمەتلەر ئىشلەندى.

مەملىكىتىمىزدە، جۈملىدىن ئاپتونوم رايونىمىزدا ئۇيغۇر يېزىقى ۋە ئۇنىڭ ئىملا قائىدىلىرى ئۈستىدىكى سىستېمىلىق تەتقىقات 40 - يىللاردا باشلاندى، بولۇپمۇ ئازادلىقتىن كېيىن رەسمىي قولغا ئېلىندى. سابىق سوۋېت ئىتتىپاقىدىكى ئۇيغۇر زىيالىيلىرى ئارىسىدا بولسا 20 - يىللاردىن باشلاپ قولغا ئېلىنغان. 1925 - يىلى 7 - ئاينىڭ 18 - كۈنى باكۇ شەھىرى-

ده 1 ـ قېتىملىق ئۇيغۇر زىيالىيلىرىنىڭ ئۇيغۇر يېزىقىنىڭ ئېلىپبەسى ۋە ئىملا قائىدىسى ھەققىدىكى ئىلمىي مۇھاكىمە يىغىنى چاقىرىلدى. 1930 ـ يىلى 5 ـ ئايدا ئالمۇتا شەھىرىدە 2 ـ قېتىملىق ئۇيغۇر تىل ـ يېزىق ئىلمىي مۇھاكىمە يىغىنى چاقىرىلىپ، ئۇيغۇر تىلىنىڭ ئىملاسى بىلەن ئاتالغۇلار مەسىلىسى مۇزاكىرە قىلىندى. 1960 ـ يىلى غوجەخمەت سەدۋاقاسوف تەرىپىدىن تۈزۈلگەن «ئۇيغۇر ئەدەبىي تىلىنىڭ ئىملا قائىدىلىرى» قازاقىستان پەنلەر ئاكادېمىيىسىنىڭ ئىجرائىيە ھەيئىتى بىلەن قازاقىستان مائارىپ مىنىستىرلىقى تەرىپىدىن تەستىقلىنىپ 5 ـ ئاينىڭ 18 ـ كۈنى «كوممۇنىزم تۇغى» گېزىتىدە ئېلان قىلىندى. ھازىرغىچە بارلىق ئۇيغۇر مەتبۇئاتلىرى شۇ ئىملا قائىدىسىنى ئىجرا قىلمۇۋاتىدۇ.

ئاپتونوم رايونىمىزدا 40 ـ يىللاردىن بۇيان تىل ـ يېزىق ئورگانلىرى ۋە شەخسلەر تەرىپىدىن ئالتە قېتىم ئىملا قائىدىسى تۈزۈپ ئېلان قىلىندى.

1 ـ قېتىملىق ئىملا قائىدىسى ــ ئىبراھىم مۇتئىي ئەپەندىم تەرىپىدىن تۈزۈلۈپ، تولۇقلىنىش ۋە بېكىتىلىش ئارقىلىق 1948 ـ يىل 12 ـ ئاينىڭ 15 ـ كۈنى ۋە 1949 ـ يىل 1 ـ ئاينىڭ 8 ـ كۈنىدىكى «شىنجاڭ گېزىتى»نىڭ ئىككى سانىدا ئېلان قىلىنغان. بۇنىڭدا دەسلەپكى قەدەمدە ئۇيغۇر يېزىقىنىڭ ئېلىپبەسى، ئۇيغۇر تىلىدىكى قوشۇمچىلار، باشقا تىللاردىن قوبۇل قىلىنغان سۆزلەرنىڭ ئىملاسى، تىنىش بەلگىلىرى قاتارلىقلار مۇقىملاشتۇرۇلغان. بۇ ئىملا قائىدىسىنىڭ ئارتۇقچىلىقى: ئۇيغۇر تىلى سۆزلىرىنى ئەرەب، پارس تىلىنىڭ ئالاھىدىلىكى بويىچە ھەر كىشى ئۆزى بىلگەنچە ھەر خىل يازىدىغان باشباشتاقلىق تۈگىتىلىپ، ئىملا دەسلەپكى قەدەمدە بىر نورمىغا سېلىنغان؛ كەمچىلىكى: ئەرەب ئېلىپبەسى ئۆز تەرتىپى بويىچە تولۇق قوبۇل قىلىنغان، ئۇيغۇر تىلىدىكى سوزۇق تاۋۇشلار ئۈچۈن ئايرىم ھەرپ بەلگىلەنمىگەن، ئۇيغۇر تىلىدىكى سوزۇق تاۋۇشلار ۋە ئۇلارنىڭ ئىملاسى، ئاھاڭداشلىقى، ئاجىز-

لىشىشى، ئۈزۈك تاۋۇشلارنىڭ ئىملاسى، نۆۋەتلىشىشى، مۇستەـ
قىل سۆز ۋە ياردەمچى سۆزلەرنىڭ ئىملاسى، خەنزۇ تىلىدىن،
رۇس تىلى ۋە باشقا تىللاردىن كىرگەن سۆزلەرنىڭ يېزىلىشى
قاتارلىق مەسىلىلەر ھەققىدە ئايرىم قائىدىلەر بېرىلمىگەن.

2 ـ قېتىملىق ئىملا قائىدىسى — سابىق شىنجاڭ مىلـ
لەتلەر تىل ـ يېزىقىنى مۇزاكىرە قىلىپ، يېتەكچىلىك قىلىش
ھەيئىتى تەرىپىدىن 1953 ـ يىلى تۈزۈلۈپ، سابىق شىنجاڭ
ئۆلكىلىك ھۆكۈمىتىنىڭ قارارى بىلەن 1954 ـ يىلى ئېلان
قىلىنغان «ئۇيغۇر ئەدەبىي تىلىنىڭ قىسقىچە ئىملا قائىدىلىـ
رى» بولۇپ، ئۇنىڭدا ئۇيغۇر ئەدەبىي تىلىنىڭ ئېلىپبەسى،
سوزۇق تاۋۇشلار ۋە ئۈزۈك تاۋۇشلارنىڭ ئىملاسى، لەۋلەشكەن
بوغۇملارنىڭ تەسىرى، ئۈزۈك تاۋۇشلار ۋە ئۇلارنىڭ ئىملاسى،
ئايرىم تاۋۇشلارنىڭ توغرا يېزىلىشى، بەزى تاۋۇشلارنىڭ نۆۋەتـ
لىشىشى، باشقا تىللاردىن كىرگەن سۆزلەرنىڭ يېزىلىشى، بىدـ
رىككەن ھەم قوش سۆزلەرنىڭ يېزىلىشى، ئىسىملارغا ئىگىلىك
قوشۇمچىلىرىنىڭ ئۇلىنىشى، سۈپەت، سان، ئالماش، رەۋىش ۋە
پېئىللارنىڭ يېزىلىشى، پېئىللارنىڭ زامان ھەم شەخسلەر بىلەن
تۈرلىنىشى، قوشۇمچىلارنىڭ يېزىلىشى، قوشما پېئىل ھەم
ياردەمچى پېئىللارنىڭ يېزىلىشى، بوغۇم كۆچۈرۈش قائىدىسى
قاتارلىق بىر يۈرۈش قائىدىلەر بېرىلگەن.

ئارتۇقچىلىقى: ئۇيغۇر تىلىنىڭ ۋە ئۇيغۇر يېزىقىنىڭ
خۇسۇسىيىتىگە مۇۋاپىقلاشقان ئىلمىي قائىدىلەر دەسلەپكى قەـ
دەمدە ئوتتۇرىغا قويۇلغان، ئاتالغۇلارنى توغرا ئىشلىتىشنىڭ
بىر يۈرۈش تىل ئەمەلىيىتىگە ئۇيغۇنلاشقان پرىنسىپلىرى،
باشقا تىللاردىن قوبۇل قىلىنغان سۆزلەرنى توغرا يېزىشنىڭ
دەسلەپكى قائىدىلىرى ئوتتۇرىغا قويۇلغان؛ كەمچىلىكى: ئېلىپـ
بە قىسمىدا ئۇيغۇر تىلىدىكى تۆت لەۋلەشكەن مۇستەقىل فوـ
نېما ئۈچۈن ئىككى ھەرپ «ئو» («ئو» ھەم «ئۆ» ئۈچۈن)، «ئۇ»
(«ئۇ» ھەم «ئۈ» ئۈچۈن) بەلگىلەنگەچكە يېزىلىشتا قاراپ ئايـ
رىم سۆز مەنىلىرىنى پەرقلەندۈرۈشكە، تېز ساۋات چىقىرىشقا،

باشقا مىللەت كىشىلىرىنىڭ ئۇيغۇر تىل ـ يېزىقىنى ئۆگىنىشىگە مەلۇم قىيىنچىلىق تۇغۇلغان. مەسىلەن: ئوت بىلەن ئۆت، ئولتۇرۇش بىلەن ئۆلتۇرۇش، ئون بىلەن ئۇن، ئۇچ بىلەن ئۈچ پەرقسىز يېزىلغان، ئىملا پرىنسىپلىرىدا فونېتىكىلىق پرىنسىپ ھەددىدىن ئارتۇق ئالغا سۈرۈلۈپ، مورفولوگىيىلىك پرىنسىپقا سەل قارالغان.

3 ـ قېتىملىق ئىملا قائىدىسى ـــ سابىق ئاپتونوم رايونلۇق يېزىق ئۆزگەرتىش كومىتېتى تەرىپىدىن تۈزۈلۈپ، 1965 ـ يىلى شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى تەرىپىدىن نەشر قىلىنغان «ئۇيغۇر يېڭى يېزىقىنىڭ ئىملا قائىدىسى». بۇ قېتىمقى تۈزۈلگەن ئىملا قائىدىسىدە مورفولوگىيىلىك پرىنسىپ بىرقەدەر ئالغا سۈرۈلگەن، سوزۇق تاۋۇشلارنىڭ ئاھاڭداشلىقى مەسىلىسى ئىلمىي ئاساستا قائىدىلىك ھەل قىلىنغان، قوشۇمچىلاردىن ئىخچاملاشقا بولىدىغانلىرى ئىخچاملانغان؛ كەمچىلىكى: «سول»چىللىقنىڭ تەسىرى تۈپەيلىدىن ئۇيغۇر تىلىدىكى فونېمىلارنىڭ ئىپادىلەش ئىمكانىيىتىگە، بوغۇم تۈزۈلۈش قانۇنىيىتىگە، ئۇيغۇر تىلىنىڭ ئاساسىي خۇسۇسىيىتىگە ئۇيغۇن بولمىغان بەزى ھەرپلەر ۋە قائىدىلەر زورلاپ كىرگۈزۈلگەن، يېزىق لايىھىسىدىمۇ خېلى مەسىلىلەر ساقلانغان.

4 ـ قېتىملىق ئىملا قائىدىسى ـــ سابىق ئاپتونوم رايونلۇق يېزىق ئۆزگەرتىش كومىتېتى تەرىپىدىن 1973 ـ يىلى تۈزۈلۈپ، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى تەرىپىدىن نەشر قىلىنغان «ئۇيغۇر يېڭى يېزىقىنىڭ ئىملا قائىدىسى». قائىدىنىڭ ئارتۇقچىلىقى: يېڭى يېزىقنى ئومۇملاشتۇرۇش جەريانىدىكى تەجرىبە ـ ساۋاقلارغا ئاساسەن، 1965 ـ يىلى تۈزۈلگەن ئىملا قائىدىسىدىكى بەزى قائىدىلەرگە مەلۇم ئۆزگەرتىش كىرگۈزۈلگەن، خەنزۇ تىلىدىن كىرگەن سۆزلەرنى يېزىشتىكى ئايرىم قائىدىلەر ئۆزگەرتىلىپ، ئۇيغۇر تىلىنىڭ خۇسۇسىيىتىگە مەلۇم دەرىجىدە يېقىنلاشتۇرۇلغان، تىلىمىزدىكى سۆز ياسىغۇچى قوشۇمچىلار مۇقىملاشتۇرۇلغان؛ كەمچىلىكى: خەنزۇ تىلىدىن كىرگەن

سۆزلەرنى يېزىش ئۈچۈن بىرلىگەن قائىدىلەر مۇرەككەپ بولۇپ، ئەمەلىي قوللىنىشتا بىرمۇنچە قىيىنچىلىقلارنى پەيدا قىلغان، خەنزۇ تىلىدىن باشقا چەت تىللاردىن كىرگەن سۆزلەرنى قانداق يېزىش ھەققىدە قائىدىلەر بېرىلمىگەن، تىنىش بەلگىلىرىدىمۇ خەنزۇ تىلىدىكىگە ئوخشاش بولۇشى كۆزدە تۇتۇلۇپ، سانى 16 گە كۆپەيتىلىپ، بەزى ھاجەتسىز بەلگىلەرمۇ كىرگۈزۈلگەن، ئەمەلىي قوللىنىش ئۈنۈمىگە سەل قارالغان.

5 ـ قېتىملىق ئىملا قائىدىسى ــ ئەرەب ئېلىپبەسى ئاساسىدىكى ئۇيغۇر يېزىقىنى قايتا ئومۇميۈزلۈك قوللىنىش يولغا قويۇلغاندىن كېيىن 1983 ـ يىلى ئاپتونوم رايونلۇق مىللەتلەر تىل ـ يېزىق خىزمىتى كومىتېتى تەرىپىدىن تۈزۈلۈپ، ئېلان قىلىنغان «ئۇيغۇر يېزىقىنىڭ ئېلىپبەسى ۋە ئۇيغۇر ئەدەبىي تىلىنىڭ ئىملا قائىدىسى». ئۇنىڭ ئېلىپبە قىسمىدا ئۇيغۇر يېزىقىدىكى ھەرپلەرنىڭ شەكلى، تەرتىپى، نامى ھازىرقى زامان ئۇيغۇر ئەدەبىي تىلىنىڭ فونېما سىستېمىسى ۋە يېزىق ئەنئەنىسىگە ئاساسەن قايتىدىن بېكىتىلگەن، ئەرەب ئېلىپبەسى ئاساسىدىكى ئۇيغۇر يېزىقىدا ئۇزۇندىن بۇيان ھەل قىلىنماي كەلگەن تۆت لەۋلەشكەن سوزۇق تاۋۇشنى ئىككى ھەرپ بىلەن ئىپادىلەش مەسىلىسى ئۈنۈملۈك ھەل قىلىنىپ، بۇرۇنقى ئىككى بەلگىنى «ئۆ، ئۈ» ھەرپلىرى ئىجاد قىلىنغان. بۇنىڭ بىلەن ھازىرقى زامان ئۇيغۇر ئەدەبىي تىلىدىكى 32 تاۋۇشنىڭ ھەربىرىگە بىر ـ بىردىن پەرقلىق بولغان 32 ھەرپ بەلگىلىنىپ، يېزىقىمىزنىڭ ئىپادىلەش ئىقتىدارى يەنىمۇ ئۆستۈرۈلگەن. بۇ ئىملا قائىدىسى تىلىمىزنىڭ ئەمەلىيىتىگە ئاساسەن فونېتىكىلىق پرىنسىپ، مورفولوگىيىلىك پرىنسىپ ۋە ئەنئەنىۋى پرىنسىپنى ئاساس، ئۆرۈمچى تەلەپپۇزىنى نورما قىلىپ تۈزۈپ چىقىلغان. تىلنى قېلىپلاشتۇرۇش، ئىملانى بىرلىككە كەلتۈرۈش مەقسىتىدە مۇناسىۋەتلىك ئورۇنلاردىن كەڭ پىكىر ئېلىنىپ، تىل ـ يېزىق خادىملىرى، مەتبۇئات ـ نەشرىيات خادىملىرى، ھەر دەرىجىلىك مەكتەپلەرنىڭ ئوقۇتقۇچى-

لىرى ھەم مۇناسىۋەتلىك ساھەلەرنىڭ ۋەكىللىرى قاتناشقان ئىلمىي مۇھاكىمە يىغىنىدا ئەتراپلىق مۇھاكىمە قىلىنىپ، 1983 ـ يىل 4 ـ ئاينىڭ 16 ـ كۈنى ماقۇللانغان. كەمچىلىكى: ئەنئەنە كۆپرەك تەكىتلىنىپ، يەنىلا فونېتىكىلىق پرىنسىپ ئاساسىي ئورۇنغا قويۇلغانلىقى ئۈچۈن، تاۋۇشلارنىڭ ئۆزگىرىشچانلىقى، قوشما سۆزلەرنىڭ ئىملاسى، چەتتىن قوبۇل قىلىنغان سۆزلەر-نىڭ ئىملاسى قاتارلىق بىر قىسىم مەسىلىلەردە ئوخشاش خاراكتېردىكى مەسىلىلەر بىر خىل قانۇنىيەت بويىچە ھەل قىلىنمىغان، قائىدىگە بويسۇنمايدىغان مەسىلىلەر نىسبەتەن كۆپىيىپ كەتكەن.

6 ـ قېتىملىق ئىملا قائىدىسى. ھازىرقى زامان ئۇيغۇر ئەدەبىي تىلىنى تېخىمۇ ياخشى قېلىپلاشتۇرۇش ئۈچۈن، ئىملادا ساقلىنىۋاتقان زىددىيەتلىك مەسىلىلەرنى ياخشى ھەل قىلىپ، تىلىمىزنى ئىقتىسادىي قۇرۇلۇش، ئىسلاھات، ئېچىۋېتىش، سوتسىيالىستىك زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشىغا، پەن ـ تېخنىكىنى يۈكسەلدۈرۈش ئېھتىياجىغا تېخىمۇ ئۈنۈملۈك خىزمەت قىلدۇرۇش، ئۇچقاندەك تەرەققىي قىلىۋاتقان ئېلېكترونلۇق مەتبەئە تېخنىكىسىنىڭ تەلىپىگە ئۇيغۇنلاشتۇرۇش ئۈچۈن، ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ تاپشۇرۇقىغا ئاساسەن، ئاپتونوم رايونلۇق مىللەتلەر تىل ـ يېزىق خىزمىتى كومىتېتى تەتقىقات باشقارمىسى ئۇيغۇر تىلى ساھەسى بويىچە ئىشلەۋاتقان ئالىملار، تىلشۇناسلار، ئاخبارات، مەتبۇئات، نەشرىيات خادىملىرى، ئوقۇتقۇچىلاردىن ئىملا قائىدىسىنى ئومۇمىيۈزلۈك تۈزىتىش، تولۇقلاش ھەققىدە كەڭ پىكىر ئالدى. تۈزۈلىدىغان ئىملا قائىدىسىنىڭ ئىلمىيلىكىنى تېخىمۇ يۇقىرى كۆتۈرۈپ، ئامىبابلىقىنى ئاشۇرۇش ئۈچۈن، بېرىلگەن پىكىر ـ تەكلىپلەرگە ئالاھىدە ئېتىبار بىلەن قارىلىپ، ئاپتونوم رايونلۇق مىللەتلەر تىل ـ يېزىق خىزمىتى كومىتېتى، شىنجاڭ ئىجتىمائىي پەنلەر ئاكادېمىيىسى تىل تەتقىقات ئورنى، شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى قاتارلىق ئورۇنلار-

دىن مىرسۇلتان ئوسمانوف، ئابدۇرېشىت سابىت، غەنىزات غە-يۇرانى، رەۋەيدۇللا ھەمدۇللا، ئەنۋەر جاپپار قاتارلىق مۇتەخەس-سىسلەر قاتناشقان بىر گۇرۇپپا تەشكىللىنىپ، ئىملا قائىدى-سىنى تۈزىتىش، تولۇقلاش ئىشى ھازىرقى زامان ئۇيغۇر ئەدە-بىي تىلىنىڭ ئىملا لۇغىتىنى تۈزۈش خىزمىتى بىلەن بىر-لەشتۈرۈپ ئىشلەندى ۋە بۇ ئىملا قائىدىسىنى جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتى قۇرۇلغانلىقىنىڭ 35 يىللىقى، شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىمىز قۇرۇلغانلىقىنىڭ 30 يىللىقىغا سوۋغا قى-لىش قارار قىلىندى. بۇ گۇرۇپپا بىر يىلغا يېقىن جاپالىق ئىشلەپ «ھازىرقى زامان ئۇيغۇر ئەدەبىي تىلىنىڭ قائىدىسى» ۋە «ھازىرقى زامان ئۇيغۇر ئەدەبىي تىلىنىڭ ئىملا لۇغىتى»نى تۈزۈش ۋەزىپىسىنى بەلگىلەنگەن مۇددەتتە غەلىبىلىك تاماملى-دى. ھازىرقى زامان ئۇيغۇر ئەدەبىي تىلىنىڭ ئىملا قائىدىسىنى تۈزۈشتە مەلۇم يەرلىك شېۋىنىڭ تىل ئادىتى نۇقتىسىدىن ئە-مەس، بىر پۈتۈن ئۇيغۇر تىلىنىڭ تەرەققىياتى، ھازىرقى زامان ئۇيغۇر ئەدەبىي تىلىنىڭ شەكىللىنىشىگە ئاساس بولغان مەر-كىزىي دىئالېكت، يېتەكچى تەلەپپۇز ئۆلچىمى، قەدىمكى ئۇيغۇر تىلىدىن ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلىغىچە بولغان تارىخىي تە-رەققىيات جەريانى تولۇق نەزەرگە ئېلىندى، بۇرۇن تۈزۈلگەن بىرقانچە قېتىملىق ئىملا قائىدىلىرىنى سىستېمىلىق ئۆگىنىش ۋە تەتقىق قىلىش، تەجرىبە - ساۋاقلارنى يەكۈنلەش ئاساسىدا قېلىپلىشىپ قالغان، تىلىمىزنىڭ ئەمەلىيىتىگە ئۇيغۇن بولغان قائىدىلەر مۇقىملاشتۇرۇلدى، تۈزىتىش، تولۇقلاش، ئۆزگەرتىش-كە تېگىشلىك قائىدىلەر تۈزىتىلدى، تولۇقلاندى ۋە ئۆزگەرتىل-دى. بۇ تۈزۈلگەن لايىھە 1984 - يىلى 9 - ئايدا ئاپتونوم رايونىمىز بويىچە ئۆتكۈزۈلگەن ھازىرقى زامان ئۇيغۇر ئەدەبىي تىلىنىڭ ئىملاسى ھەققىدىكى ئىلمىي مۇھاكىمە يىغىنىدا ما-قۇللىنىپ، 1985 - يىل 7 - ئاينىڭ 1 - كۈنىدىن باشلاپ ئومۇميۈزلۈك قوللىنىلىشقا باشلىدى.

### 3. هازىرقى زامان ئۇيغۇر يېزىقىنىڭ قوللىنىلىش دائىرىسى

هازىرقى زامان ئۇيغۇر يېزىقى — مەملىكەت بويىچە كەڭ قوللىنىلىدىغان يېزىقلارنىڭ بىرى بولۇپ، ئاساسىي قانۇندا ۋە ئاپتونومىيە قانۇنىدا بەلگىلەنگەن، شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونى بويىچە هاكىمىيەت يۈرگۈزۈشنىڭ ئاساسىي ۋاستىلىرىدىن بىرى، ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ سانائەت، يېزا ئىگىلىكى، پەن - تېخنىكا، مەدەنىيەت - مائارىپ ئىشلىرىنى تەرەققىي قىلدۇرۇش، ئىسلاهات، ئېچىۋېتىش، سوتسىيالىستىك زامانىۋىلاشتۇرۇش، جۇڭگوچە سوتسىيالىزم قۇرۇشنىڭ ئۈنۈملۈك قورالى. شۇنىڭ ئۈچۈن ئۇ، خەلق تۇرمۇشىنىڭ هەممە ساهەلىرىدە كەڭ قوللىنىلىدۇ. مەسىلەن:

1) هازىرقى زامان ئۇيغۇر يېزىقى — مەملىكەت بويىچە قوللىنىلىدىغان چوڭ يېزىقلارنىڭ بىرى. ئۇ، جۇڭخۇا خەلق جۇمهۇرىيىتىنىڭ مەملىكەت بويىچە ئورتاق ئىشلىتىدىغان، جۇڭگو خەلق بانكىسى تەرىپىدىن باستۇرۇپ، تارقىتىلغان خەلق پۇلىدا قوللىنىلغان بەش خىل يېزىق (خەنزۇ، زاڭزۇ، ئۇيغۇر، موڭغۇل، جۇاڭزۇ يېزىقلىرى)نىڭ بىرى، مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى، سىياسىي مەسلىهەت كېڭىشى مەملىكەتلىك يىغىنى قاتارلىق چوڭ يىغىنلاردا تەرجىمە قىلىنىدىغان يەتتە خىل تىل - يېزىقنىڭ بىرى. ئۇيغۇر تىل - يېزىقىدا مەملىكەت ئىچىگە هەم مەملىكەت سىرتىغا تارقىتىلىدىغان ماركسىزم، لېنىنىزم، ماۋزېدۇڭ ئەسەرلىرى هەم پرولېتارىيات داهىيلىرىنىڭ ئەسەرلىرى، هەر خىل لۇغەت، سىياسىي، ئەدەبىي، كەسپىي كىتابلار، «مىللەتلەر» قاتارلىق رەسىملىك ژۇرناللار مەركىزىي مىللەتلەر تەرجىمە ئىدارىسى هەم مىللەتلەر نەشرىياتىدا ئۇيغۇر تىل - يېزىقىدا تەرجىمە ۋە نەشر قىلىنىپ مەملىكەت بويىچە بىر تۇتاش تارقىتىلىدۇ. شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى 1951 - يىلى قۇرۇلۇپ، ئۇيغۇر، خەنزۇ، قازاق، موڭغۇل، قىرغىز، شىبە تىل - يېزىقىدا كىتاب چىقىرىشنى ئۆزىگە ئاساسىي ۋەزىپە

قىلغان. ئۇنىڭ 1990 ـ يىلى 9 ـ ئايغىچە بولغان 40 يىل ئىچىدە يۇقىرىدىكى مىللەتلەر تىل ـ يېزىقىدا نەشر قىلغان كىتاب ـ ژۇرناللىرى 16 مىڭ 125 خىل بولۇپ، ئومۇمىي تىرازى 428 مىليون 402 مىڭ 400 نۇسخىغا يەتكەن. بۇنىڭ ئىچىدە ئۇيغۇر تىل ـ يېزىقىدا نەشر قىلغىنى 6030 خىل بولۇپ، پۈتۈن نەشر قىلىنغان كىتابنىڭ 37.4 پىرسەنتىنى تەشكىل قىلىدۇ. ئۇيغۇر يېزىقىدا نەشر قىلىنغان كىتابنىڭ ئومۇمىي تىرازى 143 مىليون 599 مىڭ نۇسخا بولۇپ، پۈتۈن نەشر قىلىنغان كىتاب تىرازىنىڭ 32% كە يېقىنىنى تەشكىل قىلىدۇ.①

2) ھازىرقى زامان ئۇيغۇر يېزىقى ـــ ئاپتونوم رايونىمىز دائىرىسىدە ھەر دەرىجىلىك ھاكىمىيەت ئورگانلىرىنىڭ ھاكىمىيەت يۈرگۈزىدىغان قانۇنىي يېزىقى. ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم، ئاپتونوم رايونلۇق خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتى، ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتىدىن تارتىپ ھەرقايسى يېزا ـ كەنت ئاساسىي قاتلام ھاكىمىيەت ئورۇنلىرىغىچە ئۆزلىرىنىڭ قانۇن، نىزام، ئەمىر ـ پەرمانلىرى، تامغا، ۋىۋىسكا، ماللارنىڭ ماركىلىرى، ئىش قەغەزلىرى، ھەر خىل ھۆججەت، ئۇقتۇرۇش، خەت ـ ئالاقىلىرىنىڭ ھەممىسىدە ئۇيغۇر يېزىقى خەنزۇ يېزىقى بىلەن ئوخشاش قوللىنىلىدۇ.

3) ھازىرقى زامان ئۇيغۇر يېزىقى سىياسەت ھەم قانۇننى يۈرگۈزۈش، قانۇننى ئىجرا قىلىشتا كەڭ قوللىنىلىدۇ. ھەر دەرىجىلىك خەلق سوت مەھكىمىلىرى، ئەدلىيە، تەپتىش مەھكىمىلىرى سوت قىلىش، ئەرز قوبۇل قىلىش، ئېلان چىقىرىش، ھۆكۈم ئېلان قىلىش، كېسىم قىلىش ئىشلىرىدا، جىنايى ئەنزىلەرنى تەكشۈرۈپ تەھقىقلاشتا ئاپتونوم رايون دائىرىسىدە ئۇيغۇر يېزىقى خەنزۇ يېزىقى بىلەن باراۋەر يۈرگۈزۈلىدۇ، پۇقرالارنىڭ ھەر دەرىجىلىك ئەرز، شىكايەتلىرىنىڭ ئۇيغۇرچە يېزىلغانلىرى ئوخشاشلا قوبۇل قىلىنىدۇ.

4) ھازىرقى زامان ئۇيغۇر يېزىقى مائارىپتا كەڭ قوللىنىلىدۇ. ھەر دەرىجىلىك مەكتەپلەرنىڭ ئوقۇش ـ ئوقۇتۇش، ساۋات چىقىرىش، بىلىم ئاشۇرۇش قاتارلىق پائالىيەتلەرنىڭ ھەممىسىدە ئۇيغۇر يېزىقى كەڭ قوللىنىلىدۇ. بالىلار باغچىسىدىن تارتىپ ئالىي بىلىم يۇرتلىرىغىچە، ھەر دەرىجىلىك مەكتەپلەرنىڭ تەبىئىي، ئىجتىمائىي، تېخنىكا پەنلىرىنىڭ ھەممىسىدە ئۇيغۇر ئوقۇغۇچىلارغا ئۇيغۇر تىل ـ يېزىقىدا دەرس ئۆتۈلۈپ، دەرسلىك قوللانمىلىرىمۇ (ئايرىم مەخسۇس پەنلەردىن باشقىلىرىنىڭ) ئۇيغۇر يېزىقىدا نەشر قىلىنغاچقا، خەلقىمىزنىڭ پەن ـ مەدەنىيەت سەۋىيىسىنى، كەسپىي ئىقتىدارىنى ئۆستۈرۈشتە مۇھىم رول ئوينىماقتا.

5) ھازىرقى زامان ئۇيغۇر يېزىقى پوچتا ـ تېلېگراف ئىشلىرىدا كەڭ قوللىنىلىدۇ. خەلق ئاممىسىنىڭ پېرېۋوت، پوسۇلكا، تېلېگىرامما، خەت ـ ئالاقىلىرىدە ئۇيغۇر يېزىقى ئاپتونوم رايون دائىرىسىدە ھېچقانداق چەكلىمىگە ئۇچرىماستىن كەڭ قوللىنىلىدۇ.

6) ھازىرقى زامان ئۇيغۇر يېزىقى تەشۋىقات، تەلىم ـ تەربىيە ئىشلىرىدا كەڭ قوللىنىلىدۇ. پارتىيىمىزنىڭ فاڭجېن ـ سىياسەتلىرى، خەلق ھۆكۈمىتىمىزنىڭ قانۇن، ئەمىر ـ پەرمانلىرى، گېزىت ـ تېلېۋىزىيە، رادىئو تەشۋىقاتى، سىياسىي، نەزەرىيىۋى ژۇرناللار ۋە باشقا تەلىم ـ تەربىيە ۋاسىتىلىرى ئۇيغۇر تىل ـ يېزىقىدا تەشۋىق، تەلىم ـ تەربىيە ئىشلىرىنى ئېلىپ بارىدۇ.

ھازىر ئاپتونوم رايونىمىزدا ئۇيغۇر تىل ـ يېزىقىدا ھەر قايسى ساھەگە ئائىت كىتاب، ژۇرنال، دەرسلىك قوللانمىلارنى نەشر قىلىدىغان نەشرىيات ئورنى توققۇز، ئۇيغۇر تىل ـ يېزىقىدا نەشر قىلىنىپ ئاشكارا تارقىتىلىدىغان گېزىت 21 خىل، ئىچكى قىسىمدا تارقىتىلىدىغان گېزىت 25 خىل، ئاشكارا تار-

قىتىلىدىغان ژۇرنال 44 خىل، ئىچكى قىسىمدا تارقىتىلىدىغان ژۇرنال 64 خىل[②].

① بۇ يەردە كۆرسىتىلگەن سانلىق مەلۇماتلار شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى قۇرۇلغانلىقىنىڭ 40 يىللىقىغا بېغىشلاپ چىقىرىلغان رەسىملىك توپلامدىن ئېلىندى.
② بۇ يەردىكى گېزىت ـ ژۇرناللارنىڭ تىزىمى 1992 ـ يىلى 5 ـ ئايدا ئاپتونوم رايونلۇق نەشرىيات ئىدارىسىدىن ئېلىندى.

# تۇرپان ئاستانىدە يېڭى مائارىپنىڭ بارلىققا كېلىشى ۋە تەرەققىياتى

## مەخمۇت ئىلياس

ئاستانە يېزىسى تۇرپان بازىرىنىڭ 30 كىلومېتىر شەرقىدىگە، يالقۇنتاغنىڭ بەش كىلومېتىر جەنۇبىغا قايلاشقان، شەرق تەرىپى ئىدىقۇت خارابىسىگە تۇتىشىدۇ. يېزا ئاھالىسى ئاساسەن ئۇيغۇرلاردىن تەركىب تاپقان. 1950 ـ يىلىنىڭ ئالدى ـ كەينىدە يېزىدا 1000 ئائىلىلىك، 5500 نوپۇس بولغان. 1949 ـ يىلدىن ئىلگىرى ئاستانە يېزىسى ئەتراپىتىكى قوشنا يېزىلاردىن پەرقلىق ھالدا بىر مەمۇرىي بازار ھېسابلىناتتى، ئاھالىسى ئاساسەن دېھقانچىلىق بىلەن شۇغۇللىنىپ كەلگەن.

ئاستانىنىڭ يېڭىچە مائارىپى 1910 ـ يىلدىن كېيىن باشلانغان.

ئەينى يىللاردىكى يېزا بايلىرىدىن بولغان مۇھىتىلار جەمەتىنىڭ 2 ـ ئوغلى مەخسۇت مۇھىتى 1910 ـ يىلدىن باشلاپ تىجارەت ئىشى بىلەن چارروسىيەنىڭ شەمەي، قازان شەھەرلىرىگە بارىدۇ، ئۇ يەرلەردە يەرلىك زىيالىيلار بىلەن تونۇشىدۇ؛ ئۇلارنىڭ مەسلىھەت ۋە ئىلھام بېرىشى بىلەن مەخسۇت مۇھىتى ئۆز يۇرتىدا مەكتەپ ئېچىپ، ئاقارتىش ئىشلىرى بىلەن شۇغۇللىنىش قارارىغا كېلىدۇ. 1913 ـ يىلى مەخسۇت مۇھىتى قازانلىق تاتار زىيالىي ھەيدەر ئەپەندى سايرانىنى تەكلىپ قىلىپ ئاستانىگە ئېلىپ كېلىدۇ ۋە تېزدىن تۇتۇش قىلىپ بىر سىنىپلىق مەكتەپ ئاچىدۇ. بۇ مەكتەپ «مەكتەبى مەخسۇدىيە» دەپ ئاتىلىدۇ. بۇ شەرقىي شىنجاڭ تەۋەسىدىكى ئۇيغۇر تىلىدا دەرس ئۆتۈلىدىغان تۇنجى يەڭنىي مەكتەپ بولۇپ ھېسابلىنىدۇ.

بۇ مەكتەپتە ئاستانە، قاراغوجا يېزىلىرىدىكى ئوقۇغۇچىلاردىن باشقا يەنە تۇرپان بازىرى، ئۈرۈمچى، گۇچۇڭ، پىچان، لۈكچۈن قاتارلىق جايلاردىن كەلگەن ئوقۇغۇچىلارمۇ تەلىم ئالغان. بۇلار ئۈچ يىل ئوقۇپ 1917 ـ يىلى 1 ـ تۈركۈمدە ئوقۇش پۈتتۈرگەن.

بۇ ئۈچ يىل جەريانىدا مەخسۇت مۇھىتى ۋە ھەيدەر ئەپەندى يەرلىك مۇتەئەسسىپ كۈچلەرنىڭ قاتتىق قارشىلىقىغا، «جەدىت» نامى بىلەن قىلىغان تۆھمەت ـ ھاقارەتلىرىگە قارىماي، زور غەيرەت بىلەن ئىزچىل تىرىشىپ ئىشلىگەن. مەكتەپتە ئانا تىلى، ھېساب، جۇغراپىيە، تارىخ، تەبىئەت، ئەسىرى سائادەت (مۇھەممەت پەيغەمبەرنىڭ تەرجىمىھالى)، تەنتەربىيە، ناخشا قاتارلىق دەرسلەر ئۆتۈلگەن. مەكتەپتە ئابدۇرروسۇل قەييۇمى، دۆگامەت خۇدىيارى، قۇربان سەئىدى، ئابدۇللا پەرسا، ئاببىاس نەجىبى قاتارلىق 40 ئوقۇغۇچى تەلىم ئالغان.

1917 ـ يىلى ئۆكتەبىر ئىنقىلابى غەلىبە قازانغاندىن كېيىن، مەخسۇت مۇھىتى تىجارەت ۋە زىيارەت ئىشلىرى بىلەن موسكۋاغىچە بېرىپ ئۇ يەرلەردە يەنە بىر قىسىم زىيالىيلار بىلەن تونۇشقان. بۇ ۋاقىت دەل موسكۋا ئۇنىۋېرسىتېتىدا ئوقۇۋاتقان بىر تۈركۈم قازانلىق ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئوقۇش پۈتتۈرۈش مەزگىلى ئىدى، مەخسۇت مۇھىتى ئۇلارغا شىنجاڭغا بېرىپ ئوقۇتقۇچىلىق قىلىش تەكلىپىنى بەرگەن. ئۇلاردىن مۇھىببۇللا ھۇببۇلى، ئەلى ئىبراھىم، ھېسام باۋىن، شاھى شەرەپ، فەھمى ۋە گۈلەندەمدىن ئىبارەت ئالتە زىيالىي ئۆزىنى مەلۇم قىلىپ، مەخسۇت مۇھىتىنىڭ خىراجىتى بىلەن شىنجاڭغا كەلگەن. مەخسۇت مۇھىتى ئۇلاردىن ئۈچ كىشىنى ئۈرۈمچى، گۇچۇڭ ۋە چۆچەكلەرگە ئورۇنلاشتۇرغاندىن باشقا، ئەلى ئىبراھىمنى تۇرپان بازىرىغا، مۇھىببۇللا بىلەن گۈلەندەمنى ئاستانىغا ئورۇنلاشتۇرۇپ، 2 ـ قېتىملىق مەخسۇدىيە مەكتىپىنى تەشكىل قىلغان. مەخسۇت مۇھىتى مۇھىببۇللا ئەپەندى بىلەن گۈلەندەم ئاۋىستايىنىڭ تۇرمۇشىغا ئالاھىدە كۆڭۈل بۆل-

گەن، ئۇلارنى تۇرمۇش خىراجىتى بىلەن تەمىنلىگەن ھەمدە ئۇلارغا ئۆز ھويلىسىدا مەخسۇس ھۇجرا ئۆي جابدۇپ بەرگەن.

مەخسۇت مۇھىتى شۇ قېتىم يەنە ئاستانىدە بىر قىزلار سىنىپى تەشكىل قىلىشقا تىرىشقان بولسىمۇ، يەرلىك خەلقنىڭ قىزلىرىنى مەكتەپكە بېرىشنى خالىمىغانلىقى سەۋەبىدىن بۇ پىلانى ئەمەلگە ئاشمىغان. نەتىجىدە گۇلەندەم ئاۋىستاي كىچىك ھۇجرىدا مۇھىتىلار جەمەتىنىڭ قىز ۋە كېلىن ـ كوتىلىرىنىلا ئوقۇتۇش بىلەن چەكلەنگەن.

2 ـ قېتىملىق مەخسۇدىيە مەكتىپىنىڭ ئوقۇغۇچىلىرى ئوقۇتقۇچىغا ھەر ئايدا بىر سەر تەڭگە تۆلەپ تۇرغان، مەكتەپكە كېرەكلىك باشقا خىراجەتلەرنى مەخسۇت مۇھىتى ئۆز يېنىدىن چىقىم قىلغان.

مۇھىببۇللا ئەپەندى 1921 ـ يىلى كېسەل بىلەن ئاستانىدە ۋاپات بولغان (قەبرىسى ھازىر ئاستانە يېزىسىدىكى ئەلپەتاخان غوجام چوڭ قەبرىستانلىقىدا)، گۇلەندەم ئاۋىستاي ئوغلى پاتىخ بىلەن تۇل قالغاندىن كېيىن، يەنە بىر مەزگىل ئىشلەپ، 1922 ـ يىلى ئۇرۇمچى ئارقىلىق چۆچەككە كەتكەن، چۆچەكتە تاكى 1955 ـ يىلغىچە ئوقۇتقۇچىلىق قىلغان.

مۇھىببۇللا ئەپەندىنىڭ ۋاپاتىدىن كېيىن، يەنى 1923 ـ يىلى مەخسۇت مۇھىتىنىڭ ئاغىسى موسۇل ھاجى ئۇرۇمچىدە تۇرۇۋاتقان مەخسۇدىيە مەكتىپىنىڭ ئاستانىلىق تۇنجى قارار ئوقۇغۇچىسى ئاباس نەجىبىنى تەكلىپ قىلىپ ئەكېلىپ، ئاستانىدە بىر سىنىپلىق مەكتەپ ئاچقان. ئىككى يىلدىن كېيىن بۇ مەكتەپ تاقىلىپ كەتكەن.

ئايرىم كىشىلەرنىڭ مەلۇمات بېرىشىچە، ئەڭ دەسلەپ 1911 ـ يىلى ھۆكۈمەت تەرەپ ئاستانىدە خەنزۇ تىلىدا ئوقۇتۇلىدىغان بىر سىنىپلىق مەكتەپ تەشكىل قىلغانىكەن. ئۇ كىشىلەرنىڭ ئېيتىشىچە بۇ مەكتەپ «شۆتاڭ» دەپ ئاتالغان، ھەر بىر مەھەللىدىن بىردىن بالا مەجبۇرىي ئوقۇغۇچىلىققا قوبۇل قىلىنغان؛ مەشىق (مەڭلىك شېيخ) ئاكا دېگەن كىشى ئوقۇتقۇ-

چى بولغان. ئوقۇغۇچىلارنىڭ كىيىم ـ كېچەكلىرى پۈتۈنلەي خەنزۇچە پاسوندا بولۇپ، ئۇلارغا ئۇزۇن بىر تال چاچ قويدۇرۇلۇپ بېشىغا پۆپۈكلۈك قارا دوپپا، ئۇچىسىغا ئۇزۇن قارا چاپان كىيدۇرۇلگەن. مەكتەپ تۇڭچى (تەرجىمان) يېتىشتۈرۈشنى مەقسەت قىلغان. بۇ مەكتەپتە كېرەمشاھ تۇڭچى، ئابدۇل بوساق، هوشۇر پۇرچاق، روزى شېيخ، مۇخپۇل خەلىپە قاتارلىق 40 ئوقۇغۇچى ئىككى يىل ئوقۇپ ئۈزلۈكسىز تارقىلىپ كەتكەن. بەزى كىشىلەر بۇ مەكتەپنى تۇرپان بازىرىدا ئېچىلغان دېيىشىدۇ؛ ئۇندىن باشقا بۇ مەكتەپنى دەسلەپ ئاستانىدە ئېچىلىپ كېيىن تۇرپان بازىرىغا يۆتكەپ كېتىلگەن دېگۈچىلەرمۇ بار.

1930 ـ يىللىرى ئاستانىدە مائارىپ ئىشلىرى ئومۇملىشىشقا قاراپ يۈزلەنگەن.

1931 ـ يىلى مەخسۇت مۇھىتىنىڭ تەشەببۇسى بىلەن تۇنجى قارار مەخسۇدىيە مەكتىپىنىڭ ئوقۇغۇچىلىرىدىن بولغان ئاستانىلىق كىشىلەردىن ئابدۇروسۇل قەييۇمى، دۇگامەت خۇدىيارىلارنىڭ ئوقۇتقۇچىلىقىدا ئاستانىدە بىر سىنىپلىق مەكتەپ ئېچىلغان، شۇنىڭ بىلەن ئاستانىدە سىرتتىن ئوقۇتقۇچى تەكلىپ قىلىش تارىخىغا خاتىمە بېرىلگەن. بۇ مەكتەپتە ئوقۇغان ئوقۇغۇچىلار 1950 ـ يىللاردىن كېيىن شىنجاڭنىڭ جاي ـ جايلىرىدا مۇھىم خىزمەتلەرنى ئىشلىگەن. بۇ مەكتەپتە ئابلىز شېرىپى، ئىسمائىل هېۋزۇللا، ئەيسا نىياز، ئابلىمىت مۇھىتى، ئابدۇراھمان مۇھىتى، قادىر ھەسەن قاتارلىقلار ئوقۇغان.

1931 ـ يىلى مەخسۇت مۇھىتى ئۆز ئوغلى ئەنۋەر بىلەن قېيىنئىنىسى قاسىم پەرسانى تۆگە كارۋىنىغا قوشۇپ تيەنجىنگە ئوقۇشقا ماڭدۇرغان. بۇ ئىككىيلەننى بىلىم ئېلىش ئۈچۈن ئاستانىدىن تۇنجى بولۇپ چوڭ شەھەرلەرگە ماڭغان كىشى دەپ ھېسابلاشقا بولىدۇ. لېكىن ئۇلار تيەنجىنگە يېتىپ بارالمىغان، لەنجۇغا يېتىپ بارغاندا ماجۇڭيىڭ ئۇلارنى سارايدىن ئىزدەپ تېپىپ ئۆزىنىڭ شىنجاڭغا چىقىش سەپىرىدە قومۇلغا قايتۇرۇپ

كېلىپ خوجىنىياز ھاجىغا تاپشۇرۇپ بەرگەن.
1932 ـ يىلى ئاستانىدە دېھقانلار قوزغىلىڭى كۆتۈرۈلگەندە مەخسۇدىيە مەكتىپىنىڭ ئاخىرقى قارار (1931 ـ يىللىق) ئوقۇغۇچىلىرىنىڭ ئاساسىي قىسمى مەھمۇت مۇھىتىغا ئەگىشىپ قەشقەرگە كەتكەن، 1934 ـ يىلى بۇ ئوقۇغۇچىلاردىن 20 سى تاشكەنتتىكى ئوتتۇرا ئاسىيا دۆلەت دارىلفۇنۇنىغا ۋە باشقا مەكتەپلەرگە ئوقۇشقا بارغان.
ئاپرېل ئۆزگىرىشىدىن كېيىن، 1934 ـ يىلى مەھمۇت مۇھىتىنىڭ تەشەببۇسى بىلەن ئاستانىدە قايتىدىن بىر سىنىپلىق مەكتەپ تەشكىل قىلىنغان؛ ئوقۇتقۇچىلىقنى دۆگامەت خۇدىيارى ئۈستىگە ئالغان. بۇ چاغدا مەخسۇت مۇھىتى ۋاپات بولغان، مەھمۇت مۇھىتى بىلەن موسۇل ھاجى مۇھىتىلار قەشقەردە تۇرۇۋاتقان بولغاچقا، مەكتەپ خىراجىتىنى ۋە ئوقۇتقۇچىلارنىڭ ئىش ھەققىنى مۇھىتىلارنىڭ ئىگىلىك باشقۇرغۇچىسى ئابدۇللا پەرسا (مەخسۇت مۇھىتىنىڭ قېيىنئىنىسى) تەمىنلەپ تۇرغان؛ شۇ چاغدا يەنە ئاستانىدە ئۇيغۇر ئۇيۇشمىسى تەرىپىدىن 1935 ـ يىلى تەشكىل قىلىنغان بىر سىنىپلىق مەكتەپ بار ئىدى، 1935 ـ يىلىنىڭ ئاخىرى 1936 ـ يىلىنىڭ بېشىدا دۆگامەت ئەپەندىنىڭ سىنىپى ئۇيغۇر ئۇيۇشمىسىغا ئۆتكۈزۈپ بېرىلگەن. شۇنىڭدىن باشلاپ ئاستانىدە ئالتە يىللىق ئوقۇش تۈزۈمى ئومۇميۈزلۈك يولغا قويۇلغان (ئالتە يىللىق ئوقۇش تۈزۈمىدە 1 ـ سىنىپتىن 4 ـ سىنىپقىچە «ئىپتىدائىي سىنىپ»، 5 ـ، 6 ـ سىنىپلار «رۇشتى سىنىپ» دەپ ئاتالغان). مۇشۇ چاغدا ئىمىر خوجا، تۇرسۇن ۋاھىدى قاتارلىق بىرقىسىم ئوقۇتقۇچىلار يېڭىدىن سەپكە قوشۇلغان.
1934 ـ يىلى ئاستانىدە بەش قىشلاق بىۋاسىتە تارماق ئۇيغۇر ئۇيۇشمىسى قۇرۇلۇپ، مائارىپ ئىشلىرىنىڭ تەرەققىياتى ئۈچۈن ياخشى ئاساس سېلىنغان، ئالتە يىللىق تۈزۈمدىكى مەكتەپنىڭ سىنىپ سانى تەدرىجىي كۆپىيىپ بارغان. 1936 ـ يىلى ئاستانىدە ئىككى سىنىپلىق تۇنجى قىزلار مەكتىپى تەش-

كىل قىلىنىپ، قىزلار مەكتەپتە ئوقۇمايدىغان تارىخقا خاتىمە بېرىلگەن. قىزلار مەكتىپىنىڭ ئورنى ئابدۇروسۇل قەييۇمنىڭ قورۇسىدا بولۇپ، ئۇلارغا گۇلەندەم ئاۋىستاينىڭ ئوقۇغۇچىلىرىدىن بولغان مەخسۇت مۇھىتىنىڭ قىزى پاتەمخان، ئابدۇروسۇل قەييۇمنىڭ ئايالى ئايشەمخانلار ئوقۇتقۇچى بولغان؛ ئوقۇغۇچىسى 60 قا يەتكەن.

مائارىپ ئىشلىرىنىڭ تەرەققىياتىغا ئەگىشىپ ئاستانە، جۇملىدىن تۇرپان تەۋەسىدە ئوقۇتقۇچى يېتىشمەسلىك جىددىي مەسىلە بولۇپ قالغان. 1937 - يىلى تۇرپان ناھىيىلىك ئۇيغۇر مەدەنىي ئاقارتىش ئۇيۇشمىسىنىڭ يېتەكچىلىكىدە، ئاستانە بىۋاستە تارماق ئۇيۇشمىسىنىڭ باشقۇرۇشى بىلەن ئاستانىدە قىسقا مۇددەتلىك ئوقۇتقۇچى يېتىشتۈرۈش كۇرسى ئېچىلغان. كۇرسقا تۇرپان، پىچان، توقسۇندىن بولۇپ 50 ئوقۇغۇچى قاتناشقان. كۇرس ئوقۇتقۇچىلىقىنى دۇگامەت خۇدىيارى، ئابدۇروسۇل قەييۇمى، ئابدۇرېھىم توختىنىياز ئەپەندىلەر ئۈستىگە ئالغان. كۇرس خىراجىتى ۋە ئوقۇغۇچىلارنىڭ راسخوتىنى ئۇيغۇر ئۇيۇشمىسى تەمىنلىگەن، كۇرس تاماملانغاندا كۇرسانتلار تۇرپان، توقسۇن، پىچاندىن ئىبارەت ئۈچ يۇرتقا تەقسىملىنىپ ئوقۇتقۇچىلىق قىلغان.

ئوقۇتقۇچى يېتىشمەسلىك مەسىلىسى ھەل قىلىنغاندىن كېيىن، ئاستانە تارماق ئۇيغۇر ئۇيۇشمىسى بەش قىشلاق تەۋەسىدە تارقاق ھالدا مەكتەپ ئاچقان. شۇ چاغدا سىنىپ سانى تەدرىجىي كۆپىيىپ 32 گە يەتكەن. مەكتەپلەرنىڭ خىراجىتى ئۇيغۇر ئۇيۇشمىسى تەرىپىدىن بېرىلگەن. ئوقۇتقۇچىلارنىڭ ئىش ھەققى ئۈچۈن ھەر ئايدا ئىككى - ئۈچ كۇرە بۇغداي ۋە مەلۇم ئۆلچەمدە پۇل بېرىلگەن.

1935 - يىلى خوجىنىياز ھاجىنىڭ تەشەببۇسى بىلەن ئاستانىدە بىر خەنزۇچە ئوقۇتۇش سىنىپى ئېچىلغان، پىچان تۇيۇقلۇق ساۋۇت شاڭيۇرى دېگەن كىشى ئوقۇتقۇچى بولغان (كىشىلەر بۇ ئادەمنى «ساۋۇت لوسى» دەپ ئاتاشقانىكەن، ئۇ تۇ-

يوقتا ئۆيلۈك ـ ئوچاقلىق بولۇپ تۇرۇپ قالغان شاڭ فامىلە-لىك گۆرۈكەش خەنزۇ كىشىنىڭ ئوغلى بولۇپ، ئاپىسى تۇيغۇق-لۇق ئۇيغۇر ئايال). خەنزۇچە ئوقۇتۇش سىنىپىنىڭ خىراجىتى-نى بىر يىلغىچە خوجانىياز ھاجى ئۆز يېنىدىن بېرىپ تۇرغان، كېيىن بۇ سىنىپ ھۆكۈمەت تەمىناتىغا ئۆتكەن. 1939 ـ يىلغا كەلگەندە خەنزۇچە ئوقۇتۇش توختىتىلىپ، بۇ سىنىپنىڭ ئو-قۇغۇچىلىرى ئۇيغۇر تىلىدا دەرس ئۆتۈلىدىغان سىنىپقا قوشۇ-ۋېتىلگەن. 1936 ـ يىلىدىن كېيىن ئاستانىدە شەخسلەرنىڭ مەكتەپ ئېچىش ئىشى ئاخىرلاشقان.

ئۇيغۇر ئۇيۇشمىسى قارىمىقىدىكى مەكتەپتە ئوقۇغان تۇنجى قارار ئوقۇغۇچىلار 1940 ـ يىلى ئوقۇش پۈتتۈرگەندىن كې-يىن، ئۇلارنىڭ 1 ـ تۈركۈمى ئۈرۈمچىگە ئوقۇشقا ماڭغان. بۇ مەكتەپتە ئوقۇغان يېشى چوڭراق ئوقۇغۇچىلار 1940 ـ يىلدىن بۇرۇنلا ئۈرۈمچىدىكى تېخنىكوم، دارىلمۇئەللىمىن قاتارلىق مەكتەپلەرگە بېرىپ ئوقۇغان. شۇ چاغدا ئابلىمىت شېرىپى، رەجەپ توختى، كارامەت ئىسلام، ئەيسا يۈسۈپ، يۈسۈپ ئىلياس قاتارلىقلار ئوقۇغان.

1935 ـ يىلدىن كېيىن ئېچىلغان سىنىپلاردا ئاساسلىقى قازان ۋە ئۇفالاردا بېسىلغان پەننىي ۋە دىنىي كىتابلار دەرس-لىك قىلىپ ئىشلىتىلگەن بولۇپ، تىل ـ ئەدەبىيات، ئىلمى ھال (دىن دەرسى)، ھېساب، جۇغراپىيە، تەبىئەت، ناباتات (بوتا-نىكا)، تارىخ، ئەسىرى سائادەت، ئەششىپائىيە (ئەرەب تىلى دەرسى)، تەنتەربىيە، ناخشا ۋە رەسىم قاتارلىق دەرسلەر ئۆتۈل-گەن. مەكتەپلەردە يىللىق ئىمتىھان ئاتا ـ ئانىلارنىڭ قاتنى-شىشى بىلەن ئېغىزچە ئېلىنغان. ئوقۇغۇچىلار يېزا مۆتىۋەرلى-رى قاتناشقان ئوچۇق سورۇندا چەك تارتىپ چەكتىكى سو-ئاللارغا ئوقۇتقۇچى ۋە ئاتا ـ ئانىلارنىڭ ئالدىدا جاۋاب بەرگەن. نەتىجىسى ياخشى ئوقۇغۇچىلارغا ئۇيۇشما مۇكاپات بەرگەندىن باشقا يەنە سودىگەر، بايلارمۇ سوۋغا تەقدىم قىلغان. ئىمتىھان مەزگىلىدە ئاتا ـ ئانىلار ئۆزلىرىنىڭ ئىقتىسادىي ئەھۋالىغا

قاراپ ئوقۇتقۇچىلارغا ھەر خىل كېيىملىك رەختلەرنى سوۋغا قىلغان.

1937 ـ يىلغىچە ئېچىلغان مەكتەپ ئۆيلىرى، ئاساسلىقى شەخسلەرنىڭ قورۇلىرىدا بولغان. مەخمۇت مۇھىتىنىڭ قورۇسى يېنىدا ئىككى قەۋەتلىك كۆپ ھۇجرىلىق مۇكەممەل بىر مەدرىسە مەكتىپىنىڭ ئۆيلىرى بار ئىدى. بۇ مەكتەپنى تاشكەنتتىن شىنجاڭغا كېلىپ تىجارەت بىلەن بېيىغان مەرىپەتپەرۋەر زات ـــ مەنسۇرجان باي 1922 ـ يىللىرى سالدۇرغان بولسىمۇ، مەدرىسە مەكتىپى بىلەن مەسچىت بىر تۇتاش ھالدا بىر قورشاۋ تامنىڭ ئىچىدە بولغانلىقتىن، ئوقۇتۇش ئىشلىرى ئۇچۇن ئىشلىتىلمەي كەلگەن. ئۇنىڭدىن باشقا بۇ مەدرىسىدە مەيدان بولمىغاچقا، ئوقۇغۇچىلارنىڭ مەدەنىي پائالىيەتلەر بىلەن شۇغۇللىنىشىغا ئىمكانىيەت بولمىغان.

1937 ـ يىلى ئاستانە ساقچىخانىسىنىڭ باشلىقى، قوشۇمچە ئۇيۇشما رەئىسى ھەسەن ئەلىيېفنىڭ تەشەببۇسى بىلەن ئاستانىدە (ھازىرقى مەركىزىي باشلانغۇچ مەكتەپنىڭ ئورنىدا) سەككىز سىنىپلىق مۇنتىزىم مەكتەپ قۇرۇلغان. مۇشۇ چاغدا سىنىپلارنى سېلىشتا بىر باي بىر سىنىپ سېلىپ بېرىش چارىسى قوللىنىلغان. مەكتەپ پۈتكەندىن كېيىن مۇنتىزىم مەكتەپ تۈزۈمى شەكىللەنگەن. شۇ چاغدا قۇرۇلغان بۇ مەكتەپ ۋە ئۇنىڭ بارلىق ئۆي ـ مۇئەسسەسلىرى تاكى 1982 ـ يىلغىچە، يەنى سىنىپ تاملىرىغا دەز كەتكەنگە قەدەر ئىزچىل ئىشلىتىپ كېلىنگەن (1982 ـــ 1984 ـ يىللىرى بۇ مەكتەپ خىشتىن قايتا سېلىندى).

1940 ـ يىللارنىڭ باشلىرىدا مائارىپ ئىشلىرى روناق تاپقان، ئوقۇغۇچى سانىمۇ بارغانسېرى كۆپەيگەن. ئوقۇتقۇچىلار مەكتەپتە كۈندۈزى بالىلارنى تەربىيىلىسە، كەچلىكى چوڭلارنىڭ ساۋاتىنى چىقارغان. مەكتەپ قورۇسى ئىچىدە مۇقىم ۋاسكېتبول گارى ۋە تورنىك قاتارلىق تەنتەربىيە مۇئەسسەسلىرى بولۇپ، بۇ جاي ئوقۇغۇچىلار ھەم چوڭلارنىڭ ھەر خىل تەنتەربى-

يه پائالىيەتلىرى بىلەن شۇغۇللىنىدىغان مەركىزىي سورۇنى بولۇپ قالغان. بۇ مەكتەپتە يەنە ئەپچىل بىر تىياتىر سەھنىسى ياسالغان، بۇ سەھنە ئۆزىنىڭ گىرىمخانىسى ۋە سىنىپ ئۆيلىرى بىلەن قورشالغان بولۇپ، ئۈستى ئوچۇق كۇلۇب شەكلىنى ئال-غان. بۇ سەھنىدە ئوقۇتقۇچىلار ۋە ئۇيۇشما خادىملىرىدىن تەشكىللەنگەن «سانايى نەفىسە» ھەر خىل كونسېرت، كومېدىيە، دراممىلارنى ئويناپ تۇرغان. بۇ پائالىيەتلەرنىڭ ھەممىسىنى ئا-دەتتە ئۇيغۇر ئۇيۇشمىسى مەسئۇل بولۇپ تەشكىللىگەن، مائارىپ ۋە مەدەنىي پائالىيەت چىقىملىرىنى ئۇيغۇر ئۇيۇشمىسى خەلق-تىن ئۆشرە ـ زاكات يىغىش، ئىئانە توپلاش، قۇربانلىق قوينىڭ ئۆچەي، تېرىلىرىنى يىغىش قاتارلىق ئۇسۇللار ئارقىلىق ھەل قىلغان.

ئەينى يىللاردا مەكتەپتە ئىشلىتىلىدىغان بورنى ئوقۇتقۇ-چىلار تاغدىن سىگىرتاش ئەكەلدۈرۈپ ئۆزلىرى ياسىغان. ئوقۇ-غۇچىلارنىڭ ئوقۇش قوراللىرى سامان قەغەز، تاشتاختا، قېر-رىنداش قاتارلىقلاردىن ئىبارەت بولغان.

مەدەنىيەت ـ ئاقارتىش ئىشلىرىنىڭ تەرەققىيات ئېھتىيا-جىغا ماسلىشىش ئۈچۈن ئاستانىدە كۇلۇب سېلىشقا توغرا كەلگەچكە، ئاستانە ئۇيغۇر ئۇيۇشمىسى مۇناسىۋەتلىك ئورۇنلار-نىڭ تەستىقى بىلەن كۇلۇب سېلىش ئۈچۈن، مەكتەپكە ئاراتام بولغان ئاستانە مەركىزىي مەدرىسىنىڭ چەتتىكى كونا ئۆيلىرد-نى چېقىشقا كىرىشكەن. ئەمما تۇرپان ناھىيىلىك ساقچى ئىدا-رىسىنىڭ باشلىقى گونىڭ قۇترىتىشى بىلەن ئاستانىدىكى بىر نەچچە كىشى بىرلىشىپ ئاستانە ئاخۇنىنىڭ مۆھۈرىنى باستۇ-رۇپ يۇقىرىغا ئەرز سۇنغان. نەتىجىدە شېڭ شىسەينىڭ كۆر-سەتمىسى بىلەن گوجۇيجاڭ 1940 ـ يىلى ئاۋغۇستتا ئۇيۇشما رەئىسى ھەسەن ئەلىيېف، باش كاتىپ ئابدۇلېتىپ باقى، مەدە-نىيەت ـ مائارىپ بۆلۈمىنىڭ باشلىقى قاسىم ھابىللارنى قولغا ئالغان، ئۇلار شۇ كەتكەنچە شېڭ شىسەينىڭ تۈرمىسىدە يوقالغان.

شۇ چاغدا ئاستانىدە ئەسلىدىكى قىزلار سىنىپى ئاساسىدا قۇرۇلغان بىر مۇنتىزىم قىزلار مەكتىپى بار بولۇپ، بۇ مەكتەپكە 1944 ـ يىلى ئۇرۇمچىدىن ئەخلىمە، مۇنەۋۋەر، مۇبارەك قاتارلىق ئوقۇتقۇچىلار كەلگەن. ئۇلار قىز ئوقۇغۇچىلارغا رەشىلىيە ئىشلەش، كەشتە بېسىش، تور توقۇش، تىككۈچىلىك قاتارلىق قول ئىشلىرىنى ئۆگەتكەن. قول ئىشلىرىنى ئۆگىتىش ۋە ئوقۇتۇش ئىشلىرىغا يەنە شۇ چاغلاردا ئاستانىدە تۇرۇۋاتقان رەشىدە خانىم (بۇرھان شەھىدىنىڭ ئايالى)مۇ يېقىندىن ياردەمدە بولغان.

1944 ـ يىلى ۋۇ جۇڭشىن تەختتىن چىققاندىن كېيىن بازار باھاسى قالايمىقانلىشىپ پۇل پاخاللىقى ئېغىرلىشىپ كەتكەن، خىيانەتچىلىك كۈچىيىپ، ئوقۇتقۇچىلار ئۆز ئىش ھەققى بىلەن تۇرمۇش كەچۈرەلمەيدىغان ھالغا چۈشۈپ قالغان. مەسىلەن: بىتىم يىللىرى يەكەن گارنىزونىنىڭ قوماندانى جۇ فاڭگاڭ تەرىپىدىن قەتلى قىلىنغان، ل. مۇتەللىپنىڭ ئۇرۇمچى دارىلمۇئەللىمىندىكى ساۋاقدىشى ئەنۋەر يۇسۇپ ئەينى چاغدا ئاستانىدە ئوقۇتقۇچى ۋە مەكتەپ مۇدىرى بولۇپ ئىشلىگەن. ئۇ، ئەتىگەندە مەكتەپتە دەرس ئۆتسە، چۈشتىن كېيىن تويلاردا ناغرا چېلىپ، كاۋاپ سېتىپ، كەچتە بۆز توقۇپ كۈنىنى تەستە ئۆتكۈزگەن. مائارىپ ئىشلىرى چېكىنىشكە باشلىغان. ۋۇجۇڭشىن دەۋرىدىكى پۇل پاخاللىقى مەسئۇت سەبرى رەئىس بولغان چاغلاردىمۇ داۋام قىلغان. ئوقۇتقۇچىلار بىرنەچچە ئايدا بىر قېتىم ئىش ھەققى ئالالىغان. ئاستانە مەكتەپىنىڭ كاسسىرى ئابدۇرازاق نىيازى ناھىيىلىك ھۆكۈمەتكە توققۇز نەپەر ئوقۇتقۇچىنىڭ ئۈچ ئايلىق ئىش ھەققىنى ئالغىلى بېرىپ، بانكىدىن پۇل ئالغاندىن كېيىن، پۇلنى كۆتۈرەلمەي مەپە كىرا قىلىپ تۇرپان بازىرى يېڭىشەھەردىن كوناشەھەرگە ئېلىپ كەلگەن، كىرا ھەققىنى تۆلەپ بولغاندىن كېيىن ئاشقان پۇلغا خورجۇننىڭ بىر تەرىپىگە سوپۇن، يەنە بىر تەرىپىگە پىنتوزا ئېلىپ

كېلىپ ئوقۇتقۇچىلارغا تارقىتىپ بەرگەن. مەكتەپ ئىشچىسى تاشپولاتنىڭ ئۈچ ئايلىق ئىش ھەققى 30 مىليون دوللارغا ئاران بىر بولاق سەرەڭگە كەلگەن. ئوقۇتقۇچى سايىتقا بىر ئاي-لىق ئىش ھەققى ئۈچۈن بىر سوگەن (ئېشەككە ئارتىلىدىغان قوش سېۋەت) پۇل كەلگەن بولسىمۇ، ئەمما بۇ پۇلغا بىر سوگەن كۆمۈر كەلمىگەن (كۆمۈرچىگە بىر سوگەن پۇلنى بەرگەندە كۆ-مۈرچى پۇلنى ئالماي كۆمۈرنى قايتۇرۇۋالغان).

1949 - يىلىغا كەلگەندە ئاستانىدە ئوغۇللار ۋە قىزلار مەكتەپلىرىنىڭ ھەربىرىدە يەتتىدىن سىنىپ بار بولۇپ، ئوغۇل ئوقۇغۇچى 290 گە، قىز ئوقۇغۇچى 270 كە يەتكەن. 1952 - يىلىغا كەلگەندە قىز - ئوغۇللار بىر مەكتەپتە ئوقۇيدىغان بول-غان، مەكتەپ «ئاستانە مەركىزىي مەكتەپ» دەپ ئاتالغان.

بۇ ماقالىنى يېزىشتا پېشقەدەم مائارىپچى، ئۇستازىم مۇ-قىيىت شېرىپى مېنى ئاساسىي ماتېرىيال بىلەن تەمىنلىدى. مۇقىيىت شېرىپى 1939 - يىلدىن بېرى ئاستانىدە ئۇيغۇر ئو-يۇشمىسى ۋە مەكتەپلەردە مەدەنىيەت - مائارىپ ئىشلىرى بىلەن تاكى 1983 - يىلغىچە شۇغۇللانغان، 10 نەچچە يىل ئاستانە مەكتىپىنىڭ مۇدىرى بولغان.

# «تارىخى شاھرۇخى»دىكى شىنجاڭغا دائىر مەلۇماتلار

قۇربان تۇران

چوڭ ـ كىچىك خوجىلار ئىسيانى تىنچىتىلغاندىن كېيىن، مەركىزىي ئاسىيا سەھنىسىدە چىڭ سۇلالىسى بىلەن ئۇزەڭگە سوقۇشتۇرغىنى قوقان خانلىقى بولدى. قوقان خانلىقى ئۆزىنىڭ پەۋقۇلئاددە جۇغراپىيىلىك ئالاھىدىلىكى، شۇنداقلا سىياسىي،ئىقتىسادىي، ھەربىي كۈچىنىڭ زورىيىشى بىلەن ھەدەپ جەنۇبىي شىنجاڭغا كۆز تىكىپ كەلدى. بولۇپمۇ ئالىمخاندىن كېيىن قوقان تەختىگە چىققان ھەر قايسى خانلار پۇرسەت بولسىلا قوشۇن تارتىپ قەشقەرنى تالان ـ تاراج قىلدى. مانا مۇشۇ سىياسىي ۋەقەلەرنىڭ ھەممىسى تارىخشۇناس نىياز مۇھەممەد قوقاندىنىڭ پارس تىلىدا يېزىلغان «تارىخىي شاھرۇخىي» ناملىق ئەسىرىدە ئۆز ئىپادىسىنى تاپتى. قوقان خانلىقى بىلەن شىنجاڭ ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەتنى ۋە ئەينى دەۋردىكى جەنۇبىي شىنجاڭ ۋەزىيىتىنى چۈشىنىش ۋە تەتقىق قىلىشتا مەزكۇر ئەسەر ئالاھىدە ئەھمىيەتلىك مەلۇماتلارنى بېرىدۇ. مەن ئەسەرنىڭ پادىشاھ تۇسوف تەرىپىدىن قازاندا نەشر قىلىنغان پارسچە ۋە رۇسچە تەرجىمە نۇسخىلىرىغا ئاساسلىنىپ كىتابتىكى شىنجاڭغا دائىر بەزى مەلۇماتلارنى تونۇشتۇرىمەن.

ئەسەردە قوقان ھۆكۈمرانى ئالىمخان (مۇھەممەد ئەلىخان، ئۆمەرخان، مەدەلىخان دەپمۇ ئاتىلىدۇ) نىڭ 1810 ـ يىلى جەنۇبىي قازاق دالاسىغا ھەربىي يۈرۈش قىلىشتىن بۇرۇنقى ئەھۋالى بايان قىلىنىپ مۇنداق دېيىلىدۇ: «... ئەۋلادىن ئەۋلادقا چىن خاقانى ۋە ماچىن خانىغا خىزمەت قىلىپ كەلگەن قەشقەرىيىدىكى

يەتتە شەھەرنىڭ ھۆكۈمرانلىرى ئۆزلىرىنىڭ باستۇرۇپ كېلىند-
گەنلىكىنى ئۇنتۇپ، ئالىمخاننىڭ بۇيرۇقلىرىغا باش ئەگكىنىچە
قول قوشتۇرۇپ تۇردى: قۇللارغا ئوخشاش (ئالىمخاننىڭ) قاتتىق
بۇيرۇقىدىن باش تارتمىدى؛ شۇنداقلا بارلىق ئەنجانلىقلار بىلەن
قەشقەرىيەدىكى بارلىق ئاھالىلەرنى باشقۇرۇش ھوقۇقىنى (ئا-
لىمخانغا) ئۆتكۈزۈپ بەردى. ئۇندىن سىرت، بۇ يەتتە شەھەرنىڭ
ھۆكۈمرانلىرى ھەر يىلى دېگۈدەك ئەشۇ شەھەرلەرنىڭ ۋالىيلىرى
بىلەن بىللە ۋەكالەتچىلىرىنى قوشۇپ ئەۋەتىپ، يەتتە شەھەرنىڭ
تۆلىگەن خىراجلىرىنى يەتكۈزۈپ تۇردى... كەشمىر چېگرىسىدىن
ئۆرگەنچ ۋادىسىغىچە ۋە ئۇ يەردىن قومۇلغىچە بولغان زېمىندا ئا-
لىمخاننىڭ دۈشمەنلىرى قالمىدى».[1]

ئالىمخاننىڭ 8 - يىلى (1830 - يىلى) ئەيسابەگ ئەنجانى
قوقاننىڭ مىختارى[2] بولۇپ تەيىنلەندى. شۇ ۋەقەلەر بايان قى-
لىنغان بەتلەردە مۇنداق دېيىلىدۇ: «... جاھانگىر خوجىنىڭ نەچ-
چە مىڭ قەشقەرلىك ۋە قوقانلىق كىشىلەر بىلەن قەشقەرىيەگە
چىقىشى مۇشۇ يىلى يۈز بەردى[3]. ئالىمخاننىڭ 9 - يىلى ئەيسا-
بەگ مىختارىنىڭ قەشقەرىيەگە قېچىش ۋەقەسى يۈز بەردى. جا-
ھانگىر خوجا قەشقەر ئەتراپىنى ئۆزىگە تەۋە قىلىپ، دىنسىزلار
شەھىرىنى ئېلىش ئۈچۈن مۇھاسىرە ئېلىپ بېرىۋاتقاندا، ئالىم-
خاننىڭ غەيرىتى ئۆرلەپ، تومۇرى قايناپ دۆلەت ئەركانلىرى بى-
لەن غازات ئۇرۇشى ھەققىدە كېڭەش ئۆتكۈزدى ۋە مۇنداق دېدى:
سۇلتانلىق سەلتەنىتىمىز ۋە خانلىق شان - شەۋكىتىمىز بىلەن
(قەشقەرىيەدىكى ۋەقەلەرگە قارىتا) سۇسلۇق ۋە غەپلەتتە بولساق،
قەشقەرىيەدىكى شان - شەرەپ ۋە ھۆكۈمرانلىق قولدىن كېتىدۇ.
ئابرۇيسىز بىر خوجىنىڭ تۆت توك - توك كاللا كېسەرلەر بىلەن
قەشقەر شەھىرىنى مۇھاسىرە قىلىپ، شەھەر ئالماق دەۋاسى قى-
لىشى تولىمۇ مۇشكۈلدۇر. قېنى سىلەر دانا پىكىرىڭلارنى ئوتتۇ-
رىغا قويۇپ بېقىڭلار. ئۇلار ئېيتتىكى: (بەخت دەرۋازىسىنى ئاچ-
قۇچى) شەپقەتلىك ئاللا، پادىشاھلىقنى كىم خالىسا، شۇنىڭغا

بەرگــەن، دېگەن، نـاۋادا ئۇلارنىڭ پېشانىسىگە زەپەر پۈتۈلگـەن بولسا، دىنسىزلارنىڭ قەشقەردە ئۇزاق يىللاردىن بېرى توپلىغـان خەزىنىلىرى ئەشۇ دىۋانىلەرنىڭ قولىغا چۈشۈپ كېتىۈر ۋە قايتـا چىقماس. خاقانى چىن بولسا كاتتا پادىشاھ، ئەلھال بۇنىڭغا قاراپ تۇرامدۇ؟ خاقانى چىن لەشكەر ئەۋەتكۈسىدۇر، بۇ دىۋانىلەر جەز-مەن ھالاك بولۇر، شۇنداقلا ئىسلام دىيارىنىڭ خەزىنىلىرى يوقى-لىپ كېتۇر. جاھانگىرخوجا يۇرتنى ساقلىماستىن ئاجىز كې-لىپ، دىنسىز چېرىكلەر غالىبىيەت تەختىگە چىققاندا نائىلاج قېچىپ كېلۇر. ئۇ چاغدا دىنسىزلار ئەلـﯟەتتە بىزدىن سوروشتـە قىلغۇسى. شۇڭا مەسلىھەتىمىز ئوبدىنى غالىپ قوشۇنىمىزنى قەشقەرگە ئەۋەتىش ۋە ئۇنى سۇلتانىمىزنىڭ تەختى ئاستىدىكى ھاكىمىيەتكە ئايلاندۇرۇش. مەقسىتىمىزگە يېتەلىسەك تېخى ياخشى، يېتەلمىسەك غازات ساۋابىنى تاپقايمىز... شۇنداق قىلىپ قىسقىغىنە ۋاقىت ئىچىدىلا قوقان لەشكەرلىرى قەشقەر ئەتراپىدا پەيدا بولدى.

جاھانگىرخان مىڭلىغان قەشقەرلىكلەر بىلەن ئالىمخاننى كۈتۈۋېلىشقا چىقتى. ئۇلار ئات ئۈستىدە تۇرۇپ، بىر - بىرى بە-لەن پادىشاھلاردەك كۆرۈشتى ۋە ئەھۋال سوراشتى، ئاندىن جا-ھانگىرخان ئالىمخاننى ئۆزىنىڭ باغلىق ھويلىسىغا چۈشۈردى.

شۇ ۋاقىتتا مانجۇلار تۇرۇۋاتقان شەھەر قەشقەردىكى گۈل-باغنىڭ ئىچىدە ئىدى ۋە قەشقەرلىكلەرنىڭ قورشاۋىدا ئىدى. جاھانگىرخان تۆرە ھۆرمەت يۈزىسىدىن مۇھاسىرە ئىشىنى ئا-لىمخانغا ئۆتۈنۈپ، ئادەملىرىنى چېكىندۈرۈپ كەتتى. خاننىڭ يارلىقى بىلەن قوقاننىڭ باتۇر لەشكەرلىرى مۇھاسىرىگە ئۆتتى. شەھەرنىڭ سېپىلىنى بۇزۇش ئۈچۈن، ئۇنىڭ ئاستىدىن بىر جاي-نى كولاپ، دورا (پوروخ) كۆمدى ۋە ئوت ياقتى. شەھەرنىڭ بىر تەرىپىنى ھاۋاغا كۆتۈرۈپ ئالەم يۈزىگە توپىلارنى چېچىپ، روشەن كۈندۈزنى قاراڭغۇ كېچىدەك قىلدى. بۇ ۋاقىتتا نۇسرەتلىك لەشكەرلەر پەرۋانىدەك شەھەر سېپىلىغا ئۆزىنى ئۇردى. دىن-

سىزلار مۇسۇلمانلار بۇزۇلغان جايغا كۈچ كۆرسىتىدۇ دەپ ئويلاپ بۇزۇلغان جايىنى توسۇپ جەڭگە كىردى. شەھەر ئىچىدىن توپ زەمبىرەك گۈلدۈرلىدى، ئوقلار يامغۇردەك ياغدى، دىنسىزلار بىلەن مۇسۇلمانلار ئارىلىشىپ كەتتى، ئۇلار تىغ سىلىشىپ قاتتىق جەڭ قىلدى. مۇسۇلمانلار شوتىلار بىلەن ھەر تەرەپتىن سېپىلغا چىقىشتى، ئەمما دىنسىزلار كۈچ كۆرسىتىپ، مۇسۇلمانلارنى ئۈچ مەرتە سېپىل ئۈستىدىن ھەيدەپ چۈشۈردى. تۆتىنچى كۈنى شېھىتلەرنىڭ تولىلىقىدىن ۋە زەخمىدارلارنىڭ كۆپلۈكىدىن سېپىلغا بارىدىغان يوللار توسىلىپ كەتتى. خان بۇ ھالنى كۆرۈپ دىلى يېرىم بولۇپ، يىغلاپ ـ قاقشاپ، زەخمىدار ـ ئۆلۈكلەرنى ئېلىپ چىقىپ شېھىتلەرنى ئافاق خوجا مازىرىدا دەپنە قىلىپ، نائىلاج مۇھاسىرىدىن قول ئۈزۈپ... قوقان تەختىگە ياندى. ئالاھازەل، بىر ئايدىن كېيىن جاھانگىرخان تۆرە شەپقەتلىك ئاللانىڭ مەدىتى بىلەن گۇلباغنى پەتھى قىلغانلىقى ھەققىدىكى ئەخبارنى قوقانغا يەتكۈزدى» [4].

«ئالىمخان ھۆكۈمرانلىقىنىڭ 10 ـ يىلى دىنسىزلار قوشۇنى جاھانگىرخاندىن قەشقەرنى تارتىۋالدى. بارلىقىدىن ئايرىلغان جاھانگىرخان نەچچە مىڭلىغان قەشقەرلىكلەر بىلەن بىللە دىنسىزلارنىڭ قولىغا چۈشۈپ قالدى. باشقىلار ئۆي ـ ۋاقىنى ئېلىپ قوقاندا پاناھلاندى» [5].

«ئالىمخان ھۆكۈمرانلىقىنىڭ 30 ـ يىلى يىگىرباشتىن غازات جېڭى قىلىش ئۈچۈن سانسىزلىغان قوشۇن تەشكىللىدى ۋە قەشقەرگە ئاتلاندى. تۆرت كۈندىن كېيىن ئوش ۋىلايىتىدىكى ھەزرىتى ئافاق خوجا غەلىبىسى تەنتەنە قىلىنغان جايدا توختىدى ۋە بۇ مۇقەددەس جايدا ئۈچ كۈننى ئۆتكۈزدى. پۈتۈن مەملىكەتتىكى ياش ـ قېرى بارلىق پۇقرا ۋە بەگلەر پانىي ئالەمدىكى ئەڭ ياخشى تىلەك ۋە ئارزۇلار بىلەن ئالىمخان قوشۇنىنىڭ زەپەر قۇچۇپ قايتىپ كېلىشى ئۈچۈن دۇئا قىلدى. ھەققۇلى مىڭبېشىلىقتا ۋە مۇھەممەد شەرىف ئاتالىق ئەمىر لەشكەر (ئالىي باش قو-

ماندان) لىككە تەيىنلەندى ھەمدە خانىنىڭ ئارزۇ ـ تاپشۇرۇقىغا بىنائەن قەشقەرگە يول ئالدى. خانىنىڭ تەنتەنىلىك نۇتقىدىن كېيىن، ئالىمخانىنىڭ غالىب قوشۇنى ئوشتا كېچىنى ئۆتكۈزۈپ، ئەتىسى چەبدەس باھادىرلار، چېۋەر مەرگەنلەر ۋە خۇسۇسىي مەھرەملەرنى ئۆز ئىچىگە ئالغان ئالاھىدە قوشۇن بىلەن داۋاملىق يۈردى ھەمدە ئەنجاندا توختىدى. بۇ يەردە 15 كۈن خەۋەر كۈتكەندىن كېيىن خان (قوقانغا) قايتتى»[6].

«تارىخى شاھرۇخىي» دا بايان قىلىنىشىچە، قوقان قوشۇنى شۇنىڭدىن كېيىن داۋاندىن ئۆتۈپ ناكارچالاي (بەزى مەنبەلەردە ناكارا چالدى دەپمۇ يېزىلىدۇ ــ ئا)دا توختىغان. ئەتىسى چېگرىدىكى چىڭ سۇلالىسى قاراۋۇلخانىسىغا ھۇجۇم قىلىپ بىر قاراۋۇلخانىدىكى مانجۇ چېرىكلىرىنى پۈتۈنلەي يوقاتقان. ئەتىسى باشقا قاراۋۇلخانىدىكى چېرىكلەر قايتۇرما ھۇجۇمغا ئۆتكەندە قاتتىق جەڭ بولۇپ قوقان لەشكەرلىرى غەلىبە قىلغان، جەڭ غەنىيمەتلىرى بولسا قوقانغا ئەۋەتىپ بېرىلگەن.

قوقان قوشۇنى قەشقەرگە كېلىپلا گۈلباغ قورغىنىنى مۇھاسىرىگە ئالغان ھەمدە ھۇجۇمغا ئۆتكەن، ئەمما قوقان قوشۇنىنىڭ توپ ئوقلىرى سېپىل تېمىنى بۇزالمىغان. گۈلباغ قورغىنى ئۆز دەۋرىدە ناھايىتى مۇستەھكەم قورغان بولۇپ، سېپىلىنىڭ ئېگىزلىكى 12 گەز[7]، كەڭلىكى 15 گەز ئىدى. ئۇنىڭ ئۇستىگە قورغان ئىچىدە مانجۇ ۋە موڭغۇللاردىن تەشكىللەنگەن، قاتتىق مەشىق ـ سىناقلاردىن ئۆتكەن لەشكەرلەر، يەنە يېتەرلىك توپ، پورۇخ ۋە كۆيدۈرگۈچ ماي بار ئىدى.

قوقان بەگلىرى بىلەن قەشقەر بەگلىرى مەسلىھەتلىشىپ، قورغان مۇھاسىرىسىنى ئۇزۇن مۇددەت داۋاملاشتۇرۇش، شۇ ئارقىلىق چىڭ سۇلالىسى قوشۇنىنى ئۆزلۈكىدىن تەسلىم بولۇشقا مەجبۇرلاش قارارىغا كەلگەن. ھەققۇلى ۋە مۇھەممەد شەرىف بۇ جەرياندا لەشكەرلىرىگە توختىماي مەدەت بېرىپ تۇرغان، ھەتتا

پات ـ پات ئۇلارنى ماددىي بۇيۇملار بىلەن مۇكاپاتلاپ تۇرغان. ئەنە شۇنداق بىر نەچچە كۈن ئۆتكەندىن كېيىن، مۇھاسىرە ئېلىپ بېرىۋاتقان قوقان قوشۇنى بارگاھتا بىخارامان ئۇخلاۋاتقان بىر كېچىسى چىلىڭ سۇلالىسى قوشۇنى كۈتۈلمىگەن يەردىن ھۇجۇم قوزغىغان. تەييارلىقسىز تۇرغان قوقان ۋە قەشقەرلىكلەر قوشۇنى ئېغىر تالاپەتكە ئۇچرىغان بولسىمۇ، ئاخىر يەنىلا چىلىڭ سۇلالىسى قوشۇنىنى قورغانغا چېكىنىشكە مەجبۇر قىلغان.

شۇ قېتىملىق تۇيۇقسىز ھۇجۇم يۈز بېرىپ بىر نەچچە كۈن ئۆتكەندىن كېيىن، گۇلباغ قورغىنىدىكى چىلىڭ سۇلالىسى قوشۇنى قوقان قوشۇنى تەرىپىدىن ئەۋەتىلگەن ئەلچىنىڭ «قەشقەر خەلقىنىڭ ئۈستىدىكى زۇلۇمنى يەڭگىللىتىش، مۇسۇلمانلارغا دەخلى ـ تەرۇز قىلماسلىق» دېگەندەك شەرتىگە قوشۇلغانلىقتىن ئىككى تەرەپ ئوتتۇرىسىدا سۈلھى ئورنىتىلغان. چىلىڭ سۇلالىسى قوشۇنىنىڭ كېيىنچە ئۆچ ئېلىشىدىن ئەنسىرىگەن زور ساندىكى قەشقەر پۇقرالىرى قوقان قوشۇنلىرى بىللە قوقانغا قايتقان[8].

ئىزاھلار:

[1][4][6] «تارىخى شاھرۇخىي»، 100 ـ، 101 ـ، 147 ـ، 149 ـ، 151 ـ بەتلەر.

[2] مىختارى ـ مالىيە ئىشلىرىغا مەسئۇل بەگنىڭ مەنسەپ نامى.

[3] بۇ يەردە بىر ئېنىقسىزلىق بار. «تارىخىي مەنزۇمە» نىڭ 4 ـ بېتىدە بۇ ۋەقە 1825 ـ،1824 ـ يىللىرى (ھىجرىيە 1240 ـ يىلى) يۈز بەرگەن، دەپ كۆرسىتىلگەن.

[5] «تارىخى شاھرۇخىي» 150 ـ بەت. «تارىخىي مەنزۇمە»دىكى مەلۇماتلارغا قارىغاندا، بۇ ۋەقەلەر ھىجرىيە 1242 ـ يىلى (مىلادىيە 1826 ـ يىل 5 ـ ئاۋغۇستتىن 1827 ـ يىل 24 ـ ئىيۇلغىچە) يۈز بەرگەن. خەنزۇچە مەنبەلەردە جاھانگىر خوجىنىڭ 1827 ـ يىلى يازدا بېيجىڭ شەھىرىدە ئۆلتۈرۈلگەنلىكى يېزىلغان.

⑦ بىر گەز تەخمىنەن 62 سانتىمېتىردىن 68 سانتىمېتىرغىچە كېلىدۇ.

⑧ مىرزا شەمسى بۇخارىنىڭ مەلۇماتلىرىغا قارىغاندا، شۇ قېتىم قوقان قوشۇنى قەشقەردىن قايتقاندا ئۇلارغا ئەگىشىپ 60 ـ، 50 ـ مىڭ-دىن ئارتۇق يەرلىك ئۇيغۇر قوقانغا كەتكەن. ئۇلاردىن ئاز كەم 10 مىڭ كىشى يول ئۇستىدە ئاچلىق، كېسەللىك ۋە يول ئازابىدىن ئۆلگەن.

# 1949 ـ يىلدىن ئىلگىرى خوتەندە قۇرۇلغان شۈتاڭلار

روزىمۇھەممەت توختى، مۇھەممەت ئابلا سىدىق

شىنجاڭ ئۆلكە بولۇپ قۇرۇلۇشتىن ئىلگىرى ۋە ئۇنىڭدىن كېيىن، شىنجاڭدا خىزمەت قىلىدىغان ئەمەلدارلار ئىچكىرىدىن ئەۋەتىلەتتى، شىنجاڭ بىلەن ئىچكىرىنىڭ ئارىلىقى يىراق بولغاچقا، ئەۋەتىلگەن ئەمەلدارلارنىڭ شىنجاڭغا كېلىشى ئىنتايىن تەسكە چۈشەتتى، ئۇنىڭ ئۈستىگە شىنجاڭغا كەلگەن ئەمەلدارلار ئارىسىدا ھوقۇق تالىشىش كۆرۈنىشى كەسكىن ئىدى. شۇڭا شىنجاڭغا ھەربىي ـ مەمۇرىي باش ۋالىي بولغانلار ئىچكىرىدىن ئەمەلدار يۆتكەپ كېلىشنى توسۇپ، شىنجاڭدا مەكتەپ قۇرۇپ ئۆزلىرىگە سادىق ئەمەلدار، خىزمەتچىلەرنى تەربىيىلەش، شۇ ئارقىلىق ھاكىمىيەتنى مۇستەھكەملەش ئۈچۈن شىنجاڭنىڭ جاي ـ جايلىرىدا شۈتاڭ (بىلىم يۇرتى) قۇرۇپ ئەمەلدار تەربىيىلىدى. نەتىجىدە شىنجاڭنىڭ ھەرقايسى جايلىرىدا ئەمەلدار تەربىيىلەشنى مەقسەت قىلغان شۈتاڭلار قۇرۇلۇشقا باشلىدى.

1883 ـ يىلى ھازىرقى خوتەن شەھىرى ئىلچى يېزىسىغا قاراشلىق توپچا كەنتىدىكى توختى بەگنىڭ قورۇسىدا تۇنجى شۈتاڭ قۇرۇلۇپ، 100 ئۇيغۇر بالا قوبۇل قىلىنغان. ئەمەلدارلار، بايلار ۋە يۇقىرى تەبىقىدىكى كىشىلەر بالىلىرىنى شۈتاڭغا بېرىشنى خالىمىغاچقا، شۈتاڭ قۇرۇلغان دەسلەپكى چاغلاردا كەمبەغەللەرنىڭ پەرزەنتلىرى شۈتاڭغا مەجبۇرىي قوبۇل قىلىنغان. پەرزەنتلىرى شۈتاڭغا مەجبۇرىي قوبۇل قىلىنغانلارنىڭ ئائىلىسىگە 100چارەك قوناق، 50 چارەك بۇغداي بېرىپ رازى قىلىند-

غان. شۆتاڭدا بىر خەنزۇ ئوقۇتقۇچى بولۇپ، ئوقۇغۇچىلارغا خەنـ-زۇچە سۆزلەش، خەنزۇچە خەت يېزىشنى ئۆگىتىش ئاساس قىلـ-ىنغان. ئۇنىڭدىن باشقا يەنە مانجۇلارنىڭ قائىدە - يوسۇنلىرى، كۆڭزى - مېڭزى تەلىماتى ئۆگىتىلگەن ۋە دىنىي ساۋاق بېرىلـ-گەن. بۇ شۆتاڭ مانجۇلار ھۆكۈمرانلىق قىلىۋاتقان مەزگىلدە قۇ-رۇلغان بولغاچقا، ئوقۇغۇچىلار مانجۇچە كىيىنگەن، ئوقۇغۇ-چىلارغا ئەتىياز ۋە كۈزدە ھەقسىز بىر يۈرۈشتىن كىيىم تارقىـ-تىپ بېرىلگەن. ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئۈچ ۋاق تامىقى، قەلەم، دەپتەر قاتارلىق ئوقۇش قوراللىرىنى ھۆكۈمەت ھەقسىز بەرگەن. ئوقۇش مۇددىتى ئۈچ يىل بولۇپ، ئۈچ يىلدا بىر قېتىم ئوقۇغۇچى قوبۇل قىلىنغان. ئوقۇغۇچىلار ئوقۇش پۈتتۈرگەندىن كېيىن ئەمەلدار-لىق ئىمتىھانى ئېلىنىپ، لاياقەتلىك بولغانلار ھۆكۈمەت ئورۇنـ-لىرى ۋە يېزا - قىشلاقلارغا ئەمەلدارلىققا قويۇلغان. توپچىدىكى شۆتاڭدا ئوقۇپ ئەمەلدار بولغانلاردىن ئەمەت بەگ (ۋالىي مەھكىـ-مىسىدە زاپخوز بولغان)، ھوشۇر بەگ، قاسىم بەگ (جاللىباغدىن)، نايىپ بەگ، دۆلەت بەگ قاتارلىقلار بار.

1912 - يىلى خوتەندە كېسەل تارقىلىپ كەتكەچكە، ئامبالـ-نىڭ يارلىقىغا بىنائەن توپچىدىكى شۆتاڭ سېپىل ئىچى (خوتەن شەھىرىدىكى ھەربىي رايون تۇرۇشلۇق جاي) گە يۆتكەپ كېلىنـ-گەن. شۆتاڭ سېپىل ئىچىگە يۆتكەلگەندىن كېيىن، ئوقۇتۇش تۈ-زۈمى، كەسىپ ۋە دەرس تۈرى ئۆزگەرگەن ۋە بىر قەدەر مۇكەمـ-مەللەشكەن. شۆتاڭدا باشلانغۇچنىڭ تۆۋەن سىنىپىدىن ئىككىسى بولۇپ، ئوقۇش مۇددىتى ئۈچ يىل، بىر خەنزۇ سىنىپ بولۇپ، ئوقۇش مۇددىتى ئىككى يىل ئىدى. باشلانغۇچنىڭ يۇقىرى سىـ-نىپىدىن ئىككىسى بولۇپ، ئوقۇش مۇددىتى ئۈچ يىل ئىدى. شۆ-تاڭدىكى بەش سىنىپتا 300 ــ 200 ئوقۇغۇچى بار ئىدى.

بۇ شۆتاڭدا ليۇ ماۋزەي (خەنزۇ)، نايىپ بەگ، ئەمەت بەگ، ئەي دىگجۇ، مەمەتجان (قەشقەردىن)، سەيدۇللا ھاجىم (دىنىي ساۋاق بېرەتتى) قاتارلىق ئوقۇتقۇچىلار بار ئىدى. شۆتاڭدا خەنزۇ

تىلى، جۇغراپىيە، تەبىئەت، تىل ـ ئەدەبىيات، ھېساب، رەسىم، شېئىر، تەنتەربىيە، دىنىي ساۋاق، كۆڭزى ـ مىڭزى تەلىماتى قاتارلىق دەرسلەر ئۆتۈلەتتى. ئوقۇغۇچى يەنىلا مەجبۇرىي قوبۇل قىلىناتتى. قوبۇل قىلىنغان ئوقۇغۇچىنىڭ ئائىلىسىگە 100 چارەك قوناق، 50 چارەك بۇغداي بېرىپ رازى قىلىناتتى. قوبۇل قىلىنىدىغان ئوقۇغۇچىلارغا بويى ئېگىز، پېشانىسى كەڭ، بېشىنىڭ ئوتتۇرىسى ئېگىز بولۇش شەرتى قويۇلاتتى. ئوقۇغۇچىلار شۆتاڭغا كىرگەندىن كېيىن خەنزۇچە ئىسىم قويۇش بەلگىلەنگەن، مەسىلەن: ئابابەكرى تۇرسۇنغا ۋاڭ شىڭزى دەپ، ئوبۇلقاسىم بەگكە ۋاڭ رېنجيا دەپ، ئىمىن بەگكە يى جىمىن دەپ ئىسىم قويۇلغان.

ئوقۇغۇچىلار ئۆز ئۆيىدە يېتىپ ـ قوپۇپ ئوقۇيدىغان بولغاچقا، ئۇلارغا چۇشلۇك، كەچلىك تاماق ھەقسىز بېرىلەتتى. كىيىنىش جەھەتتە بۇتخانىنى تاۋاپ قىلغاندا ۋە بايراملاردا ھۆكۈمەت تارقىتىپ بەرگەن كىيىمنى كىيىش، ئادەتتىكى ۋاقىتلاردا ئۆزلىرىنىڭ مىللىي كىيىم ـ كېچەكلىرىنى كىيىش بەلگىلەنگەندى.

ئوقۇغۇچىلار ئوقۇش پۈتتۈرگەندىن كېيىن ئىمتىھان ئېلىنىپ لاياقەتلىك بولغانلىرى ناھىيىلەرگە ۋە ھەر دەرىجىلىك ئىدارە ـ ئورۇنلارغا تەقسىم قىلىنىپ، مۇناسىپ ۋەزىپىلەرگە قويۇلاتتى. 1929 ـ يىلى يۇقىرىنىڭ يوليورۇقىغا بىنائەن، بۇ شۆتاڭ يەرلىكنىڭ باشقۇرۇشىغا ئۆتكۈزۈپ بېرىلگەن.

1935 ـ يىلى ما خۇسەن ھۆكۈمىتى سېپىل ئىچىدىكى شۆتاڭنى ھېيتگاھ دەرۋازىسىدىكى دامىياۋ بۇتخانىسى (ھازىرقى خوتەن ناھىيىلىك 2 ـ ئوتتۇرا مەكتەپنىڭ ئورنى)غا يۆتكەپ، ئىككى سىنىپقا 80 ئوقۇغۇچى قوبۇل قىلغان (خەنزۇ 15، خۇيزۇ 25، ئۇيغۇر 40)، ئوقۇش مۇددىتى ئۈچ يىل قىلىپ بەلگىلەنگەن. خەنزۇ تىلى، تىل ـ ئەدەبىيات، ھېساب، تارىخ، جۇغراپىيە، شېئىر، تەنتەربىيە، دىن دەرسلىرى ئۆتۈلگەن (ھەر كۈنى ئىككى سائەت دىنىي ساۋاق بېرىلەتتى). سۇ ۋەنمىڭ (خەنزۇ)، ما يۈەندى

(خوٗيزوٗ)، موٗسا داموللام (ئاقسوٗلوٗق)، روزى بەگ (قاراقاشلىق) لەر ئوقۇتقۇچىلىق قىلغان. بۇ چاغدا ئەمەلدار ۋە بايلارنىڭ پەرزەنت-لىرى ئىختىيارىي قوبۇل قىلىنغان.

1935 ـ يىلى شۆتاڭ دېگەن نام ئەمەلدىن قالدۇرۇلۇپ، خەنز-زۇ مەكتەپ دەپ ئاتالدى. 1937 ـ يىل 10 ـ ئايدا شېڭ شىسەي سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ ياردىمىدە ما خۇسەننىڭ خوتەندىكى ھۆ-كۇمرانلىقىغا خاتىمە بېرىپ خوتەننى ئىگىلىگەندىن كېيىن، بۇ مەكتەپنى ۋىلايەتلىك تاشقى سودا ئىدارىسىنىڭ ئارقا تەرىپىگە يۆتكەپ، خەنزۇ ئۇيۇشمىسىنىڭ باشقۇرۇشىغا ئۆتكۈزۈپ بەرگەن. شۇ يىلى مەكتەپتە ئۈچ سىنىپ، 79 ئوقۇغۇچى (خەنزۇ 45، خۇيزۇ 24، ئۇيغۇر 10)، ئالتە ئوقۇتقۇچى بار بولۇپ، ئانا تىلى (خەنزۇ تىلى)، ھېساب، تەبىئەت، جۇغراپىيە، ۋەتەن تارىخى، رە-سىم، شېئىر، تەنتەربىيە قاتارلىق دەرسلەر ئۆتۈلگەن. مەكتەپنىڭ خىراجىتىنى خەنزۇ ئۇيۇشمىسى ئۈستىگە ئالغان. 1944 ـ يىل 9 ـ ئايدىن باشلاپ بۇ مەكتەپ ھۆكۈمەت باشقۇرۇشىدىكى مەك-تەپلەر قاتارىدىن ئورۇن ئالغان، مەكتەپنىڭ بارلىق خىراجىتىنى ھۆكۈمەت ئۈستىگە ئالغان، بۇ چاغدا مەكتەپتە ئۈچ سىنىپ، 108 ئوقۇغۇچى بار ئىدى (ئوغۇل 86، قىز 22). بۇ مەكتەپ يەنە خەنز-زۇ، خۇيزۇلار ئىچىدىكى ساۋاتسىزلارنىڭ ساۋادىنى چىقىرىش ۋەزىپىسىنى ئۈستىگە ئېلىپ، ساۋات چىقىرىش سىنىپىدىن ئىككىنى ئېچىپ، 60 كۇرسانت قوبۇل قىلغان (ئەر 30، ئايال 30)، ئۇلارغا ھەر كۈنى كەچتە ئىككى سائەت دەرس ئۆتۈپ، ساۋاتسىزلىقنى تۈگىتىش پائالىيىتىنى يولغا قويغان.

1912 ـ يىلىنىڭ ئالدى ـ كەينىدە موغاللا، قاچۇنلاردا ئىك-كى شۆتاڭ قۇرۇلۇپ، 180 — 150 چە ئوقۇغۇچى قوبۇل قىلىن-غان، بۇ شۆتاڭلار 1930 ـ يىللىرى ئەتراپىدا تاقىلىپ قالغان.

لوپ ناھىيىسىنىڭ لوپ بازىرى، يۇرۇڭقاش، تەۋەككۇل قا-تارلىق جايلىرىدا 1915 ـ 1927 ـ يىلغىچە شۆتاڭ قۇرۇلغان.

1924 ـ يىلىدىن 1937 ـ يىلغىچە چىرا ناھىيىسىنىڭ

ناھىيە بازىرى، گۇلاخما، دامىكۇ قاتارلىق جايلىرىدا شۆتاڭ قۇ-
رۇلغان.

1930 - يىلى قاراقاشنىڭ چىنەباغ، تۇۋەت قاتارلىق جايلى-
رىدا شۆتاڭ قۇرۇلۇپ، 100 ئوقۇغۇچى قوبۇل قىلىنغان. شۆتاڭدا
ئۇچ قارار ئوقۇغۇچى تەربىيىلەنگەن، بۇ شۆتاڭلار 1937 - يىلى
ئەمەلدىن قالدۇرۇلغان.

گۇما ناھىيىسىدە 1937 - يىلى ھۆكۈمەت باشقۇرۇشىدىكى
خەنزۇ مەكتەپ (ئىككى سىنىپى بار) قۇرۇلغان. 1938 - يىلى
تارقالغان.

**پايدىلانغان ماتېرىياللار :**

1. خوتەن ۋىلايەتلىك ئارخىپ ئىدارىسىدە ساقلانغان «جۇڭخۇا مىنگو
دەۋرىدىكى ئارخىپلار».

2. ناھىيىلەرنىڭ ئارخىپخانىلىرى تەمىنلىگەن ماتېرىياللار.

3. مۇھەممەد بەگ ھاجىم، مەمتىمىن توختى، ئابابەكرى تۇرسۇن،
مەمتىمىن نىياز، ئابدۇقادىر ئىمىن (بۇلار شۇ دەۋرنىڭ شاھىدلىرى بو-
لۇپ، بەزىلىرى ئەينى دەۋردىكى شۆتاڭدا ئوقۇغان، ئۇلارنىڭ ھەممىسى
ۋاپات بولغان) قاتارلىقلار تەمىنلىگەن ئاغزاكى ماتېرىياللار.

# چىڭ سۇلالىسى ھۆكۈمىتى قەشقەر دائىرىسىدە قۇرغان قاراۋۇلخانىلار

يولۋاس مۇھەممەتئىمىن

1759 ـ يىلى چىڭ سۇلالىسى شىنجاڭنى جۇڭغارلارنىڭ تەسىرىدىن تازىلاپ شىنجاڭنى ھاكىمىيەت دائىرىسىگە كىرگۈزدى، كېيىنچە شىنجاڭنىڭ ھەر قايسى جايلىرىدا زۇلۇمغا قارشى خەلق قوزغىلاڭلىرى كۆتۈرۈلۈپ، چىڭ سۇلالىسى ھۆكۈمىتىنى ساراسىمىگە سېلىپ قويدى. بولۇپمۇ 1765 ـ يىلى يۈز بەرگەن ئۇچتۇرپان دېھقانلار قوزغىلىڭى، 1820 ـ يىلدىن 1826 ـ يىلغىچە داۋام قىلغان جاھانگىر خوجا يىغىلىقى، 1847 ـ يىلى قوقاندىن قەشقەرگە سۇقۇنۇپ كىرىپ مالىمانچىلىق پەيدا قىلغان يەتتە خوجا يىغىلىقى قاتارلىق كۆلىمى، تەسىرى بىر قەدەر چوڭ يىغىلىقلار چىڭ ھۆكۈمىتى تەرىپىدىن تىنچىتىلىش جەريانىدا، نەچچە يۈز مىڭ كىشى خوجىلارغا ئەگىشىپ، يەتتە سۇ، پەرغانە، ئافغانىستان تەرەپلەرگە قېچىپ كەتكەن، چېگرا سىرتىدىكى دۈشمەن كۈچلەر تاغ يوللىرى ئارقىلىق قەشقەرگە ئاسانلا سۇقۇنۇپ كىرىۋالغان. مۇشۇنداق ئەھۋاللارنىڭ كۆپ يۈز بېرىشى چىڭ ھۆكۈمىتىنى قەشقەردىكى چېگرا قاراۋۇلخانىلىرىنى تەرتىپكە سېلىشقا مەجبۇرلىغان. 1828 ـ يىلى چىڭ ھۆكۈمىتى جاھانگىر خوجا توپىلىڭىنى تىنچىتقاندىن كېيىن، داۋگۇاڭ 8 ـ يىلى پەرمان چۈشۈرۈپ، قەشقەر دائىرىسىدىكى قاراۋۇلخانىلارنى قايتىدىن تەرتىپكە سالدى. «شۈەنزۇڭنىڭ ئوردا خاتىرىلىرى»دا قەشقەر دائىرىسىدىكى قاراۋۇلخانىلارنىڭ سانى، ئورنى، نامى، قوغدىغۇچى چېرىكلەرنىڭ سانى توغرىسىدا خاتىرىلەر قالدۇرۇلغان.

خەنزۇچە مەنبەلەردە قاراۋۇلخانىلارنىڭ نامى 卡伦 (كالۇن)،

(چيازى)، 喀龙 (كالۇڭ)، 卡路 (كالۇ)، 喀伦 (كالۇن) 卡子 قاتارلىق خەتلەر بىلەن، شۇنداقلا يەنە «قاراۋۇل» سۆزىنىڭ ئوقۇلۇشى بويىچمۇ ئىپادىلەنگەن.

چىڭ سۇلالىسى دەۋرىدە قەشقەر رايونىغا تەۋە بولغان جايلاردىن ئاتۇش، ئۇلۇغچات، ئاقچى، كوناشەھەر ناھىيىسى، يېڭىسار ناھىيىسى، تاشقورغان قاتارلىق جايلاردا قاراۋۇلخانىلارنىڭ بەزىلىرى يۇرت - مەھەللىلەرگە، بەزىلىرى چېگرا تاغ ئېغىزلىرىغا جايلاشقان. ئەينى چاغدىكى قاراۋۇلخانىلارنىڭ جايلاشقان ئورۇنلىرى ۋە ئۇلار ئۈستىدە ئېلىپ بارغان تەكشۈرۈش نەتىجىسىدىن قارىغاندا، قەشقەر دائىرىسىدىكى قەدىمكى قاراۋۇلخانىلار مەخسۇس چېگرا ئىشلىرىغا مەسئۇل چېگرا قاراۋۇلخانىلىرى (چېگرا مۇداپىئە پونكىتلىرى)، ئىچكى ئايماق قاراۋۇلخانىلىرى (ئىچكى ئامانلىق قوراللىق ساقچىلىرى) دەپ ئايرىلغان.

1804 - يىلى يېزىلغان «مۇسۇلمانلار رايونىنىڭ ئومۇمىي تەزكىرىسى» (回疆通志)، 1807 - يىلى يېزىلغان «شىنجاڭ توغرىسىدا چۈشەنچە» (新疆识略) ناملىق كىتابلاردىمۇ قەشقەر قاراۋۇلخانىلىرى توغرىسىدا مەلۇماتلار بار. 20 - ئەسىرنىڭ باشلىرىغا تەۋە يازما خاتىرىلەردىن چىڭ سۇلالىسىنىڭ گۇاڭشۇ 34 - يىلى ئۆلچەپ سىزىلغان خەرىتىلەر ئاساسىدا تۈزۈلگەن «شىنجاڭنىڭ خەرىتىلىك تەزكىرىسى» (新疆图志) ناملىق كىتابتا، 20 - ئەسىرنىڭ باشلىرىدا قەشقەردە ئارخېئولوگىيىلىك تەكشۈرۈشتە بولغان ئەنگىلىيىلىك مەشھۇر ئارخېئولوگ ئاۋرېل ستېيىننىڭ «ئاسىيا ئىچكىرىسىدىكى ئارخېئولوگىيىلىك تەكشۈرۈش» ناملىق كىتابىدا، 1935 - يىلى گومىنداڭ قۇرۇلۇقتا ئۆلچەپ - سىزىش باش ئىدارىسى ئىشلىگەن خەرىتىدىمۇ بۇ ھەقتە مەلۇماتلار بار.

چىڭ سۇلالىسى مەنبەلىرىدە خاتىرىلەنگەن بىر قىسىم قاراۋۇلخانىلار بۈگۈنگە قەدەر مەۋجۇت بولۇپ، بەزىلىرىدە چېگرا مۇداپىئە ئەسكەرلىرى تۇرغۇزۇلماقتا. ئەمما ئۇلارنىڭ بەزىلىرى ئەمەلدىن قالدۇرۇلغان. شۇ سەۋەبتىن بىر قىسىم قاراۋۇلخانىلار -

نى تونۇشتۇرۇپ ئۆتىمىز:

1. قاراڭچى قاراۋۇلخانىسى

بۇ قاراۋۇلخانا ئۇلۇغچات ناھىيىسى چېگرا ئېغىزىغا جايلاشقان مۇھىم قاراۋۇلخانىلارنىڭ بىرى. ئۇ ئاساسلىقى قەشقەر ئارقىلىق ئوتتۇرا ئاسىيادىكى پەرغانىگە بارغىلى بولىدىغان كارۋان يوللىرىنىڭ بىخەتەرلىكىنى باشقۇرىدىغان قاراۋۇلخانا بولۇپ، بۇ يەردە ھازىرغا قەدەر مۇھىم چېگرا ئېغىزى سۈپىتىدە ئەسكەر تۇرغۇزۇلماقتا. شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنىڭ خەرىتىلەر توپلىمىدا قاراۋۇلخانىلارنىڭ ئورنى كۆرسىتىلگەن ھەم بۇ جاينىڭ نامى قاراڭغۇلۇق دەپ ئېلىنغان. چارروسىيىلىك كروپاتكىن 1876 - يىلى يازغان «قەشقەرىيە» دېگەن كىتابىدا بۇ قاراۋۇلخانىنىڭ نامىنى «قاراتالىم» دەپ خاتىرىلىگەن. بۇ قاراۋۇلخانىنىڭ جۇغراپىيىلىك ئورنى شەرقىي ئۇزۇنلۇق 75° 21′، شىمالىي كەڭلىك 39° 36′ لۇق ئورۇنغا توغرا كېلىدۇ.

2. تۆشۈكتاش قاراۋۇلخانىسى

بۇ قاراۋۇلخانا قىزىلسۇ قىرغىز ئاپتونوم ئوبلاستىدا، ئەمما ئۇنىڭ كونكرېت ئورنى ئېنىق ئەمەس، «مۇسۇلمانلار رايونىنىڭ ئومۇمىي تەزكىرىسى» دە «تۆشۈكتاش قاراۋۇلخانىسى قەشقەر شەھىرىنىڭ غەربىي شىمالىدىن 90 چاقىرىم يىراقتا»، دەپ خاتىرىلەنگەن. «شىنجاڭنىڭ خەرىتىلىك تەزكىرىسى»نىڭ 82 - جىلدىدا «تۆشۈكتاش قاراۋۇلخانىسى ئىچكى قاراۋۇلخانا، تۆشۈكتاش دەرياسىنىڭ بويىدا، بۇ دەريا چاقماق دەرياسىغا قۇيۇلۇپ، ئاستىن ئاتۇش يېزىلىرىغا قاراپ ئاقىدۇ»، دەپ يېزىلغان، يۇقىرىدىكى مەلۇماتلاردىن ئۈستۈن ئاتۇش تەۋەسىدىكى ئىككى ئورۇن بىزنىڭ دىققەت - ئېتىبارىمىزنى تارتىدۇ، بۇنىڭ بىرى، ھازىرقى ئۈستۈن ئاتۇش يېزىلىق ھۆكۈمەتتىن 11.5 كىلومېتىر يىراقلىقتىكى «كونا قاراۋۇل» دەپ ئاتىلىپ كېلىۋاتقان كەنت؛ يەنە بىرى، ئۈستۈن ئاتۇش يېزىلىق ھۆكۈمەتتىن 15 كىلومېتىر يىراقلىقتىكى قاراۋۇل ئاتىلىدىغان جاي (كەنت نامى). ئەنگلىيىلىك جۇغراپىيون لانسدېل 19 - ئەسىرنىڭ ئاخىرى قەشقەرنى

تەكشۈرگەندە يازغان «چىن ئوتتۇرا ئاسىيىسى» ناملىق كىتابىدىكى خاتىرىلەرگە قوشۇمچە قىلىنغان خەرىتىدە تۆشۈكتاش قاراۋۇلخانىسىنىڭ ئورنى كۆرسىتىلگەن بولۇپ، ئۇ كۆرسەتكەن ئورۇننىڭ ئۈستۈن ئاتۇشتىكى كونا قاراۋۇل دەپ ئاتىلىدىغان كەنتكە توغرا كېلىدىغانلىقىنى قىياس قىلىشقا بولىدۇ.

بۇ قاراۋۇلخانىنىڭ جۇغراپىيىلىك ئورنى شەرقىي ئۇزۇنلۇق 75° 44′، شىمالىي كەڭلىك 39° 42′ لۇق ئورۇنغا توغرا كېلىدۇ. دېڭىز يۈزىدىن ئېگىزلىكى 1560 مېتىر.

3. ئوپالئارت قاراۋۇلخانىسى

بۇ ئىستراتېگىيىلىك ئورنى ئىنتايىن مۇھىم قاراۋۇلخانىلارنىڭ بىرى. ئورنى كوناشەھەر ناھىيە ئوپال يېزىلىق ھۆكۈمەتنىڭ شىمالىغا 13 كىلومېتىر كېلىدىغان ئوپالئارت دېھقانچىلىق مەيدانىدا، كەنتنىڭ شەرقىي جەنۇبىغا 1.5 كىلومېتىر كېلىدىغان قىياتاشلىق ئېگىزلىك ئۈستىگە جايلاشقان. بۇ يەر بىر قەدەر ئېگىز بولغانلىقتىن يەرلىك كىشىلەر ئوپال سۆزىنىڭ ئاخىرىغا تۈرك تىلىدا «داۋان» دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدىغان «ئارت» سۆزىنى قوشۇپ ئوپالئارت دەپ ئاتاشقان. بۇ قاراۋۇلخانا جايلاشقان يول تاشقورغان تەۋەسىگە ئۆتۈشتىكى مۇھىم يول بولۇپ، قاراۋۇلخانىدا تۇرۇپ كەنت تەۋەسىنى ئوچۇق كۆرگىلى بولىدۇ. كەنتتىكى ئىبراھىم زۇنۇن دېگەن كىشىنىڭ ئىلگىرى كىشىلەرگە سۆزلەپ بېرىشىچە، ئازادلىقتىن ئىلگىرى بۇ يەردە ئەسكەر تۇرغان، قاراۋۇلخانا دائىرىسى 30 مو ئەتراپىدا بولۇپ، قاراۋۇلخانا تاملىرىنىڭ ئېگىزلىكى 10 مېتىرچە، قېلىنلىقى ئۈچ مېتىرچە كېلىدىكەن، ئازادلىقتىن كېيىن بۇ قاراۋۇلخانا ئەمەلدىن قالدۇرۇلغان، كېيىن دېھقانلار قاراۋۇلخانا تاملىرىنى چېقىپ توپىسىنى يەرلىرىگە ئوغۇت قىلىپ ئىشلەتكەن. ھازىرمۇ ئوپالئارت داۋىنى ئۈستىدە شۇ چاغدىكى قاراۋۇلخانىلارنىڭ بەزىبىر ئىزنالىرىنى كۆرگىلى بولىدۇ.

ئاۋرېل ستېيىننىڭ «ئاسىيا كىندىكىدىكى ئارخېئولوگىيىلىك تەكشۈرۈش» دېگەن كىتابىدىكى خەرىتىدە بۇ قاراۋۇلخانى-

نىڭ نامى «ئوپلات ـ قارائۆل» دەپ كۆرسىتىلگەن. «شۆەنزۇڭنىڭ ئوردا خاتىرىلىرى» دېگەن كىتابنىڭ 1828 ـ يىل 11ـ ئايدىكى خاتىرىسىدە «قاراڭچى، تۆشۈكتاش، ئوپالئارت قاتارلىق ئۈچ قارا-ۋۇلخانا قوقانغا بارىدىغان مۇھىم يول ئۈستىدە» دەپ كۆرسىتىل-گەن. ئاۋرىل ستېيىننىڭ خەرىتىسىدە قاراۋۇلخانىنىڭ جۇغراپىد-يىلىك ئورنى شەرقىي ئۇزۇنلۇق ′24 °75، شىمالىي كەڭلىك ′21 °39 قىلىپ ئېلىنغان، دېڭىز يۈزىدىن ئېگىزلىكى 1740 مېتىر.

4. مىڭيول قاراۋۇلخانىسى

مىڭيول قەشقەر رايونىدىكى تارىخىي جايلارنىڭ بىرى. بۇ قاراۋۇلخانىنىڭ ئورنى هازىرقى كوناشەھەر ناهىيە مۇچ يېزا مىڭيول كەنت ئاھالە كومىتېتى تۇرۇشلۇق جايغا توغرا كېلىدۇ. بۇ قاراۋۇلخانا ئورنىنىڭ چېگرا بىلەن بولغان ئارىلىقى خېلى يىراق بولۇپ، بۇ ئۇنىڭ ئىچكى قاراۋۇلخانا ئىكەنلىكىنى كۆر-سىتىدۇ. قەشقەر ۋە ئوتتۇرا ئاسىيا ئەللىرى باردى ـ كەلدى قى-لىشتا يول خەتلىرىنى، سودا تاۋارلىرىدىن ئېلىنىدىغان باج ـ خىراجلارنى تەكشۈرۈش، يىغىش ۋە قاراۋۇلخانا دائىرىسىدىكى يوللارنىڭ بىخەتەرلىكىنى قوغداشتىكى مۇھىم ئورۇن. «قەشقەرد-يە»دە مۇنداق خاتىرىلەنگەن: «بۇ قاراۋۇلخانىنى تۆت چاسا سېپىل ئوراپ تۇرىدۇ، سېپىل ئۈستىدە مۇداپىئەلىنىش، هۇجۇم قىلىش ئۈچۈن ياسالغان كۇنگۇر خوختونلار بار، قاراۋۇلخانا تېمىنىڭ يول تەرەپكە قارىغان تەرىپىنىڭ ئۇزۇنلۇقى 33 مېتىر ئەتراپىدا، سېپىل قورغىنىنىڭ ئىچىدە تۆپىسى ئۈچلۇق شەكىلدىكى ئۆي-لەر بار». يەرلىك ئوسمان هوشۇر ئىسىملىك ئاقساقالنىڭ ئەس-لەپ بېرىشىچە: مىڭيول كەنت ئاھالە كومىتېتىنىڭ شىمالىغا 100 مېتىرچە كېلىدىغان جايدا ئۇزۇنلۇقى 100 مېتىر، ئېگىز-لىكى ئىككى مېتىر كېلىدىغان سېپىل تاملىرى، قاراۋۇلخانىنىڭ شەرقىدىن 100 مېتىر يىراقلىقتا ئېگىزلىكى بەش مېتىرچە كېلىدىغان كۆزىتىش پوتەيى بار ئىكەن، بۇ يەردە يەنە بىر بۇتخا-نا بولۇپ، بۇتخانىدا ئۇزۇن ئۆرۈمە چاچلىق خەنزۇلار تۇرار ئى-

كەن، ئۇلار تاۋاپ قىلىدىغان ئالتە بۇت بار ئىكەن. چىڭ سۇلالىسىنىڭ گۇاڭشۇ يىللىرىدا چىڭ سۇلالىسىنىڭ سانغۇنى لىيۇ جىنتاڭ مىڭيول قاراۋۇلخانىسىدىكى ئۇرۇشتا ياقۇپ بەگنىڭ بىر بۆلەك قوشۇنىنى يوقاتقان ھەمدە ئۇرۇش غەلىبىسى ئۇچۇن بۇ يەردە بىر ئابىدە تېشى تىكلىگەن، ئۇ تاش ھازىر ئاپتونوم رايونلۇق مۇزېيدا ساقلانماقتا.

مىڭيول قاراۋۇلخانىسىنىڭ جۇغراپىيىلىك ئورنى شەرقىي ئۇزۇنلۇق 75° 32′، شىمالىي كەڭلىك 39° 34′ لۇق ئورۇنغا كېلىدۇ. دېڭىز يۈزىدىن ئېگىزلىكى 1320 مېتىر.

5. بارخان قاراۋۇلخانىسى

«مۇسۇلمانلار رايونىنىڭ ئومۇمىي تەزكىرىسى»نىڭ 7 - جىلدىدا «بارخان قاراۋۇلخانىسى قەشقەرنىڭ شەرقىي شىمالىدىن 150 چاقىرىم نېرىدا» دەپ خاتىرىلەنگەن. «شىنجاڭنىڭ خەرىتىلىك تەزكىرىسى»دىكى 82 - خەرىتىدە «بارخان ئىچكى قاراۋۇلخانا، ئۇ 巴昌 قاراۋۇلخانىسى دەپمۇ ئاتىلىدۇ»، دەپ خاتىرىلەنگەن. بۇ خاتىرىدىن قارىغاندا، بارخان قاراۋۇلخانىسىنىڭ ئورنى بۈگۈنكى قەشقەر - ئۇرۇمچى تاشيولىنىڭ ئاتۇش دائىرىسىدىكى يەتتەتاش دەپ ئاتىلىدىغان بۆلىكىگە توغرا كېلىدۇ، بۇ جاينىڭ بەش چاقىرىم غەربىي شىمالىدا بارخان، يەنە بىر نامى كونا قاراۋۇل دەپ ئاتىلىدىغان جاي بار. «ئاتۇش ناھىيىسىنىڭ يەر ناملىرى خەرىتىلىك تەزكىرىسى» دە : «بۇ يەر مۇھىم قاتناش تۈگۈنى، بۇ جايدا چىڭ دەۋرىدىن باشلاپ قاراۋۇلخانا تەسىس قىلىنغان. شۇڭا بۇ يەر كونا قاراۋۇل دەپ ئاتىلىدۇ» دەپ ئىزاھلانغان.

بۇ قاراۋۇلخانىنىڭ جۇغراپىيىلىك ئورنى شەرقىي ئۇزۇنلۇق 76° 21′، شىمالىي كەڭلىك 39° 94′ لۇق ئورۇنغا توغرا كېلىدۇ.

6. سوغۇن قاراۋۇلخانىسى

بارخان قاراۋۇلخانىسىنىڭ شەرقىدە سوغۇن قاراۋۇلخانىسى (بۇ يەرنىڭ نامىنى بۈگۈنگە قەدەر كىشىلەر سوغۇنچازا دەپ ئاتىشىدۇ) دەپ ئاتىلىدىغان يەنە بىر ئىچكى قاراۋۇلخانا بار. « شىن-

جاڭنىڭ خەرىتىلىك تەزكىرىسى»دە: «بارخان قاراۋۇلخانىسىنىڭ شەرقىدىن 100 چاقىرىم نېرىدا سوغۇن قاراۋۇلخانىسى بار»، دەپ خاتىرىلەنگەن. بۇ دەل هازىرقى قىزىلسۇ ئوبلاستى بىلەن قەشقەر ۋىلايىتىنىڭ پەيزاۋات ناھىيىسى چېگرىلىنىدىغان جايدىكى سوغۇنچازا دەپ ئاتىلىدىغان جاينىڭ ئۆزى. ستېيىننىڭ خەرىتىسىدە بۇ يەرنىڭ نامى «سوگۇم قاراۋۇل» دەپ خاتىرىلەنگەن، جۇغراپىيىلىك ئورنى شەرقىي ئۇزۇنلۇق ′46 °76، شىمالىي كەڭلىك ′58 °39 لۇق ئورۇنغا توغرا كېلىدۇ.

7. يىلانقۇش قاراۋۇلخانىسى

«شىنجاڭ توغرىسىدا چۈشەنچە» ۋە «مۇسۇلمانلار رايونىنىڭ ئومۇمىي تەزكىرىسى»دە: «يىلانقۇش قاراۋۇلخانىسى (يىلانىۋاش) قەشقەر شەھىرىنىڭ شەرقىي شىمالىدىن 120 چاقىرىم نېرىدا، بارخان قاراۋۇلخانىسىنىڭ غەربىدىن 70 چاقىرىم كېلىدىغان ئورۇندا»، دەپ يېزىلغان. «شىنجاڭنىڭ خەرىتىلىك تەزكىرىسى»نىڭ 86 ـ جىلدىدا: «يىلانقۇش قاراۋۇلخانىسى يىلانقۇش دەرياسىنىڭ بويىدا. بۇ دەريا تۈگۈرمەتىتىن باشلىنىپ يىلانقۇش قاراۋۇلخانىسىغا كەلگەندە ئىككى تارماققا بۆلۈنىدۇ، بىر تارمىقى ئاستىن ئاتۇشقىچە ئېقىپ بېرىپ، تۆشۈكتاش دەرياسى بىلەن قوشۇلۇپ كېتىدۇ»، دەپ خاتىرىلەنگەن. ستېيىننىڭ خەرىتىسىدە بۇ دەريانىڭ بۆلۈنۈپ ئاقىدىغان يېرىنىڭ نامىنى «يىلانخوش قارائۇل» دەپ كۆرسەتكەن.

بۇ قاراۋۇلخانىنىڭ جۇغراپىيىلىك ئورنى شەرقىي ئۇزۇنلۇق ′3 °76 ، شىمالىي كەڭلىك ′50 °39 لۇق ئورۇنغا توغرا كېلىدۇ.

8. ئىسلاق قاراۋۇلخانىسى

بۇ قاراۋۇلخانىنىڭ ئورنىنى هازىرقى خەرىتىلەردىن تاپقىلى بولمايدۇ، بۇ قاراۋۇلخانا ئۇلۇغچات ناھىيىسىنىڭ تېرەك يېزىسىغا جايلاشقان كونا قاراۋۇلخانا بولۇپ، «مۇسۇلمانلار رايونىنىڭ ئومۇمىي تەزكىرىسى»دە: «قەشقەر شەھىرىنىڭ شىمالىدىن 150 چاقىرىم يىراقتا، يىلانقۇش قاراۋۇلخانىسىنىڭ غەربىدىن 60 چا-

قىرىم يىراقتا، تۆشۈكتاش قاراۋۇلخانىسىنىڭ شەرقىدىن 50 چاقىرىم يىراقتا»، دەپ خاتىرىلەنگەن، ستېيىننىڭ خەرىتىسىدە كۆرسىتىلگەن «ئىسلاق قاراۋۇل» بىلەن سېلىشتۇرساق چىڭ سۇلالىسىنىڭ داۋگۇاڭ 8 ـ يىلى (مىلادىيە 1828 ـ يىلى) تەر-تىپكە سېلىنغان قاراۋۇلخانىلار قاتارىدا تىلغا ئېلىنغان «ئىسلاق قاراۋۇلخانا»نىڭ ئورنىنىڭ دەل ئۇلۇغچات ناھىيىسىنىڭ تېرەك يېزىسىدىكى «قارۇل» دەپ ئاتىلىدىغان كەنتكە توغرا كېلىدىغان-لىقىنى كۆرۈۋالغىلى بولىدۇ.

بۇ قاراۋۇلخانىنىڭ جۇغراپىيىلىك ئورنى شەرقىي ئۇزۇنلۇق ´48 °75 شىمالىي كەڭلىك ´50 °39 لۇق ئورۇنغا توغرا كېلىدۇ.

9. چولۇقباش قاراۋۇلخانىسى

ئۇ كوناشەھەر ناھىيە ئوپال يېزىسىنىڭ جەنۇبىدىكى 314 ـ دۆلەت يولىنىڭ جوڭگو ـ پاكىستان تاشيولىدىكى چولۇقباش كەنتىدە بولۇپ، ھازىر بۇ جاي ئاقتۇ ناھىيىسىنىڭ قاراكىچىك يېزىسىغا تەۋە. «مۇسۇلمانلا رايونىنىڭ ئومۇمىي تەزكىرىسى»دە خاتىرىلەنگەن چولۇقباش قاراۋۇلخانىسىنىڭ ئورنى بىلەن ھازىر-قى خەرىتىلەردە كۆرسىتىلگەن ئورنى ئوخشاش. تاشيولنىڭ غەر-بىي تەرىپىدە ئەينى چاغدا قاراۋۇلخانىنىڭ كۆزەتخانىسى قىلىنغان پوتەينىڭ ئورنى بار. يەرلىكلەرنىڭ ئەسلەپ بېرىشىچە بۇ يول ئارقىلىق تاشقورغان، ئاقتۇ، يېڭىسار تەرەپلەرگە بارغىلى بولىد-دىكەن. شۇڭا بۇ قاراۋۇلخانىدا ئىلگىرى ئاتلىق چارلىغۇچى ئەس-كەرلەر بولغان، يول ئۈستىگە نىشان بەلگىسى ئورنىتىلغان. قاراۋۇللار بۇ يولدىن ئۆتكەن كارۋانلارنىڭ يول خەتلىرىنى، سالا-ھىيىتىنى تەكشۈرگەن.

10. يۇرۇكچى قاراۋۇلخانىسى

بۇ قاراۋۇلخانىنىڭ ئورنى ۋە نامىنى ھازىرقى خەرىتىلەردىن تاپقىلى بولمايدۇ. «شىنجاڭ توغرىسىدا چۈشەنچە» دېگەن كىتابتا: «يۇرۇكچى قاراۋۇلخانىسى قەشقەر شەھىرىنىڭ غەربىدىن 150

چاقىرىم نېرىدا، يودوكباش، يەنى چۇلۇقباش قاراۋۇلخانىسىنىڭ جەنۇبىدىن 50 چاقىرىم نېرىدا»، دەپ خاتىرىلەنگەن. «مۇسۇلمانلار رايونىنىڭ ئومۇمىي تەزكىرىسى»دە: «يورۇكچى قاراۋۇلخانا چۇلۇقباش قاراۋۇلخانىسىنىڭ جەنۇبىدىن 15 چاقىرىم نېرىدا» دەپ يېزىلغان. كوناشەھەر ناھىيە تاشمىلىق يېزىسىنىڭ گەز دەرياسى تەرەپتىكى تاغ ئېغىزىغا يېقىن كېلىدىغان جايدا «چامئېرىق» دەپ ئاتىلىدىغان بىر كەنت بار، يەرلىك كىشىلەرنىڭ دېيىشىچە بۇ يەرنىڭ ئەسلىي نامى «يورۇكلۇك» بولۇپ، كېيىنچە «چامئېرىق»، «چامچىئېرىق»، «چامىائېرىق» دېگەن ناملار بىلەن ئاتىلىپ كەلگەن. بۇ كەنتلەر تەۋەسىدە چىڭ سۇلالىسى مەنبەلىرىدە تىلغا ئېلىنغان «يورۇكچى» قاراۋۇلخانىسىنىڭ بولغانلىقىنى قىياس قىلىشقا بولىدۇ.

بۇ قاراۋۇلخانىنىڭ جۇغراپىيىلىك ئورنى شەرقىي ئۇزۇنلۇق 34 ´ 75 °، شىمالىي كەڭلىك 6 ´ 39 ° لۇق ئورۇنغا توغرا كېلىدۇ.

11. تۇمشۇق قاراۋۇلخانىسى

تۇمشۇق قاراۋۇلخانىسى يېڭىسار ناھىيىسى تەۋەسىدىكى قەدىمىي قاراۋۇلخانىلارنىڭ بىرى، ئۇنىڭ ئورنى كونا شەھەر ناھىيىسىنىڭ تاشمىلىق يېزىسىدىكى «يورۇكچى» قاراۋۇلخانىسى بىلەن بىر پاراللېلغا توغرا كېلىدۇ. «شىنجاڭ توغرىسىدا چۈشەندۈرۈش» دېگەن كىتابتا «يېڭىسار مەھكىمە بازىرىنىڭ غەربىي شىمالىدىن 60 چاقىرىم يىراقتىكى تۇمشۇق قاراۋۇلخانىسى بىلەن تاشمىلىقتىكى يورۇكچى قاراۋۇلخانىسىنىڭ ئارىسىدىكى مۇساپە 110 چاقىرىم»، دەپ خاتىرىلەنگەن. «شىنجاڭنىڭ خەرىتىلىك تەزكىرىسى»دىكى 58 ـ خەرىتە (يېڭىسار مەھكىمىسى خەرىتىسى)دە تۇمشۇق قاراۋۇلخانىسىنىڭ ئېنىق ئورنىنىڭ گەز دەرياسىنىڭ بىر تارمىقىنىڭ كۇسەن دەرياسى بىلەن قوشۇلۇش نۇقتىسىنىڭ جەنۇبىدا ئىكەنلىكى ئېنىق كۆرسىتىلگەن.

بۇ قاراۋۇلخانىنىڭ جۇغراپىيىلىك ئورنى شەرقىي ئۇزۇنلۇق

38 ° 58 ´ شىمالىي كەڭلىك 75 ° 49 ´ لۇق ئورۇنغا توغرا كېلىدۇ، دېڭىز يۈزىدىن ئېگىزلىكى 1660 مېتىر.

12. ئۇلۇغ قاراۋۇلخانىسى

«مۇسۇلمانلار رايونىنىڭ ئومۇمىي تەزكىرىسى» دېگەن كىتابتا: «ئۇلۇغ قاراۋۇلخانىسى يېڭىسار مەھكىمىسىنىڭ جەنۇبىدىن 90 چاقىرىم نېرىدا»، دەپ خاتىرىلەنگەن. «قەشقەر تارىخ ماتېرىياللىرى» ناملىق كىتابنىڭ 1 ـ قىسمىدا «1824 ـ يىلى 11 ـ ئايدا جاھانگىر خوجا 200 ئەسكەر بىلەن ئۇلۇغ قاراۋۇلخانىسىنى ھۇجۇم بىلەن ئېلىپ، قاراۋۇلخانا چېرىكلىرىدىن خۇا سەنپۇ قاتارلىقلارنى ئۆلتۈردى...»، دېيىلگەن.

«مۇسۇلمانلار رايونىنىڭ ئومۇمىي تەزكىرىسى» دە يەنە يېڭىسار مەھكىمىسىنىڭ غەربىي جەنۇبىدا ئېگىز يار قاراۋۇلخانىسى بار دەپ خاتىرىلەنگەن. «ئاسىيا كىندىكىدىكى ئارخېئولوگىيىلىك تەكشۈرۈش»تىكى خەرىتىدە بۇ يەرنىڭ نامى ئېگىزيار دەپ خاتىرىلەنگەن، شۇنداقلا يەنە ئېگىزيارنىڭ جەنۇبىدىكى ئانچە يىراق بولمىغان جايدا كونا قاراۋول بار دەپ ئىزاھلانغان. ئېگىز يار بىلەن قىزىلتاغ يېزىسىنىڭ چېگرا پاسىلىدىكى قارۇل دەپ ئاتىلىدىغان تاغ ئېغىزى بىلەن پامىر تاغلىرىنىڭ جەنۇبىي تەرىپىدىكى تاغ يولىغا كىرگىلى، بۇ يول ئارقىلىق تاشقورغان تەۋەسىگە، ئافغانىستان، كەشمىر قاتارلىق دۆلەت ۋە رايونلارغا بارىدىغان ئېغىزلارغا بارغىلى بولىدۇ. 20 ـ ئەسىرنىڭ 40 ـ يىللىرىغا قەدەر گومىنداڭنىڭ بىر پولك چېگرا مۇداپىئە ئەسكىرى قارۇل دەپ ئاتىلىدىغان تاغ ئېغىزىدا تۇرغۇزۇلغان. كەمىنە قەلەم ئىگىسىنىڭ بوۋىسى ئابباسخانىنىڭ ئەشۇ جايدىكى گومىنداڭ ئەسكەرلىرىگە تۆەنجاڭ بولغانلىقىنى رەھمەتلىك دادام مۇھەممەت ئىمىن سۆزلەپ بەرگەن. ستېيىن كىتابىدا كونا قاراۋول دەپ ئالغان جاي دەل بۈگۈنكى قارۇل دەپ ئاتىلىدىغان جاينىڭ ئۆزى بولۇپ، ئۇ يەنە چىڭ سۇلالىسى مەنبەلىرىدە ئۇلۇغ قاراۋۇلخانا دەپ خاتىرىلەنگەن قاراۋۇلخانا بولۇشى مۇمكىن. چۈنكى كونا

قاراۋۇل، قارول دەپ ئاتىلىدىغان بۇ جايدا ئۇلۇغ ئۆستەڭ دەپ ئا-تىلىدىغان بىر ئۆستەڭ بار. ئۇلۇغ ئۆستەڭنىڭ دەل بوگۇنكى ئورنىدا قارول دەپ ئاتىلىدىغان قىرغىز مەھەللىسى بار بولۇپ، بۇ جاينىڭ ئۇلۇغ قاراۋۇلخانىسى تەسىس قىلىنغان جاي ئىكەن-لىكىنى ئىسپاتلاپ بېرىدۇ.

13. تەرەكچەك قاراۋۇلخانىسى

تەرەكچەك يېڭىسار ناھىيىسىنىڭ شەھەر يېزىسىغا تەۋە بىر جاينىڭ نامى بولۇپ، يېڭىسار ناھىيە بازىرىغا غەرب ۋە غەربىي جەنۇبتىن كىرىشتىكى مۇھىم ئېغىز. «مۇسۇلمانلار رايونىنىڭ ئومۇمىي تەزكىرىسى»دە «تەرەكچەك قاراۋۇلخانىسى يېڭىسار بازى-رىنىڭ 60 چاقىرىم غەربىي شىمالىدا، ئۇنىڭ تۇمشۇق قاراۋۇل-خانىسى بىلەن بولغان ئارىلىقى 50 چاقىرىم كېلىدۇ»، دەپ كۆرسىتىلگەن. «شىنجاڭنىڭ خەرىتىلىك تەزكىرىسى» دىكى 58 - خەرىتىدە تەرەكچەكنىڭ ئورنى تېۋىز ئۆستىڭىنىڭ غەربىي جەنۇ-بىدا دەپ كۆرسىتىلگەن. مۇشۇنىڭدىن قارىغاندا، يېڭىسار تەۋە-سىدە تەرەكچەك دەپ ئاتىلىدىغان جايدىن ئىككىسى بار ئىكەن. ئۇنىڭ بىرى يېڭىسار ناھىيە بازىرىغا چېگرىداش تەرەكچەك، يەنە بىرى، تېۋىز ئۆستىڭىنىڭ غەربىي جەنۇب تەرىپىدىكى تەرەكچەك دەپ ئاتىلىدىغان يەر. يېڭىسار ناھىيىلىك خەلق ھۆكۈمىتى يەر نامىلىرى ئىشخانىسىدىكىلەرنىڭ تونۇشتۇرۇشىچە، يېڭىسارنىڭ ئەگۈس يېزا شەمىل كەنتىدىكى تېۋىز ئۆستىڭىنىڭ غەربىي جە-نۇبىدا ئىلگىرى چوڭ بىر قاراۋۇلخانا ئورنى بولغان بولۇپ، قاراڭ ياكى قاراڭچى دەپ ئىزاھلانغان. مۇشۇ جايدىن غەربىي جە-نۇب تەرەپكە سەل سۇرۇلگەندە خەرىتە يۈزىدە تەرەكچەك ئېغىزى دەپ ئاتىلىدىغان يەنە بىر جاينىڭ نامى كۆزگە چېلىقىدۇ. مۇشۇ-نىڭدىن قارىغاندا، قاراڭ ياكى قاراڭچى دەپ ئاتىلىدىغان جاينىڭ چىڭ سۇلالىسى تەزكىرىلىرىدە كۆرسىتىلگەن تەرەكچەك قارا-ۋۇلخانىسىنىڭ ئورنى ئىكەنلىكىنى، شۇنداقلا ئۇنىڭ يەنە «مۇسۇل-مانلار رايونىنىڭ ئومۇمىي تەزكىرىسى» دېگەن كىتابتا ئىزاھلان-

غان تەرەكچەك قاراۋۇلخانىسى ئىكەنلىكىنى پەرەز قىلالايمىز.
بۇ قاراۋۇلخانىنىڭ جۇغراپىيىلىك ئورنى شەرقىي ئۇزۇنلۇق 56′ 75°، شىمالىي كەڭلىك 54′ 38°، لۇق ئورۇندا، دېڭىز يۈزىدىن ئېگىزلىكى 1380 مېتىر.
14. تېۋىز قاراۋۇلخانىسى
تېۋىز قاراۋۇلخانىسىمۇ يېڭىسار ناھىيىسى تەۋەسىدىكى قەدىمىي قاراۋۇلخانىلارنىڭ بىرى. «مۇسۇلمانلار رايونىنىڭ ئومۇمىي تەزكىرىسى»دە: «تېۋىز قاراۋۇلخانىسى يېڭىسار ناھىيە بازىرىنىڭ غەربىي جەنۇبىدىن 30 چاقىرىم يىراقتا. ئۇنىڭ 80 چاقىرىم غەربىدە تەرەكچەك قاراۋۇلخانىسى، 90 چاقىرىم شەرقىدە ئۇلۇغ قاراۋۇلخانىسى بار»، دەپ كۆرسىتىلگەن. دېمەك، تېۋىز قاراۋۇلخانىسىنىڭ ئورنى تەرەكچەك قاراۋۇلخانىسى بىلەن ئۇلۇغ قاراۋۇلخانىسىنىڭ ئوتتۇرىسىدا بولۇپ، ئۇنىڭ ئورنى يېڭىسار ناھىيە ئۇچار يېزىسىنىڭ تەسەك كەنتى تېۋىز مەھەللىسىگە توغرا كېلىدۇ. تېۋىز مەھەللىسى ئازادلىقتىن كېيىن يېڭىسارنىڭ شاناز يەنى سۆگەت، قىزىل توپىلىق قاتارلىق يېزىلىرىغا سۇ باشلاش ئۈچۈن قېزىلغان تېۋىز ئۆستەڭ دەپ ئاتىلىدىغان چوڭ ئۆستەڭنىڭ غەربىي جەنۇبى ۋە غەربىي شىمال ياقىلىرىدا بولۇپ، يېڭىسار ناھىيە بازىرى بىلەن بولغان ئارىلىقى 15 كىلومېتىر كېلىدۇ.
بۇ قاراۋۇلخانىنىڭ جۇغراپىيىلىك ئورنى شەرقىي ئۇزۇنلۇق 56′ 75°، شىمالىي كەڭلىك 54′ 38° لۇق ئورۇنغا توغرا كېلىدۇ. دېڭىز يۈزىدىن ئېگىزلىكى 1390 مېتىر كېلىدۇ.
15. تەرەك قاراۋۇلخانىسى
«مۇسۇلمانلار رايونىنىڭ ئومۇمىي تەزكىرىسى»دە: «تەرەك قاراۋۇلخانىسى يېڭىسار بازىرىنىڭ شەرقىي جەنۇبىدىن 130 چاقىرىم نېرىدا، ئۇنىڭ ئۇلۇغ قاراۋۇلخانىسى بىلەن بولغان مۇساپىسى 60 چاقىرىم كېلىدۇ»، دەپ يېزىلغان. «شىنجاڭنىڭ خەرىتىلىك تەزكىرىسى» دىكى 58 ـ خەرىتىدە ئۇنىڭ ئورنى يېڭىسار

ناھىيىسىنىڭ قىزىل يېزىسىغا تەۋە تەرەكسۇ بىلەن چامۇلۇن ئەتراپىدا كۆرسىتىلگەن. «شىنجاڭ مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى» ژۇرنىلىنىڭ 1993 ـ يىللىق خەنزۇچە 3 ـ سانىدا بۇ ئورۇننى «قورغان چاسا قاراۋۇلخانا ئىزى» دەپ كۆرسەتكەن. بۇ جاي قاقاس تاغ ئۈستىدە بولۇپ، كۆلىمى 1000 كۋادىرات كىلومېتىر ئەتراپىدا، تۆت ئەتراپىدىكى سېپىل تاملىرى ۋە تاغنىڭ ئەڭ ئېگىز يېرىدىكى كۆزىتىش نۇقتىسى خېلى مۇكەممەل ساقلىنىپ قالغان.

تەرەك قاراۋۇلخانىسىنىڭ جۇغراپىيىلىك ئورنى شەرقىي ئۇزۇنلۇق ′30 °76، شىمالىي كەڭلىك ′33 °38 لۇق ئورۇنغا توغرا كېلىدۇ. دېڭىز يۈزىدىن ئېگىزلىكى 1720 مېتىر.

16. يىپەك قاراۋۇلخانىسى

يىپەك قاراۋۇلخانىسى تاشقورغان ناھىيىسى دەپتەر يېزىسىنىڭ غەربىي جەنۇبىدىن 32 كىلومېتىر يىراقلىقتا جايلاشقان. بۇ قاراۋۇلخانا توغرىسدا «شىنجاڭ مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى» ژۇرنىلىنىڭ 1993 ـ يىللىق خەنزۇچە 3 ـ سانىدا «يىپەك قاراۋۇلخانا ئىزى» دەپ كۆرسىتىپ ئۆتۈلگەن، باشقا مەنبەلەردە بولۇپمۇ چىڭ سۇلالىسىنىڭ غەربىي يۇرتقا دائىر تەزكىرىلىرىدە ھېچقانداق يازما ماتېرىيال يوق.

يىپەك قاراۋۇلخانىسىنىڭ جەنۇبى ئاتىيايلا تېغى بىلەن، غەرب تەرىپى كىچىك سار جىلغا تېغى بىلەن تۇتاش بولۇپ، ئىككى كىلومېتىر شەرقىدە قاراۋۇلخانىنىڭ كۆزىتىش مۇنارى بار. قاراۋۇلخانا قارا چوقۇر دەرياسىنىڭ جەنۇبى قىرغىقىدىكى تاغ تەرەپكە جايلاشقان. مەن 2003 ـ يىلى 8 ـ ئايدا بۇ قاراۋۇلخانىنى ئېكسكۇرسىيە قىلدىم، سېپىل تاملىرى ئاز ـ تولا بۇزغۇنچىلىققا ئۇچراپتۇ، شەرقتىن شىمالغىچە بولغان قالدۇق تاملىرىنىڭ ئۇزۇنلۇقى 25 مېتىر ئەتراپىدا، جەنۇبتىن شىمالغا كەڭلىكى 15 مېتىر ئەتراپىدا بولۇپ، ئالتە ئېغىز ئۆيىنىڭ ئىزناسى بار ئىكەن. بۇ قاراۋۇلخانا ئارقىلىق ئافغانىستانغا بارغىلى بولىدۇ ھەم مىڭتېكە داۋىنىدىن ئېشىپ پاكىستانغا بارغىلى بولىدۇ. 1938 ـ

يىلدىن باشلاپ شېڭ شىسەي بۇ جايدا ئەسكەر تۇرغۇزغان. ئازادلىقتىن كېيىن ئەسلىدىكى يېپەك قاراۋۇلخانىسىنىڭ شەرقىي تەرىپىگە چېگرا مۇداپىئە ساقچىخانىسى قۇرۇلدى.

يۇقىرىدا تونۇشتۇرۇلغاندىن باشقا يەنە چىڭ ھۆكۈمىتى قەشقەر دائىرىسىدە مۇھىم ئىستراتېگىيىلىك ئورۇن دەپ قارىغان، بۇگۈنكى ئولۇغچات، ئاقچى قاتارلىق ناھىيىلەردىكى تاغ يوللىرىدا قار بۇلاق قاراۋۇلخانىسى، باش ياغما قاراۋۇلخانىسى، بېدىلىك قاراۋۇلخانىسى، ساتۇش قاراۋۇلخانىسى قاتارلىق مۇھىم قاراۋۇلخانىلارنىڭمۇ بولغانلىقى مەلۇم.

مەسئۇل مۇھەررىر: ئابلىز ئورخۇن
مەسئۇل كوررېكتور: ئابلىز ئاببىاس

ئۇيغۇرچە «شىنجاڭ تەزكىرچىلىكى» ژۇرنىلىدىن تاللانغان ماقالىلەر

# تارىخ بەتلىرىنى ۋاراقلىغاندا

ئىككىنچى توم ئىككىنچى كىتاب

## نەشرگە تەييارلىغۇچى: نۇرمۇھەممەد دۆلەتى

نەشر قىلغۇچى : مىللەتلەر نەشرىياتى
بېيجىڭ شەھىرى خېپىڭلى شىمالىي كوچا 14 - قورۇ
ئادرېسى : پوچتا نومۇرى: 100013 تېلېفون: 010—64290862
ساتقۇچى : جايلاردىكى شىنخۇا كىتابخانىلىرى
باسقۇچى : بېيجىڭ خۇاجۇگخۇا باسما چەكلىك شىركىتى
نەشرى : 2014-يىل 1-ئايدا 1-قېتىم نەشر قىلىندى
بېسىلىشى : 2014- يىل 1- ئايدا بېيجىڭدا 1-قېتىم بېسىلدى
ئۆلچىمى : 850×1168 م م. 32 كەسلەم
باسما تاۋىقى : 15.5
باھاسى : 40.00 يۈەن
ISBN 978-7-105-12716-0/K・2210 （维 104）

**图书在版编目(CIP)数据**

翻阅历史之页. 中 : 维吾尔文 / 努尔穆罕默德·多莱特选编. -- 北京 : 民族出版社, 2013.5
ISBN 978-7-105-12716-0
Ⅰ. ①翻… Ⅱ. ①努… Ⅲ. ①新疆－地方史－维吾尔语（中国少数民族语言） Ⅳ. ①K294.5

**中国版本图书馆CIP数据核字(2013)第077127号**

**责任编辑**: 阿布力孜·鄂尔浑
**责任校对**: 阿布力孜·阿巴斯
**出版发行**: 民族出版社 http://www.mzcbs.com.
**社　　址**: 北京市和平里北街14号　邮编: 100013
**电　　话**: 010-64290862（维文室）
**印　　刷**: 北京画中画印刷有限公司
**版　　次**: 2014年1月第1版 2014年1月北京第1次印刷
**开　　本**: 850×1168毫米 1/32
**印　　张**: 15.5
**定　　价**: 40.00元

ISBN 978-7-105-12716-0/K·2210（维104）



مۇقاۋىنى لايىھەلىگۈچى: ئەكبەر سالىھ
خېتىنى يازغۇچى: ساتتارجان ئەركىن روھلانى

ISBN 978-7-105-12716-0
9 787105 127160 >
定价：40.00 元